

ۋۇ چېڭئېن

# غەربكە ساياھەت

3



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى




ISBN 978-7-228-12157-1
9 787228 121571 >
定价：35.00元

ۋۇ چېڭئېن

# غەربكە ساياھەت

3

تەرجىمە قىلغۇچى : مەريەم مەتتىمىن



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

西游记. 3：维吾尔文/(明)吴承恩著；玛丽亚木·买买提明译. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，2008.12
ISBN 978—7—228—12157—1

Ⅰ.西… Ⅱ.①吴…②玛… Ⅲ.章回小说—中国—明代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I242.4

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 204900 号

---

| | |
|---|---|
| **责任编辑** | 阿扎提·阿里玛斯 |
| **特约校对** | 热西提阿吉·瓦依提，牙森·扎依莫夫 |
| **出版发行** | 新疆人民出版社 |
| **地　　址** | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| **电　　话** | (0991)2827472 |
| **邮　　编** | 830001 |
| **经　　销** | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| **印　　刷** | 新疆新华印刷二厂 |
| **开　　本** | 880×1230 毫米　1/32 |
| **印　　张** | 14.625 |
| **版　　次** | 2008 年 12 月第 1 版 |
| **印　　次** | 2008 年 12 月第 1 次印刷 |
| **印　　数** | 1—3000 册 |
| **定　　价** | 35.00 元 |

بۇ كىتاب شىنلېي نەشرىياتىنىڭ 1979 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى ،
1983 ـ يىلى 1 ـ ئاي 3 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى .
本书根据新雷出版社 1979 年 12 月第 1 版 1983 年 1 月第 3 次印刷本翻译出版。

# غەربكە ساياھەت (3)

ئاپتورى : ۋۇ چېڭئېن
تەرجىمە قىلغۇچى : مەريەم مەمتىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئازات ئالماس
تەكلىپلىك كوررېكتورلىرى : رېشىت ھاجى ۋاھىدى ، ياسىن زايىموف
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى : شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
تېلېفون : 0991—2827472
پوچتا نومۇرى : 830001
ساتقۇچى : شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
باسقۇچى : شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتى
فورماتى : 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى : 14.625
نەشرى : 2008 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى : 2008 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 1—3000
كىتاب نومۇرى : ISBN 978—7—228—12157—1
باھاسى : 35.00 يۈەن

# مۇندەرىجە

ئەللىك بىرىنچى باب
سۇن ۋۇكۇڭنىڭ بارچە ھىيلىسىنى ئىشلەتكەنلىكى
ئالۋاستىغا سۇ، ئوتنىڭمۇ كار قىلمىغانلىقى ………… 1

ئەللىك ئىككىنچى باب
سۇن ۋۇكۇڭنىڭ جىندۇشەن غارىنى پاراكەندە قىلغانلىقى
تاتىھاگاتونىڭ ئالۋاستىنىڭ خوجىسىدىن بىشارەت بەرگەن-
لىكى ……………………………………………… 19

ئەللىك ئۈچىنچى باب
تەقۋادار راھىبلارنىڭ ھامىلدار بولۇپ قالغانلىقى
مومايىنىڭ گېپى بىلەن سۇ ئەكىلىپ ھامىلىنى چۈشۈر-
گەنلىكى ……………………………………………… 36

ئەللىك تۆتىنچى باب
راھىبلارنىڭ غەرب يولىدا ئاياللار دۆلىتىدىن ئۆتكەنلىكى
سۇن ۋۇكۇڭنىڭ پەنت بىلەن تۇتەكتىن قۇتۇلغانلىقى …53

ئەللىك بەشىنچى باب
ئالۋاستىنىڭ تاڭ سەنزاڭنى كۆڭۈل ئېچىشقا قىستى-
غانلىقى
ئۇنىڭ ئېتىقادىدا چىڭ تۇرۇپ تېنىنى بۇلغىمىغانلىقى …73

ئەللىك ئالتىنچى باب
سۇن ۋۇكۇڭنىڭ قاراقچىلارنى ئۆلتۈرگەنلىكى
غەزەپلەنگەن ئۇستازنىڭ ئۇنى جازالىغانلىقى ………… 93

ئەللىك يەتتىنچى باب
راست سۇن ۋۇكۇڭنىڭ جياشەن تېغىغا بېرىپ دەرد تۆككەنلىكى
يالغان مايمۇن پادىشاھنىڭ سۇ پەردىلىك غاردا ماختىنىپ يۈرگەنلىكى ........................................ 113

ئەللىك سەككىزىنچى باب
ئىككى سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئالەمنى مالەم قىلغانلىقى
مايمۇن ماكاكا نەسلىنىڭ قۇرۇپ كەتكەنلىكى ......... 130

ئەللىك توققۇزىنچى باب
تاڭ سەنزاڭنىڭ يولىنى يانار تاغ توسۇغانلىقى
سۇن ۋۇكۇڭنىڭ بانان يەلپۈگۈچنى بىر قېتىم يەلپۈگەنلىكى ............................................ 148

ئاتمىشىنچى باب
كالا دىۋىنىڭ جەڭنى توختىتىپ زىياپەتكە ماڭغانلىقى
سۇن ۋۇكۇڭنىڭ بانان يەلپۈگۈچنى ئىككىنچى نۆۋەت ئىشلەتكەنلىكى ........................................ 169

ئاتمىش بىرىنچى باب
جۇ باجىينىڭ ياردىمى بىلەن كالا دىۋىنىڭ مەغلۇپ قىلىنغانلىقى
سۇن ۋۇكۇڭنىڭ بانان يەلپۈگۈچنى ئۈچىنچى قېتىم يەلپۈگەنلىكى........................................ 187

ئاتمىش ئىككىنچى باب
تاڭ سېڭ بىلەن سۇن ۋۇكۇڭنىڭ مۇنار سۈپۈرگەنلىكى
ئالۋاستىنى تۇتۇپ ئەگۈشتەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا نىيەت قىلغانلىقى ................................ 205

ئاتمىش ئۈچىنچى باب
سۇن ۋۇكۇڭ، جۇ باجىيلارنىڭ ئەجدىھا ئوردىسىنى

مالىمان قىلغانلىقى
ئەۋلىيالارنىڭ ياردىمىدە جىن - ئالۋاستىلارنى يوقىتىپ
ئەگگۈشتەرنى قولغا چۈشۈرگەنلىكى ·············· 221

ئاتمىش تۆتىنچى باب
جۇ باجيېنىڭ تىكەنلىك چوققىدا تىرىشچانلىق كۆرسەت-
كەنلىكى
تاڭ سەنزاڭنىڭ كىچىك گۈھەرنىشىن ئىبادەتخانىسىدا
شېئىرىيەتتىن سۆز ئاچقانلىقى ··················· 240

ئاتمىش بەشىنچى باب
شاياتۇنلارنىڭ يالغان چاقماق چاقتۇرغانلىقى
تۆتەيلەننىڭ چوڭ بالا - قازاغا ئۇچرىغانلىقى ········· 262

ئاتمىش ئالتىنچى باب
تەڭرىلەرنىڭ قەستكە ئۇچرىغانلىقى
مى لېنىڭ دىۋىنى تۇتقانلىقى ······················ 277

ئاتمىش يەتتىنچى باب
دەرۋىشلەرنىڭ تولو خەلقىنى قۇتۇلدۇرۇپ خاتىرجەملىك
ئاتا قىلغانلىقى
بەتبۇيچىلىقتىن قۇتۇلۇپ تەرىقەت يولىنى داۋام
ئەتكەنلىكى ································ 292

ئاتمىش سەككىزىنچى باب
تاڭ سەنزاڭنىڭ جۇزى بەگلىكىدە ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى
سۆزلىگەنلىكى
سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئۈچ ھۇنىرىنى ئىشقا سالغانلىقى ··· 310

ئاتمىش توققۇزىنچى باب
سۇن ۋۇكۇڭنىڭ تۇندە دورا ياسىغانلىقى
پادىشاھنىڭ زىياپەتتە جىن - ئالۋاستىلار توغرىسىدا
سۆزلىگەنلىكى ································ 331

يەتمىشىنچى باب
دۇنيانىڭ ئوت تۇتەك قويۇپ قۇم ياغدۇرغانلىقى
سۇن ۋۇكۇڭنىڭ پەنت بىلەن ئالتۇن قوڭغۇراقنى
ئېلىۋالغانلىقى ………………………………… 351

يەتمىش بىرىنچى باب
سۇن ۋۇكۇڭنىڭ يالغان نام بىلەن دۇنيانى تەسلىم قىلغانلىقى
ئاۋلوكتىسۋاراننىڭ ئۆزىنى ئاشكارىلاپ دۇنيانى تۇتقانلىقى ………………………………… 369

يەتمىش ئىككىنچى باب
پەنسى غارىدىكى يەتتە ئېزىتقۇ
جۇ باجيېنىڭ جوگۇ بۇلىقىدا كۆرەڭلىگەنلىكى……… 388

يەتمىش ئۈچىنچى باب
جىنلارنىڭ ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن راھىبلارنى زەھەرلىگەنلىكى
سۇن ۋۇكۇڭنىڭ سېھىر - جادۇغا ئۇچرىغانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلغانلىقى ………………………… 404

يەتمىش تۆتىنچى باب
زوھرە يۇلتۇزى — چاڭگېڭنىڭ ئالۋاستىدىن خەۋەر بەرگەنلىكى
سۇن ۋۇكۇڭنىڭ نەچچە خىل نەرسىگە ئۆزگەرگەنلىكى…424

يەتمىش بەشىنچى باب
سۇن ۋۇكۇڭنىڭ خاسىيەتلىك شىشىنى تېشىپ چىققانلىقى
ئالۋاستىنىڭ سۇن ۋۇكۇڭنى يۇتۇۋالغانلىقى……… 444

# ئەللىك بىرىنچى باب

## سۇن ۋۇكۇڭنىڭ بارچە ھىيلىسىنى ئىشلەتكەنلىكى

## ئالۋاستىغا سۇ، ئوتنىڭمۇ كار قىلمىغانلىقى

ئەلقىسسە، سۇن ۋۇكۇڭ يىغلىگەندىن كېيىن، جىندۇشەن تېغىغا كېلىپ ئۇزاق ئولتۇردى. كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بولۇپ يىغلاپ كەتتى. «بۇ ئالۋاستى مېنى تونۇيدىكەن، مەن بىلەن ئېلىشىۋېتىپ: ‹بۇ، ئەرشنى مالىمان قىلغان نوچى› دېدى، شۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇ زېمىندىكى مەخلۇق ئەمەس، جەزمەن ساماۋى ئەختەرلەردىن بىرى بولسا كېرەك. مەن ئەرشكە چىقىپ ئۇقۇپ باقاي» دەپ ئويلىدى.

سۇن ۋۇكۇڭ شۇئان ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئۇدۇل ئەرشنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسىغا باردى. بېشىنى كۆتۈرۈشىگە پەلەك شاھى گۇاڭ مۇ كېلىپ سالاملاشتى:

— ئەۋلىيا ئەزەم، يول بولسۇن؟

— يۇرۇن سۇلتان بىلەن كۆرۈشمەكچى بولۇپ كېلىۋىدىم، ئۆزلىرى بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىۋاتىدىلا؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— جەنۇبىي دەرۋازىنى كۆزەت قىلىش نۆۋىتى بۈگۈن ماڭا كەلگەنىكەن، — دېدى گۇاڭ مۇ. ئۇنىڭ گېپى تۈگىشىگە ما، جاۋ، ۋېن، گۇەن قاتارلىق تۆت باش سىپاھدار چىقىپ قېلىپ ئۇنىڭ بىلەن سالاملاشتى:

— ئەۋلىيا ئەزەم، ئالدىلىرىغا چىقالماي قاپتۇق. قىنى چايغا مەرھەمەت قىلسىلا، — دېيىشتى ئۇلار.

— رەھمەت، ئىشىم بار، — دەپ جاۋاب بەردى سۇن ۋۇكۇڭ، ئاندىن گۇاڭ مۇ ۋە تۆت نەپەر سىپاھدار بىلەن

خۇشلىنىشىپ جەنۇبىي دەرۋازىدىن كىردى . قەسىرنىڭ سىرتىدا ئۇ يەنە جاۋ داۋلىڭ ، گې شيەنۇبىڭ ، شۈي جىڭياڭ ، چيۇ گۇڭجى قاتارلىق تۆت نەپەر پەلەك مۇرەببىسى ۋە كىچىك ئىپىق يۇلتۇزلار تۇركۇمىنىڭ ئالتە ئەمىرى ، يەتتە تىكەن يۇلتۇز بەگلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى . ئۇلار قەسىر ئالدىدا سۇن ۋۇكۇڭنى كۈتۈۋېلىپ تەڭلا سالام بەردى :

— ئەۋلىيا ئەزەم ، قانداق بولۇپ بۇ يەرگە قەدەملىرى يېتىپ قالدى ؟

— تاڭ سىڭنى قوغداش ئىشلىرى تامام بولدىمۇ ، قانداق ؟ — دەپ سوراشتى ئۇلار يەنە .

— يوقسۇ ! ئۇنىڭغا تېخى بار ! — دەپ جاۋاب بەردى سۇن ۋۇكۇڭ ، — يول يىراق ، ئالۋاستىلار جىق بولغاچقا ، يولىمىز تازا ئاۋۇمايۋاتىدۇ . بىز هازىر جىندۇشەن تېغىدىكى جىندۇشەن غارىدا تۇرۇپ قالدۇق . ئۇ يەردە بىر ئالۋاستى بار ئىكەن ، ئۇ ئۇستازىمىزنى غارغا ئەكىرىۋالدى . پېقىر ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلىشىۋىدىم ، ئۇ كارامەت يامان بىرنېمە ئىكەن ، ئالتۇن توقلىق گۈرزەمنى تارتىۋالدى . ئۇنى مەن زېمىنغا چۈشكەن ساماۋى ئەختەرلەرنىڭ بىرىمىكىن ، دەپ گۇمان قىلىپ قالدىم ، شۇڭا يۇرۇن سۇلتاندىن ئەرشنى نېمىشقا چىڭ باشقۇرمايدىغانلىقىنى سورىغاچ ، هېلىقى نېمىنىڭ زادى قايسى ئەختەرلىكىنى بىلەي دەپ كەلدىم .

— تېخىچە گەپىڭ يوغىنىنى قىلىپ يۈرگىنىنى ماۋۇ مايمۇننىڭ ، — دېدى شۈي جىڭياڭ كۈلۈپ .

— گەپنى ئاز قىلىپ ئۇنىڭ كەلگىنىنى خەۋەر قىلايلى ، — دېدى جاڭ داۋلىڭ .

— رەهمەت ! رەهمەت ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

شۇئان تۆت پەلەك مۇرەببىسى ئۇنى يۇرۇن سۇلتان بىلەن كۆرۈشتۈرۈش ئۈچۈن خىسلەتدار قەسىرگە باشلاپ كىردى . سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنلۇك ئاۋازدا ئىختىدا قىلدى :

— سۇلتانىم، ئۆزلىرىنى مالال قىلىدىغان بولدۇم! پېقىر ئۇستازىم تاڭ سەنزاڭ راھىبنى قوغداپ غەربكە بۇددا نومىنى ئالغىلى كېتىۋاتاتتىم، يول بويى رىيازەتنى كۆپ چېكىپ، ياخشىلىقنى ئاز كۆردۇق، بۇلارنى سۆزلىمەيلا قوياي. بۈگۈن جىنىدۇشەن تېغىغا كەلسەك جىندۇشەن غارىدىن بىر ئالۋاستى چىقىپ ئۇستازىم تاڭ سەنزاڭنى ئەكىرىپ كەتتى. پېقىر ئۇنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشتىم، ئۇ كارامەت يامان نېمە ئىكەن، ئالتۇن توقلىق گۈرزەمنى تارتىۋالدى. شۇڭا، ئۇ ئالۋاستىغا تەڭ كېلىش قىيىن بولدى. پېقىر ئۇنى زېمىنغا چۈشكەن ساماۋى ئەختەرلەردىن بىرىمىكىن، دېگەن گۇمان بىلەن ئالايىتەن ھۇزۇرلىرىغا كېلىۋىدىم. ئەرشىئەلادىكى قۇددۇس ئەزەم ۋە ئۇلۇغ شەپقەت ئىگىسى، مالال كۆرمەي ساماۋى ئەختەرلەرنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە پەرمان بەرسىلە، لەشكەر چىقىرىپ ئۇ ئالۋاستىنى تۇتۇپ بەرسىلە، پېقىرنىڭ مۇشكۈلى ئاسان بولاتتى.

سۇن ۋۇكۇڭ يەنە بىر تەزىم قىلىپ:

— قۇللۇقىم سىلەردە، — دېدى.

بىر چەتتە تۇرغان گې شيەنۋېڭ كۈلۈپ:

— باشتا غادىيىپ ئاخىردا تەزىمغا چۈشتىڭىزغۇ؟ — دېدى.

— يوقسۇ، ھەددىم ئەمەس! ھەددىمۇ ئۇنداق قىلىدىغانغا! شۇمۇ ئىشمۇ، ھازىر پېقىرنىڭ بېشىغا كۈن چۈشتى، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ. يۈرۈن سۇلتان بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال كې خەن ئەۋلىياغا:

— ئىش سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئېيتقىنىدەك بولسا، ھەرقايسى يۇلتۇز بەگلەرگە، تەڭرى، مالائىكىلەرگە ئېيتىپ زېمىنغا چۈشكەنلەر بار- يوقلۇقىنى دەررۇ ئېنىقلاپ چىقىپ، ئۇچۇرىنى بېرىڭلار، — دەپ ئەمر قىلدى.

كې خەن ئەۋلىيا يۈرۈن سۇلتاننىڭ ئەمرىگە بىنائەن سۇن ۋۇكۇڭ بىلەن بىللە تەكشۈرۈشكە ماڭدى. ئۇلار ئاۋۋال تۆت دەرۋازىدىكى تەڭرىلەر، بەگ - سىپاھلارنى تەكشۈردى. ئاندىن

ئەرش، زېمىن، سۇسەرا قاتارلىق ئۈچ جايدىكى چوڭ ـ كىچىك تەڭرى، مالائىكە، مۇئەككەللەر، گۈلدۈرماما، چاقماق بەگ ۋە سەركەردىلەرنى تەكشۈردى. شۇ تەرزدە ئوتتۇز ئۈچ كۈندۈز تىنماي تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدى. كېيىن يىگىرمە سەككىز كېچە كۆزىتىۋىدى، پۈتۈنلەي جىمجىتچىلىق بولدى. قۇياش، ئاي، سۇ، ئوت ـ چۆپ، ئوتۇن ـ ياغاچ، ئالتۇن، تۇپراق ئوردىلىرى قاتارلىق يەتتە ئوردىنى ئاختۇردى. ئەختەرلەرنىڭ ھېچبىرى زېمىنغا چۈشمىگەنىدى.

— خوش، ئىش تۈگىدى. بۇلۇت قەسرىگە قايتا چىقمىساممۇ بولار، سىز ئۆزىڭىز قايتىپ كېتىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلىڭ. مەن مۇشۇ يەردە جاۋاب ئېلىپ چۈشۈشىڭىزنى كۈتۈپ تۇراي، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

كې خەن قايتىپ بېرىپ يۇرۇن سۇلتانغا مۇنۇلارنى مەلۇم قىلدى:

— ئەرشتىكى ئەختەرلەر تۈگەل ئىكەن، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى تەڭرىلەرمۇ جاي ـ جايىدا تۇرۇپتۇ. زېمىنغا چۈشكەنلەر بايقالمىدى.

— سۇن ۋۇكۇڭغا ئېيتىڭلار، بىرنەچچە سەركەردىنى تاللىۋالسۇن ـ دە، ئۇلار بىلەن بىللە زېمىنغا چۈشۈپ ئالۋاستىنى تۇتۇپ كەلسۇن، — دېدى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان يۇرۇن سۇلتان.

تۆت پەلەك مۆرەبىسى يۇرۇن سۇلتاننىڭ ئەمرىگە بىنائەن دەرھال بۇلۇت قەسرىدىن چىقىپ سۇن ۋۇكۇڭغا:

— ئەۋلىيا ئەزەم، يۇرۇن سۇلتاننىڭ ئەمرى بىلەن تەكشۈرسەك، ئەرشتىن زېمىنغا چۈشكەنلەر يوق بولۇپ چىقتى. يۇرۇن سۇلتاننىڭ ئەمرى شۇكى، سىز بىرنەچچە پەلەك سەركەردىلىرىنى تاللاپ زېمىنغا چۈشۈپ، ئۇلار بىلەن بىللە ئالۋاستىنى تۇتىدىكەنسىز، — دېدى.

— ئەرشتىكى سەركەردە ـ لەشكەرلەر مېنىڭ لەشكەرلىرىمدىن جىق ۋە قابىل ئەمەس. مەن ئەرشنى مالىمان قىلماقچى بولغاندا،

يۇرۇن سۇلتان ئەرش لەشكەرلىرىدىن يۈز مىڭنى چىقىرىپ ھەممە يەرگە ئورۇنلاشتۇرغان، لېكىن ماڭا ھېچقايسى سەركەردە ياكى ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر تەڭ كېلەلمىگەن. كېيىن ئەۋلىيازادە ئېرلاڭنى ماڭا قارشى قويغان بولسىمۇ، نەتىجە چىقمىغان. ھازىر مەن دېگەن ئالۋاستى پېقىردىنىمۇ نەچچە ھەسسە كۈچلۈك تۇرسا، ئۇلار بىلەن مەن نېمىمۇ قىلالايمەن، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— ئۇ چاغ بىلەن ھازىرقى چاغ ئوخشىمايدۇ. كونىلاردا: «بۇرۇن چىققان قۇلاقتىن، كېيىن چىققان مۈڭگۈز ئېشىپ كېتىپتۇ» دېگەن گەپ بار. دەرھال ئادەملەرنى تاللاپ مېڭىڭ، كىچىككىنە ئىش چاتاق بولمىسۇن، يەنە، — دېدى شۈي جىڭياڭ.

— ئۇنداق بولسا بوپتۇ. سىلەردىن مىننەتدارمەن. مالال كۆرمەي تەلىپىمنى يۇرۇن سۇلتانغا يەتكۈزسىڭىز، ماڭا پەلەك شاھى توتالى بىلەن شاھزادە ناجانى بەرسىڭىزلا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئالۋاستى يوقىتالايدىغان قوراللىرى بار. ئۇلار زېمىنغا چۈشۈپ ئالۋاستى بىلەن ئېلىشىپ كۆرسۇن، ئالۋاستىنى تۇتالىساق، پېقىرنىڭ بەختى، تۇتالمىساق، ئۇ چاغدا باشقىچە ئامال قىلارمىز، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

پەلەك مۆرەببىسى جېن گېنا مۇناجات بىلەن بۇنى يۇرۇن سۇلتانغا يەتكۈزۈۋىدى، يۇرۇن سۇلتان پەلەك شاھى توتالىنى ئەرش لەشكەرلىرىنى ئاپىرىپ سۇن ۋۇكۇڭغا ياردەم بېرىشكە پەرمان بەردى. پەلەك شاھى پەرمانغا بىنائەن كېلىپ سۇن ۋۇكۇڭ بىلەن ئۇچراشتى. سۇن ۋۇكۇڭ پەلەك مۆرەببىسىگە:

— يۇرۇن سۇلتانىنىڭ پەلەك شاھى توتالىنى ئەۋەتكىنىدىن كۆپ مىننەتدارمەن، مالال كۆرمەي يەنە بىر ئىلتىماسىمنى يەتكۈزسىڭىز. چاقماق مالائىكىسىدىن ئىككىنى بەرسە، پەلەك شاھى ئالۋاستى بىلەن ئېلىشىۋاتقاندا، ئۇلار بۇلۇت ئۈستىدە تۇرۇپ چاقماق چاقتۇرسا، ئۇ ئالۋاستىنىڭ جېنى چىقىپلا كېتەتتى، — دېدى.

— بولىدۇ ! بولىدۇ ! بولىدۇ ! — دېدى پەلەك مۇرەببەسى كۆلۈپ ۋە بۇنى يۇرۇن سۇلتانغا يەتكۈزدى . يۇرۇن سۇلتان ئەرش قەھرى ئۇردىسىدىكى دېڭ خۇۋا ، جاڭ فەن ئىسىملىك ئىككى چاقماق مالائىكىسىگە پەلەك شاھىغا ياردەم - ھەمدەمدە بولۇپ ئالۋاستىنى تۇتۇپ بالايىئاپەتنى تۈگىتىشكە ۋەھىي بەردى . شۇنىڭ بىلەن پەلەك شاھى ، سۇن ۋۇكۇڭلار جەنۇبىي دەرۋازىدىن يولغا چىقتى .

ئۇلار ھايال ئۆتمەي كۆزلىگەن جايغا يېتىپ كەلدى .

— مانا بۇ جىندۇشەن تېغى . تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدا جىندۇشەن غارى بار . قېنى مەسلىھەتلىشىپ كۆرگەيسىلەر ، قايسىڭلار بىرىنچى بولۇپ جەڭ باشلايسىلەر ؟— دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ، پەلەك شاھى بۇلۇت ئۈستىدە تۇرۇپ لەشكەرلەرنى تاغنىڭ جەنۇبىي يانباغرىدا تۇرغۇزۇپ شۇنداق دېدى :

— ئەۋلىيا ئەزەم ، كەنجەم ناجانى ئوبدان بىلىسىز ، ئۇ توقسان ئالتە غاردىكى ئالۋاستىنى ئەل قىلغان ، تۇرقىنى ئۆزگەرتىشكىمۇ ئۇستا ، قورال - ياراغلارنىمۇ يېنىدىن زادىلا ئايرىمايدۇ ، شۇڭا بىرىنچى بولۇپ ئۇ بارسۇن .

— ئۇنداق بولسا پېقىر شاھزادىنى باشلاپ باراي ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

شاھزادە ئۆزىنى رۇسلاپ سۇن ۋۇكۇڭ بىلەن بىللە تاغدىن سەكرەپ چۈشۈپ غار ئاغزىغا كەلدى . غار ئاغزى چىڭ يېپىق بولۇپ ، جىنلار كۆرۈنمەيتتى .

— ھوي ئالۋاستى ، چاپسان ئىشىكىڭنى ئاچ ، ئۇستازىمنى چىقىرىپ بەر ! — دەپ ۋارقىرىدى سۇن ۋۇكۇڭ .

غار دەرۋازىسىغا قاراۋۇلتان جىن ئۇلارنى كۆرۈپلا شاپاشلاپ بېرىپ خەۋەر يەتكۈزدى :

— غوجام ، سۇن ۋۇكۇڭ بىر بالىنى باشلاپ كەپتۇ ، ئۆزلىرىنى جەڭگە چاقىرىۋاتىدۇ .

جىنلار پادىشاھى بولغان ئالۋاستى :

— بۇ مايمۇنەك تۆمۈر كالتىكنى تارتقۇزۇپ قويغاندىن كېيىن قۇرۇق قول ئېلىشىشقا كۆزى يەتمەي ھەمدەمگە لەشكەر تارتىپ كەپتۇ - دە، — دېدى ۋە ئەمر قىلدى، — قورالىمنى ئەكېلىش!

ئالۋاستى قورالىنى ئېلىپ ئىشىك ئالدىغا چىقتى - دە، ئىنتايىن چىرايلىق، كۈچ - قۇۋۋەتتە ئۇرغۇپ تۇرغان قاۋۇل يىگىتنى كۆردى.

— سەن پەلەك شاھى تۇتالىنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى ناجا شاھزادىغۇ، نېمىدەپ ئىشىكىمگە كېلىپ چۇقان سالىسەن؟ — دېدى كولۇپ تۇرۇپ.

— سەن كاساپەت يولسىزلىق قىلىپ شەرقىي دىيارنىڭ راھىبلىرىغا زىيانكەشلىك قىلىپسەن. مەن يۇرۇن سۇلتانىنىڭ پەرمانىغا بىنائەن سېنى ئەل قىلغىلى كەلدىم! — دېدى شاھزادە.

— سېنى چوقۇم سۇن ۋۇكۇڭ باشلاپ كەلدى. مەن ئاشۇ راھىبلارنىڭ غوجا ئاكىسى! بۇنچە ھەددىڭدىن ئاشىدىغانغا قانچىلىك ھۈنىرىڭ بار، كۆرەيچۇ! قاچما! مانا ماۋۇنى تېتىپ كۆر! — دېدى ئالۋاستى غەزەپ بىلەن.

شاھزادە ئالۋاستىنىڭ قىلىچىنى بىر ئۇرۇپ قولىدىن چۈشۈرۈۋەتتى - دە، ئۇنىڭ بىلەن تۇتۇشۇپ كەتتى. ئۇلار راسا ئېلىشىۋاتقاندا، سۇن ۋۇكۇڭ دەرھال تاغ باغرىغا بېرىپ ۋارقىرىدى:

— چاقماق ھەزرەت قەيەردە سىلەر؟ چاققان بېرىپ ئالۋاستىنىڭ بېشىغا چاقماق ياغدۇرۇپ شاھزادىگە ھە - ھۇ دېيىشىڭلار!

چاقماق ھەزرەت دېگۈدەك، جاڭ فەنلەر شۇئان بۇلۇت ئۈستىگە چىقىپ ئىشقا كىرىشەيلى دەپ تۇرغاندا، شاھزادە ھۈنىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى: ئۇ بىر ئەپسۇن بىلەن ئۈچ باشلىق، ئالتە قوللۇق بولۇپ، ئالتە خىل قورالنى چىڭ تۇتقان ھالدا ئالۋاستىنىڭ ھۇجۇمىنى كۈتتى. ئالۋاستىمۇ شۇئان ئۈچ باشلىق، ئالتە قوللۇق بولۇپ، ئۈچ ساپلىق نەيزە بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتتى، شاھزادە يەنە

سېھىر بىلەن ئالتە خىل قورالنى ، يەنى شەمشەر ، خەنجەر ، ئارغامچا ، گۈرزە ، تۇگمەگۈل ، ئوت شارنى تەڭلا ئىشقا سالدى . «سۇف چىق !» دېگەنىدى ، لەشكەرلەر كەينى ـ كەينىدىن چىقىپ بىرى ئون ، ئونى يۈز ، يۈزى مىڭ ۋە ئونمىڭ بولدى . ھەربىرى بىردىن قورالنى تۇتۇپ خۇددى مۆلدۈر ياغقاندەك تاراس ـ تۇرۇس ، جاراڭ ـ جۇرۇڭ قىلىپ ئالۋاستى ئۈستىگە تاشلاندى . ئالۋاستى تەمتىرىمەستىن بىر قولىغا كۈمۈشتەك پارقىراپ تۇرغان چەمبىرەكنى ئېلىپ «يىغ !» دەپ ۋارقىراپ ئاسمانغا ئېتىۋىدى ، «ۋىش ـ ۋىش» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئالتە خىل قوراللارنىڭ ھەممىسى چەمبەر ئىچىگە كىردى . شاھزادە ناچا تەمتىرەپ قالدى ـ دە ، قۇرۇق قول جېنىنى ئارانلا ئەپقاچتى . ئالۋاستى غەلىبە قۇچۇپ قايتتى .

كۆكتە تۇرغان چاقماق ھەزرەت دېڭ خۇا ، جاڭ فەنلەر ئىچىدە كۈلۈپ : «ھېلىمۇ ياخشى ، يامان ئاقىۋەتكە كۆزىمىز يېتىپ چاقماقنى چاقماپتىكەنمىز . ناۋادا ئۇ چاقماقلىرىمىزنىمۇ يىغىپ كەتسە ، يۈرۈن سۇلتانغا قايسى يۈزىمىز بىلەن قارايتتۇق ؟» دېدى . بۇ ئىككى ھەزرەت پەسكە چۈشۈپ شاھزادە بىلەن تاغنىڭ جەنۇبىي يانباغرىغا كېلىپ پەلەك شاھىغا :

— بۇ ئالۋاستى ھەقىقەتەن بەك يامان نېمە ئىكەن ! — دېدى .

— ئەمدى قانداق قىلساق بولار ؟ — دېدى پەلەك شاھى .

— سىلىچە قايسى چارىنى ئىشقا سالساق بولار ؟ چەمبىرەككە چۈشمەيدىغان ئىشنى قىلساق ، ئاندىن ئۇنى ئەل قىلغىلى بولاتتى ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— چەمبىرەككە چۈشمەسلىك سۇ بىلەن ئوت مالائىكىسىنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ . كونىلاردا : «سۇ بىلەن ئوت رەھىمسىز» دېگەن گەپ بار ، — دېدى پەلەك شاھى .

— دۇرۇس گەپ بولدى بۇ ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ، — سىلەر مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرۇشسىلا ، پېقىر ئەرشكە چىقىپ باقاي .

— يەنە نىمە ئىش بىلەن ئەرشكە چىقاتتىلا ؟ — دېدى چاقماق ھەزرەت دېڭىز خۇا بىلەن جاڭ فەن .

— بۇ نۆۋەت يۇرۇن سۇلتاننى مالال قىلمايمەن . پەقەت جەنۇبىي دەرۋازىدىكى قىزىلگۈل قەسرىگە بېرىپ ئوت تەڭرىسىنى چاقىرىپ كېلەي ، دەيمەن . ئۇ ھەزرەت بۇ يەرگە كېلىپ ئوت قويۇپ بۇ مەخلۇقنى كۆيدۈرسۇن ياكى ئۇنىڭ چەمبىرىكىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋېتىپ ، ئالۋاستىنى تۇتسۇن ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ شاھزادە خۇش بولۇپ كەتتى :

ئۇنداق بولسا تەقسىر ، ھايال قىلماي تېز بېرىپ تېز قايتسىلا ! مەن مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇراي .

سۇن ۋۇكۇڭ قۇتلۇق نۇر ئىچىدە ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ ئۇدۇل ئەرشنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسىغا باردى . گۇاڭ مۇ بىلەن تۆت سەركەردە ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى :

— تەقسىر ، يەنە قەدەم تەشرىپ قىلىپ قاپتىلىغۇ ؟

— پەلەك شاھى شاھزادىنى جەڭگە چىقارغانىدى ، بىر پەس ئېلىشقاندىن كېيىن ھېلىقى ئالۋاستى ئۇنىڭ ئالتە خىل قورالىنىڭ ھەممىسىنى تارتىۋالدى . ئوت تەڭرىسىنى چاقىرىش ئۈچۈن قىزىلگۈل قەسرىگە كەلدىم ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

سەركەردىلەر ئۇنى تۇتماي دەرھال كىرگۈزۈۋەتتى ، قىزىلگۈل قەسرىگە كېلىشكە ئوت مۇئەككەللىرى دەررۇ كېلىپ خەۋەر قىلدى :

— سۇن ۋۇكۇڭ جانابلىرى ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشسەم دەيدۇ .

جەنۇبىي ئۈچ دىيارنىڭ ئوت تەڭرىسى كىيىملىرىنى تۈزەشتۈرۈپ سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئالدىغا چىقتى ـ دە :

— تۈنۈگۈن كې خەن قەسرىمىزنى تەكشۈرۈپ چىقتى ، زېمىنغا چۈشكەنلەر سېزىلمىدى ، — دېدى .

— خەۋىرىم بار ، پەلەك شاھى بىلەن شاھزادە مەغلۇپ بولدى ،

قورال - ياراغلىرىدىنمۇ ئايرىلىپ قالدى . شۇ سەۋەبتىن ئۆزلىرىدىن ياردەم سوراپ كەلدىم ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

— ناجا ھەممىگە مەشھۇر كاتتا كىشى ، تۇغۇلۇپلا توقسان ئالتە غاردىكى ئالۋاستىنى ئەل قىلغان ، قالتىس كارامىتى بار ئىدى . شۇ چېغىدا ئالۋاستىنى يېڭەلمىگەن بولسا ، پېقىرنىڭ قولىدىن قانچىلىك ئىش كېلەر ؟ — دېدى ئوت تەڭرىسى .

— پەلەك شاھى ئاسمان - زېمىن ئارىسىدا ھەممىدىن قابىلى سۇ بىلەن ئوت ، دەپ قارايدىكەن . شۇڭا ئالايىتەن سىلىنى تەكلىپ قىلىپ كەلدىم ، لەشكەرلىرىنى ئاپىرىپ جىن - ئالۋاستىلارنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىپ ئۇستازىمنى قۇتۇلدۇرغايلا .

ئوت تەڭرىسى بۇنى ئاڭلاپ قول ئاستىدىكى ئەمىر - لەشكەرلىرىنى يىغدى - دە ، سۈن ۋۇكۇڭ بىلەن بىللە جىندۇشەن تېغىنىڭ جەنۇبىي يانباغرىدا پەلەك شاھى ۋە چاقماق ھەزرەتلەر بىلەن ئۇچراشتى .

— تەقسىر ، سىلى ھېلىقى بىرنەرسىنى چاقىرىپ چىقسىلا ، مەن ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلاي ، ئۇ چەمبىرەكنى ئىشقا سالغان ھامان مەن ئۆزۈمنى دالدىغا ئالاي ، ئوت تەڭرىسى ئەمىر - لەشكەرلىرى بىلەن تەڭلا ئوت قويۇپ ئۇنى كۆيدۈرۈۋەتسۇن ، — دېدى پەلەك شاھى سۈن ۋۇكۇڭغا .

سۈن ۋۇكۇڭ جىندۇشەن تېغىغا كېلىپ ۋارقىرىدى :

— ئىشىكنى ئاچ ! دەرھال ئۇستازىمنى چىقىرىپ بەر !

ھېلىقى جىن يەنە يۈگۈرۈپ بېرىپ :

— سۈن ۋۇكۇڭ يەنە كەلدى ! — دەپ خەۋەر قىلدى .

ئالۋاستى جىمى ئادىمىنى باشلاپ غاردىن چىقتى - دە ، سۈن ۋۇكۇڭغا :

— ھەي پەسەندە ، يەنە كىملەرنى باشلاپ كەلدىڭ ! — دېدى .

بۇ چاغدا پەلەك شاھى چىقىپ ۋارقىرىدى :

— ھۇي نەپرەتلىك ئالۋاستى ، مېنى تونۇدۇڭمۇ ؟

— ھەي پەلەك شاھى ، سەن ئوغلۇڭ ئۈچۈن قىساس ئالغىلى

كەلدىڭغۇ دەيمەن ، — دېدى ئالۋاستى كۈلۈپ .
— بىرىنچىدىن ، قىساس ئالغىلى ، قوراللارنى قايتۇرۇۋالغىلى ؛ ئىككىنچىدىن ، سېنى ئەل قىلىپ تاڭ سەنزاڭ راھىبنى قۇتۇلدۇرغىلى كەلدىم ! كەتمە ! ماۋۇنى تېتىپ كۆر ! — دېدى پەلەك شاھى .
ئالۋاستى شاقىدە ئۆزىنى قاچۇردى ۋە دەرھال قورالىنى ئېلىپ جەڭگە ئاتلاندى . ئىككىيلەن غار ئاغزىدا قىر ـ چاپقا چۈشتى . ئېلىشىش شىددەتلىك بولدى ، چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلدى ، يەر ـ زېمىنمۇ قاراڭغۇلىشىپ كەتتى .
سۈن ۋۇكۇڭ بۇ ئىككىيلەننىڭ بىر ـ بىرىنى يېڭەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ ، شاقىدە بۇرۇلدى ـ دە ، بىر سەكرەپلا تاغ چوققىسىغا چىقتى ۋە ئوت تەڭرىگە : «تەقسىر ، ھوشيار تۇرسىلا !» دېدى . شۇ ئەسنادا ئالۋاستى چەمبىرىكىنى ئالاي دېۋىدى ، بۇنى كۆرگەن پەلەك شاھى نۇرغا ئايلاندى ـ دە ، چېكىنگەن بولۇپ قاچتى . تاغ چوققىسىدىكى ئوت تەڭرىسى دەرھال پەرمان بېرىۋىدى ، لەشكەرلىرى تەڭلا ئوت قويدى . ئوت شۇنچىلىك كۈچلۈك كۆيدىكى ، بەئەينى ئونمىڭلىغان ئوت تۇلپارلىرى چېپىپ كېتىۋاتقاندەك ئاسماننى ئوت قاپلىدى . ئەمما ، ئالۋاستى دەھشەتلىك ئوتنى كۆرۈپ مىت قىلماي تۇردى . ئارقىدىن چەمبىرىكىنى ئاسمانغا ئېتىۋىدى ، «ۋىش» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئوت ئەجدىھا ، ئوت ئات ، ئوت ئۆردەك ، ئوت چاشقان قاتارلىق ئوت قويغۇچى ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىۋالدى ـ دە ، بۇرۇلۇپ غارغا ماڭدى ۋە غەلىبە قىلدۇق ، دەپ لەشكەرلىرىنى يىغىۋالدى .
ئوت تەڭرىسى قۇرۇق قول قالغان لەشكەرلىرىنى يىغدى ۋە پەلەك شاھى قاتارلىقلار بىلەن ئۇچرىشىپ تاغ باغرىدا ئولتۇردى ـ دە ، سۈن ۋۇكۇڭغا :
— تەقسىر ، بۇنداق يامان ئالۋاستى ھەقىقەتەن كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدۇ ! مەن ئوت ياقىدىغان قوراللىرىمدىن ئايرىلىپ قالدىم ، قانداق قىلارمەن ، — دېدى .

— غەم قىلمىسىلا، ھەممىلىرى مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرۇشسىلا، مەن بىر بېرىپ كېلەي، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ.

— يەنە قەيەرگە بارىدىلا؟ — دېدى پەلەك شاھ.

— ئۇ ئالۋاستى ئوتتىن قورقمىدى، جەزمەن سۇدىن قورقىدۇ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ، — كونىلاردا «ئوتنى سۇ ئۆچۈرىدۇ» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ. پېقىر ئەرشنىڭ شىمالىي دەرۋازىسىغا بېرىپ سۇ تەڭرىسىنى باشلاپ كېلەي. ئۇ غارغا سۇ قويۇپ بېرىپ ئالۋاستى ۋە جىنلارنى سۇغا غەرق قىلسۇن ـ دە، قورالىلارنى ھەرقايسىلىرىغا ياندۇرۇپ بەرسۇن.

— بۇ چارىمۇ بولەن ئىكەن. بىراق ئۇنداقتا ئۇستازلىرىمۇ غەرق بولۇپ كەتمەسمۇ؟ — دېدى پەلەك شاھى.

— چاتاق يوق، ئۇستازىم غەرق بولۇپ كەتسە، ئۇنى تىرىلدۈرۈۋالىمەن. ھەرقايسىلىرىنى ساقلىتىپ قويىدىغان بولدۇم. ئەپۇ قىلىنشارلا، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— ئۇنداق بولسا مەرھەمەت، يولغا چىقسىلا، — دېدى ئوت تەڭرىسى.

سۇن ۋۇكۇڭ قالتىس جۇمۇ! بىر موللاق ئېتىپ ئۇدۇل ئەرشنىڭ شىمالىي دەرۋازىسىغا باردى. بىردىنلا بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىۋىدى، پەلەك شاھى دوۋېن كېلىپ سالام بەردى:

— تەقسىر، يول بولسۇن؟

— بىر ئىش بىلەن ۋۇخاۋ قەسرىگە كىرىپ سۇ تەڭرىسىگە يولۇقماقچىدىم، ئۆزلىرى نېمە ئىش قىلىۋاتىدىلا، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— بۈگۈن ماڭا كۆزەت نۆۋىتى كەلگەنىكەن.

بۇلار سۆزلىشىۋاتقاندا پاڭ، لىۋ، كې، بى قاتارلىق تۆت چوڭ سەركەردە كېلىپ ئېھتىرام بىلەن ئۇنى چايغا تەكلىپ قىلدى. سۇن ۋۇكۇڭ:

— رەھمەت ، كايىشمىسىلا ، بەكمۇ ئالدىراشمەن ! — دېدى ۋە ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ ئۇدۇل ۋۇخاۋ قەسرىگە كەلدى ، ئاندىن سۇ مالائىكىلىرىنى سۇ تەڭرىسىگە ئۆزىنىڭ كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلىشقا ئەۋەتتى .

— پەلەك تەڭدىشى ئەۋلىيا ئەزەم سۇن ۋۇكۇڭ كەلدى ! — دەپ خەۋەر قىلدى ئۇلار . سۇ تەڭرىسى بۇنى ئاڭلاپ دېڭىز ـ ئوكيانلار ، دەريالار ، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەر ، ئېقىنلار ۋە ھەرقايسى جايلاردىكى ئەجدىھا شاھلارنى ئېنىقلاۋاتقان تەڭرى ـ مۇئەككەللىرىنى قايتىپ تۇرۇشقا بۇيرۇپ ، ئۆزى كىيىم ـ كېچەكلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ چىقىپ سۇن ۋۇكۇڭنى ئوردىغا باشلاپ كىردى :

— تۈنۈگۈن كې خەن قەسرىمنى تەكشۈرگىلى كەپتىكەن . تەۋەيىمدىكى تەڭرى ، مالائىكىلەر ئىچىدىن نىيىتى بۇزۇلۇپ يامان يولغا ماڭغانلار بولۇپ قالمىسۇن ، دەپ ھەممىنى ئېنىقلاپ چىقىۋاتاتتىم ، بۇ ئىش تېخى تۈگىمىگەنىدى ، — دېدى .

— مەن دېگەن ئالۋاستى سۇ مۇئەككىلى ئەمەس . بەكمۇ جىق ھۈنىرى بار بىرنېمە ئىكەن . مەن يۇرۇن سۇلتانىنىڭ ئەمرىگە بىنائەن دەسلەپ پەلەك شاھى توتالى ئاتا ـ بالىنى ۋە چاقماق ھەزرەتتىن ئىككىنى باشلاپ چۈشۈۋىدىم ، ئالۋاستى ئۇلارنىڭ ئالتە خىل قورال ـ يارىغىنى ئېلىۋالدى . پېقىر ئامالسىز يەنە قىزىلگۈل ئوردىسىغا بېرىپ ئوت تەڭرىسى ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنى چاقىرىپ كېلىپ ئوت قويغۇزۇۋىدىم ، ئوت ئەجدىھاسى ، ئوت ئېتى قاتارلىقلار يەنە ئالۋاستىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى . مەن بۇ بىرنېمە ئوتتىن قورقمىغان بىلەن چوقۇم سۇدىن قورقىدۇ ، دېگەن ئوي بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئالدىغا كېلىۋىدىم . ئۆزلىرى سۇ بىلەن ھۇجۇم قىلىپ ئالۋاستىنى تۇتۇپ پەلەك سەردارلىرىنىڭ قورال ـ ياراغلىرىنى ئېلىپ بەرگەن بولسىلىرى پېقىرنىڭمۇ قىينچىلىقنى ھەل قىلىپ غەمدىن خالاس قىلاتتىلە ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

سۇ تەڭرىسى بۇنى ئاڭلاپ دەرھال خۇاڭخې دەرياسى مالائىكىسى

شۆي بوغا :

— سۈن ۋۇكۇڭ بىلەن بىللە بېرىڭ ! — دەپ ئەمر قىلدى .

شۆي بو چاپىنىنىڭ يېڭىدىن ئاق قاشتېشى قاچىدىن بىرنى ئېلىپ سۈن ۋۇكۇڭغا :

— بۇنىڭغا سۇ ئېلىۋالاي ، — دېدى .

— نېمە ! بۇنىڭغا قانچىلىك سۇ پاتىدۇ ؟ بۇنىڭ بىلەن ئالۋاستىنى قانداق غەرق قىلىۋەتكىلى بولىدۇ ؟ — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

— تەقسىر ، سىلىدىن يوشۇرمايمەن ، بۇ قاچامغا خۇاڭخې دەرياسىنىڭ سۈيى پاتىدۇ . يېرىم ئالسام دەريا سۈيىنىڭ يېرىمى ، لىق ئالسام ھەممىسى پاتىدۇ ، — دېدى شۆي بو .

— يېرىم قاچا ئالسىڭىزلا كۇپايە قىلىدۇ ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ خۇشال بولۇپ ، ئاندىن سۇ تەڭرىسى بىلەن خوشلىشىپ خۇاڭخې دەرياسى مالائىكىسى بىلەن ئەرشتىن ئايرىلدى .

شۆي بو خۇاڭخې دەرياسىدىن يېرىم قاچا سۇ ئالدى ـ دە ، سۈن ۋۇكۇڭ بىلەن جىندۇشەن تېغىغا كېلىپ پەلەك شاھى تەڭرىقۇت ، چاقماق ھەزرەت ، ئوت تەڭرىسى قاتارلىقلار بىلەن ئۇچراشتى . بۇلار شۆي بوغا بايا بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى .

— جىق سۆزلىمىسەڭلارمۇ بولىدۇ . شۆي بو مەن بىلەن بىللە بارىدۇ ، مەن ئىشىكنى ئاچقۇزغان ھامان شۆي بو ئالۋاستى چىققۇچە ئارىلىقتىلا سۇنى تۆكىدۇ ، ئالۋاستى شۇ زامات سۇغا غەرق بولىدۇ ، شۇندىلا مەن بېرىپ ئۇستازىمنى سۇدىن سۈزۈۋېلىپ قۇتۇلدۇرۇۋالىمەن ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

شۆي بو بۇيرۇققا بويسۇنۇپ سۈن ۋۇكۇڭ بىلەن يولغا چىقتى . تاغ باغرىنى ئايلىنىپ غار ئاغزىغا باردى .

— ئىشىكنى ئېچىش !

ئىشىكباقار جىن سۈن ۋۇكۇڭنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ بېرىپ پادىشاھقا خەۋەر قىلدى :

— سۈن ۋۇكۇڭ يەنە كەلدى !

ئالۋاستى ئەڭگۈشتىرىنى ۋە قوراللىرىنى ئېلىپ چىقتى. تاش ئىشىك ئېچىلىشىغا شۇي بو ئاق قاشتېشى قاچىدىكى سۇنى غارغا تۆكتى. ئالۋاستى سۇنى كۆرۈپ قورالىنى قويۇپ شاققىدە چەمبىرەكنى ئېلىپ ئىككىنچى ئىشىكتىلا سۇنى توسۇۋالدى. سۇ شارقىراپ تاشقىرىغا ئېقىشقا باشلىۋىدى، سۇن ۋۇكۇڭ ھودۇقۇپ كەتتى ـ دە، شۇي بونى ئېلىپ بىر موللاق ئېتىپ تاغنىڭ چوققىسىغا چىقىۋالدى. پەلەك شاھى قاتارلىقلار بۇلۇت بىلەن تاغ چوققىسى ئارىلىقىدىكى ھاۋا بوشلۇقىدا سۇنىڭ كارامىتىنى كۆرىمىز، دەپ تۇراتتى. سۇ شاۋقۇنلاپ، ئاسمان ـ پەلەك دولقۇن ياساپ ئېقىپ ھەممە يەرگە يېيىلىشقا باشلىدى. سۇن ۋۇكۇڭ ئالاقزادە بولۇپ كەتتى:

— چاتاق بولدى! ھەممە ياقنى سۇ بېسىپ كەتتى، سۇ ئالۋاستىنىڭ غارىغا كىرمەي دېھقانلارنىڭ ئېتىزىغا كىرىپ كەتتى، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

سۇن ۋۇكۇڭ شۇي بودىن سۇنى دەرھال يىغىۋېلىشنى ئىلتىماس قىلغانىدى، ئۇ:

— مالائىكىلەر سۇنى قويۇشنىلا بىلىدۇ، يىغىۋالالمايدۇ. شۇڭا كونىلاردا: «چاچقان سۇنى يىغىۋالغىلى بولمايدۇ» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟ — دېدى.

ئامال قانچە! تاغ ئېگىز بولغاچقا، سۇ پەسكە قاراپ ئېقىپ ھەش ـ پەش دېگۈچە تەرەپ ـ تەرەپكە يول ئېلىپ، جىلغا ـ جىرالارغا قۇيۇلدى.

بىرقانچە جىن ـ شاياتۇن غاردىن چىقىپ چۇقان ـ سۈرەن قىلىشىپ، خۇشاللىقتىن تېرىسىگە سىغماي كېتىشتى.

پەلەك شاھى:

— سۇ غارغا كىرمەي بىكارلا زايە بولۇپ كەتتى ـ ھە! — دېگەنىدى، سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۇچتى. ئۇ ئىككى مۇشتىنى چىڭ تۇگۈپ جىنلارنىڭ قېشىغا باردى ـ دە:

— قېنى قەيەرگە قېچىشىسەن! ماۋۇنى كۆر! — دەپ

ۋارقىرىدى .

جىنلارنىڭ جان ـ پىنى چىقىپ كەتتى ۋە قوراللىرىنى تاشلاپ قاچقىنىچە غارغا كىرىۋېلىپ خەۋەر قىلدى :

— غوجام ، چاتاق بولدى ! سۇن ۋۇكۇڭ يەنە كەلدى .

ئالۋاستى نەيزىسىنى كۆتۈرۈپ غاردىن چىقىپ :

— هە ئۆلۈمتۈك ، ماڭا ئۆزۈڭ تەڭ كېلەلمىدىڭ ، ئوت ـ سۇلىرىڭنىمۇ يېقىن يولىتالمىدىڭ ، ئەمدى جېنىڭنى ماڭا ئامانەت قويغىلى كەلدىڭمۇ ؟ — دېدى .

— ئاغزىڭغا بېقىپراق سۆزلىسەڭ بولارمىكىن ! قېنى كۆرىمىز ، جاننى مەن ساڭا ئامانەت قويامدىمەن ياكى سەن ماڭا قويامسەن ! قېنى كەل ، غوجا ئاكاڭنىڭ مۇشتىنى بىر تېتىپ باق ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— پاھ ، ماۋۇ مايمۇنەكنىڭ پوچىلىقىنى قارىمامدىغان ! مەن نەيزە ئىشلەتسەم ئۇ مۇشتىنى ئىشلىتەر ئىمىش تېخى . ياڭاقچىلىك ، بىر تېرە ـ بىر ئۇستىخان مۇشتۇڭنىڭ قانچىلىك تورى بار ؟ بوپتۇ ، نەيزەمنى قويۇپ سەن بىلەن مۇشتلىشىپ باقاي ، — دېدى ئالۋاستى .

— بۇ گېپىڭ جايىدا ، قېنى كەل ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ .

ئالۋاستى كىيىمىنى سېلىۋېتىپ بازغاندەك مۇشتىنى تۈگدى . سۇن ۋۇكۇڭمۇ قەددىنى رۇسلاپ ئېلىشىشقا تەييارلاندى . شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككىيلەن غار ئالدىدىلا تۇتۇشۇپ كەتتى . بۇلار ئون مەرتەم قاتتىق تۇتۇشۇپ كۈچتە تەڭ كېلىپ قالدى ، تاغ چوققىسىدا تۇرغان پەلەك شاهى توتالى ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ باريكاللا ئېيتتى ، ئوت تەڭرىسى چاۋاك چېلىپ سۇن ۋۇكۇڭنى ماختاپ كەتتى . ئىككى نەپەر چاقماق هەزرەت ، شاهزادە ناجا ، تەڭرىلەر ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ هە ـ هۇ دېيىشكە باشلىدى . جىنلارمۇ تۇغ ـ ئەلەملەرنى كۆتۈرۈپ ، داقا ـ دۇمباقلارنى چېلىپ ، قىلىچ ـ نەيزىلەرنى ئوينىتىپ هۇجۇمغا ئۆتتى . ئىشنىڭ ئەپلەشمەيۋاتقانلىقىنى بىلىپ

قالغان سوُن ۋوُكوُك بىر توُتام مويىنى يوُلوُپ هاۋاغا چاچتى ـ دە، «سوُف» دېگەنىدى، شوُئان قىرىق ـ ئەللىك مايموُنچاق پەيدا بولدى ـ دە، بەزىلىرى جىنىلارنىڭ پوُتىغا، بەزىلىرى بېلىگە ئېسىلدى. گاھىلىرى كوّزىگە چاڭ سالدى، گاھىلىرى مويىنى يوُلدى. بوُنى كوّرگەن ئالۋاستى هوُلوُقوُپ كېتىپ دەرھال چەمبىرىكىنى ئالدى. شوُ ئارىلىقتا سوُن ۋوُكوُك، پەلەك شاهى قاتارلىقلار بىر مولىلاق ئېتىپلا بوُلوُت ئوُستىگە چىقىپ قوُتوُلوُۋالدى. ئالۋاستى چەمبىرىكىنى «ۋىژ» قىلىپ ئېتىپ مايموُنچاقلارنى يىغىۋېلىپ غارغا كىرگوُزوُۋەتتى. ئاندىن غەلىبە قىلدوُق، دەپ لەشكەرلىرىنى يىغىپ خوُشال هالدا غارغا قايتتى.

— سوُن ۋوُكوُك كارامەت باتوُر ئىكەن جوُموُ! — دېدى پەلەك شاهى، — موُشتلىشىش گوُمپىسىموُ قالتىس ئىكەن؛ بار هوُنىرىنى ئىشلىتىپ ئوّزىنى ئوُبدانلا كوّرسەتتى.

— ئالۋاستىغا كوُچوُم يېتىدوُ. پەقەت ئوُنىڭ چەمبىرىكىگە ئامال قىلالمايۋاتىمەن، — دېدى سوُن ۋوُكوُك.

— ئوُنى يېڭەمىز دەيدىكەنمىز، ئالدى بىلەن ئوُنىڭ ئەڭگوُشتىرىنى قولغا چوُشوُروُشىمىز كېرەك. شوُنداق بولغاندا ئوُنى توُتالايمىز، — دېدى ئوت تەڭرىسى بىلەن شوُي بو.

— ئوُنى قانداق قولغا چوُشوُرىمىز؟ ئوغرىلىساق بولامدىكىنيا، — دېدى سوُن ۋوُكوُك.

— ئوغرىلايدىغان ئىش بولسا سىلىدىن ئوُستىسى يوق، — دېدى چاقماق هەزرەت دېڭ خوُا بىلەن جاڭ فەن، — ئوّز ۋاقتىدا ئەرشنى مالىمان قىلماقچى بولوُپ توُڭلاپ هاراقلارنى، ياڭاقلارنى، ئەجدىھانىڭ جىگىرىنى، سوُموُرغىنىڭ يىلىكىنى، پېشۋالىرىمىزنىڭ خاسىيەتلىك دورىلىرىنى قانداق ئوُستىلىق بىلەن ئوغرىلىغان ـ هە! بوُگوُن شوُ هوُنەرلەر ئەسقاتسا ئەجەب ئەمەس.

— بەللى! بەلەن گەپ بولدى! ئوُنداق بولسا ئولتوُروُپ توُروُشسىلا، بېرىپ تىڭ تىڭلاپ باقاي، — دېدى سوُن ۋوُكوُك.

سوُن ۋوُكوُك بىر سەكرەپلا چوققىدىن چوُشوُپ توُيدوُرماستىن

غار ئاغزىغا باردى، بىر دومىلاپ ئاجايىپ چىرايلىق سۇر چىۋىنغا ئايلاندى ـ دە، يېنىك ئۇچۇپ ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ئىچكىرىگە كىردى. چوڭ ـ كىچىك جىنلار ئىككى تەرەپتە تىزىلىپ تۇرۇپ ئۇسسۇل ئويناپ ناخشا ئېيتىۋاتاتتى؛ ئالۋاستى بولسا تەختىدە ئولتۇرۇپ مەي ئىچىۋاتاتتى. سۇن ۋۇكۇڭ جىنلار توپى ئىچىگە چۈشۈپ بورسۇقباش جىنغا ئايلاندى. ئاستا ـ ئاستا تەختكە يېقىن كېلىپ زەن قويۇپ قارىۋىدى، ئەڭگۈشتەر كۆرۈنمىدى. ئايلىنىپ تەختنىڭ ئارقىسىغا ئۆتتى. ئۈشتۈمتۈت كۈنچىقىشتىكى تامغا يۆلەكلىك تۇرغان ئالتۇن توقىسىغا كۆزى چۈشۈپ خۇشال بولۇپ كەتتى، ئۆزىنىڭ ھازىرقى تۇرقىنى ئۇنتۇپ يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنى ئېلىۋېلىپ ئەسلىي قىياپىتىگە كىردى ـ دە، ئالتۇن توقىدا يول ئېچىپ تاشقىرىغا ماڭدى. ئالۋاستى گاڭگىراپ قالدى. سۇن ۋۇكۇڭ ئۇدۇل كەلگەننى ئۇرۇپ ـ يىقىتىپ قانلىق يول ئېچىپ غاردىن چىقىۋالدى. دېمەك، ئالۋاستى مەغرۇرلۇقتىن بىخۇدلاشتى، مال ئۆز ئىگىسىنى تاپتى. كېيىن قانداق ئىشلارنىڭ بولغانلىقىنى كېيىنكى باپتىن ئاڭلىغايسىز.

## ئەللىك ئىككىنچى باب

### سۇن ۋۇكۇڭنىڭ جىندۇشەن غارىنى پاراكەندە قىلغانلىقى
### تاتىھاگاتونىڭ ئالۋاستىنىڭ خوجىسىدىن بىشارەت بەرگەنلىكى

ئەلقىسسە، سۇن ۋۇكۇڭ ئالتۇن توقىسىنى ئېلىپ ئىشىكتىن چىقىپلا تاغ چوققىسىغا چىقىپ تەڭرىلەر بىلەن خۇشال - خۇرام كۆرۈشتى. پەلەك شاھى:

— ئەھۋال قانداق؟ — دەپ سورىدى.

— مەن شەكلىمنى ئۆزگەرتىپ غارغا كىرسەم ئالۋاستى يەپ - ئىچىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئەڭگۈشتىرىنى قەيەرگە قويغانلىقىنى بىلەلمىدىم. ئايلىنىپ ئۇنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ شۇنداق قارىسام بۇ نەرسە كۇنچىقىشتىكى تامغا يۆلەكلىك تۇرۇپتۇ. شاققىدە ئالدىم - دە، قېچىپ چىقتىم، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— سىز ئەڭگۈشتىرىڭىزنى تېپىۋاپسىز. بىزنىڭكى قاچان قولىمىزغا تېگىدۇ، — دېدى تەڭرىلەر.

— چاتاق بولدى! چاتاق بولدى! بۇ كالتەكمىلا بولىدىكەن، ئۇنى چوقۇم يېڭىپ سىلەرنىڭ ئەڭگۈشتىرىڭلارنى ئېلىپ بېرىمەن، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

شۇ ئەسنادا تاغ باغرىدىن داقا - دۇمباق ساداسى، چۇقان - سۈرەن ئاڭلاندى. ھېلىقى ئالۋاستى لەشكەر تارتىپ سۇن ۋۇكۇڭنى قوغلاپ كەلگەنىدى.

بۇنى كۆرگەن سۇن ۋۇكۇڭ:

— بەللى! بەللى! كۆڭلۈمدىكىدەك ئىش بولدى!

ھەرقايسىلىرى ئولتۇرۇپ تۇرۇشسىلا ، مەن بېرىپ ئۇنى تۇتۇپ كېلەي ، — دېدى .
پالۋان سوْن ۋۇكۇڭ تۆمۈر كالتەكنى چىڭ تۇتۇپ :
— ھوي نائەھلى ! ماۋۇنى كۆر ! — دەپ ۋارقىرىدى .
ئالۋاستى نەيزە بىلەن ئۇنىڭ كالتەكنى توسۇپ تۇرۇپ :
— ۋاي ئوغرى ! نومۇس قىلىشنى بىلمەيدىغان داپيوز ! نېمىدەپ كوپكوندوزدە نەرسىلىرىمنى بۇلاپ كېتىسەن ؟ — دېدى .
— نېمىدەپ كاپشىۋاتىسەن ھارامىلىق ! كوپكوندوزدە مېنىڭ نەرسەمنى بۇلاپ كەتكەن سەن ئەمەسمۇ ؟ قايسى نېمە سېنىڭكى ؟ قاچما ! غوجا ئاكاڭنىڭ كالتەكنى بىر تېتىپ باق ! — دەپ ۋارقىرىدى سوْن ۋۇكۇڭ . ئالۋاستى شۇئان جەڭگە چۈشتى . ئىككىيلەن ئالتە سائەت ئېلىشىپ بىر - بىرىنى يېڭەلمىدى . قاش قارىيىپ قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدى . ئالۋاستى قورالىنى يىغىشتۇرۇپ :
— سوْن ۋۇكۇڭ ، بولدى قىل ، كېچە ئېلىشىدىغان پەيت ئەمەس . ھەرقايسىڭىز قايتىپ ئارام ئالايلى ، ئەتە ئەتىگەن سېنى ئېلىششقا چاقىرىمەن — دېدى .
— ئاغزىڭنى يۇم نائەھلى ! — دەپ تىللىدى سوْن ۋۇكۇڭ ، — كېچە بولسا بولمامدۇ ، يېڭىش - يېڭىلىشنى ئايرىماي قويمايمەن ، قېنى كەل !
ئالۋاستى غەزەپلىك بىر نەرە تارتتى - دە ، نەيزىنى يالغاندىن ئىشقا سالغان بولۇپ غېپپىدە تىكۋەتتى . جىن - ئالۋاستىلارمۇ كەينى - كەينىدىن قېچىپ غارغا كىرىپ ئىشىكنى چىڭ تاقىۋالدى .
سوْن ۋۇكۇڭ كالتەكنى ئوينىتىپ يېنىپ كېلىشىگە تاغ چوققىسىدىكى تەڭرىلەر ماختاپ كەتتى :
— بارىكاللا ، كۈچ دېگەنمۇ بار يەردە بار ئىكەن . تەڭداشسىز قۇدرەت دېگەن سىلىدە ئىكەن جۇمۇ !
— يوقسۇ ! ئاشۇرۇۋېتىشتىلە ! — دېدى سوْن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ .

— بىز قىلچە ئاشۇرۇۋەتمەي ھەق گەپنى قىلىۋاتىمىز! بۇ ئىلىشىش ئۆز ۋاقتىدا ئەرشتە ھەممىنى ھەيرەتتە قويغان ئىلىشىشتىن قىلىشمىدى! — دېدى پەلەك شاھى يىقىن كېلىپ.

— مازاق قىلىشمىسىلا. ئالۋاستى ھازىر تازا چارچىدى. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ غىپپىدە كىرىپلا ئۇنىڭ چەمبىرىكىنى ئوغرىلاپ، ئۆزىنى تۇتاي، ئاندىن قورال - ياراغلارنى تېپىپ ھەرقايسىلىرىغا بېرەي، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— بۇگۇن كەچ بولۇپ كەتتى، ئوبدان ئۇخلىۋېلىپ ئەتە بارسىلا، — دېدى شاھزادە.

— ياشسىز - دە بەگچەم! ئوغرىلىق دېگەننى كۇپكۇندۇزدە قىلغاننى قەيەردە كۆرگەنىدىڭىز؟ بۇنداق ئىشنى كېچىسى قىلىدىغان گەپ. شۇنىڭدا ھېچكىم بىلمەيدۇ، ئىزمۇ قالمايدۇ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۇلۇپ.

ئوت تەڭرىسى بىلەن چاقماق ھەزرەتلەر:

— بىزنىڭ باشقا گېپىمىز يوق. چۈنكى، بۇنداق ئىشلاردا بىز خام، ئۆزلىرى پىشىپ كەتكەن. شۇڭا، مۇشۇ تاپتىلا بارسىلا. بىرىنچىدىن، ئالۋاستى تازا ھاردى؛ ئىككىنچىدىن، قاراڭغۇدا توسقۇنلۇق بولمايدۇ، چاپسان بارسىلا، بولسىلا، — دېدى.

سۇن ۋۇكۇڭ خۇش بولۇپ كەتتى. ئالتۇن توقىسىنى تىقىپ قويۇپ سەكرەپ تاغدىن چۈشتى ۋە غار ئاغزىغا كەلدى. بىر سىلكىنىپ قارا چېكەتكىگە ئايلاندى - دە، سەكرەپ - سەكرەپ ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ ئىشىكنىڭ قىسىلچىقىدىن كىردى. تامنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ چىراغ يورۇقىدا ئەتراپىغا سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى. جىن - ئالۋاستىلار تاماق يەۋاتاتتى. سۇن ۋۇكۇڭ «چىرت - چىرت» قىلىپ چىرىلداپ قويدى. ئۇزاق ئۆتمەي ھەممەيلەن ئىش - كۇشلىرىنى تۇگىتىپ ئورۇن سېلىپ يېتىپ جىمىقىشتى. تەخمىنەن بىرىنچى جېسەك مەزگىلىدە سۇن ۋۇكۇڭ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىردى. ئالۋاستى:

— ھەرقايسى ئىشىكتىكىلەر ئۇخلاپ قالماڭلار! سۇن ۋۇكۇڭ

شەكلىنى ئۆزگەرتىپ كىرىپ ئوغرىلىق قىلىشى مۇمكىن ، — دەپ ئەمىر قىلىۋاتاتتى . شۇنىڭ بىلەن قاراۋۇللار قاراۋۇللۇق قىلىشقا ماڭدى ، ھەممە ئىش تۈگىگەندىن كېيىن ئۇخلاشقا قوڭغۇراق چېلىندى . سۇن ۋۇكۇڭغا پۇرسەت تۇغۇلدى .

سۇن ۋۇكۇڭ يەنىمۇ ئىچكىرىگە كىرىپ قارىغۇدەك بولسا ئالۋاستى كىيىملىرىنى سېلىۋاتقانىكەن . سول قولىدا بولسا ھېلىقى چەمبىرەك مەرۋايىت بىلەزۈك سىياقىدىكى نەرسە تۇراتتى . ئالۋاستى ئۇنى ئېلىۋەتمەستىن تېخىمۇ يۇقىرىغىراق تارتىپ قولىنى قىسىپ تۇرىدىغان قىلىپ قويۇپ ئاندىن ياتتى . بۇنى كۆرگەن سۇن ۋۇكۇڭ شۇئان سېرىق ئەتلىك بۈرگىگە ئايلاندى - دە ، دىككىدە سەكرەپ تاش كارىۋاتقا چىقتى ، يوتقانغا كىرىپ ئالۋاستىنىڭ بىلىكىنى چاقتى . ئالۋاستى ئۆرۈلۈپ تىللىدى :

— ۋاي تاياق قېپى ھازامزادىلەر ! يوتقاننى قېقىپ ، كارىۋاتنى سۈپۈرۈپ ئورۇن سالماپتۇ ، مانا مېنى بىرنېمىلەر چېقىپ كېتىۋاتىدۇ ، — ئۇ شۇنداق دەپ بىلەزۈكنى سىلاپ - سىلاپ قويۇپ يېتىۋەردى . سۇن ۋۇكۇڭ يەنە چاققانىدى ، ئالۋاستى ئۇخلىيالماي ئۇيان - بۇيان ئۆرۈلۈپ :

— ۋاي - ۋۇي ، ئەجەبمۇ قىچىشتىغۇ ! — دېدى .

سۇن ۋۇكۇڭ ئالۋاستىنىڭ بەكمۇ ھوشيارلىقىغا قاراپ چەمبىرەكنى ئالالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى - دە ، كارىۋاتتىن چۈشۈپ يەنە چېكەتكىگە ئايلىنىپ ئۆيدىن چىقتى . ئاندىن ئەسلى قىياپىتىگە كېلىپ يەنە بىر ئىشىك ئالدىغا كەلدى ، بىر ئەپسۇن ئوقۇۋىدى ، ئىشىك ئېچىلدى . كىرىپ قارىسا ئۆينىڭ ئىچى كۈندۈزدەك يورۇق بولۇپ ، بۇ يورۇق ئوت تەڭرىنىڭ قورال - ياراغلىرىدىن چىقىۋاتاتتى . ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭ كۆنچىقىش ، كۈنپېتىش تەرەپتە يۆلەكلىك تۇرغان پەلەك شاھزادىسىنىڭ شەمشىرى ، ئوت تەڭرىسىنىڭ كامالەك ، يا قاتارلىق قوراللىرىغا كۆزى چۈشتى . ئوت يورۇقىدا ئىشىك كەينىدىكى جوزا ئۈستىدە تۇرغان بىر تۇتام موي كۆزگە چېلىقتى . سۇن ۋۇكۇڭ خۇش بولۇپ

مويلارنى ئالدى ـ دە، «سۇف» دېدى، شۇئان ئوتتۇز ـ ئەللىكچە مايمۇن پەيدا بولدى. سۇن ۋۇكۇڭ ئۇلارغا قىلىچ، شەمشەر، توقماق، ئارغامچا ۋە كامالەك، يا، نەيزە، يالمان، كاۋا، ئوت قاغا، ئوت چاشقان، ئوت ئات قاتارلىق قورال ـ ياراغلارنى كۆتۈرگۈزۈپ، ئىچىدىن تېشىغا ئوت قويۇپ ماڭدى. پاراس ـ پۇرۇس، قاراس ـ قۇرۇس ئاۋازلار ھەممەياقنى بىر ئالدى. بۇنىڭدىن قورقۇپ ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقان جىنلار باشلىرىنى چاڭگاللىغان پېتى قىيا ـ چىيا، يىغا ـ زار بىلەن ھەر تەرەپكە ئۆزىنى ئۇردى ۋە قېچىپ كېتەلمەي يېرىمىدىن كۆپرەكى كۆيۈپ تۈگىدى. مايمۇن پادىشاھ غەلىبە قۇچۇپ قايتىپ كەلگەندە، تېخى ئاران ئۈچىنچى جېسەك ۋاقتى بولغانىدى.

ئەلقىسسە، گەپنى تاغ چوققىسىدىن باشلايلى. پەلەك شاھى قاتارلىقلار ئوت يورۇقىنى كۆرۈپلا توۋلاشتى.

سۇن ۋۇكۇڭ خۇشاللىقى قىن ـ قىنىغا پاتمىغان ھالدا مايمۇنەكلىرىنى كەينىگە سېلىپ تاغ چوققىسىغا چىقىپ:

— قېنى كېلىڭلار! قورالىڭلارنى ئېلىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى.

ئوت تەڭرىسى بىلەن ناجا شۇئان ماقۇل، دەپ جاۋاب بەردى. سۇن ۋۇكۇڭ بىر سىلكىنىپلا مويلىرىنى بەدىنىگە جايلاشتۇرۇۋالدى. ناجا ئالتە خىل قورالنى تاپشۇرۇۋالدى. ئوت تەڭرىسى ئوت قوراللىرىنى يىغىۋالدى. ھەممە خۇشال ھالدا سۇن ۋۇكۇڭنى كۆكلەرگە كۆتۈرۈپ ماختاپ كەتتى.

ئەلقىسسە، جىندۇشەن غارى ئوت دېڭىزىغا ئايلاندى، ئالۋاستى قورقۇپ كەتتى ـ دە، شۇئان ئەڭگۈشتىرىنى ئېلىپلا چېپىپ يۈرۈپ ئوتنى ئۆچۈرۈپ جىن ـ ئالۋاستىلارنى قۇتقۇزۇشقا كىرىشتى. ئۇلارنىڭ كۆپى كۆيۈپ تۈگىگەنىدى، ئۇ ئەر ـ ئايال بولۇپ ئازغىنە لەشكىرىنى قۇتۇلدۇرۇۋالالىدى؛ قورال ـ ياراغلارنى

تەكشۈرگەندى، ھەممىسى تولۇق چىقتى؛ يەنە تەكشۈرۈپ كۆرسە جۇ باجىي، شاسىڭ، تاڭ سەنزاڭ قاتارلىقلار باغلاقلىق پېتى تۇراتتى، ئاق ئات ئېغىلدا، يۈك - تاقلار جايىدا ئىدى.

— قايسى ھارامزادە بىخەستەلىك قىلىپ ئوت قويۇۋېتىپ شۇنچە پاراكەندە قىلىۋەتكەندۇ بىزنى؟ — دېدى ئالۋاستى ئاچچىقى كېلىپ.

— تەقسىر، بۇ ئىچىمىزدىكىلەر قىلغان ئىش ئەمەس. بەلكىم ھېلىقى بۇلاڭچى ئوغرى ئوت ھايۋانلىرىنى قويۇۋېتىپ تەگرى لەشكەرلىرىنى ئاچچىقىپ كەتكەن بولسا كېرەك، — دېدى بىر مالاي.

ئالۋاستى شۇندىلا ئىشنىڭ تەكتىگە يەتتى:

— بۇنى باشقا بىرى ئەمەس، چوقۇم سۇن ۋۇكۇڭ قىلغان! مېنىڭ ئۇخلىيالماي پاراكەندە بولۇشۇمدا گەپ بار ئىكەن - دە! ۋاي بەچچىغەر! سەن نەيرەڭ ئىشلىتىشنى بىلگىنىڭ بىلەن مېنىڭ ھۈنەرلىرىمنى ئۇقمايسەن! قولۇمدا ئەڭگۈشتىرىملا بولىدىكەن، سۇغا كىرسەم پېشىم ھۆل بولمايدۇ، ئوتقا كىرسەم موييۇم كۆيمەيدۇ! خەپ، ئۇنى تۇتۇۋالسام ئانا - مانىسىنى كۆزىگە كۆرسەتمەي قويمايمەن!

ئالۋاستى شۇ تەرىقىدە ۋايساپ - تىللاپ تاڭ ئاتقىنىنىمۇ تۇيماي قالدى.

قورالليرىغا ئىگە بولغان شاھزادە سۇن ۋۇكۇڭغا:

— تەقسىر، تاڭ ئاتتى، سۇسلۇق قىلمايلى. ئالۋاستى قورساق كۆپۈكىدە ئاچچىقى كېلىپ ئولتۇرغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھەممىمىز تەڭ ھە - ھۇ دېيىشەيلى - دە، بۇ قېتىم چوقۇم ئۇنى تۇتۇۋالايلى، — دېدى.

— گېپىڭىز ئورۇنلۇق، بىز بىر نىيەتتە بولساق ئۇ مەخلۇق قەيەرگە بارالايدۇ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ.

ھەممە غەيرەتكە كېلىپ، يەك شىمايلاپ غار ئاغزىغا كەلدى. سۇن ۋۇكۇڭ:

— ھوي مۇناپىق ! بۇ ياققا چىق ! — دەپ ۋارقىرىدى .

بايىقى ئۇتتا تاش ئىشىك كۆيۈپ كۈل بولغان ، بىرقانچە جىن كۈللىلەرنى سۇپۇرۇۋاتقانىدى . جىمى تەڭرى ۋە لەشكەرلەرنىڭ كەلگىنىنى كۆرۈپ ئۇلار قورققىنىدىن سۇپۇرگىنى تاشلاپ ئىچكىرىگە كىرىپ مەلۇم قىلدى :

— سۇن ۋۇكۇڭ نۇرغۇن تەڭرى لەشكەرلىرىنى باشلاپ كېلىپ ئۆزلىرىنى جەڭگە چاقىرىۋاتىدۇ !

ئالۋاستى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى ۋە دەرھال نەيزىسىنى ، ئەڭگۈشتىرىنى ئېلىپ سىرتقا چىقتى - دە ، ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپ كەتتى :

— ھۇ ئوغرى مۇتتەھەم ! مىنى بۇنچە كەمسىتكۇدەك قانچىلىك ھۇنىرىڭ بار ئىدى سېنىڭ ؟ قېنى ، ماۋۇنى تېتىپ كۆر !

سۇن ۋۇكۇڭ كالتىكىنى ئېلىپ مەيدانغا چۇشتى ، ئىككىسى راسا ئېلىشتى ، پەلەك شاھزادىسى ناجا بىلەن ئاگېنىنىڭ ئاچچىقى قاتتىق كېلىپ ئالتە خىل قورالىنى ، ئوت ھايۋانلىرىنى ئالۋاستىغا ئاتتى . ئۇ ياقتا بولسا چاقماق ھەزرەت چاقمىقىنى ، پەلەك شاھى شەمشىرىنى ئىشقا سېلىپ ھېچنېمىگە قارىماي جەڭگە ئاتلاندى .

ئالۋاستى بولسا سوغۇق ھىجىيىپ قويدى - دە ، تۇيدۇرماستىن چاپىنىنىڭ يېڭىدىن ھېلىقى چەمبىرىكنى ئېلىپ ئاسمانغا ئېتىپ «يىغ !» دەپ ۋارقىرىغانىدى ، چەمبىرەك ئالتە خىل قورالنى ، ئوت ھايۋانلىرىنى ، چاقماق ھەزرەتنىڭ چاقمىقى ، پەلەك شاھىنىڭ شەمشىرىنى ، سۇن ۋۇكۇڭنىڭ كالتىكىنى بىراقلا يىغىۋالدى . شۇنىڭ بىلەن تەڭرى - مالائىكىلەر بىلەن سۇن ۋۇكۇڭ قۇرۇق قول قالدى . ئالۋاستى غەلىبە قۇچتى ، ئۇ :

— بۇرادەرلەر ، تاش ئەكېلىپ دەرۋازىنى ، توپا ئەكېلىپ ئۆيلەرنى ياساڭلار . ئۆيلەرنى يېڭىباشتىن تۈزەشتۈرۈڭلار . ھەممە تەخ بولغاندىن كېيىن تاڭ سەنزاڭ قاتارلىق ئۇچىنى ئۆلتۈرۈپ زىياپەت قىلىمىز . ھەممىڭلار راسا كۆڭلۈڭلارنى ئېچىۋېلىڭلار ، — دېدى .

جىنلارنىڭ بۇ بۇيرۇقىنى قانداق بەجا كەلتۈرگەنلىكىنى هازىرچە سۆزلىمەي تۇرايلى .

ئەلقىسسە ، پەلەك شاھى توتالى ھەممەيلەننى يىغىپ تاغ چوققىسىغا ياندى . ئوت تەگرىسى ئۆپكىسى يوق ناجادىن ئاغرىندى . چاقماق ھەزرەت پەلەك شاھىنى تەڭلىككە قويدى . بىرلا شۇي بو لام ـ جىم دىمىدى . سۇن ۋۇكۇڭ دەردىنى ئىچىدە بىلىپ :

— خاپا بولۇشمىسىلا . قەدىمدىن تارتىپ «جەڭدە يېڭىش ـ يېڭىلىش ئادەتتىكى ئىش» دىگەن گەپ بار . خاتىرجەم بولۇشسىلا . مەن بېرىپ ئۇنى يەنە بىر تەكشۇرۇپ كېلەي ، — دىدى كۈلۈپ تۇرۇپ .

— سىلى يۇرۇن سۇلتانغا مۇراجىئەت قىلدىلا ، جىمى ئالەمنى تەكشۇرتكۇزۇپمۇ بۇ نەرسىنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى ئالالمىدىلا ، ئەمدى ئۇنى يەنە قەيەردىن تەكشۇرىلا ؟ — دىدى پەلەك شاھى .

— مىنىڭچە ، بۇددا قانۇنىنىڭ چېكى يوق ، — دىدى سۇن ۋۇكۇڭ ، — ئەمدى مەن ئەرشىنىڭ كۇنپېتىشىغا بېرىپ ساكيامونىدىن جىمى ئالەمگە پاراسەت كۆزى بىلەن قاراپ چىقىپ ، بۇ مەخلۇقنىڭ قەيەردە ياشايدىغانلىقى ، يۇرتىنىڭ قەيەردىلىكى ، چەمبىرەكنىڭ زادى نىمە ئىكەنلىكىنى سورايمەن . قانداقلا بولمىسۇن ، ئالۋاستىنى قولغا چۇشۇرۇپ كۆپچىلىكنىڭ ئەنتىنى ئالمىساق بولمايدۇ . شۇندىلا ھەممىلىرى خۇشال ـ خۇرام ھالدا ئەرشكە چىقىپ كېتىشىدىلا ، — دىدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— بۇنداق بولىدىغان بولسا ھايالشىمىسىلا ، تېز بولسىلا ! ئىتتىك ماڭسىلا ، — دىدى كۆپچىلىك .

سۇن ۋۇكۇڭ «خوپ» دىدى ـ دە ، ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ ئۇدۇل خىسلەتلىك تاغقا باردى . تاغقا يېتىپ كېلىپ تاغ مەنزىرىسىگە كۆز سېلىپ تۇرۇۋىدى ، بىرىنىڭ «سۇن ۋۇكۇڭ ، قەيەردىن كەلدىڭىز ، قەيەرگە بارىسىز ؟» دىگىنىنى ئاڭلىدى . ئۇ دەرھال بۇرۇلۇپ قارىغۇدەك بولسا بىكشۇنى تۇرغۇدەك .

— بىر ئىش بىلەن تاتھاگاتونى ئىزدەپ كېلىۋىدىم، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ سالام بېرىپ.

— ئۇنداق بولسا يۈرۈڭ، — دېدى بىكشۇنى. سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ بىلەن گۆھەرنېشىن ئىبادەتخانىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئىشىكنىڭ ئىككى تەرىپىدە سەككىز نەپەر ۋاجرا ھەيۋەت بىلەن تۇراتتى.

— سۇن ۋۇكۇڭ، بىردەم تۇرۇپ تۇرۇڭ. مەن بېرىپ كەلگەنلىكىڭىزنى خەۋەر قىلاي، — دېدى بىكشۇنى.

سۇن ۋۇكۇڭ نائىلاج سىرتتا تۇرۇپ قالدى. بىكشۇنى تاتھاگاتونىڭ ئالدىغا كېلىپ ئالىقىنىنى جۈپلەپ تۇرۇپ:

— سۇن ۋۇكۇڭ بىر ئىش بىلەن ئۆزلىرىنى ئىزدەپ كەپتۇ، — دېدى. تاتھاگاتو كىرىشكە ئىجازەت بەردى. ۋاجرالار شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا يول بەردى.

سۇن ۋۇكۇڭ ئېگىلىپ سالام بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن تاتھاگاتو:

— سۇن ۋۇكۇڭ، ئاۋالوكتېسۋارادىن ئۇقۇشۇمچە سىز ئازابتىن خالاس بولۇپ، قايتىدىن ئىستىغپار ئېيتىپ، راھىب تاڭ سەنزاڭنى مۇھاپىزەت قىلىپ بۇ يەرگە بۇددا ئەقىدىسىنى ئۆگەنگىلى كېلىۋاتقانىكەنسىز. نېمە ئۈچۈن ئۆزىڭىز يالغۇز كەلدىڭىز، نېمە كېلىشمەسلىك كەلدى سىلەرگە؟ — دېدى.

— داد، تەقسىرىم! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ، — پېقىر تاڭ دۆلىتىدىكى ئۇستاز بىلەن غەربكە كېتىۋاتاتتىم. جىندۇ تېغىدىكى جىندۇ غارىغا كەلگەندە شى داۋاڭ ئىسىملىك بىر يامان ئالۋاستىغا ئۇچراپ قالدۇق. ئۇ كارامەت يامان نېمە ئىكەن، ئۇستازىم بىلەن باشقا شاگىرتلارنى تۇتۇپ غارىغا ئەكىرىۋالدى. پېقىر ئۇستازىمنى تەلەپ قىلىۋىدىم، ئۇ زادىلا بەرگىلى ئۇنىمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز تۇتۇشۇپ كەتتۇق. ئۇ ئاپئاق بىر چەمبىرەكنى بىلەن كالتىكىمنى تارتىۋالدى. مەن ئۇنى ساماۋى ئەختەرلەر ئىچىدىكى زېمىنغا چۈشكەن بىرەرى بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ ئەرشكە

چىقتىم ، شۇنچە ئىزدەپ پەقەت تاپالمىدىم . شۇنىڭ بىلەن يۇرۇن سۇلتان پەلەك شاھى توتالى ۋە شاھزادە ناجانى ماڭا ياردەمگە بەردى ، ئۇ ئالۋاستى يەنە شاھزادىنىڭ ئالتە خىل قورالىنى تارتىۋالدى . ئوت قويۇپ ئۇنى كۆيدۈرۈۋەتسۇن ، دەپ ئوت تەگرىسى ئاگىننى چاقىرىپ كەلسەم ، ئالۋاستى ئۇنىڭ ئوت ھايۋانلىرىنى تارتىۋالدى . ئالۋاستىنى سۇغا غەرق قىلىۋەتسۇن دەپ ، سۇ تەڭرىسى شۇي بونى چاقىرىپ كەلدىم . ئەمما ئالۋاستىنى سۇغا غەرق قىلالمىدۇق . پېقىر مىڭ تەسلىكتە بىر ئاماللارنى قىلىپ كالتەكىم ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئوغرىلاپ چىقىپ قايتىدىن ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشتىم . ئەپسۇسكى ئۇ يەنە ھەممە نېمىنى تارتىۋالدى . ئۇنى ئەل قىلىشقا چارىسىز قالدىم . شۇڭا تەقسىرىم ، ناتىۋان قۇللىرى بىلەن بىرىپ كۆرۈپ ، ئۇنىڭ ئەسلي زاتى زادى نېمىلىكىنى بىلىپ بەرگەن بولسىلا ، شۇندىلا مەن ئۇ مۇناپىقنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادىنى يوقىتىپ ، ئۆزىنى تۇتۇۋالاتتىم ، ئۇستازىمنى قۇتۇلدۇرۇپ ساداقىتىمنى بىلدۈرەتتىم . خۇش بولۇپ كېتەي ، بىر ياخشىلىق قىلغايلا .

بۇنى ئاڭلىغان تاتھاگاتو ئەقىل كۆزى بىلەن يىراققا نەزەر سېلىپ ھەممىنى بىلىپ بولدى ـ دە ، سۇن ۋۇكۇڭغا :

— ئۇ مەخلۇقنىڭ نېمىلىكىنى بىلدىم . ئەمما ، سىزگە ئېيتمايمەن . بۇ يەردە تۇرۇپ كارامىتىم بىلەن ئۇنى تۇتۇشىڭىزغا ھەمدەم بولىمەن ، — دېدى . ئاندىن ئون سەككىز نەپەر ئارخاتقا خەزىنىدىن ئون سەككىز تال خاسىيەتلىك قۇم ئېلىپ سۇن ۋۇكۇڭغا ياردەم بېرىشنى بۇيرۇدى .

— خاسىيەتلىك قۇمنى قانداق قىلىدۇ ؟ — دەپ سورىدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— سىز غارنىڭ ئاغزىدا تۇرۇپ ئالۋاستىنى جەڭگە چاقىرىسىز ، ئۇ چىققان ھامان ئارخاتلارغا قۇمنى چېچىپ ئۇنى قۇمغا باستۇرۇپ مىدىرلىيالماس قىلىڭلار دەيسىز ، ئاندىن پۇخادىن چىققۇچە دۇمبالىۋالىسىز ، — دېدى تاتھاگاتو .

— بەللى ! يارايدۇ ! چاپسان ماڭايلى ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ .

ئارخاتلارمۇ هايالشماي خاسىيەتلىك قۇمنى ئېلىپ يولغا چىقتى . سۇن ۋۇكۇڭ تاتهاگاتوغا رەھمەت ـ ھەشقاللا ئېيتتى ، يولدا كېتىۋېتىپ قارىغۇدەك بولسا ، ئارخاتلاردىن ئاران ئون ئالتىسى بىللە كېلىۋاتقۇدەك .

— بۇ نېمە قىلىق ، بۇددا مېنى ئالداپتۇ ! — دەپ چۇقان كۆتۈردى سۇن ۋۇكۇڭ .

— قانداق ئالداپتۇ ؟ — دەپ سورىدى ئارخاتلار .

— بۇددا ماڭا ئون سەككىز ئارخاتنى بەرگەنىدى ، ئاران ئون ئالتىڭلار تۇرىسىلەرغۇ ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ . شۇ ئارىلىقتا جاڭ لۇڭ ، فۇخۇ ئىسىملىك ئىككى ئارخات چىقىپ كەلدى :

— سۇن ۋۇكۇڭ ، نېمانچە كۆكرىدىلا ؟ بىز ئىككىمىز تاتهاگاتونىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن كېيىن چىقتۇق .

— يالغان ! يالغان گەپ ! ئەگەر مەن چۇقان كۆتۈرمىگەن بولسام سىلەر چىقمايتتىڭلار ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ . ئارخاتلار قاقاقلاپ كۈلۈشكەن پېتى بۇلۇتقا ئولتۇرۇپ يولغا چىقتى .

كۆپ ئۆتمەي ئۇلار جىندۇ تېغىغا كەلدى . پەلەك شاھى ھەممەيلەن بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ ، بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى بايان قىلدى .

— گەپنى ئاز قىلىپ دەرھال ئالۋاستىنى چاقىرىڭلار ، — دېدى ئارخات .

سۇن ۋۇكۇڭ مۇشتىنى تۈگۈپ غار ئاغزىغا كېلىپ تىل سالدى :

— هوي باداڭ قورساق مەخلۇق ، چىقە بۇ ياققا ! بوۋاڭ بىلەن تۇتۇشۇپ باق !

جىنلار يەنە يۈگۈرۈپ بېرىپ خەۋەر يەتكۈزۈشتى . ئالۋاستىنىڭ جۇدۇنى تۇتتى ـ دە :

— بۇ ئوغرى يەنە كىمنى باشلاپ كېلىپ يوغان گەپ

قىلىۋاتىدىغاندۇ! — دېدى. ئاندىن ئەگۈشتىرى ۋە نەيزىسىنى ئېلىپ جىنلارغا غارنىڭ ئاغزىنى ئاچقۇزۇپ سىرتقا چىقتى ـ دە، تىللاپ كەتتى:

— ھوي داپ يۈز مايمۇن! نەچچە رەت تۇمشۇقۇڭغا يېدىڭ، ئەمدى غىت قىسىپ ئولتۇرماي يەنە نېمىدەپ كەلدىڭ؟

— ۋاي پەس چۈپرەندە! كېلىمەن قانداق؟ يېڭىلگىنىڭگە تەن بەر، مەندىن ئەپۇ سورا، ئۇستازىم بىلەن بۇرادەرلىرىمنى چىقىرىپ بەر، ئاندىن گۇناھىڭدىن ئۆتىمەن، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— شەيخلىرىڭنى يۇيۇندۇرۇپ تازىلاپ قويدۇم، ھېلى بېرىپ ئۆلتۈرۈپ يەيمەن. تېخىچە گەپنى يوغان قىلىپ يۈرەمسەن، ماڭە، ئىشىڭنى قىل، — دېدى ئالۋاستى.

«ئۆلتۈرۈپ يەيمەن» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ غەزەپتىن سۇن ۋۇكۇڭنىڭ قۇيغا چېچى تىك تۇردى، مۇشتلىرى تۈگۈلدى. ئۇ تېرە تاراقشىتىشنى قويۇپ چۆرگىلەپ يۈرۈپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئالۋاستىمۇ نەيزىسىنى شىلتىپ جەڭگە ئاتلاندى. سۇن ۋۇكۇڭ ئۇيان قېچىپ، بۇيان چېپىپ ئالۋاستىنى ئايلاندۇردى. ئالۋاستى بۇنىڭ كاراماتىنى ئۇقماستىن جەنۇبقا قاراپ خېلى ماڭدى. سۇن ۋۇكۇڭ ئارخاتلارغا خاسىيەتلىك قۇمنى چېچىڭلار، دەپ توۋلىدى. شۇئان ئاسماندىن قۇم يېغىپ ئالەم ـ مالەم بولۇپ كەتتى. ھاۋانى تۇمان، چاڭ ـ توزان قاپلىدى. يەر ـ جاھان تۇتەك ئىچىدە قېلىپ قاراڭغۇلاشتى، ھېچنېمىنى پەرق ئەتكىلى بولمىدى. ئۇچۇپ چۇشۇۋاتقان قۇم ـ شېغىللاردىن كۆزى قاراڭغۇلاشقان ئالۋاستى بېشىنى ئىچىگە تىقىپ يەرگە چىڭ دەسسىۋالغانىدى، پۇتى ئۇچ گەز چوڭقۇرلۇقتا پېتىپ كەتتى؛ ئۇ كۈچىنىپ پۇتلىرىنى تارتىۋالغانىدى، تەڭپۇڭلۇقنى يوقىتىپ يەنە تۆت گەزچە پېتىپ كەتتى. تىت ـ تىت بولغان ئالۋاستى دەرھال پۇتىنى تارتىۋېلىپ چەمبىرەكنى ئالدى ـ دە، ئاسمانغا ئېتىپ «يىغ!» دەپ ۋارقىرىدى. چەمبىرەك «ۋاش ـ ۋۇش» قىلىپ ئون سەككىز تال خاسىيەتلىك قۇمنى يىغىۋالدى. ئالۋاستى غەلىبە قىلىپ غارىغا

قايتىپ كەلدى .
ئارخاتلار بۇلۇت ئۈستىدە قۇرۇق قول تۇرۇپ قالدى . سۈن ۋۇكۇڭ كېلىپ :
— ئارخاتلار ، قوم چاچماسىلەر ، نېمە بولدۇڭلار ؟ — دەپ سورىدى .
— بايا بىر ئاۋاز بىلەن تەڭ خاسىيەتلىك قوملار غايىب بولۇپ كەتتى ، — دېدى بىر ئارخات .
— ھېلىقى چەمبىرەك يىغىپ كېتىپتۇ ـ دە ! — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ .
— تازىمۇ بىر ئىش بولدى بۇ ، ئۇنى قانداقمۇ تۇتارمىز ؟ ئەرشكە قايتساق يۈرۈن سۇلتانغا قايسى يۈزىمىز بىلەن قارايمىز ؟ — دېدى پەلەك شاھى قاتارلىقلار .
ئارخاتلاردىن جاڭ لۇڭ بىلەن فۇخۇ سۈن ۋۇكۇڭغا :
— سۈن ۋۇكۇڭ ، ئىككىمىزنىڭ نېمىشقا ھەممىنىڭ كەينىدىن چىققانلىقىمىزنى بىلەمدىلا ؟ — دېدى .
— پېقىر سىلەرنى كېلىشتىن قېچىۋاتىدۇ ، دەپلا ئويلىدىم ، نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلغىنىڭلارنى ئۇقمىدىم ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .
— تاتھاگاتو ئىككىمىزگە : «ئۇ ئالۋاستى بەكمۇ يامان نېمە ، ئەگەر خاسىيەتلىك قومنى قولدىن بېرىپ قويغۇدەك بولساڭلار ، سۈن ۋۇكۇڭغا ئېيتىڭلار . ئۇ ئالۋاستىنى دۇلۈي قەسرىدىكى ئەرش قەھرى ئەۋلىيا پېشۋاسىدىن سورۇشتۇرسۇن ، شۇنداق قىلسا ئالۋاستىنى تۇتالايدۇ» دەپ تاپىلىغانىدى ، — دېدى ئارخاتلار .
— تۇۋا ! تۇۋا قىلدىم ! تاتھاگاتومۇ بۇنى مەندىن سىر تۇتۇپتۇ ـ دە ! بۇ ئىشنى ماڭا باشتىلا دېگەن بولسا ، سىلەرنى مۇنچە يىراققا سۈرەپ نېمە قىلاتتىم ، — دېدى بۇ گەپنى ئاڭلىغان سۈن ۋۇكۇڭ .
— تاتھاگاتونىڭ تاپشۇرۇقى شۇنداق بولسا ، ھايالشىماي بالدۇرراق يولغا چىقسىلا ، — دېدى پەلەك شاھ .

سوْن ۋوْكوْك «بولىدۇ» دەپلا بىر موللاق ئېتىپ ئۇدۇل ئەرشىنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسىغا باردى. خىسلەتدار قەسىرگىمۇ، قوْتوْپ ئوردىسىغىمۇ كىرمەي، ئۇدۇل ئوتتۇز ئۈچ ئەرش قەھرىدىكى دۇلۇي قەسرى ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئۇ ئىشىكتە تۇرغان ئىككى بالا مالائىكىگە ئىسىم ـ شەرىپىنى مەلۇم قىلماستىن ئۇدۇل ئىچكىرىگە ماڭغانىدى، ئۇلار ئالدىراپ ـ تېنەپ ئۇنى توسۇۋالدى:

— ئۆزلىرى كىم بولىدىلا، قەيەرگە بارىدىلا؟

— مەن يەلەك تەڭدىشى ئەۋلىيا ئەزەم بولىمەن، پېشۋا بوۋاينى ئىزدەپ كەلدىم، — دېدى سوْن ۋوْكوْك.

— نېمانداق قوپاللىق قىلىدىلا؟ تۇرۇپ تۇرسىلا، بىز كىرىپ خەۋەر قىلايلى، — دېدى ئۇلار.

سوْن ۋوْكوْك بۇنىڭغا قۇلاق سالسۇنمۇ؟ ئۇ بىر نەرە تارتىپ ئىچكىرىگە مېڭىۋىدى، تاشقىرىغا چىقىۋاتقان پېشۋاغا ئۇرۇلۇپ كەتتى ۋە دەرھال تەزىم قىلىپ ھۆرمەت بىلدۈردى:

— تەقسىر، كۆرمەي قاپتىمەن.

— ھوي مايمۇن، بۇددا نومىنى ئالغىلى بارماي بۇ يەرگە نېمىدەپ كەلدىڭ؟ — دېدى پېشۋا.

— بۇددا نومىنى ئەكەلگىلى كۈن ـ كۈنلەپ توختىماي كېتىۋاتاتتىم؛ بەزى توسقۇنلۇقلارغا ئۇچراپ قېلىپ ئۆزلىرىنى ئىزدەپ كەلدىم، — دېدى سوْن ۋوْكوْك.

— غەربكە كېتىۋېتىپ توسۇلۇپ قالغان بولساڭ، ئۇنىڭ مەن بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟ — دېدى پېشۋا.

— يولغۇ شۇ ياقتا ئىدى، ئەمما توسالغۇ ئىزىنىڭ ئۆزلىرىگە چېتىشلىق ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى، — دېدى سوْن ۋوْكوْك.

— مەن بۇ يەردىن ھېچ يەرگە بارمىسام، قەيەردە ئىز قالدۇرۇپتىمەن؟ — دېدى پېشۋا.

سوْن ۋوْكوْك ئىچكىرىگە كىرىپ ئۇيان ـ بۇيانىنى دىققەت بىلەن ئىزدىدى. بىرقانچە ئايۋان ـ سارايلارنى ئارىلىدى. ئۇشتۇمتۇت كالا

قوتنى يېنىدا ئۇخلاۋاتقان بىر بالىغا كۆزى چۈشۈپ قارىغۇدەك بولسا ئېغىلدا قارا كالا يوق ئىدى .
— تەقسىر ، قارا كالىنى قاچۇرۇپ قويۇپلا ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .
— بۇ ھايۋان قاچان قېچىپ كەتكەندۇ ؟ — دەپ چۆچۈپ كەتتى پېشۋا . شۇ ئارىلىقتا بالا ئويغىنىپ قالدى . ئۇ دەرھال تىز چۆكۈپ :
— تەقسىرىم ، ئۇخلاپ قاپتىمەن ، قاچانلاردا قېچىپ كەتكىنىنى بىلمىدىم ، — دېدى .
— سەن ھارامزادە قاچانلاردا ئۇخلاپ قالغانىدىڭ ؟ — دېدى پېشۋا .
— پېقىر دورىخانىدىن بىر تال دورا تېپىۋېلىپ يەۋالغانىدىم ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇخلاپ قاپتىمەن ، — دېدى بالا باش ئۇرۇپ .
— بۇ چوقۇم مەن ئۆتكەندە ياسىغان «سېھىر بىھوش» دېگەن دورا . ئۇنىڭ بىر كۇمىلچى يوقىلىپ كەتكەنىدى . مۇشۇ ھارامزادە يەۋاپتۇ . بۇنى يېگەن ئادەم يەتتە كېچە ـ كۈندۈز ئۇخلايدۇ . ھېلىقى ھايۋان بولسا سېنىڭ ئۇخلاپ قالغىنىڭنى كۆرۈپ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ زېمىنغا چۈشۈپ كېتىپتۇ ـ دە . بۈگۈن ئۇ كەتكەنگە يەتتە كۈن بوپتۇ ، — دېدى پېشۋا ھەمدە دەررۇ قايسى ئەڭگۈشتىرى يوقالغانلىقىنى تەكشۈرۈشكە كىرىشتى . تەكشۈرۈپ قارىسا ھەممىسى تەل ، بىرلا خاسىيەتلىك «ئالماس بىلەزۈك» يوقالغانلىقى مەلۇم بولدى .
— بۇ ھايۋان مېنىڭ «ئالماس بىلەزۈك»نى ئوغرىلاپ قېچىپتۇ ئەمەسمۇ ! — دېدى پېشۋا .
— ھە ، خاسىيەتلىك چەمبىرەك مۇشۇ نېمە ئىكەن ! مەن بىلەن ئېلىشقان نەرسە قارا كالا ئىكەن ـ دە ! ئۇ كاساپەت زېمىندا زومىگەرلىك قىلىپ ، مېنىڭ بىرمۇنچە نەرسىلىرىمنى تارتىۋالدى ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .
— «ئالماس بىلەزۈك»نىڭ مېنىڭ كارامىتى تەڭداشسىز بىر

قورالىم . ئۇنى مەن كىچىكىمدىن تارتىپلا تاۋلاپ خاسىيەتلىك قىلغاندىم . سىزنىڭ ھەر قانداق قورالىڭىز — ئوت ، سۇمۇ ئۇنىڭغا يېقىن يولىيالمايدۇ . ناۋادا ئۇ «بانان يەلپۈگۈچ»نى ئوغرىلىۋالغان بولسا ، ئۇنىڭغا مەنمۇ چارىسىز قالاتتىم ، — دېدى پېشۋا .

سۈن ۋۇكۇڭ خۇشال بولۇپ پېشۋا بىلەن يولغا چىقتى . پېشۋا بانان يەلپۈگۈچنى ئېلىپ بۇلۇتقا ئولتۇردى ، ھايال ئۆتمەيلا ئۇدۇل جىندۇشەن تېغىغا كەلدى . ئون سەككىز ئارخات ، چاقماق ھەزرەت ، سۇ تەڭرىسى ، ئوت تەڭرىسى ، پەلەك شاھى ۋە شاھزادىلەر بىلەن كۆرۈشتى . ئۇلار ئۆتكەن ئىشلارنى بىرقۇر بايان قىلغاندىن كېيىن ، پېشۋا :

— سۈن ۋۇكۇڭ ئۇنى يەنە ئالداپ غاردىن باشلاپ چىقسۇن ، ئۇنىڭ ئەدىپىنى ئۆزۈم بېرەي ، — دېدى .

سۈن ۋۇكۇڭ تاغنىڭ چوققىسىدىن چۈشۈپ يەنە ۋارقىراپ تىل سالدى :

— ھوي باداڭ قورساق ھايۋان ! چىق بۇ ياققا ! جان تەسلىم قىل !

جىنلار يەنە يۈگۈرۈپ بېرىپ ئالۋاستىغا خەۋەر قىلىشتى ، ئالۋاستى :

— بۇ ساراڭ مايمۇنەك يەنە كىمنى باشلاپ كەلگەندۇ ؟ — دېدى ـ دە ، نەيزە ۋە خاسىيەتلىك چەمبىرەكنى ئېلىپ تاشقىرىغا چىقتى .

— ھوي ئالۋاستى ، بۈگۈن چوقۇم جېنىڭنى ئالىمەن ! قاچما ، ئاكاڭ قارىغاينىڭ كارامىتىنى كۆرۈپ قوي ! — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ ۋە بىر موللاق ئېتىپ ئالۋاستىنىڭ كاچىتىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى سالدى ـ دە ، كەينىگە قارىماي قاچتى . ئالۋاستى نەيزىسىنى كۆتۈرۈپ قوغلىدى . تاغ چوققىسىدىن :

— ھوي كالا ، ئۆيگە كەتمەي قاچانغىچە بۇ يەردە يۈرىسەن ؟ — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى . ئالۋاستى بېشىنى كۆتۈرۈپ

ئەرش قەھرى ئەۋلىيا پېشۋاسىنى كۆردى ـ دە ، جان ـ پېنى چىقىپلا كەتتى : «بۇ مايمۇنەك ئەجەبمۇ يامان نېمىكىنا ، ئىگەمنى باشلاپ كېلىش ئۇنىڭ قانداقمۇ خىيالىغا كەلگەندۇ ؟»

ئەۋلىيا پېشۋا ئەپسۇن ئوقۇپ يەلپۈگۈچنى بىر يەلپۈگەندى ، ھېلىقى مەخلۇق چەمبىرەكنى تاشلىۋەتتى ، ئەۋلىيا پېشۋا ئۇنى دەررۇ قولىغا ئېلىۋېلىپ يەلپۈگۈچنى يەنە بىر قېتىم يەلپۈگەندى ، ھېلىقى مەخلۇق لايدەك يۇمشاپ ، ئەسلىي قىياپىتىگە كىردى . ئۇ ئەسلىي قارا كالا ئىدى . پېشۋا «ئالماس بىلەزۈك»نى پۈۋلىگەندى ، ئۇ بىرىپ كالىنىڭ بۇرنىغا چۇلۇك بولۇپ سېلىندى . پېشۋا بەلبېغىنى يېشىپ چۇلۇككە ئۆتكۈزۈپ بىر ئۇچىنى تۇتۇۋالدى ، ئاندىن تەڭرىلەر بىلەن خوشلاشتى ، قارا كالىغا مىنىپ بۇلۇتقا چىقتى ـ دە ، دۇلۇي قەسرىگە قايتتى ؛ شۇنداق قىلىپ ئالۋاستى باغلىنىپ ئەرش قەھرىگە ماڭدى .

سۇن ۋۇكۇڭ تەڭرى ، مالائىكىلەر بىلەن غارغا كىرىپ ئۇ يەردىن يۇزچە جىن ـ ئالۋاستىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈردى ، ھەركىم ئۆز قورالىغا ئىگە بولدى . پەلەك شاھى بىلەن شاھزادە ئەرشكە قايتتى ، چاقماق ھەزرەت قەسرىگە كىرىپ كەتتى ، ئوت تەڭرىسى قەسرىگە راۋان بولدى ، سۇ تەڭرىسى دەرياغا ، ئارخاتلار غەربتىكى ماكانىغا قايتتى . شۇنىڭدىن كېيىن سۇن ۋۇكۇڭ تاڭ سېڭ ، جۇ باجيې ، شاسېڭلارنى ئازاد قىلىپ ، ئالتۇن توقىنى ئالدى . ئۇچەيلەن سۇن ۋۇكۇڭغا جىق تەشەككۈر ئېيتتى ، ئات ۋە يۈك ـ تاقلىرىنى ئېلىپ غاردىن چىقتى ـ دە ، چوڭ يول بويلاپ يولىغا راۋان بولدى .

ئۇلار كېتىۋاتقاندا تۇيۇقسىز يول بويىدىن «تاڭ ئەۋلىيا سامغا ، پەرھىز تائام يەپ ماڭغايلا» دېگەن بىر ئاۋاز كەلگەندى ، تاڭ سېڭ چۆچۈپ كەتتى . ئۇلارنى كىمنىڭ چاقىرغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز .

# ئەللىك ئۈچىنچى باب

## *تەقۋادار راھىبلارنىڭ ھامىلدار بولۇپ قالغانلىقى*
## *مومايىنىڭ گېپى بىلەن سۇ ئەكېلىپ ھامىلىنى چۈشۈرگەنلىكى*

ئەلقىسسە، يول بويىدا جىندۇ تېغىدىكى تاغ ئىلاھى بىلەن زېمىن ئىلاھى ئالتۇن ھېجىرلارنى سۇنۇپ ئۇلارنى چاقىرغانىدى:

— ئەۋلىيا سامغا، بۇ تاماقلارنى ئەۋلىيا ئەزەم ئەكەلگەنىدى. ھەرقايسىلىرى پايدىلىق گەپلەرنى ئاڭلىماي ئالۋاستىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشتىلا. ئەۋلىيا ئەزەم مېڭىبىر جاپا ـ مۇشەققەت بىلەن ھەرقايسىلىرىنى قۇتۇلدۇرۇۋالدى. ئەمدى بۇ تاماقنى يەپ ئاندىن يول يۈرۈشكەيلا. ئەۋلىيا ئەزەمنىڭ ئەقىدىسىنى يەرگە قويۇشمىغايلا.

— شاگىرتىم، ساڭا كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت. بۇنداق بولۇشىنى بالدۇرراق بىلگەن بولساق، گېپىڭنى ئاڭلىغان، جان تەسلىم قىلىش خەۋپىگە دۇچار بولمىغان بولاتتۇق، — دېدى تاڭ سېڭ.

— راستىنى ئېيتسام، ئۇستازىم، مېنىڭ گېپىمگە كىرمەي باشقىلارنىڭ گېپىگە كىرىپ كۆرمىگەنىنى كۆردىلە. ھەي! ھەي! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— ساداقەتلىك شاگىرتىم، بۇنىڭدىن كېيىن چوقۇم سېنىڭ گېپىڭنى ئاڭلايمەن، — دېدى تاڭ سېڭ ئىنتايىن تەسىرلىنىپ.

تۆتەيلەن تاماقنى يەپ قورساقنى تويغۇزغاندىن كېيىن قاچىلارنى يىغىشتۇرۇپ زېمىن ۋە تاغ ئىلاھى بىلەن خوشلاشتى.

ئۇستاز ئاتقا مىندى . ھەممەيلەن كۆنپىتىش تامان يۈرۈپ كەتتى .

ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۇشتۇمتۇت بىر ئۆستەڭ ئۇچرىدى . ئۆستەڭنىڭ سۈيى زۇمرەتتەك كۆپكۆك ۋە ئىنتايىن سۈزۈك بولۇپ دولقۇنلىنىپ ئېقىۋاتاتتى . تاڭ سېڭ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ ئەتراپقا نەزەر سالغانىدى ، دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى دەرەخلىك ئارىسىدىن بىرنەچچە كەپە كۆزگە چېلىقتى . سۇن ۋۇكۇڭ ئۇ تەرەپنى كۆرسىتىپ :

— ئۇ يەردە ئادەم باردەك قىلىدۇ ، ئۇلار چوقۇم كېمىچى ، — دېدى .

— ماڭمۇ شۇنداقراق بىلىنىۋىدى ، كېمە كۆرۈنمىگەچكە گەپ قىلمىغانىدىم ، — دېدى تاڭ سېڭ .

جۇ باجيې يۈك - تاقلارنى چۈشۈرۈپ قويۇپ :

— كېمىچى ! كېمىنى بۇ ياققا ھەيدەپ كېلىڭ ! — دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى .

ئارقا - ئارقىدىن توۋلىغاندىن كېيىن سۆگەت ئاستىدىن ۋاشىلداپ سۇ يېرىپ بىر كېمە چىقتى ۋە ھايال ئۆتمەيلا قىرغاققا يېقىنلاشتى . كېمىچى :

— دەريادىن ئۆتىدىغانلار بۇ ياققا كېلىڭلار ، — دېدى .

تاڭ سېڭ يېقىن كېلىپ قارىسا ، كېمىچى ئايال ئىكەن .

سۇن ۋۇكۇڭ كېمىگە يېقىن كېلىپ :

— كېمىچى سىلى بولامدىلا ؟ — دەپ سورىدى .

— شۇنداق ، — دېدى كېمىچى ئايال .

— كېمىنى سىلىگە تۇتقۇزۇپ قويۇپتۇغۇ ، ئاكىمىز قەيەرگە كەتكەن ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

ئايال جاۋاب بەرمەي كۈلۈمسىرەپلا قويدى ۋە كېمىگە چىقىدىغان تاختىنى سۆرەپ قىرغاققا چىقاردى . شاسېڭ يۈك - تاقلارنى ئاچىقتى ، سۇن ۋۇكۇڭ تاڭ سېڭنى يۆلەپ چىقاردى - دە ، كېمىنىڭ مىڭىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردى . جۇ باجيې ئاق ئاتنى يېتىلەپ كېمىگە چىقىۋېلىپ ئاندىن تاختىنى ئېلىۋەتتى . ئايال

كېمىنى ھەيدەش ئۈچۈن پالاق ئۇردى . ھەش - پەش دېگۈچە ئۇلار دەريادىن ئۆتۈپ بولدى .

بۇ ياقىقا ئۆتكەندىن كېيىن تاڭ سىبىڭ شاسېڭغا بوغچىدىن بىر نەچچە تەڭگە ئېلىپ ئايالغا بېرىشنى تاپىلىدى . ئايال پۇلنى كۆپ ياكى ئاز دېمەي ئالدى . كېمىنى سۇ بويىدىكى قوزۇققا باغلاپ قويۇپ كۆلگەن پېتى ئۆيىگە كىرىپ كەتتى . تاڭ سىبىڭ سۇپسۇزۇك سۇنى كۆرۈپ ئىچكۈسى كەلدى - دە ، جۇ باجيېغا :

— قاچىنى ئېلىپ سۇ ئەكەلگىن ، ئىچكۈم كېلىۋاتىدۇ ، — دېدى .

جۇ باجيې :

— مېنىڭمۇ ئىچكۈم كېلىۋاتىدۇ ، — دېدى - دە ، قاچىنى ئاپىرىپ بىر قاچا سۇ ئەكېلىپ ئۇستازىغا بەردى .

تاڭ سىبىڭ بىر قاچا سۇنىڭ يېرىمىدىن ئازراقىنى ئىچتى . قالغىنىنى جۇ باجيې بىرلا سۈمۈرۈپ ئىچىۋەتتى - دە ، تاڭ سېڭنى يۆلەپ ئاتقا مىنگۈزدى .

ئۇستاز ۋە شاگىرتلار يولنى داۋام قىلدى . ئۇزاق ئۆتمەي تاڭ سىبىڭ ئات ئۈستىدە ئېگراپ تولغىنىشقا باشلىدى :

— قورسىقىم ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ !

ئارقىدىنلا جۇ باجيې :

— مېنىڭمۇ قورسىقىم ئازراق ئاغرىۋاتىدۇ ، — دېدى .

— سوغۇق سۇ ئاغرىتىۋاتقان ئوخشايدۇ ، — دېدى شا سىبىڭ . ئۇنىڭ گېپى تۈگىمەستىنلا تاڭ سىبىڭ بەكرەك ۋارقىرىدى :

— بەك ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ !

— مېنىڭمۇ بەك ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ ! — دېدى جۇ باجيې .

بۇ ئىككىيلەن ئاغرىققا چىدىماي تۇرغاندا قورسىقى يوغىناشقا باشلىدى . سىلاپ بېقىۋىدى ، قاتتىقلا بىرنەرسە ئۇرۇندى ۋە ئىختىيارسىز مىدىرلاشقا باشلىدى . تاڭ سىبىڭ بولالماي تۇرغاندا بىردىنلا يول بويىدىكى بىر كەپىگە ۋە ئىككى باغلام ئوت كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان ئادەمگە كۆزى چۈشتى .

— ئۇستاز ، ياخشى بولدى . بۇ مەيخانا بولسا كېرەك . بىز بېرىپ ئۇنىڭغا ئېيتىپ سىلىگە شورپا پىشۇرۇپ ئىچكۈزەيلى ، تېۋىپ بار - يوقلۇقىنى سوراپ دورا ئالايلى ، قورساقلىرىنىڭ ئاغرىقىنى ساقايتايلى ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ تاڭ سېڭ خۇشال بولۇپ ئېتىنى قامچىلىدى ، هايال ئۆتمەي كەپىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى . ئىشىك ئالدىدا بىر موماي كەندىر ئېشىپ ئولتۇراتتى . سۈن ۋۇكۇڭ بېرىپ ئۇنىڭغا سالام بەرگەندىن كېيىن :

— موما ، پېقىر شەرقىي دىياردىكى بۈيۈك تاڭ دۆلىتىدىن كەلدىم . تاڭ دۆلىتى خانىنىڭ ئىنىسى بولغان ئۇستازىم دەريادىن ئۆتۈۋاتقاندا سۇ ئىچىۋىدى ، قورسىقى ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ ، — دېدى .

— سىلەر قەيەردىكى دەريانىڭ سۈيىنى ئىچىۋىدىڭلار ؟ — دەپ سورىدى موماي قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ .

— كۈنچىقىشتىكى دەريانىڭ سۈزۈك سۈيىنى ئىچكەن ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

— بەللى كارامەت ! قېنى كىرىڭلار ، ئاندىن دەپ بېرەي ، — دېدى موماي كۈلۈپ .

سۈن ۋۇكۇڭ تاڭ سېڭنى ، شاسېڭ جۇ باجيېنى يۆلىدى . ئىككىيلەن قورساقلىرىنىڭ مۈجۈپ ئاغرىشىدىن ۋايساپ ، چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈرگەن هالدا كەپىگە كىرىپ ئولتۇردى .

— موما ، ئۇستازىمغا شورپا قىلىپ بەرگەن بولسىلىرى ، سىلىدىن تولىمۇ مىننەتدار بولاتتۇق ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

موماي سۈن ۋۇكۇڭنىڭ گېپىگە پىسەنتمۇ قىلماي كۈلگەن پېتى ئارقىسىغا يېنىپ توۋلىدى :

— بۇ ياققا كېلىڭلار ! تېز كېلىپ كۆرۈڭلار !

تاقىلداق - تاقىلداق قىلغان كەش ئاۋازى بىلەن تەڭ ئانچە قېرىمۇ ، ياشمۇ ئەمەس ئۈچ ئايال كېلىپ تاڭ سېڭغا قاراپ كۈلگىلى تۇردى . بۇنىڭدىن غەزەپكە كەلگەن سۈن ۋۇكۇڭ بېرىپ كاپ قىلىپ

مومايني ياقىسىدىن ئىلىپ:
— دەرھال شورپا قىلىپ بەر، ئاندىن گۇناھىڭدىن ئۆتىمەن، — دېدى.
موماي قورقۇپ لاغ - لاغ تىترەپ تۇرۇپ:
— تەقسىر، شورپا پىشۇرسامۇ ئىش پۇتمەيدۇ، ئىككىلەننىڭ قورسىقىمۇ ساقايمايدۇ. مېنى قويۇپ بېرىپ گېپىمنى ئاڭلىسىلا، — دېدى. سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنى قويۇۋەتتى.
— بىزنىڭ بۇ يەرنى شىلياڭ ئاياللار بەگلىكى، دەيدۇ. بۇ بەگلىكتىكى ھەممىمىز ئايال، بىرمۇ ئەر زاتى يوق. شۇڭا، ھەرقايسىلىرىنى كۆرۈپ خۇش بولۇپ كەتتۇق. ئۇستازلىرى ھېلىقى سۇنى ئىچىپ يامان قىپتۇ. ئۇ دەريا ئانا دەريا دەپ ئاتىلىدۇ. شەھىرىمىزنىڭ تېشىدىكى يىڭياڭگۇەن دېگەن جايدا بىر ئۆتەڭ بار. ئۆتەڭنىڭ يېنىدا «ھامىلىنى كۆرۈش بۇلىقى» بار. بۇ يەردىكىلەر يىگىرمىدىن ئاشقاندا ئاندىن بېرىپ ئۇ يەردىكى دەريا سۈيىنى ئىچىدۇ ۋە ھايال ئۆتمەي ھامىلىدار بولغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن يىڭياڭگۇەنگە بېرىپ بۇلاق سۈيىگە قارايدۇ. ئەگەر سۇغا ئىككى كۆلەڭگە چۈشسە، ئۇ ئايال تۇغىدۇ. ئۇستازلىرى شۇ ئانا دەريانىڭ سۈيىنى ئىچىپ سېلىپ ھامىلىدار بولۇپ قاپتۇ. ئۇزاققا قالماي تۇغىدۇ. شۇنداق تۇرسا، ئۇنىڭغا شورپا قانداق داۋا بولالىسۇن؟ — دېدى موماي.
بۇنى ئاڭلاپ تاڭ سېڭنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى:
— شاگىرتلىرىم! ئەمدى قانداق قىلارمەن؟
جۇ باجيې قورسىقىنى مۇجۇپ تولغىنىپ قاقشاپ كەتتى:
— ۋاي ئاتام! ئەر كىشى تۇرساق قانداق تۇغارمىز؟
— كونىلاردا «قوغۇن پىشسا سېپىقىدىن ئايرىلىدۇ» دېگەن گەپ بار. ۋاقتى - سائىتى كەلگەندە بالىمۇ بىر يولنى تېپىپ تۇغۇلار، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ جۇ باجيېنىڭ جان - پېنى چىقىپلا كەتتى. ئۇ ئاغرىققا چىدىيالماي نالە قىلدى:

— ۋايجان ، ۋايىەي ، ۋاي ئۆلدۇم !

— ئاغا ، تولغانماق ، تولغانماق ، بولمىسا ئۇچىڭىز تولغىشىپ قىلىپ تۇغۇپ بولغۇچە ئۇنىڭ دەردىنى تارتماق يەنە ، — دېدى شاسېتى كۈلۈپ .

— ۋاي موما ، بۇ يەردە تېۋىپ بارمۇ ؟ بولسا شاگىرتلىرىمغا ئېيتىڭ ، ئۇلار دورا تېپىپ كەلسۇن ، بالىنى چۇشۇرۇۋېتەيلى ، — دېدى تاك سىڭمۇ ۋايساپ تۇرۇپ .

— دورىمۇ كار قىلمايدۇ ، — دېدى موماي ، — جەنۇب تەرىپىمىزدىكى بىر كوچىدا جىيىياڭشەن دېگەن بىر تاغ ، تاغنىڭ قاپ بېلىدە بىر قەدىمىي غار بار . غارنىڭ ئىچىدە «هامىلىنى چۇشۇرۇش بۇلىقى» دەيدىغان بىر بۇلاق بار . شۇ بۇلاقنىڭ سۈيىنى ئىچسە ، ئاندىن هامىلە يوقىلىپ كېتىدۇ . هازىر بۇ سۇنى ئالغىلى بولمايدۇ . بۇلتۇر بۇ يەرگە دىلكەش ئەۋلىيا دەيدىغان بىر موللا كەلدى . ئۇ ئاشۇ قەدىمىي غارنى ئەنبىيالار ئىبادەتخانىسى قىلىۋېلىپ ، هامىلىنى چۇشۇرۇش بۇلىقىنى ساقلاپ ياتىدۇ ، ئۇنى خەلقلەرنىڭ پايدىلىنىشىغا بەرمەيۋاتىدۇ ؛ ئەمما سۇ ئالىدىغانلار بولسا ، ئۇنىڭغا بىر تويلۇققا تەك سوۋغا - سالام ، قوي - ئۆچكە ، مېۋە - چېۋە قاتارلىق نازۇنېمەتلەرنى تۇتسا ، ئاندىن سۇ ئالالايدۇ . ئەمما ، سىلەر سەپەر ئۇستىدىكى بىچارىلەر تۇرساڭلار بۇنچىۋالا نەرسىلەرنى سېتىۋالىدىغان پۇلنى قەيەردىن تاپىسىلەر ؟ ئەمدى تەقدىرگە تەن بېرىپ ۋاقتى - سائەت توشقاندا تۇغۇڭلار .

بۇنى ئاڭلاپ سۇن ۋۇكۇڭ خۇشال بولۇپ كەتتى :

— موما ، بۇ يەردىن جىيىياڭشەن تېغىغىچە قانچە چاقىرىم كېلىدۇ ؟

— ئوتتۇز - قىرىق چاقىرىم كېلىدۇ ، — دېدى موماي .

— بەلەن گەپ بولدى ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ، — ئۇستاز ، كۆڭۈللىرىنى توق تۇتۇپ ئولتۇرۇپ تۇرسىلا ، پېقىر شۇ سۇنى ئەكېلىپ ئىچۈرەي .

سۇن ۋۇكۇڭ شاسېڭغا :

— ئۇستازنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىپ تۇر ، مەن بېرىپ سۇ ئەكېلەي ، — دەپ تاپىلىدى . شاسىڭ ماقۇل بولدى . موماي بىر ساپال قاچىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ سۇن ۋۇكۇڭغا :

— بۇنىڭغا جىقراق سۇ ئەكەلسىلە ، ئېشىپ قالسا كېيىن ئىشلىتەرمىز ، — دېدى .

سۇن ۋۇكۇڭ قاچىنى ئېلىپ كەينىدىن چىقتى - دە ، بۇلۇڭتا چىقىپ يۈرۈپ كەتتى . موماي بۇنى كۆرۈپ :

— ۋاي ئانامەي ! بۇ شەيخ بۇلۇڭتا چىقالايدىكەن ئەمەسمۇ ؟ — دەپ ھاۋاغا قاراپ ئىبادەت قىلدى . ئاندىن كەينىگە كىرىپ ھېلىقى ئاياللارنى چاقىرىپ كېلىپ تاڭ سېڭغا باش ئۇرۇپ چوقۇندى ، ھەممىسى ئۇنى ئارخات بۇدساتۋا ، دەپ ئاتىدى . يان ئۆيدە ئۇلارنىڭ غىزا ئېتىپ تاڭ سېڭنى قانداق مېھمان قىلغانلىقىنى ھازىرچە سۆزلىمەي تۇرايلى .

سۇن ۋۇكۇڭ بۇلۇڭتا مېڭىپ كېتىۋاتقاندا ئۇزاق ئۆتمەيلا بىر تاغنىڭ چوققىسى بۇلۇڭتا تاقىشىپ ، ئۇنىڭ يولىنى توسۇدى . ئۇ بۇلۇڭتنى تۆۋەنلەتتى - دە ، كۆزنى يوغان ئېچىپ بىر قورۇغا كۆزى چۈشتى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ تاغدىن چۈشۈپ قورۇغا قاراپ مېڭىپ ، بىردەمدىلا ئىشىك ئالدىغا كەلدى ، ئۇ تەگلىك ئۇستىدە ئولتۇرغان بىر دەرۋىشنى كۆرۈپ قاچىنى قويدى - دە ، يېنىغا بېرىپ خەۋەر ئۇقتۇردى .

دەرۋىش سەل ئېگىلىپ ئۇنىڭ سالىمىغا جاۋاب بەرگەندىن كېيىن :

— قەيەردىن كەلدىڭىز ؟ بۇ يەرگە كېلىپ ، قانداق ئەسكىلىكلەرنى قىلماقچىسىز ؟ — دېدى .

— پېقىر شەرقىي دىياردىكى بۈيۈك تاڭ خانىنىڭ پەرمانى بويىچە غەربكە بۇددا نومىنى ئالغىلى كېتىۋاتىمەن . ئۇستازىم ئۇقماستىن ئانا دەريا سۈيىنى ئىچىپ سالىتۇ . قورسىقى ئاغرىپ ، يوغىناپ ھېچ ھالىنى قويمايۋاتىدۇ . بۇ يەردىكىلەردىن سورىساق ،

ئۇ ھامىلدار بولۇپ قاپتۇ، بۇنىڭ داۋاسى يوق ئىكەن. بۇ تاغدا «ھامىلىنى چۈشۈرۈش بۇلىقى» بار ئىمىش، دەپ ئاڭلاپ ئالايتەن دىلكەش ئەنبىيانى زىيارەت قىلغىلى كەلدىم. ئۇنىڭدىن ئازراق بۇلاق سۈيى ئېلىپ ئۇستازىمنى غەمدىن خالاس قىلماقچىمەن، مالال كۆرمەي مېنى ئۇنىڭ يېنىغا باشلاپ بارغان بولسىلىرى، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ.

— بۇ يەردىكى قەدىمىي غار ھازىر ئىبادەتخانا قىلىندى. مەن دىلكەش ئەنبىيانىڭ چوڭ شاگىرتى بولىمەن. ئىسىم ـ شەرىپىڭىز نېمە؟ ھېلى سىزنى خەۋەر قىلغىلى كىرسەم گەپ قىلالماي قالماي يەنە، — دېدى دەرۋىش كۈلۈپ تۇرۇپ.

— مەن ئۇستاز تاڭ سەنزاڭنىڭ چوڭ شاگىرتى سۈن ۋۇكۇڭ بولىمەن، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ.

— ئۇنداق بولسا كاتتا سوۋغا ـ سالاملىرىڭىز، ھاراق ـ شاراب، نازۇ نېمەتلەر قېنى؟ — دەپ سورىدى يەنە دەرۋىش.

— مەن بىر يولۇچى، شۇڭا ئۇ نەرسىلەرنى ھازىر قىلالمىدىم، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ.

— ۋاي ھاماقەت! ئۇستازىم تاغدىكى بۇلاقنى ساقلايدۇ، باشقىلارغا سۈنى ھەرگىز بىكارغا بەرمەيدۇ. قايتىپ كېتىپ سوۋغا ـ سالاملارنى تەييارلاپ كېلىڭ، بولمىسا يولىڭىزغا مېڭىڭ، — دېدى دەرۋىش.

— ئادەمگەرچىلىكتىن چوڭ ساۋابلىق ئىش بولمايدۇ، سىلى بېرىپ ئۇنىڭغا خەۋەر قىلسىلا، ئېھتىمال، ئۇ ئادەمگەرچىلىك قىلىشى، ھەتتا بۇلاقنى پۈتۈنلەي ماڭا بېرىۋېتىشى مۇمكىن، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ.

بۇ گەپ بىلەن ھېلىقى دەرۋىش كىرىپ خەۋەر قىلىشقا مەجبۇر بولدى. دىلكەش ئەنبىيا ساز چېلىپ ئولتۇراتتى. شۇڭا، دەرۋىش ساز تۈگىگۈچە ساقلاپ تۇرۇپ ئاندىن:

— ئۇستاز، سىرتتا بىر شەيخ مەن تاڭ راھىبىنىڭ چوڭ شاگىرتى سۈن ۋۇكۇڭ بولىمەن، ئۇستازىمنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن

ھاملىـلە چۇشـۇرۇش بۇلىقىنىڭ سۈيىنى سوراپ كېلىۋىدىم ،
دەۋاتىدۇ ، — دېدى .
سـۇن ۋۇكـۇڭـنىـڭ ئىسمىنى ئاڭلاپلا دىلكەش ئەنبىيانىڭ
ئاچچىقى كېلىپ ئۆتى يېرىلغۇدەك بولدى ، ئۇ چاچراپ ئورنىدىن
تـۇرۇپ سازنى قويدى - دە ، ئۇچىسىدىكى ئادەتتىكى كىيىمنى
سېلىـپ تـاشـلاپ تـەرىقەتچىلىك تونىنى كىيدى ، خاسىيەتلىك
ئىلمىكىنى ئېلىپ تاشقىرىغا چىقىپ :
— سۇن ۋۇكۇڭ ، قېنى سەن ؟ — دەپ ۋارقىرىدى .
سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنى كۆرۈپلا ئالىقىنىنى جۈپلەپ سالام بەردى
ۋە :
— پېقىر سۇن ۋۇكۇڭ بولىمەن ، — دېدى .
— مېنى تونۇدۇڭمۇ ؟ — دېدى دىلكەش ئەنبىيا .
— مەن گۇناھىمنى يۇيۇپ بولۇپ بۇددا مۇخلىسى بولدۇم .
ئـىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن بولۇۋاتىمەن . بۇ نۆۋەت سەپەرگە
چـىقـىـپ قېلىپ كىچىك ۋاقتىمدىكى دوست - يارەنلىرىمدىنمۇ
يـىراقـلىـشىـپ كەتتىم . بېرىش - كېلىش قىلىپ تۇرمىغاچقا ،
ئۆلارنىڭ چىرايىنىمۇ ئۇنتۇپ كەتتىم . يول سوراش مۇناسىۋىتى
بىلەن ئانا دەريا ئەتراپىدىكى كىشىلەردىن ئىسمىلىرىنى ئاڭلىدىم ،
ئۆزلىرىنىڭ بۇ يەردىلىكىنى ئۇقۇپ بۇ ياققا كەلدىم ، — دېدى سۇن
ۋۇكۇڭ .
— سەن يولۇڭغا مېڭىۋەرسەڭ ، مەن ئىبادىتىمنى قىلىۋەرسەم
بولاتتىغۇ ؟ نېمە ۋەجىدىن مېنى زىـيـارەت قـىلـغـۇڭ كـېلىـپ
قالدى ، — دېدى موللا .
— ئۇستازىم ئۇقماستىن ئانا دەريا سۈيىنى ئىچىپ تاشلاپ
ھامىلىدار بولۇپ قالدى ، قورسىقى ئاغرىپ قىينىلىپ كېتىۋاتىدۇ .
شۇڭا ، ئۇستازىمنى قۇتۇلدۇرۇشۇم ئۈچۈن ھامىلىنى چۈشۈرۈش
بۇلىـقىنىڭ سۈيىدىن بېرەمـدىـكىـن ، دەپ ھۇزۇرلىـرىـغـا
كېلىۋىدىم ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .
— ئۇستازىڭ تاڭ سەنزاڭمۇ ؟ — دېدى دىلكەش ئەنبىيا غەزەپ

بىلەن.

— شۇنداق، شۇنداق! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— سىلەر پالۋان بوۋاق ئەۋلىيانى كۆردۇڭلارمۇ؟ — دېدى دىلكەش ئەنبىيا چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرۇپ.

— ئۇ دېگەن خاۋشەن تېغى قارىغاي جىلغىسىدىكى ئاتەش بۇلۇت غارىدا تۇرىدىغان ئالۋاستى قىزىل باشلىق تۇگۇنەكنىڭ لەقىمىغۇ؟ ئۇنى سوراپ نېمە قىلىسىلەر؟

— ئۇ مېنىڭ جىيەنىم بولىدۇ. مەن كالا ئالۋاستى پادىشاھنىڭ ئىنىسى بولىمەن، ئاكامدىن ماڭا تاڭ سەنزاڭنىڭ چوڭ شاگىرتى سۇن ۋۇكۇڭ دېگەن ئاپەت ماڭا زىيانكەشلىك قىلدى، دېگەن خەۋەر كەلدى. شۇ سەۋەبتىن مەن قىساس ئالماق بولۇپ بۇ يەردە ساقلاپ تۇرسام، ئىشىكىمگە ئۆزۈڭ كەپسەن. ساڭا بېرىدىغان نەدىكى سۇ! — دېدى دىلكەش ئەنبىيا.

— خاتالىشىۋاتىسىلا، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ، — ئاكىلىرى بىلەن بىز دوست ئىدۇق، ھەتتا بالىلىق چاغلىرىمىزدا قول بېرىشىپ ئاغا - ئىنى بولۇشقان. ئۆزلىرىنىڭ ھۇزۇرىنى بىلمىگەنلىكىم ئۈچۈنلا ئۆزلىرىنى زىيارەت قىلالمىغانىدىم. ھازىر جىيەنلىرى ئالۋوكتىسۋارا بودساتۋانىڭ ھۇزۇرىدا شەپقەتچى مالائىكە بولۇپ ياخشى كۈن كۆرۈۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەرلىرى بار تۇرۇقلۇق، نېمىشقا ماڭا ئەيىب قويىدىلا؟

— ھۇ مۇتتەھەم! ياغلىما گەپلىرىڭنى قارا! جىيەنىمنىڭ ئەركىن خان بولغىنى ياخشىمۇ ياكى باشقىلارنىڭ قۇلى بولغىنى ياخشىمۇ؟ ئۆكتەم مۇناپىق! ئىلمىكىمنىڭ تەمىنى تېتىپ باق قېنى! — دېدى دىلكەش ئەنبىيا.

سۇن ۋۇكۇڭ ئىتتىك تۆمۈر كالتىكىدە ئىلمەكنى توسۇپ:

— ئۇرۇشىدىغان ئىشنى قىلماي، سۇ ئېلىپ بەرسىلىرى بولارمىكىن، — دېدى.

دىلكەش ئەنبىيا تىللاپ كەتتى:

— ھوي يۈزى قېلىن! جۇۋاينىمەك كەتكۈر! قېنى مەن بىلەن

ئۇچ مەرتەم ئېلىشىپ مېنى يېڭەلىسەڭ، ئاندىن سۇ بېرىمەن. يېڭەلمىسەڭ سېنى قىيما - چىيما قىلىپ جىيەنىمنىڭ قىساسىنى ئالىمەن!

سۇن ۋۇكۇڭمۇ تىل سالدى:

— ھوي ئىززىتىنى بىلمەيدىغان لەنتى! قېنى كەل، كالتىكىمنى بىر تېتىپ باق!

دىلكەش ئەنبىيامۇ ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئىككىيلەن پەرىزاتلار بۇتخانىسى ئالدىدا قاتتىق ئېلىشىپ كەتتى. دىلكەش ئەنبىيا سۇن ۋۇكۇڭ بىلەن ئون مەرتىۋە ئېلىشىپ ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمىدى. چۈنكى ئۇ بارغانچە كۈچەپ شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى، تۆمۈر كالتەك ئاققان يۇلتۇزدەك ھەر تەرەپكە چۇشكىلى تۇردى. دىلكەش ئەنبىيا يېڭىلىپ، خاسىيەتلىك ئىلمەكنى سۆرەپ تاغقا چىقىپ كەتتى. سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنى قوغلىماستىن سۇ ئىزدەپ بۇتخانىغا ماڭدى. دەرۋىش بۇتخانىنىڭ ئىشىكنى ئاللىقاچان ئېتىۋالغانىدى. سۇن ۋۇكۇڭ قاچىسىنى كۆتۈرۈپ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ ئىشىكنى بار كۈچى بىلەن تەپكەنىدى، ئىشىك ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ ئىچكىرىگە كىرىپ قارىغۇدەك بولسا، دەرۋىش قۇدۇقنىڭ يېنىدا يېتىۋالغانىدى. سۇن ۋۇكۇڭ ۋارقىراپ ئۇنى ئۇرماقچى بولۇپ ئېتىلغانىدى، دەرۋىش كەينىگە قاچتى. سۇن ۋۇكۇڭ چېلەكنى تېپىپ چىقىپ سۇ ئالماقچى بولۇۋاتقاندا، دىلكەش ئەنبىيا يېتىپ كېلىپ خاسىيەتلىك ئىلمىكى بىلەن سۇن ۋۇكۇڭنى پۇتلاشتۇرۇپ يىقىتتى. سۇن ۋۇكۇڭ ئورنىدىن تۇرۇپلا ئۇنىڭغا ئېتىلغانىدى، ئۇ ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ ئىلمەكنى تەڭلەپ تۇرۇپ:

— قېنى سېنىڭ سۇ ئالغىنىڭنى بىر كۆرەي! — دېدى.

— نوچى بولساڭ كەل! قېنى كەلمەمسەن! سەن قارغىش تەگكۇرنىڭ جېنىنى ئېلىپ قولۇڭغا تۇتقۇزۇپ قويايچۇ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

دىلكەش ئەنبىيا ئېلىشىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئەمما، توسۇپ تۇرۇپ سۇن ۋۇكۇڭغا سۇ ئالغۇزمىدى. ئۇنىڭ قىمىر

قىلماي تۇرغىنىنى كۆرگەن سۇن ۋۇكۇڭ چېلەكنى غالدىرلىتىپ قـۇدۇقـقـا سـالـدى . ئـۇ يـەنـە ئـىلمەك بىلەن سۇن ۋۇكۇڭنى پـۇتـلاشـتـۇرۇپ يىقىتتى . چېلەك قۇدۇققا چۇلتۇككىدە چۈشۈپلا كەتتى .

سۇن ۋۇكۇڭ ئورنىدىن تۇرۇپ :

— هۇ مۇناپىق ! — دەۋەتتى ـ دە ، كالتىكىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ باش ـ كۆزىگە ئۇرۇشقا باشلىدى . دىلكەش ئەنبىيا قورقۇپ غىپپىدە تىكىۋەتتى . سۇن ۋۇكۇڭ سۇ ئالاي دېسە چېلەك يـوق ئىدى . يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ يەنە ئىلمەككە پۇتلىشىشتىن خەۋپسىرىدى ـ دە ، بېرىپ ياردەمگە بىرىنى چاقىرىپ كېلەي دەپ ئويلىدى .

سۇن ۋۇكۇڭ «غۇي» قىلىپ بۇلۇتقا چىقتى ۋە ئۇدۇل هېلىقى كەپىگە كېلىپ : «شاسېڭ» دەپ توۋلىدى .

كەپە ئىچىدە تاڭ سېڭ ۋايجان ـ ۋاييەي دەپ ئۆينى بېشىغا كىيگەن ، جۇ باجېيىنىڭ ئاۋازىمۇ كۆككە يەتكەنىدى . ۋارقىرىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ ئۇ ئىككىيلەن خۇش بولۇپ كەتتى .

— شاسېڭ ، سۇن ۋۇكۇڭ كەلدى !

شاسېڭ دەرهال ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ سورىدى :

— ئاغا ، سۇ ئەكېلەلىدىڭىزمۇ ؟

سـۇن ۋۇكـۇڭ كـەپىگە كىرىپ تاڭ سېڭغا بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى .

— شاگىرتىم ، ئەمدى قانداق قىلىمىز ؟ — دېدى تاڭ سېڭ يىغلاپ .

— مەن شاسېڭنى چاقىرغىلى كەلدىم . ئۇ يەرگە بارغاندا مەن ئۇ نەرسە بىلەن ئېلىشىمەن . شاسېڭ بۇ پۇرسەتتى غەنيمەت بىلىپ سۇنى ئالسۇن ـ دە ، كېلىپ سىلەرنى قۇتۇلدۇرسۇن ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

تاڭ سېڭ نائىلاج شاسېڭنى سۇن ۋۇكۇڭ بىلەن بىللە بېرىشقا بۇيرۇدى .

— ئارغامچىدىن ئىككىنى ئېلىۋالايلى، قودۇق بەك چوڭقۇر بولسا ئىشلىتەرمىز، — دېدى شاسېڭ.

شاسېڭ ئارغامچىدىن ئىككىنى ئېلىپ سۇن ۋۇكۇڭ بىلەن يېزىدىن چىقىپ، بۇلۇتقا ئولتۇرۇپ هايال ئۆتمەي جىبياڭشەن تېغىغا كەلدى ـ دە، بۇلۇتتىن چۈشۈپ بۇتخانىغا كىردى.

— سەن ئارغامچىنى ئېلىپ يوشۇرۇنۇپ تۇر. مەن بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشاي. ئىككىمىز راسا تۇتۇشۇۋاتقاندا سەن كىرىپ سۇنى ئال ـ دە، كېتىۋەر! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ شاسېڭغا.

شاسېڭ ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇندى.

سۇن ۋۇكۇڭ كالتىكىنى تۇتۇپ ئىشىككە كېلىپ توۋلىدى:

— ئىشىكنى ئاچ! تېز بول، ئىشىكنى ئاچ!

دەرۋازىۋەن ئۇنى كۆرۈپلا ئىچكىرىگە كىرىپ خەۋەر قىلدى:

— ئۇستاز، سۇن ۋۇكۇڭ يەنە كەلدى:

دىلكەش ئەنبىيانىڭ ئاچچىقى راسا كەلدى:

— بۇ مايمۇنەكنىڭ يامانلىقىنى قارىمامدىغان! ئۇنىڭ داڭقىنى خېلى بۇرۇن ئاڭلىغانىدىم، بۈگۈن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئۇنىڭ كالتىكىگە تەڭ كەلمەك بەسى مۈشكۈل ئىكەن.

— ئۇستاز، ئۇنىڭ هۈنىرى جىق بولسا، ئۆزلىرىمۇ ئۇنىڭدىن قېلىشمايدىلا، ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلەيدىلا، — دېدى دەرۋىش.

— ئىككى قېتىم ئۇنىڭدىن يېڭىلدىم، — دېدى دىلكەش ئەنبىيا.

— دەسلەپكى ئىككى رەت سەل ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ يېڭىلدىلە؛ كېيىن سۇ بويىدىكى ئىككى قېتىملىق ئېلىشىشتا ئەلەمكەلىرى بىلەن ئۇنى پۇتلاشتۇرۇپ يىقىتىپ ئۆچلىرىنى ئالدىلىغۇ. بۇ قېتىم غەلىبە قىلىشلىرىدا گەپ يوق، — دېدى دەرۋىش.

بۇ گەپتىن خۇشال بولغان دىلكەش ئەنبىيا خاسىيەتلىك ئىلمىكىنى ئېلىپ ئىشىكتىن چىقتى ـ دە، ۋارقىرىدى:

— هوي هارامزادە! يەنە نېمىدەپ كەلدىڭ؟

— سۇ ئالغىلى كەلدىم! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— بۇلاق سۈيى ئاكاڭ قارىغايغا مەنسۇپ. خان - پادىشاھ، ۋەزىر - ۋۇزرالار بولسىمۇ، سوۋغا - سالام ئېلىپ كەلمىسە بولمايدۇ. بايا ساڭا ئاز - تولا يول قويدۇم، سەن مېنىڭ دۇشمىنىم تۇرۇپ سۇ ئېلىشقا نېمە ئۈچۈن قۇرۇق قول كېلىسەن؟ — دېدى دىلكەش ئەنبىيا.

— راستىنلا بەرمەمسەن؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— بەرمەيمەن! پەقەت بەرمەيمەن!

— هارامزادە دۆيۈز! بەرمەيمەن دەمسەن تېخى، ماۋۇنى كۆرۈپ قوي! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ۋە ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ، كالتەكلەشكە كىرىشتى. دىلكەش ئەنبىيا دەرھال ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ ئىلمەكى بىلەن ئۆزىنى مۇداپىئە قىلدى. ئىككىيلەن بۇتخانا ئالدىدا شىددەت بىلەن ئېلىشىپ، سەكرىشىپ، تاقلىشىپ، تاغ باغرىغا كەلدى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەلقىسسە، شاڭسېڭ چېلەكنى ئېلىپ بۇتخانىغا كىرگەندى، قۇدۇق بېشىدا دەرۋىش ئۇنى توسۇدى:

— سەن نېمە ئادەم، يۇرىكىڭنى قاپتەك قىلىپ سۇ ئالغىلى كەپسەنغۇ؟

شاسېڭ چېلەكنى قويۇپ، ئالۋاستىنى يېڭىدىغان خاسىيەتلىك تايىقىنى ئېلىپ گەپ - سۆز قىلماستىن ئۇنى دۇمبالاپ كەتتى. دەرۋىش ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمىدى. تاياق زەربىدىن سول قولى سۇنغان دەرۋىش يىقىلىپ جان تالىشىشقا باشلىدى.

— سەن مۇناپىقنى ئۆلتۈرسەم ئوبدان بولاتتى، — دەپ تىللىدى شاسېڭ، — ئەمما ئادەم بولۇپ قاپسەن، شۇڭا رەھىم قىلاي، گۇناھىڭدىن ئۆتەي! مېنى سۇ ئالغىلى قوي!

دەرۋىش ۋاي تووۋا، ۋايجان دېگىنىچە كەينىگە ئۆتۈپ كەتتى. شاسېڭ قۇدۇققا كېلىپ لىق بىر چېلەك سۇ ئالدى. بۇتخانىدىن چىقىپ بۇلۇڭقا ئولتۇرۇپ سۇن ۋۇكۇڭنى تولۇدى:

— ئاغا ، مەن سۇنى ئېلىپ بولدۇم ! ئۇنىڭغا رەھىم قىلىڭ ، گۇناھىدىن ئۆتۈڭ !

بۇنى ئاڭلىغان سۇن ۋۇكۇڭ كالتىكىنى ئىلمەككە تىرەپ تۇرۇپ :

— ئىككىنچى مۇشۇنداق يولسىزلىق قىلماسلىقىڭ ئۈچۈن ئەسلى سېنى ئۆلتۈرۈپ ئۇرۇقۇڭنى قۇرۇتۇۋەتسەم بولاتتى ؛ ئاكاڭ كالا ئالۋاستى پادىشاھنىڭ يۈزىدىن ساڭا يەنە نەچچە يىل ئۆمۈر ئاتاي قىلاي . بۇنىڭدىن كېيىن سۇ ئالغىلى كەلگەنلەرگە غىدىڭ - پىدىڭ قىلماي سۇ بېرىسەن ، — دېدى .

ياخشىلىق ياراشمايدىغان بۇ ئالۋاستى ئىلمەكنى يەنە ئاتقاندى ، سۇن ۋۇكۇڭ ئىتتىك ئۆزىنى قاچۇردى ۋە ئۇنىڭغا ئېتىلىپ ۋارقىرىدى :

— قاچمەن ، دەپ خىيال ئەيلىمە !

ئالۋاستى قېچىشقا ئۈلگۈرەلمەي سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئىتتىرىشى بىلەن يىقىلىپ قانچە قىلسىمۇ ئورنىدىن تۇرالمىدى . سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ خاسىيەتلىك ئىلمىكىنى تارتىۋېلىپ سۇندۇرۇپ ئىككى پارچە قىلدى . ئاندىن يەنە سۇندۇرۇپ تۆت پارچە قىلىپ يەرگە تاشلىدى :

— نومۇسسىز دۆيۈز ! يەنە يۈزسىزلىك قىلامسەن ؟

لاغ - لاغ تىترەپ كەتكەن ئالۋاستى ئەلمىنى ئىچىگە يۇتۇپ زۇۋان سۈرمىدى . سۇن ۋۇكۇڭ قاقاقلاپ كۈلگىنىچە بۇلۇتقا چىقىپ ، نۇر ئىچىدە مېڭىپ شاسېڭغا يېتىشىۋالدى ، سۇ ئالالىغىنىغا خۇش بولۇپ كەلگەن جايىغا قايتتى ، بۇلۇتتىن چۈشۈپ يېزىغا كېلىپ قارىغۇدەك بولسا ، جۇ باجيې بوسۇغىدا قورسىقىنى مۇجۇغان ھالدا ئولتۇرۇپ ۋايجانلاۋاتقانىكەن .

سۇن ۋۇكۇڭ تۈيدۇرماستىن ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ :

— ھەي ھاماقەت ! قاچان تەۋەللۇت قىلىسەن ؟ — دېدى .

جۇ باجيې ھولۇقۇپ كېتىپ :

— ئاغا ، مېنى مازاق قىلماڭ ! سۇنى ئەكېلەلىدىڭىزمۇ ؟ — دېدى .

سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنى بىرپەس كولدۇرلاتماقچى بولۇپ تۇرغانىنىڭ ئۈستىگە شاسىڭ كېلىپ قالدى ـ دە، كۇلۇپ تۇرۇپ:

— سۇ كەلدى! سۇنى ئەكەلدۇق! — دېدى.

ئاغرىقتا چىدىماي ئىككى پۈكلىنىپ كەتكەن تاڭ سېڭ:

— شاگىرتلىرىم، سىلەرنى مالال قىلىپ قويدۇم! — دېدى.

ھېلىقى مومايىنىڭمۇ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ ئىچكىرىدىن چىقىپ تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن:

— خۇداغا شۈكۈر! خۇدا يار بوپتۇ! خۇدا يار بوپتۇ! — دېدى ـ دە، ئالمان ـ تالمان بىرىپ گۈللۈك چىنىگە سۇ ئېلىپ تاڭ سېڭغا سۇندى:

— ئۇستاز، ئاستا ـ ئاستا ئىچسىلە. ھايال ئۆتمەي قورساقلىرىدىكى بالا چۈشۈپ كېتىدۇ.

— ماڭا چىنە لازىم ئەمەس، چېلەك بىلەنلا ئىچىۋېرىمەن، — دېدى جۇ باجيې.

— ۋاي ۋۇي، ئۆلگىلىرى كېلىۋاتامدۇ؟ بىر چېلەك سۇنى ئىچىۋالسىلىرى ئىچ ـ قارنىلىرى ئېرىپ تۈگەيدىلا! — دېدى موماي.

جۇ باجيې بۇنى ئاڭلاپ قورقۇپ كەتتى ـ دە، ئاران يېرىم چىنە سۇ ئىچتى.

بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتەر ـ ئۆتمەستىنلا ئۇ ئىككىسىنىڭ قورسىقى ناھايىتى بەك ئاغرىپ كەتتى. ئارقا ـ ئارقىدىن قورسىقى تاراقلاشقا، گۈلدۈرلەشكە باشلىدى. قورسىقى تازا گۈلدۈرلىگەندىن كېيىن جۇ باجيې ئالدى ـ كەينىدىن تۇتۇۋالالماي جايىدىلا شاخىنا قويۇۋەتتى. تاڭ سېڭمۇ بولالماي خالىي جايغا بېرىپ ھاجەت قىلىشقا تەمشەلدى.

— ئۇستاز، شامالغا چىقسىلا پەقەت بولمايدۇ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ. موماي پاكىز ئىككى چېلەكنى ئەكېلىپ ئۇلارغا، مۇشۇنىڭغا ھاجەت قىلىڭلار، دەپ بەردى. ھەش ـ پەش دېگۈچە ئارىلىقتا ئۇلارنىڭ ئىچى بىرقانچە قېتىم سۈرۈپ قورسىقىنىڭ

ئاغرىقى بېسىلىشقا، قورسىقى كىچىكلەشكە باشلىدى. موماي ئۇلارغا شوۋىگورۇچ پىشۇرۇپ ئىچۈردى. ئۇلارنىڭ شوۋىگورۇچنى قانچە چىنىدىن ئىچكەنلىكىنى ئېيتمايلا قويايلى.

— ئۇستاز، قالغان سۇنى ماڭا بېرىۋەتسىلە، — دېدى موماي.

— جۇ باجىي، سۇدىن يەنە ئىچەمسەن؟ — دەپ سورىدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— قورسىقىم ئاغرىمايۋاتسا يەنە نېمىشقا ئىچىمەن؟ — دېدى جۇ باجىي.

— بۇ ئىككىيلەننىڭ قورسىقى ساقىيىپتۇ. سۇنى سىزگە بېرىۋېتەيلى، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ. موماي ئاشقان سۇنى ئېدىشقا قويۇپ، ئۆينىڭ كەينىگە كۆمۈپ قويدى ـ دە، ئەتراپتىكىلەرگە:

— بۇ سۇ مېنىڭ مېيىت ساندۇقى ئالىدىغان دەسمايەم بولۇپ قالسۇن، — دېگەندى، ئەتراپىدىكىلەر خاپا بولۇپ قېلىشتى.

شىرە ـ ئورۇندۇقلار قويۇلۇپ تاماق كەلتۈرۈلدى. تاڭ سېڭلار تائام يەپ ئازراق ئارام ئالغاندىن كېيىن يېتىپ قالدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇستاز، شاگىرتلار موماي بىلەن خوشلىشىپ يېزىدىن چىقتى. تاڭ سېڭ ئاتقا مىندى، شاسېڭ يۈك ـ تاقلارنى كۆتۈردى. ، سۇن ۋۇكۇڭ يول باشلىدى، جۇ باجىي ئاتنىڭ تىزگىنىنى تۇتتى. ئۇلار بالىدىن خالاس بولغاچقا پاكلىنىپ، يېنىكلەپ قالدى. چېگرىغا بارغاندا، ئۇلارنىڭ يەنە نېمە ئىشقا يولۇققانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# ئەللىك تۆتىنچى باب

## *راھىبلارنىڭ غەرب يولىدا ئاياللار دۆلىتىدىن ئۆتكەنلىكى*
## *سۈن ۋۇكۇڭنىڭ پەنت بىلەن تۇتەكتىن قۇتۇلغانلىقى*

ئەلقىسسە، تاڭ سېڭلار يېزىدىكىلەر بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقىپ ئۈتتۈز ـ قىرىق چاقىرىم يول يۈرۈپلا شىلياڭ بەگلىكى تەۋەسىگە كەلدى. تاڭ سېڭ ئات ئۈستىدە تۇرۇپ:

— سۈن ۋۇكۇڭ، شەھەرگە يېقىنلاپ كەلگەن ئوخشىمامدۇق. كىشىلەرنىڭ ۋاڭ ـ چۇڭى ئاڭلىنىۋاتىدۇ. ئالدىمىزدىكىسى شىلياڭ ئاياللار بەگلىكىمۇ دەيمەن؟ — دېدى.

گەپ تۈگىگۈچە ئارىلىقتا ئۇلار شەرقىي كوچا ئېغىزىغىمۇ كېلىپ قېلىشتى. بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىۋاسى ئۇزۇن كۆڭلەك، كالتە چاپان كىيگەن، پەردازنى بولۇشىغا قىلغان ياش ـ قېرى ئاياللار ئىدى. كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا سودا ـ سېتىق قىلىۋاتقانلار ئۇشتۇمتۇت ئۇلارنى كۆرۈپ قېلىپ خۇشاللىقىدىن چاۋاك چېلىپ چۇقان سېلىشتى!

— ئەركەكلەر كەلدى! ئەركەكلەر كەلدى!

تاڭ سېڭ ساراسىمىگە چۈشۈپ قالدى. ھەش ـ پەش دېگۈچە بۇ خەۋەر پۈتۈن كوچىغا تارالدى. ھەممىنىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى.

— مەن چوشقا! مەن دېگەن چوشقا، — دەپ ۋارقىرىغىلى تۇردى جۇ باجيې.

— قاپاقباش، ئاغزىڭغا كەلگەننى جۆيلىمەي، ئەسلىي

قىياپىتىگە كىرىۋال ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .
جۇ باجيې راستىنلا بېشىنى ئىككى ياققا گىلدىڭلىتىپ ، قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىپ ، دورداي كالپۇكىنى يالماپ خىرىس قىلغانىدى ، ئاياللار قورقىنىدىن يىقىلىپ - قوپۇپ قېچىشتى ، ھەممىنى ۋەھىمە باستى . ھېچكىم يېقىن كېلىشكە پېتىنالمىدى . ھەممەيلەن قول قوشتۇرغان ، بېلىنى قول بىلەن تىرىگەن ياكى باش چايقىغان ، بارمىقىنى چىشلىگەن ، لاغىلداپ تىترىگەن ھالدا يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا قاتار تۇرۇپ تاڭ سېڭغا قارىدى . سۇن ۋۇكۇڭمۇ سەت قىياپەتكە كىرىپ يول ئاچتى ، شاسېڭمۇ بالا يولۋاس قىياپىتىگە كىرىپ جان ساقلىدى . يولۇچىلار ئالدىغا مېڭىپ بىر دوقمۇشقا كەلگەندە بىر ئامبال خېنىم ئۇنلۇك توۋلىدى :
— يىراقتىن كەلگەن مېھمانلار ، شەھەرگە ئۇدۇل كىرىشكە بولمايدۇ . ئۆتەڭگە چۈشۈپ تىزىمغا ئالدۇرۇڭلار ، شۇنىڭدىن كېيىن سىلەرنى شەھەرگە باشلاپ كىرىمەن .
تاڭ سېڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئاتتىن چۈشتى - دە ، ئەتراپىغا نەزەر سېلىپ ، بىر ئىشىكنىڭ بېشىدىكى «يىڭياڭ ئۆتىڭى» دېگەن خەتكە كۆزى چۈشتى .
— سۇن ۋۇكۇڭ ، يېزىدىكىلەرنىڭ گېپى راست چىقتى ، بۇ يەردە راستىنلا يىڭياڭ دېگەن ئۆتەڭ بار ئىكەن ، — دېدى تاڭ سېڭ ۋە بېرىپ ھېلىقى ئامبال خېنىم بىلەن كۆرۈشتى .
ئامبال خېنىم ئۇلارنى ئۆتەڭگە باشلاپ كىردى ۋە سارايدا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ چاي بۇيرۇدى . ھايال ئۆتمەي چاي تەييار بولدى .
— قەيەردىن كېلىشلىكىن ؟ — دەپ سورىدى ئامبال خېنىم تەزىم قىلىپ تۇرۇپ .
— بىز شەرقىي دىياردىكى ئۇلۇغ تاڭ دۆلىتى پادىشاھىنىڭ پەرمانىغا بىنائەن كۈنپېتىش دىيارىغا بۇددانى تاۋاپ قىلىپ بۇددا نومىنى ئالغىلى كېتىۋاتقانلارمىز . ئۇستازىم تاڭ دۆلىتى پادىشاھىنىڭ ئىنىسى بولىدۇ . ئىسمى - شەرىپى تاڭ سەنزاڭ .

پېقىر ئۇنىڭ چوڭ شاگىرتى سۇن ۋۇكۇڭ بولىمەن . بۇ ئىككىسى مېنىڭ بۇرادەرلىرىم جۇ ۋۇنېڭ ، شا ۋۇجىڭ بولىدۇ . يولغا چىققانلار ئات بىلەن قوشۇلۇپ بەش بولىمىز . ئاچال ـ چازىلاردىن ئۆتىدىغان پەرمان ـ يارلىق ئېلىۋالغانمىز . شۇنى كۆرۈپ بىزنى ئۆتكۈزۈۋەتسىڭىز ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

قەلەم تۇتۇپ بۇ گەپلەرنى يېزىۋاتقان ئامبال خېنىم قەلەمنى تاشلاپ باش قويۇپ :

— ئەپۇ قىلغايلا غوجام . مەن يىڭياڭ ئۆتىڭىنىڭ سارايۋەنى بولىمەن ، ھەرقايسىلىرىنىڭ كاتتا كىشلەر ئىكەنلىكىنى ئۇقماپتىمەن ، ئۇققان بولسام يىراققا ئالدىلىرىغا باراتتىم ، — دېدى ، ئاندىن قەددىنى رۇسلاپ ، غوجىدارغا تاماق ، ياتاق ئورۇنلاشتۇرۇشنى بۇيرۇپ بولۇپ قوشۇپ قويدى ، — غوجىلىرىم ، ئولتۇرۇپ تۇرۇشسىلا . مەن شەھەرگە كىرىپ شاھقا خەۋەر قىلىپ يولخېتى ئالماشتۇرۇپ ئەكېلىپ بېرەي ، ئاندىن ھەرقايسىلىرىنى غەربىي دىيارغا ئۇزىتىپ قوياي .

تاڭ سېڭ خۇش بولۇپ ئورۇندۇقتا ئولتۇردى . بۇ گەپلەرمۇ مۇشۇ يەردە قالسۇن .

ئەلقىسسە ، سارايۋەن كىيىمنى تۈزەشتۈرۈپ شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بەش ئەنقار راۋىقى ئالدىغا كېلىپ ھەرەمئاغىسىغا :

— مەن يىڭياڭ ئۆتىڭىنىڭ سارايۋەنى بولىمەن . بىر ئىش بىلەن شاھنى زىيارەت قىلىپ كېلىۋىدىم ، — دېدى .

ھەرەمئاغىسى دەرھال شاھقا بۇ خەۋەرنى يەتكۈزدى . شاھنىڭ ئىجازىتى بىلەن سارايۋەن شاھ ھۇزۇرىغا كىردى .

— نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭىز ؟ — دەپ سورىدى شاھ .

— پېقىرنىڭ سارىيىغا شەرقىي دىياردىكى ئۇلۇغ تاڭ دۆلىتى پادىشاھىنىڭ ئىنىسى تاڭ سېڭ كېلىپ چۈشتى . ئۇنىڭ سۇن ۋۇكۇڭ ، جۇ ۋۇنېڭ ، شا ۋۇجىڭ دەيدىغان ئۈچ شاگىرتى بار ئىكەن . ئېتىنى قوشقاندا ھەممىسى بەش ئىكەن . ئۇلار بۇددانى تاۋاپ قىلىپ بۇددا نومىنى ئالغىلى غەربىي دىيارغا كېتىۋېتىپتۇ .

شۇ سەۋەبتىن ئۆزلىرىنىڭ ھوزۇرىغا كەلدىم ، ئۇلارنىڭ يولخېتىنى ئالماشتۇرۇپ بېرەرلىمۇ؟ — دېدى سارايۋەن.

بۇنى ئاڭلاپ شاھنىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى . شاھ يېنىدىكى ئەلەمدار ـ قەلەمدار بەگلىرىگە :

— بۇگۇن كېچە چۈشۈمدە ئالتۇن چىملدىق ، رەڭدار شەلپەر ، قاشتېشى ئەينەك ۋە جاۋاھىرلارنى كۆرۈۋىدىم . ئۇ بۇگۈنكى خۇش خەۋەردىن بېشارەت ئىكەن ـ دە! — دېدى .

— شاھىم ، بۇنىڭ بۇگۈنكى خۇش خەۋەردىن بېشارەت ئىكەنلىكىنى قانداق بىلدىلە؟ — دېدى ئەلەمدار ـ قەلەمدار بەگلەر .

— شەرقىي دىياردىن كەلگەن ئەركەك تاڭ پادىشاھىنىڭ ئىنىسى ئىكەن . دۆلىتىمىز بىنا بولغاندىن بۇيان خان ـ پادىشاھلار تاكى ھازىرغىچە ئەركەك زاتنى كۆرۈپ باقمىغان . بەختىمىزگە بۇگۇن تاڭ پادىشاھىنىڭ ئىنىسى شەھىرىمىزگە قەدەم تەشرىپ قىپتۇ . بۇ تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى بولسا كېرەك . مەن دۆلىتىمىزنى روناق تاپتۇرۇش ئۈچۈن شاھنىڭ ئىنىسىنى شاھ قىلىپ ئورنۇمغا قويۇپ ، ئۆزۈم خانىش بولۇشنى ، ئۇنىڭدىن پەرزەنت كۆرۈپ ، خانلىقىمىزنى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇشنى ئارزۇ قىلىمەن . مانا بۇ بۇگۈنكى خۇش خەۋەر بولماي نېمە؟ — دېدى شاھ . ئوردا ئەمەلدارلىرى ئۇنىڭ بۇ پىكرىنى ئاڭلاپ چىن يۈرەكتىن خۇشال بولۇشتى .

— شاھىمىزنىڭ پىكرىگە ئاساسەن خانلىقنى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇش ياخشى ئىش . بىراق ، خان ئىنىسىنىڭ ئۈچ شاگىرتى ناھايىتى ياۋۇز ، بەتبەشىرە نېمىلەر ئىكەن ، — دېدى سارايۋەن .

— پادىشاھ ئىنىسىنىڭ چىراي شەكلى قانداق ئىكەن؟ ئۇنىڭ شاگىرتلىرى نېمىشقا ئۇنچە بەتبەشىرىدۇ؟ — دېدى شاھ .

— پادىشاھنىڭ ئىنىسى بەكمۇ قامەتلىك ، ئىنتايىن كېلىشكەن ، قىرانىغا يەتكەن ، تاڭ دۆلىتىدىكى ئەركەك زاتىغا لايىق كىشى ئىكەن . ئۈچ شاگىرتى بولسا ئاجايىپ بەتبەشىرە ، سەت

ئىكەن ، بەئەينى ئالۋاستىغا ئوخشايدىكەن ، — دېدى سارايۋەن .
— ئۇنداق بولسا ئۇنى شاگىرتلىرى بىلەن باشلاپ كېلىڭ ، يولخېتىنى ئالماشتۇرۇپ ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنى غەربىي دىيارغا يولغا سېلىپ قويۇپ ، پادشاھ ئىنىسىنىلا ئېلىپ قالايلى . قانداق دەيسىلەر ؟ — دېدى شاھ .
— شاھىمىزنىڭ ئەمرى ۋاجىپتۇر . پېقىرلەر سۆزسىز بويسۇنىمىز . ئەمما ، جورا بولۇش ئىشىدا ئەلچى بولمىسا بولمايدۇ ، — دېيىشتى ئوردا ئەمەلدارلىرى .
— ئۇنداق بولسا ۋەزىر ئەزەم ئەلچى ، يىگىيانىڭ ئۆتىگىنىنىڭ سارايۋەنى توي بېشى بولسۇن ، ئاۋۋال بېرىپ ئۆتەڭدە شاھنىڭ ئىنىسى بىلەن پۈتۈشۈڭلار ، ئۇ رازىلىق بەرگەندىن كېيىن ئۆزۈم شەھەردىن چىقىپ ئۇنى قارشى ئالىمەن ، — دېدى شاھ .
ۋەزىر ئەزەم بىلەن سارايۋەن شاھنىڭ ئەمرىگە بىنائەن ئوردىدىن چىقتى .

ئەلقىسسە ، تاڭ سېڭ شاگىرتلىرى بىلەن ئۆتەڭدىكى سارايدا غىزالىنىۋاتقاندا بىرى :
— ۋەزىر ئەزەم بىلەن ئۆتىگىمىزنىڭ پاسىبانى كەلدى ! — دەپ خەۋەر قىلدى .
— ۋەزىر ئەزەم نېمىدەپ كەلگەندۇ ؟ — دېدى تاڭ سېڭ .
— شاھ بىزنى چاقىرتقان بولسا كېرەك ، — دېدى جۇ باجيې .
— ئۇلار چاقىرغىلى ئەمەس ، ئەلچىلىككە كەلدى ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .
— سۈن ۋۇكۇڭ ، ناۋادا ئۇلار بىزنى قويۇپ بەرمەي توي قىلىشقا مەجبۇرلىسا قانداق قىلىمىز ؟ — دېدى تاڭ سېڭ .
— ئۇستاز ، ماقۇل دەۋەرسىلە . ئۇنىڭ چارىسىنى ئۆزۈم قىلىمەن ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .
گەپنىڭ ئايىغى چۇشۇپ بولغۇچە ئىككى ئامبال كىرىپ تاڭ سېڭغا سالام قىلدى . تاڭ سېڭمۇ ئۇلارغا ئايرىم - ئايرىم سالام

ياندۇرغاندىن كېيىن :
— پېقىر سەپەردىكى ئادەم ، ھەزرەتلىرىمنىڭ زىيارەتلىرىگە مەقبۇل بولغۇدەك ئىش قىلغىنىم يوق ، — دېدى .
ۋەزىر ئەزەم تاڭ سېڭنىڭ كېلىشكەن قەددى - قامىتىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ ، «خانىدانىمىزنىڭ ھەقىقەتەن ئامىتى بار ئىكەن . بۇ كىشى دەرۋەقە شاھىمىزغا ئەر بولۇشقا لايىق ئىكەن» دەپ ئويلىدى .
ئىككى ئامبال تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن تاڭ سېڭنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ :
— بېگىم ، قۇتلۇق بولسۇن ، قۇتلۇق بولسۇن ! — دېدى .
— پېقىر سەپەردىكى ئادەم تۇرسام ، قۇتلۇقلىغۇدەك نېمە ئىش بولاتتى دەيدىلا ؟ — دېدى تاڭ سېڭ .
— دۆلىتىمىز بىنا بولغاندىن بۇيان تەۋەيىمىزگە ئەركەك زات ئاياغ باسمىغانىدى . بەختىمىزگە بۈگۈن ئۆزلىرى قەدەم تەشرىپ قىلدىلا . بىز شاھىمىزنىڭ ئەمرىگە بىنائەن ئالايىتەن ئەلچىلىككە كەلدۇق ، — دېدى ۋەزىر ئەزەم چوڭقۇر تەزىم بىلەن .
— قۇللۇق ! قۇللۇق ! — دېدى تاڭ سېڭ ، — پېقىر بالا - چاقىنى ئالماي يالغۇز يولغا چىقىپ ھۇزۇرىڭىزلارغا كەلدىم . يېنىمدا ئۈچ شاگىرتىمدىن بۆلەك ئادەم يوق ، ھەزرىتىم كىمنى سوراپ كەلدىكىن ؟
— پېقىر ئوردىغا بېرىپ ھەرقايسىلىرىنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلىۋىدىم ، شاھىمىز ئىنتايىن خۇشال بولۇپ ، كېچە چۈش كۆرگەنلىكى ، چۈشىدە ئالتۇن چىملىدىق ، رەڭدار شەلپەر ، قاشتېشى ئەينەك ۋە جاۋاھىرلار ئايان بولغانلىقىنى ئېيتتى . شاھ ئىنىسى بولغان ئۆزلىرىنىڭ جۇڭخۇا ئېلىنىڭ ئېسىل ئوغلانى ئىكەنلىكىنى بىلىپ شاھىمىز دۆلەتنى روناق تاپقۇزۇش مەقسىتىدە ئۆزلىرىنى ئەر ۋە خان قىلىپ تەختكە ئولتۇرغۇزۇشنى ، ئۆزى خانىش بولۇشنى ئىختىيار قىلدى . ۋەزىر ئەزەمنى ئەلچى ، پېقىرنى تويى بېشى بولۇشقا ئەمر قىلدى . شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئالاھىدە

ئەلچىلىككە كەلدۇق ، — دېدى سارايۋەن .

بۇنى ئاڭلاپ تاڭ سىڭ ئۇندىمەي بېشىنى تۆۋەن سالدى .

— ئەركەك دېگەن ياخشى پۇرسەتلەرنى ھەرگىز قولدىن بەرمەسلىكى كېرەك . ئىچ كۆيئوغۇل بولىدىغان ئىشلار كۆپ ئۇچرىسىمۇ ، دۆلەتنىڭ ئاتىسى بولۇش ئاز ئۇچرايدىغان ئىش . ماقۇللۇقلىرىنى تېزرەك بىرىۋەتسىلە ، قايتىپ خۇش خەۋەر يەتكۈزەيلى ، — دېدى ۋەزىر ئەزەم . تاڭ سىڭ تېخىمۇ بەك بىئارام بولۇپ كەتتى .

بىر چەتتە تۇرغان جۇ باجىي گەپكە ئارىلاشتى :

— ۋەزىر ئەزەم ، قايتىپ بېرىپ شاھلىرىغا يەتكۈزسىلە ، ئۇستازىم ئۇزاقتىن بېرى تەرىقەت بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان ئارخات ، ئۇ دۆلەتنىڭ ئاتىسى بولۇشنى ، دۆلىتىڭلاردا قېلىشنى ھەرگىز ياقتۇرمايدۇ ؛ دەرھال يولخېتىمىزنى ئالماشتۇرۇپ ئۇنى يولغا سېلىۋېتىشسىلە . بۇ يەردە مەن قېلىپ ئىچ كۆيئوغۇل بولاي ، قانداق ؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ۋەزىر ئەزەم قورقۇپ كەتتى ـ دە ، گەپ ـ سۆز قىلىشقا پېتىنالمىدى .

— سىزمۇ ئەركەك بولغىنىڭىز بىلەن تەلەتىڭىز بەكمۇ سەت ئىكەن ، شاھىمىزنىڭ كۆڭلىگە ياقمايسىز ، — دېدى سارايۋەن .

— سىلى نېمانداق غەرەز ئۇقمايدىلا ؟ كونىلاردا : «دۇنيادا سەت ، چىرايلىق نەرسە بولىدۇ ، لېكىن سەت ئەر بولمايدۇ » دېگەن گەپ بار ، — دېدى جۇ باجىي كۈلۈپ .

— جۇ باجىي ، قالايمىقان سۆزلىمە . ئۇستازنىڭ ئىختىيارىغا باقايلى . بولىدۇ دېسە بولسۇن . بولمايدۇ دېسە بولمىسۇن . ئەلچىلەرنىڭ ۋاقتىنى ئالمايلى ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

— سۈن ۋۇكۇڭ ، سەنچە قانداق قىلسام بولار ؟ — دېدى تاڭ سېڭ .

— مېنىڭچە بولغاندا ، سىلىنىڭ بۇ يەردە قالغانلىرىمۇ ياخشى . كونىلاردا «نىكاھ غايىب » دېگەن گەپ بار . بۇنداق ئىسىل لايىقنى

ھەممىلا يەردىن تاپقىلى بولمايدۇ ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .
— بىز بۇ يەردە مال ـ دۇنيا ، نام ـ ئابرۇيىنى دەپ يۈرسەك ، نومنى ئالغىلى غەربكە كىم بارىدۇ ؟ بۈيۈك تاڭ ئېلىنىڭ نامىنى بۇلغىساق بولامدۇ ؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ .
— تەقسىر ، پېقىرنىڭ گەپ يوشۇرۇشقا ھەددى ئەمەس ، — دېدى ۋەزىر ئەزەم ، — شاھىمىز ئۆزلىرى بىلەنلا تويلىشىشنى خالايدۇ . شاگىرتلىرى بېرىپ توي چېيىغا قاتناشسا يارلىق بېرىدۇ ، يولخېتىنى ئالماشتۇرۇپ بېرىدۇ . ئۇلار نومنى ئالغىلى بېرىۋەرسە بولىدۇ ئەمەسمۇ .
— ۋەزىر ئەزەم توغرا ئېيتىدۇ . مېنىڭچە ، سىلەرنىمۇ تەڭلىكتە قويماي ، ئۇستازىمىزنىڭ قېپقېلىپ شاھىڭلارنىڭ ئېرى بولۇشىغا رازى بولايلى . سىلەرمۇ يولخېتىمىزنى تېزرەك ئالماشتۇرۇپ بېرىپ بىزنى يولغا سېلىپ قويۇڭلار . بىز نومنى ئېلىپ قايتقاندا خانىشنى زىيارەت قىلىپ ، ئاز ـ تولا يول راسخوتى ئېلىپ ، ئاندىن تاڭ دۆلىتىگە قايتارمىز ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .
ۋەزىر ئەزەم بىلەن سارايۋەن سۈن ۋۇكۇڭغا تەزىم قىلىپ :
— مەرھەمەتلىرىگە كۆپتىن ـ كۆپ تەشەككۈر ، ئۇستاز ! — دېدى .
— ۋەزىر ئەزەم ، «بىكارغا مۇشۇكمۇ ئاپتاپقا چىقمايدۇ» جۇمۇ ! بىز ماقۇل بولغاندىن كېيىن شاھلىرىغا ئېيتسىلا ، راۋۇرۇس زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇپ بىز بىلەن بىللە ماقۇللۇق چېيى ئىچسۇن ، قانداق دېدىم ! — دېدى جۇ باجيې .
— خوپ ، خوپ ! شۇنداق قىلىمىز ؛ توي چېيى دېسىلىرىمۇ گەپ يوق بېرىمىز ، — دېدى ۋەزىر ئەزەم .
ۋەزىر ئەزەم بىلەن سارايۋەن خۇشاللىقتىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن ھالدا شاھقا خۇش خەۋەر يەتكۈزگىلى قايتىپ كەتتى . خوش ، بۇ گەپمۇ مۇشۇ يەردە قالسۇن .

ئەلقىسسە ، تاڭ سەنزاڭ كاپ قىلىپ سۈن ۋۇكۇڭنىڭ

ياقىسىغا ئېسىلدى :
— كەل تەلۋە ، مېنى ئۆلتۈرۈۋەت ! سەن نېمانداق گەپلەرنى قىلىپ مېنى بۇ يەردە قېلىپ توي قىلىشقا دەۋەت قىلىسەن ؟ سىلەر غەربكە بارساڭلار ، مەنمۇ بارىمەن ، كاللامنى ئېلىۋەتسەڭلارمۇ بۇ يەردە قالمايمەن !
— خاتىرىلىرىنى جەم قىلىسىلا ئۇستاز ، سىلىنىڭ كۆڭۈللىرىنى بىلمەيدىغان يەردە ئەمەسمەن ، بىراق بۇ يەرگە كېلىپ مۇشۇنداق ئادەملەرگە يولۇققان ئىكەنمىز ، ئۆزىنىڭ يولى بىلەن ئۆزىنى بابلىشمىزغا توغرا كېلىدۇ ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .
— ئۆزىنىڭ يولى بىلەن ئۆزىنى قانداق بابلايمىز ؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ .
— ئەگەر سىلى ئۇنىڭغا قېپقېلىش ھىيلىسىنى ئىشلەتمىسىلىرى ئۇ يولخېتىمىزنى ئالماشتۇرۇپ بەرمەيدۇ ، بىزنىمۇ قويۇۋەتمەيدۇ ياكى بولمىسا مېنى جىن - شاياتۇنلارنى ئىشقا سېلىپ كارامىتىمنى كۆرسىتىشكە مەجبۇر قىلىدۇ . سىلىگە مەلۇم ، بىز ئىمكانقەدەر ئېغىرلىق قىلىۋاتىمىز . ئۆزىمىزنى سەللا قويۇۋەتسەك ، بۇ ئەلنىڭ خەلقىنى كۆز يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئارىلىقتا قىرىپ تۈگىتىۋېتىمىز . سىلى تولىمۇ مۇرۇۋۋەتلىك ، ساخاۋەتلىك ئادەم تۇرسىلا ، بىزنىڭ گۇناھسىز پۇقرالارنى قىرىپ تۈگىتىشىمىزگە تاقەت قىلىپ تۇرالامدىلا ؟ — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .
— سۈن ۋۇكۇڭ ، بۇ پىكرىڭمۇ ياخشى ئىكەن . بىراق شاھ مېنى ئوردىغا ئەكىرىۋالغاندىن كېيىن ئەر - خوتۇنلۇق رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالسا ، بۇددا مۇخلىسىغا خاس ئەخلاقىي نىزامنى بۇلغاشقا كۆڭلۇم قانداق ئۇنايدۇ ؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ .
— بۈگۈن سىلى تويلىشىشقا سۆز بەردىلە . ئۇ چوقۇم شاھلار قائىدىسى بويىچە شەھەردىن چىقىپ ئۆزلىرىنى ئوردىغا باشلايدۇ ؛ سىلى رەت قىلماستىن ئۇنىڭ ھەشەمەتلىك مەپىسىگە ئولتۇرۇپ ئوردىغا كىرىپ يۇزلىرىنى جەنۇبقا قىلىپ ئولتۇرسىلا ، شاھتىن

شاھانە مۆھۈر بېسىلغان خەتنى ئېلىپ بىزنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىسىلا ، ئاندىن يولخېتىمىزگە مۆھۈر باستۇرۇۋالسىلا ، ئارقىدىن يەنە شاھتىن ئۆز قولى بىلەن يارلىق يېزىپ ئىمزا قويۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلسىلا ، كېيىن ئۇ يارلىقنى بىزگە بەرسىلە ، ياندىكى ئۆيگە كاتتا زىياپەت تەييارلاشنى بۇيرۇيدىلا ـ دە ، شاھ بىلەن بىرلىكتە بىزگە ئۆزىتىش زىياپىتى بېرىدىلا . زىياپەت تۈگىگەندىن كېيىن ، «بۇ ئۆچەيلەننى شەھەردىن چىقىرىپ قويۇپ ئاندىن يېنىپ كېلىپ سىلى بىلەن توي قىلىمەن» دەيدىلا ، شەھەردىن چىققاندىن كېيىن سىلى شاھانە مەپىدىن چۈشۈپ شا ۋۇجىڭنى خىزمەتلىرىدە بولۇشقا بۇيرۇپلا ئاق ئاتلىرىغا مىنىۋالىدىلا . مەن «مىخلاپ قويۇش» سېھرىمنى ئىشقا سېلىپ شاھ ۋە ۋەزىر ـ ۋۇزرا ، مۇلازىملىرىنى «مىخلاپ قويۇپ» مىدىرلاتمايمەن . بىز چوڭ يول بويلاپ غەربكە قاراپ يولغا چىقىمىز ، كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرگىنىمىزدىن كېيىن ئەپسۇن ئوقۇپ سېھرىمنى كۈچتىن قالدۇرىمەن . ئۇلار شۇندىلا ئۆزلىرىگە كېلىپ شەھەرگە كىرىپ كېتىدۇ . مانا بۇ «يالغاندىن كۆيئوغۇل بولۇپ خەتەردىن قۇتۇلۇش» ھىيلىسى دەپ ئاتىلىدۇ .قانداق ، بۇنىڭدا بىر چالما بىلەن ئىككى پاختەكنى سوققىلى بولامدىكەن ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ تاڭ سەنزاڭ مەستلىكتىن يېشىلىپ ئۆزىگە كەلگەندەك بولدى ۋە چوڭقۇر تەشەككۇر ئېيتىپ :

— ئەقىل ـ پاراستىڭگە بارىكاللا ، — دېدى . تۆتەيلەن بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ ئىش كۆرۈشكە نىيەت قىلدى . ئۇلارنىڭ يەنە قانداق مەسلىھەتلەرنى قىلىشقانلىقى توغرۇلۇق گەپلەر مۇشۇ يەردە قالسۇن .

ئەلقىسسە ، ۋەزىر ئەزەم بىلەن سارايۋەن كەلگەنلىكلىرىنى مەلۇم قىلىپمۇ ئولتۇرماستىن ئۇدۇل مەرمەر پەلەمپەي ئالدىغا كېلىپ :

— شاھىمىزنىڭ چۈشى ئوڭغا تارتىپتۇ ، بېلىق سۇغا كىرىپ

خۇشال بولدى ، — دېدى .

شاھ بۇنى ئاڭلاپ مەرۋايىت دەرپەردىنى قايرىپ شاھانە كارىۋاتتىن چۈشتى . جىنەستىدەك ئاغزىنى ئېچىپ قاشتېشىدەك چىشلىرىنى چىقىرىپ كۈلكە - تەبەسسۇم بىلەن :

— سادىق ئەمەلدارلىرىم ، شاھ ئىنىسى بىلەن كۆرۈشۈپ نېمىلەر دېيىشتىڭلار ؟ — دېدى .

— ئۆتەڭگە بېرىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن ئەلچى بولۇپ كەلگەنلىكىمىزنى ئېيتتۇق ، — دېدى ۋەزىر ئەزەم ، — خان ئىنىسى ئۆزرە ئېيتىپ رەت قىلىۋىدى ، بەختىمىزگە ئۇنىڭ چوڭ شاگىرتى مەردلىك بىلەن ماقۇل بولدى . ئۇستازىنى قىپقىلىپ شاھىمىزنىڭ ئېرى ، دۆلەتنىڭ ئاتىسى بولۇپ بېرىشكە كۆندۈردى . بىرلا يېرى يولخېتىنى ئالدىن بېرىپ ئۇچىمىزنى يولغا سالىسىلەر ؛ نومنى ئېلىپ قايتقىنىمىزدا خانشىنى زىيارەت قىلىپ ، يول خىراجىتى ئېلىپ ئاندىن تاڭ دۆلىتىگە كېتىمىز ، — دېدى .

— خان ئىنىسى كېيىن نېمە دېدى ؟ — دېدى شاھ كۈلۈپ .

— خان ئىنىسى گەپ قىلماي ئۆزلىرىگە جورا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ؛ ئۇنىڭ ئىككىنچى شاگىرتى ئالدى بىلەن زىياپەت بېرىپ كۈتۈۋېلىشىمىزنى تەلەپ قىلدى ، — دېدى ۋەزىر ئەزەم .

بۇ گەپنى ئاڭلىغان شاھ داستىخان بېگىگە كاتتا زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇشقا ئەمر قىلدى . ئاندىن ۋەزىر - ۋۇزرا ، مۇلازىملىرىنى ئېلىپ دەبدەبە بىلەن شەھەردىن چىقىپ بولغۇسى كۈيۈسىنى كۈتۈۋالماقچى بولدى . ئوردىدىكىلەر شاھنىڭ ئەمرىگە بىنائەن ئوردىنى سىيرىپ - سۈپۈرۈپ پاكىز قىلدى ، زىلچا - گىلەملەرنى سېلىپ ياسىدى ؛ بىرمۇنچە ئايال زىياپەت تەييارلاشقا كىرىشىپ جىددىي ئىشلەپ كەتتى ؛ يەنە بىر بۆلۈك ئايال باشقا ئىش - كۈشلەرنى ئىشلەپ تۈگەتتى .

ئۇزاق ئۆتمەي شاھ دەبدەبە بىلەن شەھەردىن چىقىپ يىڭياڭ ئۆتىڭگە يېتىپ كەلدى . ئۇشتۇمتۇت بىرى تاڭ سەنزاڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىغا :

— شاھ ئالىيلىرى كەلدى ! — دەپ خەۋەر قىلدى .
تاڭ سەنزاڭ دەررۇ كىيىملىرىنى تۈزەشتۈرۈپ ، شاگىرتلىرى بىلەن شاھنىڭ ئالدىغا چىقتى . شاھ شاھانە مەپىنىڭ پەردىسىنى قايرىپ يەرگە چۈشۈپ :
— تاڭ دۆلىتى شاھىنىڭ ئىنىسى قايسى بولىدۇ ؟ — دېدى .
— ئۆتەڭ ئىشىكى ئالدىدا كاسايا كىيىپ تۇرغان كىشى شۇ ، — دېدى ۋەزىر ئەزەم .
شاھنىڭ چىرايى نۇرلىنىپ كەتتى . ئۇ قاش - كۆزىنى ناز بىلەن ئوينىتىپ تاڭ سەنزاڭغا سەپسىلىپ قارىدى ، ئۇنىڭ دەرۋەقە ئاجايىپ كېلىشكەن يىگىت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى . بۇنىڭدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولغان شاھ ئىختىيارسىز ھالدا جىنەستىدەك ئاغزىنى ئېچىپ :
— تەقسىرىم ، قېنى كېلىپ شاھانە مەپىدىن ئورۇن ئالامدىلا ؟ — دېدى .
تاڭ سەنزاڭ بۇنى ئاڭلاپ قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ ، ئىزا تارتقىنىدىن بېشىنى كۆتۈرەلمىدى .
شاھ يېقىن كېلىپ ئۇنى قولىدىن تارتىپ ناز بىلەن :
— ھۆرمەتلىك ئاكا ، شاھانە مەپىگە چىقىپ مېنىڭ بىلەن ئوردىغا بېرىپ ، ئوردىمىزغا باش ، كەمىنىگە جور بولۇپ بەرسىلە ، — دېدى .
تاڭ سەنزاڭ لاغ - لاغ تىترەپ ، مەست ئادەمدەك تۇرالماي قالدى . سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ :
— ئۇستاز ، بەكمۇ كەمتەرلىك قىلماي ، شاھانە مەپىگە چىقىپ شاھ ئانىمىزغا ھەمراھ بولسىلا ، يولخېتىنى تېزرەك ئالماشتۇرۇپ بەرسىلە ، بىز غەربكە بېرىپ نومنى ئەكېلەيلى ، — دېدى .
تاڭ سەنزاڭ گەپ - سۆز قىلىشقا جۈرئەت قىلالماي سۇن ۋۇكۇڭنى سىلاپ كەتتى . كۆزلىرىدىن ئاققان ياشنى تۇتۇۋالالمىدى .
— ئۇستاز ، كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىسىلا ، مۇشۇنچىۋالا

ئىززەت - ھۆرمەتنى قوبۇل قىلماي يەنە نېمىنى كۈتىدىلا؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.
تاڭ سەنزاڭ نائىلاج ئۇنىڭ گېپىگە كىرىپ يېشىنى سۈرتتى، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتتى ۋە يېقىن كېلىپ شاھ بىلەن قول تۇتۇشۇپ بىرلىكتە مەيگە چىقتى.
ۋەزىر - ۋۇزرالار شاھنىڭ مەيدە تاڭ سەنزاڭ بىلەن يانمۇيان ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ خۇشال بولۇشتى ۋە كەينىگە بۇرۇلۇپ شەھەرگە قاراپ يول ئېلىشتى. سۇن ۋۇكۇڭ شا ۋۇجىڭغا يۈك - تاقلارنى كۆتۈرۈپ، ئاق ئاتنى يېتىلەپ شاھنىڭ كەينىدىن قالماي يۈرۈشنى ئېيتتى، جۇ باجيې پالاقلاپ يۈگۈرۈپ بەشئەنقا راۋىقى ئالدىغا ھەممىدىن ئاۋۋال كېلىپ سۈرەن سالدى:
— بەللى، بەللى! ھەممە ئىش جايىدا بولدى! ئاۋۋال چاي زىياپىتى يەپ ئاندىن توي ئوينايمىز!
تۇغ - ئەلەملەرنى كۆتۈرۈپ يول باشلاپ مېڭىۋاتقان مۇلازىملار قورقۇپ كەتكىنىدىن بىر - بىرلەپ شاھنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە:
— تەقسىر، ئۇزۇن تۇمشۇق، سالپاڭ قۇلاق بىر مەخلۇق بەشئەنقا راۋىقى ئالدىدا چاي زىياپىتى بەرسۇن، دەپ سۈرەن سېلىۋاتىدۇ، — دېدى.
شاھ بۇنى ئاڭلاپ تاڭ سەنزاڭنىڭ مۈرىسىگە يۆلىنىپ، ئۇنىڭ يۈزىنى سىلاپ تۇرۇپ پىچىرلىدى:
— تەقسىرىم، ئۇزۇن تۇمشۇق، سالپاڭ قۇلاق مەخلۇق سىلىنىڭ قايسى شاگىرتلىرى بولىدۇ؟
— مېنىڭ ئىككىنچى شاگىرتىم بولىدۇ. ئۇ ناھايىتى ئىشتىھالىق، شۇڭا قورساقنىڭ غېمىدىلا يۈرىدۇ؛ مۇمكىن بولسا ئاۋۋال زىياپەتنى بېرىپ ئۇنى تويغۇزۇۋېتىپ، ئاندىن باشقا ئىشلارنى قىلساق بولارمىكىن، — دېدى تاڭ سەنزاڭ.
شاھ ئىتتىك:
— داستىخانچى بەگ زىياپەت تەييارلىقىنى پۈتكۈزۈپتۇمۇ قانداق؟ — دەپ سورىدى.

— پۈتكۈزۈپ قويۇپتۇ ، گۆشلۈك ، گۆشسىز ئىككى خىل غىزا قىلدۇرۇپ كۈنچىقىشتىكى سارايغا كاتتا داستىخان راسلاپمۇ قويۇپتۇ ، — دېدى ئەمەلدارلاردىن بىرى .

— نېمىشقا ئىككى خىل قىلدىڭلار ؟ — دەپ يەنە سورىدى شاھ .

— تاڭ دۆلىتى شاھىنىڭ ئىنىسى ۋە شاگىرتلىرى ئادەتتە گۆشسىز تاماق يەيدىغان بولۇپ قالمىسۇن يەنە ، دەپ ئالايتەن ئىككى خىل قىلدۇق ، — دېدى ئۇ .

— تەقسىرىم ، سىلى گۆشلۈك غىزا يەمدىلا ، گۆشسىزمۇ ، — دېدى شاھ كۈلۈپ كېتىپ .

— پېقىر گۆشسىز غىزا يەيمەن . ئەمما ، هاراقنى تاشلىمىدىم . شۇڭا ئادەتتىكى هاراقتىن ئازراق تەييارلانسا ، ئىككىنچى شاگىرتىم بىلەن ئىچىشەي ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

گەپ تۈگىشى بىلەن تەڭ ۋەزىر ئەزەم :

— قېنى زىياپەتكە مەرھەمەت ، بۈگۈنكى خاسىيەتلىك كېچىدە بىز شاھ ئىنىسى هەزرىتىم بىلەن شاھىمىزنىڭ توينى قىلىمىز . ئەتە تاڭ سەھەردە هەزرىتىمنى شاھلىق تەختىگە چىقىرىمىز ، يىلنامىمىزنى ئۆزگەرتىمىز ، — دېدى .

خۇشاللىقتىن ئايال پادىشاھنىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى . ئۇ تاڭ سەنزاڭنى قولتۇقلاپ شاھانە مەيدىن چۈشۈپ ئۇدۇل كۈنچىقىشتىكى سارايغا كىردى . ئۇلار ئىشىكتىن كىرىپلا ئاجايىپ ئېسىل ناخشا - مۇزىكىنى ئاڭلىدى ۋە ئىككى قاتار تۇرغان ، تولىمۇ كاتتا ، رەڭگارەڭ كىيىنگەن ، پەردازنى كېلىشتۈرۈپ قىلغان ئويۇنچىلارنى كۆردى . سارايىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا ئىككى قاتار زىياپەت شىرەسى راسلانغان بولۇپ، سول تەرەپ باش شىرەدىكى گۆشسىز غىزا ، ئوڭ تەرەپ باش شىرەدىكى گۆشلۈك غىزا ئىدى . تۆۋەن ئىككى قاتار پۈتۈنلەي بىر كىشلىك شىرەلەر ئىدى . يەڭلىرىنى كەينىگە قايرىۋەتكەن ئايال پادىشاھ ئۆزۈن ، ئىنچىكە بارماقلىرى بىلەن قاشتېشى قەدەھنى ئېلىپ زىياپەتنى باشلاشقا

ھازىرلاندى.

— ئۇستازىم گۈشىنى غىزا يەيدۇ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ يېقىن كېلىپ، — ئۇستازىمىز ئاۋۋال سول تەرەپتىكى باش شىرەدە ئولتۇرسۇن. تۆۋەندىكى ئۈچ شىرەنى ئۇڭ - سولغا ئايرىپ بېرىڭلار، بىز ئولتۇرايلى.

— توغرا، توغرا، ئۇستاز ئاتىمىز بولۇپ قالدى، شۇڭا بىللە ئولتۇرۇش مۇۋاپىق ئەمەس، — دېدى ۋەزىر ئەزەم.

ئوردا كىشىلىرى ئالمان - تالمان شىرەلەرنى باشقىدىن رەتلىدى. شاھ بىردىن - بىردىن قەدەھ تارقىتىپ تاڭ سەنزاڭنىڭ شاگىرتلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. سۇن ۋۇكۇڭ تاڭ سەنزاڭغا شەرەت قىلىۋىدى، ئۇمۇ جاۋاب ئىشارىسى قىلدى ھەمدە ئولتۇرۇپ شاھ بىلەن بىللە قاشتېشى قەدەھنى قولىغا ئالدى. ئەلەمدار - قەلەمدار، ۋەزىر - ۋۇزرالار كېلىپ شاھنىڭ مەرھەمىتىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشكەندىن كېيىن، ئىككىگە بۆلۈنۈپ شىرەلەردىن جاي ئالدى، ئارقىدىنلا مۇزىكا توختاپ زىياپەت باشلاندى.

جۇ باجيې ياخشى - يامان دەپ تاللاپ ئولتۇرماستىن توختىماي يەپ قورساق تويغۇزۇش بىلەن بولدى. قاشتېشىدەك يالتىراپ تۇرىدىغان گورۇچ ئېشى، قاسقان قاتلىمىسى، تاتلىق پىشۇرۇقلارنى، موگۇ، دەرەخ موگۇسى، بامبۇك نوتىسى، مور، سېرىق چېچەك، تاشچېچەك، قىزىل دېڭىز يۇسۇنى، ئاش چامغۇر، بەرەڭگە، تۇرۇپ، پىچانگۇل، قىزىل مېۋىلىك شاقاقۇل قاتارلىقلاردا قىلىنغان ئېسىل قورۇما - تائاملارنى قويماي يەپ، ئەللىك يەتتە قەدەھ ھاراق ئىچتى. يەنە ھەدەپ: «قېنى قورۇمىلارنى تولدۇرۇپ تۇرۇڭلار، چوڭراق قەدەھ ئېلىپ كېلىڭلار! يەنە بىرنەچچە قەدەھ ئىچەيلى، ئاندىن ھەركىم ئۆز ئىشىغا ماڭسۇن» دەپ توۋلاپ تۇردى.

— شۇنداق ئېسىل تائاملارنى يېمەستىن كېتىپ قالىدىغان قانداق زۆرۈر ئىشلار بار؟ — دەپ سورىدى شەيخ شا ۋۇجىڭ.

— كونلار : «ھەركىم ئۆز ئىشىنى ئۆزى تېپىپ قىلسۇن» دەيدۇ ، — دېدى جۇ باجيې كۈلۈپ ، — مانا ھازىر مېھمان بولىدىغانلار مېھمان بولۇۋاتىمىز ، تويلىشىدىغانلار تويلىشىدۇ ، نوم ئالغىلى بارىدىغانلار نوم ئالغىلى بارىمىز ، سەپەردىكىلەر سەپىرىنى قىلىدۇ . ئاچكۆزلۈك قىلىپ ھاراقتا بېرىلىپ چوڭ ئىشلارغا تەسىر يەتكۈزسەك بولمايدۇ . يولخېتىنى بالدۇرراق قولىمىزغا ئالايلى . مانا بۇ «سەركەردە ئاتتىن چۈشمەي تۇرۇپلا ، ھەركىم ئۆز يولىغا مېڭىپتۇ» دېگەندەك بىر ئىش .

شاھ بۇنى ئاڭلاپ چوڭ قەدەھلەرنى كەلتۈرۈشكە ئەمر قىلدى . مۇلازىملار دەرھال شاتۇتى ، غار ـ غار ئۆردەك شەكلىدىكى قەدەھ ، ئالتۇن پولو[1] كۈمۈش زولو[2] شىشە قەدەھ ، خرۇستال جاۋۇر ، پەرىشتىلەر ماكانىدىن كەلتۈرۈلگەن چىنىلەر ، كەھرىۋا قەدەھلەردە لىپمۇلىق ، سۈپسۈزۈك ئىچىملىك ۋە ئېسىل شارابلارنى كەلتۈردى ، ھەممە بىر قاتاردىن ئىچىشتى .

تاڭ سەنزاڭ ئورنىدىن تۇرۇپ ، قولىنىڭ ئالقىنىنى جۈپلەپ تۇرۇپ شاھقا :

— شاھ ئالىيلىرى ، كاتتا زىياپەتلىرىگە ھەشقاللا ، ھاراق ـ شارابمۇ ئىچىلىپ بولدى ، ئەمدى ئوردىغا مەرھەمەت قىلىپ ، يولخېتىنى ئالماشتۇرۇپ بەرسىلە . ئەتە تاڭ سەھەردە بۇ ئۇچەيلەننى شەھەردىن چىقىرىپ قويساي ، — دېدى .

شاھ بۇنىڭغا ماقۇل بولدى ۋە تاڭ سەنزاڭنى قولتۇقلاپ زىياپەتتىن چىقىپ ئالتۇن ئوردىغا باردى ، ئالتۇن تەختتە تاڭ سەنزاڭنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى .

— ياق ! بولمايدۇ ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ ، — ۋەزىر ئەزەم ماڭا سۆز بەرگەن . پېقىر ئەتە تاڭ ئاتقاندا ئاندىن تەختكە ئولتۇرىمەن . بۇگۈن يولخېتىگە تامغا بېسىپ بەرسىلىرى ، ئۇلارنى يولغا سېلىۋېتەي .

---

① پولو — ئاغزى يېپىق ، تېيىز بىر خىل قەدەھ .
② زولو — قەدەھنىڭ يەنە بىر خىلى .

شاھ بۇنى ماقۇل كۆرۈپ شاھانە كارىۋاتقا ئولتۇردى ، ئالتۇن ئورۇندۇقتىن بىرنى كارىۋاتنىڭ سول تەرىپىگە قويۇپ تاڭ سەنزاڭنى ئولتۇرغۇزدى ، شاگىرتلارغا يولخېتىنى ئېلىشنى ئېيتتى . سۇن ۋۇكۇڭ شا سېڭنى يۈك ـ تاقلارنى يېشىپ يولخېتىنى ئېلىشقا بۇيرۇدى ، ئاندىن يولخېتىنى قوش قوللاپ شاھقا سۇندى. شاھ بۇنى تەپسىلىي كۆزدىن كەچۈردى . يولخېتىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە تاڭ پادىشاھىنىڭ ئالتۇن تامغىسى توققۇز قېتىم بېسىلغانىدى . تۆۋەندە بولسا باۋشياڭ دۆلىتى ، قاراتوخۇ دۆلىتى ، قاڭقىل دۆلىتىنىڭ تامغىسى تۇراتتى . شاھ ناز ـ كەرەشمە بىلەن كۈلۈپ :

— ئاكىمىز چىن ئۇرۇقىدىن ئوخشىمامدۇ ؟ — دېدى .

— ئەسلىي چىن ئۇرۇقىدىن بولمەن ، راھىبلىق ئىسمىم شۈەن زاڭ ، تاڭ پادىشاھى شەپقەت ياغدۇرۇپ مېنى ئۆزىگە ئىنى قىلىۋالغاندىن كېيىن ، ماڭا تاڭ جەمەتى نەسەبىنى ئاتا قىلدى ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

— يولخېتىگە نېمىشقا ھۆرمەتلىك شاگىرتلىرىنىڭ ئىسىم ـ شەرىپى پۈتۈلمىگەن ؟ — دەپ سورىدى شاھ .

— ئۈچ شاگىرتىم تاڭ دۆلىتىنىڭ ئادەملىرى ئەمەس ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

— تاڭ دۆلىتىنىڭ ئادەملىرى بولمىسا ، ئۇلار نېمە ۋەجدىن ئۆزلىرى بىلەن كېلىشنى ئىختىيار قىلدى ؟ — دېدى يەنە شاھ .

— چوڭ شاگىرتىم شەرقتىكى شېڭشېن ئايمىقىدىكى ئاۋلەي بەگلىكىنىڭ ئادىمى ؛ ئىككىنچى شاگىرتىم غەربتىكى نيۇخې ئايمىقىدىكى ۋۇسى يېزىسىنىڭ ئادىمى ؛ ئۈچىنچى شاگىرتىم بولسا ، لىيۇشاخې دېگەن يەردىن بولىدۇ . بۇ ئۈچەيلەن ئەرش قانۇنىنى بۇزۇپ گۇناھ ئۆتكۈزگەن . جەنۇبىي دېڭىزدىكى شەپقەتچى ئاۋالوكىتېسۋارا بۇدساتۋا ئۇلارنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرغان . ئۇلار ئۆز دىنىغا سادىق بولۇپ ، خىزمەت كۆرسىتىش ئارقىلىق گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن مېنى مۇھاپىزەت قىلىپ بۇددا نومىنى ئەكېلىش

سەپىرىگە ئۆز ئىختىيارى بىلەن كېتىۋاتىدۇ . بۇلارنىڭ ھەممىسىنى مەن يولدىن ئېلىۋالغان بولغاچقا ، يولخېتىگە نام ـ شەرىپى پۈتۈلمىگەن ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

— ئۇنداق بولسا ، مەن پۈتۈپ قوياي ، بولامدۇ ؟ — دېدى شاھ .

— شاھ ئالىيلىرىنىڭ ئەمرى ۋاجىپتۇر ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

شاھ موي قەلەم ، دۇۋەت ، سىياھ كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى . يولخېتىنى تاختىغا[1] يېيىپ سۈن ۋۇكۇڭ ، جۇ ۋۇنېڭ ، شا ۋۇجىڭ ئۈچىنىڭ ئىسمىنى يازدى ، ئاندىن شاھانە مۆھرىنى ئېلىپ چىرايلىق باستى ؛ چىرايلىق ھۆسنخەت بىلەن ئۆز ئىمزاسىنى قويدى ـ دە ، كېتىشكە ئىجازەت بەردى . سۈن ۋۇكۇڭ يولخېتىنى قولىغا ئېلىپ ، شاسېڭغا يۈك ـ تاقلارنى يىغىشتۇرۇشنى تاپىلىدى .

شاھ يەنە بىر پەتنۇس ئالتۇن ، كۈمۈش ئېلىپ شاھانە كارىۋاتتىن چۈشتى ـ دە ، سۈن ۋۇكۇڭغا سۇنۇپ :

— بۇ ، ئۈچىڭلارنىڭ يول خىراجىتى بولسۇن . غەربىي دىيارغا بالدۇرراق بارغايسىلەر ؛ نومنى ئېلىپ قايتقىنىڭلاردا پېقىر سىلەرنى ئوبدان رازى قىلىمەن ، — دېدى .

— بىز تەرىقەتچىلەرمىز ، ئالتۇن ـ كۈمۈشنى قوبۇل قىلالمايمىز ، يول بويى بىزگە يېگۈدەك نەرسە تېپىلىدۇ ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

شاھ ئۇنىڭ بۇ نەرسىلەرنى ئالمىغانلىقىنى كۆرۈپ ئون توپ تاۋار ـ دۇردۇن ئەكەلدۇرۈپ سۈن ۋۇكۇڭغا :

— ئالدىراپ تۇرغانلىقىڭلار ئۈچۈن كىيىپ ، تىكىپ بېرەلمىدۇق . يولدا قېلىنراق كىيىم ـ كېچەك قىلدۇرۇۋالارسىلەر ، — دېدى .

— تەرىقەتچىلەر تاۋار ـ تورقا كىيمەيدۇ ، ئۆزىمىزگە لايىق بوز رەختتىن كىيىملىرىمىز بار ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

---

[1] مەخسۇس خەت يازغاندا ئىشلىتىلىدىغان تاختا .

— ئۇنداق بولسا ئازراق گۇرۇچ ئېلىۋېلىڭلار، يولدا تاماق قىلىپ يەرسىلەر، — دېدى شاھ.

جۇ باجيې «تاماق قىلىپ يەرسىلەر» دېگەن گەپنى ئاڭلاپلا، گۇرۇچنى ئېلىپ يۈك - تاقلار ئارىسىغا تىقتى.

— بۇرادەر، يۈك - تاقلىرىمىز خېلىلا ئېغىر، گۇرۇچنى ئالغان بىلەن كۆتۈرىدىغانغا كۈچ بولسا بولىدۇ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ.

— سىز ئۇقمايسىز، گۇرۇچ دېگەن خوراپ تۇرىدىغان مال. بىر ۋاخ تاماق قىلساق، بىرمۇنچە يېنىكلەيدۇ، — دېدى جۇ باجيې كۈلۈپ.

— شاھ ئالىيلىرى، ئېغىر كۆرمىسىلىرى، پېقىر بىلەن بىللە بېرىپ بۇلارنى شەھەردىن ئۇزىتىپ قويغايلا. مەن ئۇلارغا تاپىلايدىغانلىرىمنى تاپىلاپ قويۇپ قايتىپ كېلىپ ئۆزلىرى بىلەن مەڭگۇ راھەت - پاراغەتتە ئۆتسەم. شۇندىلا مېنىڭ ئالدى - ئارقامغا قاراپ تارتىنىشىدىغان ھېچ ئىشىم قالمايدۇ.

ئايال پادىشاھ بۇنىڭ ھىيلە ئىكەنلىكىنى ئۇقماستىن مەپە تەييارلاشقا بۇيرۇدى. ئاندىن تاڭ سەنزاڭ بىلەن قولتۇقلىشىپ مەپىگە چىقىپ شەھەرنىڭ سىرتىغا قاراپ ماڭدى. پۈتۈن شەھەر قايناپ كەتكەن بولۇپ، كىشىلەر بىرىنچىدىن، شاھنى كۆرۈش؛ ئىككىنچىدىن، ئەركەك زاتىنى كۆرۈش ئۈچۈن چىقىشقانىدى. ياش - قېرى ھەممىسى ئۇپا - ئەڭلىكنى بولۇشىغا سۈرتۈپ پەرداز قىلىشقانىدى. ئۇزاقتا قالماي ئۇلار شەھەردىن چىقىپ غەربىي ئۆتكەلگە يېتىپ كەلدى.

سۈن ۋۇكۇڭ، جۇ باجيې، شا ۋۇجىڭ ئۈچىسى گېپىنى بىر قىلىپ، كىيىملىرىنى چىرايلىق تۈزەشتۈردى ۋە جامائەتكە قاراپ ئۈنلۈك ئاۋازدا:

— شاھ ئالىيلىرى، ئەمدى ئۇزاتمىسىلا، مۇشۇ يەردىلا خوشلىشايلى، — دېدى. تاڭ سەنزاڭ شاھانە مەپىدىن چۈشۈپ قولىنى جۈپتەكلەپ تۇرۇپ ئايال پادىشاھقا:

— شاھ ئالىيلىرى ، قايتىپ كەتسىلە ، پېقىرمۇ نوم ئالغىلى بارىمەن ، — دېدى .

بۇنى ئاڭلاپ شاھنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى . ئۇ تاڭ سەنزاڭغا ئېسىلىپ :

— ئاكا ، مەن سىلىنى ئەلگە ئاتا ، ئۆزۈمگە ئۆمۈرلۈك جورا قىلاي دېگەن ، ئەتە تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ شاھلىقنى ئۆزلىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرەي دېۋىدىمغۇ ؟ بۇنىڭغا ماقۇل بولۇپ ، چاينىمۇ ئىچىپ بولدىلا ، ئەمدى گەپلىرىدىن يېنىۋالاي دەۋاتامدىلا ، — دېدى .

بۇنى ئاڭلىغان جۇ باجيې شامال چىقىرىپ ، ئاغزىنى ھەر قىسما قىلدى ، سالپاق قۇلاقلىرىنى سىلكىتىپ شاھ ئالىيلىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ :

— بىز شەيخلەر سەنلەردەك جىن - ئالۋاستىلارغا ئەر بولمايمىز ! ئۇستازىمنى قويۇپ بەر !— دەپ ۋارقىرىغانىدى ، ئايال پادىشاھ ئۇنىڭ سەت بەشىرىسىنى كۆرۈپ قورققىنىدىن جان - پېتى چىقىپلا كەتتى ۋە ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇپ مەيىگە چىقىۋالدى . شاسېڭ بولسا تاڭ سەنزاڭنى كىشىلەر ئارىسىدىن ئاچىقىپ ئاق ئاتقا مىنگۈزدى . شۇ ئەسنادا يول بويىدا بىر ئايال پەيدا بولۇپ ۋارقىرىدى :

— تاڭ شاھنىڭ ئىنىسى ، قەيەرگە قاچىسەن ! مانا مەن سەن بىلەن كۆڭۈل ئاچقىلى كەلدىم !

— ھۇ رەسۋا ! — دەپ تىللىدى شاسېڭ ۋە خاسىيەتلىك ھاسىسى بىلەن ئۇنى ئۇرۇپ كەتتى . ئايال شۇئان قويۇن چىقىرىپ «ۋىژ !» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ تاڭ سەنزاڭنى ئۇچۇرتۇپ كەتتى . تاڭ سېڭ تۇيۇقسىز غايىب بولغاچقا ، قەيەرگە كەتكەنلىكىنى ھېچكىم بىلەلمىدى ! توۋا ! بۇ خۇددى ئوغرىدىن قېچىپ قاراقچىغا تۇتۇلۇپتۇ ، دېگەندەك بىر ئىش ئىدى . ھېلىقى ئايالنىڭ ئادەم ياكى ئالۋاستى ئىكەنلىكى ، ئۇستازنىڭ ھاياتى قانداق بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز .

# ئەللىك بەشىنچى باب

## *ئالۋاستىنىڭ تاڭ سەنزاڭنى كۆگۈل ئىچىشقا قىستىغانلىقى*
## *ئۇنىڭ ئىپتىقادىدا چىڭ تۇرۇپ تېنىنى بۇلغىمىغانلىقى*

ئەلقىسسە ، سۇن ھەزرەت بىلەن جۇ باجيې سېھرىي كارامىتىنى ئىشقا سېلىپ ئاياللارنى جايىغا مىخلاپ قويماقچى بولۇۋاتقاندا ، ئۇشتۇمتۇت شامال چىقىپ تاڭ سەنزاڭ يوقىلىپ كەتتى .

— ئۇستازنى كىم بۇلاپ كەتتى ؟ — دەپ سورىدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— بىر ئايال شامال چىقىرىپلا ئۇستازنى ئۇچۇرۇپ كەتتى ، — دېدى شا ۋۇجىڭ .

سۇن ۋۇكۇڭ بىرلا موللاق ئېتىپ بۇلۇتنىڭ بىر بۇرجىكىگە قوندى - دە ، قولىنى كۆزىگە سايىۋەن قىلىپ قارىۋىدى ، بىر قويۇن غەربىي شىمال تەرەپكە غۇيۇلداپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى . ئۇ دەرھال كەينىگە قاراپ :

— بۇرادەرلەر ، چاپسان قېشىمغا چىقىڭلار ، ئۇستازغا يېتىشىۋالايلى ! — دېدى . جۇ باجيې بىلەن شا ۋۇجىڭ دەرھال يۈك - تاقلارنى ئاتقا ئارتىپ بىر موللاق ئېتىپلا ئاسمانغا چىقىۋالدى .

ئاياللار دۆلىتىنىڭ ۋەزىر - ۋۇزرالىرى ۋە چوڭلىرى ھودۇقۇپ كېتىپ توپىغىلا تىز چۆكتى - دە :

— كۆپكۆندۈزدە ئۇچقان ئارخاتلاردىن قورقۇپ كەتمىسىلە ، ئالىيلىرى . تاڭ شاھىنىڭ ئىنىسىمۇ تەرىقەتچى بۇددا مۇخلىسى ئىكەن . بىز كۆزى ئوچۇق كورلار ئۇنى خاتا ھالدا جۇڭخۇا ئوغلانى ،

دەپ ئويلاپ، ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز ئىش تېپىپتىمىز. قېنى، مەيگە ئولتۇرسىلا، قايتىپ كېتەيلى، — دېيىشتى. ئايال پادىشاھ تولىمۇ خىجىل بولدى. ئۇلارنىڭ بىرلىكتە قانداق قايتقانلىقى شۇ جايدا تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەلقىسسە، سۇن ۋۇكۇڭ بىلەن ئۇنىڭ بۇرادەرلىرى بۇلۇتقا ئولتۇرۇپ ھېلىقى قويۇننىڭ كەينىدىن كەلدى. بىر ئېگىز تاغقا كەلگەندە قويۇن تارقىلىپ كەتتى. قويۇننىڭ قەيەرگە غايىب بولغانلىقىنى بىلگىلى بولمىدى. ئۇلار بۇلۇتتىن چۈشۈپ يول بىلەن مېڭىشتى، توسۇققا ئوخشىشىپ كېتىدىغان كۆك تاشلار ئارىسىدىن يورۇق كۆرۈندى، ئاتنى يېتىلەپ ئايلىنىپ ئۆتۈپ، تاش توسۇقنىڭ كەينىدە ئىككى قاناتلىق تاش ئىشىككە ۋە ئىشىك ئۈستىدىكى «زەھەرلىك تاش باربىت غارى» دېگەن يوغان خەتلەرگە كۆزى چۈشتى. جۇ باجيې ھېچنېمىنى بىلمەي تۇرۇپلا بېرىپ ئىشىكنى قاقماقچى بولغانىدى، سۇن ۋۇكۇڭ دەرھال توسۇۋالدى:

— ئالدىرىما بۇرادىرىم، بۇ ئىشىكنى كۆرگەن بىلەن ئۇنىڭ ئىچى قانداقلىقىنى بىلمەيمىز. مەن ئاۋۋال كىرىپ بۇنىڭ راست - يالغانلىقىنى بىلىپ چىقاي، ئاندىن بىر ئىش قىلايلى.

— بەللى! شۇنداق بولسۇن! ئالدىراشلىقتا ئەقىل تېپىلدى، كىچىكىدىن چوڭى تېپىلدى، دېگەن شۇ، — دېدى شا سېڭ ۋە جۇ باجيې ئىككىسى ئاتنى يېتىلەپ كەينىگە ياندى.

سۇن ۋۇكۇڭ كارامىتىنى كۆرسىتىپ، ئەپسۇن ئوقۇپ بىر سىلكىنىۋىدى، ھەسەل ھەرىسىگە ئايلاندى. ئۇ ئىشىكنىڭ قىسىلچىقىدىن كىرىپ ئىككى قات ئىشىكتىن ئۆتتى. يوغان سارايىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھەشەمەتلىك شىپاڭدا بىر ئايال ئالۋاستى ئولتۇراتتى. ئوڭ - سول ئىككى تەرىپىدە رەڭدار، ئېسىل كىيىم كىيىپ، چېچىنى ئىككى چېكىسىگە يۇمىلاقلىۋالغان قىزلار تۇراتتى. ھەممە ناھايىتى خۇشال، نېمە ھەقتىدۇر پاراڭلىشىۋاتاتتى. سۇن ۋۇكۇڭ ئاستا ئۇچۇپ كېلىپ شىپاڭنىڭ

روجىكىگە قونۇپ ئۇلارنىڭ پارىڭىغا قۇلاق سالدى. چىرايىدىن تېخى بالىلىقى چىقىپ تۇرغان پاخماق باش ئىككى قىز ئىككى پەتنۇسقا پۇرقىراپ ھورى چىقىپ تۇرغان مانتا ئېلىپ شىپاڭغا كەلدى ۋە:

— خان ئانا، بىر پەتنۇستىكى ئىچىگە ئادەم گۆشى سېلىنغان مانتا، يەنە بىر پەتنۇستىكى گۆشسىز مانتا، — دېدى.

— قىزلىرىم، تاڭ شاھىنىڭ ئىنىسىنى ئاچقىڭلار، — دېدى ئايال ئالۋاستى كۈلۈپ.

رەڭدار، ئېسىل كىيىملىك بىرنەچچە قىز ئارقىدىكى ئۆيگە كىرىپ تاڭ سەنزاڭنى يۆلەپ ئاچىقتى. ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ، لەۋلىرى ئاقىرىپ كەتكەن، كۆزلىرى قىزىرىپ ياش قۇيۇلۇپ تۇراتتى.

سۈن ۋۇكۇڭ ئىچىدە خۇرسىنىپ: «ئۇستازىم زەھەرلىنىپ قاپتۇ!» دېدى.

ئالۋاستى شىپاڭدىن چۈشۈپ ئۇنى تارتىپ تۇرۇپ:

— كۆڭلىڭىزنى توق تۇتۇڭ بېگىم، بۇ يەر ئاياللار دۆلىتىنىڭ ئوردىسىدەك ئالىيتە، ھەشەمەتلىك بولمىغان بىلەن كەڭ كۇشادە، ئازادە، ئىبادەت قىلىپ، كىتاب كۆرۈشىڭىزگە قولايلىق. مەن سىزگە جورا بولاي، ئۆمۈرۋايەت ئىناق ئۆتەيلى، — دېدى. تاڭ سەنزاڭ ئۈنچىقمىدى.

— قايغۇرماڭ، — دېدى ئالۋاستى يەنە، — ئاياللار دۆلىتىدىكى زىياپەتتە مەن سىزنىڭ غىزاغا ئېغىز تەگكۈزمىگەنلىكىڭىزنى ئوبدان بىلىمەن. مانا بۇ ئىككى پەتنۇستىكى گۆشلۈك ۋە گۆشسىز تاماق. خالىغىنىڭىزنى يەپ ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ.

تاڭ سەنزاڭ ئۇندىمەستىن ئويغا چۆمدى: «ناۋادا گەپ قىلماي، تاماق يېمەي تۇرۇۋالسام، بۇ ئالۋاستى ئالۋاستىلىقىنى قىلىپ ماڭا زىيانكەشلىك قىلىشى مۇمكىن، قانداق قىلسام بولار؟ ... ئۈچ شاگىرتىم بۇ يەرگە قامالغىنىمنى بىلمەيدۇ. ناۋادا زىيانكەشلىككە ئۇچرىسام، ھاياتىمدىن ئايرىلسام قانداق گەپ

بولدى؟...» ئۇنىڭ كاللىسىغا ئوبدانراق چارە كەلمىدى. ئۇ نائىلاج ئۆزىنى تېتىك تۇتۇپ:
— گۆشلۈكى قانداق غىزا، گۆشسىزچۇ؟ — دېدى.
— گۆشلۈكى ئىچىگە ئادەم گۆشى سېلىنغان مانتا، گۆشسىزى ئىچىگە يوپۇرماق سېلىنغان مانتا، — دېدى ئالۋاستى.
— يېقىن گۆشسىز غىزا يەيمەن، — دېدى تاڭ سەنزاڭ.
— قىزلار، قىزىق چاي كەلتۈرۈڭلار، بېگىم بىلەن ئولتۇرۇپ گۆشسىز مانتا يەي، — دېدى ئالۋاستى كۈلۈپ.
بىر قىز خۇش پۇراق چاي ئەكېلىپ تاڭ سەنزاڭنىڭ ئالدىغا قويدى. ھېلىقى ئالۋاستى بىر گۆشسىز مانتىنى ئىككى بۆلەك قىلىپ تاڭ سەنزاڭغا سۇندى. تاڭ سەنزاڭ گۆشلۈك مانتىنى پۈتۈن پېتى ئالۋاستىغا ئۇزاتقانىدى، ئالۋاستى:
— تەقسىر، نېمىشقا بۇنى ماڭا ئىككى بۆلەك قىلىپ بەرمەيسىز؟ — دېدى.
— مەن راھىب، گۆشلۈك غىزانى پارچىلىسام بولمايدۇ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ.
— سىز راھىب ئىكەنسىز، گۆشلۈك غىزانى پارچىلىسىڭىز بولمايدىكەن، ئۇنداق بولسا ئەجەبا ئالدىنقى كۈنى ئانا دەريا بويىدا ئېقىن سۈيى ئىچتىڭىز، بۈگۈن يەنە يوپۇرماق ئارىلاشتۇرۇلغان مانتىنى يېدىڭىزغۇ؟
— ئېقىن سۇدا كېمە تېز يۈرىدۇ، قۇمدا ئات ئاستا يۈرىدۇ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ.
سۇن ۋۇكۇڭ روجەكتە تۇرۇپ ئىككىيلەننىڭ قىزىق پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئۇستاز ھاۋايى نەپسىنى تۇتۇۋالالماي قالمىسۇن يەنە، دېگەن ئەندىشە بىلەن ئۆزىنى ئاشكارىلاپ، تۆمۈر كالتىكىنى تەڭلەپ توۋلىدى:
— ھوي رەسۋا، شەرمەندە!
ئالۋاستى شۇئان بىر پۈۋلەپ ئاغزىدىن تۇتەك چىقىرىپ، رەڭدار شىپاڭنى تۇتەككە چۈمكىۋەتتى ـ دە:

— قىزلار ، دەرھال شاھ ئىنىسىنى ئەكېتىڭلار ! — دېدى . ئانـدىـن ئـۈچ تىللىق پولات ئارىنى ئېلىپ سەكرەپلا ئايۋاننىڭ ئىشىكىگە چىقىپ تىل سالدى ، — ھوي بەدبەخ ! قەسىرىمگە كىرىپ ئوغرىلىقچە چىرايىمغا كۆز سېلىشقا قانداق پېتىندىڭ ! قاچما ! خان ئاناڭنىڭ ئارىسىنى تېتىپ باق !

سـۈن ۋۇكـۇڭ تۆمـۈر كـالـتىكى بىلەن ئېلىشىپ تۇرۇپ چېكىندى .

ئىككىيلەن جەڭ بىلەن سىرتقا چىقتى . تاش توسۇقنىڭ ئالدىدا ساقلاپ تۇرغان جۇ باجيې ، شاسېڭ ئېلىشىۋاتقانلارنى كۆردى . جۇ باجيې ھاپىلا - شاپىلا ئاق ئاتنى يېتىلەپ كېلىپ شاسېڭغا :

— ۋۇ جىڭ ، سەن يۈك - تاق ، ئاتقا قاراپ تۇرغىن . مەن بېرىپ سۈن ۋۇكۇڭغا ھە - پە دېيىشىپ بېرەي ، — دېدى . جۇ باجيې قالتىس جۇمۇ ! ئۇ تىرنىنى ئىككى قوللاپ كۆتۈرۈپ سۈرەن سالدى :

— بۇرادىرىم ، كەينىڭگە يان . بۇ پەسنىڭ جاجىسىنى مەن بېرەي !

ئالۋاستى جۇباجيېنىڭ ياردەمگە كەلگىنىنى كۆرۈپ ، يەنە بىر پۇۋلىگەنىدى ، بۇرنىدىن ئوت ، ئاغزىدىن تۈتەك چىقتى . ئۇ بىر سىلكىنىۋېتىپ يەنە ئۈچ تىللىق ئارىسىنى ئوينىتىشقا باشلىدى . ئالۋاستىنىڭ گويا سانسىزلىغان قولى باردەك ئىدى . ئۇ ھارماي دومىلايتتى ، سۈن ۋۇكۇڭ بىلەن جۇ باجيې ئۈنىڭغا ئىككى ياقتىن ھۇجۇم قىلاتتى .

— سـۈن ۋۇكـۇڭ ، ئـىـشـىڭ چاتاق ! چۈنكى مەن سېنى تـونـۇيـمـەن ، سـەن مـېـنـى تـونـۇمـايـسـەن . گـۆھـەرنـېـشىن ئـىـبـادەتـخانىسىدىكى بۇددا تاتھاگاتودىنمۇ قورقمايمەن . ئىككىڭ مېنىڭ بىر تال مويىمغىمۇ تەڭ كېلىشەلمەيسەن ! قېنى كېلىش ، كـۆزۈڭـنى يوغانراق ئېچىپ ئوبدانراق كۆرۈۋېلىپ ئاندىن مـەن بـىـلـەن ئـېلىش ! — دېدى ئالۋاستى . ئۇلارنىڭ شىددەتلىك ئېلىشىشلىرى بەئەينى مۇنۇ تەسۋىردىكىدەك بولدى :

*يامان ئىدى ئالۋاستىنىڭ ھەيۋىسى ،*
*دەرغەزەپكە كەلگەندى مايمۇنلار پادشاھى .*
*كۆرسىتىشچۈن ئالدىراپ ئەجرە ـ تۆھپە ،*
*تىرنا بىلەن جەڭگە كىردى پەلەكنىڭ سىپھدارى .*
*ئىشقا سالدى ئالۋاستى بار ھۈنەرنى ،*
*ئالدى تۇمان ئىلكىگە ئىككى ئالدىراڭغۇنى ؛*
*دۈشمەن ئەمەس ئاي بىلەن كۈن بىر ـ بىرىگە ،*
*جاسارەتتە ئىككى تەرەپ كىردى جەڭگە .*
*زەھەرلىك تاغ ئالدىدا يول قويۇشمىدى .*
*باربىت غار تېشىدا رەھىم بولمىدى .*
*يەر ۋە ئاسمان ئىختىيارسىز لەرزىگە كەلدى ،*
*ئاي بىلەن كۈن يوقىتىپ نۇرىن خىرەلەشتى .*

ئۇچەيلەن شۇ تەرىقىدە ناھايىتى ئۇزاق ئېلىشتىيۇ ، بىر ـ بىرىنى يېڭەلمىدى . ئالۋاستى بىر موللاق ئېتىپ زەھەرلىك بىگىزىنى ئالدى ـ دە ، تۇيدۇرماستىن سۈن ۋۇكۇڭنىڭ بېشىغا سانجىدى . سۈن ۋۇكۇڭ «ۋايجان» دېگىنىچە ئاغرىققا چىدىيالماي بېشىنى چاڭگاللاپ ئۆزىنى چەتكە ئالدى . ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرگەن جۇ باجىي تىرنىسىنى سۆرەپ چېكىندى . ئالۋاستى غەلىبە قۇچۇپ پولات ئارىسىنى يىغىشتۇردى .

سۈن ۋۇكۇڭ بېشىنى چاڭگاللاپ ، چىرايىنى پۈرۈشتۈرگىنىچە «ۋايجان ! ئەجەب ئاغرىدى !» دەپ ۋايساپ كەتتى . جۇ باجىي ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ .

— ئاغا ، راسا ئېلىشىۋاتقاندا ئەجەب نالە ـ پەرياد قىلىپ كەتتىڭىزغۇ ؟ — دەپ سورىدى .

سۈن ۋۇكۇڭ بېشىنى چاڭگاللىغان پېتى :

— ۋايىيەي ! بەك ئاغرىۋاتىدۇ ، ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ ! — دەپ توۋلاۋەردى .

— بەلكى بېشىڭىزنىڭ ئاغرىقى قوزغىلىپ قالغاندۇ ، — دېدى

شاسپك .

— ياق ! ياق ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ سەكرەپ تۇرۇپ .

— ئاغا ، جاراھەتلەنگەندەك تۇرمايسىز ، ئەمما بېشىم ، بېشىملا دەيسىز ، بۇ نېمە بولغىنى؟ — دېدى جۇ باجيې .

— چىدىيالمايۋاتىمەن ! بولالمايۋاتىمەن ! ئۇنىڭ بىلەن تازا تۇتۇشۇۋاتقاندا ، ئۇنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرغىنىمنى كۆرۈپ ، ئۇ بىر موللاق ئاتتى ـ دە ، نېمىنىدۇ بىرنەرسىنى بېشىمغا تىقىۋەتتى . شۇنىڭ بىلەن بېشىمغا مۇشۇنداق قاتتىق ئاغرىق كىرىپ كەتتى ؛ شۇڭا ئېلىشماي يېنىپ چىقتىم ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— تىنچ تۇرغاندا ھەمىشەم بېشىم قالتىس پىشىپ كەتتى دەۋاتاتتىڭىز ، ئەجەب بىرنەرسە سانجىلغانغا بېشىڭىزنىڭ خاسىيىتى ئۇچۇپ كېتىپتۇغۇ؟ — دېدى جۇ باجيې كۈلۈپ .

— شۇ گەپ ئەمەسمۇ ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ، — بېشىم راستىنلا قالتىس پىشقان باش ئىدى . ئەرشنى مالىمان قىلغاندا تەڭرىلەر بېشىمنى چاپقان ، كەسكەن ، چاقماقتا ئۇرغان ، ئوتتا كۆيدۈرگەن ؛ ئەرش پېشىۋاسى مېنى سەككىز رەملىك جادۇ ئوچىقىغا تىققان ، شۇ تەرىقىدە قىرىق توققۇز كۈن چېنىقىپ زەررىچە زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىمىغان . بۈگۈن بۇ دەللە قانداق قورالنى ئىشقا سالدى بىلمىدىم ، بېشىمنى زەخىملەندۈرۈپ قويدىغۇتاڭ ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— ئەكېلىڭا قولىڭىزنى ، مەن بىر قاراپ باقاي ، يېرىلغان بولمىسۇن يەنە ، — دېدى شاسېڭ .

— يېرىلمىدى ! يېرىلمىدى ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— ئاغا ، ھامىلدار بولۇشنىڭ ئالدىدا ۋە تەۋەللۇت قىلغاندىن كېيىن مەن كېسەلدىن پۇتۇنلەي خالىي بولدۇم . ئەمما ، سىز ساقايماس باش ئاغرىقىغا قالدىڭىز ، — دېدى جۇ باجيې كۈلۈپ .

— ئىككىڭلار چاقچاقنى قويۇڭلار . كەچ بولۇپ قالدى . ئاغامنىڭ بېشى زەخىملەندى ، ئۇستازنىڭ ھالى نېچۇك ، قانداق قىلىدىغان ئىش؟ — دېدى شاسېڭ .

— ئۇستاز ھېچ نەرسە بولمىدى. بايا مەن ھەسەل ھەرىسى بولۇپ ئىچكىرىگە كىرىپ قارىسام ھېلىقى دەللە شىپاڭدا ئولتۇرۇپتۇ. بىرئازدىن كېيىن ئىككى چاكىرى ئىككى تەخسىدە مانتا كۆتۈرۈپ چىقتى. بىر پەتنۇستىكى ئادەم گۆشى سېلىپ پىشۇرۇلغان مانتا، يەنە بىر پەتنۇستىكى پۇرچاق سېلىپ پىشۇرۇلغان مانتا ئىكەن. تاماق يەپ ئۆزىنى سەل توختىتىۋالسۇن دەپ، ئىككى قىز ئۇستازنى يۆلەپ ئاچىقتى، كەينىدىن ئۇستازغا ھەمراھ بولۇشتى. ئۇستاز باشتا ئۇ دەللىگە گەپ قىلمىدى، مانتىنىمۇ يېمىدى؛ كېيىن ئۇنىڭ ياغلىما گەپلىرىگە ئېرىپ كەتتىمۇ بىلمىدىم، نېمىشقىدۇر، مەن گۆشسىز تاماق يەيمەن، دېدى. دەللە دەرھال گۆشسىز مانتىنى ئىككى پارچە قىلىپ ئۇستازغا بەردى. ئۇستاز گۆشلۈك مانتىنى ئېلىپ پۈتۈن پېتى ئۇ دەللىگە بەرگەندى. ئۇ: «نېمىشقا پارچىلاپ بەرمەيسىز؟» دېدى. ئۇستاز: «مەن راھىب ئادەم، گۆشلۈك غىزانى پارچىلىسام بولمايدۇ» دېدى. ئۇ دەللە: «گۆشلۈك غىزانى پارچىلىمايمەن، دەيسىز، ئەجەب ئانا دەريا بويىدا ئېقىن سۈنى ئىچتىڭىز، بۇگۈن يەنە پۇرچاق ئارىلاشتۇرۇلغان مانتىنى يېدىڭىزغۇ؟» دېدى. ئۇستاز بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەستىن: «ئېقىن سۇدا كېمە تېز يۈرىدۇ، قۇمدا ئات ئاستا يۈرىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. شىپاڭنىڭ روجىكىدە تۇرۇپ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇستاز ھاۋايى نەپسىنى تۇتۇۋالالماي قالمىسۇن يەنە، دېگەن ئەندىشە بىلەن ئۆزۈمنى ئاشكارىلاپ كالتىكىمنى تەڭلىدىم. ئۇ دەللە كارامىتىنى كۆرسىتىپ ئاغزىدىن تۈتۈن چىقىرىپ تۇرۇپ: «شاھ ئىنىسىنى ئەكېتىڭلار» دەپ ۋارقىرىدى- دە، پولات ئارىسىنى ئالدى، مەن بىلەن ئېلىشىپ غاردىن چىقتى، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— بۇ پەسەندە بىزگە قەيەرلەردىن ئەگىشىپ كەلگەن بولغىيدى، ھېلىقى ئىشلارنى ئەجەب بىلىۋاپتۇ- ھە، — دېدى شا سېڭ بارمىقىنى چىشلەپ.

— بۇنىڭدىن قارىغاندا، بىزگە ئارامچىلىق يوق ئىكەن- دە؟

ئۇنداق بولسا كېچە دېمەي بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشايلى، بىكار ئۇستازىمىزنى كولدۇرلىتىپ ئويىنىمىسۇن ئۇ نېمە، — دېدى جۇ باجيې.

— بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ. بارمايمەن، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— بولدى ئېلىشمايلى، — دېدى شاسېڭ، — بىرىنچىدىن، ئاغىمىزنىڭ بېشى ئاغرىۋاتىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئۇستازىمىز جىنگ راھىب، ھەرگىزمۇ كەلسە - كەلمەس ئىش قىلىپ تېنىنى بۇلغىمايدۇ. تاغنىڭ باغرىدا پاناھ جاي تېپىپ بۇ كېچىنى ئۆتكۈزەيلى، دېمىمىزنى ئالايلى، ئەتە مەسلىھەتلىشىپ كۆرەيلى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇچەيلەن ئاق ئاتنى يېتىلەپ، يۇك - تاقلارغا كۆز - قۇلاق بولۇپ تاغ باغرىدا ئارام ئېلىشقا ماڭدى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

ئەلقىسسە، ئالۋاستى دەللە ياۋۇزلۇقىدىن يېنىپ قايتىدىن خۇشال - خۇرام قىياپەتكە كىردى ۋە:

— قىزلار، ئالدى - ئارقا ئىشىكلەرنى چىڭ تاقاڭلار، — دېدى. يەنە ئىككى ياساۋۇلنى سۇن ۋۇكۇڭدىن مۇداپىئەلىنىشكە قويدى. ئىشىك تاراق قىلغان ھامان كېلىپ خەۋەر قىلىشنى تاپىلىدى، ئاندىن:

— قىزلار ياتاق ئۆيۈمنى چىرايلىق يىغىشتۇرۇپ، شام يېقىپ، خۇش - پۇراق قىلىپ قويۇپ، ئاندىن تاڭ دۆلىتى شاھىنىڭ ئىنىسىنى ئەكىرىڭلار، — دېدى.

تاڭ سەنزاڭنى ئارقا ئۆيدىن ئاچىقىشتى. ئالۋاستى مىڭ تۈرلۈك خۇلق چىقىرىپ، تاڭ سەنزاڭنى قولتۇقلاپ ناز بىلەن:

— «كۆڭۈل خۇشى پۇل ئەمەس ئادەم» دېگەن گەپ بار ئىكەن. كېلىڭ، ئىككىمىز ئەر - خوتۇن بولۇپ، بىر پەس كۆڭۈل ئاچايلى، — دېدى.

تاڭ سەنزاڭ چىشىنى چىشلەپ گەپ - سۆز قىلمىدى. دېگىنىنى قىلمىسام، جېنىمغا قەست قىلمىسۇن، دەپ قورقۇپ،

لاغ ـ لاغ تىترىگەن ھالدا ئالۋاستىنىڭ كەينىدىن ھۇجرىغا كىردى. لېكىن، ئۇ ساراڭ دەلدۈشتەك بېشىنى يەردىن كۆتۈرمىدى، ھۇجرىغا ۋە ئورۇن ـ كۆرپە، چىملىدىقلارغا نەزەرمۇ سالمىدى. نەچچە ساندۇقتا پەرداز بۇيۇمى بارلىقىنىمۇ ئۇقمىدى. ئالۋاستىنىڭ شېرىن ـ شېكەر گەپلىرىگىمۇ قۇلاق سالمىدى. تۈن تەڭ بولغۇچە تاڭ سەنزاڭ ئۇنىڭغا يېقىن يولىمىدى. ئالۋاستى ئۇنى ئۇيان تارتقۇشلاپ، بۇيان تارتقۇشلاپ كەتسىمۇ، زادىلا ئۇنىمىدى. تۈن تەڭ بولغاندا ئالۋاستى غەزەپكە كەلدى ـ دە:

— قىزلار، ئارغامچا ئەكېلىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى. ئالۋاستىچاقلار بىچارە تاڭ سەنزاڭنى باغلاپ قەپەسكە چۈشكەن شىردەك قىلىۋېتىشتى. ئارقىدىن سۆرەپ دالانغا ئاچىقىۋېتىشتى. كۈمۈش شامدانىدىكى شاملار ئۆچۈرۈلۈپ، ھەركىم ئۆز جايىغا بېرىپ ياتتى. كېچىچە باشقا گەپ ـ سۆز بولمىدى.

ھەش ـ پەش دېگۈچە توخۇ ئۈچ قېتىم چىللاپ بولدى. تاغ باغرىدا تۈنىگەن سۈن ۋۇكۇڭ كېرىلىپ ـ سوزۇلۇپ:

— بېشىم بىرمەھەل تازا ئاغرىدى. ئەمدى ئاغرىق پەسلەپ، ئازراق قىچىشىۋاتىدۇ، — دېدى.

— قىچىشىۋاتقان بولسا ئالۋاستى ھېلىقى نېمىسىنى يەنە بىر سانجىپ قويسا قانداق؟ — دېدى جۇ باجيې كۈلۈپ.

— ماڭ! ماڭ! ئىشىڭنى قىل! — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭغا تۈكۈرۈپ.

— تاكاللاشماڭلار، تاڭمۇ ئاتتى، بېرىپ ھېلىقى ئالۋاستىنى تۇتايلى، — دېدى شاسېڭ.

— بۇرادەر، سەن بۇ يەردە ئاتتىن خەۋەر ئېلىپ ئاتلىنىشقا تەييار بولۇپ تۇرغىن، جۇ باجيې مەن بىلەن بارسۇن، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ.

جۇ باجيې قەددىنى رۇسلاپ، كىيىم ـ كېچەكنى تۈزەشتۈرۈپ سۈن ۋۇكۇڭنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. ئۇلار ئۆز قورالىنى ئېلىپ

بىر سەكرەپ قىياغا چىقتى ۋە ئۇدۇل بېرىپ تاش تۇسۇق تۈۋىگە كەلدى.

— سەن تۇرۇپ تۇرغىن. بۇ ئالۋاستى كېچىچە ئۇستازغا زىيان زەخمەت قىلدىمۇ ـ قانداق، ئاۋۋال مەن كىرىپ ئۇقۇپ چىقاي، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

سۇن ھەزرەت جۇ باجيې بىلەن خوشلىشىپ تاش تۇسۇقنى ئايلىنىپ ئۆتتى ـ دە، بىر سىلكىنىپلا ھەسەل ھەرىسىگە ئايلىنىپ ئىچكىرىگە كىردى. قارىسا ئىچكىرىدە ئىككى قىز قوغۇراقنى بېشىغا قويۇپ ئۇخلاۋاتاتتى. شىپاڭغا بېرىپ قارىسا، ئالۋاستى تاڭ ئاتقاننى تۇيماي غەرق ئۇيقۇدا ئىدى. سۇن ۋۇكۇڭ ئۇچۇپ ئارقا تەرەپكە ئۆتكەندە تاڭ سەنزاڭنىڭ ئىڭرىشىنى ئاڭلىدى. بېشىنى كۆتۈرۈپ تۆت ئاتىنىڭ پۇتىغا باغلاپ قويۇلغان ئۇستازىنى كۆردى ـ دە، ئاستا بېرىپ ئۇنىڭ بېشىغا قونۇپ: «ئۇستاز!» دەپ تولدى.

تاڭ سەنزاڭ ئۇنىڭ ئاۋازىنى تونۇپ:

— سۇن ۋۇكۇڭ، كەلدىڭمۇ؟ مېنى تېز قۇتۇلدۇرۇۋالغىن! — دېدى.

— كېچىدە نېمە ئىشلار بولدى؟ — دەپ سورىدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— مەن زادىلا ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلمىدىم! مېنىڭ بوي ئەگمىگەنلىكىمدىن ئۇ قاتتىق غەزەپكە كېلىپ مېنى باغلىتىپ مۇشۇ يەرگە تاشلاپ قويدى. سەن مېنى چوقۇم قۇتۇلدۇرۇۋالغىن. غەربكە بېرىپ نومنى ئەكېلەي! — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

بۇ ئىككىيلەننىڭ گەپ ـ سۆزلىرى ئالۋاستىنى ئويغىتىۋەتتى. ئۇ ئۆرۈلۈۋېتىپ «نومنى ئەكېلەي» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ قالدى ـ دە، كارىۋاتتىن چاچراپ تۇرۇپ زەردە بىلەن ۋارقىرىدى:

— بىر ئوبدان ئەر ـ خوتۇن بولايلى دېسەم ئۇنىمايسەن، نوم ئەكېلىشنى كىم قويۇپتۇ ساڭا؟

تەمتىرەپ قالغان سۇن ۋۇكۇڭ ئۇستازىنى تاشلاپ تاشقىرىغا

ئۇچۇپ چىقتى ـ دە ، ئەسلىي قىياپىتىگە كىردى ۋە «جۇ باجىي» دەپ توۋلىغاندى ، ئۇ تاش توسۇقنى ئايلىنىپ كېلىپ سورىدى :
— ھېلىقى ئىش قانداق بوپتۇ ؟
— ئاقماپتۇ ؟ بولماپتۇ ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ .
— ئۇستاز ئالۋاستىنىڭ دېگىنىنى زادىلا قىلماپتىكەن . ئالۋاستى ئۇنى باغلىتىۋېتىپتۇ . ئۇستاز ماڭا شۇ ئىشلارنى دەپ بېرىۋاتقاندا ئالۋاستى ئويغىنىپ قالدى . مەن تەمتىرەپ كېتىپ قېچىپ چىقتىم .
— بەللى ! يارايدۇ ! ئۇ جىڭ راھىب ئىكەن ! بىز ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋالايلى ، — دېدى جۇ باجىي كۈلۈپ .
جۇ باجىي ئۇنىڭ گەپ ـ سۆز قىلماستىن تىرنىسىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ ئىشىكنىڭ بېشىغا بار كۈچى بىلەن بىر سېلىۋىدى ، گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ تاش ئىشىك بىرنەچچە پارچە بولۇپ كەتتى . ئالۋاستى ئۆيدىن چىقىۋاتقاندا تۆت ـ بەش قىز يۈگۈرۈپ كېلىپ :
— خان ئانا ، تۇنۇگۈنكى بەتبەشىرە ئىككى ئەر يەنە كېلىپ ئالدى ئىشىكنى چېقىۋەتتى ، — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى .
بۇنى ئاڭلىغان ئالۋاستى دەرھال :
— قىزلار ! سۇ قاينىتىپ ، يۈز ـ كۆزۈڭلارنى يۇيۇڭلار ، بېشىڭلارنى تاراپ ياسىنىپ تۇرۇڭلار ، شاھنىڭ ئىنىسىنى ئارقىدىكى ئۆيگە ئەكىرىۋېتىڭلار ، مەن چىقىپ ئۇلار بىلەن ئېلىشىمەن ، — دېدى .
ئالۋاستى ئۈچ تىللىق ئارىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ تىل سالدى :
— يۈزى قېلىن مايمۇن ! ھارامدىن بولغان چوشقا ! ئۆزىنى بىلمەيدىغان پەسلەر ! ئىشىكىمنى چېقىشقا قانداق جۈرئەت قىلىشتىڭ ؟
— ھۇ شەرمەندە رەسۋا ! ئۇستازىمنى باغلاپ قويۇپ يەنە تېخى ئاغزىڭنى بۇزۇۋاتامسەن ؟ ئۇستازىمنى سەن ئالداپ ئەكېلىپ ئەر قىلماقچى بولدۇڭ . دەرھال ئۇنى قويۇۋېتىپ كەچۈرۈم سورا . ياق

دەيدىكەنسەن ، ئاكاڭ قارىغاي ئۆي ـ جايىڭنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇۋېتىمەن ! — دەپ تىللىدى جۇ باجىي .

ئالۋاستى گەپ قىلماستىن بىر سىلكىنىپ تۇنۇگۇنكىدەك ئاغزى ـ بۇرنىدىن ئىس ـ تۈتەك ، ئوت چىقاردى ، ئارىسىنى جۇ باجىيغا سانجىدى . جۇ باجىي شاققىدە ئۆزىنى قاچۇرۇپ تىرنىسىنى ئۆينىڭ تېمىغا تىقتى . سۇن ۋۇكۇڭمۇ تۆمۈر كالتىكى بىلەن ھەمدەملەشتى . ئالۋاستى يەنە كارامىتىنى كۆرسىتىپ بىرمۇنچە قول چىقاردى ـ دە ، تەرەپ ـ تەرەپنى توسۇشقا باشلىدى . بىرقانچە نۆۋەت تۇتۇشقاندىن كېيىن نېمىدۇر بىرنەرسە جۇ باجىينىڭ لېۋىگە سانجىلدى . ئۇ تىرنىسىنى سۆرەپ ، ئاغزىنى تۇتقان پېتى ئۆزىنى چەتكە ئالدى . سۇن ۋۇكۇڭمۇ ئالۋاستىدىن قورقۇپ قالدى ـ دە ، تۆمۈر كالتىكىنى بىرلا شىلتىپ قويۇپ يولىغا راۋان بولدى . ئالۋاستى غەلىبە بىلەن قايتتى ، قىزلارغا ئالدى ئىشىكنى تاش بىلەن توسۇشقا بۇيرۇدى . بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن .

ئەمدى گەپنى بۇ ياقتىن ئاڭلاڭ . شا ۋۇجىڭ شەيخ دۆڭلۈكتە ئات بېقىۋاتاتتى . جۇ باجىينىڭ ئىڭرىشىنى ئاڭلاپ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسا ، ئۇ ئاغزىنى چاڭگاللىغىنىچە ئىڭراپ كېلىۋاتاتتى .

— نېمە بولدى ؟ — دەپ سورىدى شاسېڭ .

— ۋاي ئاللا ! ۋايجان ! ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ ! — دەپ ئىڭراپ كەتتى جۇ باجىي . گەپنىڭ ئايىغى چۈشمىگەندى ، سۇن ۋۇكۇڭ يېتىپ كېلىپ :

— ھوي ھاماقەت ! تۈنۈگۈن مېنى ساقىيماس باش ئاغرىقىغا قالدىڭ ، دەۋاتاتتىڭ ، بۈگۈن ئۆزۈڭنىڭ ئاغزىڭمۇ ۋابا چاپلىشىپتۇغۇ ! — دېدى كۈلۈپ .

— چىدىيالمايۋاتىمەن ! بەك ئاغرىۋاتىدۇ ! ۋايجان ! ۋاي توۋا ! — دەپ نالە قىلدى جۇ باجىي .

بۇ ئۈچەيلەن قىيىن ئەھۋالدا تۇرغاندا ، تاغنىڭ جەنۇبىدىن

كۆك بامبۇك سىۋەتتە كۆكتات كۆتۈرگەن بىر موماي چىقىپ كەلدى .

— ئاغا ، موماي يېقىن كەلگەندە ئۇنىڭدىن بۇ ئالۋاستىنىڭ كىملىكىنى ، ئادەمنى بۇنچە زەخىملەندۈرگەن قورالىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سوراپ باقايلى ، — دېدى شاسېڭ .

— سەن توختاپ تۇر ، مەن بېرىپ سوراپ كېلەي ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ . ئۇ كۆزىنى يوغان ئېچىپ قاراپ باش ئۈستىدە تۇرغان قۇتلۇق بۇلۇت ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى خۇشبۇي تۇمانغا كۆزى چۈشۈپ ، ئۇنى تونۇدى ـ دە :

— بۇرادەرلەر ، دەرھال باش قويۇڭلار ! بۇ موماي بۇدساتۋا ئىكەن ، — دېدى . جۇ باجيې ھولۇققان ھالدا ئاغرىققا چىداپ تەزىم قىلدى . شا ۋۇجىڭمۇ تەزىم بەجا كەلتۈردى ، سۇن ۋۇكۇڭ تىز چۆكۈپ ، قوللىرىنى جۈپلەپ :

— مېھىر ـ شەپقەتلىك ، چەكسىز ھىممەتلىك ، غېرىپ ـ مىسكىنلەرنىڭ باشپاناھى ، مەرھەمەتلىك بۇدساتۋاغا سالام ، — دېدى .

بۇدساتۋا ئۇلارنىڭ ئۆزىنى تونۇغانلىقىنى بىلىپ قۇتلۇق بۇلۇتنى ھاۋادا توختىتىپ ئۆز ئەكسىگە ياندى . سۇن ۋۇكۇڭ ھاۋاغا چىقىپ ئۇنى تاۋاپ قىلغاندىن كېيىن :

— بۇدساتۋا ، شاگىرتىڭىزنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلغايسىز ! ئۇستازىمنى قۇتۇلدۇرۇش كويىدا بولۇپ كېتىپ ئۆزىڭىزنىڭ كەلگەنلىكىنى ئۇقماي قاپتىمەن ؛ ئالۋاستىغا يولۇقۇپ مۈشكۈل ئەھۋالدا قالدۇق . ئۆزىڭىزنىڭ شەپقەت قىلىپ بىزنى پاناھىڭىزغا ئېلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز ! — دېدى .

— بۇ ئىنتايىن يامان ئالۋاستى ، — دېدى بۇدساتۋا ، — ئۇنىڭ ئۈچ ئاچىلىق ئارىسىدىن ئىبارەت ئادەمگە سانجىلسا ئاغرىتىدىغىنى ئۇنىڭ قۇيرۇقىدىكى ئىلمەك ، ئۇنى «زەھەرلىك ئىلمەك» دەيدۇ . ئۇ ئەسلىي چايان ئالۋاستى ، ئۇ ئىلگىرى گۈھەرنېشىن ئىبادەتخانىسىدا تەرىقەت بىلەن شۇغۇللىناتتى . تاتھاگاتو بىلەن تازا

چىقىشالمايتتى . بىر قېتىم تاتىھاگاتو ئۇنى ئىتتىرىپ قويسا ، ئۇ زەھەرلىك ئىلمىكنى تاتىھاگاتونىڭ سول قولىنىڭ ئوتتۇرا بارمىقىغا سانجىۋەتتى . تاتىھاگاتو ئاغرىققا چىدىماي ۋاجرالارنى بۇيرۇپ ئۇنى شۇ زامات تۇتقۇزغانىدى . ئەمما ، ئۇ بۇ يەردە يوقۇپتۇ . تاڭ سېڭنى قۇتقۇلدۇرمىز دېسەڭلار ، باشقا بىرىگە مۇراجىئەت قىلىڭلار . چۈنكى مەنمۇ ئۇنىڭغا يېقىن كېلەلمەيمەن .

— بۇدساتۋا ، ئۆزىڭىز تەلىم بېرىڭ ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ قايتا تەزىم قىلىپ ، — كىمگە مۇراجىئەت قىلىمىز ؟ ئېيتىپ بەرگەيلا ، پېقىر بېرىپ ئۇنى چاقىرىپ كېلەي .

— سەن ئەرشىنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى ئىچىدىكى نۇرانە قەسىرگە بېرىپ سۇرەيىيا بەگكە[1] ئىلتىجا قىلساڭ ، چوقۇم مۇشكۇلۇڭ ئاسان بولىدۇ ، — دېدى بۇدساتۋا ۋە دەرھال نۇرغا ئايلىنىپ جەنۇبىي دېڭىزغا قايتىپ كەتتى .

سۇن ۋۇكۇڭ جۇباجيې بىلەن شاسېڭغا :

— خاتىرجەم بولۇڭلار ! ئۇستازغا باشپاناھ تېپىلدى ، — دېدى .

— باشپاناھ قەيەردە ئىكەن ؟ — دەپ سورىدى شاشېڭ .

— بايا بۇدساتۋا ماڭا سۇرەيىيا بەگنى چاقىرىپ كېلىشنى ئېيتتى . مەن شۇنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ كېلەي ، — دېدى .

— ئاغا ، سۇرەيىيا بەگدىن ئاغرىق توختىتىدىغان دورا ئالغاچ كېلىڭ ! — دېدى جۇ باجيې ئاغزىنى تۇتقان ھالدا ئىڭراپ .

— دورا ئىشلەتمىسەڭمۇ ، بىر كېچە ئاغرىپ توختاپ قالىدۇ ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— گەپنى ئاز قىلىڭ ، تېز بېرىپ تېز قايتىپ كېلىڭ ، — دېدى شا ۋۇجىڭ .

سۇن ۋۇكۇڭ دەرھال بۇلۇتقا چىقىپ يولغا راۋان بولدى . كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئارىلىقتا ئەرشىنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىغا

---

① ئەرشتىكى يۇلتۇزلار يىگىرمە سەككىز چوڭ تۇركۇمگە بۆلۈنگەن بولۇپ ، ھەربىر تۇركۇمنىڭ بىردىن بېگى بولىدۇ ، ئۇنى زېمىندىكى ئەختەرلەر نامى بىلەن ئاتايدۇ . ماۋرى ئەڭ چوڭ يۇلتۇزلار تۇركۇمىنىڭ بېگى .

يېتىپ كەلدى . ئۇستۇمتۇت ئۇنى پەلەك شاھى زېڭ جاڭ كۆرۈپ قېلىپ سالام قىلدى :

— سۇن ھەزرەت ، يول بولسۇن !

— تاڭ سېڭنى مۇھاپىزەت قىلىپ غەربكە بۇددا نومىنى ئالغىلى كېتىۋاتاتتىم . يولدا جىن ـ ئالۋاستىلارغا ئۇچراپ قالدىم ، شۇڭا نۇرانە قەسىرگە بېرىپ سۇرەيىيا بەگنى زىيارەت قىلاي ، دەپ كېلىۋىدىم ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ . شۇ ئەسنادا تاۋ ، جاڭ ، شىن ، دېڭ قاتارلىق تۆت سىپىھدار چىقىپ قېلىپ ئۇنىڭدىن قەيەرگە ماڭغانلىقىنى سورىدى .

— ئالۋاستىنى ئەل قىلىپ ئۇستازىمنى قۇتۇلدۇرۇپ قويارمىكىن ، دەپ سۇرەيىيا بەگنى ئىزدەپ كېلىۋىدىم ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— بەگ بۈگۈن تەڭرىتائالانىڭ ئەمرىگە بىنائەن يۇلتۇزلارنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن كۆزەت سۇپىسىغا چىقىپ كەتتى ، — دېدى تۆت سىپىھدار .

— بۇ گېپىڭىز راستمۇ ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— سەركەردىلەرمۇ ئۇنىڭ بىلەن قوتۇپ ئوردىسىغا چۈشۈپ كەتكەن تۇرسا ، يالغان سۆزلەشكە ھەددىمىز بارمۇ ؟ — دېدى شىن تيەن ھەزرەت .

— كەتكىلى ئۇزاق بولغان ، كېلىپمۇ قالغاندۇ . ئاۋۋال نۇرانە قەسىرگە بېرىپ بېقىڭ ؛ ناۋادا قايتمىغان بولسا ، ئاندىن كۆزەت سۇپىسىغا بېرىپ باقارسىز ، — دېدى تاۋ ھەزرەت .

سۇن ۋۇكۇڭ خۇش بولۇپ ئۇلار بىلەن خوشلاشتى ، ھايال ئۆتمەي ، نۇرانە قەسىرگە كېلىپ قارىغۇدەك بولسا ، ھېچكىم كۆرۈنمىدى ، ئۇ كەينىگە يېنىپ كېتىۋاتقاندا بىردىنلا بىرمۇنچە لەشكەر ۋە ئۇلارنىڭ كەينىدە كېلىۋاتقان يۇلتۇز بەگكە كۆزى چۈشتى . بەگ يۇرۇن سۇلتانىنى زىيارەت قىلغاندا كىيىدىغان ئوردا لىباسىنى كىيگەن بولۇپ ، ئۇستىبېشى يالتىراپ جۇلالىنىپ تۇراتتى . ئالدىنقى قاتاردىكى لەشكەر سۇن ۋۇكۇڭنى كۆرۈپلا

شاققىدە بۇرۇلدى ـ دە :

— بېگىم ، بۇ يەردە ئەۋلىيا ئەزەم سۇن ۋۇكۇڭ تۇرىدۇ ، — دەپ خەۋەر قىلدى .

يۇلتۇز بەگ قەددىنى رۇسلاپ كىيىملىرىنى تۈزەشتۈردى ـ دە ، لەشكەرلەرنى يېرىپ ئالدىغا ئۆتۈپ سالام بەردى :

— ئەۋلىيا ئەزەم ، قەدەم تەشرىپ قىلىپ قاپتىلىغۇ ؟

— ئۆزلىرىنى مالال قىلىپ ئۇستازنى قۇتۇلدۇرۇپ بېرەمدىكىن دەپ كەلدىم ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— قەيەردە ، نېمە مۈشكۈللۈككە يولۇقتۇڭلار ؟ — دەپ سورىدى بەگ .

— ئايالللار دۆلىتى تەۋەلىكىدىكى زەھەرلىك تاغنىڭ باربىت غارىدا ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— ئۇ غاردا قايسى ئالۋاستى بار ئىكەن ؟ پېقىرنى نېمىگە چاقىرىپ كەلدىلە ؟ — دېدى بەگ .

— بۇدساتۋا ئاۋالوكتىسۋارا بايا زاھىر بولۇپ ئۇنى چايان ئالۋاستى دېدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرەلەيدىغانلىقلىرىنى ئېيتتى . شۇڭا ، مەن ئالايتەن كەلدىم ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— ئەسلى بۇ ئىشتا يۇرۇن سۇلتاندىن ئىجازەت سورىسام بولاتتى . سىلى بۇ يەرگە كەپتىلا ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ، مېنى بۇدساتۋا تەۋسىيە قىپتۇ . شۇڭا ، ھايالشىساق بولماس . كەمىنە ئۆزلىرىنى چايغىمۇ تۇتماي ، دەرھال سىلى بىلەن بىللە بېرىپ ئۇ ئالۋاستىنى ئەل قىلاي ، قايتىپ كېلىپ يۇرۇن سۇلتانغا خەۋەر قىلىپ قويارمەن ، — دېدى بەگ .

بۇ گەپ بىلەن سۇن ۋۇكۇڭ ئەرشنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىدىن چىقىپ ئۇدۇل ئايالللار دۆلىتىگە كەلدى . زەھەرلىك تاغقا يېقىن كەلگەندە :

— مۇشۇ تاغ شۇ ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

بەگ بۇلۇتتىن چۈشۈپ سۇن ۋۇكۇڭ بىلەن تاش توسۇقنىڭ

ئالدىدىكى تاغ باغرىغا كەلدى. شا ۋۇجىڭ شەيخ ئۇلارنى كۆرۈپلا:
— ئاكا، ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، چوڭ ئاكىمىز يۇلتۇز بەگنى باشلاپ كەپتۇ، — دېدى.
— ئەيىبكە بۇيرۇمىغايلا! گۇناھىمدىن ئۆتكەيلا! ئاغرىق تۇپەيلى ئۆزلىرىگە سالام بەجا قىلالمىدىم، — دېدى جۇ باجيې ئاغزىنى تۇتۇپ.
— سىز تائەت ـ ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان ئادەمغۇ، نېمە كېسەل ئازاب كەلتۈردى سىزگە؟ — دېدى يۇلتۇز بەگ.
— ئەتىگەن ئالۋاستى بىلەن جەڭ قىلغانىدىم، ئۇ كالپۇكۇمغا بىرنەرسىنى سانجىۋەتتى، تاكى ھازىرغىچە ئاغرىۋاتىدۇ، — دېدى جۇ باجيې.
— بېرى كېلىڭ، سىزنى ساقايتىپ قوياي، — دېدى يۇلتۇز بەگ. جۇ باجيې ئاغزىدىن قولىنى چۇشۇردى. بەگ ئۇنىڭ ئاغزىنى سىلاپ قويۇپ بىر سۇفلىگەنىدى، ئاغرىق توختىدى. جۇ باجيې دەرھال باش ئۇرۇپ تەزىم قىلىپ:
— بارىكاللا! ھەشقالللا! — دېدى.
— مالال كۆرمەي مېنىڭ بېشىمنىمۇ سىلاپ قويغان بولسىلا، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۇلۇپ.
— سىلى زەھەرگە يولۇقمىغان تۇرسىلىرى نېمىشقا سىلاپ قويىمەن، — دېدى بەگ.
— تۈنۈگۈن ئۇ ماڭىمۇ سانجىغان، بىر كېچىدىن كېيىن ساقايدى؛ ئەمما ھازىرغىچە قىچىشىۋاتىدۇ. تۇندە يەنە باشلىنىپ قالمىسۇن، دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.
بەگ ئۇنىڭمۇ بېشىنى سىلاپ سۇفلەپ قويۇۋىدى، زەھەر يېنىپ قىچىشماس بولدى.
— ئاغا، بېرىپ ھېلىقى نىجىسنى ئۇجۇقتۇرايلى، — دېدى جۇ باجيې غەزەپ بىلەن.
— شۇنداق قىلايلى، — دېدى بەگ، — سىلەر ئىككىڭلار ئۇنى چاقىرىپ چىقىڭلار، مەن ئەل قىلاي.

سـوْن ۋوْكوْك بىلەن جوْ باجىي تاغ باغرىدىن تاش توسوْق ئالدىغا كەلدى . جوْ باجىي ئاغزىنى بوْزوْپ تىللىغان پېتى تىرنىسى بىـلەن غار ئاغزىغا قويغان تاشلارنى چوْۋوْپ بىرىنچى ئىشىكنى بـوْزوْۋەتتى ، يەنە بىر ھەپىلىشىپ ئىككىنچى ئىشىكنىمۇ بوْزوْپ تاشلىدى . ئىشىكباقار شاياتوْنلار ھولوْقوْپ ئوْچقاندەك بېرىپ خەۋەر قىلدى :

— خان ئانا ، ھېلىقى ئىككى بەتبەشىرە ئەر كېلىپ ئىككى قات ئىشىكنى بوْزوْۋەتتى !

ئالۋاستى تاڭ سېڭنى يەشتوْروْپ ، ئوْنىڭ بىلەن گۆشىنى تائام يېـيـىـشكە ھازىرلىنىۋاتاتتى ، ئىككى ئىشىكنىڭ بوْزوْلغانلىقىنى ئاڭلاپ شىپاڭدىن ئېتىلىپ چىقتى ـ دە ، ئوْچ ئاچلىق ئارىسىنى جوْ باجيىغا سانجىماقچى بولدى . جوْ باجىي تىرنىسى بىلەن ھوْجوْمغا ئۆتتى . سوْن ۋوْكوْڭمۇ تۆموْر كالتىكىنى ئىشقا سېلىپ ئالۋاستىغا ئېتىلدى . ئالۋاستى دەرھال يېقىن كېلىپ زەھىرىنى سانجىماقچى بولغاندا ، سوْن ۋوْكوْك بىلەن جوْ باجىي ئوْنىڭ نىيىتىنى بىلىپ قېلىپ كەينىگە ياندى .

ئـالـۋاسـتى ئوْلارنى قوغلاپ تاش توسوْقتىن ئۆتكەندە سوْن ۋوْكوْك : «سوْرەييا بەگ قېنى سىلى ؟» دەپ ۋارقىرىدى . بەگ تاغ باغرىدا توْروْپ ئەسلىي قىياپىتىنى ئاشكارىلىدى . ئوْ ئەسلىي قوش تاجلىق يوغان خوراز بولوْپ ، بويى ئالتە ـ يەتتە چى كېلەتتى . ئوْ بېشىنى ئېگىز كۆتوْروْپ ھېلىقى ئالۋاستىغا قاراپ چىللىدى . ئـالـۋاسـتـى شـوْئـان ئـەسـلىي قىياپىتىگە كىردى . ئوْ ئەسلىي بـاربـىـتـچـىـلـىك كېلىدىغان چايان جىن ئىدى . بەگ يەنە بىر چـىـلـلـىۋىدى ، ئالۋاستىنىڭ پوْتوْن بەدىنى لايدەك بوشىشىپ جان تەسلىم قىلدى . جوْ باجىي يېقىن كېلىپ بىر پوْتىنى ئالۋاستىنىڭ مەيدىسىگە ئېلىپ :

— ھـوي لـەنىتى ! ئەمدى زەھـىـرىـڭـنـى چـاچالمايدىغان بولدوْك ! — دېدى . ئالۋاستى مىدىر ـ سىدىر قىلمىدى . جوْ باجىي تىرنىسى بىلەن ئوْنى مىجىپ خېمىر قىلىۋەتتى . سوْرەييا بەگ نوْرغا

ئايلىنىپ بولۇتقا چىقىپ قايتتى . سۇن ۋۇكۇڭ ، جۇ باجيې ، شا سېڭلار ئاسمانغا قاراپ :

— ھەشقاللا ! كۆپ رەھمەت ! باشقا بىر كۇنى ھۇزۇرلىرىغا بېرىپ مىننەتدارلىقىمىزنى بىلدۈرەرمىز ، — دېدى .

ئۇچەيلەن رەھمەت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئات ، يۈك ـ تاقلارنى يىغىشتۇرۇۋېلىپ غارغا كىردى . چوڭ ـ كىچىك چۆرىلەر ئىككى ياقتا تىزلىنىپ تەزىم قىلدى ۋە :

— غوجام ، بىز جىن ئەمەس ، ئاياللار دۆلىتىنىڭ ئاياللىرى ئىدۇق . بىزنى بۇ جىن ئەپقېچىپ كەلگەن . ئۇستازلىرى كەينىدىكى ئۆيدە يىغلاپ ئولتۇرىدۇ ، — دېدى . بۇنى ئىشتكەن سۇن ۋۇكۇڭ ئۇلارنى ئىنچىكىلەپ كۆزىتىپ قارىسا ، دېگەندەك جىن ئەمەس . شۇڭا ، كەينىدىكى ئۆيگە كىرىپ :

— ئۇستاز ! ، — دەپ توۋلىدى . تاڭ سېڭ ھەممەيلەننى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇش بولۇپ كەتتى :

— سادىق شاگىرتلىرىم ، سىلەرگە مالاللىق كەلتۈرۈپ قويدۇم ! ھېلىقى ئايال قېنى ؟

— ئۇ نەرسە ئەسلىي يوغان چىشى چايان ئىكەن ، بەختىمىزگە بۇدساتۋانىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئاغىمىز ئەرشكە چىقىپ سۇرەييا بەگنى چاقىرىپ چۇشۇپ ئۇ كاساپەتنىڭ ئەدىپىنى بەردى . كەمىنە ئۇنى مىجىپ خېمىر قىلىۋەتتىم . شۇڭا ، يۈرەكلىك ھالدا بۇ يەرگە كىرىپ ئۇستاز بىلەن دىدارلىشىپ ئولتۇرۇۋېتۇق ، — دېدى جۇ باجيې . تاڭ سېڭ چەكسىز مىننەتدارلىق بىلدۈردى . ئۇلار دەرھال گۈرۈچ ۋە ئۇندا ئېتىلگەن گۆشسىز تائاملارنى ئەكەلدۈرۈپ تويغۇچە يېيىشتى ، جىن ئەكېلىۋالغان ئاياللارنى تاغدىن چۈشۈرۈپ ، ئۆيگە قايتىدىغان يولنى كۆرسىتىپ قويۇشتى ، ئوت يېقىپ ئۆيلەرنىڭ جىمىسىنى كۆيدۈرۈۋەتكەندىن كېيىن تاڭ سېڭنى ئاتقا مىنگۈزۈپ چوڭ يولغا چۈشۈپ ، سەپىرىنى داۋام قىلدى . ئۇلار قاچانلاردا مۇراد ـ مەقسىتىگە يېتەر ـ ھە . كېيىن نېمە ئىشلار بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز .

# ئەللىك ئالتىنچى باب

## سۇن ۋۇكۇڭنىڭ قاراقچىلارنى ئۆلتۈرگەنلىكى
## غەزەپلەنگەن ئۇستازىنىڭ ئۇنى جازالىغانلىقى

ئەلقىسسە، تاڭ سەنزاڭ سۇن ۋۇكۇڭ قاتارلىقلارنىڭ چايان جىننى ئۆلتۈرۈپ ئۆزىنى باربىت غارىدىن قۇتۇلدۇرۇۋالغانلىقىغا كۆپتىن - كۆپ تەشەككۈر ئېيتقاندىن كېيىن، يول بويى باشقا گەپ - سۆز بولمىدى. بۇ ياز پەسلى بولۇپ، تۇرۇپلا بوران چىقىپ كېتەتتى، تۇرۇپلا شارقىراپ يامغۇر يېغىپ، بىردەمدىلا يەنە ھاۋا ئېچىلىپ كېتەتتى. تاغ - دالىلار ياپيېشىل دەل - دەرەخ ۋە گۈل - گىياھلار بىلەن ئاجايىپ كۆركەم تۈس ئالغانىدى. ئۇلار تاڭزۇڭزا چاغىنى مەزگىلىدىكى گۈزەل مەنزىرىدىن زوق ئېلىپ كېتىۋاتقاندا، تۇساتتىن ئېگىز بىر تاغقا دۇچ كەلدى، تاڭ سەنزاڭ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ كەينىگە قارىدى ۋە:

— سۇن ۋۇكۇڭ، ئالدىمىزدا تاغ كۆرۈنۈۋاتىدۇ. جىن - ئالۋاستىلارغا يولۇقۇپ قالمايلى يەنە، پەخەس بولايلى جۇمۇ! — دېدى.

سۇن ۋۇكۇڭ ۋە باشقىلار:

— خاتىرجەم بولسىلا ئۇستاز، بىز ئېتىقادىمىزغا سادىق، ھەرقانداق جىن - ئالۋاستىدىن قورقمايمىز! — دېدى. بۇ گەپتىن تاڭ سېڭ ئىنتايىن خۇرسەن بولدى - دە، ئېتىنى قامچىلاپ خاتىرجەم ماڭدى. تۆتەيلەن تاغ ئارىسىغا كىرىپ خېلى ئۇزاق يۈرگەندىن كېيىن تاغدىن ئۆتتى، غەربىي يانباغىردىن چۈشۈپ تۈزلەڭلىككە كەلدى. جۇ باجيې ئۆزىنى باتۇر كۆرسىتىپ، ئەپكەشنى شاسېڭغا كۆتۈرگۈزۈپ قويدى ۋە تىرنىسىنى بېشىدىن

ئېگىز كۆتۈرۈپ ئاتنى ھەيدەپ ماڭدى . ئاتمۇ ئۇنىڭدىن تەپ تارتىپ كەتمىدى . پەقەت مېڭىشىنى سەل تېزلەتتى .
— ئىنىم ، ئاتنى نېمانچە چاپتۇرسەن؟ ئاستىراق ماڭسىمۇ بولىۋېرىدۇ ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .
— قاراڭغۇ چۈشەي دەپ قالدى . تاغدا پۈتۈن بىر كۈن ماڭدۇق ، قورساقلارمۇ كۇركىراشقا باشلىدى . ئىتتىكرەك مېڭىپ ئادەم بار يەرگە بېرىۋالساق ، يەيدىغان نەرسە تاپقىلى بولىدۇ ، — دېدى جۇ باجيې .
— ئۇنداق بولسا مەن ئۇنى تېزرەك ماڭغۇزاي ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ھەمدە ئالتۇن توقىسىنى پىرقىرىتىپ بىر نەرە تارتقانىدى ، ئات بەئەينى ئاتقان ئوقتەك تۈپتۈز يولدا چېپىپ كەتتى . تاڭ سېڭ ئاتنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمەي ئېگەرگە چاپلىشىپ دېگۈدەك ئاتنىڭ يايلىنى چىڭ تۇتۇۋالدى . يىگىرمە چاقىرىمدەك مېڭىپ ئېتىزلىققا كەلگەندە ئاندىن ئات ئاستىلىدى .
ئۇشتۇمتۇت دۇمباق ئاۋازى ئاڭلىنىپ يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىن ئوتتۇز نەچچە ئادەم چىقىپ كەلدى . ئۇلارنىڭ قولىدا نەيزە ، قىلىچ ، كالتەك ، توقماق بار ئىدى ، ئۇلار يولنى توسۇپلا :
— شەيخلەر ! قەيەرگە قېچىشىسەن ! — دەپ ۋارقىرىدى . قورقۇپ كەتكەن تاڭ سېڭ غال - غال تىترەپ ئاتتىن يىقىلىپ يول چېتىدىكى چۆپلۈكتە ئولتۇرۇپ قالدى - دە :
— بېگىم ، بىر قوشۇق قېنىمدىن ئۆتسىلە ! بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە ! — دېدى .
ئەڭ باشتىكى ئىككى ئادەم :
— سېنى ئۇرمايمىز ، يول خىراجىتىڭلار بولسا قويۇپ كېتىڭلار ، — دېدى . تاڭ سېڭ شۇندىلا يول توسارلارنىڭ قاراقچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ قەددىنى رۇسلىدى ۋە ئۇلارغا زەن سېلىپ قارىدى . ئۇلارنىڭ بىرى بەڭگە چىراي ، ھىڭگاك چىش زۇھەل (يۇلتۇز ) ، يەنە بىرى كۆزلىرى پولتىيىپ دەھشەت ياغدۇرۇپ تۇرغان ئەزرائىل سىياقىدا بولۇپ ، بىرىنىڭ قولىدا بۆرە چىشى

كالتىكى ، يەنە بىر-بىرىنىڭ مۆرىسىدە توقماق بار ئىدى . ئۇلار بەئەينى تاغ يولۋىسى ، سۇ ئەجدىھاسىدەك قورقۇنچلۇق ئىدى . تاڭ سەنزاڭ ئۇلارنىڭ ياۋۇز تەلەتىنى كۆرۈپ ئالدىغا كەلدى ۋە ئىككى قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ :

— بېگىم ، پېقىر نامرات راھىبمەن ، شەرقىي دىياردىكى تاڭ دۆلىتى پادىشاھىنىڭ ئەمرىگە بىنائەن غەربكە بۇددا نومىنى ئالغىلى كېتىۋاتىمەن . چاڭئەندىن ئايرىلغىنىمغا ئۇزاق بولدى ، خىراجەتلىرىمىز سەرپلىنىپ تۈگىدى . بىز شەيخلەر تىلەمچىلىك بىلەن جان باقىدىغان تۇرساق ، بىزدە پۇل - مال نېمە ئىش قىلسۇن ! بېگىم رەھىم قىلىپ كەمبەغەل راھىبنى ئۆتكۈزۈۋەتكەيلا ! — دېدى . ھېلىقى ئىككى قاراقچى ۋە باشقىلار دېۋەيلەپ كېلىپ :

— بىز بۇ يەردە يول توسۇپ ، مەخسۇس پۇل - مال ئالىمىز ، رەھىم دېگەن نېمە ئۇ ؟ سەندە راستتىن پۇل - مال بولمىسا ، كىيىم - كېچەكلىرىڭنى سال ، ئاق ئېتىڭنى بەر ، ئاندىن سېنى ئۆتكۈزۈۋېتىمىز ! — دېيىشتى .

— يا پەرۋەردىگارا ! بۇ كىيىمنىمۇ ئۇنىڭدىن - بۇنىڭدىن تىلەپ كىيگەنىدىم . بۇنى سالدۇرۇۋالساڭلار ، مېنى راستتىنلا ئۆلتۈرگەن بولماسىلەر ؟ — دېدى .

بۇنى ئاڭلاپ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۇچقان قاراقچىلار ئۇنى كالتەكلىمەكچى بولدى . ئۆمرىدە يالغان سۆزلەپ باقمىغان تاڭ سېڭ جان تۇمشۇققا كەلگەندە نائىلاج يالغان گەپ قىلدى :

— بەگلىرىم ، ماڭا قول تەگكۈزۈشمىسىلە . كەينىمدە ئىككى شاگىرتىم كېلىۋاتىدۇ . ئۇلاردا ئازراق تەڭگە بار ، شۇنى بېرەي .

— بۇ شەيخمۇ نېسىۋىسىدىن قۇرۇق قالمىسۇن ، باغلاڭلار !— دېدى ھېلىقى ئوغرى . ئاتارمەن - چاپارمەنلەر ئولاش - چولاش ئۇنى باغلاپ دەرەخكە ئېسىپ قويىدى .

ئەمدى گەپنى بۇ ياقتىن ئاڭلاڭ . ئۇچ ئاپەت يېتىپ كەلدى .

جو باجىي قاقاقلاپ كۈلۈپ :

— ئۇستازىمىز ئوقتەك ئۇچۇپتۇ - ھە ، بىزنى قەيەردە ساقلاۋاتقاندۇ ؟ — دېدى ۋە بىردىنلا تاڭ سېڭىنىڭ دەرەختە تۇرغىنىنى كۆرۈپ يەنە ئاغزى ئېچىلدى ، — قاراڭلار ئۇستازغا . ساقلىغىنىغۇ بوپتۇ ، دەرەخكە چىقىۋېلىپ تانىغا ئېسىلىپ ئىلەڭگۈچ ئۇچۇپ ئوينىغىنى نېمىسى !

— ھاڭۋاقتى ، كاپشىما ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ ، — ئۇستازىمىز بۇ يەردە ئېسىقلىق تۇرامدۇ نېمە ؟ ئىككىڭلار ئاستىراق مېڭىڭلار ، مەن بېرىپ قاراپ باقاي .

سۈن ۋۇكۇڭ ئالمان - تالمان ئېگىز تۆپىلىككە چىقىپ قاراپ ، قاراقچىلارنى تونۇۋالدى ۋە ئىچىدە : «تەڭرىمگە شۈكۈر ، تەڭرىمگە شۈكۈر ، ئەمدى ئىش ئوخشايدىغان بولدى» دەپ خۇشال بولۇپ كەتتى . ئۇ بىرلا سىلكىنىپ ئىنتايىن پاكىز پەرىجە كىيگەن ، يىگىرمە يەتتە - يىگىرمە سەككىز ياشلاردىكى ، كۆك رەختتىن قىلىنغان بوغچىسىنى دۈمبىسىگە ئارتىۋالغان ياش شەيخكە ئايلاندى - دە ، تېز - تېز مېڭىپ يېقىن كەلدى ۋە :

— ئۇستاز ، بۇ نېمە ئىش ؟ بۇلار قانداق ئادەملەر ؟ — دېدى .

— شاگىرتىم ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ ، — مېنى قۇتۇلدۇرۇۋالغىن . بۇ يول توسار قاراقچىلار پۇل - مال بېرىسەن دەپ مېنى توسۇۋالدى . يېنىمدا پۇل بولمىغاچقا ، باغلاپ ئېسىپ قويدى . بىر ئامالىنى قىلارمىكىن دەپ سېنى ساقلاپ تۇردۇم . ئامال بولمىسا ، ئاتنى ئۇلارغا بېرىۋېتەيلى .

— ئۇستاز ، ئالدىرىمىسىلا ، تاڭ تەيزۇڭ پادىشاھ سىلىنى غەربكە بېرىپ نوم ئەكېلىش ئۈچۈن تاتھاگاتونىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتكەندە ، سىلىگە ئاتنى بىركىمگە بېرىۋەت ، دەپ ئۆگەتكەنمىدى ؟ — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ .

— شاگىرتىم ، مېنى بۇنداق ئېسىپ قويۇپ ، پۇل بەر دەپ تۇرسا قانداق قىلىمەن ؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

— سىلى ئۇلارغا نېمە دېدىلە ؟ — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

— ئۇلار ئۇرىمىز دېگەچكە ، مەن نائىلاج سېنى ئېيتىپ بەردىم ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

— ئۇستاز ، مېنى نېمدەپ ئېيتىپ بەردىلە ؟

— سېنىڭ يېنىڭدا پۇل بارلىقىنى ئېيتتىم ھەمدە مېنى ئۇرماڭلار دەپ جېنىمنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن يېلىندىم .

— بەللى ! بەللى ! يارايدىلا ! ئوبدان گەپ بوپتۇ . مۇشۇنداق دېيىش كېرەك . ناۋادا ئايدا مۇشۇنداق ئىشقا يەتمىش - سەكسەن قېتىم ئۇچرىسام ، سودام كارامەت يۈرۈشۈپ كەتكۈدەك جۇمۇ ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

قاراقچىلار سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئۇستازى بىلەن سۆزلىشۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئولىشىپ كەلدى :

— ھەي شەيخ ، ئۇستازىڭ سېنىڭدە يول خىراجىتى بار دېگەن . دەرھال چىقارساڭ ، بىر قوشۇق قېنىڭدىن كېچىمىز ، بولمىسا سېنى جەھەننەمگە يوللايمىز !

سۇن ۋۇكۇڭ قولتۇقىدىكى بوپىنى قويۇپ :

— بەگلىرىم ، چۇقان سالماڭلار ، بوغچىدا يول خىراجىتىدىن بىرئاز بار ، لېكىن كۆپ ئەمەس ، بار - يوقى يىگىرمىچە تاقا شەكىللىك نوكچە ئالتۇن ، يىگىرمە - ئوتتۇز نوكچە كۈمۈش ، پارچە - پۇراتلىرىنى سانىپمۇ كۆرمىدۇق . لازىم بولسا بوغچىنى شۇنداقلا ئېلىڭلار ، ھەرگىز ئۇستازىمنى ئۇرماڭلار . كونا كىتابلاردا «ئادەمنىڭ ئادىمىيلىكى پۇل - مالدا ئەمەس ، ئەخلاق - پەزىلەتتە» دېگەن گەپ بار . پۇلدىن ئايرىلساق ، ھېچقانچە ئىش بولمايدۇ . بىز راھىب بولغاندىكىن بىرنېمىلەر قىلىپ كۈن ئالىمىز ؛ ئۇستازىمنى دەرەختىن چۈشۈرسەڭلار ، بۇنى قوش قوللاپ سىلەرگە تۇتقۇزىمەن ، — دېدى .

بۇنى ئاڭلىغان قاراقچىلار خۇش بولۇپ كەتتى :

— بۇ چوڭ شەيخ ئاچ كۆز ، پىخسىق ئىكەن ، كىچىك شەيخ ناھايىتى مەرد ئىكەن ، ئۇنى چۈشۈرۈڭلار ! — دېدى . ئۆلۈمدىن قۇتۇلغان تاڭ سەنزاڭ سەكرەپ ئېتىغا مىندى - دە ، سۇن

ۋۇكۇڭغىمۇ قارىماي، ئېتىنى قامچىلىغان پېتى كەلگەن يولىغا ماڭدى.

— ئېزىپ كەتتىلە، — دەپ ۋارقىرىدى سۇن ۋۇكۇڭ، ئاندىن بوغچىنى كۆتۈرۈپلا ئۇنىڭ كەينىدىن چاپماقچى بولدى.

— قەيەرگە قاچىسەن؟ ئەدىپىڭنى يېمەي دېسەڭ، بوغچاڭنى قويۇپ ماڭ! — دېدى قاراقچىلار ئۇنىڭ يولىنى توسۇپ.

— توغرا ئېيتىشتىلا، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ، — يول خىراجىتىنى ئۈچكە بۆلەيلى.

— بۇ شەيخ قۇۋ ئىكەن جۇمۇ، ئۇستازغا ئۇقتۇرماي بۇنىڭدىن ئازراق ئېلىپ قالماقچى بولۇۋاتىدۇ. بوپتۇ، كۆرۈپ باقايلى. جىقراق بولسا ئۇنىڭغا بىرئاز بېرەيلى، ئۇ ئۇستازىغا ئۇقتۇرماستىن مېۋە - چېۋە ئېلىپ يېسۇن، — دېدى قاراقچىلارنىڭ باشلىقى.

— ۋاي ئاكا، مەن بۇنداق دەۋاتمايمەن، مەندە نەدە پۇل - مال بولىدۇ؟ مەن، ئىككىڭلار باشقىلاردىن بۇلىۋالغان پۇلدىن ماڭا ئازراق بۆلۈپ بېرىڭلار، دەۋاتىمەن، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

بۇنى ئاڭلاپ ئۇ قاراقچىنىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۇچتى:

— ھوي جۇۋاينىمەك! ماڭا بەرمەكتە يوق تېخى مېنىڭدىن ئالماقچىمۇسەن؟ ھوي ماۋۇنىڭغا قارا! — دەپلا توقمىقى بىلەن سۇن ۋۇكۇڭنىڭ تاقىر بېشىغا يەتتە - سەككىزنى ئۇرۇۋەتتى. سۇن ۋۇكۇڭ ھېچنېمە بولمىغاندەك كۈلۈپ:

— ئاكا، بۇ تەرزدە ئۇرغىلى تۇرسىلا، كېلەر يىلى باھارغىچىمۇ مېنى ھېچنېمە قىلالمايدىلا، — دېدى.

— بۇ شەيخنىڭ بېشى نېمانچە قاتتىقتۇ؟ — دېدى قاراقچى ھەيران بولۇپ.

— يوقسۇ، ئۇنداق ئەمەس، بەك ماختىۋەتتىلە. ئۇنچىۋالامۇ ئەمەس، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ.

قاراقچىلار ھېچنېمە دېمەستىن دۇررىدە كېلىپ سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئۇرۇشقا باشلىدى.

— ئاچچىقلىرىدىن يېنىشسىلا، مانا بېرەي، — دېدى ئۇ.

سۇن ۋۇكۇكمۇ يامان - دە ! ئۇ قۇلىقىنى كولاپ كەشتە يىڭنىسىدىن بىرنى ئالدى - دە :

— مەن دەرۋىش ، شۇڭا ھېچقانداق يول خىراجىتى ئالمىغان ، ھەرقايسىلىرىغا مۇشۇ يىڭنىنى سوۋغا قىلاي ، — دېدى .

— ئەستاغپۇرۇللا ! باي شەيخنى قويۇپ بېرىپ بىر يالاڭتۆشنى تۇتۇۋاپتۇق ئەمەسمۇ ! — دېدى ھېلىقى قاراقچى ، — سەن تىككۈچىلىكنى بىلىدىغان ئوخشىمامسەن ؟ ئەمما مەن يىڭنىنى نېمىمۇ قىلارمەن ؟

سۇن ۋۇكۇڭ ئۇلار ئالغىلى ئۇنىمىغان يىڭنىنى ئالىقىنىغا قويۇپ يۇمىلاتقانىدى ، چىنىدەك تومۇلۇقتىكى كالتەككە ئايلاندى .

— بۇ شەيخ ئۆزى كىچىك بولغان بىلەن سېھىرگەرلىكنى بىلىدىكەن ئەمەسمۇ ، — دېدى قاراقچى قورقۇپ .

سۇن ۋۇكۇڭ كالتەكنى يەرگە سانجىپ قويۇپ :

— قېنى ئالالىساڭلار ، بۇنى سىلەرگە بېرەي ، — دېدى .

ئىككى قاراقچى بىر - بىرىدىن قىزغىنىشىپ بېرىپ تارتقانىدى ، چېكەتكە تاش تۇۋرۇكنى تەۋرىتەمەن ، دەپ بىھۇدە ئاۋارە بولغاندەك ، ئۇلارنىڭ كۈچىمۇ بىكار كەتتى . . سۇن ۋۇكۇڭ بېرىپ كالتەكنى شاققىدە ئالدى - دە ، قاراقچىلارغا كۆرسىتىپ :

— سىلەر ئۆزۈڭلارنى چاغلىماي مەن سۇن ۋۇكۇڭغا شىلتىڭ ئاتتىڭلار ! — دېدى . ھېلىقى قاراقچى كېلىپ ئۇنى ئاتمىش - يەتمىش توقماق ئۇردى .

— سىلىنىڭ قوللىرىمۇ تېلىپ قالغاندۇ ، قېنى مەن بىر ئۇرۇپ باقاي ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ ، ئۇ كالتىكىنى پىرقىراتقانىدى ، كالتەك قۇدۇق شالاسونىچىلىك تومۇلۇقتا ، يەتتە - سەككىز گەز ئۇزۇنلۇقتا بولدى ؛ ئۇنى ئايلاندۇرۇپ بىر سىلىۋىدى ، قاراقچىلاردىن بىرى يەر چىشلەپ ئۇجۇقۇپلا كەتتى .

— بۇ بىرنىبىمىنىڭ دودەتلىكىنى قارىمامدىغان ! پۇل بەرمىگەننى ئاز دەپ بىر ئادەمنى يارىلاندۇردىغۇ ! — دېدى يەنە بىر چوڭراق قاراقچى .

— ئالدىرىما ! سەل تەخىر قىلغىن ! بىر - بىرلەپ ئۈزۈپ پېيىڭنى قىرقىمىغىنىمنى كۆر ! — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ ۋە بىر كالتەك بىلەن يەنە بىرىنى ئۆلتۈردى . بۇنى كۆرۈپ قاراقچىلار قورققىنىدىن جېنىنى چاڭگىلىغا ئېلىپ تەرەپ - تەرەپكە قاچتى .

ئەلقىسسە ، تاڭ سېڭ ئېتىنى قامچىلاپ كۈنچىقىشقا قاراپ قېچىپ كېتىۋاتقاندا جۇ باجيې بىلەن شا ۋۇجىڭ شەيخ ئۇنى توسۇۋالدى :

— ئۇستاز ، قەيەرگە ماڭدىلا ؟ ئېزىپ قالدىلىمۇ ؟

— شاگىرتلىرىم ، دەرھال بېرىپ ئاغاڭلارغا ئېيتىڭلار ، رەھىم قىلسۇن ، قاراقچىلارنى ئۈزۈپ ئۆلتۈرۈپ قويمىسۇن ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ ئېتىنى توختىتىپ .

— ئۇستاز ، مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسىلا ، مەن باراي ، — دېدى جۇ باجيې ، ئۇ ئۇچقاندەك بېرىپ توۋلىدى ، — ئاغا ، ئۇستاز سىزنى ئادەم ئۆرمىسۇن ، دېدى .

— ئىنىم ، مەن قەيەردە ئادەم ئۆرۈپتىمەن ؟ — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

— ھېلىقى قاراقچىلار قەيەرگە كەتتى ؟

— باشقىلىرى تارقىلىپ كەتتى ، پەقەت ئىككى باشلىقى ئۇخلاۋاتىدۇ .

— ھوي قارغىش تەگكۈرلەر ، كېچىدە نېمە جاپا بۇ ، باشقا جاي تېپىپ ئۇخلىماي مۇشۇ يەردىلا ئۇخلىشىپسەنغۇ ، — دېدى جۇ باجيې كۈلۈپ .

جۇ باجيې ئۇلارنى كۆرگەندىن كېيىن ھولۇققىنىچە كەينىگە يېنىپ كېلىپ تاڭ سېڭغا :

— تارقىلىپ كېتىپتۇ ، — دېدى .

— تارقىلىپ كېتىپتۇ ، دېگىنىڭ نېمە گەپ ؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

— باشلىقىنى ئۈزۈپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ . باشقىلىرى

تارقىلىپ كەتمەي نېمە قىلاتتى ؟ — دېدى جۇ باجىي .

— ئۇرۇپ قانداق قىلىۋېتىپتۇ ؟

— بېشىدىن ئىككى تۆشۈك ئېچىۋېتىپتۇ .

— بوغچىدىن بىرنەچچە تەڭگە ئالغىن ، دورا تېپىپ كېلىپ ئۇ ئىككىسىنىڭ بېشىغا چاپلاپ قويغىن .

— ئۇستاز ، قىزىق گەپ قىلىدىكەنلا . دورا دېگەننى ھايات ئادەمنىڭ جاراھەتلىرىگە تاڭىدۇ . ئۆلۈك ئادەمنىڭكىگە تاڭغان نەدە بار ؟— دېدى جۇباجىي كۈلۈپ .

— راستىنلا ئۆلتۈرۈپتىمۇ ؟ — تاڭ سەنزاڭنىڭ ئاچچىقى كېلىپ كەتتى ، پىچىرلاپ ئىستىغپار ئوقۇدى ، سۈن ۋۇكۇڭنى ئاقچى مايمۇن ، كۆكچى مايمۇن دەپ تىللىدى ، ئېتىنى ئارقىغا بۇراپ ، جۇ باجىي ، شاسېڭلار بىلەن ئۆلۈكنىڭ قېشىغا باردى . ئۇلار تاغ باغرىدا قانغا مىلىنىپ ياتاتتى .

تاڭ سەنزاڭ چىداپ تۇرالماي جۇ باجىيغا :

— تىرنا بىلەن دەرھال ئورەك كولاپ بۇلارنى كۆمۈۋەتكىن . مەن دۇئا — تىلاۋەت قىلاي ، — دېدى .

— ئۇستاز ، ئادىلراق بولسىلا . ئۇلارنى سۈن ۋۇكۇڭ ئۆلتۈرگەن تۇرسا ، بۇ ئىشقا ئۇنى بۇيرۇماي نېمىشقا مېنى بۇيرۇيدىلا ، — دېدى جۇ باجىي .

ئۇستازنىڭ تىللىغىنىغا ئاچچىقى كېلىپ تۇرغان سۈن ۋۇكۇڭ جۇ باجىيغا ھۆركىرىدى :

— ھوي پەسەندە ! كۆم دېگەندىكىن تېز كۆمۈۋەت ! سەللا سۇسلۇق قىلساڭ تاياق يەيسەن !

جۇ باجىي ھودۇقۇپ كەتتى — دە ، ئالمان - تالمان تاغ باغرىنى ئۇچ گەز چوڭقۇرلۇقتا قازدى . ئاستى تەرەپ تاش بولغاچقا تىرنىنىڭ كۈچى يەتمىدى . جۇ باجىي ئۇنى تاشلىۋېتىپ تۇمشۇقى بىلەن كولىدى . يۇمشاق يەرگە كەلگەندە تۇمشۇقى بىلەن بىر تۇرتۇشتە ئىككى يېرىم گەز ، ئىككى تۇرتۇشتە بەش گەز قازدى . ئاندىن ئىككى ئۆلۈكنى كۆمۈپ دۇمبەلچەك قىلدى .

— سۇن ۋۇكۇك ، كۇجە تېپىپ كەلگىن ، دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ قوياي ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

— قىزىق گەپ بولدى ! ياكى ئالدىمىزدا ، ياكى كەينىمىزدە يېزا ـ قىشلاق بولمىسا كۇجىنى قەيەردىن تاپىمەن ؟ پۇل بولسىمۇ كـۇجە ساتىدىغان يەر يوق ! — دېدى سۇن ۋۇكۇك تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ .

— ئۆتە بۇ ياققا ! تويىنى كۇجە ئورنىدا ئىشلىتىپ تىلاۋەت قىلاي ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ زەردە بىلەن ھەمدە تويىنى سىقىمداپ تۇرۇپ دۇئا ـ تىلاۋىتىنى باشلىدى :

*«شـۇل ۋەجـدىن دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىۇرمەنكى ، پېقىر شـەرقـىـي دىـيـاردىـكى تاڭ دۆلىتىدىن بولىمەن . پادىشاھ تەيزۇڭنىڭ ئەمرى بىلەن بۇددا نومنى ئالغىلى غەربكە سەپەر قـىـلـغانىدىم . ئۇشبۇ يەردە ئۇشتۇمتۇت قايسى بەگلىككە ، ھەرقايسى ئايماق يامۇلىغا تەۋە ئىكەنلىكى نامەلۇم بولغان بىر تـوپ كـىشىگە يولۇقتۇم ، ئۇلارغا ياخشى گەپلەرنى قىلىپ يېلىندىم ، ئۇلار قۇلاق سالماقتا يوق ، ياخشىلىققا يامانلىق قـىلدى ، ئاخىر سۇن ۋۇكۇڭدىن ئەدىپىنى يېدى . ئۆلۈكى ئـوچـۇقـچىلىقتا قالمىسۇن ، دەپ ئۇلارنى كۆمدۇرۇۋەتتىم . كۇجە ئورنىدا كۆك قومۇشنى ئىشلەتتۇق ، دەبدەبە بىلەن دەپنە قىلالمىغان بولساقمۇ ، بۇنى چىن ئىخلاسىمىز بىلەن قىلدۇق . ئەقىدە بولىدىكەن ، كۆڭۈل ئازادە بولىدۇ ، تاش يېسە ئاش بولىدۇ . جەھەننەمگە بارغاندا تىگى ـ تەكتىمىزنى بىلمەكچى بولساڭلار ، ئۇرغۇچىنىڭ فامىلىسى سۇن ، مېنىڭ چېن ، بىز باشقا ـ باشقا جەمەتتىنمىز . چامغۇرنىڭ ئورىسى ، قەرزنىڭ ئىگـىـسـى بولىدۇ . ھەرگىز پـېـقـىرنـى گـۇنـاھـكـار ھېسابلىمىغايسىلەر» .*

— ئۇستاز ، سىلى ئۆزلىرىلا پاك بولدىلا ، ئەمما ئۇرۇش ـ جېدەلدە شاسىڭ ئىككىمىز يوق ئىدۇق ، — دېدى جۇ باجىي كۇلۇپ .

تاڭ سەنزاڭ يەنە بىر چىمدىم توپا ئېلىپ دۇئا قىلدى :

— ئەرز قىلساڭلار سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئۇستىدىن ئەرز قىلساڭلار بولىدۇ . جۇ باجىي ، شا ۋۇجىڭ شەيخلەردە ھېچ گۇناھ يوق .

بۇنى ئاڭلاپ سۇن ۋۇكۇڭ ئىختىيارسىز كۇلۇۋەتتى .

— ئۇستاز ، سىلىدە مېھىر ـ شەپقەت دېگەن يوق ئىكەن . سىلىگە بۇددا نومىنى ئەكېلىشىپ بېرىمەن ، دەپ كۆرمىگىنىم قالمىدى . بۇ ئىككى قاراقچىنى ئۆلتۈرۈپ قويسام ، ھەممە بالاغا مېنى ئىتتىرىۋەتتىلە . ئۆلتۈرۈشنى مەن ئۆلتۈرگىنىم بىلەن سىلىنى دەپلا شۇنداق قىلدىم ، سىلى نوم ئالغىلى غەربكە ماڭمىغان ، مەن سىلىگە شاگىرت بولمىغان بولسام ، بۇ يەردە نېمە ئىش قىلار ئىدىم . نېمىشقا ئادەم ئۆلتۈرەتتىم ! ئەمدى ئۇنىڭغا مەن دۇئا ـ تىلاۋەت قىلاي ، — سۇن ۋۇكۇڭ شۇنداق دەپ تۆمۈر كالتىكى بىلەن قەبرىنى ئۈچ قېتىم قوچۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى ، — ۋابا تەگكەن قاراقچىلار ، قۇلاق سېلىش ! مەن باشتا سەنلەردىن يەتتە ـ سەككىز توقماق ، كېيىن يەنە يەتتە ـ سەككىز توقماق يېدىم ، مېنى ئۇرۇپ ھېچنىمە قىلشالمىدىڭ . ئاچچىقىم كېلىپ ئىككى كالتەك بىلەن ئىككىڭنى جەھەننەمگە يولغا سالدىم . نەگە بېرىپ ئەرز قىلىشساڭ قىلىش ، قورقمايمەن . يۇرۇن سۇلتان مېنى ئوبدان بىلىدۇ . پەلەك شاھلىرى رايىمغا باقىدۇ ، يىگىرمە سەككىز يۇلتۇز مەنزىلىنىڭ ساھىبلىرى مېنىڭدىن قورقىدۇ ، توققۇز ئەقرەب مەندىن ھېيىقىدۇ ، بەگلەر ، ئايماق ، يامۇل ، شەھەرلەرنىڭ بەگ ـ سىپاھلىرى ماڭا باش قويىدۇ ، دۇڭيۆ تيەنچى مېنىڭدىن تەپ تارتىدۇ ، ئۇن مۇنكىر مېنىڭ خىزمىتىمدە بولىدۇ . بەش يول مۇئەككەللىرىنى بالام دېسەمۇ بولىدۇ . ئىشقىلىپ ، ئەرش ـ پەرش ، تەھتىسارادىكى ۋە بەش مەھكىمىدىكى

ئەنبىيا، بەگ - سىپاھىلار، ئون تەرەپ بەگلىرى مېنىڭ قەدىردانلىرىم، قەيەرگە بېرىپ ئەرز قىلساڭ قىل!

تاڭ سەنزاڭ بۇ يامان گەپلەرنى ئاڭلاپ ۋەھىمە بىلەن:

— شاگىرتىم، مەن سېنى ئىبسىل پەزىلىتىنى ساقلاپ ئادەملەرگە ئاقىلانە، ئاق كۆڭۈل بولسۇن، دېگەن ئوي بىلەن شۇنداق دۇئا - تىلاۋەت قىلغانىدىم، نېمانچە كۆڭلۈڭگە ئېلىپ كەتتىڭ؟ — دېدى.

— ئۇستاز، بۇ ئويىنىشىدىغان ئىش ئەمەس. قېنى بالدۇرراق قونالغۇ تاپايلى، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

تاڭ سەنزاڭ نائىلاج ئەلىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئاتقا مىندى، ئۇلار چوڭ يولنى بويلاپ غەربكە راۋان بولدى. ئۇشتۇمتۇت يولنىڭ شىمال تەرىپىدە بىر يېزا كۆرۈندى. تاڭ سەنزاڭ قامچىسى بىلەن ئۇنى كۆرسىتىپ:

— بىز ئاشۇ جايدا قونايلى، — دېدى. جۇ باجيېمۇ:

— شۇنداق قىلايلى، — دېدى. يېقىن كەلگەندە تاڭ سەنزاڭ ئاتتىن چۈشۈپ قارىسا، ھەقىقەتەن ئوبدان جاي ئىكەن، يەنى ھەممە ياقنى ياۋا گۈللەر، دەل - دەرەخلەر قاپلىغانىدى. يىراقتىكى قىيا ئاستىدا شارقىراپ سۇ ئاقاتتى، ئېتىز - داللاردا بۇغداي ۋە باشقا زىرائەتلەر ئالتۇندەك تاۋلىناتتى. يېزىدىن ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى، توخۇلارنىڭ چىللاشلىرى ئاڭلىناتتى. پادىچى باللار تويۇنغان كالا - قويلىرىنى ھەيدەپ ئۆيلىرىگە قايتىۋاتاتتى. تورخۇنلاردىن كۆتۈرۈلگەن قويۇق ئىس لەرزان ئۇچۇپ يۈرەتتى، گۈگۈم قوينىدىكى يېزا ئاجايىپ جانلانغانىدى.

تاڭ سەنزاڭ كېتىۋاتقاندا، بىر قورۇدىن بىر بوۋاي چىقتى ۋە ئۇنى كۆرۈپ دەرھال سالاملاشتى.

— تەقسىر، قەيەردىن كېلىشلىرى؟ — دەپ سورىدى بوۋاي.

— پېقىر ئۇلۇغ تاڭ دۆلىتى پادىشاھىنىڭ ئەمرى بىلەن غەربكە بۇددا نومىنى ئالغىلى كېتىۋاتىمەن. تەۋەررۈك جايلىرىدىن ئۆتۈۋاتسام قاراڭغۇ چۈشۈپ قالدى. بىر كېچە ھۇزۇرلىرىدىن جاي

بىرەمدىكىن ، دەپ ئالايىتەن كەلدىم ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .
— مۇبارەك ھۇزۇرلىرىدىن چىقىپ شۇنچە يىراق يولنى بېسىپ ئۆزلىرى يالغۇز قانداقمۇ كەلدىلە؟ — دېدى بوۋاي .
— پېقىر ئۈچ نەپەر شاگىرت بىلەن كەلدىم .
— شاگىرتلىرى قېنى؟
— ئەنە ئاۋۇ يەردە تۇرغانلار شۇ ، — دەپ كۆرسەتتى تاڭ سەنزاڭ .
بوۋاي شۇ ياققا قاراپ ئۇلارنىڭ قورقۇنچلۇق بەشىرىسىنى كۆرۈپلا بۇرۇلۇپ كەينىگە ياندى .
— ئاتا ، شەپقەتلىرىنى ياغدۇرۇپ بىر كېچە ئۆيلىرىدىن جاي بەرسىلە ! — دېدى تاڭ سەنزاڭ ئۇنى تۇتۇۋېلىپ .
— ياق ، ياق ، بەرمەيمەن . ئۇلار ئادەمگە ھېچ ئوخشىمايدۇ . ئۇلار جىن - ئالۋاستى ئىكەن ! — بوۋاي بېشىنى چايقاپ قولىنى سىلكىدى .
— ئاتا ، قورقمىسىلا ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ كۈلۈپ ، — شاگىرتلىرىمنىڭ تەلەتى سەت بولغىنى بىلەن ئۇلار جىن - ئالۋاستى ئەمەس .
— ۋاي ئاتامەي ، ئۇلارنىڭ بىرى يەكسا ، بىرى ئات يۈز ، بىرى چاقماق ھەزرەت ئوخشىمامدۇ ! — دېدى بوۋاي .
بۇنى ئاڭلاپ سۈن ۋۇكۇڭ بار ئاۋازى بىلەن :
— چاقماق ھەزرەت مېنىڭ نەۋرەم ، يەكسا چەۋرەم ، ئات يۈز پەي نەۋرەم بولىدۇ ، — دېدى .
بۇ گەپنى ئاڭلاپ بوۋاينىڭ چىرايىدىن قان قېچىپ ئۆيگە كىرىۋېلىش كويىغا چۈشتى . تاڭ سەنزاڭ ئۇنى قولتۇقلاپ قورۇغا كىرىپ :
— ئاتا ، ئۇنىڭدىنمۇ قورقمىسىلا ، ئۇ شۇنداق ھاماقەت ، گەپنىمۇ تۈزۈك قىلالمايدۇ ، — دېدى كۈلۈپ .
شۇ گەپ - سۆزلەر بولىۋاتقاندا ئارقا تەرەپتىن بەش - ئالتە ياشلىق بىر بالىنى يېتىلىگەن موماي چىقىپ كەلدى .

— بوۋا ، نېمىدىن شۇنچىۋالا قورقۇپ كەتتىڭ ! — دېدى بالا .
— ئانىسى ، چاي كەلتۇر ، — دېدى بوۋاي .
موماي بالىنى قويۇپ ئىچكىرىگە كىرىپ كېتىپ ئىككى پىيالە چاي ئاچىقتى . تاڭ سەنزاڭ چاينى ئىچىپ بولۇپ ، بۇرۇلۇپ مومايغا تەزىم قىلىپ دېدى :
— پېقىر شەرقىي دىياردىكى ئۇلۇغ تاڭ دۆلىتى پادىشاھىنىڭ ئەمرى بىلەن غەربكە بۇددا نومىنى ئالغىلى كېتىۋاتاتتىم . تەۋەررۇك جايىڭىزلارغا كەلگەندە ئاتىمىزدىن قونالغۇ سورىدىم . مېنىڭ بەتبەشىرە ئۈچ شاگىرتىم بار ئىدى . ئاتىمىز ئۇلارنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى .
— توۋا ، بەتبەشىرە ئادەملەرنى كۆرگەندە شۇنچىۋالا قورقۇپ كېتىپتىلا ، ناۋادا يولۋاس ، بۆرىنى كۆرسىلە ھالىلىرى نېمە بولار ؟ — دېدى موماي .
— ۋاي ئانىسى ، بەشىرىسى سەت بولسا مەيلىغۇ ، ئۇنىڭ گېپى قورقۇتۇپ جېنىمنى ئالدى . مەن ئۇلارنى يەكسا ، ئات يۈز ، چاقماق ھەزرەتكە ئوخشاتقانىدىم . ئۇ بىر ۋارقىراپ ، چاقماق ھەزرەت مېنىڭ نەۋرەم ، يەكسا چەۋرەم ، ئات يۈز پەي نەۋرەم بولىدۇ ، دېدى . بۇ گەپنى ئاڭلاپلا بەك قورقۇپ كەتتىم ، — دېدى بوۋاي .
— ياق ئۇنداق ئەمەس ، — دېدى تاڭ سېڭ ، — چاقماق ھەزرەتكە ئوخشايدىغىنى مېنىڭ چوڭ شاگىرتىم سۇن ۋۇكوڭ ، ئات يۈزگە ئوخشايدىغىنى ئىككىنچى شاگىرتىم جۇ ۋۇنېڭ ، يەكساغا ئوخشايدىغىنى ئۈچىنچى شاگىرتىم شا ۋۇجىڭ بولىدۇ . ئۇلارنىڭ بەشىرىسى سەت بولغىنى بىلەن بۇددانىڭ سادىق - ئىخلاسمەن مۇرىتلىرى ، ھەرگىز دېۋە - پەرە ياكى جىن - ئالۋاستى ئەمەس . ئۇلاردىن نېمىشقا قورقىدىلا ؟
— موماي بىلەن بوۋاي ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى ، بۇددا مۇخلىسى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ كۆڭلى جايىغا چۈشتى - دە : «چاقىرىڭ ، چاقىرىڭ» دېدى . تاڭ سەنزاڭ تاشقىرىغا چىقىپ ، ئۇلارنى چاقىردى ، ئۇلار يوك - تاق ، ئاتنى ئېلىپ ھويلىغا كىرىپ ،

تەڭ سالام بەرگەندىن كېيىن ئولتۇرۇشتى. موماي ئاق كۆڭۈل ئىدى. ئۇ ئىچكىرىدىكىلەرگە تاماق قىلىشنى بۇيرۇدى. گۆشسىز تاماق قىلىپ، ئۇستاز، شاگىرتلارنى مېھمان قىلدى. ئاستا ـ ئاستا قاراڭغۇ چۈشۈپ چىراغ يېقىلدى. ئۇلار قىزىق پاراڭغا چۈشتى.

— ئاتا، ئىسىم ـ شەرىپلىرى نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— فامىلەم ياڭ، — دېدى بوۋاي.

— نەچچە ياشقا كىردىلە؟

— يەتمىش تۆت ياشقا كىردىم.

— پەرزەنتلىرى قانچە؟

— ئاران بىر، بايا ئانىسى يېتىلىۋالغىنى كىچىك نەۋرەم بولىدۇ.

— پەرزەنتلىرىنى چاقىرسىلا كۆرۈشكەن بولساق بوپتىكەن.

— كۆرۈشمەيلا قويسىلا، بەكمۇ شور پېشانە ئىكەنمىز، شۇنداق بىر بالىنى باقتىنىمىزغا مىڭ پۇشايمان. ھازىر ئۇ ئۆيدە ئەمەس، — دېدى بوۋاي.

— قەيەردە ئوقەت قىلىدۇ؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

— ھەي! ھەي! — دەپ بىاش چايقىدى بوۋاي ھەسرەتلىنىپ، — قەيەردە ئوقەت قىلىۋاتقىنىنى بىلسەك خاتىرجەم بولاتتۇق. بىراق ئۇ ناھايىتىمۇ ئەسكى بىرنېمە بولدى، ئادەم ئۆلتۈرۈپ ئوت قويىدۇ! ئارىلىشىدىغانلىرى پۇتۇنلەي تايتىن چىققان يامان نېمىلەر! بەش كۈننىڭ ئالدىدا چىقىپ كېتىۋىدى، بۇگۈنگىچە يوق.

تاڭ سەنزاڭ بۇنى ئاڭلاپ ئارتۇقچە گەپ ـ سۆز قىلمىدى. ئەمما كۆڭلىدە «سۇن ۋۇكۇڭ ئۆلتۈرۈۋەتكەن قاراقچى شۇ بولمىسۇن يەنە» دەپ ئويلىدى. كۆڭلىگە شەك چۈشكەن تاڭ سەنزاڭ تەزىم قىلىپ:

— توۋا! توۋا! مۇشۇنداق ئوبدان ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىسىمۇ ئەسكى چىقىدىكەن ـ ھە! — دېدى.

— ئاتا، بۇنداق ئەسكى، يامان بالىنى نېمە قىلىسىز! مەن

ئـۇنى تېپىپ ئۆلتۈرۈپلىۋېتەي ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ بوۋايغا يېقىن كېلىپ .

— مەنمۇ ئۇنىڭدىن بەزدىم ، ئەمما ، نە چارە ، ئۇنىڭ ياكى ئالدىدا ، ياكى كەينىدە يوق . شۇڭا ، ئەسكى بولسىمۇ ، ئۆلسەك بىـزنـى كـۆمـۈپ قـويـۇشـقا بـولسىمۇ يارارمـىـكـىـن ، دەپ ئـولتۇرىمەن ، — دېدى بوۋاي .

— ئاغا ، — دېدى شاسېڭ بىلەن جۇ باجيې ، — بىز ھۆكۈمەت ئـادىـمى بولمىغاندىكىن يوقىلاڭ ئىشلارغا ئارىلاشمايلى ، ئۇ ياق ئـۇنـىـمىغاندىن كېيىن ، بىز ئىشىمىزنى قىلايلى ! ياخشىسى بۇ ئاتىمىز بىر باغلام ئوت - چۆپ بەرسۇن ، بىز چىقىپ ئۇخلايلى ، ئەتە سەھەردە يولغا چىقىدىغان ئىش .

بـوۋاي ئـورنىدىن تۇرۇپ ، شەيخنى باشلاپ ئارقا ھويلىدىن ئـىـكـكى بـاغـلام شـال پـاخـلـى ئېلىپ بەردى ۋە ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كەپىدە ئۇخلاشنى ئېيتتى . ئۇلارنىڭ قانداق ئارام ئالغانلىقىنى سۆزلىمەيلا قويايلى .

ئـەلـقـىـسـسە ، دەرۋەقە ھېلىقى قاراقچىلارنىڭ ئىچىدە ياڭ بوۋاينىڭ ئوغلى بار ئىدى . ئەتىگەندە سۇن ۋۇكۇڭ قاراقچىلارنىڭ ئىككى باشلىقىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن ، ئۇلار تەرەپ - تەرەپكە قېچىشتى . تەخمىنەن ئۇچىنچى جىسەك ۋاقتىدا ياڭ بوۋاينىڭ ئوغلى بىرمۇنچە شېرىكىنى يىغىپ ئۆيگە كېلىپ ئىشىك قاقتى . بوۋاي بۇنى ئاڭلاپ ، چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ :

— ئاپىسى ، ھېلىقى نېمىلەر كەلدى ، — دېدى .

— كـەلـگـەن بـولـسـا ، ئىشىكنى ئېچىپ بەرسلە ، ئۆيگە كىرسۇن ، — دېدى موماي .

بـوۋاي ئىشىكنى ئېچىشىغا بىر توپ قاراقچىلار : «قورساق ئاچتى ! ئۆلەي دېدۇق !» دەپ چۇقان سېلىشتى . بوۋاينىڭ ئوغلى ئالدىراپ - تېنەپ ئىچكىرىگە كىرىپ خوتۇنىنى ئويغىتىپ تاماق ئېتىشكە بۇيرۇدى . ئاشخانىدا ئوتۇن يوق ئىدى . ئۇ ئارقا ھويلىدىن

ئوتۇن ئەكېلىپ، خوتۇنىدىن سورىدى:
— ئارقا ھويلىدىكى ئاق ئات قەيەردىن كەلدى؟
— شەرقىي دىياردىن بۇددا نومىنى ئالغىلى كەلگەن شەيخلەر ئاخشام قونالغۇ سوراپ كەلگەنىكەن. قېيناتام، قېينانام ئۇلارنى تاماق بىلەن كۈتۈۋالدى. كەيپىدە ياتقۇزدى، — دېدى خوتۇنى.
ئۇ بىرنېمە ئۆيدىن چىقىپ چاۋاك چالغان پېتى كۈلۈپ:
— بۇرادەرلەر، قالتىس ئىش بولدى! قالتىس ئىش بولدى! دۈشمەنلىرىمىز بىزنىڭ ئۆيدە ئىكەن! — دېدى.
— قايسى دۈشمەنلىرىمىز! — دەپ چۇقان سېلىشتى قاراقچىلار.
— باشلىقلىرىمىزنى ئۆلتۈرگەن شەيخلەر بىزنىڭ ئۆيگە چۈشۈپ قونۇپتۇ. ھازىر كەيپىدە ئۇخلاۋېتىپتۇ، — دېدى ھېلىقى بىرنېمە.
— بەللى! ئۇ نېمىلەرنىڭ كالللىسىنى ئېلىپ، ھەممىسىنى قىيما ـ چىيما قىلىۋېتەيلى. بۇنداق قىلساق، بىرىنچىدىن، يۈك ـ تاق، ئاق ئاتقا ئىگە بولىمىز؛ ئىككىنچىدىن، باشلىقلىرىمىزنىڭ قىساسىنى ئالىمىز، — دېدى ئوغرىلار.
— ئالدىرىماڭلار، سىلەر قىلىچلىرىڭلارنى بىلەپ تۇرۇڭلار. تاماق پىشسۇن، قورساقنى تويغۇزۇپ تەڭلا ئىشقا كىرىشەيلى، — دېدى ھېلىقى بىرنېمە، ئوغرىلار بۇ گەپ بىلەن قىلىچلىرىنى بىلەپ سۇرتۇشتى.
بوۋاي بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قېلىپ تۇيدۇرماستىن ئارقا ھويلىغا چىقتى ـ دە، تاڭ سېڭ قاتارلىقلارنى ئويغىتىپ:
— ھېلىقى بىرنېمە قاراقچىلارنى باشلاپ كەپتۇ. ھەرقايسىلىرىنىڭ بۇ يەردىلىكلىرىنى ئۇقۇپ ئۆلتۈرۈش قەستىدە بولۇۋاتىدۇ. سىلەرنىڭ يىراقتىن كەلگىنىڭلارنى ئويلاپ جېنىڭلارغا زامىن بولۇشقا چىدىمىدىم. دەرھال نەرسە ـ كېرەكلىرىڭلارنى يىغىشتۇرۇڭلار، ئارقا ئىشىكتىن چىقىرىپ قوياي! — دېدى. تاڭ سەنزاڭ لاغىلداپ تىترىگەن ھالدا بوۋايغا رەھمەت ئېيتتى. جۇ

باجىبغا ئاتنى يېتىلەشنى ، شاسېڭغا يوكنى كۆتۈرۈشنى بۇيرۇدى . سۇن ۋۇكۇڭ توققۇز ھالقىلىق قەلەي ھاسىنى ئالدى . بوۋاي ئارقا ئىشىكنى ئېچىپ ئۇلارنى چىقىرىۋېتىپ، تىۋش چىقارماستىن كىرىپ يېتىۋالدى .

ئەلقىسسە ، قاراقچىلار قىلمىشلىرىنى ئېتتىكلىتىپ ، قورساقلىرىنى تويغۇزغاندا بەشىنچى جېسەك ۋاقتى بولغانىدى . ھەممەيلەن كېلىپ قارىغۇدەك بولسا شەيخلەر ئاقتىمۇ - كۆكتىمۇ يوق ئىدى . شۇئان چىراغ يېقىپ ئۇزاق ۋاقىت ئاختۇرۇپمۇ ئۇلارنى ھېچ يەردىن تاپالمىدى . كېيىن ، ئوچۇق تۇرغان ئارقا ئىشىكنى كۆرۈپ : «ئارقا ئىشىكتىن قېچىپتۇ ! قېچىپتۇ !» دەپ ۋارقىراشقىنىچە قوغلىدى .

ئۇلار ئۇچقاندەك مېڭىپ ، كۈن چىققاندا ئاران تاڭ سېڭلارنى كۆردى . تاڭ سەنزاڭ چۇقان - سۈرەننى ئاڭلاپ ئارقىسىغا قارىدى - دە ، يىگىرمە - ئوتتۇز ئادەمنىڭ قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ۋارقىرىۋەتتى :

— شاگىرتلىرىم ، قاراقچىلار قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ ، قانداق قىلىمىز ؟

— خاتىرىلىرىنى جەم قىلسىلا ! ۋەھىم يېمىسىلە ! پېقىر ئۇلارنىڭ ئالدىغا باراي !— دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— سۇن ۋۇكۇڭ ، ئادەمگە زەخمەت يەتكۈزمە ، ئۇلارنى قورقۇتۇپلا قاچۇرۇۋەت ،— دېدى تاڭ سەنزاڭ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ تۇرۇپ .

سۇن ۋۇكۇڭ بۇنداق گەپلەرگە قۇلاق سالىدۇ دەمسىز ، ئۇ ھەيۋە بىلەن بېرىپ :

— قەيەرگە بارىسىلەر ؟ — دېدى .

— يۈزسىز ئەبلەخ ! باشلىقىمىزنى قايتۇرۇپ بەر !— دەپ تىللىدى قاراقچىلار ھەمدە سۇن ۋۇكۇڭنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ ئۇر - چاپ قىلىشقا باشلىدى . سۇن ۋۇكۇڭ ئالتۇن توقىسىنى بىر پىرقىرىتىپ قاراقچىلارنىڭ ۋەتۋەرىكىنى چىقىرىۋەتتى : بەزىلىرى

ئۆلدى ، بەزىلىرى يارىلاندى ، بەزىلىرىنىڭ پۇت ـ قولى سۇندى ؛ قېچىپ قۇتۇلغان بىرنەچچىلا قاراقچىنى ھېسابقا ئالمىغاندا كۆپى جەھەننەمگە راۋان بولدى .

ئاتلىق تۇرغان تاڭ سەنزاڭ نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ يىقىلغانلىقىنى كۆرۈپ ئالمان ـ تالمان ئېتىغا قامچا سالدى . جۇ باجيې بىلەن شا ۋۇجىڭمۇ ئارقىدىن چاپتى . سۇن ۋۇكۇڭ يارىدار قاراقچىلاردىن :

— قايسىڭلار ياڭ بوۋاينىڭ ئوغلى ؟ — دەپ سورىدى .

— غوجام ، ئاۋۇ سېرىق كىيىملىك ئادەم شۇ !— دېدى قاراقچىلاردىن بىرى . سۇن ۋۇكۇڭ كېلىپ بىرىنىڭ قىلىچىنى ئالدى ـ دە ، سېرىق كىيىملىك قاراقچىنىڭ كاللىسىنى چاپتى . قان تېمىپ تۇرغان كاللىنى ئېلىپ تاڭ سېڭنىڭ يېنىغا كەلدى ـ دە ، باشنى كۆرسىتىپ :

— ئۇستاز ، مانا بۇ ياڭ بوۋاينىڭ ۋاپاسىز ئوغلى . پېقىر ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالدىم ، — دېدى .

تاڭ سەنزاڭنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى . ئۇ ھاپىلا ـ شاپىلا ئاتتىن چۈشۈپ تىل سالدى :

— ھۇ تاش يۈرەك مايمۇن ، مېنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەت ! كەل ! چاپسان بول !

جۇ باجيې بېرىپ كاللىنى بىر تېپىپ يەرگە چۈشۈردى ، تىرنىسى بىلەن توپا يىغىپ كۆمۈپ قويدى .

تاڭ سەنزاڭ يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇيۇپ ئەپسۇن ئوقۇشقا باشلىغانىدى ، سۇن ۋۇكۇڭنىڭ باش ـ كۆزى قىزىپ ، كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كېتەيلا دەپ قالدى . ئۇ يەردە دومىلاپ ئىلتىجا قىلدى :

— ئوقۇمىسىلا ! بولدى قىلسىلا !

تاڭ سەنزاڭ ئەپسۇننى ئون قېتىمدەك ئوقۇپمۇ ، بولدى قىلمىدى . سۇن ۋۇكۇڭ ئاغرىققا چىدىماي يەردە موللاق ئېتىپ چېكەتكىدەك سەكرەپ ئىڭرىدى :

— ئۇستاز ، گۇناھىمدىن ئۆتسىلە ! گەپلىرى بولسا ئوچۇقىنى قىلسىلا ، ئەپسۇن ئوقۇمىسىلا ! بولدى قىلسىلا !

تاڭ سەنزاڭ ئاخىر ئەپسۇن ئوقۇشتىن توختاپ :

— ساڭا قىلىدىغان گېپىم يوق ، ماڭا سېنىڭ لازىمىڭ يوق . قايتىپ كەت ! — دېدى .

— ئۇستاز ، مېنى نېمىشقا قوغلايدىلا ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ئاغرىققا چىداپ باش ئۇرۇپ تۇرۇپ .

— ئەسكىلىكنى بەك جىق قىلدىڭ ، شۇڭا بۇددا نومىنى ئەكېلىشكە مۇناسىپ ئەمەسسەن . تۇنۇگۇن تاغ باغرىدا ئىككى ئادەمنى ئۆلتۈرگەندە سېنى رەھىمسىز ، دەپلا ئەيىبلەپتىمەن . ئاخشىمى بوۋاينىڭ ئۆيىگە باردۇق ، يەپ - ئىچتۇق ، قوندۇق ، كېيىن ئۇ بىزنى ئارقا ئىشىكتىن قاچۇرۇۋېتىپ جېنىمىزنى قۇتۇلدۇرۇۋالدى ؛ ئۇنىڭ ئوغلى ۋاپاسىز ، ئەسكى بولسىمۇ ، ئۆلتۈرمىسەڭ بولاتتى ؛ يەنە بىرمۇنچە ئادەمنىڭ بېشىغا چىقتىڭ ، نۇرغۇن ئادەمنى ناكار قىلدىڭ . كۆپ قېتىم نەسىھەت قىلسام ، بىرنىمۇ قۇلاقتا تۇتمىدىڭ ، رەھىم - شەپقەت دېگەننى بىلمىدىڭ ، سېنى ھەمراھ قىلىپ نېمە قىلىمەن !يوقال ! تېز كۆزۈمدىن يوقال ! بولمىسا يەنە قارغايمەن ! ئەپسۇن ئوقۇيمەن .

— ئوقۇمىسىلا ! بولدى ئوقۇمىسىلا ، مەن كېتەي ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ قورقۇپ . ئاندىن بىر موللاق ئېتىپ بۇلۇتقا چىقتى - دە ، كۆزدىن غايىب بولدى .

سۇن ۋۇكۇڭنىڭ قەيەرگە بارغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز .

## ئەللىك يەتتىنچى باب

***راست سۇن ۋۇكۇڭنىڭ جياشەن تېغىغا بېرىپ دەرد تۆككەنلىكى***
***يالغان مايمۇن پادىشاھنىڭ سۇ پەردىلىك غاردا ماختىنىپ يۈرگەنلىكى***

سۇن ۋۇكۇڭ غەمگە چۆكتى: گۈلشەن تېغىدىكى سۇ پەردىلىك غارغا باراي دېسە، غاردىكى جىن ـ شاياتۇنلارنىڭ مەسخىرىسىدىن قورقتى؛ ئەرشكە بېرىپ تۇراي دېسە، ئەرشتىكى ئوردىنىڭ ئۆزىنى ئۇزاق ۋاقىت سىغدۇرالمايدىغانلىقىدىن ۋايىم يېدى؛ دېڭىزدىكى ئاراللارغا بېرىپ تۇراي دېسە، ئۈچ ئارالدىكى ئەۋلىيالاردىن ھەزەر ئەيلىدى؛ ئەجدىھا شاھنىڭ ئوردىسىغا باراي دېسە، ئەجدىھا شاھقا باش ئېگىپ ئىلتىجا قىلىشقا گەدىنى قويمىدى. بارارغا يېرى، تۇرارغا ئۆيى يوق سۇن ۋۇكۇڭ قاتتىق باش قاتۇرۇپ ئويلاپ: «بوپتۇ! بوپتۇ! نېمىلا بولسۇن ئۇستازىم قېشىغا باراي، ئىشنىڭ يولى مۇشۇ» دېدى.

ئۇ بۇلۇتتىن چۈشۈپ ئۇدۇل تاڭ سەنزاڭنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ئۇستاز، پېقىرنى مۇشۇ بىر قېتىم ئەپۇ قىلسىلا! بۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى قەبىھلىك قىلمايمەن، تەلىملىرىنى قويماي ئاڭلايمەن. سىلىنى قوغداپ غەربكە بېرىشىمغا ئىجازەت بەرگەيلا، — دېدى. تاڭ سېڭ ئۇنى كۆرۈپ گەپ ـ سۆز قىلماستىن ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتتى ـ دە، ئۇنىڭ بېشىدىكى چەمبىرەكنى چىڭىتىدىغان ئەپسۇننى ئوقۇشقا كىرىشتى، باشتىن ـ ئاخىرىغا ۋە ئاخىرىدىن باشقا يىگىرمە قېتىمدەك ئوقۇپ، سۇن ۋۇكۇڭنى ياتقۇزۇۋەتتى، چەمبىرەك گۆشكە بىر سۇڭدەك پاتتى. تاڭ سەنزاڭ

شۇندىلا ئەپسۇن ئوقۇشتىن توختاپ:
— كەتمەي نېمە چاپلىشىۋالىسەن؟ — دېدى.
— ئوقۇمىسىلا! ئەپسۇنلىرىنى توختاتسىلا! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ، — مەن قەيەرگىلا بارسام كۈن ئالالايمەن. مەن بولمىسام غەربىي دىيارغا يېتىپ بارالماسلىقىڭلار مۇمكىن، دەپ خەۋپسىرەيمەن.
— سەن مۇناپىق ئادەم ئۆلتۈرۈپ ماڭا جىق ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەردىڭ! ئەمدى سېنى ئىشلەتمەيمەن! بېرىش - بارالماسلىقىم بىلەن كارىڭ بولمىسۇن! ماڭ، كەت! — دېدى تاڭ سەنزاڭ ئاچچىقى كېلىپ.
ئۇستازىنىڭ سۆزىدىن يانمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن سۇن ۋۇكۇڭ نائىلاج يەنە بىر موللاق ئېتىپ بۇلۇتقا چىقتى. شۇ ئارىلىقتا بىردىنلا ئۇنىڭ كاللىسىغا «بۇ شەيخ كۆڭلۈمنى يەردە قويدى، ئەمدى پوتو قىياسىغا بېرىپ بۇ ئىشنى ئاۋالوكتېسۋارا بودساتۋاغا ئېيتاي» دېگەن ئوي كەلدى.
سۇن ۋۇكۇڭمۇ بوش كېلىدىغانلاردىن ئەمەس. ئۇ موللاق ئاتقان پېتى ھەش - پەش دېگۈچە جەنۇبىي دېڭىز رايونلىرىدىكى چوڭ دېڭىزغا باردى، قۇتلۇق نۇر ئىچىدە جياشەن تېغىغا چۈشۈپ، قارا بامبۇكزارلىقتا كىردى. بۇ يەردە توساتتىن مۇچانى ئۇچراتتى. مۇچا ئۇنى چاۋىس غارىنىڭ ئاغزىغا باشلاپ كەلدى. مالائىكە شەن سەي ئۇنى كۆرۈپ سالام بېرىپ:
— ھەزرىتىم، كېلىپ قاپتىلا، — دېدى.
— بودساتۋاغا بىر ئىش بىلەن ئەرز قىلىپ كەلدىم! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ. شەن سەي «ئەرز» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى:
— ئەجەب گەپدان مايمۇن ئىكەنلا! بودساتۋايىم ناھايىتى شاپائەتلىك، رەھىم - شەپقەتلىك، ھەممىگە تەڭ شاپائىتىنى ياغدۇرۇپ، ئۇلارنى دەرد - ئەلەمدىن خالاس قىلىدۇ. ئۇ كۈچ - قۇۋۋەتتە، كارامەت - ھېكمەتتە تەڭداشسىز، ئۇنىڭ قانداق يامان تەرىپى بار، نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىدىلا؟

قورسىقى كۆپۈپ تۇرغان سۇن ۋۇكۇڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپلا غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولدى ۋە بىرلا ۋارقىرىۋىدى، شەن سەي كەينىگە داجىدى.

— ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان نائىنساپ ھايۋان، ئەقلى دۆمبىسىگە چىقىپ قالغان كالۋا! مەن بىر ئىش بىلەن بۇدساتۋاغا ئەرز قىلىپ كەلدىم، دېسەم، نېمە مېنى گەپدان ئىكەنلا، بۇدساتۋا ئۇستىدىن ئەرز قىلغىلى كېلىپلا، دەيسەنغۇ؟ — دېدى.

— ۋاي سەپرا راھىب مايمۇن، سىلىگە چاقچاق قىلىۋاتسام، ئەجەب ئۆڭۈپ - ئۆچۈپ كەتتىلىغۇ؟ — دېدى شەن سەي كۈلۈپ.

ئۇلار سۆزلىشىۋاتقاندا ئاق شاتۇتى ئۇچۇپ كەلدى. مۇچا بىلەن شەن سەي بۇدساتۋانىڭ چاقىرىۋاتقانلىقىنى بىلىپ سۇن ۋۇكۇڭنى باشلاپ نېلۇپەر سۇپىسى يېنىغا كەلدى. سۇن ۋۇكۇڭ بۇدساتۋانى كۆرۈپ ئۆزىنى يەرگە ئېتىپ، مىڭ يېرىدىن ئېقىپ ھۆڭ - ھۆڭ يىغلىدى. بۇدساتۋا مۇچا بىلەن شەن سەيگە ئۇنى يۆلەپ قوپقۇزۇپ:

— سۇن ۋۇكۇڭ، كۆڭلۈڭنى بۇزغان قانداق ئىش بولسا قويماي ئېيتقىن، يىغلىما، ھەرگىز يىغلىما. قانداق مۇشكۇلۇڭ بولسا، مەن ئاسان قىلىمەن، — دېدى.

سۇن ۋۇكۇڭ قار - يامغۇردەك يىغلاپ، قايتا - قايتا تەزىم قىلىپ شۇنداق دېدى:

— پېقىر ئۆز ۋاقتىدا ئادەمگەرچىلىك قىلىپ كىمدىن يامانلىق كۆرگەن دەيلا؟ ئۆزلىرى مېنى ئەرشتىكى ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇۋالغاندىن بېرى ئېتىقادىمغا سادىق بولدۇم. تاڭ سېڭنى مۇھاپىزەت قىلىپ بۇددا نومىنى ئەكەلگىلى غەربكە سەپەر قىلدىم. بۇ جەرياندا خېيىمخەتەرگە قارىماي ئۇنى نەچچە قېتىملاپ جىن - ئالۋاستىلارنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇۋالدىم، بەئەينى يولۋاسنىڭ ئاغزىدىن يەۋاتقان گۆشنى تارتىۋالغاندەك، ئەجدىھانىڭ دۈمبىسىگە چىقىپ قاسىرقىنى سويۇۋالغاندەك ئىشلارنى قىلدىم. بۇنىڭدا پۈتۈنلەي ھەقىقەتنى ياقلاپ، يامانلىقنى تۈپتىن يوقىتىشنى كۆزلىدىم. كىم بىلسۇن، ھېلىقى دەرۋىش كالان ۋاپاغا جاپا

قىلدى، ياخشى ـ يامانىنى پەرق ئەتمىدى!
— ئاق ـ قارىنى قانداق پەرق ئەتمىگەنلىكىنى ماڭا دەپ بەرگىنە قېنى، — دېدى بۇدساتۋا.
سۇن ۋۇكۇڭ قاراقچىلارنى ئۆلتۈرگەنلىك ئىشىنى باشتىن ـ ئاياغ سۆزلەپ بەردى.
— تاڭ سەنزاڭ پەرمانىغا ئاساسەن غەربكە ماڭدى، شۇڭا سادىق، شاپائەتچى راھىب بولۇشقا تىرىشىدۇ، ئاسانلىقچە جانغا زامىن بولمايدۇ. سەن چەكسىز كارامەتكە ئىگە تۇرساڭ، نېمىشقا شۇنچە جىق قاراقچىنى ئۆلتۈرۈۋەتتىڭ؟ قاراقچىلىق ئەلۋەتتە ياخشى ئىش ئەمەس، بىراق ئۇلار ھەرھالدا ئادەم، ئۆلتۈرمىسەڭ بولاتتى. ئۇلار دېۋە ـ پىرە، جىن ـ ئالۋاستىلارغا ئوخشاشمايدۇ. شۇڭا، ئالۋاستىلارنى ئۆلتۈرگىنىڭ ئۇتۇقۇڭ بولىدۇ. ئادەملەرنى ئۆلتۈرگىنىڭ شەپقەتسىزلىكىڭ بولىدۇ، — دېدى بۇدساتۋا.
— پېقىر ئاق كۆڭۈل بولالمىغىنىم بىلەن جىق خىزمەت كۆرسىتىپ گۇناھىمنى يۇغان، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ يىغلاپ باش ئۇرۇپ، — شەپقەتلىك بۇدساتۋا، شاپائەت قىلىپ چەمبىرەنى بوشىتىدىغان ئەپسۇننى ئوقۇغايلا، ئالتۇن توقىنىمۇ قايتۇرۇپ بېرەي. مېنى قويىۋەتسىلە، مەن بېرىپ شارقىراتمىلىق غاردا جان باقاي!
— چەمبىرەك ئەپسۇننى ماڭا تاتھاگاتو ئۆگەتكەن. ئۇ، ئۆز ۋاقتىدا مېنى شەرققە بۇددا نومىنى ئەكېلىدىغان ئادەم تېپىپ كېلىشكە ئەۋەتكەندە، ماڭا ئۈچ ئەڭگۈشتەرنى بەرگەن. بۇلار كىمخاب كاسايا، توققۇز ھالقىلىق قەلەي ھاسا، مۇشۇ ئالتۇن چەمبىرەك ئىدى. ماڭا يەنە مەخپىي تۇردە ئۈچ ئەپسۇن ئۆگىتىپ قويغان، ئۇنىڭدا چەمبىرەكنى بوشىتىدىغان ئەپسۇن يوق، — دېدى بۇدساتۋا.
— ئۇنداق بولسا خەير ـ خوش، مەن كېتەي، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.
— مەن بىلەن خوشلىشىپ قەيەرگە بارماقچىسەن؟ — دېدى

بۇدساتۋا .

— ئەرشكە چىقىپ تاتىھاگاتونىڭ قېشىغا بارىمەن ، ئۇنىڭدىن چەمبىرەكنى بوشىتىدىغان ئەپسۇننى ئوقۇشنى ئىلتىماس قىلىمەن .

— توختاپ تۇر ، تەقدىرىڭنى كۆرۈپ باقاي ، — دېدى بۇدساتۋا .

— قارىمىسىلىمۇ بولىدۇ ، ئىشقىلىپ مەندىن ئامەت قاچقان ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— مەن سېنىڭكىگە ئەمەس ، تاڭ سېڭنىڭكىگە قارايمەن ، — دېدى بۇدساتۋا .

بۇدساتۋا نىلۇپەر سۇپىسىدا ئولتۇرۇپ ئەقىل كۆزى بىلەن پۈتۈن ئالەمگە نەزەر سېلىپ چىقتى . ھايال ئۆتمەي :

— سۇن ۋۇكۇڭ ، ئۇستازىڭ بىردەمدىن كېيىن خەتەرگە يولۇقىدۇ ، ئۇزاققا قالماي سېنى ئىزدەپ كېلىدۇ ، سەن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇر ، مەن راھىبقا گەپ قىلىپ ، سېنى بىرگە ئېلىپ مېڭىشنى ئېيتاي ، شۇنىڭ بىلەن ئىش پۈتسۇن ، — دېدى . سۇن ۋۇكۇڭ نائىلاج ئۇنىڭ گېپىگە كىردى ، قايتا جېدەل قىلىشقا پېتىنالماي نىلۇپەر سۇپىسىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە ئىتائەتمەنلىك بىلەن تۇردى . بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن .

ئەمدى گەپنى بۇ ياقتىن ئاڭلاڭ . دەرۋىش كالان تاڭ سەنزاڭ سۇن ۋۇكۇڭنى قوغلىۋەتكەندىن كېيىن جۇ باجىيىغا ئاتنى يېتىلىتىپ ، شاسېڭغا يۈك - تاقلارنى كۆتۈرگۈزۈپ يولغا چىقتى . ئۇن چاقىرىمدەك ماڭغاندىن كېيىن تاڭ سەنزاڭ ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ :

— شاگىرتلىرىم ، تاڭ كېچىدە يولغا چىقتۇق . ئۇنىڭ ئۈستىگە كاززاپ مايمۇنغا چېچىلدىم . قورسىقىم ئاچتى ، ئۇسساپ كەتتىم ، قايسىڭلار بېرىپ يېمەك - ئىچمەك تېپىپ كېلىسىلەر ؟ — دېدى .

— ئۇستاز ، ئاتتىن چۈشۈپ مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرسىلا ،

يېقىن ئەتراپتا يېزا بارمۇ ، يوق ، ئۇقۇپ كېلەي ، ئاندىن يېمەك - ئىچمەكنىڭ ئامالىنى قىلاي ، — دېدى جۇ باجيې .

بۇ گەپ بىلەن تاڭ سەنزاڭ ئاتتىن چۈشتى . جۇ باجيې بىر موللاق ئېتىپ ئاسمانغا چىقتى ، ئەتراپقا سىنچىلاپ قارىسا ، كۆزنىگە پۈتۈنلەي تاغ - چوققىلار چېلىقتى . ئادەم بار جايدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى . ئۇ قايتىپ چۈشۈپ تاڭ سەنزاڭغا :

— يېمەكلىكتىن ئۈمىد يوق . بۇ ئەتراپتا يېزا - قىشلاق كۆرۈنمەيدۇ ، — دېدى .

— يېمەكلىك تاپقىلى بولمىسا ، سۇ بولسىمۇ تېپىپ كەلگىن ، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرايلى ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

— ئۇنداق بولسا جەنۇبىي تاغدىكى جىلغىدىن سۇ ئەكېلەي ، — دېدى جۇ باجيې .

شا ۋۇجىڭ شەيخ ئۇنىڭغا قاچا بەردى . ئۇ قاچىنى ئېلىپ بۇلۇتقا چىقتى - دە ، يۈرۈپ كەتتى . تاڭ سەنزاڭ يول بويىدا ئۇنى ساقلاپ ئۇزاق ئولتۇردى ، ئۇسساپ تىللىرى قۇرۇپ چاكىلداپ كەتتى . شاسېڭ تاڭ سەنزاڭنىڭ ئۇسسۇزلۇققا چىدىيالماي قالغانلىقى ، جۇ باجيېنىڭ تېخىچە كەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ ، يۈك - تاقنى ئوبدان جايلاپ ، ئاق ئاتنى باغلاپ قويدى ۋە :

— ئۇستاز ، ئۆزلىرى يالغۇز ئولتۇرۇپ تۇرسىلا ، مەن بېرىپ جۇ باجيېنى سۈيلەپ سۇنى ئەكېلەي ، — دېدى . تاڭ سەنزاڭ گەپ - سۆز قىلماي كۆزنىگە ياش ئالغان ھالدا بېشى لىڭشىتتى . شاسېڭ بۇلۇتقا چىقىپ جەنۇبىي تاغقا قاراپ يۈرۈپ كەتتى .

تاڭ سەنزاڭ ساراسىمىگە چۈشۈپ ئولتۇرغاندا ، ئۇشتۇمتۇت بىر ئاۋاز ئاڭلاندى . قارىسا سۈن ۋۇكۇڭ يول بويىدا تىزلىنىپ ئولتۇرغانىكەن . ئۇ بىر كوزىدا سۇنى تەڭلەپ :

— ئۇستاز ، مەن بولمىسام ، سىلى بىر يۇتۇم سۇمۇ تېپىپ ئىچەلمەيدىلا . مانا بۇ مۇزدەك سۇ ، ئىچىپ تۇرسىلا ، مەن بېرىپ يېمەكلىك تېپىپ كېلەي ، — دېدى .

— سىنىڭ سۆيۈگىنى ئىچمەيمەن! ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ قېلىشقا رازىمەن! سېنىڭ كېرىكىڭ يوق! يوقال كۆزۈمدىن! — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

— مەن بولمىسام، سىلى غەربكە بارالمايدىلا.

— بېرىش - بارالماسلىقىم بىلەن چاتىقىڭ بولمىسۇن! ھۇ مەلئۇن! ماڭا نېمىشقا كاندەك چاپلىشىۋالىسەن؟

بۇنى ئاڭلاپ سۇن ۋۇكۇڭنىڭ چىرايى شاپپىدە ئۆڭدى، ئاچچىقى كېلىپ تاڭ سەنزاڭنى تىللىۋەتتى:

— ھۇ باغرى تاش پاخشەك. مېنى شۇنداقمۇ پەس كۆرۈۋاتامسەن! — ئاندىن چىننى چۆرۈۋېتىپ تۆمۈر كالتەكنى پىرقىرىتىپ تاڭ سەنزاڭنىڭ دۈمبىسىگە بىرنى قويدى. ئۇ شۇئان يىقىلىپ ھوشىدىن كەتتى. سۇن ۋۇكۇڭ يۇك - تاقلارنى ئېلىپلا بۇلۇتقا چىقىپ غايىب بولدى.

ئەلقىسسە، جۇ باجيې قاچىنى كۆتۈرۈپ تاغنىڭ جەنۇبىدىكى يانباغرىغا كەلدى. توساتتىن تاغ ئارىسىدىكى بىر ئۆيگە كۆزى چۈشتى. جۇ باجيې «ناۋادا مەن مۇشۇ ئەپتىم بىلەن بارسام، تۇرقۇمدىن قورقۇپ يېمەكلىك بەرمەسلىكى مۇمكىن… چىرايلىقراق قىياپەتكە كىرىپ باراي!…» دەپ ئويلىدى.

جۇ باجيېمۇ بوش كەلمەيتتى. ئۇ ئەپسۇن ئوقۇپ، ئاچلىقتىن چىرايى سارغىيىپ كەتكەن، ئەمما سېمىز بىر شەيخ قىياپىتىگە كىردى. ئاندىن ئىگىرغان پېتى ئىشىك ئالدىغا بېرىپ:

— غوجام، پېقىر شەرقىي دىياردىن كەلدىم، نوم ئالغىلى غەربكە كېتىۋاتاتتۇق. ئۇستازىم ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتا قالدى. قىسىرماق سوغۇق تاماق بولامدۇ، ئازراق بەرگەن بولسىلىرى، — دېدى.

ئەسلىي بۇ ئۆيدىكى ئەرلەر شال كۆچۈرگىلى، قوناق تېرىغىلى كەتكەنىدى. ئۆيدە ئىككىلا ئايال بولۇپ، چۈشلۈك تاماقنى پىشۇرۇپ، ئىككى ئاپقۇرغا ئۇسۇپ ئېتىزغا ئاپىرىشقا تەييارلانغانىدى. قازاندا ئازراق تاماق ۋە قاسىرماق قالغانىدى.

ئاياللار ئۇنىڭ ئەپتى ـ ئەڭگىزىگە قاراپ ئىچى ئاغرىپ قازاندىكىنى بىر قاچىغا ئۇسۇپ ئۇنىڭغا تۇتقۇزدى . جۇ باجىي ئۇنى ئېلىپ كەينىگە ياندى ۋە ئەسلىي قىياپىتىگە كىرىپ كەلگەن يولى بىلەن قايتتى .

ئۇ جىددەللەپ كېتىۋاتقاندا ئۇشتۇمتۇت بىرىنىڭ «جۇ باجىي» دەپ توۋلىغىنىنى ئاڭلاندى . ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسا شاسىڭ قىيادا تۇرۇپ ئۇنى چاقىرىۋاتاتتى :

— بۇ ياققا كېلىڭ ! بۇ ياققا كېلىڭ ! — ئاندىن ئۇ ئالدىراپ جۇ باجىينىڭ ئالدىغا كەلدى ، — بۇ جىلغىدا بىر ئوبدان سۇ تۇرسا ئالماي قەيەرلەردە يۈردىڭىز ؟

— بۇ يەرگە كەلگەندە قارىسام بىر كەپە كۆرۈنگەنىدى ، شۇ يەرگە بېرىپ تاماق ئەكەلدىم ، — دېدى جۇ باجىي كۈلۈپ .

— تاماقنىڭغۇ تېپىلغىنى ئوبدان بوپتۇ . بىراق ، ئۇستاز بەك ئۇسساپ كەتتى . سۇنى قانداق قىلىمىز ، — دېدى شاسىڭ .

— بۇنىڭ ئىشى ئاسان ؛ سەن بۇ تاماقنى كىيىمىڭگە ئوراپ تۇر ، مەن بېرىپ سۇ ئەكېلەي ، — دېدى جۇ باجىي .

ئىككىيلەن خۇشال ھالدا قايتىپ كەلدى . قارىسا ، تاڭ سەنزاڭ توپىغا مىلىنىپ يەردە ياتاتتى ؛ ئاق ئات ئارغامچىسىنى ئۈزۈۋېتىكەن ، يول بويىدا چېپىپ يۈرەتتى ؛ يۈك ـ تاقلار كۆرۈنمەيتتى . جۇ باجىي بۇ ھالدىن ئۆزىنى يوقىتىپ مەيدىسىگە ئۇرۇپ ، يەرنى تېپىپ قاقشاپلا كەتتى :

— ۋاي توۋا ! بايا سۇن ۋۇكۇڭ قوغلىۋەتكەن نېمىلەر كەپتۇ ، ئۇستازنى ئۆلتۈرۈپ يۈك ـ تاقلارنى بۇلاپ كېتىپتۇ !

شا ۋۇجىڭ شەيخ «ئۇستاز !» دېدى ـ دە ، ھەسرەتلىنىپ قاتتىق يىغلىدى .

— بۇرادەر ، يىغلىما ، بولار ئىش بولدى ، ئەمدى نوم ئالغىلى بېرىپ بولدۇق . سەن ئۇستازنىڭ مۇردىسىغا قاراپ تۇر . مەن ئاتنى مىنىپ يېزىغا بېرىپ ئۇنى ئازراق پۇل قىلاي ـ دە ، مېيىت ساندۇقى ئەكېلەي . ئۇستازنى كۆمۈپ قويۇپ ، ھەر ئىككىمىز ئۆز يولىمىزغا

ماڭايلى ، — دېدى جۇ باجيې .

شاسېڭ ئۇستازىغا پەقەت چىدىمىدى ، ئۇستازىنى ئۆرۈپ ئوڭدا قىلىپ يۈزىنى يۈزىگە يېقىپ ، يىغلاپ تۇرۇپ :

— ۋاي شور پېشانە ئۇستازىم ! — دېدى . ئۇستازىنىڭ بۇرنىدىن ئىسسىق نەپەس چىقىۋاتقانلىقى ، كۆكرىكىنىڭ ئىسسىق تۇرغانلىقىنى سېزىپ ۋارقىراپ كەتتى :

— جۇ باجيې ، بېرى كېلىڭ ! ئۇستازىنىڭ جېنى بار ئىكەن تېخى !

جۇ باجيې يېقىن كېلىپ ئۇستازىنى يۆلىدى . ئۇ ھوشىغا كېلىپ بىرپەس ئىڭراپ تىللاپ كەتتى :

— بىشەم مايمۇن ، مېنى ئۆلتۈرۈۋەتكىلى تاس قالدى ، — دېدى .

— قايسى مايمۇن ؟ — دەپ سورىدى جۇ باجيې بىلەن شا سېڭ .

تاڭ سەنزاڭ گەپ قىلماي ئاھ ئۇردى . ئازراق سۇ ئىچكەندىن كېيىن :

— شاگىرتلىرىم ، سىلەر كېتىشىڭلارغا سۇن ۋۇكوڭ كېلىپ ماڭا چاپلاشتى . ئۇنى قوبۇل قىلمىسام ، كالتىكى بىلەن مېنى ئۇرۇپ يۇك - تاقلارنى بۇلاپ كەتتى ، — دېدى .

بۇنى ئاڭلاپ جۇ باجيېنىڭ مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى ، ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ :

— بۇ مۇناپىق مايمۇن نېمانچە ھەددىدىن ئاشقاندۇ ! شا ۋۇجىڭ ، سەن ئۇستازدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرغىن ، مەن بېرىپ ئۇنىڭدىن يۇك - تاقلارنى ئەكېلەي ! — دېدى .

— ئاچچىقىڭىزغا ھاي بېرىڭ . ئۇستازنى يۆلەشتۈرۈپ تاغ ئىچىدىكى ئادەملەرنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ ئىسسىق چاي ، ئىسسىق تاماق بېرىپ كۈتەيلى . ئاندىن ئۇنىڭ قېشىغا بارسىڭىزمۇ بولار ، — دېدى شاسېڭ .

جۇ باجيې بۇنىڭغا ماقۇل بولۇپ ئۇستازىنى يۆلەپ ئاتقا

مىنگۈزدى، قاچىدا سۇ بىلەن سوغۇق تاماقنى كۆتۈرۈپ بايىقى ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۆيدە بىرلا موماي بار ئىدى، ئۇلارنى كۆرۈپلا مۆكۈۋالدى.

— چوڭ ئانا، بىز شەرقىي دىياردىكى تاڭ دۆلىتى پادىشاھىنىڭ ئەمرى بىلەن غەربكە كېتىۋاتاتتۇق. ئۇستازىمىزنىڭ تاۋى يوق بولۇپ قالدى، شۇڭا ھۇزۇرلىرىغا ئەكەلدۇق، ئىسسىق چاي، ئىسسىق تائام بەرگەن بولسىلىرى، — دېدى شا ۋۇجىڭ قولىنى جۈپلەپ تۇرۇپ.

— بايا كېسەلمەن بىر شەيخ كېلىپ شەرقىي دىياردىن كەلگەنمەن، دەپ بارىنى ئەكەتكەن، ئەمدى يەنە شۇ گەپنى قىلىپ كەپسىلەر. خوجايىن ئۆيدە يوق، باشقا يەرگە بېرىڭلار، — دېدى موماي.

— بايىقى كېسەل چىرايى سېمىز شەيخ مەن بولىمەن، — دېدى جۇ باجيې كۈلۈپ، — تۇمشۇقۇم ئۇزۇن، قۇلىقىم يوغان بولغاچقا، سىلەرنى قورقۇپ كېتىپ تاماق بەرمەي قالمىسۇن، دەپ شۇنداق قىياپەتكە كىرىۋالغانىدىم، ئىشەنمىسىلە بۇرادىرىمنىڭ يانچۇقىدىكى قاسىرماقنى كۆرۈپ باقسىلا.

موماي قاسىرماقنى كۆرۈپ، بايا ئۆزلىرى بەرگەن تاماق ئىكەنلىكىنى بىلدى - دە، ئۇلارنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. چاي قاينىتىپ چىقىپ تاماقنى ئىسسىتىۋالسۇن، دەپ شاسېڭغا بەردى. شاسېڭ تاماقنى ئىسسىتىپ ئۇستازىغا بەردى. ئۇستاز تاماقنى يەپ سەل مادارىغا كەلگەندىن كېيىن:

— يۇك - تاقلارنى ئالغىلى قايسىڭلار بارىسىلەر؟ — دېدى.

— ئۇستاز، سىلى ئالدىنقى يىلى ئۇنى قوغلىۋەتكەندە مەن بېرىپ تېپىپ كەلگەن. شۇڭا، ئۇ تۇرىدىغان گۈلشەن تاغ بىلەن سۇ پەردىلىك غارنى بىلىۋالغانمەن. بۇ قېتىممۇ مەن باراي، — دېدى جۇ باجيې.

— سەن بارساڭ بولمايدۇ. ئۇ مايمۇن ئەزەلدىنلا سەن بىلەن چىقىشالمايدۇ. سېنىڭمۇ ئاغزىڭ يامان. يامانراق گەپتىن بىرنى

قىلىۋەتسەڭ، ئۇ سېنى ئۇرىدۇ. شا ۋۇجىڭ بارسۇن، — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

— بولىدۇ، مەن باراي، — دېدى شا ۋۇجىڭ دەرھال.

— ئۇ يەرگە بارغاندا ئەھۋالغا قاراپ ئىش تۇتقىن، — دەپ تاپىلىدى تاڭ سەنزاڭ، — ئەگەر ئۇ يوك ـ تاقنى چىرايلىقچە بەرسە، يالغاندىن بولسىمۇ رەھمەت ـ ھەشقاللا، دەپ ئالغىن؛ ناۋادا بەرمىسە، ئۇنىڭ بىلەن سوقۇشماستىن جەنۇبىي دېڭىزدىكى بودساتۋانىڭ قېشىغا بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتقىن ـ دە، ئۇنىڭ ئېلىپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلغىن.

شا ۋۇجىڭ بۇ گەپنى ئېسىگە سېلىۋالدى ـ دە، ئەپسۇن ئوقۇپ بۇلۇتقا چىقىپ، ئۇدۇل شەرقىي پۇرۋاۋىدىخاغا قاراپ ئۇچتى.

ئۇ، ئاسماندا ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ شەرقىي دېڭىز رايونىدىكى چوڭ دېڭىزغا كەلدى. توساتتىن دولقۇنلارنىڭ شاۋقۇننى ئاڭلاپ تۆۋەنگە قارىدى، قارا بۇلۇتلار قۇتراپ چېپىپ يۈرەتتى، دېڭىز بەئەينى مىڭلىغان توسۇن ئات چېپىۋاتقاندەك شاۋقۇن سېلىۋاتاتتى. ئۇ بۇ مەنزىرىنى تاماشا قىلىشنى خالىماي پەرىزاتلار تېغىدىن ئۆتتى. شەرققە مېڭىپ گۈلشەن تېغىنىڭ پاسىلىغا كەلدى. بوران، سۇلار بىلەن ئېلىشىپ يەنە ئۇزاق يول يۈرگەندىن كېيىن قاتار كەتكەن چوققىلار، ئېدىر ـ قىيالار كۆزىگە چېلىقتى. ئۇ چوققىدىن پەسكە چۈشۈپ شارقىراتمىلىق غارنى ئىزدەپ ماڭدى. يېقىن كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، تاغ ئىچىدە سانسىزلىغان مايمۇنلار چېپىشىپ ئويناپ يۈرەتتى. شاسېڭ يەنىمۇ يېقىن كېلىپ شۇنى كۆردىكى، سۇن ۋۇكۇڭ ئېگىز تاش سۇپىدا ئولتۇرۇپ، بىر ۋاراق قەغەزنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ تۆۋەندىكىلەرنى بار ئاۋازى بىلەن ئوقۇۋاتاتتى:

*«مەنكى شەرقىي دىياردىكى ئۇلۇغ تاڭ دۆلىتى پادشاھى لى تەيزۇڭ ئىنىم ئەۋلىيا سامغا شۈەن زاڭ شەيخ سۇدۇرغا غەربتىكى ھىندىستان ئېلىنىڭ خىسلەتلىك تېغىدىكى*

*گۆھەرنىشىن ئىبادەتخانىسىغا بېرىپ بۇددا تاتھاگاتونى تاۋاپ قىلىپ ، بۇددا نومىنى ئەكېلىشكە ئەمر قىلدىم . چۈنكى ، مەن ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولدۇم ، روھىم باقىي ئالەمگە سەپەر قىلدى ، بەختكە يارىشا ئەجىلىم توشماپتىكەن ، ياماراجا مېنى پانىي ئالەمگە قايتۇرۇۋەتتى . مەن ساۋابلىق ئىش قىلاي ، دەپ تىلاۋەتخانا ياساتتىم . شاپائەتچى بۇدساتۋا ئاۋالوكتىسۋارا ماڭا ئالتۇن بويىنى كۆرسىتىپ غەربتە بۇددا ۋە بۇددا نومى بار ، بۇددا نومى ئوقۇلۇپ تىلاۋەت قىلىنسا ، ئۆلگەنلەر جەننەتكە كىرىدۇ ، دەپ يول كۆرسەتتى . شۇ ۋەجدىن شەيخ سۇدۇر شۈەن زاڭنى ئالاھىدە مىڭلىغان تاغ ـ دەريالاردىن ئۆتۈپ بۇددا نومىنى ئەكېلىشكە ئەۋەتتىم ، شۈەن زاڭ غەربتىكى ھەرقايسى دۆلەت ۋە بەگلىكلەردىن ئۆتكۈچە ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىدۇ ، يارلىق بويىچە ئىش كۆرىدۇ .*

*ئۇلۇغ تاڭ دۆلىتى پادشاھى*

*جېنگۇەننىڭ 13 ـ يىلى كۈز ، خاسىيەتلىك كۈندە يېزىلدى يارلىق .»*

شا سېڭ بۇنىڭ يولخېتى ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئىختىيارسىز يېقىن كېلىپ ۋارقىرىدى :

— ئاغا ، ئۇستازنىڭ يولخېتىنى ئوقۇپ يۈرگىنىڭىز نېمىسى ؟

سۈن ۋۇكۇڭ بۇنى ئاڭلاپ شاققىدە بېشىنى كۆتۈردى ۋە شا سېڭنى تونۇماي : «بۇ ياققا ئەكېلىڭلار !» دەپ توۋلىدى .

مايمۇنلار گۇررىدە كېلىپ شاسېڭنى سۆرەشتۈرۈپ يېقىن ئەكەلگەندىن كېيىن سورىدى :

— سەن نېمە ئادەم ، بۇ يەرگە قەدەم بېسىشقا قانداق جۈرئەت قىلدىڭ ؟

شاسېڭ سۈن ۋۇكۇڭنىڭ يۈزسىزلىك قىلىپ ئۆزىنى تونۇماسقا سېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭغا سالام بېرىپ شۇنداق دېدى :

— ئاغامغا مەلۇم بولسۇنكى ، ئۆتكەندە ئۇستازىم ھەقىقەتەن

چېچىلىپ خاتا ھالدا سىزنى ئەيىبلەپ، قارغاپ قوغلىۋەتتى. بىرىنچى قېتىمدا ئۇستازغا گەپ قىلىپ سىزگە يان باسالماي قالدۇق. ئىككىنچى قېتىمدا ئۇستازغا سۇ ۋە تاماق ئالغىلى كېتىپ قاپتۇق. سىز ياخشى نىيەت بىلەن قايتا كەلگىنىڭىزدە، ئۇستاز جاھىللىق قىلىپ ئۆز گېپىدە تۇرۇۋالدى، دەپ خاپا بوپسىز ۋە ئۇرۇپ ھوشسىزلاندۇرۇپ، يۇك - تاقلارنى ئەكېتىپسىز، بىز كېلىپ ئۇستازنى قۇتۇلدۇرۇۋالدۇق، مەن ئالايتەن ئالدىڭىزغا كەلدىم. ئەگەردە ئۇستازنىڭ بۇرۇنقى مېھىر - شەپقىتىنى ئۇنتۇماستىن ئۇنىڭغا ئاداۋەت تۇتمىسىڭىز، پېقىر بىلەن يۇك - تاقلارنى ئېلىپ ئۇستازنىڭ ئالدىغا بېرىڭ، بىرلىكتە غەربكە بارايلى، ئىشنىڭ يولى شۇ. ئەگەر ئاچچىقىڭىزدىن يانماي، بېرىشقا ئۇنىمىسىڭىز، يۇك - تاقلارنى ماڭىلا بېرىڭ. مەن كەچكى مەنزىرىنى تاماشا قىلغاچ كېتىمەن - دە، ھەممە ئىش كۆڭۈلدىكىدەك بولىدۇ.

— ساداقەتمەن ئىنىم، بۇ گېپىڭ كۆڭلۈمگە ياقمىدى. مەن غەربكە بارماسلىقنىڭ قارىنىنى ئېسىپ ياكى بۇ يەردە تۇرۇپ قېلىشنى ئارزۇلاپ تاڭ سېڭنى ئۇرغىنىم، يۇك - تاقلارنى بۇلاپ كەلگىنىم يوق؛ مەن بۇ يارلىقنى پىششىق ئوقۇۋېلىپ، بۇددا نومىنى ئالغىلى غەربكە ئۆزۈم بارماقچىمەن. ئۇنى شەرقىي دىيارغا ئاپىرىپ بېرىپ يالغۇز ئۆزۈملا شان - شەرەپكە ئىگە بولىمەن. جەنۇبىي جامبۇدۋىپا (قىتئە) تەۋەسىدە ئۆزۈمنى ئەجداد قىلىپ تىكلىتىپ، نامىمنى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا قالدۇرىمەن، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ سوغۇق كۈلۈپ.

— بۇ گېپىڭىز جايىدا بولماي قالدى، — دېدى شاسېڭ كۈلۈپ، — «سۈن ۋۇكۇڭ بۇددا نومىنى ئەكېلىدۇ» دېگەن گەپ ھېچ يەردە يوق. بۇددىمىز تاتھاگاتو بۇددا نومىنى نازىل قىلىپلا بۇدساتۋا ئاۋالوكتىسۋارانى شەرقىي دىيارغا بۇددا نومىنى ئۆگىنىدىغان ئۇستاز تېپىپ كېلىشكە ئەۋەتكەن. بۇدساتۋا بۇددانى ئېلىپ كېلىدىغان ئادەم تاتھاگاتونىڭ مۇرىتى، ئالتۇن تومۇزغا لەقەملىك دەرۋىش كالان، دېگەن. دەرۋىش كالان بۇددانىڭ گېپىنى

ئاڭلىمىغانلىقى ئۈچۈن، خىسلەتلىك تاغدىن چۈشۈرۈلۈپ، شەرقىي دىيـاردا قـايـتـىـدىن دۇنياغا كەلگەنىكەن. شۇڭا، ئۇنى نومنى ئەكېلىشكە بۇيرۇشتىن مەقسەتمۇ ئۇنى غەربكە قايتۇرۇپ كېلىپ، يېڭىباشتىن ئىلىم ئۆگىتىش ئىكەن. ئەگەر سىز ئۇستاز بىلەن بىللە بارمىسىڭىز، قايسى بۇددا سىزگە ئىلىم ۋە نوم بېرىدۇ! بۇنىڭ ھەممىسى خام خىيال ئەمەسمۇ؟

— قـەدىرلىك ئىنىم، سەن ئىشنىڭ بىر تەرىپىنى بىلگەن بىلەن يەنە بىر تەرىپىنى بىلمەيدىكەنسەن. سەن مېنىڭ تاڭ سېڭىم بار دەيسەن. مېنىڭ يوقمۇ؟ مەن بۇ يەردىن ھەقىقىي تەرىقەتچىدىن بىرنى تاللىۋالىمەن ـ دە، ئۆزۈم بېرىۋېرىمەن. پېقىرنىڭ قولىدىن نېمە ئىش كەلمەيدۇ دەيسەن! ئەتىلا ماڭىمەن دەپ ئادەمنىمۇ تاللاپ بولدۇم. ئىشەنمىسەڭ چاقىرىپ كېلىپ كۆرسىتەي، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ۋە توۋلىدى، — نۆكەرلەر، ئۇستازنى چاققان چاقىرىپ چىقىڭلار!

دېگـەندەك ئۇلار كىرىپ كېتىپ ئاق ئاتنى يېتىلەپ، تاڭ سەنزاڭدىن بىرنى چاقىرىپ چىقتى. ئۇنىڭ كەينىدە يۇك ـ تاق كۆتۈرگەن بىر جۇ باجيې، قەلەي ھاسا تۇتقان شا ۋۇجىڭ بار ئىدى.

بۇنى كۆرۈپ شا ۋۇجىڭ دەرغەزەپكە كەلدى:

— مـەن ئـىـسىم ـ شەرىپىمنى ئۆزگەرتمىگەن تۇرسام شا ۋۇجـىـڭ شەيختىن يەنە بىرى نېمە ئىش قىلسۇن! يۈزى قېلىن دۆيۈز! مانا قارا! — دېدى ـ دە، خاسىيەتلىك ھاسا بىلەن يالغان شا ۋۇجىڭنى بىرنى قويۇپ ئۆلتۈرۈپ قويدى. ئەسلىي ئۇ مايمۇن جىن ئىدى. ھېلىقى سۇن ۋۇكۇڭ ئالتۇن توقىسىنى كۆتۈرۈپ، مايمۇنلارنى يىغىپ كېلىپ، شا ۋۇجىڭنى ئورىۋالدى. شا ۋۇجىڭ سوقۇشۇپ يول ئېچىپ، بۇلۇتقا چىقىۋالدى ـ دە:

— ھۇ دۆيۈز مايمۇن، سېنى بۇدساتۋاغا ئەرز قىلىمەن، — دەپ قـېچىپ كەتتى. ھېلىقى سۇن ۋۇكۇڭ بىر مايمۇن جىننى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى ئۈچۈن شا ۋۇجىڭنى قېچىشقا مەجبۇر قىلدى. ئەمما، كەينىدىن قوغلىمىدى. غارغا قايتقاندىن كېيىن نۆكەرلىرىگە

ئۆلگەن جىننى سويۇپ گۆشىنى قورۇپ ئەكېلىشنى بۇيرۇدى. ئۇنى ئەكەلگەندىن كېيىن جىمى مايمۇنلار يىغىلىپ يېزا ھارىقى ۋە ئۈزۈم ھارىقى بىلەن يەپ تۈگەتتى. ئۆزگىرەلەيدىغان يەنە بىر مايمۇن جىننى شا ۋۇجىڭ سىياقىغا كەلتۈرۈپ، قايتىدىن تەرىقەت ئۆگەتتى ۋە غەربكە ئاتلىنىشقا تەييارلاندى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

شا ۋۇجىڭ شەرقىي دېڭىزدىن يولغا چىقىپ بىر كېچە-كۈندۈز مېڭىپ، جەنۇبىي دېڭىزغا كەلدى. جىياشەن تېغىغا ئاز قالغاندا، دەرۋىش مۇچاغا ئۇچراپ قالدى.

— شا ۋۇجىڭ، تاڭ سېڭنى قوغداپ نوم ئالغىلى بارماي بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسىز؟ — دەپ سورىدى مۇچا.

— بىر ئىش بىلەن بۇدساتۋاغا سالامغا كېلىۋىدىم، مالال كۆرمەي ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ قويغان بولسىلىرى، — دېدى شا ۋۇجىڭ ئۇنىڭغا سالام بېرىپ.

مۇچا ئۇنىڭ سۇن ۋۇكۇڭنى ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى بىلدى، ئەمما بۇ توغرىدا گەپ ئاچماستىن، كىرىپ بۇدساتۋاغا:

— تاڭ سېڭنىڭ كىچىك شاگىرتى شا ۋۇجىڭ ئۆزلىرىنى تاۋاپ قىلغىلى كەپتۇ، سىرتتا قالدى، — دېدى.

پەستە تۇرغان سۇن ۋۇكۇڭ بۇنى ئاڭلاپ كۈلۈپ:

— تاڭ سېڭ چوقۇم بالا-قازاغا ئۇچراپتۇ، شەيخ ئۆزلىرىنى چاقىرىپ كەپتۇ، — دېدى.

بۇدساتۋا مۇچاغا:

— دەرھال ئۇنى چاقىرىڭ، — دېدى. ئۇ كىرىپلا چوڭقۇر تەزىم قىلدى. تەزىمدىن كېيىن بولغان ئىشلارنى دەپ ئەرز قىلماقچى بولۇپ بېشىنى كۆتۈرۈشىگە بىر چەتتە تۇرغان سۇن ۋۇكۇڭغا كۆزى چۈشۈپ قالدى-دە، گېپىنىمۇ قىلماستىن خاسىيەتلىك ھاسىسىنى سۇن ۋۇكۇڭنىڭ يۈزىگە ئاتتى. بىراق، سۇن ۋۇكۇڭ قول ياندۇرماي ئۆزىنى چەتكە ئالدى. شا ۋۇجىڭ

ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپ كەتتى :

— سەن يۈزسىز ھايۋان كەچۈرگۈسىز جىنايەت ئۆتكۈزدۈڭ ! ئـەمـدى ھـېـچـنـېـمـە قـىـلـمـىغان بولۇپ بۇدساتۋانىڭ سايىسىگە كىرىۋالدىڭمۇ !

— شـا ۋۇجـىـڭ ، ئۇرۇشمـاستىن نېـمە ئـىش بولسا ماڭا ئېيت ، — دېدى بۇدساتۋا .

شا ۋۇجىڭ خاسىيەتلىك ھاسىسىنى يېنىغا تۇتۇپ تۇرۇپ يەنە بىر قېتىم تەزىم قىلدى ـ دە ، بۇدساتۋاغا زەردە بىلەن شىكايەت قىلىشقا باشلىدى :

— بۇ مايمۇن يول بويى جىق ئەسكىلىكلەرنى قىلىپ كەلدى . نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا بىر تاغ باغرىدا يول توسۇغان قاراقچىدىن ئىككىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندى ، ئۇستاز بىرئاز ئەيىبلىدى ؛ ئاخشىمى قـاراقـچىلارنىڭ باشلىقىنىڭ ئۆيىدە تۈنىدۇق . ئۇ يەنە بىرمۇنچە قاراقچىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى ، ئۇنى ئاز دەپ قېنى ئېقىپ تۇرغان بىر كـالـلـىنى ئەكېلىپ ئۇستازغا كۆرسەتكەندى ، ئۇستاز قورقۇپ كـېـتـىـپ ئاتتىن يىقىلىپ چۈشتى . ئاندىن ئۇنى ئازراق تىللاپ قوغلىۋەتتى . كېيىن ئۇستاز بەك ئۇسساپ كېتىپ جۇ باجيېنى سۇغا بۇيرۇدى . ئۇزاق ساقلىساق كەلمىگەندى . ئۇنى ئىزدەپ كەل ، دەپ مـېـنـى ئـەۋەتتـى . كىم بىلسۇن ، سۇن ۋۇكۇڭ ئىككىمىزنىڭ يـوقـلـۇقىنى كۆرۈپ قايتىپ كېلىپ ئۇستازنى ئۇرۇپ ، يۈك ـ تـاقلارنى بۇلاپ كېتىپتۇ . بىز يېنىپ كېلىپ ئۇستازنى ھوشىغا كەلتۈردۇق . مەن ئالايتەن يۈك ـ تاقنى ئالغىلى ئۇنى ئىزدەپ سۇ پەردىلىك غارغا باردىم . كۈتمىگەندە ئۇ يۈزسىزلىك قىلىپ مېنى تـونـۇمـاسـقـا سـالـدى . ئـۇ ئـۇسـتـازنىڭ يولخېتىنى توختىماي ئـوقـۇۋەرگەندى ، مەن بۇنى ئوقۇپ نېمە قىلىسىز دېسەم ، ئۇ : «ئەمدى تاڭ سېڭنى مۇھاپىزەت قىلمايمەن ، غەربكە ئۆزۈم بېرىپ نومنى ئەكېلىپ شەرقىي دىيارغا ئاپىرىپ بېرىپ جىمى شەرەپكە ئـۆزۈم ئـىـگە بولىمەن ، ئۆزۈمنى ئەجداد قىلىپ تىكلىتىپ نام قالدۇرىمەن» دېدى . مەن : «تاڭ سېڭ بولمىسا ، نومنى سىزگە

كىم بېرىدۇ؟» دېسەم، ئۇ: «تەرىقەتنى ئوبدان بىلىدىغان ھەقىقىي راھىبتىن بىرنى تاللىۋالدىم» دېدى ھەمدە ئۇنى چاقىرتىپ چىقتى. قارىسام، دېگەندەك بىر ئات، تاڭ سېڭ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن جۇ باجيې، شا ۋۇجىڭ چىقتى. مەن: «شا ۋۇجىڭ دېگەن مەن تونۇرسام شا ۋۇجىڭ شەيختىن يەنە بىرى نېمە ئىش قىلسۇن؟» دېدىم ۋە يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنى ھاسام بىلەن بىرنى قويسام ئۆلۈپ قالدى. ئەسلىي ئۇ مايمۇن جىن ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈلۈپ كېلىپ مېنى تۇتماقچى بولدى. مەن بۇ ئىشنى ئېيتقىلى ھۇزۇرلىرىغا كەلدىم. لېكىن، ئۇنىڭ بار ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ بۇ يەرگە مەندىن بۇرۇن كېلىۋالغانلىقىنى ئۇقماپتىمەن؛ ئۇ قانداق خۇشامەتلەرنى قىلىپ سىلىنىڭ سايىلىرىگە كىرىۋالدىكىنتاڭ.

— شا ۋۇجىڭ، ئۇنىڭغا قارا چاپلىماڭ. ئۇنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىگە تۆت كۈن بولدى. ئۇنى ھېچ يەرگە بارغۇزمىغان تۇرسام، ئۇ يەنە بىر تاڭ سېڭنى قەيەردىن تېپىپ نوم ئالغىلى ئۆزى بارىدىغان ئىشنى قىلسۇن، — دېدى بۇدساتۋا.

— ئۇنداق بولسا ھازىر سۇ پەردىلىك غاردا بىر سۇن ۋۇكۇڭ ئەسكىلىك قىلىۋاتىدۇ، ئۇنى نېمە دەيمىز؟ — دېدى شا ۋۇجىڭ.

— شۇنداق ئىش بولسا ئۆپكەڭلەرنى بېسىۋېلىڭ، سۇن ۋۇكۇڭ سىز بىلەن بىللە گۈلشەن تېغىغا بېرىپ كۆرۈپ باقسۇن. ئۇ راست سۇن ۋۇكۇڭ بولسا يوقاتماق تەس، لېكىن يالغان سۇن ۋۇكۇڭ بولسا ئىش ئاسان، ئاۋۋال بېرىپ ئايرىپ كېلىڭلار، — دېدى بۇدساتۋا.

بۇ گەپ بىلەن سۇن ۋۇكۇڭ ۋە شا ۋۇجىڭ بۇدساتۋا بىلەن خوشلىشىپ، گۈلشەن تېغىغا بېرىپ ئاق - قارىنى ئايرىغىلى، سۇ پەردىلىك غارغا بېرىپ راست - يالغاننى پەرق ئەتكىلى ماڭدى. بۇنى قانداق ئايرىغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# ئەللىك سەككىزىنچى باب

## *ئىككى سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئالەمنى مالەم قىلغانلىقى*
## *مايمۇن ماكاكا نەسلىنىڭ قۇرۇپ كەتكەنلىكى*

سۇن ۋۇكۇڭ، شا ۋۇجىڭ بۇدساتۋا بىلەن خوشلىشىپ خاسىيەتلىك نۇرغا چۆمۈپ جەنۇبىي دېڭىزدىن ئايرىلدى. سۇن ۋۇكۇڭ موللاق ئېتىشقا ئۇستا بولغاچقا، بۇلۇتتىمۇ تېز يۈرەتتى. شا ۋۇجىڭ شەيخ خاسىيەتلىك بۇلۇتنىڭ تىلىنى دېگەندەك ئۇقمايتتى، شۇڭا سۇن ۋۇكۇڭ ئالدىدا مېڭىپ تۇرماقچى بولۇۋىدى، شا ۋۇجىڭ ئۇنى تۇتۇۋېلىپ:

— ئاغا، بۇنچىۋالا ھولۇقۇپ، ئالدىراپ كەتمەڭ، ئاۋۋال ئۆزىمىزنى سەل رۇسلىۋالايلى-دە، ئىككىمىز بىللە ماڭايلى، — دېدى. شا ۋۇجىڭ ئاق كۆڭۈل سۇن ۋۇكۇڭدىن گۇمانلىنىۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىيلەن بىللە ماڭدى. ئۇلار ئۇزاق ئۆتمەي گۈلشەن تېغىغا كەلدى. بۇلۇتتىن چۈشۈپ غار تېشىدا تۇرۇپ قارىسا، دېگەندەك سۇن ۋۇكۇڭدىن بىرى ئېگىز تاش سۇپىدا ئولتۇرۇپ، مايمۇنلار بىلەن ھاراق-شاراپ ئىچىپ كەيپ-ساپا قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ تەقى-تۇرقى، چىراي شەكلى تاشقىرىدىكى سۇن ۋۇكۇڭدىن ھېچقانداق پەرقى يوق، بېشىدا سېرىق ئالتۇن چەمبىرىكى بار ئىدى. سارغۇچ كۆزلىرى ئوتلۇق ئىدى؛ يىپ رەختتىن راھىبچە تون كىيگەن، يولۋاس تېرىسىدىن بەلباغ باغلىغانىدى؛ قولىدا ئوخشاشلا ئالتۇن توقىلىق كالتەك، پۇتىدا بۇغا تېرىسىدە تىكىلگەن چورۇق بار ئىدى. يۈزى تۈكلۈك، تۇمشۇقى گولدۇرماما تەڭرىسىنىڭكىدەك ھەڭگاڭ چىش ئىدى.

بۇنى كۆرۈپ ئەۋلىيا ئەزەم دەرغەزەپكە كەلدى-دە، شا ۋۇجىڭنى تاشلاپ كالتىكىنى ئالدى ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ تىل

سالدى :

— سەن قايسى ئالۋاستى ، مېنىڭ قىياپىتىمگە كىرىپ ، ئادەملىرىمگە ئىگە بولۇپ ، يەرلىرىمنى ئىگىلەشكە قانداق پېتىندىڭ ، نېمانچە ھەددىڭدىن ئېشىپ كەتتىڭ ؟

ھېلىقى سۇن ۋۇكۇڭ گەپمۇ قىلماستىن كالتىكىنى ئىشقا سالدى . ئۇلار بىر يەردە تۇرغاندا دەرۋەقە قايسىسىنىڭ راست ، قايسىسىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى . ھەر ئىككىسى ئۆزىنىڭ بولۇتىغا چىقىپ ئېلىشا ـ ئېلىشا ئاسماننىڭ قەھرىگە چىقىپ كەتتى . شا ۋۇجىڭ نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالدى . چۈنكى بىرەرىگە بولۇشاي دېسە ، راست سۇن ۋۇكۇڭنى زەخىملەندۈرۈپ قويۇشتىن ئەنسىرەيتتى . خېلى ئۇزاق قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئاخىر چىدىماي قىيادىن چۈشۈپ خاسىيەتلىك ھاسىسى بىلەن سۇ پەردىلىك غارغا كەلدى ، جىنلارنى ئۇرۇپ قوغلىۋەتكەندىن كېيىن تاش ئورۇندۇقلارنى ئۆرۈۋەتتى ، ھاراق ـ شاراب ، قاچا ـ قومۇچلارنى چېقىپ ۋەيرىنى ـ ۋەيران قىلىۋەتتى ؛ يۇك ـ تاقلارنى ئىزدەپ ھېچ يەردىن تاپالمىدى . نائىلاج بولۇتقا ئولتۇرۇپ ئاسماننىڭ قەھرىگە چىقتى ، ئەمما يەنىلا قول سالالمىدى . بۇنى كۆرگەن ئەۋلىيا ئەزەم :

— شا ۋۇجىڭ ، سەن ھېچقايسىمىزغا بولۇشمىغاندىن كېيىن ئۇستازىنىڭ قېشىغا كېتىپ بۇ ئەھۋالنى ئېيت . مەن بۇ ئالۋاستى مايمۇننى سۇرۇپ ـ توقاي قىلىپ ، جەنۇبىي دېڭىز بويىدىكى لوجياشەندە تۇرىدىغان بۇدساتۋانىڭ قېشىغا ئاپىرىپ راست ـ يالغانىنى ئايرىتقۇزىمەن ، — دېگەندى . ھېلىقى سۇن ۋۇكۇڭمۇ شۇ گەپنى قىلدى . شا ۋۇجىڭ بۇ ئىككىسىنىڭ چىراي ـ شەكلى ، ئاۋازى قىلچە پەرق قىلمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ راست ـ يالغىنىنى ئايرىيالماي ، ئامالسىز ئۇلارنىڭ گېپى بىلەن بۇلۇتنىڭ بېشىنى بۇراپ تاڭ سېڭنىڭ قېشىغا ماڭدى . بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن .

ئىككى سوْن ۋوْكوْك بىردەم ئىلىشىپ، بىردەم مىڭىپ جەنوْبىي دىڭىزغا كەلدى. ئوْلار ئوْدوْل لوجياشەنگە بېرىپ، ئوْروْشوْپ، تىلىلىشىپ، ۋارقىراپ ـ جارقىرىشىپ مۇھاپىزەتچى مۇئەككەللەرنى چوْچوْتوْۋەتتى ۋە دەرھال بوْدساتۋانىڭ قېشىغا كىرىپ خەۋەر قىلدى:

— بوْدساتۋا، دەرۋەقە ئىككى سوْن ۋوْكوْك ئوْروْشقان پېتى يېتىپ كەلدى.

بوْدساتۋا دەرۋىش موْچا، مالائىكە شەن سەي، ئەجدىھا قىز جاك لياڭتەيلەر بىلەن ئىشىكتىن چىقىپ توۋلىدى:

— هوْ هايۋانلار، قەيەرگە بېرىشىسەن!

بوْ ئىككىسى بىر ـ بىرىنىڭ ياقىسىنى سىقىپ توْروْپ:

— بوْدساتۋا، بوْ بىرنېمە مېنىڭ قىياپىتىمگە كىرىۋاپتوْ. سوْ پەردىلىك غاردىن موْشوْ يەرگىچە سوقوْشوْپ كېلىۋاتىمىز، ئوْزاق ۋاقىت سوقوْشوْپ بىر ـ بىرىمىزنى يېڭەلمىدوْق. شا ۋوْجىڭ قاپاقباش بولغاچقا، بىزنى پەرقلەندوْرەلمەي كوْچىنى ئىشقا سالالمىدى. مەن ئوْنى ئوْستازىنىڭ قېشىغا ماڭغوْزوْۋېتىپ، بوْنىڭ بىلەن سوقوْشقان پېتى هوْزوْرلىرىغا كەلدىم. ئەقىل كوْزلىرى بىلەن راست ۋە يالغاننى، ياخشى بىلەن يامانىنى ئايرىپ بەرسىلە، — دېدى بىرى. يەنە بىرىمۇ شوْ گەپنى قىلدى. مۇئەككەللەر بىلەن بوْدساتۋا ئوْزاق ۋاقىت زەن قويوْپ قاراپ بىلەلمىدى. ئاخىر بوْدساتۋا:

— بىر ـ بىرىڭلارنى قويوْۋېتىپ ئىككى تەرەپتە توْروْڭلار، مەن ئوبدانراق قاراپ باقاي، — دېدى. ئوْلار بىر ـ بىرىنى قويوْۋېتىپ ئىككى تەرەپتە توْردى. بوْ تەرىپىدىكىسى: «مەن راست سوْن ۋوْكوْك!» دېسە، يەنە بىر تەرەپتىكىسى: «ئوْ يالغان سوْن ۋوْكوْك!» دەيتتى.

بوْدساتۋا موْچا بىلەن شەن سەينى ئالدىغا چاقىرىپ پىچىرلاپ:

— بىرىڭلار بىرىگە يېقىن بېرىڭلار، مەن چەمبىرەك ئەپسوْننى ئوقوْيمەن، قايسىسىنىڭ بېشى بەكرەك ئاغرىسا، ئوْ

راست سوٴن ۋوٴكوٴك ، قايسىسىنىڭ ئاغرىمىسا ، ئوٴ يالغان سوٴن ۋوٴكوٴك ، — دەپ جىكىلىدى . ئوٴلار ئىككى سوٴن ۋوٴكوٴكنىڭ قىيشىغا يېقىن كەلدى . بوٴدساتۋا ئەپسوٴننى ئوقوٴغاندى ، ھەر ئىككىسى تەڭلا : «ۋاي بېشىم» دەپ ۋارقىرىدى ، بېشىنى چاڭگاللىغان پېتى يەردە دوملاپ : «ئوقوٴمىسىلا ! بولدى قىلسىلا ! » دەپ قاقشاپ يالۋوٴردى . بوٴدساتۋا ئەپسوٴن ئوقوٴشتىن توختىۋىدى ، ئىككىسى يەنە بوغوٴشوٴپ سوقوٴشقىلى توٴردى . بوٴدساتۋا ھېچ ئامال قىلالماي موٴچانى بېرىپ ئوٴلارغا بولوٴشوٴشقا بوٴيرۇدى . ئوٴلار راست سوٴن ۋوٴكوٴكنى زەخىملەندوٴروٴپ قويوٴشتىن ئەندىشە قىلىپ بولوٴشوٴشقا پېتىنالمىدى . بوٴدساتۋا : «سوٴن ۋوٴكوٴك ! » — دەپ چاقىرغانىدى ، ئىككىسى تەڭلا «ھە ! » دېدى .

— سوٴن ۋوٴكوٴك ، سەن ئوٴز ۋاقتىدا ئەرشتە «مىراخور» بولغان ، ئەرشنى مالىمان قىلغان بولغاچقا ، جىمى تەڭرىلەر سېنى تونوٴپ كەتكەن ؛ سەن ئەرشكە چىقىپ ئوٴلارغا ئايرىتقىن ، — دېدى . بوٴدساتۋاغا ئەۋلىيا ئەزەم تەشەككوٴر ئېيتقانىدى ، يەنە بىرىموٴ تەشەككوٴر ئېيتتى .

ئىككىيلەن تالىشىپ - تارتىشىپ دېگەندەك ئەرشنىڭ جەنوٴبىي دەرۋازىسىغا كەلدى . پەلەك شاھى گوٴاڭ موٴ ، ما ، جاۋ ، ۋېن ، گوٴەن قاتارلىق توٴت پەلەك سەركەردىسى ۋە دەرۋازىغا قاراۋاتقان چوڭ - كىچىك تەڭرىلەر ئوٴلارنى كوٴروٴپ ھودوٴقوٴپ كەتتى - دە ، ھەممىسى تەڭلا قوراللىرىنى قولىغا ئېلىپ توسوٴدى :

— قەيەرگە بارىسىلەر ؟ بوٴ سوقوٴشىدىغان جايموٴ ؟

— مەن تاڭ سېڭنى موٴھاپىزەت قىلىپ غەربكە بوٴددا نومىنى ئالغىلى كېتىۋاتاتتىم . يولدا قاراقچىلارغا ئوٴچراپ قېلىپ ئوٴلارنى ئوٴلتوٴرسەم ، ئوٴستازىم مېنى قوغلىۋەتتى ، مەن ئوٴدوٴل پوٴتوئەن قىياسىغا بېرىپ بوٴدساتۋاغا بوٴ ئەھۋالنى ئېيتتىم . ئويلىمىغان يەردىن بوٴ ئالۋاستى مېنىڭ قىياپىتىمگە كىرىپ ، تاڭ سېڭنى ئوٴروٴپ يانقوٴزوٴۋېتىپ يوٴك - تاقلارنى بوٴلاپ كېتىپتوٴ . شا ۋوٴجىڭ مېنى ئىزدەپ گوٴلشەن تېغىغا بېرىپ قارىسا ، بوٴ ئالۋاستى مېنىڭ

غار ـ ئۆڭكۈرلىرىمنى ئىگىلىۋاپتۇ. بۇنى كۆرۈپلا ئۇ ئەھۋالنى ئېيتقىلى پۈتۈئەن قىياسىغا بېرىپتۇ. مېنىڭ ئۇ يەردىلىكىمنى كۆرۈپ مولىلاق ئېتىشقا ئۇستا بولغاچقا، مەندىن بۇرۇن كېلىۋېلىپ بۇدساتۋانىڭ سايىسىگە كىرىۋاپسەن، دەپ مېنى تىللاپ كەتتى. بۇدساتۋا ماڭا گۇۋاھلىق بەرسە ئۇ پەقەت ئىشەنمىگەنىدى، بۇدساتۋا مېنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە بېرىپ ئەھۋالنى كۆرۈپ كېلىشكە بۇيرۇدى. بېرىپ قارىسام، دېگەندەك بۇ ئالۋاستى مېنىڭ قىياپىتىمگە كىرىۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سۇ پەردىلىك غاردا سوقۇشقىنىمىزچە لوجاشەنگە — بۇدساتۋانىڭ قېشىغا باردۇق. ئۇمۇ تونۇيالماي بىزنى بۇ ياققا يولغا سالدى. ھەرقايسىلىرى مالال بولماي مېنىڭ راست ياكى يالغان سۇن ۋۇكۇڭ ئىكەنلىكىمنى ئايرىپ بەرسىلە، — دېدى ئەۋلىيا ئەزەم. ئۇ گېپىنى دەپ بولغاندىن كېيىن ھېلىقى سۇن ۋۇكۇڭمۇ يۇقىرىقى گەپلەرنى بىرقۇر تەكرارلاپ چىقتى… تەڭرىلەر خېلى ئۇزاق زەن قويۇپ قاراپ پەرق ئېتەلمىدى.

— پەرقلەندۈرەلمىگەندىكىن يولنى بوشىتىڭلار. بىز يۇرۇن سۇلتاننىڭ ئالدىغا بارىمىز! — دېدى بۇ ئىككىسى.

تەڭرىلەر نائىلاج ئەرش دەرۋازىسىنى ئېچىۋەتتى. ئۇلار ئۇدۇل خىسلەتدار قەسىرگە ماڭدى. ما سىپەھدار جاڭ داۋلىڭ، گې شيەنۋېڭ، شۈي جىڭياڭ، چيۇ گۇڭجى قاتارلىق تۆت پەلەك مۇرەببىسى بىللە ئالدىن كىرىپ خەۋەر قىلدى:

— زېمىندىن ئوپئوخشاش ئىككى سۇن ۋۇكۇڭ كەپتۇ، ئۇلار ئەرش دەرۋازىسىدىن كىرىۋالدى. ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشمىز، دەيدۇ.

ئۇلارنىڭ گېپى تۈگىمىگۈچە، ئارىلىقتا ئۇ ئىككىسى چۇقان ـ سۈرەن بىلەن كىرىپ كەلدى. يۇرۇن سۇلتان قورقۇپ كېتىپ ئالتۇن تەختىدىن چۈشۈپ سورىدى:

— ئىككىڭ نېمە ۋەجدىن ئەرشنى بېشىڭغا كىيىشىسەن؟ ئۆلگۈڭ كېلىشتىمۇ؟

— سۇلتانىم ! شاھىنشاھىم ! پېقىر ئەمرىلىرىگە بويسۇنۇپ، دىنغا ئىخلاس قىلىۋاتىمەن . ئېگىز ـ پەس ئىشلارنى قىلىدىغانغا ھەددىم ئەمەس ؛ لېكىن ماۋۇ ئالۋاستى پېقىرنىڭ قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ ... — ئەۋلىيا ئەزەم بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى بىرقۇر بايان قىلىپ كېلىپ دېدى، — پېقىرنىڭ راست ياكى يالغان سۇن ۋۇكۇڭ ئىكەنلىكىمنى ئايرىپ بېرىشلىرىنى ئىلتىجا قىلىمەن !

ھېلىقى سۇن ۋۇكۇڭمۇ يۇقىرىقى گەپلەرنى بىر قېتىم سۆزلەپ چىقتى . يۇرۇن سۇلتان پەلەك شاھى توتالىغا پەرمان چۈشۈرۈپ :

— «تىلىسىم ئەينەك»نى ئەكېلىڭ . شۇنىڭغا قارىتقۇزۇپ راست ـ يالغىنىنى ئايرىيلى، يالغان سۇن ۋۇكۇڭ يوقىلىپ، راست سۇن ۋۇكۇڭ قالسۇن ! — دېدى . پەلەك شاھى ئەينەكنى ئاچىقىپ ئۇلارغا كۆرسەتتى، يۇرۇن سۇلتان ۋە تەڭرىلەرنى قاراپ بېقىشقا تەكلىپ قىلدى . ئەينەكتە ئىككىلا سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئەكسى كۆرۈندى : بېشىدىكى ئالتۇن چەمبىرەك، كىيىم ـ كېچەكلىرى زادىلا پەرقلەنمەيتتى . يۇرۇن سۇلتانمۇ ئۇلارنى ئايرىيالماي قەسىردىن قوغلاپ چىقاردى .

ئەۋلىيا ئەزەم قاقاقلاپ سوغۇق كۈلگەندى، سۇن ۋۇكۇڭمۇ قاقاقلاپ خۇشال كۈلدى . ئاندىن ئىككىسى تۇتۇشۇپ ـ بوغۇشۇپ سوقۇشقان پېتى ئەرش دەرۋازىسىدىن چىقتى . غەربكە بارىدىغان يولغا چۈشۈپ چۇرقىراشتى :

— سېنى ئۇستازىڭنىڭ قېشىغا ئاپىرىمەن ! سېنى ئۇستازىڭنىڭ قېشىغا ئاپىرىمەن !

ئەمدى گەپنى بۇ ياقتىن ئاڭلاڭ :

ئەلقىسسە، شا ۋۇجىڭ گۈلشەن تېغىدا ئۇ ئىككىسىدىن ئايرىلىپ يەنە ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ ئۆز جايىغا قايتتى . ئۇ بولغان ئىشلارنى تاڭ سېڭغا بىرقۇر سۆزلەپ بەردى .

— مەن تېخى ئۇ ئالۋاستىنىڭ سۇن ۋۇكۇڭنىڭ قىياپىتىگە

كېرىۋالغىنىنى ئۇقماي، سۇن ۋۇكۇڭ مېنى ئۇرۇپ، يوك-تاقلارنى بۇلاپ كەتتى، دەپ ئويلاپتىمەن! — دېدى تاڭ سېڭ خىجىللىق بىلەن.

شۇ ئارىلىقتا ئاسماندىن جاراڭ-جۇرۇڭ، ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئاڭلاندى. ھەممەيلەن ھولۇققىنىچە چىقىپ قارىغۇدەك بولسا، ئىككى سۇن ۋۇكۇڭ سوقۇشقان پېتى كېلىۋاتقاندى.

بۇنى كۆرۈپ جۇ باجېينىڭ قولى قىچىشىپ تۇرالماي كەتتى-دە:

— مەن بېرىپ تونۇپ كېلەي، — دەپلا ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ ۋارقىرىدى، — ئاغا، چۇقان سالماڭ، مەن ياردەمگە كەلدىم!

ھېلىقى ئىككىسى تەڭلا:

— ئىنىم، كەل، ئالۋاستىنى ئۇر! ئالۋاستىنى تازا سالغىن! — دېگەنىدى، جۇ باجېيمۇ ئۇلارنى ئايرىيالمىدى. شا ۋۇجىڭ تاڭ سەنزاڭغا:

— ئۇستاز، مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرسىلا، جۇ باجېي ئىككىيلەن ئىككىسىنى بىردىن تۇتۇپ ئالدىلىرىغا ئەكېلەيلى، سىلى ھېلىقى ئەپسۇنلىرىنى ئوقۇسىلا، بېشى قاتتىق ئاغرىغىنى راست سۇن ۋۇكۇڭ، بېشى ئاغرىمىغىنى يالغان، — دېدى.

— بۇ ناھايىتى بەلەن گەپ بولدى، — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

شۇنىڭ بىلەن شا ۋۇجىڭ ئاسمانغا چىقىپ:

— ئىككىڭلار جېدەللىشىڭلارنى توختىتىڭلار، مەن سىلەرنى ئۇستازنىڭ ئالدىغا ئاپىرىمەن. ئۇ سىلەرنى ئايرىپ قويىدۇ، — دېدى. ئەۋلىيا ئەزەم توختىغانىدى، سۇن ۋۇكۇڭمۇ توختىدى. شا ۋۇجىڭ ئۇلارنىڭ بىرىنى قولتۇقلىدى ۋە:

— جۇ باجېي، سەنمۇ بىرىنى قولتۇقلا! دېدى. دېگەندەك ئىككىيلەن ئۇلارنى قولتۇقلاپ بۇلۇتتىن چۈشۈپ ئۇدۇل كەپە ئالدىغا كەلدى. ئۇلارنى كۆرۈپلا تاڭ سەنزاڭ چەمبىرەك ئەپسۇنىنى ئوقۇۋىدى، شۇئان ئىككىسى تەڭلا قاقشاپ-زارلىنىپ كەتتى:

— بىز شۇنچە كۆپ ئېلىشىپ جېنىمىز ئاران قالغاندا

ئۇستىلەپ بىزنى قارغامدىلا؟ بولدى قىلسىلا! ئوقۇمىسىلا!

دىلى يۇمشاق تاڭ سىڭ شۇئان توختىدى، ئەمما ئۇلارنىڭ راست ـ يالغىنىنى ئايرىيالمىدى. ئۇ ئىككىسى تىركىشىپ قولىنى چىقىرىۋېلىپ يەنە ئېلىشىپ كەتتى.

— ئۇكىلىرىم، ئۇستازنى ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىڭلار، مەن بۇنى مۇنكىرلارنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ ئايرىتىپ كېلىمەن! — دېدى ئەۋلىيا ئەزەم. سۇن ۋۇكۇڭمۇ شۇنداق دېدى، ئاندىن ئۇلار سۆزلىشىپ، بىر ـ بىرىگە گەپ بېرىشمەي مېڭىپ ھەش ـ پەش دېگۈچە غايىب بولدى.

— شا ۋۇجىڭ، سەن سۇ پەردىلىك غارغا بارغاندا «يالغان جۇ باجيې»نىڭ يۇك ـ تاق كۆتۈرۈپ چىققىنىنى كۆرۈپسەن، نېمىشقا شاققىدە تارتىۋالمىدىڭ؟ — دېدى جۇ باجيې.

— ئالۋاستى مېنىڭ «يالغان شا ۋۇجىڭ»نى ئۆلتۈرۈپ، قويغىنىمنى كۆرۈپلا ئادەملىرىنى يىغىپ مېنى ئورىۋېلىپ تۇتماقچى بولدى. مەن جان ھەلەكچىلىكىدە قېچىپ ئاران قۇتۇلدۇم. بۇدساتۋاغا دەپ سۇن ۋۇكۇڭ بىلەن قايتىدىن غارنىڭ ئاغزىغا كەلگەندە، ئۇ ئىككىسى ئېلىشقان پېتى ئاسمانغا چىقىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ تاش ئورۇندۇقىنى ئۆرۈپ، شاياتۇنلارنى ئۇرۇپ قاچۇرۇۋېتىپ قارىسام، شارقىراتمىدىن گۈلدۈرلەپ سۇزۇك سۇ چۈشۈۋاتىدۇ. غارنىڭ ئىشىكىنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلەلمىدىم، يۇك ـ تاقلارنى باشقا جايدىن ئىزدەپ تاپالمىدىم، ئاخىر قۇرۇق قول ياندىم، — دېدى شا ۋۇجىڭ.

— ھە، سەن بىلمەيسەن ـ دە، سۇ پەردىلىك غارنىڭ ئاغزى ئەدى. ئۇ ئالۋاستى يۇك ـ تاقلىرىمىزنى چوقۇم شۇنىڭ ئىچىدە قويدى، — دېدى جۇ باجيې.

— ئۇنداق بولسا، ئۇنىڭ يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ ئاۋۋال يۇك ـ تاقلارنى ئەكېلىپ يولىمىزغا مېڭىۋېرەيلى. ئۇ كەلگەن تەقدىردىمۇ ئىشلەتمەيمەن، — دېدى تاڭ سەنزاڭ. جۇ باجيې دەرھال:

— ئەمىسە مەن باراي ، — دېدى .

— ئاغا ، ئۇ يەردە مايمۇنچاقلار ساماندەك ، يالغۇزلۇق قىلىپ قالارسىزمىكىن ، سەتچىلىككە قالماڭ يەنە ، — دېدى شا ۋۇجىڭ . جۇ باجيې :

— غــەم قىلما ! قورقمايمەن ! — دېدى - دە ، ئىشىكتىن چىقىپلا بىر موللاق ئېتىپ بۇلۇتقا مىندى ۋە يۈك - تاقلارنى ئىزدەپ گۈلشەن تېغىغا قاراپ ماڭدى . بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن .

ئەمدى گەپنى بۇ ياقتىن ئاڭلاڭ . ئىككى سۇن ۋۇكۇڭ ئېلىشا - ئېلىشا يىنشەن تېغىغا كەلدى . تاغدا مىغىلداپ يۈرگەن جىن - شاياتۇنلار قورقۇپ كېتىپ تەرەپ - تەرەپكە قاچتى . چاقانراق چىققانلىرى ئۇ دۇنيانىڭ ئىشىكىدىن كىرىۋېلىپ ساجرا قەسرىگە خەۋەر يەتكۈزدى :

— تۆرەم ، ئىككى سۇن ۋۇكۇڭ يىنشەن تېغىدىن ئېلىشقان پېتى بۇ ياققا كېلىۋاتىدۇ !

ساجرا قەسرىدىكى مۇنكىر چىن گۇاڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ساراسىمىگە چۈشتى - دە ، دەرھال بۇنى ئىككىنچى قەسىردىكى مۇنكىر چۇجياڭغا ، ئۈچىنچى قەسىردىكى مۇنكىر سۇڭ دىغا ، تۆتىنچى قەسىردىكى مۇنكىر يەن چىڭغا ، بەشىنچى قەسىردىكى مۇنكىر يەن لۇغا ، ئالتىنچى قەسىردىكى مۇنكىر پىڭ دىڭغا ، يەتتىنچى قەسىردىكى مۇنكىر تەي شەنگە ، سەككىزىنچى قەسىردىكى مۇنكىر دۇ شىغا ، توققۇزىنچى قەسىردىكى مۇنكىر ۋۇگۇەنگە ، ئونىنچى قەسىردىكى مۇنكىر جۇەن لۇنگە يەتكۈزدى .

ھەش - پەش دېگۈچە ، ئون قەسىردىكى مۇنكىرلار بىر يەرگە جەم بولدى . ئارقىدىن جەھەننەم شاھىغا ئادەم چاپتۇرۇلدى . سامرا قەسرىدىكى لەشكەرلەر بىر جايغا يىغىلىپ راست - يالغاننى ئايرىشقا تەييار بولۇشتى . بىر چاغدا ئىككى سۇن ۋۇكۇڭ توپا - چاڭ توزۇتۇپ بوراندەك شىددەت بىلەن كىرىپ كەلدى .

— ئەۋلىيا ئەزەم ، بىزنى پاراكەندە قىلغۇدەك نېمە ئىش بولدى

سىلىگە؟ — دېدى جەھەننەم مالائىكىسى.

— مەن تاڭ سېغىنى مۇھاپىزەت قىلىپ غەربكە بۇددا نومىنى ئالغىلى كېتىۋاتاتتىم، — دېدى ئەۋلىيا ئەزەم، — شىلىياڭ ئايااللار دۆلىتىدىن ئۆتۈپ بىر تاغقا كەلگەندە قاراقچىلار ئۇستازىمنى تۇتۇۋالدى. پېقىر ئۇلاردىن بىرقانچىنى ئۆلتۈرگەندىم. ئۇستازىم رەنجىپ مېنى قوغلىۋەتتى. مەن جەنۇبىي دېڭىزغا بېرىپ بۇدساتۋاغا هال ئېيتتىم. كىم بىلسۇن، مۇنۇ ئالۋاستى مېنىڭ قىياپىتىمگە كىرىۋېلىپ ئۇستازنى ئۇرۇپ ھوشسىزلاندۇرۇۋېتىپتۇ ـ دە، يۈك ـ تاقلارنى بۇلاپ كېتىپتۇ. ئىنىم شا ۋۇجىڭ مەندىن يۈك ـ تاقلارنى ئالاي، دەپ بارسا بۇ ئالۋاستى يالغان ئۇستازدىن بىرنى ياساپ غەربكە نوم ئالغىلى بارماقچى بوپتۇ. شا ۋۇجىڭ قېچىپ جەنۇبىي دېڭىزغا بېرىپ بۇدساتۋاغا ئەرز قىلغىلى بېرىپتۇ. مەن ئۇ يەردە ئىدىم. ئۇ كېلىش مۇددىئاسىنى ئېيتقاندىن كېيىن بۇدساتۋا مېنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە گۈلشەن تېغىغا بېرىپ ئەھۋالنى كۆرۈپ بېقىشقا بۇيرۇدى. بارساق، دېگەندەك ئۇ مېنىڭ دەرگاھىمنى ئىگىلىۋاپتۇ. ئىككىمىز تاكاللىشىپ، ئېلىشىپ دېگۈدەك بۇدساتۋانىڭ قېشىغا باردۇق. ئۇمۇ قايسىمىزنىڭ راست، قايسىمىزنىڭ يالغانلىقىنى ئايرىيالمىدى. ئېلىشقىنىمىزچە ئەرشكە چىقتۇق. ئۇ يەردىكى تەڭرىلەرمۇ بىزنى پەرقلەندۈرەلمىگەندىن كېيىن ئۇستازنىڭ قېشىغا باردۇق. ئۇستاز مېنى سىناش ئۈچۈن ئالتۇن چەمبىرەك ئەپسۇنىنى ئوقۇغانىدى، ئۇمۇ مەن بىلەن تەڭلا ۋاي بېشىم دەپ قاقشاپ كەتتى. شۇ سەۋەبتىن ئالايتەن جەھەننەمگە كەلدۇق، ئىككى سۇن ۋۇكۇڭ پاراكەندىچىلىكىنى توگىتىش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ هايات ـ ماماتلىق تىزىملىكىگە قاراپ يالغان سۇن ۋۇكۇڭنىڭ زاتىنى بىلىپ بېرىشلىرى ۋە ئۇنىڭ جېنىنى دەرهال تېپىپ بېرىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ھېلىقى ئالۋاستىمۇ بۇ گەپنى باشتىن ـ ئاياغ دەپ چىقتى.

جەھەننەم مالائىكىسى بۇنى ئاڭلاپ دەرهال دەپتەردارغا تىزىملىكنى ئەكەلدۈرۈپ بىر ـ بىرلەپ كۆرۈپ چىقتى. ئەمما،

يالغان سۇن ۋۇكۇڭ دېگەن ئىسىم زادىلا چىقمىدى . ئۇ تىزىملىكنى كۆرۈپ بولۇپ تەكشۈرۈشنى تۈگەتكەندىن كېيىن كېلىپ جەھەننەم شاھىغا بۇنى يەتكۈزدى ، جەھەننەم مالائىكىسى نائىلاج سۇن ۋۇكۇڭغا :

— ئەۋلىيا ئەزەم ، جەھەننەمدە بۇنداق ئادەم يوق ئىكەن ، سىز دوزاخقا بېرىپ باقسىڭىز بولارمىكىن ، — دېدى .

شۇ گەپ بولۇۋاتقاندا جەھەننەم شاھى :

— توختاڭ ! توختاڭ ! مەن دى تىڭنى چاقىرتاي ، راست ـ يالغاننى شۇ ئايرىپ بەرسۇن ، — دېدى . دى تىڭ دېگىنى جەھەننەم شاھىنىڭ قول ئاستىدىكى بىر ھايۋاننىڭ ئىسمى بولۇپ ، ئۇ يەردە يېتىپ كۆز يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئارىلىقتا تۆت چوڭ قىتئە ، تاغلار ، دەريالار ، زېمىن قاتارلىق ئەرش بىلەن زېمىن ئارىلىقىدىكىلەر ، يالىڭاچ جاندارلار ، يۇڭلۇق جاندارلار ، پەرلىك جاندارلار ، چىغىناقلىق جاندارلار ، ھۆر ـ پەرىلەر ، زېمىن مالائىكىلىرى ، ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالار ، پەرىزاتلار ، جىن ـ شاياتۇنلار ئىچىدىكى ياخشىلار بىلەن يامانلارنى ، دانالار بىلەن كالۋالارنى ئايرىپ چىقالايتتى . ئۇ جەھەننەم شاھىنىڭ ئەمرىگە بىنائەن قەسىرنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا يەرگە ياتتى . ھايال ئۆتمەي بېشىنى كۆتۈرۈپ پەلەك شاھىغا :

— بۇ مەخلۇق بار ئىكەن . بىراق ئىسمىنى ئاشكارىلىغىلى ، ئۇنى تۇتۇشقا ياردەم بەرگىلىمۇ بولمايدىكەن ، — دېدى .

— ئىسمىنى ئاشكارىلىسا نېمە بولىدىكەن ؟ — دەپ سورىدى جەھەننەم شاھى .

— ئىسمىنى ئاشكارىلىۋەتسەك ، ئۇ ئالۋاستىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ قەسىرلىرىمىزنى پاراكەندە قىلىپ جەھەننەمدە ئەنسىزلىك تۇغدۇرىدىكەن ، — دېدى دى تىڭ .

— ئۇنى تۇتۇشقا نېمە ئۈچۈن ھەمدەمدە بولغىلى بولمايدىكەن ؟ — دەپ يەنە سورىدى جەھەننەم شاھى .

— ئالۋاستىنىڭ ھۈنىرى جىق ئىكەن . سۇن ۋۇكۇڭدىن زادىلا

قىلىشمايدىكەن ، جەھەننەم مالائىكىلىرى ھەرقانچە سىھىر ئىشلەتكەن بىلەنمۇ ئۇنى تۇتقىلى بولمايدىكەن ، — دېدى دى تىڭ .

— ئۇنداق بولسا ئۇنى قانداق يوقاتقىلى بولىدىكەن ؟

— بۇددىمىز ھەممىگە قادىر.

بۇ گەپ بىلەن جەھەننەم شاھى ئەقلىنى تاپتى ـ دە ، ئىككىسىگە :

— ئىككىڭلارنىڭ چىراي ـ شەكلىمۇ ئوخشايدىكەن ، ھۈنىرىڭلارمۇ بىر ـ بىرىڭلارنىڭكىدىن قېلىشمايدىكەن . ئېنىق ئايرىيدىغان ئىش بولسا گۇھەرنېشىن ئىبادەتخانىسىدىكى تاتھاگاتونىڭ يېنىغا بېرىڭلار . سىلەرنى شۇ ئايرىپ بېرىدۇ ، — دېدى .

— ئوبدان گەپ بولدى ! بەلەن گەپ بولدى ! ئىككىيلەن غەربتىكى بۇددا ئىگىمىزنىڭ ھۇزۇرىغا بارايلى ، بىزنى ئاشۇ ئايرىپ بەرسۇن ! — دېدى ئىككىسى تەڭلا .

ئون قەسىردىكى مۇنكىرلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنى ئۇزىتىپ چىقتى . ئىككىسى بۇلارغا رەھمەت ئېيتقاندىن كېيىن پىروزە بۇلۇت قەسرىگە قايتتى . مۇنكىرلار جەھەننەمنىڭ دەرۋازىسىنى چىڭ تاقىدى . بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن .

ئىككى سۇن ۋۇكۇڭ بۇلۇت ئۇستىدە ئېلىشقاچ غەربكە ماڭدى . ئۇلار ھېلى سوقۇشەتتى ، ھېلى مورلىشاتتى ، تۇرۇپلا تۇتۇشۇپ كېتەتتى . شۇ ھالەتتە غەربتىكى لىڭجيۇشەن تېغىدىكى چاقماق ئىبادەتخانىسى ئەتراپىغا كەلدى . تۆت بۇدساتۋا ، سەككىز ۋاجرا ، بەش يۈز ئارخات ، ئۈچ مىڭ بۇددا بىكشۇنىلار ، بىكشۇلار ، ئۇپاساكالار ، ئۇپاسىكلار قاتارلىق ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالار تاتھاگاتونىڭ ۋەزىنى ئاڭلاش ئۈچۈن نىلۇپەر سۇپىسى ئاستىغا توپلاشقانىدى . ئۇلار ئىخلاس بىلەن ۋەز ئاڭلاۋاتقاندا ، بىردىن تاتھاگاتو خۇش تەبەسسۇم بىلەن تەختتىن چۈشۈپ ئۇلارغا :

— پېقىر سۇن ۋۇكۇڭدىن بىرنى ياراتقانىدىم ، قارىسام ئىككى

سۇن ۋۇكۇك ئېلىشقان پېتى كېلىۋاتىدۇ .

كۆپچىلىك بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسا ، دەرۋەقە ئىككى سۇن ۋۇكۇك چۇقان - سۈرەن بىلەن قاتتىق سوقۇشۇپ كېلىۋاتقانىدى . سەككىز ۋاجرا ئالدىراپ - تېنەپ ئالدىغا بېرىپ ئۇلارنى توسۇدى :

— قەيەرگە بارىسىلەر ؟

بۇ ئالۋاستى مېنىڭ قىياپىتىمگە كىرىۋاپتۇ . تاتھاگاتو مېنىڭ راست - يالغانلىقىمنى ئايرىپ بېرەمدىكىن ، دەپ بۇ يەرگە كەلدۇق ، — دېدى ئەۋلىيا ئەزەم . ۋاجرالارنىڭ كۈچى يەتمىدى . ئۇلار ئۇدۇل سۇپا تۈۋىگە كېلىپ تاتھاگاتوغا باش قويۇپ ئەرز قىلدى .

— پېقىر ھۇزۇرلىرىغا كېلىپ ھەقىقىي بۇددا نومىنى ئالدىغان تاڭ سېڭنى مۇھاپىزەت قىلىپ كېلىۋاتاتتىم ، — دېدى ئەۋلىيا ئەزەم ، — يول بويى نۇرغۇن دىۋە - پەرى ، ئالۋاستى ، جىن - شاياتۇنلارغا يولۇقتۇق . ئەقىل - پاراسەت بىلەن ئۇلارنى يەڭدۇق . نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا قاراقچىلارغا يولۇقۇپ بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچرىدۇق . شۇڭا ، پېقىر ئىككى قېتىمدا نەچچە ئادەمنى يارىلاندۇرغانىدىم . ئۇستاز ئۆزلىرىنىڭ مۇبارەك چىرايلىرىنى تاۋاپ قىلىشىمنى چەكلەپ مېنى قوغلىۋەتتى . ئامالسىز جەنۇبىي دېڭىزغا بېرىپ بۇدساتۋاغا ھال ئېيتتىم . كۈتمىگەندە بۇ ئالۋاستى مېنىڭ قىياپىتىمگە كىرىۋېلىپ ، ئوخشاش ئاۋازدا سۆزلەپ ئۇستازىمنى ئۇرۇپ يىقىتىپ يۈك - تاقلارنى ئەپقېچىپتۇ . ئىنىم شا ۋۇجىڭ ئۇنى ئىزدەپ مېنىڭ دەرگاھىمغا بارسا ، بۇ ئالۋاستى يالغان - ياۋىداق گەپلەرنى قىلىپ ھەقىقىي راھىبنى ئايرىپ نوم ئەكېلىمەن ، دەپتۇ . شا ۋۇجىڭ جەنۇبىي دېڭىزغا بېرىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى . بۇنى ئۇقۇپ بۇدساتۋا مېنى شا ۋۇجىڭ بىلەن ئۆز ماكانىمغا بېرىپ كۆرۈپ بېقىشقا بۇيرۇدى . شۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز راست - يالغاننى ئايرىش ئۈچۈن ئېلىشقان پېتى جەنۇبىي دېڭىزغا باردۇق ، ئەرشكە چىقتۇق ، تاڭ سېڭ بىلەن كۆرۈشتۇق ، جەھەننەمگىمۇ باردۇق . ھېچكىم بىزنى ئايرىيالمىدى . شۇ

سەۋەبتىن ئاخىر ھۆزۈرلىرىغا كەلدۇق . ھەممەتلىرىنى ئايىماستىن مۇشكۇلىمىزنى ئاسان قىلىپ پىقىرنىڭ راست ياكى يالغانلىقىنى ئايرىپ بەرگەن بولسىلىرى ، شۇندا پىقىر تاڭ سىڭنى مۇھاپىزەت قىلىپ مۇبارەك چىرايلىرىنى تاۋاپ قىلغان ، نومنى شەرقىي دىيارغا ئاپىرىپ دىنىمىزنى كەڭ تەشۋىق قىلغان بولاتتىم .

كۆپچىلىك ئىككىيلەننىڭ ئاغزىدىن چىققان بىر خىلدىكى گەپلەرنى ئاڭلاپ ئۇلارنى ئايرىيالماي قالدى . تاتھاگاتولا ھەممىنى بىلىپ بولدى . ئۇ بۇنى ئېيتىشقا تەمشىلىۋاتقاندا ، توساتتىن جەنۇبتىن بۇلۇتقا ئولتۇرۇپ بۇدساتۋا ئاۋالوكتسۋارا كەلدى ۋە تاتھاگاتوغا تەزىم قىلدى .

— ئاۋالوكتسۋارا تەقسىرىم ، سىلىچە بولغاندا ، بۇ ئىككى شەيخنىڭ قايسىسى راست ، قايسىسى يالغان ؟ — دەپ سورىدى تاتھاگاتو .

— نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ئۇلار قېشىمغا بېرىپتىكەن ، ھولۇقۇپ كېتىپ ئايرىيالمىغاندىم . ئۇلار يەنە ئەرشكە چىقىپتۇ ، جەھەننەمگىمۇ بېرىپتۇ . ھېچكىم پەرق قىلالماپتۇ . شۇ سەۋەبتىن ئالاھىدە ئۆزلىرىنىڭ ھۆزۈرىغا كەپتۇ . ئۇلارنى ئۆزلىرى ئايرىپ بەرمىسىلىرى بولمايدىغان بولدى ، — دېدى ئاۋالوكتسۋارا .

— دىنىمنىڭ كۈچ - قۇدرىتى زور بولغان بىلەن پەقەت ئالەمدىكى ئىشلارنىلا بىلەلەيمەن . ئالەمنىڭ سىرتىدىكى نەرسىلەرنى تولۇق بىلىپ كەتمەيمەن . ئالەمدىكى نەرسىلەرنىڭ تۈر - خىللىرىنىمۇ پۈتۈنلەي بىلىپ كېتىشىم ناتايىن ، — دېدى تاتھاگاتو كۈلۈپ . ئاۋالوكتسۋارا ئالەمدىكى نەرسىلەرنىڭ تۈر - خىللىرىنى سورىغانىدى ، تاتھاگاتو مۇنداق دېدى :

— ئالەمدە ئەرش ، زېمىن تەڭرىلىرى ، ئادەملەر ، ئالۋاستىلاردىن ئىبارەت بەش تەڭرى - مالائىكە بار . يالىڭاچ جاندارلار ، قاسىراقلىق جاندارلار ، يۇڭلۇق جاندارلار ، چىغىناقلىق جاندارلاردىن ئىبارەت بەش خىل جاندار بار . يالغان سۈن ۋۇكۇڭ ئەرش ، زېمىن ، تەڭرى ، ئادەم ، ئالۋاستى قاتارىدىكىلەردىن

ئەمەس، يالىڭاچ جاندارلار، قاسىراقلىق جاندارلار، يۇڭلۇق جاندارلار، چىغىناقلىق جاندارلار قاتارىغىمۇ كىرمەيدۇ، بۇ ئۇن تۈرگە كىرمىگەنىكەن، ئۇ چوقۇم تۆت خىل مايمۇن تۈرىدىكىلەردىن.

— كەچۈرگەيلا، قايسى تۆت خىل مايمۇن تۈرى بارلىقىنى بىلسەك بولامدۇ؟

— بىرىنچىسى، زېرەك تاش مايمۇن، ئۇ ئۆزگىرەلەيدۇ، ئەرشتىكى ۋە زېمىندىكى ئىشلاردىن تولۇق خەۋەردار، يۇلتۇزلارنىمۇ پىششىق بىلىدۇ. ئىككىنچىسى، قىزىل كۆتەنلىك ئات مايمۇن، ئۇ ئاي ـ كۈندىكى ئىشلارنى، ئادەملەرنىڭ ئىشنى ئوبدان بىلىدۇ. سىخىي، ئەمما ئۆلۈمدىن قاچىدۇ، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشنىلا تىلەيدۇ. ئۈچىنچىسى، كۆپ قوللۇق ئادەمسىمان مايمۇن بولۇپ، كۈن ـ ئاينى تۇتالايدۇ، تاغلارنى قىسقارتالايدۇ، ياخشى ـ ياماننى ئايرىيالايدۇ. كولدۇرلىتىشقا ئۇستا. تۆتىنچىسى، ئالتە قۇلاقلىق ماكاكا، ئۇ ئاۋاز تەقلىد قىلىشقا ئۇستا، سەزگۈر، بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئىشلاردىن خەۋىرى بار، جىمى مەۋجۇداتنى ئوبدان بىلىدۇ. بۇ تۆت خىل مايمۇن يۇقىرىقى ئون خىلغا كىرمەيدۇ.

— مېنىڭچە، «يالغان سۈن ۋۇكۇڭ» ئالتە قۇلاقلىق ماكاكا بولۇشى مۇمكىن. ئۇ جايدا تۇرۇپ مىڭ چاقىرىم نېرىدىكى ئىشلارنى بىلەلەيدۇ؛ ئادەتتىكى ئادەمدەك گەپ قىلالايدۇ، ناھايىتى بىلىمدار؛ ئاۋاز تەقلىد قىلىشقا ئۇستا،سەزگۈر، بۇرۇنقى زامان ۋە كەلگۈسى ھەققىدىكى ئىشلارنى ئۇقىدۇ، جىمى مەۋجۇداتنى ئوبدان بىلىدۇ، راست سۈن ۋۇكۇڭغا ئوخشاش قىياپەتكە كىرىپ، ئۇنىڭدەك ئاۋازدا سۆزلىيەلەيدۇ.

ماكاكا تاتھاگاتونىڭ ئۆزىنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى ناھايىتى ئېنىق ئېيتقانلىقىنى ئاڭلاپ قورقىنىدىن ئەرۋاھى ئۇچتى ـ دە، بىر موللاق ئېتىپلا قېچىپ كەتمەكچى بولدى. تاتھاگاتو ئۇنىڭ قاچماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ دەرھال كۆپچىلىككە بۇيرۇق

چوشۇردى . شۇئان تۆت بۇدساتۋا ، سەككىز ۋاجرا ، بەش يۈز ئارخات ، ئۈچ مىڭ بۇددا ، بىكشۇ ، بىكشۇنى ، ئۇپاساكا ، ئۇپاسىكالار ، ئاۋالوكتسۋارا ، مۇچا قاتارلىقلار گۇرۇردە كېلىپ ئۇنى ئورىۋالدى . سۇن ۋۇكۇڭمۇ بۇ ئىشقا قول تىقماقچى بولۇۋىدى ، تاتھاگاتو :

— سۇن ۋۇكۇڭ ، سەن ئارىلاشما ، ئۇنى مەن تۇتۇپ بېرەي ، — دېدى . ھېلىقى مايمۇننىڭ جان - پېنى چىقىپلا كەتتى . ئۇ قۇتۇلۇشقا كۆزى يەتمەي بىر سىلكىنىپلا ھەسەل ھەرىسىگە ئۆزگىرىپ ئۇچۇپ كەتتى . تاتھاگاتو ئالتۇن قاچىسىنى دۈم كۆمۈرۈۋىدى ، ھېلىقى ھەسەل ھەرىسىنىڭ ئۇستىگىلا چۈشتى . بۇنى كۆپچىلىك بىلەلمەي قالغاچقا ، ئۇنى كېتىپ قالدى ، دەپ تۇرۇشىغا تاتھاگاتو كۈلۈپ :

— قېنى گېپىڭلارنى توختىتىڭلار ، ئۇ ئالۋاستى كەتمىدى . مېنىڭ قاچامنىڭ ئاستىدا ، — دېدى . كۆپچىلىك تەڭلا تاتھاگاتونىڭ قېشىغا كېلىپ قاچىنى ئېچىپ قارىغانىدى ، دېگەندەك ئۇنىڭ ئەسلىي قىياپىتىگە كۆزى چۈشتى . ئۇ ئالتە قۇلاقلىق ماكاكا ئىدى . سۇن ۋۇكۇڭ غەزىپىگە پايلىماي تۆمۈر كالتىكى بىلەن بىرنى قويۇپ ئۇنىڭ جېنىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى . شۇنىڭدىن بۇيان بۇ خىل مايمۇننىڭ ئۇرۇقى قۇرىدى . تاتھاگاتو بۇنىڭغا تاقەت قىلىپ تۇرالماي :

— رەھىم قىلغىن ، رەھىم ، — دېدى . سۇن ۋۇكۇڭ :

— تەقسىرىم ، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ كەتمىسىلە ، ئۇ ئۇستازىمنى ئۇرۇپ يارىلاندۇردى ، يۈك - تاقلىرىمىزنى بۇلاپ كەتتى . ئەسلىي ئۇنىڭ مال - مۇلۈكنى دەپ ئادەم ئۇرغانلىقى ، كۆپكۈندۈزدە بۇلاڭچىلىق قىلغانلىقىدىن ھېساب ئالساق توغرا بولاتتى . ئۇ گۇناھىغا لايىق جازاسىنى تارتىشى كېرەك ! — دېدى .

— سەن دەرھال بېرىپ تاڭ سېڭنى مۇھاپىزەت قىلىپ بۇ يەرگە نومنى ئالغىلى كەلگىن ، — دېدى تاتھاگاتو .

— ئۆزلىرىگە مەلۇم بولغايكى ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ باش

ئۇرۇپ تۇرۇپ، — ئۇستاز مېنى قوبۇل قىلماسلىقى مۇمكىن؛ بارسام ئۇ قوبۇل قىلمىسا، قىلغان ئەجرىم بىكار كەتمەمدۇ؟ ئۇنىڭدىن كۆرە، ئەپسۇنلىرىنى ئوقۇپ بېشىمدىكى چەمبىرەكنى بوشىتىۋەتسىلە، ئۇنى ئۆزلىرىگە قايتۇرۇپ بېرەي، مېنى ئۆز هالىمغا قويۇۋەتسىلە.

— بولمىغۇر خىياللاردا بولما، هىيلىگەرلىك قىلما، سېنى ئاۋالوكىتسۋارا ئاپىرىپ قويىدۇ، ئۇستازىڭنىڭ قوبۇل قىلماسلىقىدىن هەرگىز غەم يېمە. ئۇنى ئوبدان مۇهاپىزەت قىلىپ ماڭغىن، ئىش ۋۇجۇدقا چىققاندا خۇشال - خۇرام هالدا مەن بىلەن بىللە نېلۇپەر سۇپىدا ئولتۇرىسەن، — دېدى تاتھاگاتو.

ئاۋالوكىتسۋارا بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئالىقىنىنى جۈپلەپ تاتھاگاتوغا تەشەككۈر ئېيتقاندىن كېيىن، سۇن ۋۇكۇڭنى ئېلىپ بۇلۇتقا چىقىپ يۇرۇپ كەتتى. ئارقىدىن دەرۋىش مۇچا، ئاق شاتۇتىلارمۇ تەڭلا يولغا چىقتى. ئۇزاق ئۆتمەي يول بويىدىكى كەپىگە كەلدى. شا ۋۇجىڭ شەيخ ئۇلارنى كۆرۈپ قالدى - دە، ئىتتىك ئۇستازنى ئېلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى.

— تاڭ سېڭ، — دېدى بۇدساتۋا، — نەچچە كۈن ئىلگىرى سىزنى ئۇرغىنى «يالغان سۇن ۋۇكۇڭ»، يەنى ئالتە قۇلاقلىق ماكاكا دېگەن مايمۇن ئىكەن. بەختىمىزگە تاتھاگاتو ئۇنى تونۇۋالدى، سۇن ۋۇكۇڭ ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئەمدى سىز سۇن ۋۇكۇڭنى ئەپقېلىشىڭىز كېرەك. يولدا جىن - ئالۋاستىلار يەنە سىزلەرگە توسقۇنلۇق قىلىشى مۇمكىن. ئۇ سىزنى قوغداپ بارسا، ئاندىن سىز خىسلەتلىك تاغقا بېرىپ بۇددا بىلەن دىدار كۆرۈشەلەيسىز، نومنى ئالالايسىز. ئەمدى ئۇنى ئەيىبكە بۇيرۇماڭ.

— ئەمرلىرىنى بەجا كەلتۈرىمەن، — دېدى تاڭ سەنزاڭ باش ئۇرۇپ تۇرۇپ. شۇ ئارىلىقتا شەرق تەرەپتىن گۈركىرەپ بوران چىقتى. جۇ باجيې ئىككى بوغچىنى كۆتۈرۈپ بوران بىلەن تەڭ يېتىپ كەلدى، بۇدساتۋانى كۆرۈپلا ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ:

— نەچچە كۈن ئىلگىرى پېقىر ئۇستازدىن ئايرىلىپ يۇك -

تاقلارنى ئالاي دەپ گۈلشەن تېغىغا بارغانىدىم، دەرۋەقە «يالغان تـاڭ سـېلىق»، «يالغان جۇ باجيې»نى ئۇچراتتىم ـ دە، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتىم. قارىسام، ئۇلار ئىككى مايمۇن ئىكەن. ئىچكىرىگە كـىرىپ ئاختۇرۇپ يۈك ـ تاقلارنى تاپتىم. تەكشۈرۈپ قارىسام بىرمۇ نەرسە كەم ئەمەس ئىكەن. بورانىنى ھەيدەپ بۇ ياققا كەلدىم. ئىككى سۇن ۋۇكۇڭ قانداق بولدىكىنتاڭ، — دېدى.

بـۇدسـاتـۋا تاتھاگاتونىڭ ئالۋاستىنى تونۇغانلىقى ۋە بولغان ئـىشلارنى بىرقۇر سۆزلەپ بەردى. جۇ باجيې ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، كۆپ تەشەككۇر ئېيتتى. ئۇستاز، شاگىرتلار تەزىم قىلىپ تەشەككۇر ئېيتقاندىن كېيىن بۇدساتۋا دېڭىزغا قايتتى، قالغانلار بـۇرۇنـقـىدەك ئەپلىشىپ بىر نىيەتتە بولدى. كۆڭۈلسىزلىكلەر تـۈگەپ، ئۆزئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلىشتى. ھەممەيلەن ئۆي ئىگىسىگە رەھمەت ـ ھەشقاللا ئېيتتى ـ دە، يۈك ـتاقلارنى رەتلەپ تـېـڭـىپ، ئاتلارنى يېتىلەپ، چوڭ يولغا چىقىپ غەربكە راۋان بولدى. كېيىن قانداق ئىشلارنىڭ بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

## ئەللىك توققۇزىنچى باب

### *تاڭ سەنزاڭنىڭ يولنى يانار تاغ توسۇغانلىقى سۈن ۋۇكۇڭنىڭ بانان يەلپۈگۈچنى بىر قېتىم يەلپۈگەنلىكى*

ئەلقىسسە، تاڭ سەنزاڭ بۇدساتۋانىڭ ئەمرىگە بىنائەن سۈن ۋۇكۇڭنى قوبۇل قىلدى ۋە جۇ باجيې، شا ۋۇجىڭلار بىلەن بىر نىيەت - بىر مەقسەتتە غەربكە قاراپ يولغا چىقتى. كۈنلەر، ئايلار ئېقىن سۇدەك ئۆتۈپ كەتتى. تومۇز ياز ئايلىرى تۈگەپ قىراۋلىق كۈز كەلدى. ئۇلار توختىماي كېتىپ باراتتى، تۇيۇقسىز ئىسسىق هور ئۇرۇلدى. تاڭ سەنزاڭ ئاتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ:

— هازىر كۈز پەسلى تۇرسا، ئەجەب ئىسسىق ئۇرۇۋاتىدىغۇ، — دېدى.

— ئۇستاز بىلمەمدىلا، — دېدى جۇ باجيې، — غەربكە بارىدىغان يولدا سىھار دەيدىغان بىر يۇرت بار ئىكەن. ئۇ كۈننىڭ ئولتۇرىدىغان جايىدا بولغاچقا قەدىمدىن ئۇنى «جاهاننىڭ ئاخىرقى چېتى» دەپ ئاتاپ كەلگەنىكەن، كۈن ئولتۇراي دېگەندە بۇ يۇرتنىڭ پادىشاھى ئادەملىرىگە داقا - دۇمباق، كاناي - سۇناي چالدۇرۇپ دېڭىزنىڭ دولقۇنلىرى ۋە شاۋقۇنلىرىغا جور قىلدىكەن. كۈن ھەقىقەتەن ئوت بولغاچقا، ئۇ غەربىي دېڭىزغا ئولتۇرغاندا بەئەينى سۇغا چوغنى تاشلىغاندەك بولۇپ، دېڭىز ۋاراقشىپ قايناپ كېتىدىكەن؛ ئەگەر داقا - دۇمباق، كاناي - سۇناي ئاۋازى ئاڭلانمىسا، قۇياش شەھەردىكى باللارنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىكەن. ئىسسىقنىڭ بۇنچە قاتتىق بولغىنىدىن قارىغاندا بىز كۈن ئولتۇرىدىغان جايغا كېلىپ قالغان ئوخشايمىز.

سۇن ۋۇكۇڭ بۇنى ئاڭلاپ پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى :

— ھوي كالۋا، ئاغزىڭغا كەلدى ، دەپ سۆزلەۋەرمە ! سىھار دۆلىتى دېگەنگە بارىدىغىنىمىزغا تېخى بالدۇر . ئۇستازغا ئوخشاش ھېلىقى ئۇ ، ھېلى بۇ ئىش بىلەن يولدا ياتساق ، ئۈچ قېتىم كىچىكلەپ ، ئۈچ قېتىم قېرىغىنىمىزدىمۇ يېتىپ بارالمايمىز .

— ئاغا ، گېپىڭىزگە قارىغاندا ، بۇ كۈن ئولتۇرىدىغان جاي ئەمەس ئىكەن . ئەمىسە نېمانچە ئىسسىق بولىدىغاندۇ ؟ — دېدى جۇ باجيې .

— پەسىل توغرا بولماي كۈزدە يازنىڭ ئىسسىقى بولۇۋاتامدىكىنتاڭ ، — دېدى شا ۋۇجىڭ .

ئۈچەيلەن دەتالاش قىلىپ كېلىۋاتقاندا يول بويىدا بىر ئۆي ئۇچرىدى . بۇ ئۆي قىزىل كاھىشتا يېپىلغان بولۇپ ، تاملىرى قىزىل خىشتا قوپۇرۇلغان ، دەرۋازىسى ، دەرۋازا قاناتلىرىمۇ قىزىل سىردا سىرلانغانىدى . تاڭ سەنزاڭ ئاتتىن چۈشۈپ :

— سۇن ۋۇكۇڭ ، بۇ ئۆيدىكىلەردىن بۇ ئىسسىقنىڭ سەۋەبىنى سوراپ كۆرگىن ! — دېدى .

سۇن ۋۇكۇڭ تۆمۈر كالتىكىنى تىقىۋېتىپ ، كىيملىرىنى تۈزەشتۈرۈپ سالاپەتلىك قىياپەتكە كىردى - دە ، يولدىن چىقىپ ئۇدۇل دەرۋازا ئالدىغا باردى ۋە ئىچكىرىگە قاراشقا باشلىدى . دەل شۇ چاغدا ئىچكىرىدىن بىر بوۋاي چىقتى . ئۇ ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ سۇن ۋۇكۇڭنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى ، ئۇ ئارقىدىنلا بامبۇك ھاسىسىنى تەڭلەپ :

— قەيەردىن كەلگەن ئالۋاستىسەن ؟ ئىشىكىمدە نېمە ئىش قىلىسەن ؟ — دەپ ۋارقىرىدى .

سۇن ۋۇكۇڭ چىرايلىق سالام بېرىپ :

— ئاتا ، قورقمىسىلا ، مەن ئالۋاستى ئەمەس ، پېقىر شەرقىي دىيارىدىكى ئۇلۇغ تاڭ پادىشاھىنىڭ ئەمرى بىلەن غەربكە ئىلىم ئۆگەنگىلى كېتىۋاتىمەن . بىز ئۇستاز ، شاگىرت بولۇپ تۆت كىشى ئىدۇق . يۇرتىڭىزلارغا كەلسەك ، ھاۋا ئاجايىپ ئىسسىق ئىكەن .

بىرىنچىدىن، بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەي؛ ئىككىنچىدىن، بۇ جاينىڭ قانداق جاي ئىكەنلىكىنى ئۇقالماي ئۆزلىرىدىن ئۇقايلى، دەپ ئالايىتەن كەلگەنىدىم، — دېدى.

قىرنىڭ يۈرىكى شۇندىلا ئىزىغا چۈشتى. ئۇ كۈلۈپ:

— ئەپۇ قىلغايسىز، قىرغاندا ئادەمنىڭ كۆزى ئوبدان كۆرمەيدىكەن. سىزنى تونۇماي قاپتىمەن، — دېدى.

— ھېچ ۋەقەسى يوق، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— ئۇستازىڭىز قەيەردە؟ — دەپ سورىدى بوۋاي.

— ئەنە، جەنۇبتىكى يول ئۈستىدە تۇرغىنى شۇ!

— چاقىرىڭ، دەرھال چاقىرىڭ، — دېدى بوۋاي.

سۇن ۋۇكۇڭ خۇشال بولۇپ ئۇلارنى قول پۇلاڭلىتىپ چاقىردى. تاڭ سەنزاڭ شۇئان جۇ باجيې، شا ۋۇجىڭ بىلەن ئاتنى يېتىلىگەن، يۈك ـ تاقلارنى كۆتۈرگەن ھالدا يېتىپ كېلىپ بوۋايغا سالام بەجا كەلتۈردى.

بوۋاي تاڭ سەنزاڭنىڭ كېلىشكەن قەددى ـ قامىتى، جۇ باجيې بىلەن شا ۋۇجىڭنىڭ تەلەتى ئاجايىپ سەت ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئەجەبلەندى ۋە خۇرسەن بولدى. ئۇلارنى ئىچكىرىگە باشلاپ خىزمەتكارىغا چاي بۇيرۇدى. ياندىكى ئۆيدە بولسا تاماققا تەرەددۇت باشلاندى. تاڭ سەنزاڭ مىننەتدارلىق بىلدۈردى ھەمدە سورىدى:

— كەچۈرسىلە ئاتا، ھازىر كۈز تۇرسا بۇ يەر ئەجەبمۇ ئىسسىق ئىكەنغۇ؟

— بۇ يەرنى يالقۇنتاغ دەيدۇ. ئەتىياز، كۈز دەيدىغان گەپ يوق. تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە ئوخشاشلا ئوتتەك ئىسسىق بولىدۇ، — دېدى بوۋاي.

— يالقۇنتاغ قەيەردە؟ ئۇ غەربكە بارىدىغان يولنى توسۇۋالامدۇ؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

— غەربكە بۇ ياقتىن ئۆتكىلى بولمايدۇ، — دېدى بوۋاي، — يالقۇنتاغ بۇ يەردىن ئاتمىش چاقىرىم يىراقتا. بۇ، غەربكە بارىدىغان بىردىنبىر يول. ئەمما، بۇ يولنىڭ سەككىز يۈز

چاقىرىمغىچە بولغان ئارىلىقىدا ۋولقان بار. ئەتراپىدا گىياھ ئۈنمەيدۇ. بۇ تاغدىن ئۆتۈپ كېتەلەيمەن، دېگەن ئادەم تۆمۈر باشلىق، تۆمۈر تەنلىك بولغان تەقدىردىمۇ ئېرىپ كېتىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ چىرايى ئۆڭۈپ كەتكەن تاڭ سەنزاڭ قايتا گەپ سوراشقا پېتىنالمىدى.

قىزىل هارۋىنى سۆرىگەن بىر بالا ئىشىك ئالدىغا كېلىپ توختاپ:

— پىشلاق ساتىمەن! — دەپ توۋلىدى. سۈن ۋۇكۇڭ بىر تال موينى يۇلۇپ تەڭگىگە ئايلاندۇردى ـ دە، ھېلىقى بالىغا پىشلاق ئالىمەن، دېدى. بالا پۇلنى ئېلىپلا ھېچنېمە دېمەستىن هارۋىدىكى داستىخاننى قايرىپ هورى چىقىپ تۇرغان بىر پارچە پىشلاقنى ئېلىپ سۈن ۋۇكۇڭغا بەردى. سۈن ۋۇكۇڭ ئۇنى ئېلىشى بىلەنلا قولى كۆيۈپ كەتتى، چىدىيالماي ئۇ قولىدىن بۇ قولىغا يۆتكەپ تۇرۇپ: «پا، پا، پا!» دەپ كەتتى. ھېلىقى بالا كۈلۈپ كېتىپ:

— قىزىقتىن قورقىدىغان ئادەم بۇ يەرگە كەلمەيدىغان، بۇ يەر تونۇردەك ئىسسىق، — دېدى.

— قىزىق بالا ئىكەنسەن، بۇ يەر شۇنداق ئىسسىق تۇرسا، پىشلاقنىڭ ئۇنىنى قەيەردىن تاپتىڭ؟ — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ.

— ئۇن ـ گۈرۈچنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى بىلگۈڭىز كەلسە، تۆمۈر يەلپۈگۈچلۈك ئەۋلىيادىن سوراڭ، — دېدى بالا.

— تۆمۈر يەلپۈگۈچلۈك ئەۋلىيا نېمە ئىش قىلىدۇ؟ — دەپ سورىدى سۈن ۋۇكۇڭ.

— تۆمۈر يەلپۈگۈچلۈك ئەۋلىيانىڭ «بانان يەلپۈگۈچ»ى بار، ئۇنى بىر يەلپۈسە ئوت ئۆچىدۇ، ئىككى يەلپۈسە شامال چىقىدۇ، ئۈچ يەلپۈسە يامغۇر ياغىدۇ. بىز شۇنى ئارىيەتكە ئېلىپ ۋاقتىدا تېرىپ، ۋاقتىدا يىغىۋالىمىز. ھەممە زىرائەتنى تېرىيمىز؛ بولمىسا بۇ يەردە گىياھمۇ ئۈندۈرەلمەيمىز.

بۇنى ئاڭلاپ سۈن ۋۇكۇڭ ئالدىراپ ـ تېنەپ ئىچكىرىگە

كىردى ، پىشلاقنى تاڭ سەنزاڭغا بېرىپ :
— ئۇستاز ، خاتىرجەم بولسىلا ، ھەرگىز تېرىكىپ ئۆزلىرىنى پاراكەندە قىلماي ، پىشلاق يېسىلە ، ئاندىن سىلىگە گەپ قىلىپ بېرىمەن ، — دېدى . تاڭ سەنزاڭ پىشلاقنى ئالغاندىن كېيىن بوۋايغا تۇتتى :
— ئاتا ، پىشلاق يېسىلە .
— مەن سىلىگە چاي - تاماق بەرمەي تۇرۇپ سىلىنىڭكىنى يېسەم قانداق بولىدۇ ؟ — دېدى بوۋاي .
— بوۋا ، ئۇنىڭ كارى چاغلىق ، قېنى ئېيتىپ بەرسىلە ، تۆمۈر يەلپۈگۈچلۈك ئەۋلىيا قەيەردە تۇرىدۇ ؟ — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .
— ئۇنى سوراپ نېمە قىلىسىز ؟ — دېدى بوۋاي .
— بايا پىشلاق ساتقۇچى بۇ ئەۋلىيانىڭ «بانان يەلپۈگۈچ »ى بار ، دەيدۇ . ئۇنى ئارىيەتكە ئېلىپ بىر يەلپۈسە ئوت ئۆچىدىكەن . ئىككى يەلپۈسە شامال چىقىدىكەن ، ئۈچ يەلپۈسە يامغۇر ياغىدىكەن . سىلەر شۇنىڭ ئۈچۈن جىمى زىرائەتلەرنى تېرىيالايدىكەنسىلەر ۋە يىغىۋالالايدىكەنسىلەر . مەن شۇ يەلپۈگۈچنى ئۇنىڭدىن سورىۋېلىپ ئوتنى ئۆچۈرۈپ يالقۇنتاغدىن ئۆتۈۋالسام ، ئاندىن بۇ يەردىكىلەرمۇ تېرىم - يىغىم ئىشىنى قىلىپ خاتىرجەم بولۇۋالسا بولامدىكىن ، دەپ ئويلاۋاتىمەن ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .
— ھەقىقەتەن ، شۇنداق ئىش بار . لېكىن ، سىلەرنىڭ سوۋغا - سالامىڭلار بولمىسا ، ئۇ ئەۋلىيا يەلپۈگۈچنى بەرمەسمىكىن ، — دېدى بوۋاي .
— ئۇ قانداق سوۋغىلارنى ئالىدۇ ؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ .
— بۇ يەردىكىلەر ئون يىلدا بىر قېتىم تاۋاپ - تەزىمگە بارىدۇ . ئۇ چاغدا تۆت چوشقا ، تۆت قوي ، توپى بىلەن رەخت ، كىيىم - كېچەك ، ھەر خىل مېۋە - چېۋە ، توخۇ ، ئۆردەك ، ھاراق - شارابلارنى ئېلىپ ، ئىخلاس - ئەقىدە بىلەن ئۇ تاغقا بارىدۇ ۋە تۆمۈر يەلپۈگۈچلۈك ئەۋلىيانىڭ غاردىن چىقىپ ، بۇ يەرگە

خەير ـ ساخاۋەت قىلىشنى تىلەيدۇ ، — دېدى بوۋاي .
— ئۇ تاغ قەيەردە؟ نامى نېمە؟ قانچە چاقىرىم يىراقتا؟ مەن چوقۇم ئۇنىڭدىن يەلپۈگۈچنى ئەكېلىمەن ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .
— ئۇ تاغ غەربىي جەنۇبتا ، ئۇنى پىرۇزە بۇلۇت تېغى دەيمىز . تاغدا بانان غارى دېيىلىدىغان بىر غار بار . بۇ يەردىن ئەۋلىيا تېغىغا تاۋاپ ـ تەزىمگە بارىدىغانلار بىر ئايدا ئاران بېرىپ كېلىدۇ . شۇنداق بولغاندا بىر مىڭ تۆت يۈز ئەللىك ئالتە چاقىرىم كېلىدۇ ، — دېدى بوۋاي .
— ھېچقانچە گەپ ئەمەس ئىكەن . ئەمىسە بېرىپ كېلەي ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .
— ئالدىرىماڭ ، چاي ئىچىپ ، تاماق يەڭ . ئوزۇق ۋە ئىككى ھەمراھ ئېلىپ مېڭىڭ ، يولدا ئادەمزات يوق . بۆرە ـ يولۋاسلار جىق ، ئۇ بىر كۈندىلا بارىدىغان جاي ئەمەس ، ئويناشماڭ ، — دېدى بوۋاي .
— ھېچ ۋەقەسى يوق ، ھېچ ۋەقەسى يوق ! مەن كەتتىم ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ ۋە بىردەمنىڭ ئىچىدە كۆزدىن غايىب بولدى .
بوۋاي ھولۇقۇپ كەتتى ـ دە :
— ۋاي ئاتامەي ! ئۇ بۇلۇتقا چىقىپ ماڭىدىغان ئەۋلىيا ئىكەن ئەمەسمۇ ! — دېدى .

ئەلقىسسە ، سۇن ۋۇكۇڭ ھەش ـ پەش دېگۈچىلا پىرۇزە بۇلۇت تېغىغا كەلدى . بۇلۇتنى توختىتىپ غارنى ئىزدەۋاتقاندا «تاڭ ـ تۇڭ» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى . تاغدا بىر ئوتۇنچى ئوتۇن كېسىۋاتاتتى . سۇن ۋۇكۇڭ يېقىن كېلىپ ئۇنىڭغا سالام بەردى :
— ھارمىغايسىز . ئوتۇنچى ئاكا !
ئوتۇنچى پالتىسىنى توختىتىپ :
— يول بولسۇن شەيخ ، — دېدى .
— پىرۇزە بۇلۇت تېغى مۇشۇمىكىن ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— شۇنداق، — دېدى ئوتۇنچى.
— تۆمۈر يەلپۈگۈچلۈك ئەۋلىيا تۇرىدىغان بانان غارى قەيەردە؟
— بۇ يەردە بانان غارى بار، بىراق تۆمۈر يەلپۈگۈچلۈك ئەۋلىيا يوق، تۆمۈر يەلپۈگۈچلۈك مەلىكە بار. ئۇنىڭ يەنە بىر ئىسمى كالا يالماۋۇز، — دېدى ئوتۇنچى.
— كىشىلەر ئۇنىڭ يالقۇنتاغنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرەلەيدىغان بانان يەلپۈگۈچى بار، دېيىشىدۇ. كىشىلەرنىڭ دېگىنى شۇمۇ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.
— شۇ، شۇ، — دېدى ئوتۇنچى، — بۇ مەلىكىنىڭ خاسىيەتلىك يەلپۈگۈچى بار. شۇنىڭ بىلەن ئوت ئۆچۈرۈپ، يالقۇنتاغدىكىلەرنى ھىمات قىلغانلىقى ئۈچۈن تۆمۈر يەلپۈگۈچلۈك ئەۋلىيا دەپ نام ئالغان. بىراق، بىزگە ئۇنىڭ كېرىكى بولمىغاچقا، ئۇنى يالماۋۇز كالىنىڭ خوتۇنى دەپلا ئاتايمىز.
بۇنى ئاڭلاپ سۇن ۋۇكۇڭنىڭ چىرايى ئۆڭدى، ئىچىدە: «يەنە رەقىبكە دۇچ كەپتىمەن!... ئۆز ۋاقتىدا قىزىل باشلىق تۇگۇنەكنى ئۇلتۇرگەندە، ئۇنى مۇشۇ نېمىلەرنىڭ بالىسى دېيىشىشۈپدى. ئۆتكەندە جىيياڭشەن تېغىدىكى پۇئېر غارىدا ئۇنىڭ تاغىسىغا يولۇقۇپ قالدىم. ئۇ سۇ بەرگىلى ئۇنىماي ئۆچ ئالىدىغانلىقىنى ئېيتتى؛ بۈگۈن ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىغا ئۇچراپتىمەن. ئۇنىڭدىن يەلپۈگۈچنى قانداق ئالارمەن؟...» دەپ ئويلىدى. ئوتۇنچى ئۇنىڭ غەمگە چۆكۈپ ئۇھ تارتقىنىنى كۆرۈپ كۈلدى ۋە:
— دەرۋىش، سىز نېمىگە غەم قىلىۋاتىسىز؟ مۇشۇ يول بىلەن شەرققە بەش - ئالتە چاقىرىمچە ماڭسىڭىز بانان غارىغا بارىسىز. بىئارام بولماڭ، — دېدى.
— سىلىگە ئوچۇقىنى ئېيتاي، مەن شەرقىي دىياردىكى ئۇلۇغ تاڭ دۆلىتى شاھىنىڭ ئەمرى بىلەن غەربكە بۇددا نومىنى ئالغىلى كېتىۋاتقان تاڭ سېڭنىڭ چوڭ شاگىرتى بولىمەن، ئالدىنقى يىلى ئوت بۇلۇت غارىدا كالا يالماۋۇزنىڭ ئوغلى بىلەن ئارىمىزدا

بەزى گەپ ـ سۆزلەر بولغانىدى. كالا يالماۋۇز شۇنىڭغا ئۆچمەنلىك ساقلاپ يەلپۈگۈچنى بەرمەسمىكىن، دەپ غەم قىلىۋاتىمەن، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— ئەر كىشى دېگەن ھەرنېمىگە غەم قىلىۋەرمەيدىغان. كونا خامانىنى سورىماي چىرايلىقچە يەلپۈگۈچ سورىسىڭىز چوقۇم ئالالايسىز، — دېدى ئوتۇنچى.

بۇنى ئاڭلاپ سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭغا چوڭقۇر تەزىم قىلىپ:

— ياخشى سۆزلىرىگە رەھمەت، ئەمىسە بېرىپ باقاي، — دېدى.

سۇن ۋۇكۇڭ ئوتۇنچىدىن ئايرىلىپ ئۇدۇل بانان غارىغا باردى. غارنىڭ ئىككى قاناتلىق ئىشىكى مەھكەم ئېتىكلىك، ئەتراپى شۇنچىلىك كۆركەم، مەنزىرىلىك ئىدى. سۇن ۋۇكۇڭ ئىچكىرىگە قاراپ:

— كالا ئاغا، ئىشىكنى ئېچىڭ! ئىشىكنى ئېچىڭ! — دەپ توۋلىدى. ئىشىك غىچ قىلىپ ئېچىلىپ گۈل سېۋىتى كۆتۈرگەن، ئوتىغۇچنى مۈرىسىگە سالغان كىچىككىنە بىر قىز چىقتى، سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئالىقىنىنى جۈپلەپ تۇرۇپ:

— قىزچاق، مالال كۆرمەي مەلىكىگە خەۋەر قىلسىڭىز، مەن نوم ئالغىلى كېتىۋاتقان شەيخ ئىدىم. غەربكە كېتىۋاتساق يولىمىزنى يالقۇنتاغ توسۇۋالدى. شۇڭا، بانان يەلپۈگۈچنى ئارىيەت ئېلىپ ئىشلىتىپ تۇراي دەپ ئالايتەن كېلىۋىدىم، — دېدى.

— سىلى قايسى بۇتخانىنىڭ شەيخى، ئىسىم ـ شەرىپلىرى نېمە؟ شۇنى دەپ بەرسىلىرى خەۋەر قىلىش ئوڭاي بولارمىكىن؟ — دېدى قىزچاق.

— مەن شەرقىي دىياردىن كەلدىم. سۇن ۋۇكۇڭ شەيخ بولىمەن، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

قىزچاق كەينىگە يېنىپ غارغا كىردى ۋە كالا يالماۋۇزغا تەزىم قىلىپ تۇرۇپ:

— خان ئانا، شەرقىي دىياردىن كەلگەن سۇن ۋۇكۇڭ دېگەن

شەيخ ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشسەم ، دەيدۇ . ئۇ بانان يەلپۈگۈچلىرىنى سوراپ كەپتۇ . يالقۇنتاغدىن ئۆتۈشتە ئىشلەتمەكچىكەن ، — دېدى .

كالا يالماۋۇز «سۇن ۋۇكۇڭ» دېگەن گەپنى ئاڭلاپلا ئېچىشقان يېرىگە تۇز چېچىۋەتكەندەك ، كۆيۈۋاتقان ئوت ئۈستىگە ياغ قۇيۇلغاندەك سەكرەپ - چىچاڭشىپ كەتتى ، يۈزى پوكاندەك قىزىرىپ :

— جۇۋاينىمەك مايمۇن ! بۇگۈن كەپتۇ - دە ! قىزچاق ، ساۋۇتۇم بىلەن قوراللىمنى كەلتۈر !— دېدى ئاغزىنى بۇزۇپ . ئۇ ساۋۇتنى كىيىپ ، تىغى كۆك خاسىيەتلىك شەمشىرىنى ئېلىپ سىرتقا چىقتى ، — سۇن ۋۇكۇڭ ، قېنى سەن ؟

سۇن ۋۇكۇڭ يېقىن كېلىپ چوڭقۇر تەزىم قىلدى :

— يەڭگە ، پېقىر مانا مۇشۇ يەردە خىزمەتلىرىگە تەييار بولۇپ تۇرۇپتىمەن !

— كىم سېنىڭ يەڭگەڭ ئىكەن ؟ خىزمىتىڭگە كىم خۇشتار بولۇپ قاپتۇ ! — دېدى كالا يالماۋۇز .

— كالا ئاغىمىز ئۆز ۋاقتىدا پېقىر بىلەن قەسەم ئىچىشىپ ئاكا - ئۇكا بولۇشقان ، هازىر ئۇقسام كالا ئاغىمىز ئۆزلىرى بىلەن ئۆي - ئوچاقلىق بوپتۇ . شۇنداق بولغاندىكىن ئەلۋەتتە يەڭگەم بولىدىلا - دە ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— هوي بېشىڭنى يەيدىغان مايمۇن ! بىز بىلەن ئۇرۇق - تۇغقان بولساڭ ، نېمىشقا ئوغلۇمنى بالاغا تىقىسەن ؟

— ئوغۇللىرى كىم بولىدىكىن ؟ — دەپ سورىدى سۇن ۋۇكۇڭ خۇپسەنلىك قىلىپ .

— سادالىق تاغ قارىغاي جىراسى ئاتەش بۇلۇت غارىدا تۇرىدىغان بالا ئەۋلىيا قىزىل باشلىق تۇگۇنەك مېنىڭ ئوغلۇم ئىدى . ئۇنى سەن بالاغا تىقتىڭ . قىساس ئالاي ، دەپ سېنى تاپالماي يۈرەتتىم ، بۇگۈن ئۆز ئايىغىڭ بىلەن كەپسەن ، سېنى شۇنداقلا قويۇۋېتەمدىمەن ! — دېدى كالا يالماۋۇز .

— يەڭگەمنىڭ خېلى ئەقلى بار ئىدى ، ئەجەب مەندىن يامانلاپ قاپتۇغۇ؟ ئوغۇللىرى ئۇستازىمنى تۇتۇۋالدى ، ئۇكلەپ ، پىشۇرۇپ يېمەكچى بولدى . بەختىمىزگە ئۇنى ئاۋلوكتىسۋارا بۇدساتۋا ئەكېتىپ ئۇستازىمنى قۇتۇلدۇرۇپ بەردى . ئۇ هازىر بۇدساتۋانىڭ قېشىدا ئاق كۆڭۈل مالائىكە بولدى ، بۇدساتۋانىڭ شاپائىتىگە ئېرىشتى . ئۇ ئەمدى ئۆلمەيدۇ ، يوقالمايدۇ . ئالەم بىلەن تەڭ ياشايدۇ ، ئايلار ، كۈنلەرنى راھەت ـ پاراغەتتە ئۆتكۈزىدۇ . بۇنىڭ ئۈچۈن پېقىرغا باش قويۇپ رەھمەت ـ ھەشقاللا ئېيتماقتا يوق ، تېخى ئەيىبلەپ كەتكەنلىرى نېمىسى؟

— گەپدانلىقىنى ماۋۇ مايمۇننىڭ ! ئوغلۇم هايات بولغىنى بىلەن ئالدىمدا يوق . مەن ئۇنى قاچان كۆرىمەن؟ — دېدى كالا يالماۋۇز .

— يەڭگەمنىڭ ئوغلىنى كۆرگۈسى كەپتۇ ـ دە ، بۇ قىيىن ئىشمىدى شۇنچە؟ سىلى يەلپۈگۈچلىرىنى بېرىپ تۇرسىلا ، مەن ئۇتىنى ئۆچۈرۈپ ئۇستازىمنى ئۆتكۈزۈۋالىمەن ـ دە ، جەنۇبىي دېڭىزغا بېرىپ بۇدساتۋاغا ئېيتىپ ئۇنى ئەكېلىپ سىلى بىلەن كۆرۈشتۈرىمەن ، ئاندىن يەلپۈگۈچنى قايتۇرۇپ بېرىمەن ، شۇنداق قىلسامغۇ بولار ! — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ .

— هوي يالماۋۇز مايمۇن ! تىلىڭنى يىغ ! بېشىڭنى چىقار ! قىلىچ بىلەن چاپىمەن ! ناۋادا ئاغرىققا چىديالىساڭ ، يەلپۈگۈچنى ساڭا بېرىپ تۇرىمەن ؛ ئەگەر چىديالمىساڭ ، جېنىڭنى ئېلىپ ئەزرائىلنىڭ دەرگاھىغا يولغا سالىمەن ! — دېدى كالا يالماۋۇز .

سۈن ۋۇكۇڭ قولىنى قوشتۇرغان هالدا ئۇنىڭ ئالدىغا باردى ـ دە ، كۈلۈپ تۇرۇپ :

— مانا بېشىم ، قانچىلىك چاپالىسىلا شۇنچىلىك چاپسىلا ، كۈچۈم يەتمىدى ، دەپ ۋايسىمىسىلالا بولغىنى ، — دېدى .

كالا يالماۋۇز گەپ ـ سۆز قىلماستىن سۈن ۋۇكۇڭنىڭ بېشىنى شەمشەر بىلەن كۈچەپ چېپىشقا باشلىدى . ئۇن نەچچە رەت چاپسىمۇ سۈن ۋۇكۇڭ غىڭ قىلمىدى . كالا يالماۋۇز قورقۇپ

كېتىپ تىكمۆتمەكچى بولۇۋىدى ، سون ۋۇكۇڭ :

— يەڭگە ، قەيەرگە ماڭدىلا ؟ يەلپۈگۈچنى بەرسىلە ، ئىشلىتىۋالاي ! — دېدى .

— مەن ئۇنى ئاسانلىقچە ئارىيەتكە بەرمەيمەن ، — دېدى كالا يالماۋۇز .

— بەرمەيدىغان بولسىلىرى مانا ماۋۇنى كۆرۈپ باقسىلا ، — دېدى سون ۋۇكۇڭ .

مايمۇن پادىشاھ يامان جۇمۇ ! بىر قولىدا كالا يالماۋۇزنى تۇتۇپ ، بىر قولىدا قۇلىقىدىن كالتىكىنى (يىڭنىچىلىك) ئېلىپ پىرقىراتقانىدى ، ئۇ چىنىدەك تومىلۇقتىكى كالتەك بولدى . كالا يالماۋۇز بىرنېمىلەرنى قىلىپ قولىنى تارتىۋالدى ـ دە ، شەمشىرى بىلەن ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلدى . سون ۋۇكۇڭمۇ كالتىكىنى ئىشقا سالدى . شۇنداق قىلىپ ئىككىيلەن پىرۇزە بۇلۇت تېغىدا تۇغقانچىلىقنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ قىساسكارلاردەك ئېلىشىپ كەتتى . كالا يالماۋۇز دەرغەزەپكە كەلدى . ئەمما ، يەلپۈگۈچنى ئارىيەتكە ئېلىپ تاغدىن ئۆتۈۋېلىش كويىدا قالغان سون ۋۇكۇڭ ، ئۇنىڭغا ئەتەي يول قويدى . ئىككىيلەن تاكى قاراڭغۇ چۈشكۈچە جەڭ قىلدى ، ھېچكىم ھېچكىمنى يېڭەلمىدى . سون ۋۇكۇڭنىڭ كالتىكى ئېغىر ، ئۇرۇشى كۆپ بولغاچقا ، ئۆزىنىڭ يېڭەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن كالا يالماۋۇز بانان يەلپۈگۈچىنى ئېلىپ بىر يەلپۈگەنىدى ، سوغۇق شامال چىقىپ سون ۋۇكۇڭنى ئۇچۇرۇپ ئىز ـ دېرەكسىز يوقاتتى . كالا يالماۋۇز غەلىبە قۇچۇپ قايتتى .

سون ۋۇكۇڭ شۇ ئۇچقانچە ھېچقانداق قىلىپ ئۆزىنى توختىتالماي شامال ئۇچۇرغان خازان ، سۇ ئاققۇزۇپ كېتىۋاتقان گۈلگە ئوخشاش بىر كېچە ئۇچۇپ ـ لەيلەپ يۈردى . ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا ، ئاندىن تاغنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ بىر قورام تاشنى قۇچاقلىۋالدى . ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ ئەتراپقا زەن سېلىپ قارىدى ۋە شياۋشۇمى تېغىغا كېلىپ قالغانلىقىنى بىلىپ ھەسرەتلەندى :

«ئـەجەبمۇ يامان خوتۇن ئىكەن بۇ ! ئۇ مېنى نېمىشقا بۇ يەرگە ئەكېلىپ قويغاندۇ ؟ ئېسىمدە قېلىشىچە ، ئۆز ۋاقتىدا مەن بۇ يەرگە بـۇدسـاتـۋا لـىـڭ جىدىن سېرىق قوْيوْن ئالۋاستىنى ئەل قىلىپ ئۇستازىمنى قۇتۇلدۇرۇشنى ئىلتىماس قىلىپ كەلگەنىدىم . سېرىق قـوْيـوْن تـېـغـىـدىن جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ بۇ يەرگە ئۈچ مىڭ چـاقــىـرىمدىن كۆپرەك يول بېسىپ كەلگەنىدىم . هازىر غەربكە كېتىۋاتقان يولدىن بۇرۇلۇپ شەرقىي جەنۇب تەرەپ بىلەن بۇ يەرگە كەلدىم . بۇ ئارىلىق قانچىلىك كېلەر بولغىيدى؟ مەن چۇشـۇپ بـۇدسـاتـۋا لـىـڭ جـىـدىـن سـوراپ ئـۇقـۇۋالاي ، ئاسانراق كېتىۋالارمەن . »

سۈن ۋۇكۇڭ شۇ خىيال بىلەن ئولتۇراتتى . ياڭراق قوڭغۇراق ئاۋازى ئاڭلاندى . ئۇ شۇئان تاغدىن چۈشۈپ ئىبادەتخانىغا باردى . ئىشىكباقار دەرۋىش سۈن ۋۇكۇڭنى تونۇپ ، دەرهال ئىچكىرىگە كىرىپ خەۋەر قىلدى :

— ئالدىنقى يىلى ئۆزلىرى سېرىق قوْيوْن ئالۋاستىنى ئەل قىلىپ بېرىشكە چاقىرىپ كەلگەن يوْغلۇق هەزرەت يەنە كەپتۇ .

بـۇدسـاتـۋا ئۇنىڭ سۈن ۋۇكۇڭ ئىكەنلىكىنى بىلدى ـ دە ، دەرهال تەختتىن چۈشۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى :

— مۇبارەك بولسۇن ! بۇددا نومىنى ئەكەلدىڭىزمۇ ؟

— نەدىكىنى ، نەدىكىنى ! تېخى مەنزىلگە يەتمىدۇق ، — دەپ جاۋاب بەردى سۈن ۋۇكۇڭ .

— گۇهەرنىشىن تېغىغا بارماي تۇرۇپ ، نېمىگە بۇ قاقاس تاغنى ئەسلەپ قالدىڭىز ؟ — دېدى لىڭ جى .

— ئالدىنقى يىلى ئۆزلىرىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن سېرىق قوْيوْن ئالۋاستىنى يەڭگەندىن كېيىن يولغا چىقتۇق . يەنە نۇرغۇن جەبىر ـ جاپا تارتتۇق . ئەمدى يالقۇنتاغقا كېلىپ توسۇلۇپ قالدۇق . يەرلىك كىشىلەردىن تۆمۈر يەلپۈگۈچلۈك بىر ئەۋلىيانىڭ بانان يەلپۈگۈچى بار . ئۇنى ئۈچ قېتىم يەلپۈسە ئوت ئۆچىدۇ ، دېگەن گـەپنى ئاڭلاپ ، پېقىر ئۇنى ئىزدەپ باردىم ، قارىسام ، ئەۋلىيا

دېگىنى كالا دېۋىنىڭ خوتۇنى ، قىزىل باشلىق توگۇنەكنىڭ ئاپىسى ئىكەن . ئۇ ، سەن مېنىڭ بالامنى ئاۋالوكتسۋارا بودساتۋاغا مالائىكە قىلىپ بەردىڭ ، ئۇنى دائىم كۆرەلمەيمەن ، شۇڭا سەندىن بۇنىڭ ئۆچىنى ئالىمەن دەپ ، ماڭا يەلپۈگۈچنى بەرگىلى ئۇنىماي ، مەن بىلەن ئېلىشتى . ئاخىر مېنى يېڭەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ يەلپۈگۈچ بىلەن بىر يەلپۈگەندى . مەن يىپى ئۈزۈلگەن لەگلەكتەك ئۇچۇپ ـ ئۇچۇپ مۇشۇ يەرگە كېلىپ چۈشتۈم . قارىسام ، بۇ ئىبادەتخانا تۇرۇپتىكەن ، يول سوراي دەپ كەلدىم . بۇ يەر يالقۇنتاغقا قانچە چاقىرىم كېلىدۇ ؟

— ئۇ ئايالنىڭ ئەسلىي ئىسمى كالا يالماۋۇز ، ئۇنى يەنە تۆمۈر يەلپۈگۈچلۈك مەلىكە دەپمۇ ئاتايدۇ . بانان يەلپۈگۈچ ئۇنىڭ ئەلمىساقتىن بۇيان تۇتۇپ كېلىۋاتقان خاسىيەتلىك قورالى . ئۇنىڭ بىلەن ئادەمنى يەلپۈسە ، ئادەم سەكسەن تۆت مىڭ چاقىرىم يىراقلىققا بېرىپ چۈشىدۇ . مەن تۇرغان بۇ تاغ بىلەن يالقۇنتاغنىڭ ئارىلىقى ئەللىك مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق كېلىدۇ . بۇلۇتنى توختىتىش قولىڭىزدىن كېلىدىغان بولغاچقا ، مۇشۇ يەردە توختاپسىز . ناۋادا ئادەتتىكى ئادەم بولسا ئالدىراپ توختىمايتتى ، — دېدى لىڭ جى كولۇپ .

— ۋاي كاساپەت ! ئەجەب يامان ئىكەن ـ ھە ! ئۇستازىم ئەمدى ئۇ يەردىن قانداق ئۆتۈپ كېتەر ! — دېدى سۇن ۋۇكوڭ .

— خاتىرجەم بولۇڭ ھەزرەت . بۇ يەرگە كېلىشىڭىزمۇ تاڭ سېڭنىڭ سىزگە ئۇتۇق تىلەپ قىلغان دۇئاسىنىڭ شاراپىتى ، — دېدى لىڭ جى .

— مەن قانداق قىلىپ ئۇتۇق قازىنالايمەن ؟

— ئۆز ۋاقتىدا تاتھاگاتو ماڭا بىر تال «بوران توختىتىدىغان دورا» بىلەن بىر «ئۇچار ھاسا» بەرگەنىدى ، ئۇچار ھاسا بىلەن سېرىق قۇيۇن ئالۋاستىنى يەڭدۇق . بوران توختىتىدىغان دورىنى تېخى ئىشلەتمىگەنىدىم . شۇنى سىزگە بېرەي . ئۇ بولغاندىكىن ئۇ بىرنېمە ھەرقانچە يەلپۈسىمۇ مىت قىلمايسىز . شۇنىڭ بىلەن

يەلپۇگۇچنى ئالىسىز ـ دە، ئوتنى ئۆچۇرۇۋالىسىز . مانا بۇ ئۇتۇق بولامدۇ؟

سۈن ۋۇكۇڭ تەزىم قىلىپ كۆپتىن ـ كۆپ تەشەككۇر ئېيتتى . بۇدساتۋا يېڭىدىن بىر كىمخاب خالتىنى ئالدى ۋە ئىچىدىن بوران توختىتىدىغان دورىنى چىقىرىپ سۈن ۋۇكۇڭنىڭ ياقىسى ئىچىگە پۇختا تىكىپ قويدى، ئاندىن سۈن ۋۇكۇڭنى ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقىپ:

— سىزنى تۇتمىدىم، غەربىي شىمالغا ماڭسىڭىز، كالا يالماۋۇز تۇرغان تاغقا بارسىز، — دېدى .

سۈن ۋۇكۇڭ لىڭ جى بىلەن خوشلىشىپ بىر موللاق ئېتىپ بۇلۇتقا چىقتى ـ دە، ئۇدۇل پىرۇزە بۇلۇت تېغىغا باردى ۋە تۆمۈر كالتىكى بىلەن غارنىڭ ئىشىكىنى ئۇرۇپ توۋلىدى:

— ئىشىكنى ئاچ! ئاچ ئىشىكىڭنى! سەندىن يەلپۇگۇچنى ئالغىلى كەلدىم!

ئىشىكباقار قىز ھولۇقۇپ كەتتى ـ دە، ئالمان ـ تالمان كېلىپ خەۋەر قىلدى:

— خان ئانا، ھېلىقى بىرنېمە يەلپۇگۇچنى سوراپ يەنە كەپتۇ!

كالا يالماۋۇز بۇنى ئاڭلاپ ساراسىمىگە چۈشتى . ئۇ «بۇ پەسەندە مايمۇننىڭ كارامىتى بار ئىكەن جۇمۇ! ئادەتتە بۇ يەلپۇگۇچتە بىر يەلپۈسەم ئادەملەر سەكسەن توت مىڭ چاقىرىم يەرگە بېرىپ توختايتتى؛ ئۇ نېمانداق بىردەمدە يەنە كەلگەندۇ؟ بۇ قېتىم ئۇنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ رەت يەلپۈپ كېلەرگە يول تاپالمايدىغان قىلىۋېتەي!» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئورنىدىن تۇردى، ساۋۇت كىيىپ، ئىككى قولىغا شەمشەر ئېلىپ سىرتقا چىقتى ۋە:

— سۈن دەرۋىش! ئۆلگۈڭ كېلىپ يەنە ئالدىمغا كەپسەن ـ ھە! — دېدى .

— يەڭگە، ئىچىلىرىنى ئۇنداق تار قىلماي يەلپۇگۇچلىرىنى بېرىپ تۇرسىلا . تاڭ سېڭنى تاغدىن ئۆتكۈزۈۋېلىپلا قايتۇرۇپ

بېرىمەن . مەن لەۋزىمدە تۇرىدىغان ساداقەتمەن كىشىمەن ، ئارىيەتكە ئېلىپلا ياندۇرۇپ بەرمەيدىغان چاكىنىلاردىن ئەمەسمەن ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ .
كالا يالماۋۇز يەنە تىللاپ كەتتى :
— جۇۋايىنىمەك مايمۇن ! يولسىزلىق قىلىپ ھەددىڭدىن ئاشماقچىمۇسەن ! ئوغلۇمدىن جۇدا قىلغانلىقىڭنىڭ ئۆچىنى ئالالماي تۇرغاندا ، تېخى يەلپۈگۈچنى ئالمەن دەۋاتامسەن ؟ قەيەردە ئۇنداق ئوبدان ئىش بار ئىكەن ؟ قاچما ، خان ئاچاڭنىڭ شەمشىرىنى تېتىپ باق ! كېلە !
سۇن ۋۇكۇڭ بۇ گەپنى چىۋىقىغا ئالماستىن تۆمۈر كالتىكى بىلەن جەڭگە ئاتلاندى . ئىككىيلەن بىرنەچچە رەت ئېلىشقاندىن كېيىن كالا يالماۋۇزنىڭ كۈچى قالمىدى . ئۇ دەرھال يەلپۈگۈچنى ئېلىپ سۇن ۋۇكۇڭغا قاراپ بىر يەلپۈگەنىدى ، سۇن ۋۇكۇڭ بۇدۇڭتەي ئۇلتۇرۇۋەردى ، تۆمۈر كالتىكنى يېنىغا سېلىپ كۈلۈپ :
— بۇ قېتىم ئىش ئۆتكەنكىگە ئوخشاشمايدۇ ! قانچىلىك يەلپۈسلەمۇ ، پېقىر مىت قىلىدىغان بولسام ، ئوغۇل بالا بولماي كېتەي ! — دېدى .
كالا يالماۋۇز يەنە ئىككى رەت يەلپۈگەنىدى ، دەرۋەقە ئۇ مىدىرلاپمۇ قويمىدى . بۇنى كۆرۈپ كالا يالماۋۇز قورقۇپ كەتتى - دە ، يەلپۈگۈچنى يىغىشتۇرۇپ شاققىدە غارغا كىرىۋېلىپ ئىشىكنى مەھكەم تاقىۋالدى .
سۇن ۋۇكۇڭ شۇئان ياقىسىنى سۆكۈپ بوران توختىتىدىغان دورىنى ئاغزىغا سالدى ، بىرلا سىلكىنىپ شاخچى قۇشقاچقا ئايلاندى - دە ، ئىشىكنىڭ قىسىلچىقىدىن كىردى . قارىسا كالا يالماۋۇز : «ئۇسساپ كەتتىم ! بەك ئۇسسىدىم ! تېز چاي كەلتۈرۈڭلار !» دەپ ۋارقىراۋاتاتتى . ئۇنىڭ يېقىن خىزمەتكارى خۇش پۇراق چايدىن بىر قاچىغا كورۇلدىتىپ لىق قۇيغانىدى ، قاچا ئۈستىگە كۆپۈك يىغىلدى . سۇن ۋۇكۇڭ تۇيدۇرماستىن كۆپۈك

ئاستىغا كىرىۋالدى . بەك ئۇسساپ كەتكەن كالا يالماۋۇز چاينى ئېلىپلا گۇپۇلدىتىپ بىر تىننىقتا ئىچىۋەتتى . سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ قورسىقىغا كىرگەندىن كېيىن ئۆز قىياپىتىگە كىرىپ قاتتىق ۋارقىرىدى :

— يەڭگە ، يەلپۇگۇچنى ئەمدىغۇ بېرىپ تۇرارلا !

چىرايىدا قاننىڭ دىدارى قالمىغان كالا يالماۋۇز :

— قىزلار ، ئالدى ئىشىكنى چىڭ تاقىغانمىدىڭلار ؟ — دېدى .

— تاقىغان ، — دېدى ئۇلار .

— تاقىغان بولساڭلار ، سۇن ۋۇكۇڭ ئەجەب ئۆي ئىچىدە تۇۋلاۋاتىدىغۇ ؟ — دېدى ئۇ يەنە .

— ئۇ سىلىنىڭ ئىچلىرىدە ۋارقىراۋاتىدۇ ، — دېدى خىزمەتكار قىز .

— سۇن ۋۇكۇڭ ، سەن قەيەردە رەڭۋازلىق قىلىۋاتىسەن ، — دېدى كالا يالماۋۇز .

— پېقىر ئۆمرىدە رەڭۋازلىق قىلماي ھەقىقىي كارامىتىنى كۆرسىتىپ كەلدى . شۇ تاپتا ئىلتىپاتلىق يەڭگىمىزنىڭ مەرھەمەتلىك قورسىقىدا ئويناۋاتىمەن . تازا چاڭقاپ ، ئېچىرقاپ تۇرۇۋاتقانلىرىنى بىلىۋاتىمەن . سىلىگە بىر قاچا سۇ تۇتاي ! — دەپ تۆۋەنگە قاراپ بىرنى تەپكەنىدى ، كالا يالماۋۇزنىڭ دۇۋسۇنىغا تەگدى . ئۇ ئاغرىققا چىدىماي ئولتۇرۇپ ئاللا - توۋا كۆتۈردى . سۇن ۋۇكۇڭ يەنە :

— يەڭگە ، ياق دېمەي ئالسىلا ، يەنە ئازراق قوتۇرماچ سۇناي ، يەپ قورساقلىرىنى تويغۇزسىلا ، — دېدى ۋە ئۈستى تەرەپكە بىرنى ئۇسكەنىدى ، كالا يالماۋۇزنىڭ جېنى چىقايلا دەپ قالدى ، ئاغرىق دەستىدىن ، چىرايى سارغىيىپ ، لەۋلىرى ئاقىرىپ كەتتى .

— سۇن تاغا ، بىر قوشۇق قېنىمدىن كېچىڭ ! — دېدى ئۇ .

سۇن ۋۇكۇڭ شۇندا تىنچىپ :

— سۇن تاغاڭنى ئەمدى تونۇۋاتامىلا ؟ كالا ئاغامنىڭ يۈزىنى قىلىپ جانلىرىدىن كېچەي . يەلپۇگۇچنى دەرھال ماڭا

بەرسلە ! — دېدى .

— تاغا ، مانا يەلپۈگۈچ ، مانا يەلپۈگۈچ ! سىز چىقىپ ئېلىۋېلىڭ ! — دېدى كالا يالماۋۇز .

— يەلپۈگۈچنى ماڭا كۆرسەت . ئاندىن چىقىمەن .

كالا يالماۋۇز دەرھال خىزمەتكار قىزغا بانان يەلپۈگۈچنى تۇتۇپ يېنىدا تۇرۇشنى بۇيرۇدى . سۇن ۋۇكۇڭ بېشىنى چىقىرىپ ئۇنى كۆرگەندىن كېيىن :

— يەڭگە ، سىلىنى كەچۈرۈم قىلدىم . ئەمما تۆۋىنىڭدىكى تۆشۈكتىن ئەمەس ، ئاغزىلىرىدىن چىقىمەن . ئاغزىلىرىنى يوغان ئاچسىلا ! — دېدى . كالا يالماۋۇز ئاغزىنى يوغان ئاچتى . سۇن ۋۇكۇڭ يەنە شاخچى قۇشقاچقا ئايلاندى ـ دە ، ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئۇچۇپ چىقىپ يەلپۈگۈچكە قوندى . كالا يالماۋۇز ئۇنىڭ چىققىنىنى ئۇقماستىن ئاغزىنى كەينى ـ كەينىدىن ئۈچ قېتىم يوغان ئېچىپ تولىدى :

— تاغا چىقىۋېلىڭ !

سۇن ۋۇكۇڭ ئەسلىي قىياپىتىگە كىرىپ يەلپۈگۈچنى ئالدى ۋە :

— مەن مانا مۇشۇ يەردە تۇرىمادىمەن ؟ رەھمەت سىلىگە ! كۆپ رەھمەت ! — دېدى ـ دە ، ئىشىككە قاراپ يۈرۈپ كەتتى . خىزمەتكارلار دەرھال ئىشىكنى ئېچىپ ئۇنى چىقىرىۋەتتى . سۇن ۋۇكۇڭ بۇلۇتقا چىقىپ شەرققە يول ئالدى . ئۇزاق ئۆتمەي بۇلۇتتىن چۈشۈپ قىزىل خىش تاملىق ئۆينىڭ ئالدىغا كەلدى . جۇ باجيې ئۇنى كۆرۈپ خۇش خەۋەر يەتكۈزدى :

— ئۇستاز ، ئاغام قايتىپ كەلدى !

تاڭ سەنزاڭ ، بوۋاي ، شاۋۇجىڭ شەيخ ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ئۇنى كۈتۈۋالدى . ئۇلار بىرلىكتە ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن بانان يەلپۈگۈچنى بىر چەتكە يۆلەپ قويۇپ :

— بوۋا ، مۇشۇ يەلپۈگۈچمۇ ؟ — دېدى .

— شۇنداق ! دەل شۇ ! — دېدى بوۋاي .

— شاگىرتىم ، چوڭ خىزمەت كۆرسەتتىڭ جۇمۇ ! بۇنى ئالىمەن دەپ جىق رىيازەت چەكتىڭ ! — دېدى تاڭ سەنزاڭ خۇشاللىق بىلەن .

— چەككەن رىيازەتنىڭمۇ ئېغىزغا ئالغۇچىلىكى يوق . تۆمۈر يەلپۈگۈچلۈك ئەۋلىيانىڭ كىملىكىنى بىلەمدىلا ؟ ئۇ كالا دېۋىنىڭ خوتۇنى ، قىزىل باشلىق تۇگۈنەكنىڭ ئانىسى ئىكەن . ئۇنىڭ ئەسلىي ئىسمى كالا يالماۋۇز ئىكەن . ئۇنى يەنە تۆمۈر يەلپۈگۈچلۈك مەلىكە دەپ ئاتايدىكەن . مەن ئۇ تۇرغان غارنى ئىزدەپ تېپىپ يەلپۈگۈچنى سورىسام ، ئۇ ، سەندىن ئۆچ ئالىمەن . دەپ مېنى قىلىچ بىلەن نەچچىنى چېپىۋەتتى . كالتىكىم بىلەن ئۇنى قورقۇتۇپ قويۇۋىدىم ، ئۇ مېنى بىر يەلپۈپ ئۇچۇرغانچە شياۋشۇمى تېغىغا ئاپىرىۋەتتى . بەختىمگە بۇدساتۋا لىڭ جى ماڭا بوران توختىتىدىغان دورا بەردى . ئۇنى ئېلىپ پىرۇزە بۇلۇت تېغىغا يەنە باردىم . كالا يالماۋۇز مېنى يەنە يەلپۈپ قىمىرلىتالمىدى . بۇنى كۆرۈپ ئۇ غارىغا كىرىۋالدى . مەن شاخچى قۇشقاچقا ئايلىنىپ غارغا كىرسەم ، ئۇ ئۇسساپ چاي سوراۋاتقانىكەن . مەن چاينىڭ كۆپۈكى تېگىگە كىرىۋېلىپ ئۇنىڭ قورسىقىغا كىردىم - دە ، ئىچىدە پۇت - قولۇمنى ئىشقا سېلىۋىدىم ، ئۇ ئاغرىققا چىدىماي بۇ يەلپۈگۈچنى بېرىۋەتتى . يالغۇنتاغدىن ئۆتۈۋالغىنىمىزدىن كېيىن ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بېرىمەن .

تاڭ سەنزاڭ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ سۇن ۋۇكۇڭغا جىق تەشەككۈر ئېيتتى . ئۇلار بوۋاي بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقتى .

غەربكە قاراپ تەخمىنەن قىرىق چاقىرىم ماڭغاندا ئىسسىق بەكمۇ يامان بولۇپ كەتتى . شا ۋۇجىڭ :

— پۇتۇم كاۋاپ بولۇپ قالدى ! — دەپ قاقشىدى .

— بارماقلىرىم كۆيۈپ كېتىۋاتىدۇ ! — دەپ ۋايسىدى جۇ باجيې . ئاتمۇ ئادەتتىن تاشقىرى ئىتتىك مېڭىشقا باشلىدى . ئىسسىقنىڭ دەردىدە ياكى ماڭغىلى ، ياكى تۇرغىلى بولماي كەتتى . سۇن ۋۇكۇڭ :

— ئۇستاز ، ئاتتىن چۈشسىلە ، بۇرادەرلەر ، سىلەرمۇ توختاڭلار ، مەن ئوتنى ئۆچۈرۈپ يامغۇر ياغدۇرغاندىن كېيىن يەر سوۋۇيدۇ . شۇ چاغدا تاغدىن ئۆتەيلى ، — دېدى ۋە يەلپۈگۈچنى ئېلىپ ئوتنىڭ قېشىغا بېرىپ تازا يەلپۈگەنىدى ، ئوت گۇركىرەپ راسا كۆيۈشكە باشلىدى ، يەنە يەلپۈگەنىدى ، ئوت ھەسسىلەپ ئۇلغايدى . يەنە يەلپۈگەنىدى ، ئوت ئاسمان ـ پەلەككە كۆتۈرۈلۈپ ، ئۇنىڭغىمۇ تۇتاشتى . سۈن ۋۇكۇڭ دەرھال قاچتى . لېكىن ، سۈن ۋۇكۇڭنىڭ ساغرىسىنىڭ تۈكى پۈتۈنلەي كۆيۈپ كەتتى . ئاخىر ئۇ ئۇدۇل تاڭ سېڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ :

— كەينىلىرىگە يانسىلا ! دەرھال كەينىلىرىگە يانسىلا ! ئوت كېلىۋاتىدۇ ، ئوت كېلىۋاتىدۇ ! — دەپ توۋلىدى .

تاڭ سېڭ شۇئان ئاتقا مىندى ـ دە ، جۇ باجيې ، شاسېڭلار بىلەن شەرققە يىگىرمە چاقىرىمدەك مېڭىپ بىرپەس ئارام ئالدى .

— سۈن ۋۇكۇڭ ، بۇ قانداق ئىش ! — دېدى ئۇلار .

سۈن ۋۇكۇڭ يەلپۈگۈچنى تاشلىۋېتىپ :

— توختىماڭلار ! توختىماڭلار ! ئۇ بىرنېمە بىزنى ئالداپتۇ ، — دېدى .

بۇنى ئاڭلاپ تاڭ سەنزاڭنى غەم بېسىپ ، ئىچى تىت ـ تىت بولدى ، كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلدى .

— ئەمدى قانداق قىلىمىز ؟ — دېدى ئۇ .

— ئاغا ، ئالدىراپ ـ تېنەپ كېلىپ كەينىڭلارغا قايتىڭلار دېگىنىڭىز نېمە گەپ ؟ — دېدى جۇ باجيې .

— مەن يەلپۈگۈچنى تۇتۇپ بىر قېتىم يەلپۈسەم ئوت گۇرۇلدەپ كۆيدى ؛ ئىككىنچى قېتىم يەلپۈسەم ، تېخىمۇ ئۇلغايدى ؛ ئۈچىنچى قېتىم يەلپۈسەم ، ئوت ئاسمان ـ پەلەككە كۆتۈرۈلۈپ كەتتى . چاققانلىق قىلىپ تېز قاچمىغان بولسام پۈتۈنلەي ئۆكلىنىپ كېتەتتىم ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

— ئوت ئۇلغىيىپ كەتكەن بولسا غەربنىڭ يولى تېخىمۇ ئېتىلىپتۇ . قانداقمۇ قىلارمىز ئەمدى ؟ — دېدى شا ۋۇجىڭ .

— ئوت يوق جاي بىلەن ماڭايلى، — دېدى جۇ باجيې.
— قەيەردە ئوت يوق؟ — سورىدى تاڭ سەنزاڭ.
— شەرق، جەنۇب، شىمال تەرەپلەردە ئوت يوق، — دېدى جۇ باجيې.
— قايسى تەرەپتە بۇددا نومى بار؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ.
— غەربتە بار، — دېدى جۇ باجيې.
— مەن بۇددا نومى بار جايغىلا بارىمەن، — دېدى تاڭ سەنزاڭ.
— بۇددا نومى بار يەردە ئوت بار ئىكەن. ئوت يوق جايدا بۇددا نومى يوق ئىكەن. تازا بىر ئىش بولدى بۇ! — دېدى شا ۋۇجىڭ.
ئۇستاز ۋە شاگىرتلار شۇ تەرىقىدە سۆزلىشىۋاتقاندا، بىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:
— سۇن ھەزرەت، بېشىڭىزنى قاتۇرماڭ. كېلىڭلار، تاماق يەۋېلىپ ئاندىن سۆزلىشىڭلار!
تۆتەيلەن بۇرۇلۇپ قاراپ، يېپىنچا يېپىنىۋالغان، ئايدىن تاج كىيگەن، ئەجدىھا باشلىق ھاسا تۇتقان، تۆمۈر قونچلىق ئۆتۈك كىيگەن بوۋاينى كۆردى. ئۇنىڭ كەينىدە بۇركۈت تۇمشۇق، بېلىق يۈزلۈك جىن تۇراتتى. جىننىڭ بېشىدا بىر مىس جاۋۇر، جاۋۇردا ھورى چىقىپ تۇرغان قاسقان نېنى بىلەن تېرىق ئېشى بار ئىدى. بوۋاي ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ:
— مەن مۇشۇ يالقۇنتاغنىڭ يەر مۇئەككىلى بولىمەن. ئەۋلىيا ئەزەمنىڭ ئەۋلىيا سامغىنى مۇھاپىزەت قىلىپ غەربكە كېتىۋېتىپ بۇ جايدا توختاپ قالغانلىقىنى ئۇقۇپ ئالايتەن غىزا ئېلىپ كەلدىم، — دېدى.
— تاماق يېيىش كىچىك ئىش. بۇ ئوت قاچانلاردا ئۆچەر، ئۇستازىم قاچان بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتەر، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.
— ئوتنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن چوقۇم كالا يالماۋۇزدىن بانان يەلپۈگۈچنى سورىۋېلىش كېرەك، — دېدى يەر مۇئەككىلى.
— مانا بۇ ئەمەسمۇ؟ بۇنىڭ بىلەن يەلپۈسەم ئوت ناھايىتى

ئۆلگىيىپ كەتتى. بۇ نېمە ئىش؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— بۇ ھەقىقىي بانان يەلپۈگۈچ ئەمەس. ئۇ سىزنى ئالداپ قويۇپتۇ، — دېدى يەر مۇئەككىلى يەلپۈگۈچنى كۆرۈپ بېقىپ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— راست بانان يەلپۈگۈچنى قەيەردىن تاپىمىز؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

يەر مۇئەككىلى يەنە ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ:

— ئەگەر ھەقىقىي بانان يەلپۈگۈچنى ئالماقچى بولسىڭىز، دالى ۋاڭنى تېپىڭ، — دېدى.

دالى ۋاڭ بىلەن قانداق ئىشلارنىڭ بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

## ئاتمىشىنچى باب

### *كالا دىۋىنىڭ جەڭنى توختىتىپ زىيابەتكە ماڭغانلىقى*
### *سۇن ۋۇكۇڭنىڭ بانان يەلپۈگۈچنى ئىككىنچى نۆۋەت ئىشلەتكەنلىكى*

— دالى ۋاڭ دىگىنىمىز كالا دىۋە، — دىدى يەر مۇئەككىلى.

— ئەمىسە ئۇ تاغ كالا دىۋىنىڭ ئوت قويۇۋېتىشى بىلەن پەيدا بولغان يالغان يالقۇنتاغ ئىكەن ـ دە! — دىدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— ياق، ئۇنداق ئەمەس ئەۋلىيا ئەزەم، ئەگەر پىقىرنىڭ گۇناھىدىن ئۆتسىڭىز، ئاندىن راست گەپنى قىلىپ بېرىمەن، — دىدى يەر مۇئەككىلى.

— گەپنىڭ ئوچۇقىنى قىلالمىغۇدەك نىمە گۇناھىڭىز بار ئىدى؟ — دىدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— بۇ ئوتنى سىز ئۆزىڭىز قويغان، — دىدى يەر مۇئەككىلى.

— مەن قەيەردە ئۇنداق قىپتىمەن، نىمانداق بىلجىرلايسىز! مەن ئوت قويغۇچىلارنىڭ ئەۋلادىمۇ؟ — دىدى سۇن ۋۇكۇڭ تىرىكىپ.

— سىز مىنى تونۇيالمىدىڭىز. ئەسلى بۇ يەردە بۇ تاغ يوق ئىدى؛ بۇنىڭدىن بەش يۈز يىل مۇقەددەم سىز ئەرشنى مالىمان قىلغاندا پېشۋايىمىز سىزنى سەككىز رەملىك تىلسىم ئوچىقىغا سالغان، سىزنى تاۋلاپ بولغاندىن كېيىن، داڭقانى ئېلىۋېتىشكە سىز ئوچاقنى ئۆرۈۋەتكەن ئەمەسمىدىڭىز، شۇ چاغدا ئوچاقنىڭ چوغ بولغان نەچچە تال خىشى مۇشۇ يەرگە چۈشۈپ كەتكەن. شۇنىڭدىن بۇيان بۇ يەر يالقۇنتاغقا ئايلاندى. مەن ئەسلى تۇشتا پەلەك

ئوردىسىدا ئوچاقتا قارايدىغان دەرۋىش ئىدىم . پېشۋايىمىز مېنى مەسئۇلىيىتىڭنى ئوبدان ئادا قىلالمىدىڭ ، دەپ بۇ يەرگە چۈشۈرۈپ يالغۇنتاغنىڭ يەر مۇئەككىلى قىلىپ قويدى .

سۇن ۋۇكۇڭ بۇ گەپلەرگە بىر ئىشىنىپ ، بىر ئىشەنمەي :

— ئېيتىڭىا قېنى ، دالى ۋاڭنى قەيەردىن تاپىمەن ؟ — دېدى .

— دالى ۋاڭ يەنىلا كالا يالماۋۇزنىڭ ئېرى . ئۇ ھازىر كالا يالماۋۇزنى تاشلىۋېتىپ جىلى تېغىدىكى مويۇن غارىدا تۇرۇۋاتىدۇ . ئون مىڭ يىل دەۋر سۈرگەن بىر تۈلكە پادشاھ بار ئىدى . ئۇ ئۆلۈپ كېتىپ يۈمىيەن مەلىكە (سۈزۈك مەلىكە ) ئىسىملىك بىر قىزى قالغان . بۇ مەلىكىنىڭ ھېسابسىز مال ـ دۇنياسى بار بولۇپ ، بۇنىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان ئادەم يوق ئىدى؛ ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا بۇ مەلىكە دېۋىنىڭ ئاجايىپ كارامىتى بارلىقىنى ئاڭلاپ ، پۈتكۈل مۈلكىنى تويلۇق ھېسابىدا بېرىپ ئۇنىڭغا تېگىشكە رازى بولدى . ھازىر كالا دېۋە خوتۇنى كالا يالماۋۇزنى تاشلىۋەتتى ۋە ئۇنىڭ قېشىغا بارمىدى . ئەگەر ئۇنى تاپماقچى بولسىڭىز ، شۇ يەرگە بېرىپ ئۇنىڭدىن ھەقىقي يەلپۈگۈچنى سورىسىڭىز بولىدۇ ، — دېدى يەر مۇئەككىلى .

— جىلى تېغى قەيەردە ، بۇ يەرگە قانچىلىك كېلىدۇ ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— جەنۇبتا ، بۇ يەرگە ئۈچ مىڭ چاقىرىمدەك كېلىدۇ ، — دېدى يەر مۇئەككىلى . بۇنى ئاڭلاپ سۇن ۋۇكۇڭ شا ۋۇجىڭ ، جۇ باجيېلارغا ئۇستازنى ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىشنى تاپىلىدى . يەر مۇئەككىلىدىن قايتىپ كەتمەي بۇلارغا ھەمراھ بولۇپ تۇرۇشنى ئىلتىماس قىلدى ـ دە ، «ۋىش» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ كۆزدىن غايىب بولدى .

خېلى ماڭغاندىن كېيىن ئۇ بىر تاغ چوققىسىغا كەلدى . بۇلۇتتىن تاغ چوققىسىغا چۈشۈپ ئەتراپىنى دىققەت بىلەن كۆزەتكەندىن كېيىن چوققىدىن چۈشتى ـ دە ، يول ئىزدەپ تاغقا قاراپ ماڭدى . خەۋەر ئۇقتۇرىدىغان ئادەم تاپالماي كېتىۋاتقاندا ،

تـوساتتــن قــارىغاينىڭ سايىسىدە قولىدىكى بىر تال شاخنى سوندۇرغىنىچە ناز بىلەن ئويناقلاپ كېلىۋاتقان بىر ئايالغا كۆزى چۈشتى. سون ۋۇكۇڭ بىر تاشنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ زەن سېلىپ قارىدى، ئۇ زىبا بويلۇق، گۈل يۈزلۈك، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان، پەرى سۈپەت ئايال ئىدى. ئايال تاش يېنىغا كېلىشىگە سون ۋۇكۇڭ چىقىپ ئەدەپ بىلەن تەزىم قىلىپ ئاستاغىنە:

— خېنىم، قەيەرگە ماڭدىلىكىن؟ — دېدى.

ئـــايال ئەتراپتا ئادەم كۆرمىگىنى ئۈچۈن توساتتىن چىققان ئاۋازنى ئاڭلاپ دىڭگىدە چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى؛ ئالدىدا تۇرغان سون ۋۇكۇڭنىڭ سەت بەشىرىسىنى كۆرۈپ قورقىنىدىن جېنى تۇمشۇقىغا كەلدى ۋە ئالدىغا ماڭالماي، يا كەينىگە يانالماي لاغىلداپ تىترىگەن ھالدا ئارانلا:

— قــەيەردىن كەلدىڭىز؟ بۇ يەردە كىمنى ئىزدەيسىز؟ — دېيەلىدى. سون ۋۇكۇڭ ئويغا چۆمدى: «بۇ بىرنېمە كالا دېۋىنىڭ خــوتۇنى بولۇپ قالمىسۇن يەنە. ئۇنداقتا غەربكە بېرىش ئۈچۈن يەلپۈگۈچ سوراپ كەلگىنىمنى ئېيتىپ قويسام بولمايدۇ. ياخشىسى چىرايلىق گەپلەر بىلەن كالا دېۋىنىڭ ئــىز - دېرىــكىنى قىلىپ باقاي…» ئايال سون ۋۇكۇڭنىڭ زۇۋان سۈرمىگىنىنى كۆرۈپ غەزەپ بىلەن:

— سەن كىم؟ مەندىن گەپ سورايدىغانغا نېمە ھەددىڭ؟ — دېدى.

— مەن پىرۇزە بۇلۇت تېغىدىن كەلدىم. بۇ يەرگە تۇنجى قېتىم كېلىشىم، ئېيتىسىلىچۇ، جىلى تېغى مۇشۇمۇ؟ — دېدى سون ۋۇكۇڭ تەزىم قىلىپ.

— شۇنداق، — دېدى ئايال.

— مويۈن غارى قەيەردىدۇ؟

— مويۈن غارىنى ئىزدەپ نېمە قىلاتتىڭ؟

— مــېنــى پىرۇزە بۇلۇت تېغىنىڭ بانان غارىدىكى تۆمۈر يــەلــپۈگۈچلۈك مەلىكە كالا ئاكىمىزنى چاقىرىپ كەلگىن، دەپ

ئەۋەتتۇدى.

تۆمۈر يەلپۈگۈچلۈك مەلىكىنىڭ كالا دېۋىنى چاقىرتقىنىنى ئاڭلاپ ئايالنىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۇچتى. ئۇ قولاقلىرىغىچە قىزىرىپ تىللاپ كەتتى:

— ئۇ رەسۋا ئەجەبمۇ پەس ئىكەنا! بىگىم ئۆيۈمگە كەلگىلى تېخى ئىككى يىل بولمىدى. ئۇنىڭغا شۇنچە جىق مەرۋايىت، ئالتۇن - كۈمۈش، تاۋار - دۇردۇن ئەۋەتتى. ئوتۇن - كۆمۈر، ئاش - تۇزنى ئۆكسۈتمەي يەتكۈزۈپ بەردى. شۇلارنىڭ راھىتىنى كۆرۈپ ياتماقتا يوق، يەنە ئىزا تارتماستىن بىگىمنى چاقىرتقىنى نېمىسى!

سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ يۇمېەن مەلىكە ئىكەنلىكىنى بىلدى-دە، ئەتەي ئالتۇن توقىسىنى قولىغا ئېلىپ:

— ھوي رەسۋا، دالى ۋاڭنى مال - مۈلۈككە سېتىۋالدىڭ، پۇل - مېلىڭنى ئۇستەك بېرىپ ئەر قىلدىڭ! شۇنداق تۇرۇپ تېخى ئىزا تارتماستىن كىمنى تىللاۋاتىسەن! — دېدى.

ئايالنىڭ جان - پېنى چىقىپلا كەتتى. ئوينى قويۇپ، دۆڭگە دەسسەپ، لاغىلداپ تىترەپ بەدەر قاچتى. سۇن ۋۇكۇڭ ۋارقىراپ ئۇنى قوغلىدى. قارىغاي سايىسىنىڭ ئۇ تەرىپى مويۇن غارىنىڭ ئاغزى ئىدى. ئايال يۈگۈرگىنىچە كىرىۋېلىپ جالاقلىتىپ ئىشىكنى يېپىۋالدى. سۇن ۋۇكۇڭ توختاپ ئالتۇن توقىسىنى يېنىغا سېلىپ، تاغ مەنزىرىسىنى تاماشا قىلدى.

سۇن ۋۇكۇڭ مەنزىرە كۆرۈپ تۇرسۇن. گەپنى بۇ ياقتىن ئاڭلاڭ. كالا دېۋە جىممىدە ئولتۇرۇپ دەستۇر ئوقۇۋاتاتتى. ئايال قارا تەرگە چۆككەن ھالدا كۈتۈپخانىغا كىرگىنىچە ئېرىگە ئۆزىنى ئېتىپ ئۇنىڭ يۈز - كۆزىنى تاتىلاپ يىغلاپ كەتتى. يالماۋۇز كالا كۈلۈپ:

— گۈزىلىم، ئۆزىڭىزنى ئۇپراتماڭ، نېمە گەپ ئۆزى؟ — دېدى.

ئايال چىچاڭشىپ تىللاپ كەتتى:

— ھۇ نائىنساب ، مېنى ئۆلتۇرمەكچىمۇسەن !

— نېمدەپ تىللايسىز مېنى ؟ — دېدى كالا دۋە كۇلۇپ .

— يۆلەنچۇكۇم ئاتا ـ ئانامدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ، ئەل ـ جامائەت سېنى ناھايىتى باتۇر ، ئەزىمەت دېگەچكە ، مېنى ھىمايىسىگە ئالارمىكىن دەپ ساڭا تەگدىم . ئەمما ، سەن تېشى پال ـ پال ، ئىچى غال ـ غال ساختا نوچىكەنسەن ! — دېدى ئايال .

— گۈزىلىم ، مەندىن نېمە سەۋەنلىك ئۆتتى ؟ چىرايلىقچە ئېيتىڭ ، مەن سىزگە ناماقۇل بولاي .

— بايا سىرتتا سەيلە قىلغاچ شاخلارنى ئۇشتۇپ يۈرەتتىم ، تۇيۇقسىز يۈز ـ كۆزى يۇڭلۇق ، تۇمشۇقى چاقماق ھەزرەتنىڭكىگە ئوخشايدىغان بىر شەيخ سەكرەپ ئالدىمغا كېلىپ سالام بېرىۋىدى ، ئىنتايىن قورقۇپ كەتتىم . ئۆزۈمنى سەل توختىتىۋېلىپ نېمە ئادەمسەن ، دەپ سورىسام ، ئۇ مېنى تۆمۈر يەلپۈگۈچلۈك مەلىكە كالا ئاكامنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتتى ، دەيدۇ . ئىككى ئېغىز گەپ قىلسام ، ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپ كەتتى ، كالتەك كۆتۈرۈپ ئۇرماقچى بولۇپ قوغلىدى تېخى . چاققان يۈگۈرمىگەن بولسام ، ئۇ مېنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتەتتى ! بۇ سەن تېرىغان بالا بولماي نېمە ؟ مېنى ئۆلتۈرەي دەمسەن ؟ — دېدى ئايال ، بۇنى ئاڭلاپ كالا دۋە ئۇنىڭ ياشلىرىنى سۈرتۈپ ناماقۇل بولدى . خېلى ئۇزاق سىلاپ ـ سىيپاپ ، ئەركىلىتىپ ئاران تىنچىتتى . ئاندىن زەردىسى قايناپ :

— گۈزىلىم ، سەندىن ھېچنېمە يوشۇرمايمەن . ئۇ خوتۇنۇم كىچىكىدىن تارتىپ ئوبدان تەلىم ئالغان ، ناھايىتى ئەخلاقلىق ، ديانەتلىك پەرى ، غۇرۇرى كۈچلۈك . ئۇ ھەرگىز تۇمشۇقى چاقماق ھەزرەتنىڭكىگە ئوخشايدىغان نېمىنى ماڭا ئەۋەتمەيدۇ . بۇ چوقۇم بىرەر جىن ياكى ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ مەن بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەن بىرەرى بولۇشى مۇمكىن . مەن چىقىپ قاراپ باقاي ! — دېدى .

كالا دۋە چوڭ ـ چوڭ چامداپ كۇتۇپخانىسىدىن چىقتى ؛ يوغان

سارايغا چىقىپ ساۋۇتىنى كىيىپ، تۆمۈر تاياقنى ئېلىپ تاشقىرىغا چىقتى ـ دە:
— بۇ يەردە ھەددىدىن ئېشىۋاتقىنىڭ قايسىڭ؟ — دەپ ۋارقىرىدى.
سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭغا سەپسالدى. ئۇنىڭ تەقى ـ تۇرقى بەش يۈز يىلنىڭ ئالدىدىكىگە پەقەت ئوخشىمايتتى:

*بېشىدا پارقىرايتتى تۆمۈر قالپاق،*
*كىيگىنى ئېسىل، كۆركەم ئالتۇن ساۋۇت.*
*ئۇچ تاسماق بەلبېغى قىلىنغان شىر تېرىسىدىن،*
*بۇغا تېرە چورۇقى تۇرار پۇتىدا مەزمۇت.*
*ئىككى قېشى بەئەينى چوغدەك قىپقىزىل،*
*ئاغزى ئۇنىڭ گويا قانلىق چوڭ كۈپ ئىدى.*
*ئوخشار گويا چىشلىرى مىس داچەنگە،*
*تارتسا نەرە سالار جاھاننى لەرزىگە.*
*يۇرسە ـ تۇرسا قورقار ھەتتا ئۇنىڭدىن،*
*جىن ـ ئالۋاستى ھەم شاياتۇن بارچىسى.*
*ئۇ ئىدى ھەممە يەرگە داڭق كەتكەن،*
*غەربنىڭ دالى لەقەملىك دىۋىسى*

سۇن ۋۇكۇڭ كىيىملىرىنى تۈزەشتۈرۈپ چوڭقۇر تەزىم قىلغاندىن كېيىن:
— ئاغا، ئىنىڭىزنى تونۇدىڭىزمۇ؟ — دېدى.
— سەن پەلەك تەگدىشى ئەۋلىيا ئەزەم سۇن ۋۇكۇڭ بولامسەن؟ — دېدى ئۇ سالامنى ئىلىك ئېلىپ.
— شۇنداق، شۇنداق. ئايرىلغىنىمىزغا ئۇزاق بولدى، يوقلاپ كېلەلمىدىم. باياتىن بىر ئايالدىن سوراپ، سىز بىلەن كۆرۈشۈش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولدۇم. بۇرۇنقىدەكلا ئوبدان، سالاپەتلىك تۇرۇپسىز. كۆپ خۇرسەنمەن! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— خوشامىتىڭنى قوي ! ئاڭلىسام ئەرشنى مالىمان قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن بۇددامىز سېنى بەش ئاناسىر تېغىنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ قويۇپتىكەن . يېقىندا ئازابتىن قۇتۇلۇپ ، تاڭ سېڭنى مۇھاپىزەت قىلىپ غەربكە بېرىپ بۇددا نومىنى ئەكەلمەكچى بوپتىكەنسەن . نېمە ئۈچۈن سادالىق تاغنىڭ قارىغايلىق جىراسىدىكى ئاتەش بۇلۇت غارىغا بېرىپ ئوغلۇم شېڭ يىنگە زىيانكەشلىك قىلدىڭ ؟ سېنىڭدىن قاتتىق خاپا بولۇپ يۈرسەم ، يەنە ئالدىمغا كەپسەنغۇ ؟ — دەپ ۋارقىرىدى كالا دىۋە .

— ئاغا ، ئىنىڭىزنى خاتا ئەيىبلەۋاتىسىز . ئۇ چاغدا ئوغلىڭىز ئۇستازىمنى تۇتۇۋېلىپ ، يېمەكچى بولدى . پېقىر ئۇنىڭغا يېقىن كېلەلمىدىم . بەختىمىزگە ئاۋالوكتىسۋارا بۇدساتۋا ئۇستازىمنى قۇتۇلدۇرۇۋالدى . ئوغلىڭىزنى نەسىھەت بىلەن يامان يولدىن ياندۇردى . هازىر ئۇ ئاق كۆڭۈل مالائىكە بولدى . سىزدىنمۇ هەيۋەت ، قاۋۇل بولۇپ كەتتى ، راھەت ـ پاراغەتتە ياشاۋاتىدۇ . ئۇ مەڭگۈ هۇزۇر ـ هالاۋەت كۆرسە نېمىشقا بولمايدىكەن ، نېمىدەپ مېنى ئەيىبلەيسىز ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— ۋاي مەمەدان مايمۇن ! ئوغلۇمنى بالاغا تىققان گۇناھىڭدىن هازىرچە ئۆتۈپ تۇراي ؛ بايا نېمە ئۈچۈن ئامراق توقلىمنى سورۇپ ـ توقاي قىلدىڭ ؟ — دېدى كالا دىۋە .

— سىزنى كۆرۈشكە تەقەززا بولۇپ كېلىۋىدىم . بايا بىر ئايالنى ئۇچرىتىپ سىزنى سورىدىم ، ئەمما ئۇنىڭ ئىككىنچى يەڭگەم ئىكەنلىكىنى پەقەت بىلمەپتىمەن . ئۇ مېنى تىللىغانىدى ، قىزىققانلىق قىلىپ يەڭگەمنى چۇچۇتۇۋەتتىم . ئاكا ، ئەپۇ قىلغايسىز ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ .

— گېپىڭ راست بولسا ، بۇرۇنقى تۇغقانچىلىقىمىز يۈزىدىن سېنى ئەپۇ قىلدىم ، — دېدى كالا دىۋە .

— مېهىر ـ شەپقەت ، شاپائىتىڭىزگە يۈزمىڭ تەشەككۈر ؛ كىچىككىنە بىر هاجىتىم بار ئىدى . شۇنى بىر راۋا قىلىۋەتكەن بولسىڭىز ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— نېمانداق ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان مايمۇنسەن ! گۇناھىڭدىن ئۆتكەنگە خۇش بولۇپ يولۇڭغا ماڭماي ، نېمدەپ ماڭا چاپلىشىۋالىسەن؟ نېمە ھاجىتىڭ چۈشتى ماڭا !

— ئاكامدىن نېمىشقىمۇ يوشۇراي ، پېقىر تاك سېڭنى مۇھاپىزەت قىلىپ غەربكە كېتىۋاتاتتىم ، يالقۇنتاغ يولىمىزنى توسۇپ قويدى . كىشىلەردىن سورىساق يەڭگىمىز كالا پەرىزاتتا بانان يەلپۈگۈچ بارلىقى ، ئۇنى ئارىيەتكە ئېلىپ ئىشلىتىپ تۇرساق بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى . تۇنۇگۇن يەڭگىمىزنى يوقلاپ بېرىۋىدىم ، بەرگىلى ئۇنىمىدى . شۇڭا ، ئالايىتەن ئۆزىڭىزنى ئىزدەپ كەلدىم . ئەلمىساقتىن بۇيانقى قېرىنداشلىقىمىزنىڭ يۈزىنى قىلىپ مەن بىلەن بىللە بېرىپ شۇ يەلپۈگۈچنى ئېلىپ بەرسىڭىز ، يالقۇنتاغنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرۈپ ئۇستازىمنى ئۆتكۈزۈۋېلىپلا قايتۇرۇپ بېرەتتىم ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

بۇنى ئاڭلاپ كالا دىۋىنىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۇچتى . ئۇ پولات چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ تىللاپ كەتتى:

— بايا تېخى ئەسكىلىك قىلمىدىم دەيسەنا ، مەقسىتىڭ يەلپۈگۈچ ئېلىش ئىكەنغۇ ! سەن باشتا ئايالىمنى بوزەك قىلماقچى بوپسەن . ئۇ بوش كەلمىگەندىن كېيىن مېنىڭ قېشىمغا كەپسەن ـ دە ! تېخى توقلىمنى سۈرۈپ ـ توقاي قىپسەن . كونىلاردا «دوستىنىڭ خوتۇنىنى بوزەك قىلغىلى بولماس ، توقلىنى ئۆلتۈرگىلى بولماس» دېگەن گەپ بار . سەن خوتۇنۇمنى بوزەك قىلىپ ، توقلىمنى يوقاتماقچى بولدۇڭ ، بۇ ئەسكىلىكلىرىڭ ئازمۇ؟ قېنى كەل ، تايىقىمنى كۆرۈپ قوي !

— ئاكا ، ئۇرۇشىدىغان گەپنى قىلماڭ ، مەن قورقمايمەن . ئەمما ماڭا راستىنىلا شۇ نەرسە لازىم . ماڭا بىر بېرىپ تۇرغان بولسىڭىز ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

— ئەگەر سەن مەن بىلەن ئۈچ مەرتىۋە ئېلىشىپ يېڭىۋالساڭ ، بىللە بېرىپ ئايالىمدىن ئېلىپ بېرىمەن ؛ ناۋادا يېڭەلمىسەڭ ، ئۆلتۈرۈپ قىساسىمنى ئالىمەن !— دېدى كالا دىۋە .

— بۇ گېپىڭىزمۇ ئورۇنلۇق . پېقىر سىزدىن ئايرىلغانغا ئۇزاق بولدى . ئەلـەمدە قانچىلىك يېڭى ماھارەت ئىگىلىدىڭىزكىن ، ئىككىمىز بىر ماھارەت كۆرسىتەيلى ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

كالا دىۋە گەپ - سۆز قىلماستىن تۆمۈر تايىقى بىلەن سىلىشقا باشلىدى . سۇن ۋۇكۇڭ ئالتۇن توقىسىنى ئىشقا سالدى . ئىككىيلەن يۈز مەرتىۋە ئېلىشىپ بىر - بىرىنى يېڭەلمىدى . جىددىي تىركىشىپ تۇرغاندا تاغ چوققىسىدا بىرى چاقىردى :

— غوجام ، سىلىگە بېگىم كۆپتىن كۆپ سالام ئېيتتى . ئۆزلىرىنى بالدۇرراق كەلسۇن ، دەيدۇ .

بۇنى ئاڭلاپ كالا دىۋە تۆمۈر تايىقى بىلەن ئالتۇن توقىنى تىرەپ تۇرۇپ :

— ھوي مايمۇن ، سەن تۇرۇپ تۇر ، مەن بىر ئاغىنەمنىڭ ئۆيىگە زىياپەتكە بېرىپ كېلەي ! — دېدى ۋە شۇئان بۇلۇتتىن چۈشۈپ غارغا كىردى ، يۈي مىيەن مەلىكىگە :

— گۈزىلىم ، تۇمشۇقى چاقماق ھەزرەتلىرىڭگە ئوخشايدىغان ئەر سۇن ۋۇكۇڭ مايمۇن ئىكەن . ئۇنىڭ جاجىسىنى تازا بەردىم ، ئىككىنچى بۇ ياققا كەلمەيدۇ . خاتىرجەم ئولتۇرۇڭ . مەن بىر ئاغىنەمنىڭكىگە زىياپەتكە بارىمەن ، — دېدى - دە ، دۇبۇلغا - ساۋۇتلىرىنى يېشىۋېتىپ ماھۇت چاپىنىنى كىيىپ ئىشىكتىن چىقتى . ئۇ «سۇ يارغۇچ سېرىق كۆز مەخلۇق»نىغا مىندى ، نۆكەرلىرىگە ئۆيگە ئوبدان قاراشنى تاپىلاپ بۇلۇت ۋە تۇمان ئىچىدە غەربىي شىمال تامان يۈرۈپ كەتتى .

سۇن ۋۇكۇڭ ئېگىز چوققىدا تۇرۇپ «بۇ قېرى دىۋە يەنە كىم بىلەن ئاغىنە بولغاندۇ ، قەيەرگە زىياپەتكە بارىدىغاندۇ ، ئۇنىڭ كەينىدىن بېرىپ باقايچۇ» دەپ ئويلىدى . سۇن ۋۇكۇڭ بوش ئەمەس جۇمۇ . ئۇ بىر سىلكىنىپ مەيىن شامالغا ئايلاندى - دە ، ئۇنىڭ پېيىگە چۈشتى . ئۇزۇنغا قالماي بىر تاغقا كەلدى ۋە كالا دىۋىنى يىتتۈرۈپ قويدى . سۇن ۋۇكۇڭ ئۆز ئەسلىگە كېلىپ تاغ ئىچىنى ئىزدىدى ، تاغدا سۈيى سۈپسۈزۈك بىر كۆل بار بولۇپ ، كۆل

بويىدىكى ئابىدىگە «لۇەنشى تېغىدىكى زۇمرەت كۆل» دەپ يېزىلغانىدى. سۇن ۋۇكۇڭ «بۇ قېرى كالا مۇشۇ كۆلگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. سۇ تېگىدىكى جىنلار ياكى ئەر - خوتۇن ئەجدىھالار ياكى بولمىسا تاشپاقىلار بولۇشى مۇمكىن، مەن چۈشۈپ كۆرۈپ باقاي» دەپ ئويلىدى.

سۇن ۋۇكۇڭ ئەپسۇن - ئايەت ئوقۇپ بىر سىلكىنىپلا تاشپاقىغا ئايلاندى. پولتوڭىدە كۆلگە چۈشۈپ ئاستىغا چۆكتى. بىردىنلا ئۇنىڭ كۆزى ناھايىتى نەپىس، ھەشەمەتلىك ئىمارەتكە چۈشتى. ئىمارەت ئاستىدا سۇ يارغۇچ سېرىق كۆز مەخلۇق باغلاقلىق تۇراتتى. سۇن ۋۇكۇڭ ئىمارەتنىڭ ئىچىگە كىرىۋىدى، ئۇ يەردە سۇ يوق ئىكەن. سۇن ۋۇكۇڭ ئۆمىلەپ ئەتراپنى دىققەت بىلەن كۆزەتتى. ياندىكى ئۆيدىن نەغمە - ناۋا ئاڭلىنىۋاتاتتى. بېرىپ قارىغۇدەك بولسا مېھمان ۋە ساھىبخانا راسا ئەيش - ئىشرەت قىلىۋاتقۇدەك. تۆردە كالا دىۋە، ئۇنىڭ ئەتراپىدا تۆت ئەجدىھا قىز ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا ئەجدىھا پادىشاھ، ئىككى تەرىپىدە ئوغلى، نەۋرىسى، خوتۇنى، قىزى ئولتۇراتتى. ئۇلار پاراڭ بىلەن شاراب ئىچىشىۋاتقاندا سۇن ۋۇكۇڭ ئۆمىلەپ ئۇلارنىڭ قېشىغا مېڭىۋىدى، ئەجدىھا پادىشاھ كۆرۈپ قېلىپ:

— ماۋۇ تاشپاقىنى تۇتۇڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىلدى.

ئەجدىھانىڭ ئوغلى بىلەن نەۋرىسى ئېتىلىپ بېرىپ سۇن ۋۇكۇڭنى تۇتۇۋالدى. سۇن ۋۇكۇڭ دەرھال تىلغا كىردى - دە:

— بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەي! بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەي! — دېدى.

— سەن قەيەردىن كەلگەن ئەدەپسىز تاشپاقىسەن؟ زالغا كىرىشكە قانداق پېتىندىڭ؟ نېمىدەپ مېھماننىڭ ئالدىدا چېپىپ يۈرىسەن؟ چاپسان راستتىنى ئېيت، بولمىسا ئۆلتۈرۈۋېتىمەن! — دېدى ئەجدىھا شاھ.

سۇن ۋۇكۇڭمۇ بوش كەلمىدى. ئۇ يالغان گەپلەرنى بولۇشىغا توقۇپ، ھەممىگە بىرقۇر قاراپ چىقىپ مۇنداق دېدى:

*مەن ئۆستۇم تۇغۇلۇپ كۆلنىڭ ئىچىدە ،*
*ساسلىقتا ، پاتقاقتا ئۆتەر كۈنلىرىم .*
*ۋاقىتلىق ماكانىم قىيادىكى غار ،*
*قائىدە ـ يوسۇندىن يوق ھېچ خەۋىرىم .*
*ياپرىتىش ئۈيىدا غەمكىن دىللارنى ،*
*سىلىنى رەنجىتىپ قويدۇم بىۋاقىت .*
*ئەي ئالىي ھەزرىتىم قىلسىلا رەھىم ،*
*قىلسىلا بويىنۇمدىن گۇناھنى ساقىت .*

جىنلار بۇنى ئاڭلاپ ئەجدىھا شاھقا تەزىم قىلىپ :

— بۇ تاشپاقا بۇ يەرگە بىرىنچى قېتىم كىرىپتۇ . قائىدە ـ يوسۇننى ئۇقمايدىكەن . ھەزرىتىم ، ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئۆتكەن بولسىلا ، — دەپ ئۇنى تىلىدى . ئەجدىھا شاھ ماقۇل بولدى .

— ئۇ نېمىنى قويۇۋېتىڭلار ، تاشقىرىدا خىزمەت قىلسۇن ، — دېدى جىنلار ، سۇن ۋۇكۇڭ قېچىپ تاشقىرىغا چىقتى ۋە «كالا دىۋە بۇ يەردە ھاراقتا دەم چۇشۇپتۇ . ئۇلار قاچانمۇ تارقىشار ؟ … تارقىلىپ چىققان تەقدىردىمۇ يەلپۈگۈچنى ئېلىپ بېرىشكە چوقۇم ئۇنىمايدۇ . ئۇنىڭدىن كۆرە ، ئۇنىڭ سېرىق كۆزلۈك مەخلۇقىنى ئوغرىلاي ، كالا دىۋە قىياپىتىگە كىرىپ بېرىپ كالا يالماۋۇزنى ئالداپ يەلپۈگۈچنى ئېلىۋالاي ـ دە ، ئۇستازىمنى تاغدىن ئۆتكۈزەي» دەپ ئويلىدى .

سۇن ۋۇكۇڭ شۇئان ئۆز قىياپىتىگە كىرىپ سېرىق كۆزلۈك مەخلۇقنى يېشىپ مىندى ـ دە ، سۇدىن چىقتى . ئاندىن ياۋا كالا سىياقىغا كىرىپ مەخلۇقنى قامچىلىغان پېتى بۇلۇتقا چىقتى . ئۇزاقتا قالماي پىرۇزە بۇلۇت تېغىدىكى بانان غارىغا كېلىپ : «ئىشىكنى ئېچىڭلار !» دەپ ۋارقىرىدى . بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان ئىككى دېدەك ئىشىكنى ئېچىپ قارىدى . كالا دىۋە سىياقىدىكى سۇن ۋۇكۇڭنى كۆرۈپلا ئىچكىرىگە خەۋەر قىلدى :

— خان ئانا ، بېگىم كەپتۇ .

كالا يالماۋۇز بۇنى ئاڭلاپ دەرھال ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ، يېنىك قەدەم ئالغىنىچە ئىشىك ئالدىغا چىقتى. سۇن ۋۇكۇڭ سېرىق كۆزلۈك مەخلۇقتىن چۈشۈپ ئۇنى يېتىلىدى ۋە يۈرەكلىك ھالدا ئۇ ئايالنى ئالداشقا ھازىرلاندى. كالا يالماۋۇز ئۇنى تونۇيالماي ئىچكىرىگە باشلىدى. دېدەكلەر دەرھال چاي كەلتۈرۈپ پايپېتەك بولۇشتى.

شۇ ئارىلىقتا ئۇلار بىر - بىرىدىن ھال - ئەھۋال سوراشتى:

— ئوبدان تۇرغانسىز مەلىكەم، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— دۆلىتىڭىز سايىسىدە يامان ئەمەس. بېگىم يېڭىدىن توي قىلىپ قۆلىڭىزنى تاشلاپ كەتكەنىدىڭىز. قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى سىزنى بۇ يەرگە؟ — دېدى كالا يالماۋۇز.

— تاشلىۋېتىدىغانغا ھەددىممۇ؟ يۇمىيەن مەلىكە بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن ئۆي ئىشلىرى، كەلدى - كەتتىلەر بىلەن قولۇم بوشىماي قالدى، لېكىن بۇ ياقىنىمۇ ئېسىمدىن چىقارمىدىم، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ ۋە ئارقىدىنلا قوشۇمچە قىلدى، — يېقىندا ئاڭلىسام سۇن ۋۇكۇڭ دېگەن نېمە تاڭ سېڭنى مۇھاپىزەت قىلىپ يالقۇنتاغ ئەتراپىغا كەپتۇ ئىمىش. ئۇ سىزدىن يەلپۈگۈچ سوراپ كېلىشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن ئوغلۇمنى بالاغا تىققانلىقى ئۈچۈن تېخى ئۆچ ئالالمىدىم. ئۇ كېلىپ قالسا دەرھال ماڭا خەۋەر قىلىڭ. ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، قىيما - چىيما قىلىپ ئىككىمىزنىڭ ئەتىنى ئالىمەن.

بۇنى ئاڭلاپ كالا يالماۋۇز قار - يامغۇر تۆكۈلۈپ شىكايەت قىلدى:

— بېگىم، كونىلاردا «يىگىت ئۆيلەنمىسە، تاپقىنى تالادا قالىدۇ، قىز ياتلىق بولمىسا، يۈلەكسىز قالىدۇ» دېگەن گەپ بار. ئۇ مايمۇن جېنىمغا زامىن بولغىلى تاس قالدى.

سۇن ۋۇكۇڭ بۇنى ئاڭلاپ ئەتەي غەزەپلەندى:

— بۇ مەرەز مايمۇن يالقۇنتاغدىن قاچان ئۆتۈپ كەتتى؟

— تېخى ئۆتمىدى. تۈنۈگۈن قېشىمغا يەلپۈگۈچ سوراپ

كەپتۇ . ئۇ ئوغلۇمنى بالاغا تىققىنى ئۈچۈن ساۋۇت كىيىپ شەمشەرنى ئاچقىنىپ ئۇنى چاپتىم . ئۇ ئاغرىققا چىداپ ، ۋاي يەڭگە ، مەن ئاكىمىز بىلەن ئاكا ـ ئۇكا بولۇشقان ، دېدى .

— ھە ، بۇنىڭدىن بەش يۈز يىل مۇقەددەم ئۇنىڭ بىلەن ئاكا ـ ئۇكا بولۇشقان ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— شۇنچە تىللىسام ئۇ گەپ ياندۇرمىدى ، چاپساممۇ قول قايتۇرمىدى . كېيىن بىر يەلپۈپ ئۇچۇرۇۋەتتىم . شامالغا تاقابىل تۇرىدىغان ھۈنەرنى قەيەرلەردىن ئۆگىنىۋالدىكىن بىلمىدىم ، بۈگۈن ئەتىگەن يەنە كەلدى . يەنە يەلپۈگەندىم ، مىت قىلمىدى . شەمشەر بىلەن چاپقاندىم ، ئۇمۇ بوش كەلمىدى . ئۇنىڭ كالتىكىدىن قورقۇپ غارغا قېچىپ كىرىۋېلىپ ئىشىكنى چىڭ يېپىۋالدىم . ئۇ قانداق قىلدىكىن ، بىر چاغدا قورسىقىمغا كىرىۋالدى ، ئۆلۈپ قالغلى تاس قالدىم ! ئاخىر بولماي ئۇنى تاغا دەپ يېلىندىم ۋە يەلپۈگۈچىنىمۇ بەردىم .

سۇن ۋۇكۇڭ يالغاندىن مەيدىسىگە ئۇرۇپ :

— ھەي ئىست ! خاتا قىپسىز مەلىكەم ، ئۇ ئەڭگۈشتەرنى نېمىدەپ ئۇ مايمۇنغا بېرىسىز ؟ ئاچچىقتىن ئۆتۈم يېرىلاي دەۋاتىدۇ جۇمۇ ! — دېدى .

— ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ بېگىم ، — دېدى كالا يالماۋۇز كۈلۈپ ، — ئۇنىڭغا يالغان يەلپۈگۈچنى بەرگەندىم ، ئۇ ئالدىنىپ ئەكەتتى .

— ھەقىقىي يەلپۈگۈچ قەيەردە ؟ — دەپ سورىدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— خاتىرجەم بولۇڭ ! خاتىرجەم بولۇڭ ! ئۇ مېنىڭدە ، — دېدى كالا يالماۋۇز ۋە دېدەكلىرىنى شىرە راسلاپ ئۇنى مېھمان قىلىشقا بۇيرۇدى . ئاندىن ئۇنىڭغا چاي تۇتتى ، — بېگىم ، باشقىدىن توي قىلغان بولسىڭىزمۇ كۆز ئېچىپ كۆرگەن خوتۇنىڭىزنى ئۇنتۇماڭ . يۇرتىڭىزنىڭ چېيىنى ئىچىڭ .

سۇن ۋۇكۇڭ نائىلاج چاينى ئالدى . لېكىن ، كۈلۈپ ئۇنىڭغا :

— مەلىكەم، ئاۋۋال سىز ئىچىڭ. سىرتتىكى مال - دۇنيا بىلەن بولۇپ قېلىپ ئۆزۈڭدىن بېرى يېنىڭىزدا بولالمىدىم. بۇ يەرنى ئوبدان تۇتۇپ ئولتۇرغىنىڭىز ئۈچۈن رەھمەت، — دېدى.

كالا يالماۋۇز چاينى قايتىدىن قولىغا ئېلىپ يەنە ئۇنىڭغا تۇتتى:

— كونىلاردا «خوتۇن دېگەن ئەرنىڭ قۇلى» دېگەن گەپ بار. سىز يۆلەنچۈكۈم تۇرسىڭىز، نېمىگە رەھمەت ئېيتىسىز، — دېدى كالا يالماۋۇز. ئىككىيلەن بىرمۇنچە تەكەللۇپ گەپلەردىن كېيىن غىزاغا ئولتۇرۇشتى. سۇن ۋۇكۇڭ پەرھىزنى بۇزۇۋەتمەي ئاز - تولا مېۋە يەپ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشتى.

هاراق خېلى ئىچىلدى، كالا يالماۋۇز شىركەيپ بولۇپ، سۇن ۋۇكۇڭنىڭ قولىنى تۇتتى، سۇركىشىپ نازلاندى، مۈرىسىنى مۈرىسىگە ياقتى، پىچىرلاپ قەلبىنى ئىزهار قىلدى. بىر قەدەھ هاراقنى بىر - بىرىگە تۇتۇشۇپ تەڭ ئىچىشتى، مېۋە - چېۋە يېيىشتى. ئۇنىڭ ئوبدانلا تەڭشىلىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن سۇن ۋۇكۇڭ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئۇنى دەيدەيگە سالدى:

— مەلىكەم، ھەقىقىي يەلپۈگۈچنى قەيەردە قويدىڭىز؟ ئوبدان ھېزى بولۇڭ جۇمۇ. سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ھىيلە - نەيرىڭى جىق، سىزنى ئالداپ قويمىسۇن يەنە.

كالا يالماۋۇز كۈلۈپ ئاغزىدىن ئۆرۈكنىڭ يوپۇرمىغىچىلىك بىر يەلپۈگۈچنى ئېلىپ سۇن ۋۇكۇڭغا بەردى.

— مانا بۇ بولماي نېمە؟

سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنى قولىغا ئالدىيۇ، تازا ئىشىنەلمەي ئويغا پاتتى «كىچىككىنە بۇ بىر نېمە ئوتنى قانداقمۇ ئۆچۈرەلەيدىغاندۇ؟ ... بۇمۇ يالغان بولۇپ قالمىسۇن يەنە.»

كالا يالماۋۇز ئۇنىڭ يەلپۈگۈچنى تۇتۇپ ئويغا چۆمگىنىنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز يېقىن بېرىپ:

— جېنىم، بۇنى قويۇپ تاماق يەڭ. نېمىگە بۇنچە ئويلىنىپ كەتتىڭىز؟ — دېدى.

سوْن ۋوْكوْك دەرھاللا :

— بوْنچىلىك نېمىڭىز سەككىز يوْز چاقىرىم ئارىلىقتىكى ئوتنى قانداقموْ ئۆچوْرەلەيدوْ؟ — دېدى .

كالا يالماۋوْز راسا شىر كەيپ بولغانلىقى ئوْچوْن ھېچنېمىنى خىيالىغا كەلتوْرمەيلا ئوْنى ئىشلىتىش چارىسىنى ئېيتىۋەتتى :

— بېگىم ، بوْ يەردىن كەتكىنىڭىزگە ئىككى يىل بولار - بولمايلا يوْي ميەن مەلىكە ئەقىل - ھوشىڭىزنى پوْتوْنلەي قويمىغان ئوخشىمامدوْ؟ سول قولىڭىزنىڭ باش بارمىقى بىلەن بوْنىڭ سېپىدىكى يەتتىنچى يىپقا ئوْلانغان قىزىل يىپەكنى تولغاپ توْروْپ «يەلپوْگوْچوْم يەلپوْگوْچ ، كۆرسەت تېزدىن كارامەت» دېسىڭىز ئوْن ئىككى گەز ئوْزىرايدوْ . بوْ يەلپوْگوْچ ئاجايىپ خاسىيەتلىك ! سەكسەن مىڭ چاقىرىم ئارىلىقتىكى ئوتموْ بوْنىڭ بىلەن بىر يەلپوْسە ئۆچىدوْ ، — دېدى .

سوْن ۋوْكوْك بوْ گەپلەرنى ئېسىدە چىڭ توْتوْۋېلىپ يەلپوْگوْچنى ئاغزىغا سېلىۋالدى . ئاندىن يوْزىنى بىرلا سىيپاپ ئۆز قىياپىتىگە كىرىپ قاتتىق ۋارقىرىدى :

— كالا يالماۋوْز ! قاراپ باقمىنا ، مەن سېنىڭ ئېرىڭمىكەنمەن ! ماڭا سوْركىشىپ شوْنچە مازلاشتىڭ ! ئوْيات ! ئوْيات !

كالا يالماۋوْز ! شوْنداق قاراپ ئوْنىڭ سوْن ۋوْكوْك ئىكەنلىكىنى بىلدى - دە ، ھولوْققىنىدىن شىرەنى ئۆروْپ يىمەك - ئىچمەكنى توپىغا مىلىۋەتتى ۋە ئىزادىن يەرگە كىرىپ كەتكوْدەك بولوْپ :

— ئەجەبموْ ئەلەم قىلدىڭ ماڭا ! بوْ ئاھانەتنى قانداقموْ يوْيارمەن ! — دېدى .

سوْن ۋوْكوْك ئوْنىڭ نېمە بولوْشىغا قارىماستىن چوك - چوك چامداپ بانان غارىدىن چىقتى ، بىر موللاق ئېتىپ بوْلوْتقا ، ئاندىن تاغقا چىقتى ۋە يەلپوْگوْچنى ئىشلىتىپ كۆرمەكچى بولوْپ ئاغزىدىن چىقاردى . سول قولىنىڭ باش بارمىقى بىلەن ئوْنىڭ سېپىدىكى

يەتتىنچى يىپقا باغلانغان قىزىل يىپەكنى تولغاپ تۇرۇپ: «يەلپۈگۈچۈم، يەلپۈگۈچ، كۆرسەت تېزدىن كارامەت» دېگەندى، يەلپۈگۈچ دېگەندەك ئون ئىككى گەز چوڭلۇقتا بولدى. ئۇنى دىققەت بىلەن كۆرۈپ باقسا ھەقىقەتەن دەسلەپتىكىسىگە ئوخشىشىپ كېتىدىكەن. ئۇ يەلپۈگۈچ ۋال - ۋۇل چاقناپ، خۇش ھىد تارقىتاتتى. ئۇنىڭدا ئوتتۇز ئالتە تال يىپقا قىزىل يىپەك تارتىلغان بولۇپ، بىر - بىرى بىلەن ھىملەشكەن، ئىچى - تېشى ئوخشاش ئىدى. سۇن ۋۇكۇڭ يەلپۈگۈچنى چوڭايتىشنىلا بىلىۋالغان، لېكىن كىچىكلىتىش ئەپسۇننى بىلىۋالمىغاندى. شۇڭا، ئۇنى ئۇنداقمۇ، بۇنداقمۇ قىلىپ كۆردى. ئەمما، پەقەتلا كىچىكلىتەلمىدى. ھېچ ئامال قىلالماي، ئاخىر يەلپۈگۈچنى يۈدۈپ كەينىگە قايتتى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

ئەلقىسسە، كالا دېۋە زۇمرەت كۆل تېگىدىكى زىياپەتتىن جىنلار بىلەن خوشلىشىپ ئىشكتىن چىقىپ قارىسا، سېرىق كۆزلۈك مەخلۇق ئاقتىمۇ - كۆكتىمۇ يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەجدىھا شاھ جىنلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ سوراققا تارتتى:

— كالا غوجامنىڭ سېرىق كۆزلۈك مەخلۇقىنى قايسىڭلار ئوغرىلىۋالدىڭلار؟

— ھېچقايسىمىز ئوغرىلىمىدۇق. بىز تائام، چاي - ھاراق توشۇپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناش بىلەن بولدۇق. بۇ يەردە ھېچكىم يوق ئىدى، — دېيىشتى جىنلار.

— ئارامىمىزنى بۇزىدىغانغا ھەددىڭ ئەمەس سەنلەرنىڭ. يوچۇن بىرەرى كىردىمۇيا؟ — دېدى ئەجدىھا شاھ.

— بايا ھەممىمىز زىياپەتكە ئولتۇرغاندا بىر تاشپاقا كىرگەن، ئۇنى بىز تونۇمايمىز، — دېدى ئەجدىھا شاھنىڭ ئوغلى بىلەن نەۋرىسى.

كالا دېۋە بۇنى ئاڭلاپلا ئەقلىنى ئىشقا سالدى.

— بولدى سۈرۈشتە قىلماڭلار! — دېدى ئۇ، — باياتىن مېنى

زىياپەتكە چاقىرىپ ئادەم ئەۋەتكەندە، مەن ۋۇكۇڭ بىلەن ئېلىشىۋاتاتتىم. ئۇ تاڭ سېڭنى مۇھاپىزەت قىلىپ غەربكە بۇددا نومىنى ئالغىلى كېتىۋاتقانىكەن. يالقۇنتاغقا كەلگەندە ئۆتەلمەي مەندىن بانان يەلپۈگۈچنى سوراپ كەپتۇ. مەن بەرگىلى ئۇنىمىدىم. ئىككىمىز دو تىكىپ ئېلىشتۇق. يېڭىش - يېڭىلىش تېخى ئايرىلمىغانىدى، ئۇنى تاشلاپ بۇ ياققا كەلگەنىدىم. ئۇ ئىنتايىن يامان نېمە، مىڭ تۈرلۈك ھۈنەرنى، ھەممە نېمىگە ئۆزگىرىشنى بىلىدۇ. بایاتىن ئۇ تاشپاقىغا ئايلىنىپ خەۋەر ئۇققىلى كەپتۇ، مەخلۇقۇمنى ئوغرىلاپ، خوتۇنۇمنىڭ قېشىغا بېرىپ بانان يەلپۈگۈچنى ئۇنىڭدىن ئالداپ ئېلىۋېلىش ئۈچۈن كېتىپتۇ!

بۇنى ئاڭلاپ جىنلار قورقۇپ ساراسىمىگە چۈشتى:

— ئەرشنى مالىمان قىلغان سۇن ۋۇكۇڭ شۇمۇ؟ — دەپ سوراشتى ئۇلار.

— دەل شۇ. ھەرقايسىلىرى غەرب تەرەپكە بېرىپ قېلىشسىلىرى، ھەرھالدا ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلىشارلا، — دېدى كالا دىۋە.

— بۇ گەپچە، بېگىم مەخلۇقلىرىنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلىدىكەنلا - دە؟ — دېدى ئەجدىھا شاھ.

— ھېچ گەپ يوق. ھېچ گەپ يوق. ھەرقايسىلىرى دەم ئېلىشسىلا، مەن ئۇنىڭ كەينىدىن چاپاي، — دېدى كالا دىۋە.

كالا دىۋە سۇنى يېرىپ كۆلدىن چىقتى، سېرىق بۇلۇتنى ھەيدەپ ئۇدۇل پىرۇزە بۇلۇت تېغىدىكى بانان غارىغا بېرىپ چۈشتى. كالا يالماۋۇزنىڭ ئۆزىنى ئۇرۇپ ئاللا - توۋا كۆتۈرۈپ يىغلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئىچكىرىگە كىرىپ قارىسا، سۇ يارغۇچ سېرىق كۆز مەخلۇق باغلاقلىق تۇراتتى.

— مەلىكەم، سۇن ۋۇكۇڭ قايسى ئۆيدە؟ — دەپ توۋلىدى كالا دىۋە.

دېدەكلەر كالا دىۋىنى كۆرۈپلا تىز چۆكتى:

— بېگىم، كەلدىلىمۇ؟

كالا يالماۋۇز كالا دىۋىگە ئېسىلدى . ئۇنى تارتقۇشلاپ تىللاپ كەتتى :

— جۇۋايىنىمەك كەتكۈر ! نېمانداق بىخۇدلۇق قىلدىڭ ؟ ھېلىقى مايمۇن سېرىق كۆز مەخلۇقۇڭنى ئوغرىلاپ ، سېنىڭ قىياپىتىڭگە كىرىپ مېنى ئالدىدى ئەمەسمۇ ؟

— ئۇ مايمۇن قايسى ئۆيدە دەيمەن ؟ — دېدى كالا دىۋە چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ .

— كۆكەرمە مايمۇن يەلپۈگۈچۈمنى ئېلىپ ئۆز قىياپىتىگە كىرىپلا قاچتى ! ۋاي دەردىم ، ئەمدى قانداق قىلاي !

— مەلىكەم ، ئۆزىڭىزگە دىققەت قىلىڭ ، تىت - تىت بولماڭ . مەن ئۇ مايمۇننى قوغلاپ بېرىپ ئەڭگۈشتەرىمىزنى ئېلىۋالىمەن . تېرىسىنى تەتۈر سويۇپ ، ئۇچەي - باغرىنى چۇۋۇپ ، ئۇستىخانلىرىنى كۇكۇم - تالقان قىلىپ ئەنتىڭىزنى ئېلىپ بېرىمەن ! — دېدى كالا دىۋە ۋە دېدەكلەرگە بۇيرۇق قىلدى ، — قورالىمنى ئاچىقىڭلار .

— بېگىم ، قوراللىرى بۇ يەردە ئەمەس ، — دېدى دېدەكلەر .

— ئەمىسە خان ئاناڭلارنىڭ قورالىنى ئاچىقىڭلار ، — دېدى كالا دىۋە .

دېدەكلەر كالا يالماۋۇزنىڭ كۆك بىسلىق شەمشىرىنى ئاچىقتى . كالا دىۋە زىياپەتكە بارغاندا كىيگەن ماۋۇق چاپىنىنى سېلىۋېتىپ ، بەدىنىگە چىپپىدە كېلىدىغان كىيىمىنى كىيدى ، ئىككى قولىغا تەڭداشسىز كۇچلۇك شەمشەرنى ئالدى - دە ، بانان غاردىن چىقىپ يالقۇنتاغقا قاراپ يول ئالدى . كېيىن قانداق ئىشلارنىڭ بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز .

# ئاتمىش بىرىنچى باب

## *جۇ باجىيىنىڭ ياردىمى بىلەن كالا دىۋىنىڭ مەغلۇپ قىلىنغانلىقى سۈن ۋۇكۇڭنىڭ بانان يەلپۈگۈچىنى ئۈچىنچى قېتىم يەلپۈگەنلىكى*

ئەمدى گەپنى بۇ ياقتىن ئاڭلاڭ. كالا دىۋە سۈن ۋۇكۇڭنى قوغلاپ يەتتى. سۈن ۋۇكۇڭ بانان يەلپۈگۈچنى يۇدۇپ ئىنتايىن خۇشال كېتىۋاتاتتى. كالا دىۋە چۆچۈپ كەتتى ۋە «بۇ مايمۇن يەلپۈگۈچنى ئىشلىتىشنى بىلىۋاپتۇ ئەمەسمۇ. مەن ئۇدۇل بېرىپ بۇنى بەر، دېسەم، ئېنىقكى، ئۇ ئۇنىمايدۇ. ناۋادا بۇ يەلپۈگۈچتە مېنى بىر يەلپۈسە مەن ئون سەككىز مىڭ چاقىرىم يەرگە كېتىمەن ـ دە، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئىش بولىدۇ. تاڭ سېڭنىڭ بۇنى كۇتۇپ يولدا تۇرغانلىقىدىن خەۋىرىم بار. ئۇنىڭ ئىككىنچى شاگىرتى جۇ باجيې، ئۈچىنچى شاگىرتى شا ۋۇجىڭ. ئۆز ۋاقتىدا مەن ئالىۋاستى بولغاندا ئۇنى كۆرگەنمەن. مەن جۇ باجيېنىڭ قىياپىتىدە بېرىپ ئۇنى بىر ئالداپ كۆرەي» دەپ ئويلىدى.

كالا دىۋىمۇ بوش كەلمەيتتى، ئۇمۇ يەتمىش ئىككى خىل نەرسىگە ئۆزگىرەلەيتتى، ئەلەمدىمۇ سۈن ۋۇكۇڭغا تەڭ كېلەلەيتتى. شۇڭا، ئۇ ئەپسۇن ئوقۇدى ـ دە، بىر سىلكىنىپلا جۇ باجيېغا ئايلىنىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە:

— ئاغا، مەن كەلدىم، — دېدى.

سۈن ۋۇكۇڭ خۇش بولۇپ كەتتى. قەدىمكىلەرنىڭ «ئادەم بەك خۇش بولغاندا كۆزگە ھېچنىمە كۆرۈنمەيدۇ» دېگىنى بەكمۇ توغرا. سۈن ۋۇكۇڭ ئۆزگە تەمەننا قويۇپ كېلىۋاتقانلىقتىن كەلگۈچىنىڭ مەقسىتىنى پەقەت بىلمەي، ئۇنىڭ جۇ باجيېغا

ئوخشاش تۇرقىغا قاراپلا :
— ئىنىم ، قەيەرگە ماڭدىڭ ؟ — دېدى .
— خېلى ئۇزاق ساقلىدىم ، سىز كەلمىگەندىن كېيىن ئۇستاز كالا دىۋىنىڭ ماھارىتى ئۇستۇن بولسا ئۇنى يېڭەلمەي قېلىپ بانان يەلپۈگۈچنى ئالالماي قالمىسۇن يەنە ، دەپ غەم قىلىپ مېنى ئالدىڭىزغا ئەۋەتتى ، — دېدى كالا دىۋە .
— ئاۋارە بولما . ئۇنى قولغا چۈشۈرۈپ بولدۇم ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ .
— قانداق قولغا چۈشۈردىڭىز ؟ — دېدى كالا دىۋە .
— كالا دىۋە بىلەن يۈز مەرتىۋە ئېلىشتۇق ، يېڭىش - يېڭىلىش تېخى ئايرىلمىغانىدى ، ئۇ مېنى تاشلاپ لۈەنشى تېغىدىكى زۇمرەت كۆل تېگىدە ئەجدىھا ، يىلان ، جىنلار بىلەن ئەيش - ئىشرەت قىلىشقا ماڭدى . مەن ئۇنىڭغا تۇيدۇرماي بىللە باردىم ، ئاندىن تاشپاقىغا ئايلىنىپ ، ئۇنىڭ سۇ يارغۇچ سېرىق كۆزلۈك مەخلۇقىنى ئوغرىلىدىم - دە ، كالا دىۋىنىڭ قىياپىتىگە كىرىپ بانان غارىغا بېرىپ كالا يالماۋۇزنى ئالدىدىم . ئۇ خوتۇن مەن بىلەن بىردەم كۆڭۈل ئاچتى . مەن ئۇنى ئالداپ بۇ نەرسىنى ئېلىۋالدىم ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .
— جىق جاپا چېكىپسىز ، ئاغا ، ھېرىپمۇ كەتكەنسىز ، يەلپۈگۈچنى ئەمدى مەن كۆتۈرەي ، — دېدى كالا دىۋە .
سۇن ۋۇكۇڭ راست بىلەن يالغاننى پەرق ئەتمىدى ۋە بۇ ھەقتە ئويلاپمۇ قويماستىن يەلپۈگۈچنى ئۇنىڭغا بەردى .
كالا دىۋە يەلپۈگۈچنى كىچىكلىتىشنى بىلەتتى . قولىغا ئالغاندىن كېيىن بىر ئەپسۇن ئوقۇۋىدى ، يەلپۈگۈچ ئۆرۈك يوپۇرمىقىچىلىك بولۇپ قالدى . ئۇ ئۆز ئەكسىگە كېلىپ سۇن ۋۇكۇڭنى تىللاپ كەتتى .
— ھوي مەرەز ، مېنى تونۇدىڭمۇ ؟
سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنى كۆرۈپ ئىچىدە پۇشايمان قىلدى . «ئاپلا ، يامان قىپتىمەن ئەمەسمۇ ! — ئاندىن ئاۋازىنى چىقىرىپ ، — ھەي !

ئۆز ۋاقتىدا سارنى يەڭگەن ئادەم ئىدىم ، بۇگۇن ئۇنىڭ چۇجىسىگە يەم بوپتىمەن » دېدى ۋە غەزەپتىن ئۆتى يېرىلغۇدەك بولۇپ تۆمۈر كالتىكى بىلەن ئۇنى ئۇرۇشقا كىرىشتى . كالا دىۋە ئۇنى بىر يەلپۈدى ، سۇن ۋۇكۇڭ شاخچى قۇشقاچقا ئايلىنىپ كالا دىۋىنىڭ قورسىقىغا كىرىدىغان چاغدا بوران توختىتىش دورىسىنى ئاغزىغا سىلىۋالغان ۋە يۇتۇۋەتكىنىنىمۇ سەزمەي قالغانىدى . شۇنداق بولغاچقىمىكىن ، ئىچ - باغرى ، گۆش - ئۇستىخانلىرى ئىنتايىن چىڭىپ كەتكەنىدى . كالا دىۋە قانچىلىك يەلپۈسۇن ، ئۇ مىدىر - سىدىر قىلمىدى . بۇنىڭدىن ئالاقزادىلىككە چۈشكەن كالا دىۋە يەلپۈگۈچنى ئاغزىغا سالدى - دە ، ئىككى شەمشەر بىلەن چېپىشقا چۈشتى . ئىككىيلەن توپا - چاڭ كۆتۈرۈپ ، شېغىل - تاشلارنى جايىدىن قوزغىۋەتتى .

ئەمدى گەپنى بۇ ياقتىن ئاڭلاڭ . يول بويىدا ئولتۇرغان تاڭ سېڭ ئىسسىققا چىدىماي بەكلا ئۇسساپ كەتتى . ئۇ يالقۇنتاغنىڭ يەر مۇئەككىلىدىن سورىدى :

— ھۆرمەتلىك تەقسىر ، كالا دىۋىنىڭ ھۈنىرى قانداقراق ؟

— كالا دىۋىنىڭمۇ قالتىس كارامىتى بار ، بىلمەيدىغان ھۈنىرى يوق . سۇن ۋۇكۇڭغا تەڭ كېلەلەيدۇ ، — دېدى يەر مۇئەككىلى .

— سۇن ۋۇكۇڭ يولنى بەك ئاۋۇتاتتى . ئادەتتە ئىككى مىڭ چاقىرىم يەرگە كۆز يۇمۇپ - ئاچقۇچە بېرىپ قايتاتتى . ئەجەبا ، بۈگۈن پۈتۈن بىر كۈن يوقىلىپ كەتتىغۇ ؟ ئۇ چوقۇم كالا دىۋە بىلەن ئېلىشىۋاتىدۇ ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ ، — جۇ ۋۇنېڭ ، شا ۋۇجىڭ ئىككىڭلاردىن قايسىڭلار سۇن ۋۇكۇڭنىڭ قېشىغا بېرىپ باقىسىلەر ؟ ناۋادا رەقىبلەرگە ئۇچراپ قالغان بولسا ھە - ھۇ دېيىشىپ يەلپۈگۈچنى ئەكېلىڭلار . تاغدىن بالدۇرراق ئۆتۈپ يولىمىزغا ماڭايلى .

— مېنىڭغۇ بەك بارغۇم بار ، بىراق كەچ بولۇپ كەتتى . جىلىشەن تېغىنىڭ يولىنى بىلمەيمەن ، — دېدى جۇ باجيې .

— پېقىر بىلىمەن ، پەردە قايرىغۇچ سەركەردە ئۇستازىڭىزغا

ھەمراھ بولۇپ تۇرسۇن ، مەن سىز بىلەن باراي ، — دېدى يەر مۇئەككىلى .

— ھەممىتىڭىزگە رەھمەت ، ئىشىڭلار ئوڭۇشلۇق بولغاي ، — دېدى تاك سەنزاڭ خۇش بولۇپ .

جۇ باجيې ئۆزىنى رۇسلاپ ، كىيىملىرىنى تۈزەشتۈردى ، تىرنىسىنى ئېلىپ يەر مۇئەككىلى بىلەن بۇلۇتقا چىقتى - دە ، شەرق تامان يول ئالدى . بىر چاغدا چۇقان - سۈرەن كۆتۈرۈلدى ، جۇ باجيې بۇلۇتنى توختىتىپ قارىغانىدى ، سۇن ۋۇكۇڭ بىلەن كالا دىۋە قاتتىق ئېلىشىۋاتاتتى .

— تەقسىر ، ئۇلارنىڭ قېشىغا بارماي نېمىگە قاراپ تۇرىسىز ؟ — دېدى يەر مۇئەككىلى .

جۇ باجيې تىرنىسىنى قولىغا ئېلىپ :

— ئاغا ، مەن كەلدىم ! — دەپ توۋلىدى .

— سەن ھارامزادە ، جىق ئىشىمغا دەخلى قىلدىڭ ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ زەردە بىلەن .

— ئۇستاز ئالدىڭىزغا ئەۋەتكەنىدى ، يولنى بىلمىگەچكە خېلى بېشىمىز قاتتى . ئاخىر يەر مۇئەككىلى مېنى باشلاپ كەلدى . شۇ سەۋەبتىن كېچىكىپ قالدىم . قايسى ئىشىڭىزغا دەخلى يەتكۈزۈپ قويدۇم ؟ — دېدى جۇ باجيې .

— سېنى كېچىكتىڭ دېمىدىم . ھەممىنى قىلغان ماۋۇ ئەسكى كالا . مەن كالا يالماۋۇزدىن يەلپۈگۈچنى ئەكېلىۋاتاتتىم ، ماۋۇ بىر نېمە سېنىڭ قىياپىتىڭگە كىرىۋېلىپ ، سىزنىڭ ئالدىڭىزغا كەلدىم ، دەپ كەلسە ، مەن خۇشلۇقتا يەلپۈگۈچنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ قويۇپتىمەن . ئۇ يەلپۈگۈچنى ئېلىۋېلىپلا ئۆزىنى ئاشكارا قىلدى . ئىككىمىز تۇتۇشۇپ قېلىپ چوڭ ئىشقا دەخلى يەتتى ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

بۇنى ئاڭلاپ جۇ باجيېنىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۇچتى .

— سەن ھارامىلىقنىڭ ئاناڭنى كۆزۈڭگە كۆرسەتمىسەم ، خەپ تــوختاپتۇر ! سەن مەندەك بوۋاڭنىڭ قىياپىتىگە كىرىپ ئاغامنى

ئالداشقا قانداق پىتىندىڭ ! — ئۇ ھېچنىمىگە قارىماي ، ئۇنىڭ باش - كۆزىگە تىرنا بىلەن تازا سالدى . كالا دىۋە بىرىنچىدىن ، سوْن ۋۇكوْڭ بىلەن بىر كوْن كەچكىچە توْتوْشقانلىقى ئوْچوْن قاتتىق چارچىغانلىقى ؛ ئىككىنچىدىن ، جوْ باجىينىڭ تىرنىسى قاتتىق تەگكەنلىكى ئوْچوْن چىدىيالماي قاچتى . شوْئان يالقوْنتاغنىڭ يەر موْئەككىلى جەھەننەم لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئوْنىڭ ئالدىنى توستى :

— دالى ۋاڭ ، توختا . تاڭ سەنزاڭ غەربكە بوْددا نومىنى ئالغىلى بارىدوْ . شوْڭا ، ئوْنى جىمى تەڭرىلەر ، مالائىكىلەر موْھاپىزەت قىلىدوْ . ئەرش ، زېمىن ۋە جەھەننەمدىكىلەرنىڭ ھەممىسىگە ، جىمى نەرسىگە بوْ توغرىدا ئوْقتوْروْش قىلىنغان . دەرھال بانان يەلپوْگوْچ بىلەن ئوتنى ئۆچۈرگىن . تاڭ سىڭ ئاپەت ۋە توسالغوْدىن خالاس بولوْپ تاغدىن ئۆتوْۋالسوْن ، بولمىسا تەڭرىنىڭ ئالدىدا قاتتىق گوْناھقا پاتىسەن ، جىمى جاھاننىڭ نەپرىتىگە قالىسەن ، — دېدى .

— سەنموْ قارىغوْلارچە سۆزلەۋېرىدىكەنسەن ! بوْ پەسەندە مايموْن مەندىن ئوغلوْمنى جوْدا قىلدى ، توقلىمنى بوزەك ئەتتى ، خوتوْنوْمنى ئالدىدى ، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىدى . شوْڭا ، ئوْنىڭ ئوْچەي - باغرىنى چوْۋوْپ ، ئىتقا تاشلاپ بېرىمەن . ئوْنىڭغا بېرىدىغان يەلپوْگوْچ قەيەردە توْروْپتوْ !

بوْ گەپنى ئاڭلاپ جوْ باجيې دېۋەيلەپ كېلىپ ، تىل سالدى :

— ھوْ مەرەز ! تېز يەلپوْگوْچنى بېرىپ ، بىر قوشوْق قېنىڭنى تىلە !

كالا دىۋە شەمشىرىنى كۆتوْروْپ جوْ باجيېغا ئېتىلدى . سوْن ۋوْكوْڭ كالتىكى بىلەن ياردەمگە كەلدى . بوْ ئوْچەيلەننىڭ قورالىدىن چىققان ئاۋاز يەر - جاھاننى لەرزىگە سالدى . بوْنىڭدىن ئوْركىگەن ئاي ، يوْلتوْزلارموْ ئۆزلىرىنى دالدىغا ئالدى ، ھەممە ياقنى سوغوْق ۋە قاراڭغوْلوْق قاپلىدى ! كالا دىۋە بار غەيرىتى بىلەن كوْچىنى يىغىپ كېچىچە ئېلىشتى . ئوْلار بىر - بىرىنى يېڭەلمىدى . ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا ، ئوْلار جىلىشەن تېغىدىكى مويوْن غارىغا كېلىپ

قالدى . بۇ ئۇچەيلەننىڭ چۇقان ـ سۈرىنى يۈي ميەن مەلىكىنى چۆچۈتۈۋەتتى . ئۇ دېدەكلىرىنى چىقىپ قاراپ كېلىشكە بۇيرۇۋاتقاندا ئىشىكباقار جىن يۈگۈرۈپ كىرىپ خەۋەر قىلدى :

— بېگىمىز تۈنۈگۈنكى تۈمشۇقى چاقماق ھەزرەتنىڭكىگە ئوخشايدىغان ئادەم ۋە ئۇزۇن تۇمشۇق ، سالپاڭ قۇلاق شەيخ بىلەن ئېلىشىۋاتىدۇ !

يۈي ميەن مەلىكە دەرھال سىرتنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان چوڭ ـ كىچىك ئاتارمەن ـ چاپارمەنلىرىنى قوراللىنىپ ياردەمگە بېرىشقا بۇيرۇدى . ھەممىسى بولۇپ يۈزچە ئادەم يىغىلدى . ئۇلار قەددىنى رۇسلاپ ، نەيزە ـ توقماقلارنى ئېلىپ بېرىپ تەڭلا :

— بەگ غوجام ، خان ئانىمىزنىڭ ئەمرىگە بىنائەن ئالايىتەن ياردەمگە كەلدۇق ! — دېيىشتى .

— بەلەن ئىش بولدى ! ئوبدان كەپسىلەر ! — دېدى يالماۋۇز كالا خۇش بولۇپ . جىنلار يوپۇرۇلۇپ كېلىپ قىر ـ چاپقا چۈشتى . جۇ باجيې ساراسىمىگە چۈشۈپ تىرنىنى سۆرەپ قاچتى ، سۈن ۋۇكۇڭ سەكرەپ بۇلۇتقا چىقىۋېلىپ قورشاۋدىن قۇتۇلدى ، جەھەننەم لەشكەرلىرى پېتىراپ كەتتى . قېرى كالا غەلىبە قىلىپ جىنلىرى بىلەن غارغا كىرىۋېلىپ ئىشىكنى چىڭ ئېتىۋالدى . بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن .

— بۇ بىرىنىمە تازىمۇ باتۇر ئىكەن ! — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ ، ـ ئۇ مەن بىلەن تۈنۈگۈن دىگەر ۋاقتىدىن تارتىپ ئېلىشقاندى ، تاكى بۈگۈن كېچىگىچە بىر ـ بىرىمىزنى يېڭەلمىدۇق ، ئارىلىقتا ئىككىڭلار ياردەمگە كەلدىڭلار . ئۇ يېرىم كۈن ، بىر تۈن ئېلىشىپمۇ قىلچە چارچىمىدى . جىنلار ياردەمگە كېلىۋىدى ، ئۇ يەنىمۇ كۈچلىنىپ كەتتى . غارنىڭ ئاغزىنى چىڭ ئېتىۋالدى ، ئەمدى قانداق قىلارمىز ؟

— ئاغا ، سىز تۈنۈگۈن ئۇستازدىن ئەتىگەندىلا ئايرىلغانىدىڭىز . ئۇنىڭ بىلەن ئەجەب دىگەردە جەڭگە

چوشوپسىزغۇ ؟ ئۇنىڭغىچە ئارىلىقتا قەيەردە يۈردىڭىز ؟ — دېدى جۇ باجىي .

— سىلەردىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئۇزاققا قالمايلا بۇ تاغقا كەلدىم . بىر ئايالنى ئۇچرىتىپ قېلىپ خەۋەر ئۇقۇشتۇم . ئۇ بۇ كالا دېۋىنىڭ توقىلى ئىكەن . ئۇنى كالتەك بىلەن قورقۇتۇپ قويسام يۈگۈرۈپ كىرىپ ئېرىنى چاقىرىپ چىقتى . شۇنىڭ بىلەن تۇتۇشۇپ كەتتۇق . بىرپەس ئېلىشقاندىن كېيىن بىرى ئۇنى زىياپەتكە چاقىرىپ كەتتى . مەن ئۇنىڭ پېيىغا چۈشۈپ لۇەنشى تېغىدىكى زۇمرەت كۆلگە باردىم . ئەھۋال ئۇقۇش ئۈچۈن تاشپاقىغا ئايلىنىپ كۆلگە چۈشتۇم ۋە ئۇنىڭ سۇ يارغۇچ سېرىق كۆزلۈك مەخلۇقىنى ئوغرىلاپ چىقتىم ـ دە ، ئۇنىڭ قىياپىتىگە كىرىپ پىرۇزە بۇلۇت تېغىدىكى بانان غارىغا بېرىپ كالا دېۋىنى ئالداپ يەلپۈگۈچنى قولغا چۈشۈردۈم . ئىشىكتىن چىقىپلا ئۇنىڭ كارامىتىنى كۆرەي دەپ يەلپۈگۈچنى يوغىناتتىم ، بىراق كىچىكلىتەلمىدىم . ئاخىر يەلپۈگۈچنى يۈدۈپ كېلىۋاتسام ، ئۇ سېنىڭ قىياپىتىڭگە كىرىپ كېلىپ مېنى ئالداپ كەتتى . شۇڭلاشقا ، كېچىكىپ قالدىم .

— ئەمدى ئۇنىڭدىن يەلپۈگۈچنى ئالماق تەس . ئۇستازنى بۇ تاغدىن ئامان ـ ئېسەن ئۆتكۈزۈشنىڭ چارىسىنى قانداق تاپارمىز ؟ قايتىپ كېتىپ باشقا يول بىلەن ماڭايلى بولمىسا ! — دېدى جۇ باجىي .

— ئەۋلىيا ئەزەم ، غەم قىلماڭ ، تەقسىرىم ، بەل قويۇۋەتمەڭ . باشقا يول بىلەن ماڭىمىز دېسەڭلار دىندىن چىقىپ كېتىسىلەر . «ماڭغان يولۇڭدىن قايتما» دېگەن گەپ بار . باشقا يەر بىلەن ماڭساڭلار قانداق بولىدۇ؟ شۇ تاپتا ئۇستازىڭلار سىلەرنىڭ ئۇتۇق قازىنىپ قايتىشىڭلارنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ !— دېدى يەر مۇئەككىلى .

— توغرا ، توغرا ! جۇ باجىي ، بىلجىرلىماي تۇر ! يەر مۇئەككىلىنىڭ سۆزى ئورۇنلۇق . بىز ئۇنى يەڭمىسەك ، بىر ئامال قىلىپ يەلپۈگۈچنى ئالمىساق زادى بولمايدۇ ، — دېدى سۈن

ۋۇكۇك .
جۇ باجىي دەرھال ۋەزىيەتكە ماسلاشتى ۋە خۇشامەت قىلىپ :
— بــولىدۇ ، بولــىدۇ ، ماقــۇل ! بارايــلى ، بارايلى ، ئۇنى تاپايلى ، — دېدى .
ئۇ ئىككىيلەن بىلەن يەر مۇئەككىلى جەھەننەم لەشكەرلىرىنى باشلاپ بېرىپ مىخ تىرنا ، تۆمۈر كالتەكلەر بىلەن مويۇن غارىنىڭ ئىشىكىنى چېقىپ ۋەتۆەرىكىنى چىقىرىۋەتتى . سىرتنى مۇھاپىزەت قىلغۇچى جىنلار قورقۇپ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلغان ھالدا ئىچكىرىگە كىرىپ خەۋەر قىلدى :
— بــېگىم ، سۇن ۋۇكۇڭ جىق ئادەملەرنى باشلاپ كېلىپ ئىشىكنى چېقىۋەتتى !
كــالا دىــۋە يــۈي مــيــەن مــەلــىكىگە بولغان ئىشلارنى دەپ بــېــرىۋاتاتتى . ئىشىكنىڭ چېقىلغانلىقىنى ئاڭلاپ يەنە ساۋۇتىنى كىيدى ـ دە ، تۆمۈر تايىقىنى ئېلىپ تىللىغان پېتى چىقتى :
— ھۇ مەرەز مايمۇن ! مېنىڭ ئىشىكلىرىمنى چېقىشقا نېمە ھەددىڭ ؟
جۇ باجىي يېقىن كېلىپ تىللىدى :
— ھوي داپ يۈز ! شۇنچە يوغان گەپ قىلغۇدەك سەن ئۆزۈڭ قانچىلىك نېمىدىڭ ؟ قاچما ، تىرنامنىڭ تەمىنى بىر تېتىپ قوي !
— ھــوي قــارنــى يامان پەسەندە ، ئاغزىڭغا بېقىپ سۆزلە ، مايمۇنۇڭنى چاقىر ماڭ ! — دېدى كالا دىۋە .
— ئــىــزز ــتــىــنــى ســبــتــىپ يېگەن كالۋا ! تۇنۇگۇن ساڭا قېرىنداشلىقىمىزنى ئەسلەتسەممۇ ، بۈگۈن ماڭا شۇنچە دۈشمەنلىك قىلىۋاتىسەن ! قېنى ئاكاڭ قارىغاينىڭ كالتىكىنى تېتىپ باق ! — دېدى ســۇن ۋۇكــۇڭ . كــالا دىــۋىــمــۇ جــەڭگە ئاتلاندى . جەڭ تۇنۇگۇنكىدىن بەك شىددەتلىك بولدى . ئۈچ پالۋان راسا تۇتۇشتى . يەنە يۈز مەرتىۋە ئېلىشتى . جۇ باجىينىڭ تەلۋىلىكى تۇتتى ، سۇن ۋۇكــۇڭــمــۇ كارامىتىنى تازا كۆرسەتتى . كالا دىۋە ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەي يېڭىلىپ غېپپىدە غارغا كىرىۋېلىشقا تەمشەلگەندى ، يەر

مۇئەككىلى بىلەن جەھەننەم لەشكەرلىرى غارنىڭ ئاغزىنى توسۇپ ۋارقىرىدى :

— دالى ۋاڭ ، قەيەرگە قاچىسەن ! بۇ يەردە بىز بار !

كالا دىۋە غارغا كىرەلمەي كەينىگە بۇرۇلغاندى ، جۇ باجيې بىلەن سۈن ۋۇكۇڭنىڭ قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى . ئۇ ھولۇقۇپ ساۋۇت ـ دۇبۇلغىسىنى ، تۆمۈر تايىقىنى تاشلاپ بىر سىلكىنىپلا ئاق قۇ بولۇپ ئۇچۇپ كەتتى ، ئۇنى سۈن ۋۇكۇڭ كۆرۈپ قالدى ـ دە ، كۈلۈپ :

— جۇ باجيې ، قېرى كالا تىكىۋەتتى ! — دېدى .

جۇ باجيې ھېچنېمىنى ئۇقالمىدى ، يەر مۇئەككىلىمۇ ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي كۆزلىرىنى ئالاق ـ جالاق قىلىپ جىلىشەن تېغى ئەتراپىغا قاراشقا باشلىدى . سۈن ۋۇكۇڭ :

— ئەنە ، ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتامدۇ ؟ — دېدى ئاسماننى كۆرسىتىپ .

— ئۇ دېگەن ئاق قۇ ئەمەسمۇ ، — دېدى جۇ باجيې .

— قېرى كالا ئاق قۇ بولۇۋالدى ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

— ئۇنداق بولسا قانداق قىلىدىغان گەپ ؟ — دېدى يەر مۇئەككىلى .

— سىلەر غارغا كىرىپ جىمى جىن ـ شاياتۇنلارنى قىرىپ ، ئۇنىڭ ئۇۋىسىنى بۇزۇپ ، قايتىش يولىنى يوق قىلىڭلار . مەنمۇ قىياپىتىمنى ئۆزگەرتىپ ئۇنى قوغلاپ تۇتاي ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

جۇ باجيې بىلەن يەر مۇئەككىلى ئۇنىڭ گېپىگە ئەمەل قىلىپ غارغا ھۇجۇم قىلدى . بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن .

سۈن ۋۇكۇڭ ئالتۇن توقمىنى جايىغا قويۇپ ئەپسۇن ئوقۇپ ، بىر سىلكىنىپلا بۈركۈتكە ئۆزگەردى ـ دە ، بىر قانات قېقىپ كۆكنىڭ قەھرىگە چىقتى ، ئاندىن كەينىگە يېنىپ ئاق قۇنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ ، ئۇنى باسماقداپ كۆزىنى چوقۇشقا باشلىدى . كالا

دىۋە بۆركۆتنىڭ ئەسلىي سۈن ۋۇكۇڭ ئىكەنلىكىنى بىلدى ـ دە، دەرھال قانات قېقىپ سېرىق قارچىغىغا ئايلىنىپ كېلىپ بۆركۆتنى چوقۇشقا باشلىدى. سۈن ۋۇكۇڭمۇ قارا سۇمۇرغقا ئايلىنىپ قارچىغىنى قوغلاپ كەلدى. كالا دىۋە ئۇنى تونۇپ قېلىپ يەنە ئاق تۇرنىغا ئايلىنىپ سايرىغىنىچە جەنۇبقا ئۇچۇپ كەتتى. سۈن ۋۇكۇڭ توختىدى ۋە پەيلىرىنى سىلكىپ قىزىل سۇمۇرغقا ئايلاندى. ئاق تۇرنا ئۇنىڭ قۇشلار خاقانى بولغانلىقىنى بىلىپ ئىچىگە قورقۇنچ چۈشتى ـ دە، بىر قانات قېقىپ تاغدىكى قىياغا چۈشتى، بىر سىلكىنىپ ئىپار كېيىككە ئايلىنىپ ھېچنېمە ئۇقمىغان قىياپەتتە ئوت يەپ تۇرۇۋالدى. ئۇنى تونۇۋالغان سۈن ۋۇكۇڭ دەرھال پەسكە چۈشۈپ، ئاچ يولۋاسقا ئايلاندى ـ دە، ئىپار كېيىكنى يېمەكچى بولۇپ ئېتىلدى. ھودۇقۇپ كەتكەن كالا دىۋە ئالمان ـ تالمان سېرىق تەڭگىسمان تېرىسى بار يوغان قاپلانغا ئايلىنىپ ئاچ يولۋاسقا ئېتىلىپ كەلدى. سۈن ۋۇكۇڭ بۇنى كۆرۈپلا شامالغا قاراپ بېشىنى بىر سىلكىگەنىدى، سېرىق كۆز شىرغا ئايلاندى، ئۇ يەر ـ زېمىننى لەرزىگە كەلتۈرۈپ ھۆركىرەپ كەينىگە بۇرۇلۇپلا قاپلاننى يېمەكچى بولدى. كالا دىۋە ھاپىلا ـ شاپىلا يەنە ئادەم ئېيىققا ئايلىنىپ يوغان چامداپ شىرنى تۇتقىلى كەلدى. سۈن ۋۇكۇڭ بىر دومىلاپ بۇرنى ئۇزۇن يىلاندەك، چىشلىرى بامبۇكتەك پىلغا ئايلاندى ـ دە، ئادەم ئېيىقنى بۇرنىغا ئىلىپ ئېتىۋەتمەكچى بولدى.

كالا دىۋە قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ ئەسلىي قىياپىتىگە كىرىپ ئاق بۇقىغا ئايلاندى. ئۇنىڭ بېشى تاغ چوققىسىدەك بولۇپ، كۆزلىرىدىن ئوت چاقنايتتى، مۈڭگۈزى بەئەينى ئىككى تۆمۈر مۇنار ئىدى. چىشلىرى بولسا ئۆتكۈر قىلىچ ئىدى. ئۇزۇنلۇقى ئون مىڭ گەز، ئېگىزلىكى سەكسەن مىڭ گەز ئىدى، ئۇ سۈن ۋۇكۇڭغا قاراپ ۋارقىرىدى:

— لەقۋا مايمۇن! ئەمدى مېنى نېمە قىلالايسەن؟

سۈن ۋۇكۇڭمۇ ئۆز ئەسلىگە كېلىپ ئالتۇن توقمىنى ئالدى ـ دە، ئېگىلىپ تۇرۇپ «يوغىنا» دەپ ۋارقىرىدى. شۇ ھامان

ئۇ يۈز مىڭ گەز ئېگىزلىكتە ئىدى. بېشى تەيشەن تېغىدەك، كۆزلىرى ئايدەك، ئاغزى بەئەينى قان كۆلچىكىدەك، چىشلىرى ئىشىك قانىتىدەك بولدى. ئۇ تۆمۈر كالتەكنى بىلەن بۇقىنىڭ بېشىغا سالدى. كالا دىۋىمۇ چىشىنى چىشلەپ مۈڭگۈزى بىلەن ئۇنىڭغا تاقابىل تۇردى. بۇ ھەقىقەتەن تاغ - چوققىلارنى تىترىتىپ يەر ئاسماننى زىلزىلىگە سالغان ئاجايىپ جەڭ بولدى! ئۇلار ئۆز كارامىتىنى راسا كۆرسەتتى. بۇلار تاغ قاپتىلىدا جەڭ قىلىشىۋاتقاندا، ئۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان جىمى تەڭرىلەر ۋە ئالتۇن باشلىق بۇددىلار، ئالتە ھۆر مۇچەل، ئالتە غۇلمان مۇچەل، ئون سەككىز نەپەر ئىبادەتخانا مالائىكىسى كېلىپ كالا دىۋىنى قورشىۋالدى. ئۇ بوش كەلمەي ئىككى مۈڭگۈزى بىلەن ھېلى ئۇياققا، ھېلى بۇياققا ئۈستى، قۇيرۇقىنى ھەم ئىشقا سالدى. سۇن ۋۇكۇڭ ئالدى تەرەپتىن، قالغانلار ئۈچ تەرەپتىن تازا سالدى. كالا دىۋە قورقۇپ كېتىپ بىر دومىلاپلا كالا بولۇپ بانان غارىغا كىرىۋالدى. سۇن ۋۇكۇڭمۇ ئۆز ئەسلىگە كېلىپ، تەڭرىلەر بىلەن ئۇنى قوغلىدى. كالا دىۋە غارنىڭ ئىشىكىنى چىڭ ئېتىۋېلىپ چىقماي تۇرۇۋالدى. كۆپچىلىك پىرۇزە بۇلۇت تېغىنى يىگىنىمۇ پاتمىغۇدەك ھالەتتە قورشاۋغا ئالدى:

ئۇلار ئىشىكنى بۇزۇشقا تەمشىلىۋاتقاندا، جۇ باجيې يەر مۇئەككىلى ۋە جەھەننەم لەشكەرلىرى بىلەن چۇقان سېلىپ يېتىپ كەلدى. سۇن ۋۇكۇڭ دەرھال:

— مويۇن غارىنىڭ ئىشى قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدى.

— قېرى كالىنىڭ خوتۇنىنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم، كىيىمىنى قايرىپ قارىسام ئەسلى ئۇ تۈلكە جىن ئىكەن، — دېدى جۇ باجيې كۈلۈپ، — ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جىن - شاياتۇنلارنىڭ جىمىسى ئېشەك، قېچىر، موزاي، ئۆكۈز، بورسۇق، تۈلكە، بۆكە، قوي، يولۋاس، بۇغا دېگەندەك بىرنېمىلەر ئىكەن، ھەممىنى قىرىپ تۈگىتىپ، غارغا ئوت قويۇۋەتتۇق. ئۇنىڭ مۇشۇ تاغدا يەنە بىر ئۆيى بار، دەپ ئاڭلاپ، بۇنىمۇ ۋەيران قىلىشقا كەلگەندۇق.

— ئىنىم، جىق ئىش قىلىۋېتىپسەن، بارىكاللا! مەن ئۇنىڭ بىلەن جىق نەرسىگە ئايلىنىپ ئېلىشتىم. ئاخىر ئۇ ئاق بۇقا بولۇۋالغانىدى، مەنمۇ پىلغا ئايلىنىپ ئۇنى تۇتاي دەپ تۇرۇشۇمغا بۇ تەگرىلەر چۇشۇپ كەلدى. ئۇنى ئۇزاق ۋاقىت قورشاۋغا ئېلىپ تازا جەڭ قىلدۇق. كېيىن ئۇ يەنە كالا بولۇپ غارغا كىرىۋالدى، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— بانان غارى مۇشۇمۇ؟ — دېدى جۇباجيې.

— ھەئە، كالا يالماۋۇزمۇ مۇشۇ يەردە، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— ئۇنداق بولسا نېمىشقا بۇزۇپ كىرمەيمىز؟ — دېدى جۇ باجيې.

جۇ باجيې پۇتۇن كۈچىنى يىغىپ تىرنا بىلەن ئىشىكنى بىر تارتقانىدى، گۇلدۇر - قاراس قىلىپ قىيا ئىشىك - پېشىكلىرى بىلەن ئۆرۈلدى. دېدەكلەر قورقۇپ كېتىپ كىرىپ خەۋەر قىلدى:

— غوجام! كىمدۇ بىرى ئالدى ئىشىكنى بۇزۇۋەتتى.

ئەمدى كىرىپ ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ ئولتۇرغان كالا دىۋە بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەرغەزەپكە كەلدى. ئۇ ئاغزىدىن يەلپۈگۈچنى ئېلىپ كالا يالماۋۇزغا بەردى. كالا يالماۋۇز يەلپۈگۈچنى ئېلىپ قار - يامغۇر يىغلاپ:

— بېگىم، يەلپۈگۈچنى ئۇ مايمۇنغا بېرەيلى، ئۇ ئادەملىرىنى ئېلىپ كەتسۇن، — دېدى.

— مەلىكەم، نەرسىمىز كىچىك بولغىنى بىلەن قىساسىمىز كۆپ. سىز ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن چىقىپ ئۇنىڭ بىلەن بىر ئېلىشاي، — دېدى كالا دىۋە. ئاندىن ساۋۇتنى قايتىدىن كىيىپ، ئېسىل شەمشەردىن ئىككىنى تاللىۋېلىپ تاشقىرىغا چىقتى - دە، تىرنا بىلەن ئىشىكنى قومۇرۇۋاتقان جۇ باجيې بىلەن دوقۇرۇشتى ۋە گەپ - سۆز قىلماستىن ئۇنى چاندى. جۇ باجيې شەمشەرنى تىرنا بىلەن توسۇغىنىچە كەينىگە چېكىنىپ تاشقىرىغا چىقتى. بۇ يەردە سۇن ۋۇكۇڭ كالتىكىنى تۇتۇپ تەييار تۇراتتى. كالا دىۋە

شامالدەك ئۇچۇپ ئۆيدىن يىراققا ماڭدى . شۇنىڭ بىلەن پىرۇزە تېغىدا تىركىشىش باشلاندى . تەڭرىلەر بىرياقتىن ، يەر مۇئەككىلى ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرى بىر ياقتىن ھۇجۇمغا ئۆتتى . بۇ جەڭ يەرۇ ئاسماندىن چاڭ چىقىرىۋەتتى . ھەممە ياق ئىس ـ تۈتەك بىلەن تولدى . كالا دىۋە پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ ئەللىك مەرتىۋە ئېلىشقاندىن كېيىن چىداشلىق بېرەلمەي شىمالغا قاچتى . ئاللىقاچان ئۇنى ساقلاپ ئولتۇرغان ۋۇتەيشەن تېغى مىھو قىياسىدىكى ماھارەتتە كامالەتكە يەتكەن فافا ئىسىملىك ۋاجرا ئۇنى توسۇپ ۋارقىرىدى :

— كالا دىۋە، قەيەرگە بارسەن ؟ مەن بۇددىمىز ساكيامۇنىنىڭ ئەمرىگە بىنائەن كەلدىم . ئاسماندا تور ، يەردە قاپقان . سەن تۈتۇلدۇڭ !

شۇ ئارىلىقتا سۇن ۋۇكۇڭ ، جۇ باجيې ، تەڭرىلەر يېتىپ كەلدى . كالا دىۋە ساراسىمىگە چۈشۈپ شاققىدە بۇرۇلۇپ جەنۇب تەرەپكە ماڭدى ، ئۇنى يەنە ئېمېيشەن تېغى چىڭلياڭ غارىدىكى كارامەتتە تەڭداشسىز شېڭ جې ئىسىملىك ۋاجرا توسۇپ ۋارقىرىدى :

— بۇددىمىزنىڭ ئەمرى بويىچە سېنى تۇتماقچىمەن !

كالا دىۋىنىڭ پۇت ـ قولىدا جان قالمىدى . ئۇ شاپاشلاپ شەرققە چاپتى ، ئۇياقتىن شۇمىشەن تېغى مۇئېر قىياسى پىلۇشا ئېغىزىدىكى دالى ئىسىملىك ۋاجرا ئۇنىڭ ئالدىنى توستى :

— قېرى كالا ، قەيەرگە بارسەن ! مەن تاتھاگاتونىڭ مەخپىي پەرمانى بويىچە سېنى تۇتقىلى كەلدىم !

كالا دىۋىنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلدى . ئۇ چېكىنىپ غەربكە قاراپ ماڭدى ، كۇئېنلۇن تېغى جىنشا چوققىسىدىكى مەشھۇر ۋاجرا يۇڭ جۇ ئۇنىڭ ئالدىنى توستى :

— يەنە قاچماقچى بولۇۋاتامسەن ؟ مەن غەربىي دىياردىكى چوڭ گۆھەرنېشىن ئىبادەتخانىسىدا تۇرىدىغان بۇددانىڭ سۆزى بىلەن سېنى تۇتقىلى كەلدىم . كىم قويۇۋەتتى سېنى !

قىرى كالا قورققىنىدىن لاغىلداپ تىترەپ پۇشايماننى ئالغىلى قاچا تاپالماي كەتتى . تەرەپ ـ تەرەپتىن قورشاپ كېلىۋاتقان بۇددا ۋە ئەرش لەشكەرلىرىنى كۆرۈپ قاچارغا جاي تاپالماي قالدى . شۇ خەتەر ئىچىدە تۇرغاندا سۇن ۋۇكۇڭنىڭ سەركەردە ـ لەشكەرلەرنى باشلاپ كېلىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ بولۇتقا چىقتى ـ دە ، ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى .

پەلەك شاھى توتالى ، پەلەك شاھزادىسى ناجا ، بېلىق قورساق يۆچا ئاجايىپ خاسىيەتلىك تەڭرى سەركەردىلىرىنى باشلاپ كېلىپ ئۇنى ئاسماندىلا توسۇپ ۋارقىرىدى :

— ئۆپكەڭنى بېسىۋال ! ئاستىراق چاپ ! بىز يۇرۇن سۇلتانىنىڭ ئەمرى بىلەن ئالايىتەن سېنى تۇتقىلى كەلدۇق !

كالا دىۋە تەمتىرەپ كەتتى ، ئىلگىرىكىدەك بىر سىلكىنىپلا ئاق بۇقىغا ئايلىنىپ تۆمۈر مۇڭگۈزى بىلەن پەلەك شاھىنى ئۇستى . پەلەك شاھى ئۇنى چېپىشقا باشلىدى . ئارقىدىنلا سۇن ۋۇكۇڭلار يېتىپ كەلدى . پەلەك شاھزادىسى ناجا :

— ئەۋلىيا ئەزەم ، ساۋۇتلار بىلەن سىزگە سالام بېرەلمىدۇق . ئاتام ئىككىمىز تۇنۇگۇن بۇددىمىز تاتھاگاتونى يوقلاپ بارغاندۇق . ئۇ يۇرۇن سۇلتانغا يەتكۈزۈپ قويۇڭلار ، تاڭ سېنىڭ يالقۇنتاغقا بارغاندا ماڭالماي تۇرۇپ قاپتۇ ، سۇن ۋۇكۇڭ كالا دىۋە بىلەن ئېلىشىپ يېڭەلمەيۋېتىپتۇ ، دېدى . بۇنى ئاڭلاپ يۇرۇن سۇلتان ئالايىتەن ئاتام ئىككىمىزنى ۋە كۆپچىلىكنى ياردەمگە ئەۋەتتى ، — دېدى .

— بۇ كاساپەتنىڭ ھۈنىرى جىق ئىكەن ! مۇشۇنداق ھەيۋەت تۇرسا قانداق قىلىدىغان گەپ ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— سۇن ھەزرەت ، دەرگۇمان بولماڭ . ئۇنى قانداق تۇتقىنىمىزنى كۆرۈڭ قېنى ! — دېدى پەلەك شاھزادىسى .

پەلەك شاھزادىسى «ئۆزگەر !» دەپ بىر نەرە تارتىۋىدى ، ئۈچ باش ، ئالتە قوللۇق بولۇپ ئۆزگەردى . ئۇ ئۇچقاندەك بېرىپ كالا دىۋىگە مىنىپ خاسىيەتلىك شەمشەردە بىرنى چېپىپ ئۇنىڭ

كاللىسىنى ئالدى . پەلەك شاھى قىلىچىنى تاشلاپ سۇن ۋۇكۇڭغا قارىدى . كالا دىۋىنىڭ يەنە بىر بېشى پەيدا بولۇپ ، ئاغزىدىن قارا تۈتەك چىقاردى ، كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىدى . ناجا ئۇنىڭ بۇ بېشىنى چېپىۋەتكەنىدى ، شۇ جايدا يەنە بىر باش پەيدا بولدى . ناجا ئارقا - ئارقىدىن ئون نەچچە قېتىم چېپىۋەتسە ، ئون نەچچە قېتىم باش چىقتى . ناجا ئوت چاقنى ئېلىپ يالماۋۇز كالىنىڭ مۈڭگۈزىگە ئېسىپ ئوت چىقىرىپ ئۇنى كۆيدۈردى . ئۇ ھۆركىرەپ ، ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇرۇپ كەتتى . يەنە بىر ئۆزگىرىپ قاچماقچى بولۇۋىدى ، پەلەك شاھى توتالى ئۇنىڭغا جاھانئەمانىنى تۇتۇپ ئۇنى مىدىر - سىدىر قىلدۇرمىدى . قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن ئۇ :

— بىر قوشۇق قېنىمدىن كېچىڭلار ، بۇددىمىزنىڭ خىزمىتىدە بولاي ! — دېدى .

— ساڭا جان تاتلىق بولسا ، دەرھال يەلپۈگۈچنى چىقار ! — دېدى ناجا .

— يەلپۈگۈچ تاغلىق خوتۇنۇمنىڭ قېشىدا ! — دېدى يالماۋۇز كالا .

بۇنى ئاڭلاپ ناجا ئۇنىڭ بۇرنىغا چولۇك ئۆتكۈزۈپ يېتىلىدى . سۇن ۋۇكۇڭ كۆپچىلىك بىلەن ئاق بۇقىنى ئارىغا ئېلىپ بانان غارىغا باردى . كالا دېۋە :

— مەلىكەم ، يەلپۈگۈچنى بېرىپ جېنىمنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭ ! — دېدى .

كالا يالماۋۇز بۇنى ئاڭلاپ دەرھال بېزەكلىرىنى ئېلىۋېتىپ ، ئېسىل كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ ، ئون ئىككى گەز بانان يەلپۈگۈچنى قوش قوللاپ تۇتۇپ تاشقىرىغا چىقتى ؛ ئۇ ۋاجرا ، تەڭرىلەر ، پەلەك شاھى ۋە شاھزادىنى كۆرۈپ ئالدىراپ - تېنەپ تىز چۆكۈپ باش ئۇردى :

— ئەر - خوتۇن ئىككىمىزنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈشسىلە . مانا بۇ يەلپۈگۈچنى سۇن ۋۇكۇڭ تاغامغا تۇتاي !

سۇن ۋۇكۇڭ يېقىن كېلىپ يەلپۈگۈچنى ئالدى ۋە كۆپچىلىك بىلەن بۇلۇتقا چىقىپ شەرق تەرەپتىكى يولغا قايتتى.

ئەلقىسسە، تاڭ سېڭ بىلەن شا ۋۇجىڭ سۇن ۋۇكۇڭنىڭ يولىغا تولا قاراپ كۆزلىرى تېشىلگۈدەك بولدى! توساتتىن ئاسماننى خەيرلىك بۇلۇت قاپلاپ، كۆپچىلىك يېقىنلاپ كەلدى. بۇنىڭدىن تاڭ سەنزاڭ قورقۇپ كېتىپ:

— شا ۋۇجىڭ، قارىغىنا، كىمنىڭ لەشكەرلىرى كېلىۋاتىدۇ؟ — دېدى. شا ۋۇجىڭ ئۇلارنى تونۇپ:

— ئۇستاز، ئۇلار تۆت ۋاجرا، ئالتۇنباش جيې دى، ئالتە خۇر مۇچەل، ئالتۇن غۇلمان مۇچەل، بۇتخانا مالائىكىلىرى ۋە ئۆتكۈنچى تەڭرىلەر ئىكەن. كالا يېتىلىۋالغىنى پەلەك شاھزادىسى ناجا، جاھاننەما كۆتۈرۈۋالغىنى پەلەك شاھى توتالى. سۇن ۋۇكۇڭ ئاغام بانان يەلپۈگۈچنى كۆتۈرۈپتۇ. جۇ باجيې ئاغام بىلەن يەر مۇئەككىلى ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتىدۇ. قالغانلار ئۇلارنى مۇھاپىزەت قىلىپ كېلىۋاتقان تەڭرى لەشكەرلىرى ئىكەن، — دېدى.

تاڭ سەنزاڭ دەرھال تەلپىكى ۋە كاساياسىنى كىيىپ، شا ۋۇجىڭ بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ ئالدىغا باردى.

— ھەرقايسىلىرىنى شۇنچە بىسەرەمجان قىلغۇدەك قانچىلىك ئىشلارنى قىلىۋەتتى مېنىڭ شاگىرتىم! — دېدى ئۇ.

— قۇتلۇق بولسۇن، سەپىرىڭىز توگەي دەپ قالدى! بۇددىمىزنىڭ ئەمرى بىلەن ياردەمگە كەلدۇق. بىلىم ئېلىشتا تىرىشچانلىق كۆرسەتكەيسىز، ھەرگىز يولدا ھايال بولمىغايسىز! — دېدى تۆت ۋاجرا.

تاڭ سەنزاڭ باش ئۇرۇپ ئەمر - پەرماننى قوبۇل قىلدى.

سۇن ۋۇكۇڭ يەلپۈگۈچنى كۆتۈرۈپ تاغنىڭ تۈۋىگە كېلىپ پۈتۈن كۈچى بىلەن بىر يەلپۈگەنىدى، يالقۇنتاغنىڭ ئوتى ئۆچۈپ چوغىلا قالدى؛ يەنە بىر يەلپۈگەنىدى، شالدىرلىغان ئاۋاز بىلەن

سالقىن شامال چىقتى . ئۇچىنچى قېتىم يەلپۈگەنىدى ، ئاسماننى بۇلۇت قاپلاپ سىم ـ سىم يامغۇر يېغىشقا باشلىدى . شۇندىلا تاڭ سەنزاڭنىڭ كۆڭلىدىن غەشلىك كۆتۈرۈلۈپ ، قانائەت ھاسىل قىلدى .

— كالا يالماۋۇز ، يولۇڭغا ماڭماي بۇ يەردە نېمە بېزىرىپ تۇرىسەن ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— ئەۋلىيا ئەزەم ، ھىممەتلىرىنى ئايىماي يەلپۈگۈچنى ماڭا قايتۇرۇۋېپ بەرسىلە بوپتىكەن ، — دېدى كالا يالماۋۇز تىز چۆكۈپ .

— ھوي پەس ، ئۆزىنى بىلمەيدىغان رەسۋا ! جېنىڭ ئامان قالغاندىكىن بولمىدىمۇ ، يەلپۈگۈچنى ياندۇرۇۋېلىپ نېمە قىلىسەن ؟ — دېدى جۇ باجيې .

— ئەۋلىيا ئەزەم ، باشتا ئوتنى ئۆچۈرۈپ بولۇپ بېرىۋېتىمەن ، دېگەن ئىدىلە . ئەمدى پۇشايمان قىلغان بىلەنمۇ بىكار . بىراق ئەمدى ھەرگىز ئەسكىلىك قىلمايمەن . يەلپۈگۈچكە ئىگە بولسام ، يېڭىدىن ئادەم بولۇپ ، ئەقىدە ، ئىخلاس بىلەن ياشايمەن ، — دېدى كالا يالماۋۇز يەنە تەزىم قىلىپ .

— ئەۋلىيا ئەزەم ، ئۇنىڭ ئوت ئۆچۈرۈش ھۈنىرىدىن پايدىلىنىپ ئوتنى پۈتۈنلەي قۇرۇتۇۋېتىپ ئاندىن يەلپۈگۈچنى ئۇنىڭغا بېرىۋېتىڭ . مۇشۇ ئەتراپتىكى ئادەملەرنى ئاپەتتىن تولۇق خالاس قىلىپ زور ھىممەت ئاتا قىلغايسىز ، — دېدى يەر مۇئەككىلى .

— مەن كىشىلەردىن سورۇشتۇرسەم ، ئۇلار «بۇ تاغدا ئوت پەقەت زىرائەت تېرىپ ـ يىغىۋالغۇچە ئارىلىقتىلا ئۆچىدۇ ، قالغان چاغدا يېنىپ تۇرىدۇ» دەيدۇ . بۇ ئوتنى قانداق قىلغاندا يىلتىزىدىن قۇرۇتۇۋەتكىلى بولىدۇ ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— ئوتنى يىلتىزىدىن قۇرۇتىدىغان ئىش بولسا ، يەلپۈگۈچنى توختىماي قىرىق توققۇز قېتىم يەلپۈش كېرەك . شۇندىلا ئوت ئىككىنچى كۆيمەيدۇ ، — دېدى كالا يالماۋۇز .

بۇ گەپ بىلەن سۇن ۋۇكۇڭ يەلپۈگۈچنى پۈتۈن كۈچى بىلەن

تاغقا قاراپ قىرىق توققۇز قېتىم يەلپۈدى . تاغدا شارقىراپ يامغۇر يېغىشقا باشلىدى . ئاجايىپ بىر كارامەت ـ دە ، بۇ ؛ ئوت بار جايدا يامغۇر ياغدى ، ئوت يوق يەردە هاۋا ئېچىلىپ كەتتى . ئۇستاز ۋە شاگىرتلار يامغۇر يوق جايدا تۇرغاچقا هۆل بولمىدى . ئۇلار بىر كېچە ئولتۇرغاندىن كېيىن ، ئات ، يۈك ـ تاقلارنى يىغىشتۇردى ، ئاندىن يەلپۈگۈچنى كالا يالماۋۇزغا قايتۇرۇپ بەردى .

— بۇنى بەرمىسەم ، كىشىلەر مېنى لەۋزىدە تۇرمايدىكەن ، دېيىشى مۇمكىن . سەن ئەمدى يەلپۈگۈچۈڭنى ئېلىپ قايتىپ كەت ، ئىككىنچى ئىش تېرىغۇچى بولما . سېنىڭ ئادەم بولغىنىڭنىڭ يۈزىنى قىلىپ ، گۇناھىڭدىن ئۆتەي ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

كالا يالماۋۇز يەلپۈگۈچنى قولىغا ئېلىپ بىر ئەپسۇن ئوقۇپ ئۆرۈك يوپۇرمىقىچىلىك قىلدى ـ دە ، ئاغزىغا سېلىۋالدى . سۇن ۋۇكۇڭلارغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ ، ئىستىقامەت قىلىشقا ماڭدى . كېيىن دېگەندەك ئۇ توغرا يولغا مېڭىپ ياخشى نام ـ ئاتاق قالدۇردى . كالا يالماۋۇز ، يەر مۇئەككىلى چەكسىز تەشەككۇر ئېيتىشىپ بىر ـ بىرىنى ئۇزىتىشتى . سۇن ۋۇكۇڭ ، جۇ باجيې ، شا ۋۇجىڭلار تاڭ سەنزاڭنى مۇهاپىزەت قىلىپ ئالغا ئىلگىرىلىدى . ئۇلار شۇنداق سەگىپ قالدى . ئۇلارنىڭ قاچانلاردا شەرقىي دىيارغا يانغانلىقىنى كېيىنكى باپتىن ئاڭلىغايسىز .

# ئاتمىش ئىككىنچى باب

## *تاڭ سېڭ بىلەن سۈن ۋۇكۇڭنىڭ مۇنار سۈپۈرگەنلىكى*
## *ئالۋاستىنى تۇتۇپ ئەڭگۈشتەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا نىيەت قىلغانلىقى*

تاڭ سەنزاڭلار خاسىيەتلىك يەلپۈگۈچنى ئارىيەت ئېلىپ يالقۇنتاغنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرۈپ تاغدىن ئۆتتۈۋالدى. ئۇلار ھەش - پەش دېگۈچە بىر مىڭ سەككىز يۈز چاقىرىم يول باستى، يەنە داۋاملىق غەربكە قاراپ تېز سۈرئەتتە ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتاتتى. كۈز كېتىپ قىش كىرىۋاتقاندا، ئۇلار يەنە بىر شەھەرگە يېقىنلاپ قالدى. تاڭ سېڭ ئېتىنى توختىتىپ شاگىرتلىرىنى چاقىردى:

— سۈن ۋۇكۇڭ، ئالدىمىزدىكى راۋاق - ئۆيلەر قەيەردۇ؟

سۈن ۋۇكۇڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ بىر شەھەرنى كۆردى. بۇ شەھەر ئەجدىھا شەكلىدە ئاجايىپ كۆركەم ئىدى. بۇنداق شەھەرلەرنىڭ پايتەخت ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم، شۇڭا سۈن ۋۇكۇڭ:

— ئۇستاز، بۇ شەھەر بىر ئەلنىڭ پادىشاھى تۇرىدىغان ئاستانە ئىكەن، — دېدى.

— ئايماقتا ئايماق مەھكىمىسى، ناھىيىدە ناھىيە مەھكىمىسى بولىدۇ. پادىشاھ تۇرىدىغان جاينى قانداق بىلگىلى بولىدۇ؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

— قارىسىلا، شەھەرنىڭ ئەتراپىدا ئون نەچچە دەرۋازا تۇرىدۇ، شەھەر يۈز چاقىرىمدەك جاينى ئۆز ئىچىگە ئاپتۇ، ئىمارەت، راۋاقلىرى كۆككە تاقاشقۇدەك ئېگىز، ھەيۋەت ئىكەن. ئاستانە

دېگەن مۇشۇنداق ھەيۋەت بولماي قانداق بولاتتى، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— ئاغامنىڭ كۆزى ئىتتىك، بۇنىڭ قايسى دۆلەت ئىكەنلىكىنى ئۇقتىغۇ دەيمەن. بۇ شەھەرنىڭ نامى نېمە؟ — دېدى شا ۋۇجىڭ.

— ئەلەم ياكى بەلگە تاختىسى بولمىسا مەن نەدىن بىلەي؟ شەھەرگە بېرىپ سۈرۈشتۈرسەك ئۇققىلى بولار، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

تاڭ سېڭ ئېتىغا قامچا سالدى. ھايال ئۆتمەي دەرۋازىغا يېتىپ كەلدى. ئاتتىن چۈشۈپ، كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ شەھەرگە كىرىپ قارىسا، شەھەردە ئالتە كوچا، ئۈچ بازار كۆزگە چېلىقتى. بازارلار ئاۋات، ماللار پەۋەس، كىشىلەرنىڭ كىيىم - كېچەكى ئېسىل، يۈرۈش - تۇرۇشى سالاپەتلىك ئىدى. ئۇلار كېتىۋېتىپ بىردىنلا بويىنىغا تاختا، قولىغا كويزا سېلىنغان ئوندەك شەيخنىڭ ئىشكمۇ ئىشىك تىلەمچىلىك قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشتى.

— سۇن ۋۇكۇڭ، بېرىپ سوراپ باققىن، ئۇلارنىڭ گۇناھى نېمىكىن؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

— شەيخىم، سىزلەر قايسى ئىبادەتخانىدا تۇرىسىلەر، نېمە گۇناھىڭلار ئۈچۈن تاختا - كويزىغا چۈشۈپ قالدىڭلار؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ئۇلارغا.

— غوجام، بىز نۇرانە ئىبادەتخانىنىڭ ئۇۋال قىلىنغان شەيخلىرى بولىمىز، — دېدى ئۇلار تىز چۆكۈپ.

— نۇرانە ئىبادەتخانا قەيەردە؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— ئاۋۇ بۇلۇڭدىن ئۆتسىڭىز بارىسىز، — دېدى شەيخلەر.

سۇن ۋۇكۇڭ ئۇلارنى تاڭ سەنزاڭنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى:

— سىلەر قانداق ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىدىڭلار، ماڭا دەپ بېرىڭلار، — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

— غوجام، بۇ يەردە ئېيتقىلى بولمايدۇ. تاغقا بارايلى، شۇ يەردە ھەممىنى سۆزلەپ بېرەيلى، — دېدى ئۇلار.

— بولىدۇ . ئۇلارنىڭ ئىبادەتخانىسىغا بارايلى ، بۇنىڭ سەۋەبىنى ئوبدان ئۇقايلى ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تاغقا چىقىپ بىر دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كەلدى . دەرۋازا ئۈستىگە «دۆلەت ئامانلىقىنى تىلىگۈچى نۇرانە ئىبادەتخانا» دەپ يېزىلغانىدى . ئۇستاز ۋە شاگىرتلار دەرۋازىدىن كىرىپ ئەتراپنى كۆزدىن كەچۈردى . بۇ قەدىمكى ساراي قاراڭغۇ بولۇپ ، بوران ئۇچۇپ تۇراتتى . ھەممە ياق مەينەت ، تام ـ تورۇسلارنى ئۆمۈچۈك ماكان قىلغانىدى ، ھەممە ياقنى تولىمۇ مىسكىنلىك باسقانىدى . تاڭ سەنزاڭنىڭ يۈركى ئېچىشىپ ، ئىختىيارسىز كۆزىگە ياش كەلدى . تۆردىكى سارايىنى ئېچىپ تاڭ سەنزاڭنى ئىچكىرىگە باشلىدى . ئۇ ئىچكىرىگە كىرىپ چىن ئىخلاسى بىلەن ئۈچ قېتىم باش ئۇردى . ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ تۆۋرۈككە باغلانغان ۋە كويزا سېلىنغان ئالتە ـ يەتتە شەيخنى كۆرۈپ بەكمۇ ئىچى ئاغرىپ كەتتى . شەيخلەر كېلىپ باش ئۇرۇپ تۇرۇپ :

— ھەرقايسىڭىزلارنىڭ چىرايى ئوخشاشمايدىكەن . شەرقىي دىياردىكى تاڭ دۆلىتىدىن كەلدىڭلارمۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— بۇلار پالچىمۇ ، نېمە ؟ توغرا ئېيتتىڭلار . بىزنى قانداق تونۇۋالدىڭلار ؟ — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ .

— غوجام ، بىز نەدىمۇ پال باقايلى . بىزگە ئۇۋال قىلىندى ، بىراق دەردىمىزنى ئاڭلايدىغان جاي تاپالماي تەڭرىگە نالە ـ زار قىلىش بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈۋاتىمىز . ئاھىمىز تەڭرىتائالاغا يەتكەنمۇ قانداق ، تۈنۈگۈن كېچە ھەممىمىز ئوخشاشلا ، شەرقىي دىياردىكى تاڭ دۆلىتىدىن بىر ئەۋلىيا راھىب كېلىپ بىزنى قۇتۇلدۇرۇپ ئازابتىن خالاس قىلىپ چۈش كۆرۈپتۇمىز . دېگەندەك ، بۈگۈن سىلەرنىڭ ھېچكىمگە ئوخشاشمايدىغان چىرايىڭلارنى كۆرۈپ تونۇۋالدۇق ، — دېدى ئۇلار . بۇنى ئاڭلاپ تاڭ سەنزاڭ خۇش بولۇپ كەتتى ۋە :

— بۇ قانداق يەر ، نېمە ئۇۋاللىق بولدى سىلەرگە ؟ — دەپ سورىدى .

— غوجام، بۇ يەر چاش دۆلىتى بولىدۇ. غەربكە بېرىش يولىدىكى ئەڭ چوڭ ئەل. ئۆز ۋاقتىدا تۆت چەت دۆلەت بۇ يەرنىڭ گىياھىغا تەگمەيمىز، ھەرگىز لەشكەر تارتىپ كەلمەيمىز، دەپ پادىشاھىمىزغا سوۋغا تۇتقان. ئەڭ كاتتا ئەل، دەپ تونۇلغان، — دېدى شەيخلەر.

— ئەڭ كاتتا ئەل، دەپ تونۇلغان بولسا، پادىشاھىڭلار ناھايىتى ئادىل، ئەلەم - قەلەمدە داڭدار ئىكەن - دە! — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

— غوجام، پادىشاھىمىز ئەلەمدە تېخى يوق، قەلەمدىمۇ يوق. ئادىلمۇ ئەمەس. بۇ ئىبادەتخانىنى خاسىيەتلىك بولۇت قورشاپ تۇراتتى، كېچىسى نۇرغا چۆمەتتى ۋە بۇ نۇر ئون مىڭ چاقىرىم يەردىكىلەرگىمۇ كۆرۈنەتتى. مۇشۇنىڭ شاراپىتى بىلەن بۇ جاي ئاستانە بولغان، تۆت چەت دۆلەت پادىشاھىمىزغا سوۋغا تۇتقان. ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدىكى كۈز ئايلىرىنىڭ بىرىدە تۇن نىسپى مەزگىلىدە قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتتى. تاڭ ئاتقاندا قارىساق، بۇ ئىبادەتخانىدىكى ئالتۇن مۇنار بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنىپتۇ. ئىككى يىلدىن بېرى چەت ئەللىكلەرمۇ شاھىمىزغا سوۋغا ئەكەلمىدى. شاھىمىزنىڭ ئۇرۇش قىلغۇسى كېلىپ كېتىۋاتىدۇ. ۋەزىر - ۋۇزرالار، مۇشاۋۇرلار بولسا، ئىبادەتخانا راھىبلىرى مۇناردىكى خاسىيەتلىك ئەڭگۈشتەرنى ئوغرىۋالدى. شۇ سەۋەبتىن خاسىيەتلىك بۇلۇت كېتىپ، چەت ئەللىكلەر سالامغا كەلمەيدىغان بولدى، دېيىشتى. شاھىمىز ھەق - ناھەقنى ئايرىمىدى. ئاچ كۆز ۋەزىرلەر، ئەمەلدارلار بىزنى تۇتۇپ قاتتىق قىيىن - قىستاققا ئېلىپ ئازابلاۋاتىدۇ. بۇ يەردە ئەسلىي ئۈچ ئەۋلاد شەيخ بار ئىدى. ئالدىنقى ئىككى ئەۋلاد شەيخلەر تاياق - توقماق زەربىدە ئۆلۈپ كەتتى؛ ئەمدى بىزنى تۇتۇپ مۇشۇنداق جازا بىلەن جازالاۋاتىدۇ. ئۈستىمىزدە تەڭرى تۇرۇپتۇ. بىز قانداقمۇ مۇنار ئىچىدىكى خاسىيەتلىك ئەڭگۈشتەرنى ئوغرىلايلى! غوجام، ھەرقايسىلىرى رەھىم قىلىپ، شاپائەتلىرىنى ياغدۇرۇپ بىزنى قۇتۇلدۇرۇپ

قويۇشقايلا !
بۇ گەپنى ئاڭلاپ تاڭ سەنزاڭ خۇرسىنىپ قويدى ۋە :
— بۇ ئىشقا بىرنېمە دېمەك تەس ئىكەن . بىرىنچىدىن ، ئوردىدا سىياسەت يوق ئىكەن ؛ ئىككىنچىدىن ، سىلەرگە بالا ـ قازا كەپتۇ . ئاسماندىن ياغقان قارا يامغۇر مۇنارنى بۇزۇۋەتكەن بولغاندىكىن ، نېمىشقا شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا شاھقلارغا خەۋەر قىلىپ ئەھۋالنى ئېيتماستىن ، بۇ جازانى تارتىپ يۈردۈڭلار ؟ — دېدى .
— غوجام ، بىز بەندە تۇرساق تەڭرىنىڭ قىسمىتىنى قانداق بىلىمىز ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئالدىنقى ئەۋلادلىرىمىز بۇ ئىشنى ئايرىمىغان تۇرسا ، بىزنىڭ قولىمىزدىن نېمە كەلسۇن ! — دېدى راھىبلار .
— سۇن ۋۇكۇڭ ، هازىر قايسى چاغ بولدى ؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ .
— كۈن ئولتۇرۇشقا ئاز قالدى ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .
— مەن شاھقا سالامغا بارغاچ يولخېتىنى ئالماشتۇرۇپ كېلەي دېۋىدىم . راھىبلارنىڭ ئىشىدا مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرالماي ، شاھنىڭ قېشىغا بارغاندا نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن . بۈگۈن بۇ يەردە ئۇۋال قىلىنغان راھىبلار بىلەن كۆرۈشتۇق ، ئىش مۇنارغا ئالاقىدار ئىكەن . سەن ماڭا يېڭى سۈپۈرگە تېپىپ بەر . مەن يۇيۇنۇپ ، پاكلىنىپ كېلىپ مۇنارنى سۈپۈرۈپ ، نېمە ئۈچۈن نۇر چىقارمايدىغانلىقىنى بىلىپ باقاي ، ئاندىن شاھقا گەپ قىلىپ ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ ، سىلەرنى ئازابتىن خالاس قىلاي ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .
تاختا ـ كويزىلىق بۇ شەيخلەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئاشخانىغا كىردى ۋە قىڭراق ئاچىقىپ جۇ باجىيغا بەردى ۋە :
— غوجام ، سىز تۇۋرۇككە باغلانغان بالا شەيخلەرنىڭ قولىدىكى قۇلۇپنى ئېچىۋېتىڭ . ئۇلار بېرىپ تاماق قىلسۇن ۋە بېگىمگە سۇ تەييارلاپ بەرسۇن . بىز بازارغا بېرىپ سۈپۈرگە تېپىپ

كېلەيلى ، — دېدى .
— قـولۇپ ئاچماق قانچىلىك تەس ئىش بولسۇن؟ بۇنىڭغا قىڭراق ، پالتا كەتمەيدۇ . ئاۋۇ يوغىلۇق غوجام قولۇپ ئېچىشنىڭ پىرى ، — دېدى جو باجىي كولۇپ .
سۇن ۋۇكوڭ يېقىن كېلىپ قولۇپ ئېچىش ھونىرى بىلەن قولۇپنى شۇنداق سىلىغانىدى ، قولۇپلار شاراقلاپ يەرگە چۈشتى . ئۇلار يوگۇرگەن پېتى ئاشخانىغا بېرىپ قازان - چۆمۈچلەرنى تازىلاپ چاي راسلاپ ، غىزا ئەتتى . تـاڭ سەنـزاڭلار غىزالىنىپ بولغۇچە ، ئاستا - ئاستا قاراڭغۇمۇ چۈشتى . كويزا - تاختىلىق شەيخلەر ئىككى سوپۇرگە ئەكەلدى . تاڭ سەنزاڭ خوش بولۇپ ، دەرھال تار يەڭلىك تـونـنى كىيىپ ھالقىلىق بەلباغنى باغلىدى ، يۇمشاق چورۇق كىيىپ ، يېڭى سوپۇرگىدىن بىرنى قولىغا ئالدى - دە :
— سـىلـەر ئـارام ئېـلىڭـلار ، مـەن مۇنـارنى سوپـۇرۇپ كېلەي ، — دېدى .
— كېچە ، ئۇنىڭ ئۇستىگە سوغۇق شامال چىقىۋاتىدۇ . يالغۇز بارسىڭىز كۇتۇلمىگەن ئەھۋال بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ، مەن بىللە بارسام قانداق بولار؟ — دېدى سۇن ۋۇكوڭ .
— تېخى ياخشى ! بىللە بارغىن ! — دېدى تاڭ سەنزاڭ .
ئىككىيلەن بىردىن سوپۇرگىنى ئېلىپ ئالدى بىلەن سارايغا كىرىپ پەنەرنى يېقىپ كۆجە كۆيدۇردى ، ئاندىن بۇتقا باش ئۇرۇپ :
— پـېقىر چىن شۇەن زاڭ شەرقىي دىياردىكى ئۇلۇغ تاڭ پادىشاھىنىڭ پەرمانى بىلەن خىسلەتلىك تاغقا بۇددا نومىنى ئالغىلى كېـتـىـۋاتـاتتىم . بۈگۈن چاش دۆلىتىدىكى نۇرانە ئىبادەتخانىغا كەلگەنىدۇق . بۇ يەردىكى راھىبلاردىن مۇنارنىڭ بۇلانغانلىقىنى ، پـادىـشـاھـنـىڭ بـۇنـى راھـىـبلاردىـن كۆرۈپ ئۇلارنى قاتتىق ئازابلاۋاتقانلىقىنى بىلدۇق . ئەمما ، ھەق - ناھەقنى ئايرىماق تەس بـولـدى . شـۇڭا ، شاگىرتىم ئىككىمىز چىن ئىخلاسىمىز بىلەن مۇنارنى سوپۇرۇشنى نىيەت قىلدۇق . بۇددىمىزنىڭ ئۆز كارامىتى بىلەن مۇنارنىڭ بۇلىنىش سەۋەبلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىپ ، پۇقرا

بىلەن دۆلەت ئاتىسى ئۇتتۇرىسىدىكى ناھەقچىلىققا بەرھەم بېرىشنى تىلەيمىز .

دۇئا ـ تىلاۋەتتىن كېيىن سۇن ۋۇكۇڭ مۇنار ئىشىكىنى ئاچتى ـ دە ، تۆۋەندىن ـ يۇقىرىغا سۈپۈرۈشكە باشلىدى . ئۇلار سۈپۈرە ـ سۈپۈرە يەتتىنچى قەۋەتكە چىققاندا ئىككىنچى جېسەك ۋاقتى بولدى . تاڭ سەنزاڭ چارچىدى .

— بۇ مۇنار قانچە قەۋەتتۇ ؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

— ئاز دېگەندە ئون ئۈچ قەۋەتتۇ دەيمەن ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— ئۇنداق بولسا سۈپۈرۈپ ، ئەھدىمىزنى ئادا قىلايلى ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ ھارغىنلىقىنى يېڭىپ . ئاندىن يەنە ئۈچ قەۋەتنى سۈپۈردى . پۇتلىرى تېلىپ ، بېلى ئاغرىپ كەتتى . ئاخىر بولالماي ئونىنچى قەۋەتتە ئولتۇرۇپ :

— سۇن ۋۇكۇڭ ، قالغان ئۈچ قەۋەتنى مەن ئۈچۈن سەنلا سۈپۈرۈۋەتكىن ، — دېدى .

سۇن ۋۇكۇڭ غەيرەت قىلىپ سۈپۈرۈپ ئون بىرىنچى قەۋەتكە ، ئارقىدىنلا ئون ئىككىنچى قەۋەتكە چىقتى . تۇيۇقسىز يۇقىرىدىن گەپ ـ سۆز ئاۋازى ئاڭلاندى . سۇن ۋۇكۇڭ دەرھال : «ئالۋاستى ! چوقۇم يامان نىيەتلىك مەخلۇق بار ئىكەن . چىقىپ قاراپ باقايچۇ !» دېدى .

سۇن ۋۇكۇڭ سۈپۈرگىنى قولتۇقىغا قىستى ـ دە ، ئالدىدىكى ئىشىكتىن چىقىپ بۇلۇتقا دەسسەپ ئەتراپقا نەزەر سالدى . مۇنارنىڭ ئون ئۈچىنچى قەۋىتىدە ئىككى جىن ئولتۇراتتى ، ئالدىدا بىر تەخسە قورۇما ، بىر قاچا ، بىر چەينەك تۇراتتى . ئۇلار مۇشت ـ بارماق ئويۇنى قىلىپ ھاراق ئىچىشىۋاتاتتى . سۇن ۋۇكۇڭ ھۈنىرىنى ئىشلىتىپ سۈپۈرگىنى تاشلىدى ـ دە ، ئالتۇن توقىسىنى ئېلىپ ئىشىكنى توسۇپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى :

— ھوي جادۇگەرلەر ! مۇناردىكى ئەڭگۈشتەرنى ئەسلىي سەنلەر ئوغرىلاپسەن ـ دە !

ھېلىقى ئىككى مەخلۇق ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ چەينەك ـ قاچىلىرىنى كۆتۈرۈپ قېچىشقا ھازىرلانغانىدى، سۇن ۋۇكۇڭ تۆمۈر كالتىكى بىلەن توسۇۋالدى:

— سەنلەرنى ئۆلتۈرۈۋەتسەم، ھېچكىم ئەرز قىلالمايدۇ! — ئۇ كالتىكى بىلەن ئۇلارنى تامغا نىقتىدى، ئۇ نىمىلەر مىدىر ـ سىدىر قىلالماي: «بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەي! بىر قوشۇق قېنىمدىن كېچىڭ!» دەپ نالە قىلدى. سۇن ۋۇكۇڭ ئۇ ئىككىسىنى كۆتۈرگىنىچە ئونىنچى قەۋەتكە ئەچىقتى.

— ئۇستاز! ئەڭگۈشتەرنى ئوغرىلىغان ئوغرىلارنى تۇتۇۋالدىم! — دەپ خەۋەر قىلدى ئۇ. مۇگدەپ ئولتۇرغان تاڭ سەنزاڭ شاگىرتىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى ۋە خۇش بولدى.

— قەيەردىكەن ئۇلار؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

سۇن ۋۇكۇڭ ئۇلارنى ئالدىدا تىزلاندۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— ئۇلار مۇنارنىڭ ئەڭ ئۇستىدە مۇشت ـ بارماق ئويۇنى قىلىپ ھاراق ئىچىشىۋېتىپتىكەن. مەن ۋاراڭ ـ چۇرۇڭنى ئاڭلاپ بۇلۇڭقا چىقىپ قاراپ ئۇلارنى كۆردۇم، دەرھال سەكرەپ چۈشۈپ ئاسانلا تۇتۇۋالدىم. ئۇستاز، ئۇنى سوراق قىلىپ ئۇلارنىڭ قەيەرلىك جىن ئىكەنلىكى، ئوغرىلىغان ئەڭگۈشتەرنىڭ قەيەردىلىكىنى ئۇقۇپ باقسىلا.

ھېلىقى مەخلۇقلار غال ـ غال تىترەپ: «بىر قوشۇق قېنىمىزدىن كەچسەڭلار!» دەپ نالە قىلىپ تۇرۇپ راست گەپنى ئېيتىپ بەردى:

— بىز ئىككىمىز لۆەنشى تېغى زۇمرەت كۆلدىكى كارامەتلىك ئەجدىھا شاھنىڭ ئەمرى بىلەن مۇنارنى كۆزىتىۋاتقانلارمىز. بۇنىڭ ئىسمى دولقۇن كېزەر، مېنىڭ ئىسمىم كېزەر دولقۇن. ئەجدىھا شاھ سۇن ۋۇكۇڭ كەلگەندە تەييار تۇرۇش ئۇچۇن بىزنى بۇ يەرگە كۆزەتكە ئەۋەتكەن.

ئۇنىڭ گېپى تۈگىشىگە، جۇ باجيې بىرنەچچە بالا شەيخ بىلەن

چىراغ كۆتۈرۈپ چىقتى-دە :
— ئۇستاز ، مۇنارنى سۈپۈرۈپ ، بولغاندىن كېيىن چۈشۈپ ئۇخلىماي بۇ يەردە نېمە دېيىشىۋاتىسىلەر؟ — دېدى .
— ئىنىم ، ئۇبدان چىقتىڭ . مۇناردىكى ئەڭگۈشتەرنى ئەجدىھا شاھ ئوغرىلاپ كېتىپتۇ . بۇگۈن مۇنارنى كۆزەت قىلغاچ بىزنىڭ كېلىشىمىزنى ئۇقۇشقىلى كەلگەن بۇ ئىككى جىننى تۇتۇۋالدىم ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .
— بۇلارنىڭ ئىسمى نېمە ئىكەن ، زاتىچۇ؟ — دېدى جۇ باجىي .
— باياتىن ئىقرار قىلىشچە ، بىرىنىڭ ئىسمى دولقۇن كېزەر ، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى كېزەر دولقۇن؛ بىرى نيەنيۈي بېلىقى ، بىرى قارا بېلىق ئىكەن ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .
جۇ باجىي شۇئان تىرنىسى بىلەن ئۇلارنى ئۇرماقچى بولۇپ :
— بۇ جىنلاردىن ئۇقىدىغاننى ئۇقۇپ بوپسىلەر ، ئەمدى ئۆلتۈرۈۋەتمەي ساقلاپ نېمە قىلىمىز ، — دېدى .
— سەن ئۇقمايسەن . بۇلارنى ئۆلتۈرمىسەك ، پادىشاھ بىلەن كۆرۈشكەندە گەپنى يوغان قىلالايمىز ، يەنە بۇلارنى دەسمايە قىلىپ تۇرۇپ ئوغرىلارنى تۇتىمىز - دە ، ئەڭگۈشتەرنى پاتراق ئالالايمىز ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ ئۇنى توسۇپ .
بۇ گەپ بىلەن جۇ باجىي تىرنىسىنى جايىغا قويدى . سۈن ۋۇكۇڭ ئىككىسى بىردىن جىننى تۇتۇپ پەسكە چۈشتى . بالا شەيخلەر خۇشال - خۇراملىق بىلەن پانۇس كۆتۈرۈپ تاڭ سېڭنى مۇناردىن چۈشۈردى . بىرى يۈگۈرۈپ بېرىپ شەيخلەرگە خەۋەر يەتكۈزدى :
— خۇش خەۋەر! بىز ئەمدى ئازابتىن قۇتۇلىدىغان بولدۇق . ئەڭگۈشتەرنى ئوغرىلىغان جىنلارنى غوجىلىرىمىز تۇتۇپ كەلدى!
— تۆمۈر زەنجىر ئەكېلىڭلار . بارىبىت ياغىچىغا بۇ جىنلارنى باغلاپ قۇلۇپلاپ قويايلى . سىلەر بۇلارغا قاراڭلار . بىز بېرىپ ئۇخلاپ ، باشقا ئىشلارنى ئەتە قىلايلى ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

شەيخلەر تاڭ سەنزاڭلارنى ياتقۇزۇپ قويۇپ ، ئۆزلىرى جىنلارنى چىڭ ساقلىدى .

ھەش - پەش دېگۈچىلا تاڭ ئاتتى .

— مەن سۇن ۋۇكۇڭ بىلەن ئوردىغا بېرىپ يولخېتىنى ئالماشتۇرۇپ كېلەي ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ . ئاندىن رەتلىك كىيىنىپ يولغا چىقتى . سۇن ۋۇكۇڭمۇ يولخېتىنى ئېلىپ بىللە ماڭدى . جۇ باجىي :

— بۇ جىنلارنى نېمىشقا ئېلىپ بارمايسىلەر ؟ — دېدى .

— بىز ئوردىغا بارغاندىن كېيىن ، پادىشاھ ئۇلارنى ئالغىلى ئادەم ئەۋەتىدۇ ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ . ئۇلار ئاستا مېڭىپ ئوردىغا يېقىنلاشتى . ھەممە ياق قاينام تاشقىنلىقتا چۆمگەن بولۇپ ، ئوردا قىزىل رەڭدە تاۋلىنىپ تۇراتتى . ئۇلار كۇنچىقىش دەرۋازىسىغا كېلىپ دەرۋازىدا ئىشىك ئاغىسىغا سالام قىلىپ :

— مالال كۆرمەي شاھقا خەۋەر قىلسىڭىز ، پېقىر بۈيۈك تاڭ دۆلىتىدىن غەربكە بۇددا نومىنى ئالغىلى كېلىۋېتىمەن . يولخېتىنى ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن شاھىمىزنى زىيارەت قىلىپ كەلدىم ، — دېدى .

ئىشىك ئاغىسى شاھقا خەۋەر قىلدى . شاھ ئۇلارنى باشلاپ كىرىشكە ئەمر قىلدى . تاڭ سەنزاڭ بىلەن سۇن ۋۇكۇڭ ئوردىغا كىردى . ئەلەمدار - قەلەمدار بەگلەر سۇن ۋۇكۇڭنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى ۋە تېنى شۈركۈنۈپ ئۇزاقراق قاراشقىمۇ پېتىنالمىدى . تاڭ سەنزاڭ تەخت ئالدىدا يۈكۈنۈپ شاھقا سالام بەرگەندىن كېيىن دېدى :

— كەمىنىڭىز جەنۇبىي دېڭىز بويىدىكى شەرقىي دىياردىكى ئۇلۇغ تاڭ دۆلىتى پادىشاھىنىڭ ئەمرى بىلەن غەربىي دىياردىكى ھىندىستاننىڭ چوڭ گۆھەرنېشىن ئىبادەتخانىسىدا تۇرىدىغان بۇددىمىزدىن نوم ئالغىلى كېتىۋاتىمەن . زېمىنىڭىزغا ئۆز ھەددىم بىلەن ئاياغ باسقىنىم يوق . يولخېتى بىلەن كېتىۋاتىمەن ، ئۇنى

ئالماشتۇرۇپ سەپىرىمىزگە ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىشىڭىزنى سورايمەن .

پادىشاھ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ ، ھۆدەيچىگە تاڭ دۆلىتىدىن كەلگەن ئەۋلىيانى ئالتۇن قوڭغۇراقلىق سارايغا باشلاپ كىمخاب ـ شايى كۆرپىلەردە ئولتۇرغۇزۇشقا بۇيرۇدى .

تاڭ سەنزاڭ سارايغا ئۆزى يالغۇز كىردى ۋە يولخېتىنى پادىشاھقا تۇتقاندىن كېيىن بېرىپ كىمخاب كۆرپە ئۈستىدىن ئورۇن ئالدى .

پادىشاھ يولخېتىنى كۆرۈپ چىقىپ ئىنتايىن خۇرسەن بولدى ھەمدە :

— بۇيۈك شاھىڭىز ئاجايىپ پاراسەتلىك ئىكەن ، سىزدەك دانىشمەن راھىبنى تاللاپ ، يول ئازابى ۋە يىراقلىقىدىن قاچماي بۇددىنى تاۋاپ قىلىپ نوم ئەكېلىشكە ئەۋەتىپتۇ . بۇ يەردىكى شەيخلىرىمىز ئوغرىلىق قىلىپ دۆلىتىمىزنى نومۇسقا قويدى . شاھىنىڭ يۈزىنى تۆكتى ! — دېدى .

— قانداق بولۇپ دۆلىتىڭىز نومۇسقا قېلىپ ، سىزنىڭ يۈزىڭىز تۆكۈلدى ؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ ئالىقىنىنى جۈپلەپ .

— دۆلىتىمىز غەربتىكى شەھەرلەرنىڭ كۆزى ئىدى . تۆت چەت دۆلەت دائىم بىزگە سوۋغا ـ سالاملار ئەكېلىپ تۇراتتى . بۇنداق بولۇشى ، دۆلىتىمىز تەۋەسىدە نۇرانە ئىبادەتخانا ، ئىبادەتخانىدا ئالتۇن مۇنار بار ئىدى . مۇناردىن ئەتراپقا نۇر چېچىلىپ تۇراتتى . يېقىندا ئىبادەتخانا راھىبلىرى مۇنار ئىچىدىكى ئەڭگۈشتەرنى ئوغرىلىۋېلىشتى . شۇڭا ئۈچ يىلدىن بېرى نۇرمۇ يوق بولدى ، چەت ئەللىكلەرمۇ ئاياغ باسمىدى . بۇنىڭغا ئىچىم قايناپ ئەلەم يۇتۇپ يۈرىمەن ، — دېدى پادىشاھ .

— شاھىم ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ ئالىقىنىنى جۈپلىگىنىچە كۈلۈپ تۇرۇپ ، — «قىلدىن كەتسەڭ ، قىرىقتىن كېتىسەن» دەپتىكەن . تۈنۈگۈن ئاخشام كەمىنىڭىز دۆلىتىڭىزگە يېتىپ كەلدۇق . شەھەرگە كىرىشىمىزگە بوينىغا تاختا سېلىنغان ،

قوللىرى كويزىلانغان ئۇن نەچچە شەيخ ئۇچرىدى . ئۇلاردىن نېمە گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكىنى سورىۋىدۇق ، «بىز نۇرانە ئىبادەتخانىنىڭ ئۇۋال قىلىنغان راھىبلىرى» دېدى . كېيىن ئىبادەتخانىغا بېرىپ ئەھۋالنى ئىنچىكە ئۇقۇپ بىرنېمە دېيەلمەي قالدۇق ؛ كەمىنىڭىز كېچىسى مۇنارنى سۇپۇرگىلى كىرىپ ئۇ يەردىن ئەڭگۈشتەرنى ئوغرىلىغان ئوغرى جىننى قولغا چۈشۈردۈم .

— ئوغرىلار قەيەردە ؟ — دېدى پادىشاھ ئىنتايىن خۇش بولۇپ .

— شاگىرتلىرىم ئىبادەتخانىغا زەنجىر بىلەن باغلاپ قويدى ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

پادىشاھ دەرھال پەرمان چۈشۈردى :

— كىمخاب تونلۇق ياساۋۇللار ، دەرھال نۇرانە ئىبادەتخانىغا بېرىپ ئوغرىنى ئەكېلىڭلار ، ئۆزۈم سوراق قىلىمەن !

— پادىشاھىم ، كىمخاب تونلۇق ياساۋۇللىرىڭىز بولغان تەقدىردىمۇ ، شاگىرتىم بىللە بارسا ئوبدان بولارمىكىن ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

— شاگىرتىڭىز قېنى ؟ — دېدى پادىشاھ .

— ئاۋۇ مەرمەر پەلەمپەي يېنىدا تۇرغان شاگىرتىم بولىدۇ ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ ئۇنى كۆرسىتىپ .

پادىشاھ ئۇنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى ۋە :

— ئۆزىڭىز شۇنداق كېلىشكەن سالاپەتلىك كىشى ئىكەنسىز . شاگىرتىڭىز نېمانچە بەتبەشىرە ؟ — دېدى . سۇن ۋۇكۇڭ بۇنى ئاڭلاپ قېلىپ دەرھال :

— پادىشاھ ئالىيلىرى ، ئادەمنى چىراي بىلەن ، دېڭىز سۈيىنى چۆمۈچ بىلەن ئۆلچىگىلى بولماس ، دەپتىكەن ، مەن چىرايلىق ، سالاپەتلىك بولغان بولسام ، ئوغرى جىنلارنى تۇتالايتتىممۇ ؟ ، — دېدى .

شۇئان پادىشاھتىكى قورقۇش خۇشاللىققا ئايلاندى :

— توغرا ئېيتتىڭىز ، بىز بۇ يەردە گۈزەللەرنى تاللاۋاتمايمىز .

ئوغرىنى تۇتۇپ ئەڭگۈشتەرنى مۇنارغا ئەكىلىۋالساقلا بولغىنى.

پادىشاھ ناھايىتى ئىبسىل تەختىراۋاندىن بىرنى تەييارلاشنى بۇيرۇدى. كىمخاب تونلۇق ياساۋۇللار باشلىقى سۇن ۋۇكۇڭنى تەختىراۋانغا ئولتۇرغۇزۇپ سەككىز ئادەمگە كۆتۈرگۈزدى. تۆت ئادەمنى ئالدىدا ماڭغۇزۇپ توۋلاپ يول ئاچقۇزدى ـ دە، ئۇدۇل نۇرانە ئىبادەتخانىغا ماڭدى. بۇ ئىش پۈتۈن شەھەردىكى ئاھالىنى تەۋرىتىۋەتتى. سۇن ۋۇكۇڭ بىلەن جىننى كۆرگىلى كەلمىگەن بىرمۇ ئادەم قالمىدى.

جۇ باجىي، شا ۋۇجىڭلار ۋاراڭ ـ چۇرۇڭنى ئاڭلاپ ئىتتىك چىقىپ قارىسا، سۇن ۋۇكۇڭ تەختىراۋاندا ئولتۇراتتى.

— ئاغا، ئۆز ئەكسىڭىزگە كەپسىز! — دېدى جۇ باجىي.

سۇن ۋۇكۇڭ تەختىراۋاندىن چۈشۈپ جۇ باجىينى قولتۇقلاپ:

— مەن قانداق ئۆز ئەكسىمگە كېپتىمەن؟ — دېدى.

— سىرىق كۆنلۈكنى تۇتۇپ سەككىز كىشى كۆتۈرگەن تەختىراۋاندا ئولتۇرۇپسىز. بۇ مايمۇن پادىشاھلىقىڭىزغا لايىق ئىشقۇ؟ شۇڭا ئەتەي شۇنداق دېدىم، — دېدى جۇ باجىي كۈلۈپ.

سۇن ۋۇكۇڭ:

— چاقچاق قىلما، — دېدى ۋە جۇ باجىي بىلەن شا ۋۇجىڭغا بىردىن جىننى ئاچىقتۇردى، ئاندىن ئۆزى تەختىراۋاندا ئولتۇرۇپ، ئىككى جىننى يالاپ ئوردىغا ئېلىپ ماڭدى.

ئۇ كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئارىلىقتا ئوردىغا يېتىپ كېلىپ پادىشاھقا:

— ئوغرى جىنلارنى ئەكەلدۇق، — دېدى.

پادىشاھ شاھانە تەختىدىن چۈشۈپ تاڭ سېڭ ۋە ئەلەمدار، قەلەمدار ئەمەلدارلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلدى. جىنلارنىڭ بىرىنىڭ ئىككى مەڭزى دومباق، تېرىسى قاپقارا، چىشى ئۆتكۈر ئىدى؛ يەنە بىرىنىڭ تېرىسى سىلىق، قورسىقى يوغان، ئاغزى غەپسە چوڭ، بۇرۇتى ئۇزۇن ئىدى، پۇتلىرى بولسىمۇ، چىرايى ئاساسەن ئادەمگە ئوخشايتتى. پادىشاھ ئۇلارنى سوراققا

تارتتى :
— سەنلەر قەيەردىن كەلگەن ئوغرىلار ، قەيەرنىڭ جىنلىرى ؟ زېمىنىمىزغا قاچاندىن بېرى بېسىپ كىرىشتىڭ ؟ ئەڭگۈشتەرىمىزنى قاچان ئوغرىلاپ كېتىشتىڭ ؟ سەنلەر قانچە ، ئۇلارنىڭ ئىسمى نېمە ؟ بىر - بىرلەپ ئىقرار قىلىش !

ئىككى جىن پادىشاھقا باش ئۇردى . پېشانىسى قاناپ كەتسىمۇ ئاغرىقىنى سەزمىدى . ئۇلار مۇنۇلارنى ئىقرار قىلدى :
— ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا ئەجدىها شاھ ۋەن شېڭ مۇشۇ دۆلەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا كېلىپ ئولتۇراقلاشتى . كۆلنىڭ ئىسمى زۇمرەت كۆل ، تاغنىڭ ئىسمى لۇەنشى . ئۇنىڭ ئىنتايىن ئەركە نايناق ، بەكمۇ ساھىبجامال بىر قىزى بار ئىدى . بۇ قىزنى جيۇتۇ ئىسىملىك ، هۈنەر - ماھارەتتە تەڭداشسىز بىرىگە بېرىپ ئۇنى ئىچ كۇيئوغۇل قىلدى . ئۇ بۇ مۇنارنىڭ خاسىيىتىنى بىلىدىكەن . شۇڭا ، ئەجدىها شاھ بىلەن بىرلىشىپ بۇ يەرگە كېلىپ ئاۋۋال قارا يامغۇر ياغدۇرۇۋەتتى ، ئاندىن سارىرانى ئوغرىلىدى . هازىر ئۇ ئەجدىها ئوردىسىنى تۈن كېچىدىمۇ كۈندۈزدەك يورۇتۇپ تۇرىدۇ . مەلىكە كارامىتىنى كۆرسىتىپ تۇيدۇرماستىن ئەرشكە چىقتى ۋە خان ئانىمىزنىڭ مېھرىگىياھىنى ئوغرىلاپ كۆلنىڭ تېگىگە تېرىپ ئۆستۈردى . بىز ئىككىمىز ئوغرىلارنىڭ بېشى ئەمەس ، شاھىمىزنىڭ چاكارلىرى . بۈگۈن كېچە تۇتۇلۇپ قېلىپ ھەممىنى ئىقرار قىلدۇق .
— ئىقرار قىلىشقان بولساڭ ، نېمىدەپ ئىسمىڭنى دېيىشمەيسەن ؟ — دېدى پادىشاھ .
— مېنىڭ ئېتىم دولقۇن كېزەر ، نيەنيۈي بېلىقى بولىمەن ، ئۇنىڭ ئېتى كېزەر دولقۇن ، قارا بېلىق بولىدۇ ، — دېدى بىر جىن .
پادىشاھ كىمخاب تونلۇق ياساۋۇللىرىغا بۇلارنى زىندانغا سولاپ ئوبدان قاراشنى بۇيرۇدى . ئاندىن مۇنداق پەرمان چۈشۈردى :
— نۇرانە ئىبادەتخانىدىكى راھىبلار دەرھال ئازاد قىلىنسۇن . داستىخانچى بەگ تېزدىن چىلىك قەسرىگە زىياپەت هازىرلىسۇن .

راھىبلارنىڭ ئوغرىلارنى بىلىۋالغانلىقى قۇتلۇقلىنىپ، ئەۋلىيا سامغىنى ئوغرىلارنى تۇتۇشقا تەكلىپ قىلىش ئىشى مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

داستىخانچى بەگ شۇئان گۆشلۈك ۋە گۆشسىز قىلىپ غىزا تەييارلاتتى. پادىشاھ تاڭ سەنزاڭنى تۆرگە تەكلىپ قىلدى؛ سۇن ۋۇكۇڭ سول تەرەپتىكى شىرەدە، جۇ باجيې، شاسېڭلار ئوڭ تەرەپتىكى شىرەدە ئولتۇردى. بۇ شىرەلەرگە پۈتۈنلەي مېۋە-چېۋە، گۆشسىز سەي، تائام، ئادەتتىكى چاي قويۇلغانىدى. ئالدى تەرەپتىكى بىر شىرەدە گۆشلۈك غىزالار قويۇلۇپ، پادىشاھ شۇ تەرەپتىن ئورۇن ئالدى. ئۇندىن باشقا يۈزدەك شىرەمۇ گۆشلۈك غىزالار بىلەن تولغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئەلەمدار، قەلەمدارلار جايلاشتى. پادىشاھ قەدەھ كۆتۈردى. تاڭ سەنزاڭ ھاراق ئىچمەي، شاگىرتلىرى بىلەن چاي ئىچتى. ئۇندىن كېيىن ئەلنەغمە، ساز ئاڭلىغاچ راھەتلىنىپ ئولتۇرۇپ غىزالىنىشتى. جۇ باجيې تائاملارنى بۆلەكچە ئىشتىھا بىلەن يەپ، بىر شىرەدىكى مېۋە-چېۋە، ھەر خىل قورۇمىلارنى ھەش-پەش دېگۈچە سوقۇۋەتتى. قويۇلغان ھاراقلارنىمۇ ياندۇرماستىن ئىچىۋەردى. ۋاقىت چۈشتىن قايرىلغاندا ئاندىن زىياپەت تۈگىدى.

تاڭ سەنزاڭ زىياپەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن پادىشاھقا تەشەككۈر ئېيتتى. پادىشاھ ئۇنى يەنە تۇتۇۋېلىپ:

— بۇ زىياپەت سىزلەرنىڭ جىنلارنى تۇتقىنىڭىزلارنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن بېرىلدى، — دېدى ھەمدە داستىخانچى بەگكە بۇيرۇق قىلدى، — دەرھال جيەنجاڭ ئوردىسىدا زىياپەت تەييار قىلىڭلار. ئەۋلىيا سامغىنى يەنە بىر رەت مېھمان قىلىپ، ئوغرىلارنىڭ كاتتىبېشىنى تۇتۇش، ئەڭگۈشتەرنى ياندۇرۇۋېلىش، مۇنارغا قايتۇرۇپ كېلىش چارىسىنى مۇھاكىمە قىلايلى.

— ئوغرىلارنى تۇتۇپ ئەڭگۈشتەرنى تاپىدىغان ئىش ئۈچۈن زىياپەت قىلىپ ئاۋارە بولماڭلار. بىز شۇ تاپىنىڭ ئۆزىدىلا سىز بىلەن خوشلىشىپ ئوغرىلارنى تۇتۇشقا ماڭايلى، — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

پـادىشاھ پەقەت ئۇنىماي ، ئۇلارغا جىيەنجاڭ ئوردىسىدا يەنە زىياپەت بەردى . پادىشاھ قەدەھ كۆتۈرۈپ :
— قـايـسى ئەۋلىيا سامغا ئالۋاستىنى تۇتقىلى باردۇ ؟ — دېدى .
— چـوڭ شـاگىرتىم سۇن ۋۇكـۇڭ باردۇ ، — دېدى تاڭ سـەنـزاڭ . سـۇن ۋۇكـۇڭ دەرھال قولىنى جۈپلەپ ھۆرمىتىنى بىلدۈردى .
— سۇن ۋۇكۇڭ بارىدىغان بولسا ، قانچىلىك ئادەم ئېلىپ ، قاچانلاردا يولغا چىقىدىكىن ، — دېدى پادىشاھ .
جۇ باجيې ئۆزىنى باسالماي توۋلىۋەتتى :
— ئـادەمـلـەرنى نـېـمـە قـىـلاتـتـۇق ! قـاچـان مـاڭـساق مېڭىۋەرمەمدۇق ! قورساقمۇ تويدى ، ھاراق - شارابمۇ يېتەرلىك بـولـدى . ئـاغـام ئـىـككىمىز شۇ تاپىنىڭ ئۆزىدىلا بېرىپ تۇتۇپ كېلىمىز !
— ئـۇنـداق بـولسا ، شا ۋۇجىڭ ئۇستازدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرسۇن . ئىككىمىز بېرىپ كېلەيلى ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .
— ئـىـككىڭىزلار ئادەم ئالمىغان ھالەتتىمۇ قورال - ياراغ ئالارسىزلەر ؟ — دېدى پادىشاھ
— سىزدە بار قورالالارنى بىز ئىشلىتەلمەيمىز . ئۆزىمىزنىڭ قورالىمىز بار ، — دېدى جۇ باجيې كۈلۈپ .
بۇنى ئاڭلاپ پادىشاھ مىس قەدەھتە شاراب تۇتۇپ ئىككىسىگە ئۇتۇق تىلىدى .
سۇن ۋۇكۇڭ :
— بـىـرنەرسـە يېـمەيمىز . قاراۋۇللىرىڭىز ئىككى جىننى ئەكېلىپ بەرسۇن . بىز ئۇنى يول باشلىغۇچى قىلىمىز ! — دېدى .
پـادىشاھ دەرھال بۇنىڭغا پەرمان بەردى ۋە پەرمان دەرھال ئىجرا قىلىندى . ئىككىيلەن بىردىن جىننى تۇتۇپ شامالغا چىقىپ شەرقىي جەنۇب تامان راۋان بولدى . ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن ئۇلارنى قانداق تۇتقانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز .

# ئاتمىش ئۈچىنچى باب

## *سۈن ۋۇكۇڭ، جۇ باجىيلارنىڭ ئەجدىھا ئوردىسىنى مالىمان قىلغانلىقى*
## *ئەۋلىيالارنىڭ ياردىمىدە جىن - ئالۋاستىلارنى يوقىتىپ ئەخگۈشتەرنى قولغا چۈشۈرگەنلىكى*

ئەلقىسسە، سۈن ۋۇكۇڭ بىلەن جۇ باجيې ئىككى جىننى ئېلىپ لۈەنشى تېغىدىكى زۇمرەت كۆلگە كەلدى. سۈن ۋۇكۇڭ بۇلۇتنى توختىتىپ ئالتۇن توقىنى ئېلىپ بىر پۈۋلەپ «ئۆزگەر» دېگەنىدى، بىر قىڭراققا ئۆزگەردى. ئۇ قارا بېلىقنىڭ قولىقىنى، نيەنيۈي بېلىقنىڭ تۆۋەندىكى كالپۇكىنى كېسىۋېلىپ كۆلگە ئاتتى-دە:

— چاپسان بېرىپ ئەجدىھا شاھقا خەۋەر قىلىڭلار! غوجا ئاكىمىز سۈن ۋۇكۇڭ ئەۋلىيا ئەزەم جىنىمىزنى ساقلاپ قالدى. ئامان قالاي دېسە، چاش دۆلىتىدىكى نۇرانە ئىبادەتخانىنىڭ مۇنارىدىن ئېلىۋالغان ئەخگۈشتەرنى ماڭا تاپشۇرسۇن! ئەگەر «ياق» دەيدىغان بولسا كۆلنىڭ سۈيىنى قوچۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى جىنىدىن جۇدا قىلىمەن دەيدۇ، دەڭلار! — دېدى.

ئىككى جىن بۇيرۇقنى ئاڭلىدى-دە، ئاغرىقىغا چىداپ بەدەر قاچتى ۋە، زەنجىرنى سۆرىگەن ھالدا سۇغا كىردى، بىرى قولىقىنى ئېتىپ، قۇيرۇقى ۋە بېشىنى گىلدىڭلاتقان؛ يەنە بىرى تۇمشۇقىنى تۇتقان پېتى مەيدىسىگە مۇشتلىغان ۋە يەر تەپكەن ھالدا قىقاس-چۇقان كۆتۈرۈپ شاھ ئوردىسىغا كىردى-دە، ئەجدىھا شاھقا خەۋەر قىلدى:

— پادىشاھىم، چاتاق بولدى!

ئەجدىھا شاھ كۆيئوغلى جيۈتو بىلەن ھاراق ئىچىپ ئولتۇراتتى. بۇ ئىككىيلەننى كۆرۈپ نىمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدى. بۇلار ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي:

— تۈنۈگۈن كۆزەت قىلىۋاتساق تاڭ سىيەك، سۈن ۋۇكۇڭ، جۇ باجيېلار مۇنارنى سۇپۇرگىلى چىقىپ بىزنى تۇتۇۋالدى، زەنجىر بىلەن باغلاپ قويدى. بۈگۈن ئەتىگەن پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئاپاردى. ئاندىن سۈن ۋۇكۇڭ بىلەن جۇ باجيې بىزنى بۇ يەرگە ئەكىلىپ بىرىمىزنىڭ قۇلىقىنى، بىرىمىزنىڭ كالپۇكىنى كېسىپ سۇغا تاشلىۋېتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئالدىلىرىغا ئەۋەتتى. ئەگەشتەرنى بەرسۇن دەۋاتىدۇ، — دەپ بولغان ئىشنى يىپىدىن يىڭنىسىغىچە سۆزلەپ بەردى.

ئەجدىھا شاھ سۈن دەرۋىشنىڭ پەلەك تەڭدىشى ئەۋلىيا ئەزەم سۈن ۋۇكۇڭ ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ جان - پىنى چىقىپلا كەتتى - دە، لاغىلداپ تىترىگەن ھالدا كۆيئوغلىغا:

— ئوغلۇم! باشقىسى كەلگەن بولسا بىر گەپ ئىدى. ئەگەر راستىنلا ئۇ كەلگەن بولسا ئىشىمىز چاتاق! — دېدى.

— ئاتا، خاتىرجەم بولۇڭ، ئوغۇللىرى كىچىكىمدىن تارتىپ جەڭ ماھارىتىنى ئوبدان ئۆگەنگەنمەن، تۆت دېڭىزدا تۇرغان ۋاقتىمدا پالۋانلاردىن تەلىم ئالغانمەن. ئۇنىڭدىن نىمە قورقۇش! مەن چىقىپ ئۇنىڭ بىلەن ئۈچ مەرتىۋە ئېلىشىپلا ئۇ نىمىنى ئەل قىلىمەن، — دېدى كۆيئوغلى.

بۇمۇ يامان نىمە، دەرھال ساۋۇت - دۇبۇلغىنى كىيىپ، چىشلىق كۈرەك دېگەن قورالىنى ئېلىپ ئوردىدىن چىقتى، سۇ يىرىپ ئۈستىگە كۆتۈرۈلۈپ:

— پەلەك تەڭدىشى ئەۋلىيا ئەزەم سۈن ۋۇكۇڭ دېگەن قايسىڭ؟ دەرھال كېلىپ جېنىڭنى ماڭا تاپشۇر! — دېدى.

سۈن ۋۇكۇڭ ئالتۇن توقىسىنى بىسىپ - بىسىپ قويۇپ، تۆمۈر كالتىكىنى دەڭسەپ تۇرۇپ:

— سۈن ۋۇكۇڭ دېگەن مانا مەن! — دېدى.

— سىنىڭ ماكانىڭ قەيەر! قەيەردە تۇغۇلغانسەن؟ چاش دۆلىتىگە قانداق كېلىپ قالدىڭ؛ قاپ يۈرەكلىك قىلىپ كۆزەتچىلىرىمنى تۇتۇۋاپسەنا تېخى؟! ، يەنە نېمە ھەددىڭدىن ئېشىپ ماكانىمىزغا كېلىپ جېدەل قىلىسەن، — دېدى ئالۋاستى.

سۇن ۋۇكۇڭ تىللاپ شۇنداق دېدى:

— ھوي ئوغرى، تېخى سەن غوجا ئاكاڭنى تونۇمايدىكەنسەن! يېقىنراق كېلىپ ئاڭلا، دەپ بېرەي:

*گۇلشەن تېغىدۇر مېنىڭ ماكانىم،*
*شارقىراتما غارنىڭ پەردىسى.*
*پەلەك تەگدىشى ئەۋلىيالىقا،*
*قويدى مېنى ئاسمان تەگرىسى.*
*پەرىشتىلەر كېلەلمىدى تەڭ،*
*قىلغىنىمدا كۆكنى مالىمان.*
*تاتھاگاتو چىقتى ئاخىر،*
*ئەقىل بابىدا قالتىس بىگۇمان.*
*مولاق ئاتتىم مەنمۇ بەسلىشىپ،*
*باستى مېنى قولى تاغ بولۇپ.*
*ئۆتۈپ مانا بەش يۈز يىل، مېنى،*
*بۇدساتىۋا قويدى قۇتۇلدۇرۇپ.*
*ماڭدى غەربكە تاڭ سەنزاڭ راھىب،*
*ئېلىپ كەلمەككە بۇددا نومىنى.*
*ئۇنى قوغداش ۋەزىپەم مېنىڭ،*
*جىن - شاياتۇندىن تازىلاپ يولىنى.*
*غەربىي دىيارنىڭ بۇ چاش شەھىرىدە*
*قازا تاپقانىكەن ئۈچ ئەۋلاد راھىب.*
*سەۋەبى ئۇنىڭ مۇناردىكى نۇر،*
*ئۆچۈرۈلۈپ بولغاچقا غايىب.*
*تازىلىدى مۇنارنى ئۇستاز،*

*جىنىنى تۇتۇپ قىلدۇردى ئىقرار .*
*يامغۇر ياغدۇرۇپ ئۆچۈرۈپ نۇرنى ،*
*ئوغرىلىغانىكەن گۆھەرنى جىنلار .*
*بىلدۇق ئوردىدا ئەھۋالنى تولۇق ،*
*كەلدىم ئۈمىدى بىلەن سۇلتانىنىڭ ،*
*قېنى چىققىن تۇتۇشايلى بىز ،*
*ئىسمى - زاتىمنى سورىما مېنىڭ .*
*ئەڭگۈشتەرنى تېز قايتۇر ئۇلارغا ،*
*شۇندا هايات قالىسەن ھەممىڭ .*

— ھە ، سەن ئەسلىي بۇددا نومىنى ئالغىلى كەلگەن شەيخ ئىكەنسەن - دە ! ئەڭگۈشتەرنى ئوغرىلىسام مەن ئوغرىلىدىم ، بۇنىڭ ساڭا نېمە ئالاقىسى بار ؟ سەن بۇددا نومىڭنى ئالغىلى كېتىۋەرمەي ، بۇ يەرگە كېلىپ نېمىدەپ مەن بىلەن ئۇرۇشىسەن ؟ — دېدى ئەجدىھا شاھنىڭ كۈيئوغلى سوغۇق كۈلۈپ .

— نېمانداق گىرى ئوغرىسەن ! مەنغۇ پادىشاھنىڭ سايىسىدە ئۇنىڭ ئاش - تۇزىنى يەپ ياشاۋاتىمەن . بىراق ، سەن ئۇنىڭ ئەڭگۈشتىرىنى ئوغرىلىدىڭ ، مۇنارىنى ئېپلاس قىلىۋەتتىڭ . نۇرانە ئىبادەتخانىدىكى راھىبلارنى شۇنچە يىللاردىن بېرى ئازابقا قويدۇڭ . مەن ئۇلار بىلەن بىر يولدىكى ئادەم تۇرسام ، نېمىدەپ ئۇلارغا ھەمدەم بولۇپ ناھەقچىلىكنى ئاقلىمايدىكەنمەن ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— سەن ئۇرۇشقان ئىكەنسەن . «ياخشىلار قورال ئىشلەتمەيدۇ» دېگەن گەپ بار . قىزىپ كەتكەندە رەھىم قىلماستىن جېنىڭغا زامىن بولۇپ قالسام ، بۇددا نومىنى ئەكېلىشىڭگە دەخلى يېتىپ قالارمىكىن ، دەۋاتىمەن . بولمىسا ...

سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپ تىللاپ كەتتى :

— ھوي ئېپلاس ئوغرى ، نېمەڭگە ئىشىنىپ يوغان گەپ قىلىسەن ! يامان بولساڭ كېلە قېنى !

جيۇتو هولۇقماستىن چىشلىق كۈرىكى بىلەن تۆمۈر كالتەكنى ئۈردى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار لۈەنشى تېغىدا ئېلىشىپ كەتتى. ئوتتۇز قەپەس ئېلىشتىيۇ، بىر ـ بىرىنى يېڭەلمىدى. جۇ باجيې تاغ ئالدىدا تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئېلىشىپ تازا ھارغانلىقىنى كۆرۈپ ئىرنىسىنى كۆتۈرگىنىچە ئالۋاستىنىڭ ئارقىسىدىن كەلدى. بۇ بىر نېمىنىڭ ئەسلى توققۇز بېشى بولۇپ، ھەممىسىدە كۆز بار ئىدى، شۇڭا ئۇ كەينىدىن جۇ باجيې كەلگەن ھامان چىشلىق كۈرىكى بىلەن ئىرنىنى توسۇدى، بېشى بىلەن تۆمۈر كالتەككە تاقابىل تۇردى. شۇ تەرىقىدە يەنە ئالتە ـ يەتتە قەپەس ئېلىشقاندىن كېيىن بەرداشلىق بېرەلمەي بىر يۇمىلاپلا ئاسمانغا چىقىپ ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى قىياپىتى — توققۇز باشلىق ئەجدىھا — نى ئاشكارلىدى. بۇ ناھايىتى بەتبەشىرە بولۇپ، قارىسىڭىز مۇنداق ئىدى:

*كېلىدۇ ئۇزۇنلۇقى ئىككى غۇلاچچە،*
*قاپلانغان توزغاقتەك يۇڭغا بەدىنى.*
*قارماقتا ئوخشايدۇ پۇتلىرى ئۇنىڭ،*
*تۇرقى پاقىنىڭ ئۆزى بەئەينى.*
*ھە، ئۇنىڭ باشلىرى دەلمۇدەل توققۇز،*
*بىر يەرگە توپلىشىپ ئۇسۇشۇپ تۇرار.*
*قانىتى بار ئۇنىڭ ئۇچۇشقا ماھىر،*
*گەر ئۇچسا سۇمۇرغمۇ بەلكىم تاڭ قالار.*
*لەرزىگە كەلتۈرەر ئۇ ئەتراپنى،*
*زىللىقى ھەتتاكى تۇرنىدىن ئارتۇق.*
*كۆزىدىن چاچرايدۇ سايسىرىق نۇرلار،*
*ئۇنىڭدەك مەخلۇقات ھېچ قەيەردە يوق.*

ئۇنى كۆرۈپ جۇ باجيې قورقۇپ كەتتى:

— ئاغا! مەن بۇنداق يىرگىنچلىك مەخلۇقنى ھېچقاچان كۆرمىگەنىدىم! — دېدى.

— ئاجايىپ بىرنەرسە ئىكەنا ! ئاجايىپ بىرنەرسە ئىكەنا بۇ ! مەن بېرىپ ئېلىشاي ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ۋە بىر موللاق ئېتىپ بۇلۇتقا چىقتى ، ئاندىن ھاۋادا موللاق ئېتىپ يۇرۇپ ئۇدۇل كەلگەن جايىغا ئۇرۇشقا باشلىدى . ئۇ مەخلۇقمۇ كارامىتىنى كۆرسەتتى ، يەنە ئۇچۇپ بېرىپ تاغنىڭ ئالدىغا باردى . قاپ بېلىدىن يەنە بىر باش چىقاردى . قانلىق ئاغزىنى ئېچىپ جۇ باجيېنى چىشلىدى ـ دە ، تارتىپ دېڭۇدەك كۆلگە ئەكىرىپ كەتتى . ئوردا قېشىغا كەلگەندە يەنە دەسلەپكى تۇرقىغا يېنىپ جۇ باجيېنى تۇتۇپ تۇرۇپ :

— نۆكەرلەر ، قېنى سىلەر ! — دەپ ۋارقىرىدى .

جىن ـ شاياتۇنلار ئۇلاش ـ چولاش «مانا بىز » دەپ يۇگۇرۇپ چىقتى .

— مانا بۇ شەيخنى باغلاپ قويۇڭلار ، كۆزەتچىلىرىمىزنىڭ ئۆچىنى ئالىمىز ! — دېدى ئەجدىھا شاھنىڭ كۈيئوغلى .

جىنلار چۇقان ـ سۇرەن بىلەن جۇ باجيېنى كۆتۈرۈپ كىرگەندى ، شاھ خۇشال بولۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى :

— ئوغلۇم ، قۇتلۇق بولسۇن . ئۇنى قانداق تۇتۇۋالدىڭىز ؟

ئۇ باياتىن بولغان ئىشلارنى بىرقۇر سۆزلەپ بەردى . شاھ زىياپەت قىلىپ ئۇنى تەبرىكلەشكە بۇيرۇق بەردى . بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن .

ئەلقىسسە ، سۇن ۋۇكۇڭ ھېلىقى ئالۋاستىنىڭ جۇ باجيېنى تۇتۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ئىچىدە : «بۇ ئەجەب يامان ئىمىكىنا ! كەينىمگە يېنىپ كەتسەم ئۇستازغا قانداق قارايمەن ، پادىشاھمۇ مېنى مازاق قىلىشى مۇمكىن . بېرىپ تىللاپ ئۇنى جەڭگە چاقىراي دېسەم تېخى يالغۇزمەن ، ھالبۇكى ، سۇ بىلەن ھەپىلىشىشنىمۇ ئوبدان ئۇقمايمەن . ئەڭ ياخشىسى مەن تۇرقۇمنى ئۆزگەرتىپ كىرىپ ئۇ ئىبلىسلەر جۇ باجيېنى قانداق قىلىۋاتىدۇ ، ئۇقۇپ باقاي . ئەپلەشكۈدەك بولسا ئۇنى ئوغرىلاپ چىقىپ ئاندىن بىر ئىش قىلاي » دېدى . ئۇ شۇئان ئەپسۇن ئوقۇپ بىر سىلكىنىپلا تاشپاقىغا

ئـايلىنىپ سۇغا كىردى ـ دە ، ئوردا ئالدىغا كېلىپ ئىچكىرىگە كىردى . قارىسا ئەجدىھا شاھ ۋە توققۇز باشلىق ئەجدىھا خۇشال ـ خۇرام ھاراق ئىچىشىپ ئولتۇرغانىكەن . شەرقىي تەرەپتىكى دەھلىزگە چىقىپ قارىسا بىرقانچە راك چېپىشىپ ئويناۋاتقانىكەن . سۇن ۋۇكۇڭ بىرپەس قولاق سېلىپ تۇرۇپ ، ئۇلارنىڭ تەلەپپۇزىنى ئۆگىنىۋېلىپ سورىدى :

— بـاياتىن كۈيئوغلىمىز غوجام ئەكەلگەن ئۇزۇن تۇمشۇق شەيخ ئۆلدىمۇ ، قانداق ؟

— ئـۆلمىدى . ئەنە ، غەرب تەرەپتىكى دەھلىزدە باغلاقلىق تۇرامدۇ ؟ — دېيىشتى جىنلار .

سۇن ۋۇكۇڭ ئۆمىلەپ غەرب تەرەپتىكى دەھلىزگە چىقىپ قارىسا ، دېگەندەك جۇ باجىي بىر تۈۋرۈككە باغلاقلىق تۇراتتى ، ئۇ يېقىن كېلىپ :

— جۇ باجىي ، مېنى تونۇدۇڭمۇ ؟ — دېدى .

جۇ باجىي ئۇنى ئاۋازىدىن تونۇپ :

— ئاغا ، قانداق قىلىمىز ! مېنى بۇ كاساپەت تۇتۇۋالدى ! — دېدى .

سۇن ۋۇكۇڭ ئەتراپقا سەپسېلىپ ھېچكىم يوقلۇقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن ، چىشلەپ ئارغامچىنى ئۈزدى ـ دە ، ئۇنىڭغا كەتكىن ، دېدى . جۇ باجىي قولىنى بوشاتقاندىن كېيىن :

— ئـاغـا ، ئـۇ قـورالـىـمـنـىـمـۇ ئېلىۋالغانىدى ، قانداق قىلىمىز ؟ — دېدى .

— ئـۇنى قەيەردە قويغانلىقىنى بىلەمسەن ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— ھېلىقى ئالۋاستى ئۇنى ئوردىغا ئەكىرىپ كەتكەن .

— سەن ئاۋۋال بىنانىڭ تۈۋىگە بېرىپ مېنى ساقلا ، — دېدى سـۇن ۋۇكـۇڭ . جـۇ بـاجىي قۇتۇلغىنىغا خۇش بولۇپ غىپپىدە تىكىۋەتتى . سۇن ۋۇكۇڭ ئۆمىلەپ ئوردىغـا كـىـردى . ئەتراپ ۋال ـ ۋۇل چاقنايتتى . ھەممىدىن بەك جۇ باجىينىڭ تىرنىسى نۇر

چاچاتتى . سوُن ۋوُكوُك كوُزگە كوُرۇنمەيدىغان ھوُنىرىنى ئىشلىتىپ تىرنىنى ئوغرىلىدى ۋە بىنانىڭ توُۋگە كېلىپ :

— جوُ باجيې ، مانا ، قورالىڭنى ئالغىن ! — دەپ ۋارقىرىدى . جوُ باجيې تىرنىسىنى ئالغاندىن كېيىن :

— ئاغا ، سىز كېتتۆپرىك ، مەن ئوردىغا كىرىپ ئىلىشاي ، ناۋادا يېڭەلىسەم ئوُلارنىڭ جىمىسىنى (پوُتوُن ئائىلىدىكىلەرنى ) توُتىمەن ؛ ئەگەر يېڭىلىپ قالغوُدەك بولسام قېچىپ چىقىمەن ، سىز قىرغاقتا مېنى قوُتوُلدوُرۇۋېلىڭ ، — دېدى .

سوُن ۋوُكوُك خوُش بولوُپ ئېھتىيات قىلىشنى تاپىلىدى .

— ئوُنىڭدىن قورقمايمەن ! سوُنىڭ تىلىنىموُ ئانچە - موُنچە ئوُقىمەن ، — دېدى جوُ باجيې . شوُنىڭ بىلەن سوُن ۋوُكوُك ئوُنى تاشلاپ سوُدىن چىقتى . بوُ گەپ موُشوُ يەردە توُرۇپ توُرسوُن .

جوُ باجيې تىرنىسىنى ئىككى قوللاپ توُتوُپ نەرە تارتقان پېتى ئىچكىرىگە كىرگەندى ، چوڭ - كىچىك سوُ جامائەتلىرى قاتتىق ساراسىمىگە چوُشوُپ ئوردىغا يوُگوُردى :

— چاتاق بولدى ! ئوُزۇن توُمشوُق شەيخ ئارغامچىنى ئوُزوُپ ئوردىغا بېسىپ كىرىۋاتىدوُ !

ئەجدىھا شاھ ۋە توققوُز باشلىق ئەجدىھا ھولوُققىنىچە ئورنىدىن چاچراپ توُرۇپ كەتتى ۋە تەرەپ - تەرەپكە ئوُزىنى ئاتتى . جوُ باجيې ھېچنېمىگە قارىماي ئوردىغا بېسىپ كىرىپ ئىشىكنى بوُزۇۋەتتى ، شىرە - ئوروُندوُقلارنى ئوُرۇۋەتتى . شىرەدىكى ھاراق - شاراب ، تائاملارنى بوُزوُپ - چېچىۋەتتى . توققوُز باشلىق ئەجدىھا مەلىكىنى ئىچكىرىگە جايلاشتوُرۇپ قويوُپ ، دەرھال چىشلىق كوُرىكىنى ئېلىپ ئالدىنقى ئوردىغا كېلىپ ۋارقىرىدى :

— ھوي بېشى ئىششىپ قالغان مەلئوُن ! بوُ يەرگە كېلىپ بىزنى بوزەك قىلىدىغانغا نېمە ھەددىڭ !

— يوُزى قېلىن ئوغرى ! نېمىدەپ مېنى توُتوُۋالىسەن ؟ دەرھال ئەڭگوُشتەرنى ماڭا بەر ، پادىشاھقا بېرىپ ئىشنى توُگىتەي ،

بولمىسا ھەممىڭنىڭ جېنىنى ئالىمەن ! — دېدى جۇ باجيې .

ئالۋاستىمۇ بوش كەلمەيدۇ ـ دە . ئۇ چىشىنى غۇچۇرلىتىپ جۇ باجيې بىلەن تۇتۇشۇپ كەتتى . ئەجدىھا شاھمۇ ئۆزىنى سەل بېسىۋېلىپ ئوغلى ، نەۋرىسىنى ئېلىپ ، قوراللىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ھۇجۇمغا ئۆتتى . جۇ باجيې ئىشنىڭ ئەپلەشمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ترنىسىنى يالغاندىن پۇلاڭلىتىپ قويۇپ قاچتى . ئەجدىھا شاھ ۋە باشقىلار ئۇنى قوغلىدى .

— ئەلقىسسە ، سۈن ۋۇكۇڭ كۆل بويىدا ساقلاپ تۇراتتى . ئۇشتۇمتۇت ئۇلارنىڭ جۇ باجيېنى قوغلاپ سۇ ئۈستىگە چىققانلىقىنى كۆردى ، بۇلۇت ئۈستىدە تۇرۇپلا تۆمۈر كالتىكىنى تەڭلەپ : «مىدىرلاشما !» دەپ ۋارقىرىدى ـ دە ، «ۋىژ» قىلىپ چۈشۈپ ئەجدىھا پادىشاھنىڭ بېشىنى ئۇرۇپ مىجىۋەتتى . ئۇنىڭ قېنى كۆلنى بويىدى ، جەسىتى لەيلەپ قالدى ! ئۇنىڭ ئوغلى ، نەۋرىلىرى قورقۇپ قېچىپ كەتتى ؛ توققۇز باشلىق ئەجدىھا ئۇنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ ئوردىغا كىرىۋالدى .

سۈن ۋۇكۇڭ بىلەن جۇ باجيې ئۇنى قوغلىماستىن قىرغاققا قايتىپ كەلدى . بايا بولغان ئىشلارنى بىرقۇر سۆزلەشكەندىن كېيىن جۇ باجيې :

— ئۇ نېمىلەر كىرىپ كەتتى . شۇ تاپتا چوقۇم ھازا تۇتۇۋاتىدۇ ، ئەمدى چوقۇم چىقمايدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە كەچمۇ بولۇپ قالدى ، قانداق قىلىمىز ، — دېدى .

— كەچ بولسا بولىۋەرمەمدۇ ، مۇشۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ، سەن يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلغىن . ئوردىغا ئەڭگۈشتەرنى ئېلىپ قايتمىساق بولمايدۇ ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ . جۇ باجيېنىڭ ھۇرۇنلۇقى تۇتۇپ ، تۈرلۈك باھانە كۆرسەتكىلى تۇردى . سۈن ۋۇكۇڭ ئۇنى قىستاپ :

— غەم قىلماي بارغىن ، سەن بايىقىدەك ئۇنى باشلاپ چىقساڭلا بولدى . ئۇنىڭ بىلەن ئۆزۈم تۇتۇشىمەن ، — دېدى .

ئۇلار شۇ مەسلىھەتنى قىلىشىۋاتقاندا ، تۇيۇقسىز گۇركىرەپ

قاتتىق بوران چىقىپ، يەر ـ جاھاننى تۇتەك قاپلىدى ۋە بۇ بوران شەرقتىن جەنۇبقا ئۆتۈپ كەتتى. سۇن ۋۇكۇڭ زەن سېلىپ قارىسا، كارامەتلىك ئەۋلىيا ئىبرلاڭ مېيشەن قاتارلىق ئالتە قېرىندىشىنى باشلاپ، بۈركۈت تۇتقان تۇلكە، توشقانلارنى كۆتۈرگەن ھالدا بوران چىقىرىپ كېلىۋاتاتتى.

— جۇ باجىي، ئۇلار مېنىڭ يەتتە نەپەر ئەۋلىيا قېرىندىشىم ئىكەن. ئۇلارنى بىزگە ياردەملىشىڭلار دەپ توسۇپ قالايلىمۇ؟ ئەگەر ئىشىمىز ئوڭۇشلۇق بولۇپ قالسا، بۇ ئوبدان پۇرسەت بولىدۇ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— قېرىنداشلىرىڭىز بولسا ئوبدان گەپ ئىكەن، ئۇلارنى توسۇپ ياردەمگە چاقىرايلى، — دېدى جۇ باجىي.

— ئەمما، ئۇلارنىڭ ئىچىدە كارامەتلىك ئەۋلىيا ئاكام بار ئىكەن، بىر چاغدا ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانمەن، كۆرۈشۈشتىن ئۇيىلىمەن، سەن بېرىپ ئۇلارنى توسۇپ: «تەقسىرىم، توختىسىلا، پەلەك تەڭدىشى ئەۋلىيا ئەزەم ئۆزلىرىنى تاۋاپ قىلماقچىكەن» دېگىن. ئۇ مېنىڭ ئىسمىمنى ئاڭلىسىلا توختايدۇ. مەن ئۇ پەسكە چۈشكەندە كۆرۈشەي، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

جۇ باجىي شۇئان بۇلۇتقا چىقىپ تاغ تۆپىسىدە ئۇلارنى توسۇپ ۋارقىرىدى:

— تەقسىرىم، ئاستىراق ماڭسىلا. پەلەك تەڭدىشى ئەۋلىيا ئەزەم ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشمەكچى.

ئۇلارنىڭ چوڭى ھەمراھلىرىنى توختىتىپ كېلىپ، جۇ باجىي بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ سورىدى:

— پەلەك تەڭدىشى ئەۋلىيا ئەزەم قېنى؟

— تاغنىڭ ئاستىدا كۈتۈپ تۇرىدۇ، — دېدى جۇ باجىي.

— قېرىنداشلار، ئۇنى تېز چاقىرىڭلار، — دېدى ئىبرلاڭ.

— سۇن ۋۇكۇڭ ئاغا، ئاغام چاقىرىدۇ، — دېدى ئالتە ئاكا ـ ئۇكا. سۇن ۋۇكۇڭ يېقىن كېلىپ كۆپچىلىككە سالام بەرگەندىن كېيىن، ئۇلار بىللە تاغقا چىقتى. ئىبرلاڭ

ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ كۆرۈشتى ۋە ئۇنى قولتۇقلاپ تۇرۇپ .

— ئەۋلىيا ئەزەم ، بالا ـ قازادىن قۇتۇلۇپ سىرامان (بۇددا راھىبى ) بوپسىز ، يېقىن كۈنلەردە تۆھپىڭىز ۋۇجۇدقا چىقسا ، ئالتۇن تەختتە ئولتۇرغۇدەكسىز . قۇتلۇق بولسۇن ! قۇتلۇق بولسۇن ! — دېدى .

— رەھمەت ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ، — ئىلتىپاتلىرىغا جاۋاب قايتۇرالمىدىم . بالا ـ قازادىن قۇتۇلۇپ غەربكە سەپەر قىلدىم ، ئەمما ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ تېخى نامەلۇم . بۈگۈن چاش دۆلىتىگە چۈشكەندۇق . راھىبلارنى ئازابتىن خالاس قىلىش ، ئەگۈشتەر ئىزدەۋېتىپ بۇ يەردە ئالۋاستى بىلەن ئېلىشۋاتقاندا تۇساتتىن ھەرقايسىلىرىنى كۆرۈپ قېلىپ ، بىزگە ھە ـ ھۇ دېيىشەرمىكىن دېگەن مەقسەتتە ئۆزلىرىنى توختاتتۇق . بىلمىدۇق ، قەيەردىن كېلىشتىلىكىن ، ئىلتىماسىمىز قوبۇل بولارمىكىن .

— بىكارچىلىقتا زېرىكىپ قېرىنداشلىرىم بىلەن ئوۋغا چىقىپ قايتىپ كېلىۋاتىمەن . ئەۋلىيا ئەزەم ، سىزنىڭ كونا قەدىردانلىقنى ئەسلەپ بىزنى يادىڭىزغا ئالغىنىڭىزدىن كۆپ مىننەتدارمەن . گەپ ئالۋاستىنى يوقىتىشتا بولىدىغان بولسا ھەرگىز قاچمايمىز ؛ بىلمىدۇق ، بۇ يەردە قايسى ئالۋاستى باركىنتاڭ ، — دېدى ئېرلاڭ .

— ئاكا ، ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ ؟ بۇ تاغ لۇەنشى تېغى . تاغ ئاستىدىكى زۇمرەت كۆل ئەجدىھا شاھ ۋەن شېڭنىڭ ئوردىسى ئەمەسمۇ ؟ — دېدى ئەۋلىيا ليۇ شېڭ .

— ئەجدىھا شاھ ۋەن شېڭ ئىش تېرىمايتتىغۇ ؟ ئۇ نېمىدەپ مۇناردىكى ئەگۈشتەرنى ئوغرىلىغاندۇ ؟ — دېدى ئېرلاڭ ئەجەبلىنىپ .

— ئۇ يېقىندا جيۇتو ئىسىملىك بىرىنى ئىچ كۈيئوغۇل قىلغانىكەن . ئۇ ئىككىسى بىرلىشىپ چاش دۆلىتىگە قارا يامغۇر ياغدۇرۇۋېتىپ ، نۇرانە ئىبادەتخانىدىكى ئەگۈشتەر سارىرانى ئوغرىلاپتۇ . پادىشاھ بۇ ئەھۋالنى ئۇقماستىن راھىبلارنى قاتتىق

ئازابلاپتۇ . بۇلارغا ئۇستازنىڭ ئىچى ئاغرىپ ، كىچىدە كېلىپ مۇنار سۇپۇردى . مەن مۇنار ئۇستىدىن ئىككى جىننى تۇتۇۋالدىم . بۇگۈن ئەتىگەن ئۇلارنى يالاپ ئوردىغا ئاپارغاندۇق ، ھەممىنى ئىقرار قىلدى . پادىشاھ ئۇستازدىن ئەڭگۈشتەرنى ئېلىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى . ئۇستاز بۇ ئىشقا بىزنى بۇيرۇدى . بىرىنچى قېتىمقى جەڭدە جيۇتو بېلىدىن بىر باش چىقىرىپ جۇ باجيېنى تۇتۇپ كەتتى . مەن تاشپاقا بولۇپ كىرىپ ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقتىم . باياتىن بولغان ئېلىشىشتا مەن ئەجدىھا شاھنى ئۆلتۈرگەنىدىم ، ئۇ نېمىلەر ئۇنىڭ جەسىتىنى ئەكىرىپ كەتتى . ئىككىمىز كېيىنكى جەڭنى قانداق قىلىش ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىۋاتاتتۇق ، ھەرقايسىلىرى كېلىپ قېلىشتىلا . قالغان ئىشلار ھەرقايسىلىرىغا مەلۇم ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

— ئەجدىھا شاھنى ئۆلتۈرگەن بولساڭلار ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ ، ئۇ نېمىلەرنى ئالاقزادە ، تەختى - بەختىنى گۇمران قىلىدىغان ئوبدان پەيت كەپتۇغۇ ؟ — دېدى ئېرلاڭ .

— شۇنداقلىقىغۇ شۇنداق ئىدى . بىراق كەچ بولۇپ كەتتى ، — دېدى جۇ باجيې .

— لەشكىرىي ئىشلاردا «جەڭ پەيتكە قارىمايدۇ» دېگەن گەپ بار . كەچ بولسا نېمە بوپتۇ ! — دېدى ئېرلاڭ .

— ئاغا ، ئالدىرىماڭ ، — دېدى كاڭ ، ياۋ ، گو ، جىلار ، — بۇ نېمىلەرنىڭ جايى مۇشۇ ، ئۇلار باشقا يەرگە كەتمەيدۇ . ئاغىمىز بىزگە ئەزىز مېھمان . جۇ باجيېمۇ توغرا يولغا قايتىپتۇ . بىزدە ھازىر ھەممە نەرسە تەييار ، خىزمەتكارلارغا ئوت ئەكەلدۈرۈپ مۇشۇ يەردىلا زىياپەت قىلىپ ، بىرىنچىدىن ، ئىككىڭلارنى تەبرىكلەيلى ؛ ئىككىنچىدىن ، ئوبدان مۇڭدىشايلى ، بۇ كېچىنى شاد - خۇرام ئۆتكۈزۈپ ، ئەتە ئېلىشايلى ، — قانداق ؟

— قالتىس بەلەن گەپ بولدى ، — دېدى ئېرلاڭ خۇشال بولۇپ ۋە خىزمەتكارلارنى زىياپەت تەييارلاشقا بۇيرۇدى .

— ھەرقايسىلىرىنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرۇش ھەددىمىز ئەمەس .

بىراق شەيخ بولغاندىن بېرى پەرھىز تۇتۇۋاتىمىز ، گۆشلۈك ، گۆشسىز تائاملار ئارىلىشىپ كەتسە بولماسمىكىن ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— مېۋە - چېۋىلىرىمىز بار ، هاراقلىرىمىزمۇ ئادەتتىكى هاراقلار ، — دېدى ئېرلاڭ .

قېرىنداشلار ئايدىڭدا سورۇن تۈزۈپ ، قەدەھ كۆتۈرۈپ مۇڭداشتى .

خۇشاللىقتا ئۇلارغا كېچىمۇ قىسقا تۇيۇلدى ، يەنى هەش - پەش دېگۈچە كۈنچىقىش تەرەپ ئاقاردى . جۇ باجيې هاراق - شارابتىن خۇشال بولدى ۋە :

— تاڭمۇ ئېتىپ قالدى ، مەن سۇ ئاستىغا چۈشۈپ ئۇلارنى جەڭگە چاقىراي ، — دېدى .

— سەردار ، ئېھتىيات قىلىڭ ، ئۇنى جەڭگە چىللاپ چىقسىڭىزلا بولدى ، قالغىنىنى بىزگە قويۇپ بېرىڭ ، — دېدى ئېرلاڭ .

— ئۇقتۇم ! ئۇقتۇم ! — دېدى جۇ باجيې كۈلۈپ . ئاندىن تىرنىسى بىلەن سۇنى بۆلۈپ كۆلگە چۈشتى - دە ، ئۇدۇل بىنا ئالدىغا كېلىپ نەرە تارتقان پېتى ئۇردىغا بېسىپ كىردى .

بۇ چاغدا ، ئەجدىھا شاھنىڭ ئوغلى دادىسىنىڭ جەسىتىگە قاراپ يىغلاۋاتاتتى ؛ نەۋرىسى بىلەن كۈيئوغلى ئارقا سارايدا جەسەت ساندۇقىنى تەييارلاۋاتاتتى . جۇ باجيې كىرگەنچە كىرىپ ، ئەجدىھا شاھنىڭ ئوغلىنىڭ بېشىدىن توققۇز تۆشۈك ئېچىۋەتتى . بۇنى كۆرۈپ ئەجدىھا خانىش ۋە باشقىلار قورقۇپ تەرەپ - تەرەپكە قاچتى . ئەجدىھا خانىش يىغلاپ :

— ئۇزۇن تۇمشۇق شەيخ ئوغلۇمنى ئۆلتۈرۈۋەتتى ! — دەپ ۋارقىرىدى .

ئەجدىھا شاھنىڭ كۈيئوغلى چىشلىق كۈرىكىنى كۆتۈرۈپ ، ئەجدىھا شاھنىڭ نەۋرىسىنى ئېلىپ تاشقىرىغا چىقتى . جۇ باجيې ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلىپ تۇرۇپ ، چېكىنىپ سۇ ئۈستىگە چىقتى .

قىرغاقتا تۇرغان سوْن ۋوْكوْك بىلەن يەتتە ئاكا ـ ئۇكا ئولاش ـ چولاش كېلىپ ، ئەجدىھا شاھنىڭ نەۋرىسىنى قىيما ـ چىيما قىلىۋەتتى . كوْيئوغوْل ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ بىر يوْمىلاپلا ئەسلىي قىياپىتىگە كىرىپ قانات چىقاردى ـ دە ، ئايلىنىپ ئۇچۇشقا باشلىدى . ئېرلاڭ ئالتوْن كامانىنى ئېلىپ كوْموْش ئوقنى ئوقلاپ ئاتتى . ئۇ ئالۋاستى شاقىدە يۇرۇلۇپ ئېتىلىپ كەلگەنچە ئېرلاڭنى چېقىۋېلىشقا تەمشەلدى ۋە بېلىدىن بىر باشنى ئەمدى چىقىرىشىغا شىچوْەن (يەتتە ئەۋلىيانىڭ بىرى ) ئېتىلىپ بېرىپ بىر چىشلەپلا بـۇ باشنى ئۈزۈپ تاشلىدى . ھېلىقى ئالۋاستى ئاغرىققا قارىماي جـېنىنى چاڭگىلىغا ئېلىپ شىمالىي دېڭىز تەرەپكە قاچتى . جۇ باجيې قوغلىماقچى بولۇۋىدى ، سوْن ۋوْكوْك ئۇنى توسوْدى :

— ئۇنـى قـوغـلـىـمـا . شىچوْەن ئۇنىڭ بېشىنى چىشلەپ ئۈزۈۋەتتى ، تىرىك قېلىشىدىن ئۆلۈش ئېھتىمالى كۆپرەك . مەن ئۇنىڭ قىياپىتىگە كىرەي ، سەن سوْدىن يول ئاچقىن ، مەن كىرىپ ئوردا بېگىنى ئالداپ ئۇنىڭدىن ئەڭگوْشتەرنى ئاچىقاي .

— بوپتۇ ، ئۇنى قوغلىماي ئۆز ھالىغا قويۇۋېتەيلى ؛ بىرلا يېرى ، بۇنداق نېمىلەرنىڭ ھايات قېلىشى كېيىنكىلەر ئۈچۈن بىر ئاپەت بولىدۇ ، — دېدى ئېرلاڭ بىلەن ئالتە ئەۋلىيا . ھازىرمۇ توققۇز بېشىدىن قان تېمىپ تۇرىدىغان بىر ئەجدىھا بار . بۇ ئاشۇنىڭ ئۇرۇقى .

بۇ گەپ بىلەن جۇ باجيې سوْدىن يول ئاچتى . سوْن ۋوْكوْك ھېلىقى ئالۋاستى قىياپىتىگە كىرىپ ئالدىدا ماڭدى ، جۇ باجيې توۋلاپ ـ ۋارقىراپ ئارقىسىدىن قوغلىدى . ئۇلار ئاستا ـ ئاستا ئوردىغا يېقىنلاشتى . ئوردا بېگى ئۇلارنى كۆرۈپ :

— تەقسىر ، نېمانچە ساراسىمىگە چۈشۈپ قالدىلا ؟ — دېدى .

— جۇ باجيې يېڭىۋالدى . مېنى قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ . ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمىدىم . دەرھال ھېلىقى ئەڭگوْشتەرنى چىڭراق تىقىپ قويۇڭ ! — دېدى سوْن ۋوْكوْك .

ئوردا بېگى ھولۇققىنىدىن راست ـ يالغانىنى پەرق ئېتەلمەي

ئارقا ئوردىدىن زەر يالىتىلغان قۇتىنى ئەكېلىپ سۇن ۋۇكۇڭغا بەردى ۋە :

— مانا بۇ بۇددىنىڭ ئەڭگۈشتىرى ، — دېدى ، ئاندىن يەنە ئاق قاشتېشىدىن قىلىنغان قۇتىنىمۇ سۇن ۋۇكۇڭغا بەردى ، — مانا بۇ توققۇز ياپراقلىق مېھرىگىياھ . سىلى بۇلارنى يوشۇرۇپ تۇرسىلا ، مەن بېرىپ جۇ باجيې بىلەن ئېلىشىپ ئۇنى تۇسۇپ تۇراي ، سىلى بۇلارنى يوشۇرۇپ قويۇپ ، چىقىپ ئۇنىڭ بىلەن تۇتۇشسىلا .

سۇن ۋۇكۇڭ بۇ ئىككى قۇتىنى يېنىغا سېلىپ قويۇپ يۈزىنى بىر سىيپاپلا ئۆزىنى ئاشكارىلىدى ـ دە :

— ئوردا بېگىم ، قارىغىنا ، مەن پادىشاھنىڭ كۆيئوغلى ئىكەنمەنمۇ ؟ — دېۋىدى ، ئوردا بېگى ئالاقزادە بولۇپ قۇتىنى تارتىۋالماقچى بولۇپ ئېتىلدى . ئاڭغىچە جۇ باجيې يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنى تىرنىسى بىلەن تارتىپ يەرگە يىقىتتى .

ئەجدىھا شاھنىڭ خوتۇنى غىپپىدە تىكىۋەتمەكچى بولۇۋىدى ، جۇ باجيې توسۇۋالدى ۋە تىرنىسىنى ئېگىز كۆتۈردى . سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنى توسۇدى :

— توختا ! ئۇنى ئۆلتۈرمە . ئۇنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئاپىرىمىز .

جۇ باجيې ئەجدىھا شاھنىڭ خوتۇنىنى ئېلىپ سۇدىن چىقتى . ئارقىدىن سۇن ۋۇكۇڭمۇ ئىككى قۇتىنى كۆتۈرۈپ قىرغاققا چىقىپ ئېرلاڭغا :

— ھەرقايسىلىرىنىڭ كۈچى بىلەن جىن ـ ئالۋاستىلارنى يوقىتىپ ئەڭگۈشتەرنى قولغا چۈشۈردۇق ، — دېدى .

— بىرىنچىدىن ، پادىشاھنىڭ ئامىتى بار ئىكەن ، سىزگە يولۇقۇپتۇ ؛ ئىككىنچىدىن ، بىز ھېچقانچە ئىش قىلىشىپ بېرەلمىدۇق ! — دېدى ئېرلاڭ .

— سۇن ۋۇكۇڭ ئاغا ، ئىشىڭىز ۋۇجۇدقا چىقتى ، ئەمدى خوشلاشساقمۇ بولار ، — دېدى باشقىلار .

سۇن ۋۇكۇڭ ئۇلارغا كۆپتىن - كۆپ مىننەتدارلىق بىلدۈرگەندىن كېيىن بىرلىكتە پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى، بىراق ئۇلار ئۇنىماستىن گۇەنكۇ تامان يۈرۈپ كەتتى.

سۇن ۋۇكۇڭ ئىككى قۇتىنى كۆتۈرۈپ، جۇ باجيې ئەجدىھا خوتۇننى سۆرەپ بۇلۇت ۋە تۇمان ئىچىدە مېڭىپ كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە قايتىپ كەلدى. نۇرانە ئىبادەتخانىنىڭ ئازابتىن قۇتۇلغان شەيخلىرى ئۇلارنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن شەھەرنىڭ تېشىغا چىققانىدى. بۇ ئىككىيلەننى كۆرگەن ھامان ئۇلار تەزىم قىلىپ ئۇلارنى شەھەرگە باشلاپ كىردى. پادىشاھ تاڭ سەنزاڭ بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. بىر شەيخ ئالدىراپ بېرىپ ئوردىغا خەۋەر قىلدى:

— پادىشاھىئالەم، سۇن ھەزرەت بىلەن جۇ ھەزرەت ئوغرىنى تۇتۇپ ئەكگۈشتەرنى ئەكەلدى.

بۇنى ئاڭلاپ پادىشاھ ئالدىراپ - تېنەپ تەختتىن چۈشۈپ تاڭ سەنزاڭ، شا ۋۇجىڭلار بىلەن بىرلىكتە ئۇلارنى كۇتۇۋالدى ۋە چەكسىز مىننەتدارلىق بىلدۈردى، ئاندىن زىياپەت تەييارلاشقا بۇيرۇق بەردى.

— ھازىرچە ئالدىرىمايلى، شاگىرتلىرىم ئەكگۈشتەرنى مۇنارغا جايلاشتۇرۇپ قويۇپ كەلگەندىن كېيىن زىياپەت قىلايلى، — دېدى تاڭ سەنزاڭ، ئاندىن سۇن ۋۇكۇڭدىن سورىدى، — تۈنۈگۈن كەتكەنىدىڭلار، ئەجەب بۈگۈن ئاران كەپسىلەرغۇ؟

سۇن ۋۇكۇڭ پادىشاھنىڭ كۇيئوغلى بىلەن ئېلىشقانلىقى، ئەجدىھا شاھنى ئۆلتۈرگەنلىكى، ئەۋلىيالار بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانلىقى، جىن - ئالۋاستىلارنى مەغلۇپ قىلغانلىقى ۋە تۇرقىنى ئۆزگەرتىپ ئەكگۈشتەرنى قولغا چۈشۈرگەنلىكى قاتارلىق ئىشلارنى ئۇلارغا سۆزلەپ بەردى. بۇنى ئاڭلاپ تاڭ سەنزاڭ، پادىشاھ ۋە چوڭ - كىچىك ئەلەمدار - قەلەمدار بەگلەر، خىزمەتكارلار ئېيتقۇسىز خۇش بولدى.

— ئەجدىھا شاھنىڭ خوتۇنى ئادەمدەك گەپ قىلالامدۇ؟ — دەپ سورىدى پادىشاھ.

— ئۇ ئەجدىھا شاھقا خوتۇن بولغان، نۇرغۇن بالا تۇغقان، نەۋرە كۆرگەن تۇرسا نېمىدەپ ئادەمدەك گەپ قىلالمايدۇ؟ — دېدى جۇ باجىي.

— ئۇنداق بولسا ئۇ بۇ ئوغرىلىقنىڭ جەريانىنى سۆزلەپ بەرسۇن، — دېدى پادىشاھ.

— ئۇلارنىڭ ئەڭگۈشتەرنى قانداق ئوغرىلىغانلىقىدىن پۈتۈنلەي خەۋىرىم يوق، — دېدى ئەجدىھا خانىش، — ھەممىنى قىلغان مېنىڭ ئېرىم بىلەن كۈيئوغلۇم. ئۇلار مۇناردا بۇددىنىڭ سارىراسى بارلىقىنى ئۇقۇپ قاپتىكەن. ئۈچ يىل ئىلگىرى قارا يامغۇر ياغدۇرۇۋېتىپ، ئاندىن ئۇنى ئوغرىلاپ كېتىپتۇ.

— مېھرىگىياھنى قانداق ئوغرىلىغان؟ — دەپ سورىدى پادىشاھ.

— قىزىم ۋەن شىڭ مەلىكە بىزگىمۇ ئېيتماستىن ئۆزى ئەرشكە چىقىپ خىسلەتدار قەسىر ئالدىدىن خان ئانىنىڭ توققۇز ياپراقلىق مېھرىگىياھنى ئوغرىلاپ چۈشۈپتۇ. سارىرا مېھرىگىياھنىڭ خاسىيەتلىك ھىدى بىلەن ئەبەدىي بۇزۇلمايدىكەن ۋە نۇر چېچىپ تۇرىدىكەن. ئەمدى ئۇ نەرسىلەرمۇ سىلەرنىڭ قولۇڭلارغا چۈشۈپ كەتتى، ئېرىم، ئوغلۇممۇ ئۆلۈپ تۈگىدى. كۈيئوغلۇم بىلەن قىزىم ھەم تۈگەشتى. مېنىڭ بىر قوشۇق قېنىمدىن كېچىڭلار، — دېدى ئەجدىھا خانىش.

— جېنىڭنى ئالمىز دەۋاتىمىز! — دېدى جۇ باجىي.

— بىر ئائىلىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىلا گۇناھكار بولمايدۇ. سېنى مەن ئەپۇ قىلاي. ئەمما، سەن مەڭگۈگە مۇنارنى بېقىپ بېرىسەن، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ.

— رەزىللىك بىلەن ياشىغاندىنغۇ ياخشىلىقچە ئۆلگەنمۇ تۈزۈك. بوپتۇ، جېنىمنى تېنىمدە قويساڭلار دېگىنىڭلارنى قىلاي، — دېدى ئەجدىھا خانىش.

سۇن ۋۇكۇك زەنجىر كەلتۈرۈشنى ئېيتتى . نۆكەرلەر زەنجىرنى ئەكېلىپ ئەجدىھا خانىشنى باربىتقا زەنجىرلەپ قويدى . سۇن ۋۇكۇك شا ۋۇجىڭغا :

— پادىشاھنى چاقىرىپ كېلىڭ ، كېلىپ مۇنارىمىزنى كۆرسۇن ، — دېدى .

پادىشاھ دەرھال راسلىنىپ تاڭ سەنزاڭنى قولتۇقلاپ ئورىدىن چىقتى ۋە نۇرغۇنلىغان قەلەمدار - ئەلەمدار بەگلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا نۇرانە ئىبادەتخانىغا كېلىپ مۇنارغا چىقتى . سارىرا مۇنارنىڭ ئون ئۈچىنچى قەۋىتىدىكى خاسىيەتلىك شېشىگە سېلىندى ، ئەجدىھا خانىش مۇنارنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىكى تۈۋرۈككە باغلىنىپ قۇلۇپلاندى . ئەپسۇن ئوقۇلۇپ بۇ دۆلەتنىڭ يەر مۇئەككىلى ، شەھەر مۇئەككىلى ، مۇشۇ بۇتخانا مۇئەككىلى قاتارلىقلار چاقىرىلىپ ، ئۇلارغا ئۈچ كۈندە بىر قېتىم يەيدىغان - ئىچىدىغان نەرسىلەرنى ئەكېلىپ ئەجدىھا خانىشنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش تاپشۇرۇلدى ؛ سەللا چاتاق چىقسا ، قاتتىق جازالىنىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلدى . تەڭرى مۇئەككەللەر بۇنى بەجا كەلتۈرۈشكە سۆز بېرىشتى . سۇن ۋۇكۇك مېھرىگىياھ بىلەن مۇنارنىڭ جىمى قەۋىتىنى سۈپۈرۈپ چىققاندىن كېيىن ئۇنى سارىرانى باقسۇن ، دەپ شېشىگە سېلىپ قويدى . شۇندىلا ھەممە ئەسلىگە ياندى ، يەنى مۇناردىن ھەر تەرەپكە ئاجايىپ پارلاق نۇر چېچىلدى . بۇنى جىمى ئەتراپتىكىلەر ، شۇنداقلا تۆت دۆلەت خەلقىمۇ كۆرەلىدى . مۇناردىن چۈشكەندىن كېيىن پادىشاھ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ :

— دانىشمەن پىرىمىز ۋە ئۈچ شەپقەتچىمىز بولمىغان بولسا ، بىزگە بۇ كۈنلەر نېسىپ بولارمىدى ! — دېدى .

— پادىشاھئالەم ، — دېدى سۇن ۋۇكۇك ، — نۇرانە دېگەن گەپ تازا ياخشى ئەمەس ، يەنە كېلىپ مەڭگۈلۈك نەرسىمۇ ئەمەس ، يەنى ئالتۇن دېگەن كۆچۈپ تۇرىدۇ . نۇر دېگەن بەزىدە چاقناپ ، بەزىدە خۇنۇكلىشىپ قالىدۇ . پېقىر مۇشۇ سەۋەبتىنمۇ جىق رىيازەت چەكتىم . شۇڭا ، بۇ ئىسىمنى چۈەنلۇڭ (ئەجدىھا قاراۋۇل

ساقلىغۇچى ) ئىبادەتخانىسى ، دەپ ئۆزگەرتسەك بولامدىكىن .

پادىشاھ دەرھال نامنى ئۆزگەرتىشكە پەرمان چۈشۈردى . يېڭى تاختىغا «دۆلەتنى قوغداش ۋە مۇھاپىزەت قىلغۇچى ئەجدىھا قاراۋۇل ئىبادەتخانىسى» دېگەن خەت يېزىلىپ ئېسىلدى . بىر ئۆيدە كاتتا زىياپەت بولدى . بىر ئۆيدە رەسسام چاقىرىپ بۇ تۆت شەيخنىڭ رەسمى چۈشۈرۈلدى ، ۋۇفېڭ راۋىقىغا ئۇلارنىڭ ئىسىم ـ شەرىپى پۈتۈلدى . ئاندىن پادىشاھ يارلىق يېزىپ بېرىپ تاڭ سېڭ قاتارلىقلارنى يولغا سېلىپ قويدى . بۇ ھەقىقەتەن جىن ـ ئالۋاستىلار يوقىتىلىپ تىنچلىق ئورنىغان ، مۇناردا قايتىدىن نۇر چاقنىغان بىر مەنزىرە ئىدى . ئۇلارنىڭ شۇ مېڭىشىدا يەنە قانداق ئىشلارغا يولۇققانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز .

# ئاتمىش تۆتىنچى باب

## جۇ باجىيىنىڭ تىكەنلىك چوققىدا تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكى
## تاڭ سەنزاڭنىڭ كىچىك گۆھەرنىشىن ئىبادەتخانىسىدا شېئىرىيەتتىن سۆز ئاچقانلىقى

ئەلقىسسە، چاش دۆلىتىنىڭ پادىشاھى تاڭ سەنزاڭلارنىڭ ئالۋاستىلارنى يوقىتىپ ئەڭگۈشتەرنى تېپىپ بەرگەنلىكىگە كۆپتىن - كۆپ تەشەككۇر ئېيتىپ ئالتۇن - كۇمۇشلەرنى سوۋغا قىلغانىدى، تاڭ سەنزاڭ پەقەتلا ئالغىلى ئۇنىمىدى. پادىشاھ ياساۋۇللارغا تەخترىۋاننى ئاچىقتۇرۇپ ئولتۇردى - دە، نۇرغۇنلىغان قەلەمدار - ئەلەمدار بەگلەر، پۈتۈن شەھەر خەلقى ۋە ئەجدىھا قاراۋۇل ئىبادەتخانىسىنىڭ راھىبلىرى بىلەن بىللە تۆتەيلەننى كاتتا داغدۇغا بىلەن كاناي - سۇنايلارنى چېلىپ شەھەردىن ئۇزىتىپ چىقتى. ئالاھازەل يىگىرمە چاقىرىم ماڭغاندىن كېيىن، پادىشاھ ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ قايتتى. باشقىلار يەنە يىگىرمە چاقىرىمغىچە ئۇزىتىپ بىرىپ ئاندىن قايتتى. ئەجدىھا قاراۋۇل ئىبادەتخانىسىنىڭ راھىبلىرى ئەللىك - ئاتمىش چاقىرىمچە يەرگە ئۇزىتىپ بىرىپ ئاندىن ئۇلاردىن تەسلىكتە ئايرىلىپ قايتىپ كەتتى. بۇ، پەسىل ئالمىشىپ قىش ئۆتكەن، باھارمۇ ئاخىرلىشىپ قالغان چاغ بولۇپ، ھاۋا ئىسسىقمۇ، سوغۇقمۇ ئەمەس ئىدى. بۇنداق چاغدا سەپەر قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ ئاجايىپ پەيزى ئىدى. ئۇشتۇمتۇت ئۇزۇن بىر چوققا كۆزگە چېلىقتى. چوققىدا تىكەن - چاتقاللار، دەل - دەرەخلەر بىر - بىرىگە چىرمىشىپ، گىرەلىشىپ ئۆسكەنىدى. يول ئىزى كۆرۈنىسىمۇ،

يولنىڭ ئىككى قاسنىقىنى تىكەن، جىغانلار قاپلاپ كەتكەنىدى. تاڭ سەنزاڭ:

— شاگىرتلىرىم، بۇ يولدىن قانداق ماڭغىلى بولىدۇ؟ — دېدى.

— نېمىشقا ماڭغىلى بولمايدۇ؟ — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ.

— شاگىرتلىرىم، يول پەستە، تىكەن ـ چاتقاللار تۆپىدە ئىكەن. بۇ يەردىن يىلان ـ چايانلارلا بەھۇزۇر ماڭالىغۇدەك؛ سىلەرمۇ بېلىڭلارنى رۇسلاپ ماڭالمايسىلەر، مەن ئاتتا قانداق ئۆلتۇرىمەن؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ يەنە.

— ھېچ گەپ يوق. مەن تىكەنلەرنى تىرنام بىلەن قايرىپ بېرىمەن. سىلى ئاتتا ئەمەس، تەختىراۋاندا ئولتۇرسىلىمۇ بەخۇدۇك ماڭالايدىلا، — دېدى جۇ باجيې.

— سەنغۇ كۈچلۈك، بىراق يول ئۇزۇن تۇرسا چىداشلىق بېرەلەرسەنمۇ؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

— تالاشمايلا قويۇڭلار، مەن بېرىپ قاراپ باقاي، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ ۋە شاققىدە بۇلۇتقا چىقىپ ھاۋادا توختاپ قارىسا، باش ـ ئايىغىغا كۆزى يەتمىدى. بۇ شۇنداق چەكسىز كەتكەن چوققا ئىدىكى، قويۇق تىكەن ـ چاتقاللارنىڭ باش ـ ئايىغى كۆرۈنمەيتتى. سۈن ۋۇكۇڭ خېلى ئۇزاق كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن بۇلۇتتىن چۈشۈپ:

— ئۇستاز، بۇ يەردىن ئۇزاق ماڭىدىكەنمىز، — دېدى.

— ئارىلىقى قانچىلىك ئىكەن؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

— كۆز يەتكۈسىز ئىكەن. بىرەر مىڭ چاقىرىم كېلەمدىكىنتاڭ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ.

— ئەستاغپىرۇللا، قانداق قىلىدىغان ئىش ئەمدى؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ ئەرۋاھى ئۇچقان ھالدا.

— ئۇستاز، غەم قىلمىسىلا. دالىغا ئوت قويۇش ھۈنىرىنىمۇ ئۆگەنگەنمىز. ئوت قويىمىز ـ دە، تىكەنلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىپ ئۆتۈپ كېتىمىز، — دېدى شا ۋۇجىڭ.

— بىلجىرلىما ! — دېدى جۇ باجېي ، — دالىغا ئوت قويىدىغان چاغ دېگەن شەۋۋال . ئۇ چاغدا ئوت - چۆپلەرمۇ تازا قۇرۇپ قاقشال بولىدۇ، ئوتمۇ ئاسان تۇتىشىدۇ . ھازىر دېگەن كۆكلەۋاتقان چاغ تۇرسا قانداق تۇتىشىدۇ ؟

— بۇنداق تۇرسا قانداق ئۆتىمىز ؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

— ئۆتىدىغان بولساق مەن دېگەندەك قىلايلى ، — دېدى جۇ باجېي .

جۇ باجېيمۇ كارامىتىنى كۆرسەتتى . ئۇ بىر ئەپسۇن ئوقۇپ ، بىلىنى ئېگىپ «يوغىنا !» دېگەنىدى ، ئۇ يوغىناپ ئاتمىش گەز يوغانلىقتىكى ھەيۋەت بىر نەرسىگە ئايلاندى . ئاندىن تىرنىسىنى سىلكىپ تۇرۇپ «يوغىنا !» دېگەنىدى ، تىرنا سەكسەن گەز ئۇزۇنلۇقتا بولدى ؛ ئۇ قەدىمىنى يوغان ئېلىپ تىرنا بىلەن ئوڭ - سول تەرەپتىكى تىكەنلەرنى قايرىپ :

— ئۇستاز ، قېنى كەينىمدىن ماڭسىلا ! — دېدى . تاڭ سەنزاڭ خۇش بولۇپ ئېتىنى قامچىلاپ ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى . شا ۋۇجىڭ يۈك - تاقنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا سوگداشتى . سۇن ۋۇكۇڭمۇ تۆمۈر كالتەكنى بىلەن يول ئېچىپ ماڭدى . ئۇلار شۇ تەرىقىدە يۈز چاقىرىمدەك يول باستى . قاراڭغۇ چۈشەي دېگەندە بىر پارچە بوشلۇق كۆزگە چېلىقتى . يول ئۈستىدە بىر تاش ئابىدە بولۇپ ، ئۇنىڭغا «تىكەنلىك چوققا» دەپ يېزىلغانىدى ؛ ئۇنىڭ ئاستىغا يەنە «تىكەن سەككىز يۈز چاقىرىمچە جاينى قاپلىغان . قەدىمدىن بۇ يەرگە ئادەمزات ئايىغى ئىنتايىن ئاز تەگكەن» دەپ يېزىلغانىدى . بۇنى كۆرگەن جۇ باجېي كۈلۈپ :

— بۇنىڭغا مەن «ھازىر بۇ يولنى جۇ باجېي ئېچىپ ، غەربكە بارغۇچە تۈپتۈز قىلىۋەتتى !» دېگەن گەپنى قوشۇپ قويايمىكىن ، — دېدى . تاڭ سەنزاڭ خۇشال ھالدا ئاتتىن چۈشۈپ :

— شاگىرتلار ، چارچاپ كەتتىڭلار ! بۈگۈن مۇشۇ يەردە كېچىنى ئۆتكۈزۈپ ئەتە تاڭ ئاتقاندا ماڭايلى ، — دېدى .

— ئۇستاز ، قونمايلى ، تېخى قاراڭغۇ چۈشمىدى ، مەنمۇ راسا

غەيرەتكە كېلىۋاتىمەن. كېچىلەپ مېڭىپ كېتەيلى، — دېدى جۇ باجيې.

تاڭ سەنزاڭ نائىلاج ئۇنىڭ گېپىگە كىرىپ ماڭدى.

جۇ باجيې زور تىرىشچانلىق بىلەن ئىلگىرىلىدى. شاگىرتلارمۇ دەم ئالماستىن يەنە بىر كېچە ـ كۈندۈز يول يۈردى. زاۋال مەھەلدە ئۇلار بىر بوشلۇققا كەلدى. بوشلۇقنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا كونا بىر ئىبادەتخانا بولۇپ، ئىبادەتخانا سىرتىدا قارىغاي، ئارچا قەد كۆتۈرۈپ، شاپتۇل، ئەينۇلا دەرەخلىرى كۆكلەپ كەتكەنىدى. سۈن ۋۇكۇڭ ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپ تۇرۇپ:

— بۇ يەردە ياخشىلىقتىن كۆرە شۇملۇق ھىدى كېلىۋاتقاندەك قىلىدۇ. ئۇزاق تۇرمايلى، — دېدى.

— ئاغا، گۇمانخورلۇق قىلماڭ. ئادەمزاتسىز بۇ جايدا ياكى دىۋە ـ پەرى ياكى يىرتقۇچ ھايۋانات بولمىسا نېمىدىن قورقاتتۇق؟ — دېدى شا ۋۇجىڭ شەيخ. شۇ ئارىلىقتا سوغۇق شامال بىلەن تەڭ ئىبادەتخانىنىڭ ئىشىكىدىن بىر بوۋاي چىقتى، ئۇ بېشىغا ئۈچ بۇرجەك ياغلىق چىگىۋالغان، سۇس رەڭلىك كىيىم كىيگەن، ھاسا تۇتقان، ساپما كەش كىيگەن بولۇپ، كەينىدە يۈزى كۆپكۆك، ھىڭگاڭ چىش، قىزىل ساقال، قىزىل ئۆڭ شاياتۇن بىر پەتنۇستا قۇتۇرماچ كۆتۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. بوۋاي ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلدى ۋە:

— تەقسىرلىرىم، پېقىر تىكەنلىك چوققىنىڭ يەر مۇئەككىلى بولىمەن. ھەرقايسىلىرىنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلغىنىدىن خەۋەر تېپىپ باشقا نەرسەم بولمىسىمۇ، بىر پەتنۇس قوتۇرماچ پىشۇرۇپ ئالدىلىرىغا چىقتىم. قېنى، تارتىنماي يېقىشسىلا. بۇ يەر سەككىز يۈز چاقىرىم كېلىدۇ. بۇ ئارىلىقتا ئۆي، ئادەمزات يوق، بۇنى يەپ قورساقلىرىنى تويغۇزۇۋېلىشسىلا، — دېدى.

جۇ باجيې خۇش بولۇپ كەتتى ـ دە، ئالدىغىراق بېرىپ قوتۇرماچقا قول ئۇزاتتى. خېلى ۋاقىتتىن بېرى ئۇنى دىققەت بىلەن كۆزەتكەن سۈن ۋۇكۇڭ ۋارقىرىدى:

— توختا! بۇ ياخشى نەرسە ئەمەس! سەن قەيەردە يەر مۇئەككىلى بولىسەن، قېنى يېقىن كەل، مۇنۇنى تىتىپ باق!

بوۋاي ئۇنىڭ ئۇرماقچى بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بىرلا پىرقىراپ سوغۇق شامالغا ئايلاندى ـ دە، گۇركىرىگەن پېتى تاڭ سەنزاڭنى يۆگەپ ئېلىپ قەيەرگىدۇ يوقالدى. تەمتىرەپ كەتكەن سۇن ۋۇكۇڭ ئۇلارنى قەيەردىن ئىزدەشنى بىلمەيلا قالدى. جۇ باجيې بىلەن شا ۋۇجىڭ قورقۇپ تاتىرىپ كەتتى؛ ئاق ئات ئۈركۈپ كىشنىۋەتتى. ئۇ ئۈچەيلەن ئاتنى يېتىلەپ خېلى ئىزدىدى، ئۇلار ئاقتىمۇ، كۆكتىمۇ يوق ئىدى. ئۇلار بۇ يەردە ئىزدەپ تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەلقىسسە، بوۋاي بىلەن خىزمەتكارى تاڭ سەنزاڭنى كۆتۈرۈپ تۇمان ئىچىدىكى تاش ئۆي ئالدىغا ئەكېلىپ ئاستا يەرگە قويدى ۋە ئۇنى قولتۇقلاپ:

— شەيخىم، قورقمىسىلا، بىز ئەسكى ئادەملەر ئەمەس. پېقىر تىكەنلىك چوققىدىكى ئاقساقال شې باگۇڭ بولىمەن. كېچە سالقىن، ئايدىڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، كېچىنى خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزەيلى، دەپ ئۆزلىرىنى شېئىرىي سۆھبەت قۇرۇشقا ئالاھىدە تەكلىپ قىلىشىم، — دېدى.

شۇندىلا تاڭ سەنزاڭنىڭ پۇت ـ قولىغا سەل جان كىردى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ ئەتراپقا نەزەر سالسا ھايھات:

*بۇلۇت ۋە تۇمانلار ئىلكىدە پىنھان،*
*تۇرىدۇ خىلۋەتتە بۇ تىنتاس ماكان.*
*ئۆستۈرۈپ گۈل ـ گىياھ قىلىپ ئىبادەت،*
*ئۆتمەككە ئەڭ لايىق جايدۇر بۇ ھامان.*
*تۇرنىلار قونۇشار قىياغا كېلىپ،*
*ساسلىقتا پاقىلار سىلىشار چۇقان.*
*ئەيلىك ئىكەن بۇ ماكان ھەقىقەتەنمۇ،*

*ياشاشقا ھەرقاچان بوپ تەركىماكان .*

تاڭ سەنزاڭ ئەتراپىنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقاندا بىراۋنىڭ ئاۋازى قۇلىقىغا كىردى :

— شى باگۇڭ ئاقساقال شەيخنى چاقىرىپ كەپتۇ !

تاڭ سەنزاڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى ، ئالدىدا ئۈچ مۆيسىپىت تۇراتتى . ئالدىدىكىسى ئاپئاق ، قەددى ـ قامەتلىك ئىدى ؛ ئىككىنچىسى يېشىل چاچ ، جىلۋىگەر ئىدى ؛ ئۈچىنچىسى دېلىغۇل ، قاپقارا ئادەم ئىدى . بۇلارنىڭ چىراي ـ شەكلى ، كىيىم ـ كېچىكى پەقەت ئوخشاشمايتتى . ئۇلار تاڭ سەنزاڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بەردى . تاڭ سېڭمۇ سالام قايتۇرۇپ بولۇپ :

— پېقىرنىڭ قايسى پەزىلىتى ھەرقايسىلىرىنىڭ پىسەنتىگە يېقىپ قالدىكىنتاڭ ؟ — دېدى .

— ئۆزلىرىنىڭ تەرىقەتتە كامالەتكە يەتكەنلىرىنى ئۇزاقتىن بۇيان ئاڭلاپ كۆرۈشۈشكە ئىنتىزار بولۇپ كېلىۋىدۇق . بۈگۈن ئارزۇيىمىزغا يەتتۇق . مالال كەلمىسە ، كەڭ ـ كۇشادە ئولتۇرۇپ بىز بىلەن سۆھبەت قۇرغايلا ، — دېدى شى باگۇڭ كۈلۈپ .

— ئەپۇ قىلىشسىلا ، ئىسىم ـ شەرىپلىرىنى بىلسەم بولارمۇ ؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

— ئاپئاق كەلگەن بۇ كىشى گۇ جىگۇڭ ، يېشىل چاچلىقى لىڭ كۇڭزى ، دېلىغۇلراقى فۇ يۈنسۇ بولىدۇ . پېقىرنىڭ لەقىمى جىڭ جيې ، — دېدى شى باگۇڭ .

— ھەرقايسىلىرى قانچە ياشقا كىرگەنلا ؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

گۇ جىگۇڭ مۇنداق دېدى :

*تۇيتۇغرا مىڭ يىلنى ئۆتكۈزدۈم باشتىن ،*
*باراقسان بوي بەستىم يېتەر ئاسمانغا .*
*شاخلىرىم ئەجدىھا — يىلان شەكلىدە ،*

*تاشلايدۇ ئۇ قويۇق سايە ھەر يانغا .*
*تاۋلىنىپ ئۆستۈممەن كىچىكىمدىنلا ،*
*كامالەت - ۋايىمغا يەتتىم مەن تولۇق .*
*يىراقمەن ھامان چاڭ - توزانلاردىن ،*
*خىسلەتتە مەن پەقەت يىگانە ئۇلۇغ .*

لىڭ كۆڭزى كولۇپ مۇنۇلارنى ئېيتتى :

*مەن ھايات كەچۈردۈم دەلمۇدەل مىڭ يىل ،*
*خاسىيەتلىك ۋۇجۇدۇم كۈچ - قۇۋۋەتكە يار .*
*كۈندۈزى تاشلايمەن بۇلۇتتەك سايە ،*
*كېچىسى يامغۇردەك بېرىمەن سادا .*
*پەنگېندىن ئۆگەندىم ياشاشنى ئۇزاق ،*
*ياپيېشىل ماكانىم ئەينى تىلسىمات .*
*چىللايمەن تۇرنىنى ، قوغلاپ باشقىنى .*

فۇ يۇنسۇ كولۇپ شۇنداق دېدى :

*ئۆتكۈزدۈم مىڭ يىللىق ئاچچىق - چۈچۈكنى ،*
*قىرىلىق مەزگىلىم ئەمىنلىككە يار .*
*ۋاڭ - چۈڭنى ئۆزۈمگە يولتمايمەن ھېچ ،*
*كۆپ ئىسسىق - سوغۇققا بولغانمەن دۇچار .*
*تەرنقەت ھەققىدە قۇرىمەن سۆھبەت ،*
*دوستلار بىلەن مەي ئىچىپ ئوقۇيمەن نەزمە .*
*ئەۋلىيا سۈپەتلىك ئۆتمىكىم ئەلا ،*
*بىھاجەت زەر - كۈمۈش ، ئىشرەتۇبەزمە .*

جىڭ جيې لەقەملىك شې باگۇڭمۇ كولۇپ شۇنداق دېدى :

*كۆردۈم مەنمۇ ھەم مىڭ يىل ئۆمۈر ،*
*ئۆز مەيلىمچە ياشاپ كېلىمەن .*
*يامغۇر ، شەبنەم ياشناتتى مېنى ،*
*تەبئەتنى قۇربىم بىلىمەن .*
*تەۋرىمەيمەن بوران ـ چاپقۇندا ،*
*ياپپېشىلمەن يىل بويى ئەبەت ،*
*سايەم چىللار ئەۋلىيالارنى ،*
*تەرىقەت ھەققىدە قۇرىمەن سۆھبەت .*

— تۆتىلىرى ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشۈپلا ، جىگدە جىنى ئاقساقال تېخى مىڭ ياشنىمۇ ئاز كۆرۈۋېتىپتۇ . شۇنچە ئۇزاق يىل ياشاپمۇ نــاھايىتى تېمەن ، ساغلام ، تېتىك تۇرۇشۇپلا ، تەۋەررۇك «تۆت ئاقساقال» ئىكەنلا ! — دېدى تاڭ سەنزاڭ ئۇلارنى ماختاپ .

— بــەك ئــاشــۇرۇۋەتــتىلە ! بىز سىلى تەرىپلىگەندەك تۆت ئاقساقال ئەمەس ، بەلكى تاغ ئىچىدىكى «مەشقاۋۇل» بولىمىز . ئۆزلىرى قانچە ياشقا كىردىلىكىن ؟

تاڭ سېڭ ئالقىنىنى جۈپلەپ تەزىم بىلەن مۇنداق دېدى :

*تۇغۇلدۇم بۇنىڭدىن قىرىق يىل ئاۋۋال ،*
*پېشانەمگە پۈتۈلگەنىكەن چوڭ بالا ـ قازا .*
*ھاياتلىق دولقۇنىدا ئۈزدۈم كۆپ زامان ،*
*ئالتۇن تاغدا بەختىمگە تۆرەلدىم قايتا .*
*مۇقەددەس نومنى ئوقۇپ ئىخلاستا ،*
*ئىبادەت قىلدىم مەن بۇرھانغا يانا .*
*ماڭدىم غەربكە شاھ ئەمرى بىلەن ،*
*ئۇچرىدىم ئەۋلىيا ھەزرەتكە مانا .*

— ئۆزلــىرى قــۇرساقــتــىن چۈشۈپلا ئىلىم ئاپتىكەنلا . كىچىكلىرىدىن تارتىپلا ئىلىم ئالغاچقا ، تەرىقەت بابىدا كامالەتكە

يېتىپلا ، — دېدى تۆتەيلەن ئۇنى ماختاپ ، — بىزلەر بولساق كاتتا ئىلىم ئالالمىدۇق . بىز ئىستىقامەت بىلەن تەرىقەت يولىنى تۇتۇپ ئۆگەنگەن ئاز - تولا ئىلىمىمىز بىلەن ئۆزىمىزگە تەسەللى - تەسكىن ئېيتىپ ئۆتۈۋاتقانلارمىز .

تاڭ سېڭ ئەمدى قورقماستىن تۆتەيلەنگە مۇنداق دېدى :

— ئىستىقامەت قىلغۇچىلار جىمجىت تەپەككۇر قىلىدۇ ، قانۇنچىلار مۆلچەرلەشنى بىلىدۇ ، ئادەملەر مەيلى جىمجىت تەپەككۇر قىلسۇن ياكى مۆلچەر بىلەن ئىش قىلسۇن ، بۇددىزمنى تولۇق چۈشەنمىسە بولمايدۇ . چۈشەنگۈچىلەر پاكلىنىپ بەئەينى ئانىدىن قايتا تۆرەلگەندەك بولىدۇ . سەگەك بولۇپ بۇددىزمنى ئوبدان چۈشەنسە ، ئادەم ئۆزىدە خاسىيەتلىك نۇرنى ساقلاپ قالالايدۇ . بۇ نۇر ئۈچقۇنلىرى جىلۋە قىلىدۇ ، بۇددىزم ئۆزىگە خاس كارامىتىنى نامايان قىلىدۇ . پېقىر ئىزچىل ئىلىم تەھسىل قىلىش ، ئىستىقامەت بىلەن بولۇپ ، تەقدىر - قىسمەتتە پۇتۇلگىنى بويىچە بۇددىزمنىڭ قانۇن - نىزاملىرىنى بىرمۇبىر قەلبىمگە پۈكتۈم ۋە چۈشىنىۋالدىم .

تۆت ئاقساقال بۇ گەپتىن تەسىرلىنىپ چەكسىز شادلاندى ھەمدە ئۇنىڭغا قايىل بولۇپ تەزىم بىلەن :

— ئەۋلىيا سامغا ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەن ئىكەنلا ، — دېدى .

— ئىستىقامەتتە پىكىر قىلىش ، قانۇندا قىياس قىلىش بولغىنى بىلەن قەتئىي نىيەت ، سەمىمىي - سادىق يۈرەك بولمىسا يەنە بولمايدۇ . سەگەك بولغاندا ، ئاندىن ئەۋلىيا بولۇپ مەڭگۈ ياشايدۇ . بىزلەرنىڭ ئىشىمىز بولسا ئۇنىڭغا ئوخشاشمايدۇ ، — دېدى فۇ يۈنسۇ .

— تەرىقەت يولى بىر ، ئەسلىمىز ۋە روھىمىز بىر تۇرسا نېمىشقا ئوخشىمايدۇ دەيدىلا ؟ — دېدى تاڭ سېڭ .

فۇ يۈنسۇ كۈلۈپ مۇنداق دېدى :

*ئەزەلدىن جىسمىمىز مەزمۇت ، ئەسلىمىز —*

روھىمىز سىلەرنىڭكىگە ئوخشاشمايدىغان .
قۇياش ، ھاۋادىن رەڭ ئېلىپ كەلدۇق ،
تۆرىلىپ دۇنياغا كەلگەندىن بۇيان .
شاخ - يوپۇرمىقىمىز كۆكلەپ تۇردۇ .
يىل ، ئاي ، كۈنىمىز ئۆتىدۇ خۇش ۋاق ،
قۇچاقلار ئېچىپ ھەر يان شاخ - گۇلىمىز .
چاچار ئەتراپقا مەززىلىك پۇراق ،
ئېھ تەرەققەتچى تۇرماي ئۆز ئەلدە .
يول ئاپسىز ئەجەب غەرب تەرەپكە .
زايە قىلىپ كەش - ئاياغلارنى ،
ئىزدەيسىزكىنىتاڭ ئۇ ياقتىن نېمە ؟
ئىستىقامەت دەپ زاتتىن كېچىپسىز ،
نىجاتلىق يولىنى تەرك ئېتىپسىز .
باش ئۇرۇپ بۇتقا زىكىرلەر قىلىپ ،
ئۆزگىلەرنى دىنغا قانداق باشلايسىز ؟
بولدى بۇ سېپۆەتكە سۇ قاچىلاشتەك ،
تۆمۈر دەرەخلەر چېچەك ئاچقاندەك .
خىسلەتلىك چوققا - تاغقا چىقىسىڭىز ،
بولارسىزمۇ زات شۆھرەت تاپقاندەك .

بۇنى ئاڭلاپ تاڭ سەنزاڭ باش ئۇرۇپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى .

شى باگۇڭ ئۇنى قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرغۇزدى . گۇ جىڭگۇڭ قەددىنى رۇسلىدى . لىڭ كۇڭزى قاقاقلاپ كۈلۈپ :

— فۇ يۈنسۇ گەپتە سەل ئاشۇرۇۋەتتى ، ئەۋلىيا سامغا ، ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئىشەنمىسىلە . ئۇرۇنلىرىدىن تۇرسىلا . بۇ ئايدىڭ كېچىدە دىنىي ئەقىدىلەر ئۈستىدە سۆزلىشىپ ۋاقىت ئۆتكۈزمەستىن كەڭ - كۇشادە ئولتۇرۇپ پۇخادىن چىققۇچە نەزمە ئوقۇيلى ، — دېدى .

— نەزمە ئوقۇيدىغان بولساق، ئىبادەتخانىغا كىرىپ چاي ئىچكەچ ئولتۇرايلى. قانداق دەيسىلەر؟ — دېدى فۇ يۇنسۇ تاش ئۆينى كۆرسىتىپ.

تاڭ دەرۋىش بىر كېرىلىۋېلىپ تاش ئۆيگە كۆز يۈگۈرتتى. ئىشىك بېشىغا «ياغاچ مۇئەككەللىرى ئىبادەتخانىسى» دېگەن خەت يېزىلغانىدى. ئۇلار بىرلىكتە ئىبادەتخانىغا كىرىپ ئولتۇرۇشتى. بايىقى يالىڭاچ شاياتۇن بىر تەخسە غارىقۇن[1] بىلەن بەش چىنىدە مەززىلىك شورپا ئاچىقتى. تۆتەيلەن تاڭ سەنزاڭنى تاماققا تەكلىپ قىلدى. ئەمما، ئۇ شەك كەلتۇرۇپ يېگىلى ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن تۆتەيلەن دەسلەپ ئېغىز تېگىشتى. تاڭ سەنزاڭ شۇندىلا سەل كۆڭۈل توختىتىپ ئىككى تال يېدى. شورپا ئىچىلىپ قاچا - قۇچىلار يىغىشتۇرۇلدى.

تاڭ سەنزاڭنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ ئىنتايىن خۇشال بولدى - دە، ئىختىيارسىز نەزمە ئوقۇدى: «ئىخلاسمەن قەلبىم ئايدەك غۇبارسىز، ئۇنىڭدىن ئۇرغۇيدۇ ئىلهام فونتاندەك.» جىڭ جيې كۇلۇپ: «ھېكمەتلىك ئىبارە ئىپسىل ھەم كۆركەم» دېيىشىگە گۇ جىگۇڭ ئايغىنى چۇشۇردى: «كەشتە چېكىلگەن دۇردۇن كىمخابتەك.» لىڭ كۇڭزى: «نى نادىر ئەسەرلەر مەيدانغا چىققان» دېگەنىدى، فۇ يۇنسۇ ئۇلاپلا: «ئالتە سۇلالە دەۋرىدە مەرىپەت گۇللەپ، تۆت خانلىق دەۋرىدە شۇ ئەل بايلىقى، خارابلاشتى سەل ئېلىمىز چۆللەپ» دېدى.

— پېقىر ئەدەپسىزلىك قىلىپ ئاغزىمغا كەلگەننى سۆزلەپ «چايېقىنى ئالىمەن دەپ قارىغۇ قىپتۇ» دېگەندەك ئىش قىپتىمەن. ھەرقايسىلىرىنىڭ نەزملىرىنى ئاڭلاپ ئاجايىپ ھۇزۇرلاندىم، ھەقىقىي شائىر ئىكەنلا، — دېدى تاڭ سېڭ.

— ئەۋلىيا سامغا، بىزنى بىھۇدە ماختىمىسىلا. شەيخلەر دېگەن ئىلىمگە كامىل كېلىدۇ. گەپنى باشلاپ قويۇپ نېمىشقا ئاخىرىغا چىقارمايدىلا؟ بىزنى نائۇمىد قويمىغايلا، — دېدى جىڭ جيې

---

[1] غارىقۇن — بىر خىل ئېسىل دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن ياسالغان يېمەكلىك.

ئاقساقال .

— پېقىر كالته پەملەردىنمەن ، پۇتۇنرەك نەزمىنى شې باگۇڭ ئوقۇپ بەرسۇن ، — دېدى تاڭ سىڭ .

— بەكمۇ كۆڭۈلچەك ئىكەنلا ! — دېدى جىڭ جيې ، — نەزمىنى ئۆزلىرى باشلىدىلا ، نېمىدەپ ئۇنى ئاخىرىغا چىقارمايدىلا ؟ مەن باشلىغاندىن كېيىن باشقىلار ئاخىرىنى چىقارسۇن دېسىلە قاملاشمىغان ئىش بولىدۇ .

تاڭ سىڭ نائىلاج ئىككىنچى نەزمىنى ئوقۇدى : «تاڭ ساباسى ئويغاتتى چاي قايىنىماستا ، كۆڭلۈم باھار بولغاندەك تولدى زوق - شوققا . »

— بارىكاللا ، «كۆڭلۈم باھار بولغاندەك تولدى زوق - شوققا » دېگەن مىسرا قالتىس جايىدا بولدى ، — دېدى شې باگۇڭ .

— جىڭ جيې ، شېئىرىيەتتىن چوڭقۇر بىلىملىرى بار ئىكەن ، شۇڭا ھەزىم قىلىش بىلەنلا بولۇۋاتىدىلا . نېمىشقا سىلىمۇ بىرەر نەزمە ئوقۇمايدىلا ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ . شې باگۇڭ بۇنى رەت قىلماستىن مۇنداق دېدى :

— ئۇنداق بولسا مەن باشلاي ، ھەممىمىز تەڭ ئوقۇيلى .

*ئېچىلمايدۇ باھاردا ، قىشتا سولمايدۇ ،*
*چاقماقتەك بۇلۇت ئىچرە ئۇزاق تۇرمايدۇ .*

لىڭ كۇڭزى دەرھال نەزمە ئوقۇدى :

*شامالسىزمۇ دەرەخلەر تاشلايدۇ سايە ،*
*بەخت تۇمارىن ئېسىش ھەركىمگە غايە .*

فۇ يۈنسۇمۇ بوش كەلمىدى :

*شۇ بەختىنىڭ تۇمارى كۆركەم ھەم ئېسىل ،*

*ھەيۋەت ئېگىز قومۇشنى قىلىدۇ خىجىل .*

گۇ جىڭگۇڭمۇ ئۇنىڭ ئاخىرىنى چۇشۇردى :

*قومۇش ـ بامبۇك شاخلىرى بولامدۇ جەگە ،*
*شاخنىڭ جەگە بولغىنى ئېيتىڭلار نەدە؟*

بۇنى ئاڭلاپ تاڭ سىڭ ماختاپ كەتتى :

— ھەقىقەتەن بۇ نەزمە ئىللىق باھار ۋە ئاپئاق قارنى ، ئاسماننى قاپلىغان تۇمان ۋە مانانىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۇردى . پېقىر نادانلاردىن بولساممۇ ، يەنە ئىككى ئېغىز بىر نىمە دەپ باقاي .

— ئەۋلىيا سامغا ، سىلى دېگەن تەرىقەتچى ، شۇڭا پارچە ـ پۇرات نەزمىلەرنى قويۇپ ، پۇتۇنرەك بىرنەرسە ئوقۇپ بىزدەك چالا نەزمىچىلەرگە ئۇلگە كۆرسەتسىلىمۇ بوپتىكەن ، — دېدى گۇ جىڭگۇڭ .

تاڭ سەنزاڭ نائىلاج كۇلۇمسىرەپ يەنە نەزمە ئوقۇدى :

*ھاسىغا تايىنىپ ماڭدىم غەربكە ،*
*كەلمەككە مۇقەددەس كىتابنى ئېلىپ .*
*ئاڭلىدىم ھېكمەتلىك نەزمىلەر خۇددى ،*
*تۇرىدۇ گۇل كەبى خۇش پۇراق چېچىپ ،*
*ئۆرلەيلى تېخىمۇ يۇكسەك پەللىگە ،*
*دىنىمىز ئىلكىگە ئۆتسۇن كەڭ جاھان .*
*تەرك ئەتمەي دۇئا ۋە ئىبادەتنى بىز ،*
*تۇتايلى بېھىشنىڭ تۆرىدىن ماكان .*

تــۆت ئــاقساقال بۇنى ئاڭلاپ ئاجايىپ ماختاپ كەتتى . شى باگۇڭ :

— پــېقىرنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمىسىمۇ ، يۇرىكىمنى

قاپتەك قىلىپ بىر نەزمە ئوقۇپ باقاي ، — دېدى ۋە مۇنۇ نەزمىنى ئوقۇدى :

*دەرەخلەر شاھىنى ئىلمىدىم كۆزگە ،*
*شۆھرىتىم ھەرياندا تاپتى ئېتىبار .*
*بوش تاغقا تاشلانغان يىلان سايىسى ،*
*بۇلاقتا مىڭ يىللىق قەھۋە ھىدى بار .*
*خىسلەت ۋە پەزىلەت بولغان بۇندا جەم ،*
*يىللارنىڭ قوينىدا تاپتى ئۇ كامال .*
*ئەپسۇسكى يوق مەندە خىزىر خىسلىتى ،*
*غەپلەتتە ئۆتۈپتۇ ئۆمرۇم بىھايال .*

— بۇ نەزمە ئاجايىپ پاساھەتلىك ۋە ئېسىل بولدى . بىراق ، ئايىغى بەكمۇ كەمتەرلىك بىلەن چۈشتى . پېقىرمۇ بىر نەزمە ئوقۇپ باقاي ، — دېدى گۇ جىگۇڭ .

*شىبخىم جەلپ قىلار قۇشلار شاھىنى ،*
*سىجۆ زالى ئالدىدا قەد كۆتۈرۈپ .*
*شەبنەم قونار ياپراقلارغا تاڭ بىلەن ،*
*شامال ئوينار خۇش - پۇراقلار كەلتۈرۈپ .*
*كېلەر تۈندە دەھلىزلەردىن پىچىرلاش ،*
*شاخ ئارىلاپ نۇر چاچار ئاي قەسىرگە .*
*سوۋغا ئەكېلەر مۇخلىس نورۇزدا ،*
*مەن ياشايمەن مەغرۇرانە تەرزدە .*

لىڭ كۆڭزى كۈلۈپ سۆزگە كىرىشتى :
— بارىكاللا ! قالتىس نەزمىغۇ بۇ . پېقىر نېمانداقمۇ دىتسىز بولۇپ قالغاندىمەن ؟ شۇنداقتىمۇ پۇرسەتنى بىكار كەتكۈزمەستىن قاملاشمىسىمۇ بىرنەرسە دەپ باقاي ، — دەپ مۇنۇ نەزمىنى

ئوقۇدى :

*شاھ يېنىدا تۇرار دۆلەت تۈۋرۈكى ،*
*شۇنىڭ بىلەن داڭدار تەيچىڭ ئوردىسى .*
*بۇندا ئەتراپ سەلتەنەتلىك تۇس ئالغان ،*
*كېلىپ تۇرار گۈل ـ گىياھنىڭ خۇش ھىدى .*
*دەل ـ دەرەخلەر تۇرار مەغرۇر مەردانە ،*
*تۇتاشقاندۇ يىلتىزلىرى جەننەتكە .*
*سۆيۈپ كۆكنى ئۇنىڭ ياپراق ـ شاخلىرى ،*
*گۈلزار ئارا قىلار جىلۋە ھەيۋەتتە .*

فۇ يۇنسۇ ئېغىز ئاچتى :

— ئۇچىلىرى ئاجايىپ ئېسىل سۆز دۇردانىلىرى بىلەن نەزمە ئوقۇپ كىمخاب ئۇستىگە گۈل چەككەندەك ئىش قىلىشتىلا ، مېنىڭ تېنىمدە ماغدۇر ، قورساقتا ئۇمىچىم يوق ، ئۇچىلىرىنى ئۇستاز تۇتۇپ ئەقلىمنى بېيىتسام بولغۇدەك . ھېچنېمەم يوق بولسىمۇ ، ســقسام ئازراق ماي چىقىدىغاندەك تۇرىدۇ ، — دېدى ۋە مۇنۇ نەزمىنى ئوقۇدى :

*چىئو باغچىسىنىڭ ئەركىن شاھىمەن ،*
*ۋېيچۇەندە مىڭ مولۇق يېرىم بار مېنىڭ .*
*ماكانىم باراقسان بامبۇكزارلىقتۇر ،*
*پوستى مەرىپەتكە يارامىلىق ئۇنىڭ .*
*گەر قىراۋ باسسىمۇ ئۆزگەرمەس رەڭگى ،*
*كۆيدۇرسەڭ ھېچ نەرسە قالمايدۇ پەقەت .*
*ئۆتسىمۇ ئالەمدىن ئۇلپەتسىز زىيو ،*
*مەرىپەت بابىدا ياشايدۇ ئەبەت .*

— ھەرقايسىلىرى ئاجايىپ ئۇستا شائىر ئىكەنلا ، تەرپىلەشكە

تىلمۇ ئاجىزلىق قىلغۇدەك. مېھىر ـ مۇھەببىتىڭلارغىمۇ كۆپ تەشەككۇر. تونمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى. ئۈچ شاگىرتىم مېنى شاقلاپ قالدى، ئۇزاق تۇرالمايمەن، ھەرقايسىلىرى بىلەن خوشلىشىپ قايتىپ كېتەي، يولنى كۆرسىتىپ بەرگەن بولسىلىرى ئىنتايىن مىننەتدار بولاتتىم، — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

— تەقسىر، ئالدىرىمىسىلا، ئۇزاق يىللار جامالىلىرىغا ئىنتىزار بولۇپ ئاران كۆرۈشتۇق. ھاۋا شۇنداق پەيزى، ئايمۇ كۈندۈزدەك يورۇپ تۇرىدۇ. يەنە بىر پەس ئولتۇرسىلا، تاڭ ئاتقاندا ئۆزىمىز چوققىدىن ئۆتكۈزۈپ قويىمىز. شاگىرتلىرى بىلەن چوقۇم ئۇچرىشىدىلا، — دېدى تۆتەيلەن.

شۇ گەپ بولۇۋاتقاندا سىرتتىن كۆك كىيىملىك ئىككى قىز بىردىن پانۇس كۆتۈرگىنىچە بىر پەرىزاتنى باشلاپ كىرىپ كەلدى. پەرىزات چېكىسىگە ئۆرۈك چېچىكىنى قىسىۋالغان بولۇپ، گۈلدەك ئېچىلىپ كىرىپ بۇلار بىلەن كۆرۈشتى. تۆت بوۋاي ئۇنىڭغا سالام بېرىپ بولۇپ سورىدى:

— شىڭ (ئۆرۈك) خېنىم، قەدەملىرىگە مۇبارەك بولسۇن؟

— بۇ يەرگە ئەزىز مېھمان قەدەم تەشرىپ قىپتۇ، دەپ ئاڭلاپ ئالاھىدە زىيارەت قىلىپ كېلىۋېدىم. كۆرۈشكىلى بولارمىكىن؟— دېدى ئايال تۆت بوۋاي بىلەن ئامان ـ ئېسەنلىك سوراشقاندىن كېيىن.

شى باگۇڭ تاڭ سەنزاڭنى كۆرسىتىپ:

— ئەزىز مېھمان مانا، كۆرۈشكەيلا، — دېدى.

تاڭ سەنزاڭ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى.

— دەرھال چاي كەلتۈرۈڭلار، — دېدى ئايال.

سېرىق كىيىملىك ئىككى قىز بىر قىزىل پەتنۇس كۆتۈرۈپ كەلدى. پەتنۇستا ناھايىتى سىپتە ئالتە پىيالە بولۇپ، پىيالىلەرگە تۈرلۈك مېۋە ئېلىنغان، قوشۇق سېلىنغانىدى. ئۇلار ئاق قەللە قىلىنغان مىس چەينەك بىلەن پىيالىلەرگە چاي قۇيدى. ئايال چاينى

ئالدى بىلەن تاڭ سەنراڭغا، ئاندىن تۆت بوۋايغا تۇتتى. يەنە بىر پىيالىگە چاي قۇيدۇرۇپ ئۆزى ئالدى.

— شىڭ خېنىم، نېمىشقا ئولتۇرمايلا، — دېدى لىڭ كۇڭزى.

ئايال ئولتۇردى، چاي ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن تەزىم قىلىپ سورىدى:

— تەقسىرلىرىم، كېچىنى ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈپتىلا. بولغان گەپلەردىن ئانچە-مۇنچە خەۋەردار بولساق قانداق؟ — دېدى.

— بىزدە سۆزلىگۈدەك ھېچ ئىش يوق. ئەۋلىيا سامغا ئاجايىپ ئېسىل نەزمىلەرنى تۇزۇپ بىزنى خۇرسەن قىلدى، — دېدى فۇ يۇنسۇ.

— قىزغىنىشمىسىلىرى، بىزمۇ بەھرە ئالساق بولارمۇ؟ — دېدى ئايال.

تۆت بوۋاي تاڭ سەنراڭنىڭ نەزمە ئوقۇش جەريانى، نەزمىسىنى ۋە سۆزلىگەن تەرىقەت يوللىرىنى بىرقۇر سۆزلەپ بەردى. بۇنى ئاڭلاپ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن ئايال، كۆپچىلىككە:

— كەمىنىلىرى ھېچقانچە ئىقتىدارلىق ئەمەسمەن، ھەرقايسىلىرىنىڭ ئالدىدا گەپنىمۇ قاملاشتۇرۇپ قىلالمايمەن. بۇ ئېسىل نەزمىلەرنى ئاڭلاپ سەل ئىلھامىم كېلىپ قالدى. مەنمۇ بىر ئىككى نەزمە ئوقۇپ مۇشائىرە قىلىپ باقسام قانداق؟ — دېدى ۋە تۆۋەندىكى نەزمىنى ئوقۇدى:

*ۋۇۋۇاڭ دەۋرىدە قازاندىم شۆھرەت،*
*كۇڭزىغا ئەگىشىپ تاپتىم مەرىپەت.*
*مەن ئورمان بولغاندا سۆيۈندى دۇگشەن،*
*خۇش ھىدىم سۇگچۇغا بەردى زوق-لەززەت،*
*يامغۇرلار ئۆستۇردى مېنى ياشنىتىپ،*
*ئىس-تۇمان باسسىمۇ كۆركەم مەن ھەيۋەت.*

*ئاچچىققا ئۆزگىرەر مېۋە بەك پىشسا ،*
*مەي باغلاپ پىشمەن ئورمىدا پەقەت .*

بۇ نەزمىنى ئاڭلاپ تۆتەيلەن ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كەتتى :

— پاھ ، قالتىس نەپىس ، لىرىك نەزمە ئىكەن بۇ . «يامغۇرلار ئۆستۇردى مېنى ياشىنىتىپ» دېگىنى كارامەت ئىكەن .

— ۋاي ، مېنى قورقۇتۇۋەتتىڭلار ! يۈرىكىمنى ئاسقتۇرۇۋەتتىڭلار ! ئەۋلىيا سامغىنىڭ نەزمىسىنى نەزمە دېسە بولىدۇ ، سۆزلىرى شۇنداق پاساھەتلىك ، يېقىملىق ، گۈزەل ئىكەن . ئەگەر ئېغىر كۆرمىسىلىرى ئاز - تولا تەلىم بەرسىلە قانداق ؟ — دېدى ھېلىقى ئايال كۈلۈپ .

تاڭ سەنزاڭ گەپ قىلىشقىمۇ پېتىنالمىدى . ئاستا - ئاستا ئايالنىڭ ئۇنىڭغا كۆڭلى چۈشۈپ قالدى بولغاي ، يېقىن كېلىپ سۈركەشكىلى ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ شېرىن سۆزلەرنى قىلغىلى تۇردى ، ئاندىن :

— ئەزىز مېھمان ، تۇننى غەنىيمەت بىلىپ كۆڭۈل ئېچىپ ھۇزۇر قىلماي نېمىگە قاراپ تۇرىدىلا ؟ ئادەمگە بۇنداق ئوبدان پۇرسەت قانچىلىك كېلىدۇ دەيدىلا ؟ — دېدى .

— شىڭ خېنىمنىڭ ئۆزلىرىگە كۆڭلى چۈشۈپ قاپتۇ . تەقسىر ، سىلىنىڭ نىيەتلىرى قانداق ؟ ئەگەر ئۇنى ياراتمىسىلىرى تولىمۇ ئەقىلسىزلىق قىلغان بولىدىلا ، — دېدى شى باگوڭ .

— تەقسىرىمىز تەرىقەتكە ئۆزىنى بېغىشلىغان زات . خىيالىغا كەلگەن ئىشنى قىلسا ھەرگىز بولمايدۇ . بۇنداق قىلىشقا دەۋەت قىلساق بىزمۇ گۇناھقا پاتىمىز . ناۋادا شىڭ خېنىمنىڭ ھەقىقەتەن كۆڭلى بولسا ، فۇ يۈنسۇ بىلەن شى باگوڭ ئەلچى بولسۇن . لىڭ كۆڭزى بىلەن مەن ئاتا بولايلى . بۇ ئىككىيلەننىڭ بېشىنى چېتىپ قويساق جىق ساۋاب ئالمايمىزمۇ ، — دېدى گۇ جىگوڭ .

بۇنى ئاڭلاپ تاڭ سەنزاڭ شاپپىدە ئۆڭدى ۋە چاچراپ ئورنىدىن

تۇرۇپ ۋارقىراپ كەتتى :

— سىلەر قانداق ئادەملەر ھە؟ مېنى ئازدۇرغىنىڭلار نېمىسى؟ باياتىن كۆڭۈل كۆتۈرىدىغان گەپلەر، سىرلىق ئىشلار ۋە تەرىقەت ئۈستىدە گەپ بولغاچقا، بوپتۇ، دەپ ئولتۇرسام، ئەمدى پېقىرغا ساھىبجامال بىلەن زىيانكەشلىك قىلماقچىمۇ! قەيەردە ئۇنداق ئىش بار ئىكەن!

تۆت بوۋاي تاڭ سەنزاڭنىڭ ئاچچىقى كەلگىنىنى كۆرۈپ قورققىنىدىن ئارتۇق گەپ ـ سۆز قىلمىدى. ھېلىقى قىزىل كۆتەن شاياتۇن چىچاڭشىپ كەتتى :

— نېمانداق ئىززىتىڭنى بىلمەيدىغان شەيخسەن! بۇ مېنىڭ ئاچام، ئۇنىڭ نەرى يامان ئىكەن؟ ئۇ شۇنداق ساھىبجامال، نازاكەتلىك دىلبەر ئايال. ئاياللارنىڭ قولىدىن كېلىدىغان يىپ ـ يىڭنە ئىشىنىغۇ گۈل كەلتۈرۈپ قىلىدۇ. شېئىر ـ نەزمىدىمۇ ساڭا تەڭ كېلىدۇ. نېمىشقا ئۇنى رەت قىلىسەن؟ پۇرسەتنى قولدىن بەرمە! گۇ جىگۇڭ ئوبدان گەپ قىلدى. ناۋادا ئۇنىڭ بىلەن ئاشنا ئوينىغۇڭ يوق بولسا، مانا مەن توي بېشى بولاي.

تاڭ سەنزاڭ تامدەك تاتىرىپ كەتتى. ئۇلار ھەرقانچە گەپ قىلسىمۇ پەقەت ئۇنىماي تۇرۇۋالدى. شاياتۇن يەنە :

— سەن بىزنىڭ چىرايلىقچە قىلغان گېپىمىزنى ئاڭلىمايۋاتىسەن. ئەگەر بىزنىڭ ياۋايىلىقىمىز تۇتسا، سېنى قۇيۇندەك ئۇچۇرتۇپلا يۇرىمىز، ئۇ چاغدا شەيخمۇ بولالمايسەن، خوتۇنمۇ ئالالمايسەن. شۇنىڭغا رازىمۇسەن؟ — دېدى.

تاڭ سەنزاڭنىڭ قەلبى ئالتۇندەك ساپ ئىدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ گېپىگە پەقەت كىرمىدى. «شاگىرتلىرىم مېنى قەيەرلەردە ئىزدەپ يۇرىدىغاندۇ؟» دەپ ئويلىدى، ئىختىيارسىز كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. ئايال دەرھال ناز ـ جىلۋە بىلەن ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ يېڭىدىن ھەرە چىشى شەكلىدىكى جىيەك تۇتۇلغان ياغلىقىنى ئالدى ـ دە، ئۇنىڭ يېشىنى سۇرتۇپ :

— ئەزىز مېھمىنىم، كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا، مەن بىلەن

ئالتۇن تۆشەكتە يېتىپ كۆڭۈللىرىنى ئاچسىلا، — دېدى. تاڭ سەنزاڭ قاتتىق ۋارقىراپ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى ـ دە، مېڭىشقا تەمشەلدى، ئەمما ئۇلار بىلەن تاكى تاڭ ئاتقۇچە تارتىشماق ئوينىدى.

تۇساتتىن «ئۇستاز! ئۇستاز! قەيەردە گەپ قىلىۋاتىدىلا؟» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

سۇن ۋۇكۇڭ، جۇ باجيې، شا ۋۇجىڭ شەيخ ئاتنى يېتىلەپ، يۈك ـ تاقلارنى كۆتۈرۈپ كېچىچە تىنىم تاپماي تىكەن ـ چاتقاللار ئارىسىنى ئاختۇرۇپ چىققان، ئاندىن بۇلۇت ـ تۇمان ئىچىدە سەككىز يۈز چاقىرىملىق چوققىنىڭ غەربىگە ئۆتكەندە تاڭ سەنزاڭنىڭ ۋارقىرىغان ـ جارقىرىغىنىنى ئاڭلاپ بايىقىدەك تۇۋلاپ كەتكەنىدى. تاڭ سەنزاڭ بىرنېمىلەرنى قىلىپ ئۈشكىتىن چىقتى ۋە:

— سۇن ۋۇكۇڭ، مەن مانا ماۋۇ يەردە! تېز كېلىپ مېنى قۇتۇلدۇرۇڭلار! چاپسان قۇتۇلدۇرۇڭلار! — دېدى. تۆت بوۋاي، شاياتۇن، ھېلىقى ئايال ۋە قىزلار شۇئان غايىب بولدى.

كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئارىلىقتا جۇ باجيې، شا ۋۇجىڭلار يېقىن كېلىپ سورىدى:

— ئۇستاز، بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىلا؟

— شاگىرتلىرىم، سىلەرنى جاپا تارتقۇزۇپ قويدۇم! — دېدى تاڭ سەنزاڭ سۇن ۋۇكۇڭغا ئېيىلىپ، — تۈنۈگۈن پەيدا بولغان ھېلىقى بوۋاي مەن يەر مۇئەككىلى، سىلەرگە غىزا ئەكەلدىم، دېگەندە سەن ئۇنى ئۇرماقچى بولدۇڭ ئەمەسمۇ، شۇ چاغدا ئۇ مېنى كۆتۈرۈپ مۇشۇ يەرگە ئەكەلدى ۋە ئىچكىرىگە باشلاپ كىردى. ئۇ يەردە يەنە ئۈچ بوۋاينى كۆردۈم. ئۇلار مېنى كۆرگىلى كېلىشىپتىكەن. مېنى «ئەۋلىيا سامغا» دەپ ھۆرمەتلەپ كەتتى. ھەممىسىلا ناھايىتى سىپايە، نەزمىگە ئۇستا ئىكەن. مەن ئۇلار بىلەن تۈن تەڭ بولغۇچە نەزمە ئېيتىشتىم. بىر چاغدا مەن بىلەن

كۆرۈشكىلى ناھايىتى گۈزەل بىر ئايال كەلدى، نەزمە ئوقۇدى، مېنى «ئەزىز مېھمان» دېدى. مېنىڭ چىراي ـ تۇرقۇمنى كۆرۈپلا جورا بولايلى دەپ تۇرۇۋالدى. مەن پەقەت ئۇنىمىدىم. شۇنداقتىمۇ بوۋايلار ئۆزلىرىچە تويىمىزنى قىلىپ قويماقچى بولۇپ، بەزىلىرى ئەلچى، بەزىلىرى توي بېشى بولماقچى بولدى. مەن زادىلا ئۇنىماي كەتمەكچى بولۇپ، ئۇلار بىلەن تارتىشماق ئويناۋاتقاندا سىلەر كېلىپ قالدىڭلار.

— ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىپتىلا، نەزمە ئېيتىشىپتىلا، ئۇلارنىڭ ئىسمىنى سوراپ باقمىدىلىمۇ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— مەن ئۇلارنىڭ لەقىمىنى سورىدىم. ھېلىقى بوۋاينىڭ ئىسمى شى باگۇڭ، لەقىمى جىڭ جيې ئىكەن؛ ئىككىنچىسىنىڭ لەقىمى گۇ جىگۇڭ؛ ئۈچىنچىسىنىڭ لىڭ كۇڭزى؛ تۆتىنچىسىنىڭ فۇ يۈنسۇ ئىكەن. ھېلىقى ئايالنى ئۇلار شىڭ خېنىم دېيىشتى، — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

— ئۇ نېمىلەر قەيەرگە كەتتى؟ — دېدى جۇ باجيې.

—قەيەرگە كەتكەنلىكىنى بىلمىدىم. ئەمما، نەزمە ئوقۇشقان جاي بۇ يەرگە يېقىن، — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

ئۇچەيلەن ئۇستاز بىلەن بىرىپ قارىغۇدەك بولسا، بىر قىيا، قىيا ئۇستىدە «ياغاچ مۇئەككەللىرى ئىبادەتخانىسى» دېگەن خەت يېزىقلىق تۇراتتى. «مانا مۇشۇ يەر» دېدى تاڭ سەنزاڭ. سۇن ۋۇكۇڭ ئەتراپقا زەن قويۇپ قارىسا، يوغان بىر تۇپ قارا ئارچا، بىر تۇپ قېرى ئارچا، بىر تۇپ قېرى قارىغاي، بىر تۇپ قېرى بامبۇك، بامبۇكنىڭ كەينىدە بىر تۇپ قىزىل ئېرەن دەرىخى تۇراتتى. قىيا تەرەپكە قارىغاندى، بىر تۇپ قېرى ئۆرۈك دەرىخى، ئىككى تۇپ ئەينۇلا دەرىخى، ئىككى تۇپ دالچىن دەرىخى كۆزگە چېلىقتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۇلۇپ:

— سىلى جىن ـ ئالۋاستى كۆردىلىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

— سىلى بىلمەي قاپتىلا، مۇشۇ دەرەخلەر بۇ يەرنىڭ

جىن ـ ئالۋاستىلىرى ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— بۇ دەرەخلەرنىڭ جىن ـ ئالۋاستى ئىكەنلىكىنى قانداق بىلدىڭىز ئاغا ؟ — دەپ سورىدى جۇ باجيې .

— شې باگۇڭ دېگىنى قارىغاي ؛ گۇجىگۇڭ دېگىنى ئارچا ؛ لىڭ كۇڭزى دېگىنى قارا ئارچا ؛ فۇ يۈنسۇ دېگىنى بامبۇك ؛ قىزىل كۆتەنلىك شاياتۇن ئېرەن دەرىخى ؛ شىڭ خېنىم دېگىنى ئۆرۈك دەرىخى ؛ قىزلار بولسا دالچىن دەرىخى بىلەن ئەينۇلا دەرىخى ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

جۇ باجيې شۇئان ئاق ـ قارىنى ئايرىماستىنلا تىرنىسىنى كۆتۈرۈپ ئىككى تۈپ ئەينۇلا ، دالچىن دەرىخىنى ، قېرى ئۆرۈك ، ئېرەن دەرىخىنى ئۆرۈپ يىقىتتى . دېگەندەك ھەممىسىنىڭ يىلتىزىدىن قىپقىزىل قان چىقتى . تاڭ سەنزاڭ دەرھال بېرىپ ئۇنى توستى ۋە :

— جۇ باجيې ، ئۇلارنى زەخىملەندۈرمە ! ئۇلار بىرمەھەل دەۋر سۈرگىنى بىلەن ماڭا چېقىلمىدى . ئۆز يولىمىزغا ماڭايلى ، — دېدى .

— ئۇستاز ، ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىپ كەتمىسىلە ، بولمىسا ئۇلار بۇنىڭدىن كېيىن يامان ئالۋاستىلارغا ئايلىنىپ كىشىلەرگە جىق زىيانكەشلىك قىلىدۇ ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

جۇ باجيې شۇئان تىرنىسىنى دەرھال ئىشقا سېلىپ قارىغاي ، ئارچا ، قارا ئارچا ، بامبۇكلارنىمۇ قويماي ئۆرۈپ يىقىتتى ، ئاندىن ئۇستازنى ئاتقا چىقىرىپ چوڭ يول بويلاپ غەربكە قاراپ يول ئالدى . كېيىن قانداق ئىشلارنىڭ بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز .

# ئاتمىش بەشىنچى باب

## *شاياتۇنلارنىڭ يالغان چاقماق چاقتۇرغانلىقى*
## *تۆتەيلەننىڭ چوڭ بالا ـ قازاغا ئۇچرىغانلىقى*

ئەلقىسسە ، تاڭ سەنزاڭ قاتارلىق تۆتەيلەن غەربكە قاراپ ئۇزاق ۋاقىت ماڭدى . قىش تۈگەپ ، باھارمۇ ئۆتۈپ ياز كەلدى . ھەممە ياقنى ياپيېشىل ئوت ـ چۆپ قاپلاپ تال چىۋىقلار جىلۋە قىلدى . كۆن نۇرىغا تويۇنغان گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ تەبىئەت ئاجايىپ گۈزەل تۈس ئالدى . ئۇستاز ۋە شاگىرتلار سېخىي تەبىئەتنىڭ كۆركەم ھۆسن ـ جامالىدىن لەززەت ئېلىپ ئالدىرىماي ماڭدى . شۇ ئارىلىقتا يىراقتىن پەلەككە تاقاشقان ئېگىز تاغ كۆرۈندى . تاڭ سەنزاڭ ئۇنى قامچىسى بىلەن كۆرسىتىپ :

— سۇن ۋۇكۇڭ ، ئاۋۇ تاغنىڭ ئېگىزلىكى قانچىلىكتۇر ، ئەجەب كۆككە تاقىشىپ تۇرغاندەكلا ياكى زۇمرەت ئاسمانغا كىرىپ كەتكەندەكلا كۆرۈنىدىكەنا ، — دېدى .

— كونىلاردا «ئاسمان دېگەن ئاسمان ، ئاسمان بىلەن تەڭ تاغ يوق» دېگەن گەپ بار . تاغ ھەرقانچە ئېگىز بولسىمۇ كۆككە تاقاشمايدۇ ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— ئەگەر كۆككە تاقاشمايدىغان بولسا كۇئېنلۇن تېغىنى نېمىشقا «ئاسماننىڭ تۈۋرۈكى» دەيدۇ ؟ — دېدى جۇ باجيې .

— سەن ئۇقمايسەن ، قەدىمدىن تارتىپ «ئاسماننىڭ غەربىي يوچۇقى» دېگەن گەپ بار . كۇئېنلۇن تېغى غەربكە جايلاشقان بولغاچقا ، قەدىمدىن ئۇ ئاسماننىڭ يوچۇقىنى تولدۇرۇپ تۇرىدۇ ، دېگەن قاراش بولغان . شۇڭا ، ئاسماننىڭ تۈۋرۈكى ، دەپ ئاتالغان ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— ئاغا ، مۇنداق ئوبدان گەپلەرنى ئۇنىڭغا دەپ بەرمەڭ . ئۇ

ئالغۇيلىپلا باشقىلارنى چۈشۈرۈشكە باشلايدۇ. بىز يولىمىزغا مېڭىۋېرەيلى. تاغقا چىققاندا ئۇنىڭ قانچىلىك ئېگىزلىكىنى بىلىۋالىمىز، — دېدى شا ۋۇجىڭ شەيخ كۈلۈپ.

جۇ باجيې شۈئان شا ۋۇجىڭنى قوغلىدى. ئىككىسى ئوينىشىپ، قوغلىشىپ مېڭىشتى. ئۇزاققا قالماي قىيا قېشىغا كېلىپ يۇقىرىغا قاراپ ماڭدى. تاغدىكى دەل - دەرەخلەر مەيىن شامالدا يەڭگىل تەۋرىنەتتى، جىرالاردا شىلدىرلاپ سۇ ئېقىپ تۇراتتى. تىك قىيالار بىر - بىرىگە تۇتاشقان بولۇپ، يىلان باغرى سوزۇلۇپ كەتكەنىدى. تۈلكە، قوڭۇر غارىچ، بۆكەنلەر چېپىشىپ يۈرەتتى. يولۋاسلار ۋەھىمىلىك ھۆركىرەيتتى، ئاچ بۆرىلەر يول توسۇيتتى. بۇنى كۆرۈپ تاڭ سەنزاڭنىڭ يۈرىكى سىرقىرىدى. سۇن ۋۇكۇڭنىڭ قالتىس ماھارىتى بولغاچقا، ئالتۇن توقىسىنى قولىغا ئېلىپ نەرە تارتقانىدى، بۆرە، يىلان، يولۋاس، قاپلانلار قورقۇپ قېچىشتى. ئۇ شۇ تەرىقىدە يول ئېچىپ ئۇستازنى تاغقا ئاچىقتى. چوققىدىن ئۆتۈپ بىر تۈزلەڭلىككە كەلگەندە ئۇشتۇمتۇت ئىللىق نۇر، رەڭدار بۇلۇتلار ئىچىدىن بىر قەسىر خىرە - شىرە كۆرۈندى.

— شاگىرتلىرىم، قاراڭلارچۇ ئاۋۇ قەيەر؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ، سۇن ۋۇكۇڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ قولىنى پېشانىسىگە سايىۋەن قىلىپ زەن سېلىپ قارىسا، ئاجايىپ ئېسىل بىر قەسىر ئىكەن! قەسىرنىڭ راۋاقلىرى ئۇنچە - مەرۋايىت، تەختى ئالتۇن بولۇپ، تولىمۇ ھەشەمەتلىك ئىدى. ئەتراپىدا شەپەق نۇرى، رەڭدار بۇلۇتلار ئۈزۈپ يۈرەتتى. ئاجايىپ نەقىش - ئويمىلار ئادەمنى تاڭ قالدۇراتتى. بۇ بەئەينى بۇ دۇنيادىكى جەننەت، جىمجىت، خىلۋەت ئېسىل ماكان ئىدى.

— ئۇستاز، ئۇ يەر ناھايىتى كاتتا ئىبادەتخانىدەك قىلىدۇ. ئۇ يەر قۇتلۇق نۇر ئىلكىدە بولسىمۇ، يامانلىقلارمۇ بولۇشى مۇمكىن. بىر قاراشقىغۇ چوڭ گۆھەرنېشىن ئىبادەتخانىسىدەكمۇ تۇرىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭغا تېخى خېلى ئۇزاق ماڭىمىز، ھەرھالدا ئۇ

يەرگە بارغاندىن كېيىن بالا ـ قازاغا يولۇقۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ئالدىراپ كىرمەيلى، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

— چوڭ گۆھەرنىشىن ئىبادەتخانىسىغا ئوخشايدىغان بولسا، بۇ خىسلەتدار تاغ بولمىسۇن يەنە! سەن ساداقىتىمگە شەك كەلتۈرۈپ مەقسىتىمنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا دەخلى يەتكۈزۈپ قويما جۇمۇ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

— ياق، ئۇ يەر ئەمەس! مەن خىسلەتدار تاغقا بىرقانچە قېتىم بارغان. بۇ نەدىمۇ ئۇ يول بولسۇن؟ — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

— ئۇ يەر خىسلەتدار تاغ بولمىغان تەقدىردىمۇ چوقۇم ياخشىلارنىڭ ماكانى، — دېدى جۇ باجيې .

— گۇمانخورلۇق قىلماڭلار. بۇ يول شۇ ياققا ئايرىدىغان بولغاندىكىن بېرىپ كۆرۈپ باقساق بىلمەيمىزمۇ؟ — دېدى شا ۋۇجىڭ .

— شا ۋۇجىڭ ئوبدان گەپ قىلدى، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

تاڭ سەنزاڭ ئېتىنى قامچىلىدى. تاغنىڭ ئالدىغا بارغاندا «چوڭ گۆھەرنىشىن ئىبادەتخانىسى» دېگەن خەتلەرنى كۆرۈپلا ئالمان ـ تالمان ئاتتىن چۈشۈپ يەرگە ئۆزىنى ئاتتى ھەمدە:

— جوۋايىنىمەك مايمۇن! مېنى ئۆلتۈردۈڭغۇ! چوڭ گۆھەرنىشىن ئىبادەتخانىسى ئىكەنلىكى ئېنىق تۇرسا، ئەمەس دەپ ئالدىغىنىنى كۆرۈڭ! — دېدى .

— ئۇستاز خاپا بولمىسىلا، ئوبدانراق قاراپ باقسىلا، ئىشىكتىكى خەتنى تولۇق ئوقۇماي نېمىدەپ مەندىن رەنجىيلا؟ — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ .

تاڭ سېنىڭ تىترەپ ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە قارىغانىدى، دېگەندەك ئۇ خەت «كىچىك گۆھەرنىشىن ئىبادەتخانىسى» ئىكەن .

— بۇ كىچىك گۆھەرنىشىن ئىبادەتخانىسى بولسىمۇ، ئىچىدە چوقۇم ئەۋلىيالىرىمىز بار. قەدىمكىلەر «بۇددا بار يەردە نوم بار، بۇددا يوق يەردە خاسىيەتمۇ يوق» دەپتىكەن. بىز نېمىلا بولسۇن، كىرىپ باقايلى، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

— كىرسەڭلار بولمايدۇ. چۈنكى بۇ يەردە ياخشىلىقتىن يامانلىق تولا. ئەگەر بالا ـ قازاغا يولۇقساڭلار، مېنىڭدىن كۆرمەڭلار ئەمىسە، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ.

— ئەۋلىيالىرىمىز بولمىسىمۇ، ئەۋلىيالىرىمىزنىڭ رەسمى باردۇ. ئەۋلىيايىمىزنى تاۋاپ قىلىشنى ئۆزۈم خالاۋاتسام نېمىدەپ سەندىن رەنجىيمەن؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ. ئاندىن جۇ باجىيغا كاسايا، تەلپەك كىيىشنى بۇيرۇدى، ئۆزىمۇ كىيىملىرىنى تۈزەشتۈرۈپ ئىچكىرىگە قاراپ ماڭدى.

— تاڭ سېڭ، سەن شەرقىي دىياردىن ئەۋلىيا پېشۋاسىنى كۆرگىلى كەلگەن تۇرۇپ نېمانداق مىس ـ مىسلىق قىلىسەن؟ — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى ئىچكىرىدىن.

بۇنى ئاڭلاپ تاڭ سەنزاڭ دەرھال تەزىم قىلدى، جۇ باجىيمۇ باش ئۇردى، شا ۋۇجىڭ تىزلاندى؛ بىرلا سۈن ۋۇكۇڭ ئاتنى يېتىلەپ، يۈك ـ تاقلارنى كۆتۈرۈپ كەينىدە ماڭدى. ئۇلار ئىككىنچى ئىشىكتىن كىرىپلا تاتھاگاتونىڭ كاتتا ئوردىسىنى كۆردى. ئوردا ئالدىدىكى ئالتۇن تەخت ئاستىدا بەش يۈز ئارخات، ئۈچ مىڭ بۇددا، تۆت ۋاجرا، سەككىز بۇدساتۋا، بىكشۇنى، ئۇپاساكا ۋە سانسىزلىغان ئەۋلىيا سامغىلار، دەرۋىشلەر قاتار تۇرۇپ كەتكەنىدى، گۈپۈلدەپ خۇش ھىد چېچىلاتتى، ھەممە ياق كۆزنى چاقنىتاتتى، ھەشەمەت، دەبدەبە ئادەمنى ئەيمىندۈرەتتى. بۇنىڭدىن ھولۇقۇپ كەتكەن تاڭ سېڭ، جۇ باجيې، شا ۋۇجىڭلار قەددەمدە بىر سالام بەرگەن پېتى تەختكە يېقىنلاشتى. سۈن ۋۇكۇڭ يەنىلا سالام بەرمىدى. ئالتۇن تەختتىن يەنە قاتتىق ۋارقىرىغان ئاۋاز كەلدى:

— سۈن ۋۇكۇڭ، تاتھاگاتونى كۆرۈپ نېمىشقا سالام بەرمەيسەن؟

سۈن ۋۇكۇڭ زەن سېلىپ يەنە بىر قارىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ يالغانلىقىنى بىلدى ـ دە، ئات، يۈك ـ تاقلارنى تاشلاپ تۆمۈر كالتىكىنى قولىغا ئالدى ۋە:

— ھۇ نومۇسسىز مۇتتەھەملەر، يۈرىكىڭنىڭ چوڭلۇقىنى قارا! بۇددىمىزنىڭ نامىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ، ئۇنىڭ پاك ئەخلاقىي پەزىلىتىنى بۇلغاشقا قانداق پېتىندىڭ! مانا قارا! — دېدى ۋە ئۇنىڭغا ئېتىلدى. جاراڭ - جۇرۇڭ قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ھاۋادىن ئالتۇن تەبىل چۈشۈپ سۇن ۋۇكۇڭنى ئارىسىغا ئېلىۋالدى. قورقۇپ كەتكەن جۇ باجيې بىلەن شا ۋۇجىڭ تىرنا بىلەن ھاسىسىنى قولىغا ئېلىشىغا، ئارخاتلار، بۇددىلار، ئەۋلىيا سامغىلار ۋە دەرۋىشلەرنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قېلىپ ھېچنېمە قىلالمايلا قولغا چۈشتى. تاڭ سەنزاڭمۇ تۇتۇلدى. بۇ ئۈچەيلەن ئارغامچىدا مەھكەم تېڭىلدى.

نىلۇپەر تەختتە ئولتۇرغىنى ئەسلىي دىۋە بولۇپ، ئارخات قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئالۋاستىلار ئىدى. ئۇ بۇددىلىق قىياپىتىدىن ئۆز ئەكسىگە كەلدى - دە، ئۈچەيلەننى كۆتۈرۈپ ئارقىغا قاماپ قويدى؛ سۇن ۋۇكۇڭنى ئىسكەنجىگە ئېلىۋالغان تەبىلنى بولسا پەقەتلا ئاچماي، ئۈچ كېچە - كۈندۈز تۇرۇپ قان - يىرىڭغا ئايلىنىپ كەتسۇن دەپ، ئالتۇن تەخت ئۈستىگە قويۇپ قويدى. ئۇ ئېرىپ تۈگىگەندە، ئاندىن ئۈچەيلەننى جايلىۋەتمەكچى بولدى. ئۇلار تاڭ سەنزاڭ قاتارلىقلارنى قاماپ قويغاندىن كېيىن، ئىشىكنى مەھكەم تاقىۋەتتى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

ئەلقىسسە، سۇن ۋۇكۇڭ قاپقاراڭغۇ تەبىل ئىچىدە تىت - تىت بولۇپ تەرگە چۆمۈلدى. ئۇيان - بۇيان ئۆزىنى ئۇرۇپمۇ چىقالمىدى. جان ئاچچىقىدا تۆمۈر كالتىكى بىلەن راسا ئۇرماقچى بولۇۋىدى، مىدىر - سىدىر قىلالمىدى. ئۇ ئۆزىنى تەبىلگە ئۇرۇپ، تەبىلنى بۇزۇپ چىقىپ كەتمەكچى بولدى؛ بىر ئەپسۇن ئوقۇپ مىڭ گەز يوغىنىغانىدى، تەبىلمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ يوغىنىدى. يىڭنىنىڭ كۆزىچىلىكمۇ يورۇقلۇق كۆرەلمىدى. يەنە بىر ئەپسۇن ئوقۇپ كىچىكلەپ قىچىنىڭ ئۇرۇقچىلىك بولدى ۋە گۈرزىسىنى

چاچنىڭ قىلىدەك ئۇزۇن بادرىغا ئايلاندۇرۇپ تەبلىنى تىرىدى. ئاندىن گەدىنىنىڭ ئۇزۇن تۈكىدىن ئىككى تال يۇلۇپ «ئۆزگەر!» دەپلا مېيخۇا گۈلىگە ئايلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ بەش تال بەرگىگە كىرىۋېلىشقا بىرەر مىڭ قېتىم ھەرىكەت قىلدىيۇ، زادىلا كىرەلمىدى. سۇن ۋۇكۇڭ بەكمۇ تېرىكىپ ئەپسۇن ئوقۇدى. شۇئان بەش تەرەپ بۇددىسى، ئالتە ھۆر قىز، ئالتە غۇلمان ۋە ئون سەككىز نەپەر ئىبادەتخانا مۇئەككىلى قاتارلىقلار ھازىر بولۇپ، تەبلىنىڭ تېشىدىن:

— ئەۋلىيا ئەزەم، بىزنى چاقىرىپسىز، نېمە ئىش چىقىپ قالدى؟ — دېدى.

— دەرھال بۇ تەبلىنى ئېچىپ مېنى چىقىرىۋېتىڭلار، ئاندىن جاۋاب بېرىمەن، قاپقاراڭغۇدا دىمىقىپ ئۆلەي دېدىم! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

ھەممەيلەن بىرلىشىپ، شۇنچە كۈچەپمۇ، تەبلىنى چاچنىڭ قىلىچىلىكمۇ ئاچالمىدى. ئالتۇن باش بۇددا:

— ئەۋلىيا ئەزەم، بۇ قانداق نېمە بولغىيدى. ئاستى - ئۈستى يارىپىلىمدىن بەكرەك چاپلىشىپ كېتىپتۇ. پەقەت ئاجرىتالمىدۇق، — دېدى.

— مەنمۇ ئىچىدىن جىمى ھۈنىرىمنى ئىشلىتىپ كۆرۈپمۇ ھېچنېمە قىلالمىدىم، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بۇددا دەرھال ئالتە ھۆر قىزنى تاڭ سېڭلارنى قوغداشقا، ئالتە غۇلماننى تەبلىگە قاراشقا، ئىبادەتخانا مۇئەككەللىرىنى ئەتراپنى كۆزىتىشكە قويدى؛ ئۆزى خاسىيەتلىك نۇرغا چىقىپ ئەرشنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسىغا بېرىپ ئۆزىنىمۇ مەلۇم قىلىپ ئولتۇرماي ئۇدۇل خىسلەتدار قەسرىنىڭ تۈۋىگە كېلىپ يۈرۈن سۇلتانغا ئىلتىجا قىلدى:

— تەڭرىم، كەمىنە بەش تەرەپ بۇددىلىرىنىڭ ئەلچىسى بولىمەن. سۇن ھەزرەت تاڭ سېڭنى مۇھاپىزەت قىلىپ غەربكە كېتىۋېتىپ بۇگۇن يولدا كىچىك گۇھەرنېشىن ئىبادەتخانىسى

ناملىق بىر تاغقا يولۇقۇپ قاپتۇ. تاڭ سېڭ ئۇقماستىن ئۇنى ئەۋلىيا تېغى دەپ ئويلاپ تاۋاپ قىلغىلى كىرىپتۇ. ئۇ ئەسلىي دىۋە ـ جىنلارنىڭ قىلتىقى ئىكەن. ئۇلار ئۇستاز ۋە باشقا شاگىرتلارنى تۇتۇۋاپتۇ، ئەۋلىيا ئەزەمنى ئالتۇن تەبىل ئىچىگە سولىۋاپتۇ. ئۇنىڭ ياكى يوچۇقى، ياكى تۆشۈكى يوق بولغاچقا، ئەۋلىيا ئەزەمنىڭ ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قاپتۇ. شۇڭا، ئالايتەن ھۇزۇرلىرىغا كېلىۋىدىم.

— يىگىرمە سەككىز يۇلتۇز مەنزىلىنىڭ ساھابىلىرىنى ئاپىرىپ ئۇ دىۋىلەرنى دەرھال تۇتۇڭلار، — دەپ يارلىق چۈشتى يۇرۇن سۇلتاندىن.

يۇلتۇز ساھابىلىرى باھانە ـ سەۋەب كۆرسىتىشكە پېتىنالماي بۇددا بىلەن ئەرشتىن چىقىپ تاغقا كەلدى. بۇ دەل ئىككىنچى جىسەك ۋاقتى بولۇپ، چوڭ ـ كىچىك دىۋە ـ جىنلار تاڭ سېڭنى تۇتۇۋالغىنى ئۈچۈن دىۋە پادىشاھتىن كاتتا ئىنئاملار ئېلىپ يېتىپ قېلىشقاندى. يۇلتۇز ساھابىلىرى شەپە چىقارماستىن ئالتۇن تەبىلنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۆزلىرىنى مەلۇم قىلدى:

— ئەۋلىيا ئەزەم، بىز يۇرۇن سۇلتان ئەۋەتكەن يىگىرمە سەككىز يۇلتۇز ساھابىلىرى بولىمىز. سىزنى قۇتۇلدۇرغىلى كەلدۇق.

سۇن ۋۇكۇڭ ئىنتايىن خۇش بولۇپ دېدى:

— قورالىڭلار بىلەن بۇنى ئۇرۇپ چېقىڭلار، مەن چىقىۋالاي.

— ئۇرساق بولمايدۇ. بۇ نېمە ئالتۇن ئارىلاش بىرنېمە ئىكەن، ئۇرساقلا ئاۋازى دىۋە ـ جىنلارنى تۇرغۇزۇۋېتىدۇ. سىزنىمۇ قۇتۇلدۇرالمايمىز. بىز ئۇنى پەم بىلەن ئاجرىتىپ باقايلى، يىڭنىنىڭ ئۇچىچىلىك يورۇق كۆرگەن ھامان چىقىۋېلىڭ، — دېدى يۇلتۇز ساھابىلىرى، سۇن ۋۇكۇڭ «بوپتۇ ئەمىسە» دېدى. ئۇلار نەيزە، شەمشەر، قىلىچ، پالتىلار بىلەن قايىرىپ، شىلىپ دېگەندەك ئۈچىنچى جىسەك ۋاقتى بولغۇچە،

ھەيلىشىپ ھېچ نەتىجە چىقىرالمىدى . سۇن ۋۇكۇڭ بولسا ئىچىدە
تۇرۇپ يورۇقلۇق كۆرۈش ئۈمىدىدە ھېلى ئۇ ياققا - ھېلى بۇ ياققا
قارىدى ، ئۆمىلىدى ، يۇمىلىدى .

— ئەۋلىيا ئەزەم ، تىت - تىت بولماي تۇرۇڭ ، بۇ نەرسە
خاسىيەتلىك بولغىنى بىلەن چوقۇم ئۆزگىرەلەيدۇ . سىز ئىچىدىن
تەبلىنىڭ گىرۋىكى بىلەن ئۇستى تۇتاشقان جايىنى تېپىپ سىلاپ
تۇرۇڭ ، مەن بىر ئامال قىلىپ مۈڭگۈزۈمنى تىقاي ، سىز
ئۆزگىرىپ ئاجىرىغان جايدىن چىقىۋېلىڭ ، — دېدى كاڭ
جىنلۇڭ① .

ئۇنىڭ گېپى بىلەن سۇن ۋۇكۇڭ تەبلىنىڭ تۇتاشقان يېرىنى
سىلىدى . كاڭ جىنلۇڭ كىچىكلىدى . مۈڭگۈزىنىمۇ يىڭنە
ئۇچىدەك قىلىپ تەبلىنىڭ تۇتاشقان يېرىگە تىقتى ، پۈتۈن
كۈچىنى يىغىپ ، جىق ھەپىلىشىپ مىڭ مۇشەققەتتە ئىچىگە
كىرگۈزۈۋالدى - دە : «يوغىنا ! يوغىنا ! يوغىنا !» دەپ مۈڭگۈزىنى
چىنىدەك يوغانلىقتا چوڭايتتى . ئەپسۇسكى ، ئۇ نەرسە گويا مېتال
ئەمەس ، بەلكى ئۇستىخانغا چاپلاشقان گۆشتەك كاڭ جىنلۇڭنىڭ
مۈڭگۈزىگە چىڭ يېپىشىۋالدى . ئەتراپتىن زەررىچە يوچۇق
ئېچىلمىدى ، سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ مۈڭگۈزىنى سىلاپ :

— بۇمۇ ئاقمىدى ! ھېچ يېرى زەررىچە بوشىمىدى ! باشقا
ئامال يوق ، سىز سەل چىداپ تۇرۇڭ ، مەن چىقىۋالاي ، — دېدى .
ئاندىن ئالتۇن توقىسىنى ئالماسقا ئايلاندۇرۇپ ئۇنىڭدا مۈڭگۈزنى
تەشتى . ئۆزى قىچىغا ئايلىنىپ مۈڭگۈزگە كىرىۋالدى - دە :
«مۈڭگۈزىڭىزنى تارتىۋېلىڭ ! مۈڭگۈزىڭىزنى تارتىڭ !» دېدى .
كاڭ جىنلۇڭ مىڭبىر جاپادا مۈڭگۈزىنى تارتىۋالدى ، ئەمما
پۈتۈنلەي ماغدۇرىدىن كېتىپ يىقىلىپ چۈشتى .

سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ مۈڭگۈزىدىن چىقىپلا ئەسلىي قىياپىتىگە
كىردى . ئالتۇن توقىسى بىلەن تەبلىنى بىرنى قويغانىدى ، گويا
مىس تاغ ئۆرۈلگەن ، ئالتۇن كان پارتلاپ كەتكەندەك دەھشەت ئاۋاز

① كاڭ جىنلۇڭ — يۇلتۇز ساھابىلىرىنىڭ ئىچىدىكى بىرىنىڭ ئىسمى .

بىلەن تەڭ تەبىل چۆل ـ چۆل بولۇپ كەتتى ! چوڭ ـ كىچىك دىۋە ـ جىنلار چۆچۈپ ئويغاندى . دىۋە پادىشاھ ئالاقزادە بولۇپ شاقىقىدە ئورنىدىن تۇردى ـ دە ، كىيىمىنى يىپىنچاقلاپ چىقىپ دۇمباق چېلىپ جىنلىرىنى ئويغاتتى . جىنلار شۇئان ھەممە قوراللىرىنى ئېلىپ تەخت يېنىغا يىغىلدى .

سۇن ۋۇكۇڭ دەرھال يۇلتۇز ساھابىلىرىنى ئېلىپ بولۇتقا چىقىپلا ئاسماننىڭ قەھرىگە بىرنۋالدى . دىۋە ئالتۇننىڭ پارچىلىرىنى يىغدۇرۇپ ، لەشكەرلىرىنى سەپكە تىزىپ تاغنىڭ ئالدىدا تۇرغۇزدى . ئاندىن بۆرە چىشى شەكلىدىكى كالتىكىنى ئېلىپ سەپتىن چىقىپ ۋارقىرىدى :

— سۇن دەرۋىش ! ئەر بولساڭ نەچچە كۈنلۈك يەرگە قاچما ! چۈش ، مەن بىلەن ئۈچ قەپەس ئېلىشىپ كۆر !

سۇن ۋۇكۇڭ ئۆپكىسىنى باسالماي يۇلتۇز ساھابىلىرىنى ئېلىپ پەسكە چۈشتى . ئۇ تۆمۈر كالتىكىنى تەڭلەپ :

— سەن قايسى مەخلۇق ، بۇددا ئىگىمىزنىڭ قىياپىتىگە كىرىپ بۇ تاغنى ئىگىلىۋېلىپ كىچىك گۆھەرنىشىن ئىبادەتخانىسى پەيدا قىلىشقا قانداق پېتىندىڭ ! — دېدى . دىۋە شۇنداق دېدى :

— سەن مايمۇن تېخى ئىسمىمنى بىلمەيدىغان ھالىڭغا ئەۋلىيالار تېغىغا ئاياغ باستىڭمۇ ؟ بۇ يەرنى كىچىك غەربىي دىيار دەيمىز . مەن بۇ يەردە ئىستىقامەت قىلىپ كامالەتكە يەتكەنلىكىم ئۈچۈن تەڭرى ماڭا ئالتۇن تەخت ، ئېسىل راۋاق ئىنئام قىلدى . مەن سېرىق قاشلىق ئەۋلىيا بولىمەن . بۇ يەردىكىلەر بۇنى ئۇقمىغاچقا ، مېنى سېرىق قاشلىق شاھ ، سېرىق قاشلىق غوجام دەيدۇ . خېلى ئۇزاقتىن بېرى سېنىڭ غەربكە كېلىۋاتقىنىڭنى ئاڭلاپ يۈرۈۋاتاتتىم . ئازغىنە ئۇستىلىق ئىشلىتىپ بۇ يەردە خاسىيەتلىك ئىبادەتخانىنى پەيدا قىلىپ ئۇستازىڭنى ئالداپ قولغا چۈشۈردۈم . سېنىڭ بىلەن ئېلىشماقچىمەن . ناۋادا مېنى يېڭەلىسەڭ ، ئۇستازىڭ ۋە باشقىلارنى كەچۈرۈم قىلىپ سىلەرنى مۇرادىڭلارغا يەتكۈزىمەن ؛ ئەگەر يېڭەلمىسەڭ ، ھەممىڭنى

ئـۆلتۇرۇۋېتىپ تاتىاگاتونىڭ قېشىغا ئۆزۈم بېرىپ بۇددا نومىنى ئەكېلىمەن ـ دە، جۇڭخۇاغا ئۆزۈمنى تونۇتىمەن!

— هوي دىۋە، ئاغزىڭنى ئۇپراتما! تۇتۇشقۇڭ بولسا قېنى تۆمۈر كالتىكىمنىڭ تەمىنى بىر تېتىپ باق!— دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ.

دىۋە گۈلقەقەلىرى ئېچىلغان هالدا بۆرە چىشى كالتىكى بىلەن هۇجۇمغا ئۆتتى. ئىككىيلەن كالتەكنى كالتەككە ئۇرۇپ ئېلىشىپ كـەتـتـى. ئۇلار ياكى ئۆلۈم، ياكى كۆرۈم دەپ ئەللىك قەپەس ئېلىشىپ بـىـر ـ بىرىـنـى يـېـڭـەلمىدى. تاغ ئـاغـزىـدا جىنـلار ناغـرا ـ سۇناي، داقا ـ دۇمباقلارنى چېلىپ، تۇغ ـ ئەلەملەرنى پـۇلاڭـلـىـتـىـپ تـۇردى. بـۇ تەرەپتە يىگىرمە سەككىز يۇلتۇز ساهـابـىـلـىـرىـدىـن ئىبارەت ئەرش لەشكەرلىرى، بەش تەرەپ بـۇددىـلـىـرىدىن ئىبارەت تەڭرىلەر قورالليرىنى چىڭ تۇتۇشۇپ، چۇقان ـ سۈرەن بىلەن هېلىقى دىۋىنى ئورىۋالدى. دىۋە بۇرۇتىنى مىت قىلىپمۇ قويمىدى. ئۇ بىر قولىغا بۆرە چىشى كالتىكىنى ئېلىپ لەشكەرلەرنى توسۇپ تۇرۇپ يەنە بىر قولدا بېلىدىن كونا ئاق لاتا خالتىنى يېشىۋېلىپ يۇقىرىغا ئاتتى، «ۋىژ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ سۇن ۋۇكۇڭ، يىگىرمە سەككىز يۇلتۇز ساهابىلىرى، بەش تەرەپ بۇددىلىرىنىڭ ھەممىسىنى خالتىغا قاچىلاپ مۇرىسىگە تاشلىدى ـ دە، كەينىگە ياندى. جىنلارمۇ غەلىبە خۇشاللىقى بىلەن ئۇۋىسىغا قايتتى. دىۋە نۆكەرلىرىگە كەندىر ئارغامچا ئەكېلىشنى بۇيرۇدى. ئەكەلگەندىن كېيىن خالتىدىن ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ ئـېـلـىـپ مـەهـكـەم باغلاتتى. باغلىنىپ بولغاندا هەممەيلەننىڭ ئۇستىخانلىرى يۇمشاپ، تېرىلىرى بوشىشىپ خالتىلىشىپ كەتتى. ئـاندىن جىنلار بۇلارنى كۆتۈرۈپ ئارقا تەرەپكە ئاپىرىپ ئاياپ ـ ئاسراپ ئولتۇرماستىن يەرگە ئاتتى. دىۋە زىـيـاپـەت هـازىـرلاپ هاراق ـ شاراب كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى. ئۇلار تاڭ ئاتارغا يېقىن تارقىلىپ جاي ـ جايىغا بېرىپ ئۇيقۇغا كەتتى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

ئەلقىسسە، سوُن ۋوُكوُك بىلەن تەڭرىلەر توُن يېرىمىغىچە باغلاقتا ياتتى. توساتتىن بىرىنىڭ يىغىسى ئاڭلاندى. ئوُلار قوُلاق سالسا، تاڭ سەنزاڭ يىغلاۋاتاتتى: «سوُن ۋوُكوُك! ئۆز ۋاقتىدا سېنىڭ گېپىڭگە كىرمەي بالا - قازاغا يولۇققىنىمغا مىڭ پۇشايمان قىلىۋاتىمەن. بۇ يەردىن قانداقمۇ قۇتۇلۇپ چىقىپ غەربىي دىيارغا بارالارمەن!» بۇنى ئاڭلىغان سوُن ۋوُكوُكنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ كەتتى. ئۇ ئىچىدە: «ئۇستازىم گېپىمگە قۇلاق سالماي بۇ بالاغا يولۇققان بولسىمۇ، ئازاب ئىچىدە تۇرۇپ يەنە مېنى ئويلاۋاتىدۇ. جىنلار ئۇخلاۋاتقان، ھېچكىم تەييارلىقسىز تۇرغان پەيتتىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇپ قېچىپ كېتەيلى!» دېدى.

سوُن ۋوُكوُك قالتىس جۇمۇ، ئۇ توگولوۋېلىش چارىسى بىلەن كىچىكلەپ باغلاقتىن قۇتۇلدى - دە، تاڭ سېڭنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— ئۇستاز! — دەپ توۋلىدى. تاڭ سەنزاڭ ئۇنى تونۇپ:

— سەن بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭ؟ — دېدى. سوُن ۋوُكوُك بولغان ئىشلارنى پىچىرلاپ دەپ بېرىۋىدى، تاڭ سېڭ خۇشال بولۇپ:

— شاگىرتىم! مېنى تېزرەك قۇتۇلدۇرۇۋالغىن! بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز گېپىڭنى يىرمايمەن. جاھىللىق قىلمايمەن! — دېدى. سوُن ۋوُكوُك ئەڭ باشتا تاڭ سېڭنى، جۇ باجيې، شا ۋوُجىڭلارنى باغلاقتىن بوشاتتى. ئاندىن يىگىرمە سەككىز يۇلتۇز ساھابىنى، بەش تەرەپ بۇددىلىرنى بىر - بىرلەپ يەشتى. ئاتنى يېتىلەپ چىقىپ ئۇلارغا چاققان سىرتقا چىقىۋېلىشنى تاپىلىدى؛ سىرتقا چىقىپ قارىغۇدەك بولسا يۈك - تاقلار يوق، ئۇ قايتا كىرىپ ئىزدىمەكچى بولدى.

— سىز نەرسىگە كۆڭۈل بۆلۈپ ئادەملەرگە سەل قارايدىكەنسىز - ھە! ئۇستازنى قۇتۇلدۇرغاندىكىن بولدى ئەمەسمۇ؟ يۈك - تاقلارنى ئىزدەپ نېمە قىلىسىز؟ — دېدى كاڭ جىنلۇڭ.

— ئادەم ئەلۋەتتە مۇھىم. ئەمما، يۈك - تاقلارمۇ مۇھىم، ئۇنىڭ ئىچىدە يولخېتى، يارلىق، كاسايا، تەلپەك، پۇل - پۇچەك

دېگەندەك مۆھىم نەرسىلەر بار. ئۇنى تاشلاپ كەتسەك قانداق بولىدۇ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— ئاغا، سىز بېرىپ تېپىپ كېلىڭ، بىز ماڭغاچ تۇرايلى، — دېدى جۇ باجيې.

يولتۇزلار ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتتى، شامال چىقىرىپ ئۇلارنى ئۇچۇرتۇپ قورشاۋدىن چىقتى. چوڭ يول كۆرۈنگەندە تاغدىن چۈشۈپ، تۈز بىر يەردە سۇن ۋۇكۇڭنى ساقلاپ تۇردى. ئالاھازەل ئۇچىنچى جىسەك مەھەلدە سۇن ۋۇكۇڭ پۈتىنىڭ ئۇچىدا مىڭىپ ئىچكىرىگە كىردى. قارىغۇدەك بولسا قات - قات ئىشكىلەرنىڭ ھەممىۋاسى چىڭ ئېتىكلىك ئىدى. ئۇ راۋاقنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قارىسا دېرىزىلەرمۇ مەھكەم ئېتىكلىك تۇراتتى. ئۇ كىرىشكە تەقەززا بولدى، ئەمما دېرىزە راملىرىدىن ئاۋاز چىقىپ كېتىشتىن قورقۇپ ئىتتىرىشكە پېتىنالمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ئەپسۇن ئوقۇپ شەپەرەڭگە ئايلاندى - دە، چاپلانمىغان رام يوچۇقىدىن كىردى، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا بارغاندا ئۇچىنچى راۋاقنىڭ دېرىزىسىدىن يورۇق كۆرۈندى. بۇ چىراغ يورۇقىغا ئوخشاشمايدىغان نۇر بولۇپ، يوك - تاقلاردىن چىقىۋاتاتتى. يوك - تاق ئىچىدىكى كاسايا خاسىيەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭدا رۇيى مەرۋايىتى، مونى ياقۇتى، قىزىل ھېقىق، بىغىر رەڭ مارجان، سارىرا، نۇرلۇق گۆھەر بار ئىدى. شۇڭا، ئۆزگىچە نۇر چاچاتتى. سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنى كۆرۈپلا خۇشال بولۇپ كېتىپ دەررۇ ئۆز ئەكسىگە كەلدى - دە، ئۇنى مۈرىسىگە ئېلىپ پەسكە ماڭدى. كۇتۇلمىگەندە مۇدۇرۇپ - يىقىلىپ چۈشۈپ تاراق - تۇرۇق ئاۋاز چىقىپ كەتتى. دىۋە پەستىكى قەۋەتتە ئۇخلاۋاتاتتى، ئۇ تاراق - تۇرۇقتىن ئويغىنىپ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— بىرى كەلدى! بىرى كەلدى!

چوڭ - كىچىك جىنلار شۇئان ئورنىدىن تۇرۇپ چىراغ ۋە مەشئەللەرنى ئېلىپ ئەتراپنى تەكشۈرۈپ: «تاڭ سېڭ قېچىپتۇ!» دېدى بىرلىرى. «سۇن دەرۋىشلەرمۇ قېچىپتۇ!» دەپ

خەۋەر ئەكەلدى يەنە بىرلىرى . دىۋە شۇئان بۇيرۇق چۈشۈردى :
— ھەرقايسى ئىشىك - دەرۋازىلارغا دىققەت قىلىڭلار !
سۇن ۋۇكۇڭ ئۇننىڭ تۇزىقىغا چۈشۈپ قېلىشتىن قورقۇپ ھەم يۇك — تاقنى ئەكېتەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ ، بىر موللاق ئېتىپلا دىرىزىدىن قېچىپ چىقتى .
جىنلار جىمى يەرنى ئاختۇرۇپ تاڭ سېڭنى تاپالمىدى . تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغانلىقىنى بىلىپ قالغان جىنلار كالتەكلىرىنى ئالدى — دە ، قوغلاپ كەلدى . يىگىرمە سەككىز يۇلتۇز ساھابىلىرى ، بەش تەرەپ بۇددىلىرى قاتارلىق تەڭرىلەر تۇمان قاينىمى ئىچىدىكى تاغ باغرىدا تۇراتتى . دىۋە ۋارقىرىدى :
— قەيەرگە قېچىشىسەن ؟ ئاكاڭ قارىغاي كەلدى !
— قېرىنداشلار ، ھېلىقى مەخلۇق كەلدى ! — دەپ توۋلىدى جياۋ مۇجياۋ .
شۇئان ئەجدىھا كاڭجىن ، شەپەرەڭ نۇتۇ ، توشقان فاڭرې ، تۈلكە شىنيۆ ، يولۋاس ۋېيخو ، قاپلان چىشۇي ، يەك شاخ دۇمۇ ، كالا نيۇجىن ، قوڭۇرغالچ ، شېتۇ ، چاشقان شۇرى ، قارلىغاچ ۋېيۆ ، چوشقا شېخو ، بىشۇي ، بۆرە كۇيمۇ ، ئىت جىن ، چوشقا ۋېيۇ ، توخۇ ماۋرى ، قاغا بېيۆ ، مايمۇن زىخو ، ئادەمسىمان مايمۇن شەنشۇي ، غالجىر ئىت جىنمۇ ، قوي گۇيجىن ، بۆكەن ليۇتۇ ، ئات شىڭرى ، بۇغا جاڭيۆ ، يىلان يىخۇ ، سازاڭ جېنشۇيلەر[1] ئالتۇن باش بۇددا ، كۇمۇش باش بۇددا ، ئالتە ھۆر قىز ، ئالتە غۇلمان ، بۇتخانا مالائىكىلىرىنى ئېلىپ جۇ باجيې ، شا ۋۇجىڭلار بىلەن بىللە تەڭلا ھۇجۇم قىلدى . دىۋە بۇلارنى كۆرۈپ قاقاقلاپ زەھەرلىك كۇلۇپ پۇشتەك چېلىۋىدى ، تۆت - بەش مىڭدەك چوڭ - كىچىك جىن - ئالۋاستى بار كۈچىنى يىغىپ تاغنىڭ كۇنپېتىش يانباغرىدا قىر - چاپقا چۈشتى . بۇ شۇنداق بىر ئېلىشىش بولدىكى ، يەر ۋە ئاسمان لەرزىگە كەلدى . ھەممە ياقنى قىر - چاپ ئاۋازى قاپلىدى . داقا - دۇمباق ئاۋازى قۇلاقلارنى يارغۇدەك

① يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى يۇلتۇزلارنىڭ نامى .

بولدى . نەيزە ـ قىلىچلارنىڭ جاراڭ ـ جۇرۇڭى ، شەمشەرلەرنىڭ ئۇچۇشى ئاجايىپ ھەيۋەت مەنزىرىنى شەكىللەندۈردى . ئاي ۋە كۈن يۈزىنى غەم بۇلۇتلىرى باستى . تاغ ـ دەريالارنى قايغۇ تۇمانلىرى قويىنىغا ئالدى .

ئىككى تەرەپ قانلىق ئېلىشىپ يېڭىش ـ يېڭىلىش ئايرىلماي تۇرغان بىر چاغدا سۈن ۋۇكۇڭ :

— مانا مەن كەلدىم ! — دەپ نەرە تارتتى ، جۇ باجيې ئالدىغا بىرىپ :

— يۈك ـ تاقلار قانداق بولدى ! — دەپ سورىدى .

— جىنىمنى ئاران قۇتۇلدۇرۇۋالدىم ، يۈك ـ تاقنىڭ گېپىنى قىلمايلا قوي ! — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

— گەپنى قويۇپ جىن ـ ئالۋاستىلارنى يوقىتىڭلار ، — دېدى شا سېڭ خاسىيەتلىك ھاسىسىنى تۇتۇپ . يۈلتۇزلار ساھابىلىرى ، بۇددىلار ، ئالتە ھۆر قىز ، ئالتە غۇلمان قاتارلىق تەڭرىلەر جىن ـ ئالۋاستىلار بىلەن قانلىق ئېلىشىۋاتاتتى . دىۋە كېلىپ بۇ ئۇچەيلەنگە ھۇجۇم قىلدى . سۈن ۋۇكۇڭ ، جۇ باجيې ، شا ۋۇجىڭلار كالتەك ، ھاسىلارنى تاشلاپ تىرنا ۋە باشقا نەرسىلەر بىلەن جەڭگە كىردى . يەرۇجاھان قاراڭغۇلىشىپ كەتتى . ئۇلار تاكى كۈن ئولتۇرغۇچە ئېلىشىپ بىر ـ بىرىنى يېڭەلمىدى . دىۋە كەچ كىرىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇشتەك چېلىپ جىنلارغا دىققەت قىلىشنى تاپىلىدى ـ دە ، ھېلىقى خاسىيەتلىك خالتىسىنى ئالدى . سۈن ۋۇكۇڭ بۇنى كۆرۈپ تۇردى . دىۋە خالتىسىنى بېلىدىن يېشىپ قولىغا ئېلىشىغا سۈن ۋۇكۇڭ : «چاتاق بولدى ! قېچىڭلار !» دەپ ۋارقىرىدى ـ دە ، جۇ باجيې ، شا ۋۇجىڭ ۋە تەڭرىلەرگە قارىماستىن بىر موللاق ئېتىپلا ئاسماننىڭ قەھرىگە چىقىۋالدى . تەڭرىلەر ، جۇ باجيې ۋە شا ۋۇجىڭ نىمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرىۋالغۇچىلا دىۋە خالتىنى ئېتىپ ئۇلارنى قاچىلىۋالدى . بىرلا سۈن ۋۇكۇڭ قېچىپ قۇتۇلدى . دىۋە لەشكەرلىرىنى يىغىۋالغاندىن كېيىن ئارغامچا ئەكەلدۈرۈپ ، بۇلارنى ئىلگىرى قىلغاندىكىدەك بىردىن ـ بىردىن

باغلىنىۋەتتى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

ئەلقىسسە، سۇن ۋۇكۇڭ ئاسمانغا چىقىۋېلىپ ئامان قالدى؛ دىۋە لەشكەرلىرىنىڭ تۈغ ـ ئەلەملىرىنى يىغىشتۇرۇپ قايتقانلىقىنى كۆرۈپ كۆپچىلىكنىڭ تۇتۇلۇپ قالغىنىنى بىلدى. ئۇ خاسىيەتلىك نۇر بىلەن تاغنىڭ چوققىسىدا تۇرۇپ ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ نالە قىلدى:

«ئاھ ئۇستاز! سىلى قەيەرگىلا بارسىلا بالا ـ قازاغا، جىن ـ ئالۋاستى، دىۋىلەرگە ئۇچرايلا تۇرىدىكەنلا، بۇ قىسمەت، بۇ تارتقۇلۇقتىن قۇتۇلالمايدىغاندەك تۇرىدىلا، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق!»

ئۇ ئۆزى يالغۇز ئولتۇرۇپ ئۇزاق ۋاقىت يىغان چەكتى، نالە قىلدى. ئاندىن ئۆزىنى سەل بېسىۋېلىپ «بۇ دىۋىنىڭ خالتىسىغا شۇنچىۋالا نەرسە پاتىدىكەن. ئۇنىڭ نېمە خاسىيىتى باردۇ؟ ئەمدى ئەرش تەڭرىنىڭ سەركەردىلىرى ۋە بىرمۇنچە ئادەم ئۇنىڭ خالتىسىغا چۈشۈپ كەتتى. يەنە ئەرشتىن ياردەم تىلىسەم، يۇرۇن سۇلتاندىن دەشنەم يەپ قالارمەنمۇ؟ ئېسىمدە قېلىشىچە، شىمال تەرەپتىكى جىنۋۇ دېگەن يەردە رىداڭ ئىسىملىك دىۋىلەر پىرى بار بولىدىغان. هازىر ئۇ نەنشەن ئايمىقى تەۋەسىدىكى ۋۇداڭ تېغىدا تۇرار ئىمىش. مەن بېرىپ شۇنى چاقىرىپ ئۇستازىمنى قۇتۇلدۇراي» دېگەن خىيالغا چۆمدى. ئۇ شۇئان بۇلۇتقا چىقىپ يولغا راۋان بولدى. ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن ئاقىۋەتى قانداق بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# ئاتمىش ئالتىنچى باب

## *تەڭرىلەرنىڭ قەستكە ئۇچرىغانلىقى مىلىنىڭ دىۋىنى تۇتقانلىقى*

ئەمدى گەپنى بۇ ياقتىن ئاڭلاڭ . سۇن ۋۇكۇڭ ھېچ ئامال قىلالماي خاسىيەتلىك بۇلۇتقا چىقىپ ئۇدۇل نەنشەن ئايمىقىدىكى ۋۇداڭ تېغىغا دىۋىلەر پىرى تاڭ مونى چاقىرغىلى باردى . ئۇ تىنماستىن مېڭىپ بىر كۈنگە قالمايلا پىر ئۇستاز تۇرغان جايغا يېتىپ كەلدى . بۇلۇتتىن ئاستا چۈشۈپ بىرىنچى ئىشىككە ، ئاندىن ئىككىنچى ، ئۈچىنچى ئىشىككە كەلدى . تەيخې ئوردىسى قېشىغا كەلگەندە بىردىنلا خاسىيەتلىك نۇرغا چۆمگەن ھالدا بەش يۈز نەپەر بەگ چىقىپ كەلدى .

— كېلىۋاتقان كىم ؟ — دەپ سورىدى بەگدىن بىرى يېقىن كېلىپ .

— مەن پەلەك تەڭدىشى ئەۋلىيا ئەزەم سۇن ۋۇكۇڭ بولىمەن . پىرىم بىلەن كۆرۈشمەكچىدىم ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

بەگلەر شۇئان كىرىپ خەۋەر قىلدى . پىر ئۇستاز دەرھال تەيخې ئوردىسى ئىشىكىگە كەلدى . سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭغا سالام قىلغاندىن كېيىن :

— ئۆزلىرىنى مالال قىلغىلى كەلدىم ، — دېدى .

— نېمە ئىش ؟

سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىشلارنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە ئېيتىپ بەردى .

— مەن ھازىر ۋۇداڭ تېغىدا دەم ئالغاچ تەيخې ئوردىسىنىڭ ئامانلىقىغا كۆز - قۇلاق بولۇۋاتىمەن . بۇ ئەتراپلار مالىمانچىلىقتىن

خالي . تىنچ بولۇپ كەتتى . نەنشەن ئايمىقى ۋە جۇلۇ ئايمىقى ئەتراپلىرىغا دىۋە - پەرىلەر ئاياغ باسالمايدىغان بولدى ، جىن - شاياتۇنلارمۇ غايىب بولدى . بۇگۈن بۇ ياققا كەپسىز ، تەلىپىڭىزنى رەت قىلىش ھەددىم ئەمەس ؛ شۇغىنىسى ، ئەرشىئەلادىن ۋەھىيى بولمىسا ، بىۋاستە ئارىلىشالمايمەن . ئەگەر بۇ ئىشقا تەڭرىلەرمۇ ئارىلاشقان بولسا ، يۇرۇن سۇلتان ئالدىدا گۇناھكار بولۇپ قېلىشىم مۇمكىن ؛ شۇڭا مېنى ئادەمگەرچىلىك قىلمىدى دەپ ئەيىبكە بۇيرۇمىسىڭىز . غەربكە بارىدىغان يولدا دىۋە - پەرىلەرنىڭ بارلىقى ماڭا مەلۇم . ئەمما ، ئۇلارنىڭ قولىدىن جىق ئىش كەلمەيدۇ . مەن سىزگە ئىككى تاشپاقا ، يىلان سەركەردە ، بەش ئەجدىھا پالۋاننى ياردەمگە بېرەي ، شۇلار بىلەن جىن - شەيتانلارنى تۇتۇپ ئۇستازىڭىزنى قۇتۇلدۇرۇڭ ، — دېدى پىر ئۇستاز .

سۇن ۋۇكۇڭ دىۋىلەر پىرىغا تەشەككۇر ئېيتىپ ، تاشپاقا ، يىلان ، ئەجدىھالارنىڭ يېتەكچىلىكىدە خىللانغان لەشكەرلەرنى ئېلىپ ، غەرب تەرەپكە ياندى . بىر كۈنگە قالماي كىچىك گۆھەرنېشىن ئىبادەتخانىسىغا كېلىپ يەتتى ۋە بۇلۇتتىن چۈشۈپ ئۇدۇل ئىشىككە كەلدى - دە ، دىۋىنى جەڭگە چاقىردى .

ئەلقىسسە ، سېرىق قاش دىۋە قول ئاستىدىكىلىرىنى ئوردىسىغا چاقىرىپ :

— سۇن ۋۇكۇڭ ئىككى كۈندىن بېرى كەلمىدى . قەيەرلەردىن لەشكەر يىغىپ يۈرىدىكىنتاڭ ، — دەۋاتقاندا ، ئالدى ئىشىكتىكى چاپارمەن كىرىپ خەۋەر قىلدى :

— سۇن ۋۇكۇڭ ئەجدىھا ، يىلان ، تاشپاقا سىياقىدىكى نېمىلەرنى باشلاپ كەپتۇ ! جەڭگە چاقىرىۋاتىدۇ !

— بۇ مايمۇن بۇ نېمىلەرنى قانداق تاپقاندۇ ؟ بۇ نەرسىلەر قەيەرلەردىن كەلگەندۇ ؟ — دېدى دىۋە ۋە ساۋۇت كىيىپلا تاشقىرىغا چىقىپ :

— قەيەرنىڭ ئادەملىرى سىلەر ، ئەۋلىيالار ماكانىغا ئاياغ بېسىشقا قانداق پېتىندىڭلار ؟ — دەپ ۋارقىرىدى .

بەش پالۋان، ئىككى سەركەردىنىڭ تۇرقىدىن غەيرەت ـ شىجائەت ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئۇلار:

— ھوي مۇتتەھەم! بىز ۋۇداڭ تېغى تەيخې ئوردىسىدىكى شالغۇت دىن پېشۋاسى داڭ مو پىرىمىنىڭ ئالدىدىكى ئەجدىھا پالۋان ۋە تاشپاقا، يىلان سەركەردىلەر بولىمىز. بۈگۈن سۈن ھەزرەتنىڭ تەكلىپى، پىرىمىنىڭ ئەمرىگە بىنائەن شىنى تۇتقىلى كەلدۇق. ھوي بەچچىغەر، تاڭ سېڭ بىلەن ساماۋى ئەختەرلەرنى چىقىرىپ بېرىپ جېنىڭنى ساقلاپ قال. بولمىسا ھەممىڭنى ئۆلتۈرۈپ، ماكانىڭنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋېتىمىز! — دېدى.

دىۋە بۇنى ئاڭلاپ چىچاڭشىپ كەتتى:

— ھوي ھارامىلىقلار، شۇنچە يوغان گەپ قىلغۇدەك قانچىلىك ھۈنىرىڭ بار! توختا، كالتىكىمنىڭ تەمىنى بىر تېتىپ باق!

ئەجدىھا پالۋانلار شۇئان بۇلۇتلارنى قايىنىتىپ، يامغۇر ياغدۇرۇۋەتتى؛ ئىككى سەركەردە قوم ـ توپىلارنى سورىدى. ئاندىن باشقىلار نەيزە، قىلىچ، شەمشەرلەر بىلەن گۈرزىدە ھۇجۇمغا ئۆتتى. سۈن ۋۇكۇڭ تۆمۈر كالتىكىنى تۇتۇپ ئۇلار بىلەن توپتوغرا يىرىم كۈن ئېلىشتى. دىۋە ئاخىر كۈچ ئېلىشالماي، خاسىيەتلىك خالتىسىنى يېشىپ قولىغا ئالدى. بۇنى سۈن ۋۇكۇڭ كۆرۈپ قېلىپ، يۈرىكى جىغغىدە قىلدى ـ دە:

— ئېھتىيات قىلىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى، ئەجدىھا، يىلان، تاشپاقىلار نېمىگە ئېھتىيات قىلىدىغانلىقىنى ئۇقالماي، لەشكەرلىرىنى توختىتىپ يېقىن كېلىشكە باشلىدى. دىۋە خالتىسىنى ئاتتى، ۋىژ قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئەجدىھا، تاشپاقا، يىلانلار خالتىغا چۈشۈپ كەتتى. سۈن ۋۇكۇڭ ئۇلارغا قارىماستىن ئاسماننىڭ قەھرىگە چىقىۋالدى. دىۋە ۋە جىنلار غەلىبە بىلەن قايتىپ، تۇتۇلغانلارنى چەمبەرچاس باغلىۋەتتى، ئاندىن كۆتۈرۈپ گەمىگە ئەكىرىپ ئاغزىنى يېپىۋەتتى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى بۇ ياققا نەزەر تاشلاڭ. سۈن ۋۇكۇڭ بۇلۇتتىن چۈشۈپ تاغ چوققىسىدا قىڭغىر ئولتۇرۇپ، ھەپسىلىسى پىر بولدى. «بۇ

مەخلۇق نېمانچىمۇ ياماندۇ !» دەپ ھەسرەت چەكتى ، ئاندىن ئىختىيارسىز ھالدا كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كەتتى . تۇيۇقسىز بىرىنىڭ :

— ئەۋلىيا ئەزەم ، ئۇخلىماي دەرھال قۇتۇلدۇرۇشقا مېڭىڭ . شۇ تاپتا ئۇستازىڭىزنىڭ ھاياتى قىل ئۇستىدە تۇرماقتا ! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى . سۇن ۋۇكۇڭ دەررۇ كۆزىنى ئاچتى ـ دە ، چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ قارىغۇدەك بولسا ، نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقان ئەمەلدارلار ئىشلىرى دىۋان بېگى ئالدىدا تۇراتتى .

— ھوي قەلەندەر ، ئۇ ياقلاردا تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرەتتىڭ ، تىلىگۈدەك نەرسە تاپالماي كېلىپ مېنى قورقۇتماقچى بولىۋاتامسەن ! ھاساڭنى چىقار ، مەن قولۇمنىڭ قىچىشقىنىنى باساي ! — دەپ ۋارقىرىدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— ئەۋلىيا ئەزەم ، سىز ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئەڭ خۇشال ئەۋلىيا ئىدىڭىز ، نېمىگە كۆڭلىڭىز غەش بولۇپ قالدى ! — دېدى ئۇ ئالمان ـ تالمان تەزىم قىلىپ ، — بىز بۇددىساتۋانىڭ ئەمرى بىلەن يوشۇرۇنچە تاڭ سېڭنى مۇھاپىزەت قىلىۋاتىمىز . شۇڭا ، مەن يەر مۇئەككىلى قاتارلىقلار بىلەن مۇشۇ ئەتراپتىلا يۈرۈپ ، سىزنىڭ كۆزىڭىزگە تولا چېلىقمىدۇق . ئەجەب بىكارلا ئەيىبلەپ كەتتىڭىزغۇ ؟

— سىز مۇھاپىزەتچىلىك قىلىۋاتقان بولسىڭىز ، ئېيتىڭا قېنى ، شۇ تاپتا ساماۋى ئەختەرلەر ، بۇددىلار ، ئىبادەتخانا مۇئەككەللىرى ، ئۇستازىم قاتارلىقلارنى جىنلار باغلاپ قەيەرگە قامىۋەتتى؟ ئۇلار قانداق ئازاب چېكىۋاتىدۇ ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— ئۇستازىڭىز بىلەن ئىنىلىرىڭىزنى سارايىنىڭ دەھلىزىگە ئېسىپ قويدى ؛ ساماۋى ئەختەر قاتارلىقلار گەمىدە ئازاب چېكىۋاتىدۇ . ئىككى كۈندىن بېرى سىزنىڭ خەۋىرىڭىزنى ئۇقالمىغاندۇق . بايا دىۋە ئەجدىھا ، يىلان ، تاشپاقىلارنىمۇ تۇتۇپ گەمىگە قامىۋەتتى . ئۇلارنى سىزنىڭ ئەكەلگەنلىكىڭىزنى بايىلا

ئۇقۇپ ئالاھىدە سىزنى ئىزدەپ كېلىشىم ھەزرىتىم، ھاردىم - تالدىم دېمەي تېز بېرىپ ياردەمگە ئادەم تېپىپ كېلىڭ.

سۇن ۋۇكۇڭ بۇنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز يىغلاپ تاشلىدى.

— ھازىر مەن ئەرشىئەلادىكىلەر ۋە دېڭىز - ئوكيان تەڭرىلىرى ئالدىدا ئىنتايىن خىجىلچىلىقتا ۋە ئۇياتقا قالدىم. بۇنىڭ سەۋەبىنى بۇدساتۋادىن سوراشتىنمۇ قورقۇۋاتىمەن. تاتھاگاتونىڭ ئالدىغا بېرىشتىنمۇ ئۇيىلىۋاتىمەن! باياتىن قولغا چۈشۈپ كەتكەنلەر دىۋىلەر پىرىنىڭ سەركەردىلىرى ۋە پالۋانلىرى ئىدى. ئەمدى مەن ياردەم تىلەپ بارىدىغان جايمۇ قالمىدى. قانداق قىلارمەن! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— ھەزرىتىم، كۆڭلىڭىزنى توق تۇتۇڭ. پېقىرنىڭ يادىغا بىر يەردىكى لەشكەرلەر كېلىۋاتىدۇ. شۇلارنى چاقىرىپ كەلسىڭىز، چوقۇم بۇ دىۋىنى قولغا چۈشۈرەلەيسىز، بايا سىز ۋۇداڭ تېغىغا بېرىپسىز. ئۇ نەنشەن ئايمىقىدا. مەن دېگەن لەشكەرلەرمۇ نەنشەن ئايمىقىنىڭ شۇيچى تېغى باغرىدىكى بىنچېڭ شەھىرىدە، يەنى ھازىرقى سىجۇ ئايمىقىدا. ئۇ يەردە دانىشمەن بۇدساتۋا گو شىۋاڭ بار. ئۇ ئاجايىپ كارامەت ئىگىسى. ئۇنىڭ قول ئاستىدا شاھزادە شياۋجاڭ دېگەن بىر شاگىرتى، يەنە تۆت چوڭ تەڭرى سەركەردە بار. ئۇلار بۇلتۇر سۇ خانىشىنى قولغا چۈشۈرگەن. سىز ھازىر شۇنىڭ قېشىغا بېرىڭ. ئۇ شاپائەت قىلىپ ئۇستازىڭىزنى قۇتقۇلدۇرۇشقا جەزمەن ياردەم قولىنى سۇنىدۇ، — دېدى دىۋان بېگى.

— ئۇنداق بولسا سىز ئۇستازىمنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرۇڭ، ئۇنىڭغا ھەرگىز زىيان - زەخمەت يەتمىسۇن. مەن بېرىپ ئۇنى چاقىرىپ كېلەي، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ خۇش بولۇپ.

سۇن ۋۇكۇڭ دەرھال بۇلۇتقا چىقىپ دىۋىنىڭ ماكانىدىن ئايرىلدى. شۇيچى تامان مېڭىپ بىر كۈنگە قالمايلا ئۇ يەرگە يېتىپ باردى. دەريادىن ئۆتۈپ بىنچېڭ شەھىرىگە كىرىپ ئەۋلىيا

تۇرىدىغان شەنشى تېغى ئاغزىغا كەلدى . ئەۋلىيا سارىيى ھەيۋەتلىك ، ئۇزۇن دەھلىزلىرى ئاجايىپ رەڭدار ئىدى . يەنە تولىمۇ ئۆزگىچە چىرايلىق مۇنارى بار ئىدى . سۇن ۋۇكۇڭ كۆرۈپ تاماشا قىلغاچ ئىككىنچى ئىشىككە كەلدى . بۇدساتۋا گو شىۋاڭ ئۇنىڭ كەلگىنىنى بىلىپ شاھزادە شياۋجاڭ بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى . ئۆزئارا سالام ـ سەھەتتىن كېيىن سۇن ۋۇكۇڭ شۇنداق دېدى :

— مەن تاڭ سېڭنى مۇھاپىزەت قىلىپ غەربكە كېتىۋاتاتتىم . يولدا كىچىك گۆھەرنىشىن ئىبادەتخانىسى ئۇچرىدى . ئۇ يەردە سېرىق قاش دىۋە ئىسىملىك بىرى يالغاندىن بۇددا بولۇۋاپتۇ . ئۇستازىم راست ـ يالغاننى پەرق قىلماستىنلا ئۇنىڭغا باش ئۇرۇپ قويۇپ قولغا چۈشۈپ كەتتى . دىۋە مېنىمۇ ئالتۇن تەبلىنىڭ ئىچىگە سولىۋالدى . بەختىمگە ئەرشتىن ئەختەرلەر كېلىپ مېنى قۇتۇلدۇرۇۋالدى . مەن ئالتۇن تەبلىنى چېقىپ كۇكۇم ـ تالقان قىلىۋېتىپ ئاندىن دىۋە بىلەن ئېلىشتىم . ئۇ بىر خالتىنى سىماۋى ئەختەرلەر ، بۇددىلار ، ئىبادەتخانا مۇئەككەللىرى ۋە ئۇستاز ، قېرىنداشلىرىمنى قويماي سولىۋالدى . مەن ۋۇداڭ تېغىغا بېرىپ دىۋىلەر پىرىدىن ياردەم سورىۋىدىم ، ئۇ بەش ئەجدىھا ، تاشپاقا ، يىلانلارنى ماڭا ياردەملىشىشكە ئەۋەتتى . ئەمما ، ئۇلارمۇ دىۋىنىڭ خالتىسىغا چۈشۈپ كەتتى . كەمىنىڭىز يار ـ يۆلەكسىز قېلىپ ئالاھىدە سىزنى تەكلىپ قىلغىلى كەلدىم . سىزنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىڭىز بار . كەمىنىڭىز بىلەن بىللە بېرىپ ئۇستازنى بالا ـ قازادىن قۇتۇلدۇرۇپ بەرسىڭىز بولاتتى ! بۇددا نومىنى ئەكېلىپ جۇڭخۇا ئېلىگە تارقىتىپ ، بۇددىمىزنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى ھەممىگە يەتكۈزۈپ ، دىنىمىزنى گۈللەندۈرسەك ئاجايىپ كاتتا ئىش بولۇپ كېتەتتى .

— سىز ھازىر بۇددا دىنىمىزنىڭ گۈللىنىشى يولىدا جان كۆيدۈرۈۋاتىسىز . بۇ ئەلۋەتتە ئۆزۈم بېرىپ قىلىشقا تېگىشلىك ئىش . بىراق ، ياز كىرىپ دەريا ـ دېڭىزلاردا سۇ كۆپىيىدىغان چاغ بولۇپ قالدى . شۇڭا ، يېڭىدىن شۇي يۈەن ئىسىملىك ھەزرەتنى

قوبۇل قىلغانىدىم. سۇنى كۆرسە ئۇنىڭ جېنى بەك يايراپ كېتىدۇ؛ شۇ سەۋەبتىن، مەن كېتىپ قالسام، ئۇ شوخلۇق قىلىپ قالسا، كېيىن ئۇنى ئەيۋەشكە كەلتۈرەلمەي قالارمىزمىكىن، دەيمەن. شاگىرتىم تۆت سەركەردىنى ئېلىپ سىز بىلەن بارسۇن، — دېدى گو شىۋاڭ.

سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭغا كۆپ تەشەككۇر ئېيتقاندىن كېيىن تۆت سەركەردە ۋە شاھزادە شياۋجاڭنى ئېلىپ بۇلۇت بىلەن غەربكە كەلدى. كىچىك گۆھەرنىشىن ئىبادەتخانىسىغا كەلگەندە، شاھزادە شياۋجاڭ چۇ دەريخىدىن سېپى بار ئاپئاق نەيزە، تۆت سەركەردە تۆت دانە مىسران قىلىچنى چىڭ تۇتۇپ، سۇن ۋۇكۇڭ بىلەن بىللە دىۋىنى تىللاپ جەڭگە چاقىردى. چاپارمەنلەر دەرھال بۇنى خەۋەر قىلدى. دىۋە جىنلىرىنى يىغىپ يەنە چىقتى - دە:

— كۆكەرمە مايمۇن! يەنە كىملەرنى باشلاپ كەلدىڭ! — دېۋىدى، ئۇنىڭ گېپى تۈگىمەستىنلا شاھزادە شياۋجاڭ تۆت سەركەردىنى باشلاپ كەلدى ۋە ئۇنىڭغا دېۋەيلەپ:

— ھۇ مۇناپىق، كۆزۈڭ كورمۇ سېنىڭ، بىزنى كۆزۈڭ كۆرمەيۋاتامدۇ؟ — دەپ ھۆركىرىدى.

— قەيەرنىڭ دارىدىن ئاشقان ئۆلەرمەنلىرى سەنلەر؟ قايسى ھالىڭغا بۇ مايمۇنغا ياردەمگە كېلىشتىڭ؟ — دېدى دىۋە.

— مەن دېگەن سىجۇدىكى بۇدساتىۋا گو شىۋاڭنىڭ شاگىرتى. تۆت چوڭ سەركەردىنى ئېلىپ سېنى تۇتقىلى كەلدىم، — دېدى شاھزادە شياۋجاڭ.

— سەن شۇمتەكنىڭ قانچىلىك لەشكىري ماھارىتىڭ بار؟ ئۆزۈڭنى چاغلىماي نېمانچە شىلتىڭ ئاتىسەن؟ سەن دەريا - ئۆستەڭلەردىكى ئالۋاستىلىرىڭنى يوقاتماستىن، سۇن دەرۋىشنىڭ يالغان - ياۋىداق گەپلىرىگە ئىشىنىپ شۇنچە ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ بۇ يەرگە كەلگىنىڭ نېمىسى؟ — دېدى دىۋە.

بۇنى ئاڭلىغان شاھزادە شياۋجاڭنىڭ غەزەپتىن تۈكلىرى تىك تۇرۇپ ياندى - دە، دەرھال نەيزە ئاتتى. تۆت سەركەردە ۋە سۇن ۋۇكۇڭمۇ

تەڭلا ھوجۇمغا ئۆتتى . دىۋە بولارنى چىۋىقىغا ئالماي بۆرە چىشى شەكىللىك كالتىكى بىلەن ئۇدۇل كەلگەننى سىلىشقا باشلىدى . ئۇلار ئۇزاق ۋاقىت ئېلىشتى ، يېڭىش ـ يېڭىلىش بولمىدى . دىۋە يەنە خالتىسىنى ئېلىۋىدى ، سون ۋۇكۇڭ :

— پەخەس بولۇڭلار ! — دەپ ۋارقىرىدى . شاھزادە شياۋجاڭ قاتارلىقلار بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى پەقەت چۈشەنمىدى . دىۋە بولسا تۆت سەركەردە بىلەن شياۋجاڭنى خالتىسىغا سىلىۋالدى . سون ۋۇكۇڭ بۇنى ئالدىن بىلىۋالغاچقا ، قېچىپ قۇتۇلدى . دىۋە غەلىبە بىلەن قايتىپ كەتتى ـ دە ، ئارغامچا ئەكەلدۇرۇپ ھەممەيلەننى باغلىتىپ گەمىگە سولاپ ئىشىكنى چىڭ ئەتتۈرۈۋەتتى . بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن .

سون ۋۇكۇڭ دىۋە لەشكەرلىرىنى باشلاپ ماكانىغا قايتىپ دەرۋازىنى چىڭ تاقىۋالغاندىن كېيىن ، بولۇتتىن چۈشتى . تاغنىڭ غەربىي يان باغرىدا تۇرۇپ ئىختىيارسىز كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلاپ كەتتى . ئۇ شۇنداق قايغۇرۇپ تۇرغاندا ، ئۇشتۇمتۇت غەربىي جەنۇب ئاسمىنىدىن رەڭدار بۇلۇت كېلىپ ئۇنىڭدىن بىرى يەرگە چۈشتى ، شۇئان تاغدا شارقىراپ يامغۇر يېغىپ كەتتى ۋە بىراۋنىڭ توۋلىغىنى ئاڭلاندى .

— سون ۋۇكۇڭ ، مېنى تونۇدىڭمۇ ؟

سون ۋۇكۇڭ ئىتتىك يېقىن بېرىپ قارىسا ، ئۇ يوغان قۇلاق ، چاسا يۈز ، سېمىز بىر ئادەم ئىدى . چىرايىدىن خۇش خۇيلۇق ۋە كۈلكە يېغىپ تۇراتتى ، كەڭ يېڭى شامالدا ئۇچاتتى ، ھەتتا چىغ ئايىغىمۇ كۈلۈپ تۇرغاندەك بىلىنەتتى . ئۇ كۈلگۈنچەك شەيخ مى لې بۇددا ئىدى . سون ۋۇكۇڭ ئۇنى تونۇپ دەررۇ تەزىم قىلىپ :

— تەقسىر ، قاياقتا ماڭدىلا ؟ پېقىر بىھۆرمەتلىك قىلىپ ئالدىلىرىدىن چىقىپ قاپتىمەن . گۇناھكارمەن ! گۇناھ قىلدىم ! — دېدى .

— مەن مەخسۇس كىچىك گۆھەرنېشىن ئىبادەتخانىسىدىكى

دىۋىنىڭ ئىشى بىلەن كەلدىم، — دېدى بۇددا.

— ھەممەتلىرىگە كۆپ رەھمەت، ئۇ دىۋە قەيەرنىڭ مەخلۇقى؟ قايسى دىۋە؟ ئۇنىڭ خالتىسى قانداق كارامەتلىك نەرسە؟ مالال كۆرمەي ماڭا ئۇقتۇرۇپ قويسىلىمۇ بوپتىكەن!

— ئۇ مېنىڭ ئالدىمدا خىزمەت قىلىدىغان سېرىق قاش ئىسىملىك بالا ئىدى. 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى مەن بىر مەرىكىگە كېتىپ ئۇنى قەسىر بېقىشقا قويغانىدىم. ئۇ مېنىڭ بىرقانچە خاسىيەتلىك نەرسەمنى ئەكېتىپ يالغاندىن بۇددا بولۇپ، ئەتراپىغا جىنلارنى توپلاپتۇ. ئۇنىڭدىكى خالتا مېنىڭ خوتيەن ئىسىملىك خالتام. كونىچە ئىسمى «ئېرىق خالتىسى». بۆرە چىشى شەكىللىك كالتەك بولسا قىيپاش تەبىل[1] چالىدىغان توقماق.

سۇن ۋۇكۇڭ بۇنى ئاڭلاپلا ۋاقىرىۋەتتى:

— بەللى شەيخىم! سىلى باللىرىنى قاچۇرۇۋېتىپ، ئۇنىڭ بۇددا بولۇۋېلىشىغا يول قويۇپتىلا تېخى، مېنى زىيانكەشلىككە ئۇچرىتىپ، ئۆينىڭ چوڭى تۇرۇپمۇ ئېھتىياتسىزلىق سەۋەنلىكى ئۆتكۈزۈپتىلا!

— بىرىنچىدىن، ئېھتىياتسىزلىق قىلىپ ئادىمىمنى قاچۇرۇپ قويدۇم؛ ئىككىنچىدىن، سىزلەر ئۇنى تېخى قولغا چۈشۈرەلمىگىنىڭلار ئۈچۈن ئالايتەن زېمىنغا چۈشتۈم. گۇناھىم ئۈچۈن بۇمۇ ئاز، ئەلۋەتتە. ئەمدى سىز بىلەن بېرىپ ئۇنى تۇتۇپ كېلىمەن، — دېدى مى لې.

— بۇ دىۋىنىڭ قالتىس كارامىتى بار ئىكەن، سىلىدە ھېچبىر قورال بولمىسا، ئۇنى قانداق تۇتالايدىلا؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

مى لې كۈلۈپ مۇنداق دېدى:

— مەن بۇ تاغنىڭ باغرىغا بىر كەپە سېلىپ يېنىغا بىر ئېتىز قوغۇن تېرىيمەن. سىز بېرىپ ئۇنى جەڭگە چاقىرىسىز. جەڭ قىلغاندا يېڭىلىپلا بېرىسىز، ھەرگىز يەڭمەيسىز، ئاستا ـ ئاستا مۇشۇ يەرگە باشلاپ كېلىسىز. قوغۇنلىرىم تېخى پىشمايدۇ. سىز

[1] قىيپاش تەبىل — قەدىمكى زاماندا بۇتخانىلاردا چېلىنىدىغان جاڭ.

پىشقان قوغۇن بولۇۋالىسىز . ئۇ پىشقان قوغۇننى يېمەكچى بولۇپ سىزنى يەۋېتىدۇ . قورساقتا كىرگەندىن كېيىن ئۇنى ئاللا - توۋا قىلغۇزىسىز . شۇ چاغدا مەن ئۇنىڭدىكى خالتامنى ئېلىۋالىمەن - دە ، ئۇنى خالتامغا سېلىپ ئەكېتىمەن .

— بۇغۇ ئوبدان پەنت ئىكەن . بىراق ، مەن پىشقان قوغۇن بولۇۋالسام ، سىلى مېنى قانداق بىلىۋالدىلا ؟ ئۇ مېنىڭ بىلەن بۇ يەرگە كەلگىلى ئۇنامدۇ زادى ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— مەن جاھاننى ئىدارە قىلىدىغان پېشۋا تۇرسام ، ئەقىل - پاراستىم ، نەزەر كۆزۈم كامالەتكە يەتكەن تۇرسا ، سىزنى نېمىشقا تونۇمايمەن ! سىز قانداق نېمىگە ئۆزگەرمەڭ ، بىر قاراپلا بىلىۋالايمەن . ئەمما ، ئۇ مەخلۇق كېلىشكە ئۇنماي قېلىشىمۇ مۇمكىن . مەن سىزگە بىر ھۈنەر ئۆگىتىپ قوياي ، — دېدى مى لې .

— ئۇ قانداقمۇ مېنىڭ بىلەن بۇ يەرگە كەلسۇن . چوقۇم مېنى خالتىسىغا سېلىۋالىدۇ ! قانداق چارە بىلەن ئۇنى ئەكېلەلەيمىز ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— ئەكېلىش قولىڭىزنى ، — دېدى مى لې كۈلۈپ . سۇن ۋۇكۇڭ سول قولىنى ئېچىپ ئۇنىڭغا ئۇزاتتى . مى لې ئوڭ قولىنىڭ بىگىز بارمىقى بىلەن ئاغزىدىكى زەمزەم سۇدا سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئالقىنىغا «بەند» دېگەن خەتنى يازدى ، ئاندىن :

— مۇشتىڭىزنى چىڭ تۈگۈپ بېرىڭ ، دىۋىنى كۆرگەندە ئېچىۋېتىڭ ، شۇ چاغدا ئۇ سىز بىلەن كېلىدۇ ، — دېدى .

سۇن ۋۇكۇڭ خۇشاللىق بىلەن ئۇنىڭ گەپلىرىنى كۆڭلىگە پۈكتى ۋە مۇشتىنى تۈگۈپ ، بىر قولىغا كالتىكىنى ئالدى - دە ، تاغ ئاغزىغا بېرىپ ئۈنلۈك ۋارقىرىدى :

— ھوي دىۋە ، سۇن ۋۇكۇڭ بوۋاڭ يەنە كەلدى ! چاپسان چىقىپ مەن بىلەن بىر ئېلىشىپ باق !

چاپارمەنلەر دەرھال بېرىپ بۇنى خەۋەر قىلدى . دىۋە :

— ئۇ قانچىلىك لەشكەر ئەكەپتۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— باشقا لەشكەرلىرى يوق ، ئۆزى يالغۇزلا ، — دەپ جاۋاب بەردى چاپارمەن .

— بۇ مايمۇننىڭ جىمى ھۈنىرى ، دەسمايىسى غالتەككە چىقىپتۇ ، ياردەم سورايدىغان ئادەم تاپالماي ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگىلى كەپتۇ - دە ، — دېدى دىۋە كۈلۈپ ، ئاندىن راۋۇرۇس قوراللىنىپ ، خالتىسىنى ئېلىپ ، يەڭگىل ، يۇمشاق بۆرە چىشى شەكىللىك كالتىكىنى تۇتۇپ تاشقىرىغا چىقتى - دە :

— ھوي كۆكەرمە ! نېمانداق پەيلىڭدىن يانمايسەن ! — دېدى .

— ھۇ مۇناپىق ! پەيلىمدىن يانماي نېمە قىپتىمەن ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ تىللاپ .

— دەسمايەڭ غالتەككە چىقتى . ياردەم ئالىدىغان جايىڭمۇ تۈگىدى . شۇڭا ، نوچىلىق قىلىپ ئۆزۈڭ كەپسەن - دە ! ئەمدى قولغا چۈشۈپ قالساڭ ، سېنى ھېچقانداق ئادەم كېلىپ قۇتۇلدۇرالمايدۇ . شۇڭا ، غىت قىسىپ ئولتۇرساڭچۇ ، — دېدى دىۋە .

— ئۆزىنى بىلمەيدىغان مەخلۇق ! ئاغزىڭغا بېقىپ سۆزلە ! قېنى ماۋۇنىڭغا قارا ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ، دىۋە ئۇنىڭ كالتەكنى بىر قولىدىلا تۇتۇۋالغىنىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز كۈلۈپ تاشلىدى :

— ماۋۇ مايمۇننىڭ يوغانچىلىقىنى قارىمامدىغان ! بىر قولىدا كالتەك تۇتۇپ قانداق جەڭ قىلغىلى بولىدۇ ؟

— ھوي بالا ! مېنىڭ نەچچە قولۇمدا جەڭ قىلىشىم بىلەن كارىڭ بولمىسۇن ! ئەگەر ھېلىقى خالتاڭنى ئىشقا سالمىساڭلا ، يەنە تۆت - بەشىڭ كەلسەڭمۇ بىر قولۇم بىلەنلا تېتىيمەن ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— بولىدۇ ! بولىدۇ ! بۈگۈن ئۇنى ئىشلەتمەي سەن بىلەن يەكمۇيەك ئېلىشىپ كۈچ سىنىشىپ كۆرەي ، — دېدى دىۋە ھەمدە بۆرە چىشى شەكلىدىكى كالتىكىنى ئېلىپ ھۇجۇم قىلدى . سۇن ۋۇكۇڭمۇ يېقىن كېلىپ مۇشتىنى ئېچىۋېتىپ كالتەكنى ئىككى

قوللاپ تۇتۇپ راسا ئويىنىتىشقا باشلىدى . دۇە شۇئان بەند بولۇپ چېكىنىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىدى ، خالتىنىمۇ ئىشلەتمىدى . پەقەت كالتەك بىلەن سۇن ۋۇكۇڭنى قوغلاپ كېلىۋەردى . سۇن ۋۇكـۇڭ يـېڭىلگەن بولۇپ قېچىپ دۇنى ئەگەشتۈرۈپ تاغنىڭ غەربىي يان باغرىغا كەلدى .

ســۇن ۋۇكۇڭ بۇ يەردە بىر ئېتىز قوغۇننى كۆرۈپ بىرلا دومىلاپ قوغۇنلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ يوغان بىر پىشقان قوغۇن بولۇۋالدى . دۇە ئەتراپىغا قارىسا سۇن ۋۇكۇڭ قاياققىدۇ غايىب بولغانىدى . ئۇ كەپە ئالدىغا كېلىپ :

— قــوغۇنچى كىم ؟ — دېدى . مى لې قوغۇنچى قىياپەتكە كىرىپ كەپىدىن چىقتى ـ دە :

— بېگىم ، ئۇ قوغۇننى كەمىنىڭىز تېرىدى ، — دېدى .

— پىشقان قوغۇنلىرىڭ بارمۇ ؟ — دېدى دۇە .

— بولمامدىغان ! — دېدى مى لې .

— ئۈسساپ كەتتىم ، پىشقان قوغۇن ئۈزۈپ كەل .

مى لى سۇن ۋۇكۇڭدىن ئۆزگەرگەن پىشىشق قوغۇننى ئۈزۈپ كېلىـپ قوش قوللاپ دۇگە تۇتتى . دۇە ھېچنېمىنى ئۇقماي قوغۇننى ئېلىپلا يېيىشكە باشلىدى . سۇن ۋۇكۇڭ بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي غۇرتتىدە ئۇنىڭ گېلىـدىـن ئۆتۈپ ئـىچـىگە كىرىۋالدى ـ دە ، تېپچەكلىدى ، ئۇنىڭ ئۈچەي باغرىنى تارتتى ، مـولـلاق ئـاتـتـى ، چېكەتكىدەك سەكرىدى ، ئىشقىلىپ خىيالىغا كەلگەننى قىلدى . دۇە ئاغرىققا چىدىماي چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى ، كـۆزلـىرىدىن ياش قۇيۇلدى . قوغۇنلۇققا ئۆزىنى تاشلاپ خامان تېپىدەك دومىلىدى : «ۋايىەي ! مېنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭلار ! » دەپ ۋارقىرىدى . مى لې شۇئان ئۆز قىياپىتىگە كىرىپ كۇلدى ۋە :

— ھوي مۇتتەھەم ، مېنى تونۇدىڭمۇ ؟ — دېدى . دۇە بېشىنى كـۆتـۈرۈپـلا ئـۇنـى كـۆردى ـ دە ، ھاپىلا ـ شاپىلا تىزلىنىپ ، قورسىقىنى ئىككى قولىدا مۇجۇپ تۇرۇپ باش ئۇردى :

— ئـىـگـەم ! بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە ! ئىككىنچى

بۇنداق قىلمايمەن !
مى لې يېقىن بېرىپ ئۇنىڭدىن خوتيەن نامىلىق خالتىسىنى ، تەبىل ئۇرىدىغان توقمىقىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن :
— سۇن ۋۇكۇڭ ، مېنىڭ يۈزۈمنى قىلىپ ئۇنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كېچىڭ ، — دېدى . سۇن ۋۇكۇڭنىڭ بۇنىڭغا قاتتىق قورسىقى كۆپتى ، ئۇنى راسا مۇشتلاپ ، تېپىپ ئىلگىرى ـ كېيىن دەردىنى ئېلىۋالدى . دېۋە ئاللا ـ توۋا توۋلاپ ئاغرىق دەستىدىن يەردە دومىلاپ كەتتى .
— سۇن ۋۇكۇڭ ، ئۇ تـوۋا قىلـدى ، ئەمـدى گۇناھىدىن ئۆتۈڭ ! — دېدى مى لې يەنە .
— ئاغزىڭنى ئېچىپ تۇر . مەن چىقىۋالاي ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ . دېۋىنىڭ قورسىقى قاتتىق ئاغرىغان بولسىمۇ ، يۈرىكى زەخمە يېمىگەنىدى . كونىلاردا : «ئادەم يۈرىكىگە زەخمە يەتمىگۈچە ئۆلمەيدۇ ، گۈل توزۇپ يوپۇرمىقى چۈشكەنگە يىلتىزى قۇرىمايدۇ» دېگەن گەپ بار . شۇڭا ، دېۋە ئۇنىڭ «ئاغزىڭنى ئاچ دېگىنىنى» ئاڭـلاپ ئـاغرىققا چىداپ ئاغزىنى يوغان ئاچتى . سۇن ۋۇكۇڭ سەكرەپ چىقىپ ئۆز قىياپىتىگە كىرىپلا ئۇنى ئۇرماقچى بولۇپ قارىسا ، مى لې ئۇنى خالتىسىغا سېلىپ بېلىگە باغلىۋالغانىكەن . مى لې تەبىل ئۇرىدىغان توقماقنى تۇتۇپ تۇرۇپ :
— هـوي هـارامزادە ! ئالتۇن تەبىلىمنى ئوغرىلاپ قەيەردە قويدۇڭ ؟ — دېدى . دېۋە خالتىنىڭ ئىچىدە بوغۇلۇپ :
— ئالتۇن تەبىلنى سۇن ۋۇكۇڭ ئۇرۇپ سۇندۇرۇۋەتتى ، — دېدى .
— چېقىلغان بولسا ، ئالتۇنۇمنى بېرىسەن ؟ — دېدى بۇددا .
— ئـالـتۇن پـارچـىلـىرى قەسىردىكى نېلۇپەر تەخت ئۈستىدە ، — دېدى دېۋە .
بۇددا خالتىنى كۆتۈرۈپ ، تەبىل توقمىقىنى تۇتۇپ خىرىلداپ كۈلدى ۋە :
— سـۇن ۋۇكـۇڭ ، مەن بىلەن بېرىپ ئالتۇنۇمنى تېپىپ

بىرىڭ ، — دېدى . ئۇنىڭ كارامىتىنى كۆرگەن سۇن ۋۇكۇڭ قانداقمۇ ياق دېيەلىسۇن . ئۇ نائىلاج مى لېنى باشلاپ تاغقا چىقتى . ۋە ئىبادەتخانىغا كىرىپ ئالتۇن پارچىلىرىنى ئېلىپ بەردى . تاغ ئاغزى مەھكەم ئېتىلگەنىدى . بۇددا توقمىقىنى شۇنداق بىر شىلتىۋىدى ، ئىشىك ئېچىلىپ كەتتى . ئۇلار ئىچكىرىگە كىردى ، جىن - شاياتۇنلار غوجىسىنىڭ قولىغا چۈشكەنلىكىنى بىلىپ ، ھەرقايسىسى قولىغا چىققاننى ئېلىپ ھەر تەرەپكە قېچىشقا باشلىدى . سۇن ۋۇكۇڭ بىرنى كۆرسە بىرنى ، ئىككىنى كۆرسە ئىككىنى ئۆلتۈرۈپ ، ئاخىر ئالتە - يەتتە يۈز جىن - شاياتۇننى قويماي ئۆلتۈرۈۋەتتى . ھەممىسلا ئەسلي قىياپىتىگە كىردى . قارىسا ئۇلار تاغ ، دەل - دەرەخ جىنلىرى ، يىرتقۇچ ھايۋان سۈرەتلىك دېۋىلەر ئىكەن . مى لې ئالتۇن پارچىلىرىنى بىر يەرگە توپلىغاندىن كېيىن بىر پۈۋلىگەنىدى ، دەرھال ئەسلي ھالىتىگە كېلىپ پۈتۈن بىر تەبىلگە ئايلاندى . ئۇ بۇنى ئېلىپ سۇن ۋۇكۇڭ بىلەن خوشلاشتى ۋە خاسىيەتلىك بۇلۇتقا چىقىپ ئۆزىنىڭ شادلىق ئالىمىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى .

سۇن ۋۇكۇڭ بېرىپ تاڭ سېڭ ، جۇ باجيې ، شا ۋۇجىڭنى يەشتى . جۇ باجيې نەچچە كۈن ئېسىلىپ ئېچىرقاپ كەتكەنىدى . شۇڭا ، ئۇ سۇن ۋۇكۇڭغا رەھمەتمۇ دېمەستىن ئېغىلىشكەن پېتى ئاشخانىغا باردى . ئەسلي دېۋىگە چۈشلۈك غىزا تەييارلانغان ، ئەمما ئۇ جەڭ بىلەن بولۇپ كېتىپ يېيەلمىگەنىدى . بۇنى كۆرۈپ جۇ باجيې يېرىم قازاننى ئۆزىلا سوقۇۋەتتى . ئاندىن ئىككى ئاپقۇرغا ئېلىپ ئۇستاز بىلەن شا ۋۇجىڭغا بەردى . ئۇلار ئىككى چىنىدىن يېگەندىن كېيىن ، سۇن ۋۇكۇڭغا رەھمەت - ھەشقاللا ئېيتتى ۋە دېۋىنىڭ ئىشىنى سورىدى . سۇن ۋۇكۇڭ دەسلەپ بىر ئۇستازنى چاقىرىپ بارسا ، ئۇنىڭ ئەجدىھا ، تاشپاقا ، يىلانلارنى بەرگەنلىكى ، كېيىن ئەۋلىيانىڭ قېشىدىن شاھزادە شياۋ جاڭنى ئەكەلگەنلىكى ۋە مى لېنىڭ دېۋىنى ئەل قىلغانلىقىنى يېپىدىن يىڭنىسىغىچە سۆزلەپ بەردى . تاڭ سەنزاڭ بۇلارنى ئاڭلاپ ناھايىتى كۆپ

مىننەتدار بولدى ۋە ئەرشكە قاراپ تەزىم قىلدى، ئاندىن:
— شاگىرتىم، ئۇ تەڭرىلەر باغلىنىپ قەيەردە ياتىدىغاندۇ؟ — دېدى.
— تۇنۇگۇن نۆۋەتچىلىك قىلغان ئەمەلدارلار ئىشلىرى دىۋان بېگى ئۇلارنىڭ گەمىگە سولانغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ ۋە بۇيرۇق قىلدى، — جۇ باجيې، مېنىڭ بىلەن بار. ئۇلارنى قۇتۇلدۇرىمىز!
قورسىقى تويۇپ، راسا كۆچىگە كەلگەن جۇ باجيې شۇئان تىرنىسىنى تېپىپ سۈن ۋۇكۇڭ بىلەن ئارقىغا ئۆتتى. گەمىنى ئېچىپ ھەممەيلەننى يەشتى ـ دە، مەرۋايىت راۋاق ئاستىغا تەكلىپ قىلدى. تاڭ سەنزاڭ كاساياسىنى كىيىپ، ھەممەيلەنگە ئايرىم ـ ئايرىم تەزىم قىلىپ تەشەككۇر ئېيتتى. شۇنىڭدىن كېيىن سۈن ۋۇكۇڭ بەش ئەجدىھا، ئىككى سەركەردىنى ۋۇداڭ تېغىغا؛ شاھزادە شياۋ جاڭ بىلەن تۆت سەركەردىنى بىنچېڭغا؛ يىگىرمە سەككىز يۇلتۇز ساھابىنى ئەرشكە يولغا سالدى، بۇددىلار، ئىبادەتخانا مۇئەككەللىرىنى ئۆز تەۋەسىگە ماڭغۇزۇۋەتتى. ئۇستاز، شاگىرتلار يېرىم كۈن ئارامخۇدا دەم ئېلىپ ئاق ئاتنى تويغۇزدى، يۈك ـ تاقلارنى ئوبدان تېڭىپ، ئەتىسى سەھەردە يولغا چىقتى. ئۇلارنىڭ زادى قاچانلاردا چوڭ گۆھەرنېشىن ئىبادەتخانىسىغا بارىدىغانلىقى تېخى نامەلۇم. كېيىنكى بابنى ئوقۇپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلگەيسىز.

# ئاتمىش يەتتىنچى باب

**دەرۋىشلەرنىڭ تولو خەلقنى قوتۇلدۇرۇپ خاتىرجەملىك ئاتا قىلغانلىقى بەتبۇيچىلىقتىن قۇتۇلۇپ تەرىقەت يولىنى داۋام ئەتكەنلىكى**

ئەلقىسسە، تاڭ سەنزاڭ قاتارلىق تۆتەيلەن غەربكە قاراپ خۇشال - خۇرام يۈرۈپ كەتتى ۋە بىرەر ئايدەك يول يۈردى. باھار بولغاچقا، ھەممە ياقتا گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن، ئورمانلار قاراڭغۇلاشقانىدى. بوران - يامغۇر ياغقان بىر كۈنى يەنە كەچ كىردى. تاڭ سەنزاڭ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ:

— شاگىرتلىرىم، كەچ بولۇپ قالدى، قەيەردىنمۇ قونالغۇ تاپارمىز؟ — دېدى.

— ئۇستاز، غەم قىلمىسىلا، ناۋادا قونالغۇ تاپالماي قالساقمۇ كېرەك يوق. ئۈچىلىمىزنىڭ ئاز - تولا ھۈنىرىمىز بار. جۇ باجىي ئوت - چۆپ ئورىدۇ، شاسېڭ قارىغاي ئېگىدۇ، مەن ياغاچچىلىق قىلىمەن - دە، يول بويىغا كەپىدىن بىرنى ياسايمىز، بىر يىل تۇرساقمۇ بەخىرامان تۇرىۋېرىمىز، نېمىگە قايغۇرىمىز؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ.

— ئاغا، بۇ يەردە قونغىلى بولىدۇ دەمسىز! ھەممە ياقتا يولۋاس، قاپلان، بۆرە، يىلانلار قوتۇراپ يۈرمەمدۇ. كۈندۈزدە ئاران مېڭىۋاتقان تۇرساق، كېچىسى قورقماي قانداق ياتىمىز؟ — دېدى جۇ باجىي.

— ھوي كالۋا! بارغانچە دۆتلىشىپ كېتىۋاتىسەنغۇ! پو ئاتقىنىم ئەمەس، قولۇمدا مۇشۇ كالتەكىملا بولىدىكەن، ئاسمان

ئۆرۈلۈپ چۈشسمۇ تىرىۋالىمەن ! — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .
ئۇلار شۇ گەپلەرنى قىلىشىۋاتقاندا ئانچە يىراق بولمىغان جايدا بىر يېزا كۆرۈندى . سۈن ۋۇكۇڭ :
— بەلەن بولدى ! قونالغۇ تېپىلدى ! — دېدى .
— قەيەردە ؟ — دەپ سورىدى تاڭ سەنزاڭ .
— ئاۋۇ دەرەخلىقتە تۇرغىنى ئۆي ئەمەسمۇ ؟ شۇ ئۆيدە بىر كېچە قونايلى ـ دە ، ئەتە سەھەر يولىمىزغا ماڭايلى ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ قولى بىلەن كۆرسىتىپ ، تاڭ سەنزاڭ خۇش بولۇپ ئېتىغا قامچا سالدى ۋە ئۆينىڭ ئالدىغا بارغاندا ئاتتىن چۈشتى . قاشا ئىشىك چىڭ ئېتىكلىك تۇراتتى . تاڭ سېنىڭ ئىشىكنى ئۇرۇپ :
— ئىشىكنى ئېچىڭلار ! ئىشىكنى ئېچىڭلار ! — دېدى .
ئىچكىرىدىن بىر بوۋاي چىقىپ ئىشىكنى ئاچتى . ئۇ ھاسا تۇتقان ، پۇتىغا يىكەن چورۇق كىيگەن ، بېشىنىڭ چوققىسىغا قارا بوغمىچە چىگىۋالغان ، ئۇچىسىغا ئاددىيلا كىيىم كىيگەنىدى .
— ئالىتاغىل توۋلاۋاتقان كىم ؟ — دەپ سورىدى ئۇ . تاڭ سەنزاڭ ئالىقىنىنى جۈپلەپ مەيدىسىگە قويۇپ تەزىم قىلغاندىن كېيىن :
— ئاتا ، كەمىنىلىرى شەرقىي دىياردىن غەربىي دىيارغا بۇددا نومىنى ئالغىلى كېتىۋاتقان يولۇچى . بۇ جايغا كەلگەندە قاراڭغۇ چۈشۈپ قالدى . ئۆيلىرىدىن بىر كېچە قونۇشقا جاي بېرەمدىكىن دېگەن ئۈمىد بىلەن كېلىۋىدۇق . ھەممەتلىرىنى ئايىمىغايلا ، — دېدى .
— شەيخ ، غەربكە ماڭغان بولسىڭىز ، ھەرگىز يېتىپ بارالمايسىز ، بۇ تېخى غەربنىڭ بىر بۇرجىكى ، غەربنىڭ ئۆزىگە تېخى ئۇزاق ماڭىدىغان گەپ . شۇڭا ، جاپا تارتىپ يۈرمەڭ . مۇشۇ يەردىن ئۆتمەكمۇ بەسىي مۇشكۈل ، — دېدى بوۋاي .
— نېمىشقا ئەمدى ؟ — دەپ سورىدى تاڭ سەنزاڭ .
— بۇ يېزىدىن چىقىپ غەربكە ئوتتۇز چاقىرىمچە ماڭسىڭىز ئەبنۇسزارلىق بار . ئۇ يەردىكى تاغنىڭ ئىسمى چىجۆ (يەتتە

ئەۋزەل ) . — دېدى بوۋاي .
— نېمىشقا چىجۆ دەيدۇ؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ .
— بۇ تاغ سەككىز يۈز چاقىرىم كېلىدۇ ۋە ھەممىلا يېرىدە ئەبنۇس ئۆسىدۇ ، — دېدى بوۋاي ، — كونىلار مۇنداق دەيدۇ : «ئەبنۇس دەرىخىنىڭ مۇنداق يەتتە خىل ئەۋزەللىكى بار : بىرىنچى ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشكە پايدىلىق ؛ ئىككىنچى ، سايىسى جىق ؛ ئۈچىنچى ، قۇشلار ئۇۋا سالمايدۇ ؛ تۆتىنچى قۇرت چۈشمەيدۇ ؛ بەشىنچى ، يوپۇرمىقىنى ئوينىغىلى بولىدۇ ؛ ئالتىنچى ، ھوسۇللۇق بولىدۇ ؛ يەتتىنچى ، شاخ ـ يوپۇرماقلىرى يوغان ، گۆشلۈك بولىدۇ .» شۇنىڭغا ئاساسەن ، بۇ جاي چىجۆشەن تېغى دەپ ئاتالغان . بۇ يەردە ئادەم ناھايىتى ئاز . ئۇ تاغ ـ جىرالىرىغا ئادەم ئاياغ تەگمەيدۇ . شۇڭا ، ھەر يىلى ئەبنۇسلار ئۆزى پىشىپ ، ئۆزى تۆكۈلۈپ كېتىدۇ . تاغدىكى تار بىر تاشلىق يولنىمۇ پۈتۈنلەي كۆمۈۋېتىدۇ ؛ قار ـ يامغۇردا بولسا سېسىپ ھەممە ياقنى بۇلغايدۇ . بىز بۇ يەردە ھاجەتخانىنى ئەسكىلىك ، دەيمىز . غەرب شامىلى چىقسا بارمۇ ، ئەسكىلىكنىڭ سېسىقىدىنمۇ سېسىق پۇراقنى ئەكېلىدۇ . ھازىر باھار بولغاچقا ، شەرقىي جەنۇب شامىلى چىقىۋاتىدۇ ، بۇ پۇراق يوق .
تاڭ سەنزاڭنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى .
سۈن ۋۇكۇڭ چىداپ تۇرالماي قايناپ كەتتى :
— ھوي گىرى قېرى ! بىز بىر كېچىلىك قونالغۇ سوراۋاتساق ، سەن نېمانداق ۋالاقلاپ بىزنى قورقۇتىسەن ! ئۆيۈڭ تار بولۇپ بىزنى قوندۇرالمىساڭ ، بىز دەرەخ تۈۋىدە ئولتۇرۇپمۇ تاڭ ئاتقۇزۇۋېرىمىز ، نېمىشقا قۇرۇق گەپنى تولا قىلىسەن؟
بوۋاي ئۇنىڭ سەت بەشىرىسىنى كۆرۈپ دەررۇ ئاغزىنى يۇمدى ، ھاسىسىنى شىلتىپ تۇرۇپ :
— ھوي پەسەندە ، ئىززىتىنى سېتىپ يەيدىغان پەس ، ماڭا نېمە گۇركىرەيسەن ! — دېدى .
— ئاقساقال ، سىز كۆزى ئوچۇق قارىغۇ ئىكەنسىز ، ناۋادا

ئادەمگە تۇرقىغا، چىرايىغا قاراپلا باھا بەرسىڭىز چوقۇم خاتالىشىسىز، ئەسكى چاپاننىڭ ئىچىدە ئادەم بار جۇمۇڭ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— سەن قايسى جاي، قايسى نەسەبنىڭ ئادىمى! ئىسىم - شەرىپىڭ نېمە؟ قانداق ھۈنەرلىرىڭ بار؟ — دېدى بوۋاي.

سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ شۇنداق دېدى:

*شەرقىي دىياردىكى ئەلدىن بولىمەن،*
*ماھارەت ئۆگەندىم گۈلشەن بىغىدا.*
*بولغاچقا ئۇستازىم لىڭتەيدىكى پىر،*
*ۋايىغا يەتتىم مەن جانبازلىقتا.*
*دېڭىزدا بويسۇنار ئەجدىھا ماڭا،*
*تاغ يۇدۇپ چاپىمەن قۇياش كەينىدىن،*
*يۇلتۇزلار ئورنىنى ئالماشتۇرىمەن،*
*تىترىشەر ئالدىمدا ئالۋاستى ۋە جىن.*
*مەن شۇنداق مايمۇنمەن ئۆزگىرىشچان ھەم،*
*سۇ يۇگۇرتەلەيمەن سامان تىگىدىن.*

بۇنى ئاڭلاپ بوۋاي خۇش بولۇپ كەتتى، تەزىم قىلىپ ئۇلارنى ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلدى:

— مەرھەمەت! غېرىبانە خانىمىزدىن ئورۇن ئېلىشسىلا.

شۇنىڭ بىلەن تۆتەيلەن ئاتنى يېتىلەپ، يۈك - تاقلارنى كۆتۈرۈپ تەڭلا كىردى. ھويلىنىڭ ئىككى چېتىنى تىكەن - چاتقال قاپلىغانىدى؛ ئىككىنچى ئىشىك خىش بىلەن تاشتىن قوپۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇستى ۋە ئارىلىرىغىمۇ تىكەن ئۈنگەنىدى؛ ئىچكىرى كىرگەندە ئۈچ ئېغىز كاھىشلىق ئۆي كۆزگە چېلىقتى. بوۋاي ئۇلارنى ئورۇندۇقلارغا ئولتۇرغۇزۇپ چاي قۇيدى؛ ئاندىن غىزا بۇيرۇدى. ئۇزاققا قالماي جوزىغا خېمىر تىلىپى[1]، پۇرچاق

[1] مىيەنجىن — خېمىرنىڭ تىلىپىدا قىلىنغان بىر خىل يېمەكلىك.

ئۇيۇتمىسى ، ئۇندۇرمە ، يېسۋىلەك ، تۇرۇپ ، قىزىل مۇچ ، پىدىگەن ، ئاش چامغۇر ، گورۇچ ئېشى ، مەززىلىك شورپا كەلتۈرۈلدى . بۇلار راسا تويۇپ يەپ ـ ئىچتى . تاماقتىن كېيىن جۇ باجيې سۇن ۋۇكۇڭنى بىر چەتكە تارتىپ يوشۇرۇنچە سورىدى :

— ئاغا ، بۇ قېرى باشتا بىزنى قوندۇرغۇسى كەلمىگەنىدى ، ئەمدى كاتتا مېهمان قىلىۋەتتى . بۇ نېمە ئىشتۇ ؟

— بۇ قانچىلىك ئىش دەيسەن ؟ ئەته ئۇنىڭدىن بىزگە ئون خىل مېۋە ، ئون تۈرلۈك قورۇما كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىمەن ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— ئۇيات ! — دېدى جۇ باجيې ، — ئۇ سىزنىڭ بايىقى يوغان گەپلىرىڭىزگە ئالدىنىپ بىزنى كاتتا كۈتۈۋەتتى . ئەته يولىمىزغا ماڭىدىغان تۇرساق سىزگە يەنە نېمە بېرەتتى ؟

— ئالدىرىما ، بۇنىڭ يولىنى ئۆزۈم قىلىمەن ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

ئۇزاق ئۆتمەي قاراڭغۇ چۈشتى . بوۋاي چىراغ ياقتى . سۇن ۋۇكۇڭ تەزىم قىلغاندىن كېيىن بوۋايدىن سورىدى :

— بوۋا ، سىز قايسى ئۇرۇقتىن ؟

— لى ئۇرۇقىدىن ، — دېدى بوۋاي .

— بۇ جاينىڭ ئىسمى لىجياجۇاڭ (لى جەمەتى قورۇقى ) ئىكەن ـ دە ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— ياق ، بۇ يەرنىڭ ئىسمى تولوجۇاڭ ، بەش يۈزدىن ئارتۇق ئائىلە بار . باشقا جەمەتتىكىلەرمۇ خېلى بار . لى جەمەتىدىن يالغۇز مەنلا ، — دېدى بوۋاي .

— لى ئاتا ، هۇزۇرىڭىزدا نېمە خاسىيەت بار ، بىزنى ئەجەب كاتتا مېهمان قىلىۋەتتىڭىزغۇ ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— بايا سىز ئالۋاستى ، دىۋە ـ پەرىنىڭ ئەدىپىنى بېرىمەن ، دېدىڭىز . بىزنىڭ بۇ يەردە بىر يالماۋۇز بار . مالال كۆرمەي شۇنى يوقىتىپ بەرگەن بولسىڭىز ، سىزدىن تولىمۇ مىننەتدار بولاتتۇق ، — دېدى بوۋاي ئورنىدىن تۇرۇپ .

سۇن ۋۇكۇڭ ئاسمانغا قاراپ ئىلتىجا قىلدى :
— تەڭرىم ، ئىشىمنى ئۆزۈڭ ئاسان قىلغايسەن !
— بۇۋىسى ـ بۇنچىلىك كۆيۈپ ـ پىشمايدىغان ئادەم ئالۋاستىنى يوقىتىشنىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا ئىلتىجا قىلىپ كەتكىنىنى قارىمامدىغان ! — دېدى جۇ باجيې .
— قەدىرلىك ئىنىم ، سەن ئۇقمايسەن ، مەن ئۇنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈنلا شۇنداق ئىلتىجا قىلىۋاتىمەن . ئەمدى ئۇ مەندىن باشقا ئادەمنى تەكلىپ قىلمايدۇ ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .
— بۇ مايمۇن ھەممە ئىشنى ئۆزىلا قىلىشقا ئەجەبمۇ ئامراق ـ دە ! ناۋادا ئۇ يالماۋۇزنىڭ قالتىس كارامىتى بولۇپ ، سەن ئۇنى يوقىتالمىساڭ ، يالغانچىلىق بولۇپ قالامدۇ ؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ .
— ئۇستاز ، خاپا بولماي تۇرسىلا ، يەنە بىر سوراپ باقاي ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ .
— يەنە نېمىنى سورايسىز ؟ — دېدى بوۋاي .
— بۇ يەر تۈزلەڭلىك ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئاھالىسىمۇ جىق ئىكەن ياكى چەت ـ ياقا جايمۇ ئەمەس ئىكەن . بۇ يەرگە كېلىدىغان جىن ـ ئالۋاستىنىڭ جېنى ئۇنمىكەن ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .
— سىزدىن گەپ يوشۇرۇپ نېمىمۇ قىلاي . ئەسلى بۇ ئىنتايىن تىنچ جاي ئىدى . ئۈچ يىل ئىلگىرى 6 ـ ئاي مەزگىلىدە ئۇشتۇمتۇتلا شامال چىقىپ بىر يالماۋۇز پەيدا بولدى ـ دە ، كىشىلەرنىڭ بېقىۋاتقان كالا ـ ئاتلىرىنى ، چوشقا ـ قويلىرىنى يەپ كەتتى . توخۇ ، ئۆردەكلەرنى ھاپ ئېتىپ يۇتۇۋەتتى . ئەر ـ ئاياللارنىمۇ تىرىكلا دەم تارتىپ كەتتى . شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ ئىككى يىلدىن بېرى ئۇ دائىم كېلىپ زىيانكەشلىك قىلىدۇ . دەرۋەش ، ئەگەر سىز ئۇ يالماۋۇزنى يوقىتىپ بۇ زېمىننى ئۇنىڭدىن تازىلىسىڭىزلا ، مەن جەزمەن سىزگە ئىنتايىن جىق ئىنئام بېرىمەن ۋە بىر مىنۇتمۇ كېچىكتۈرمەيمەن ، — دېدى بوۋاي .
— ئۇنى يوقاتماق تەس ئىكەن ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— راستىنلا تەس ئىكەن . بىز يول ئۈستىدىكى شەھەرنى ، بىر كېچىنى ئۆتكۈزۈۋالساق ، ئەته يولىمىزغا ماڭىمىز . يالماۋۇزنى يوقىتىمىز دەپ قەيەردە يۈرەيلى ! — دېدى جۇ باجيې .

— ھە ، ئالدامچىلىق قىلىپ جان باقىدىغان شەيخلەر ئىكەنسىلەر - دە ! باشتا ئاغزى - ئاغزىڭلارغا تەگمەي يوغان گەپنى قىلىپ ئەختەرلەرنى ئىشقا سالالايمىز ، دىۋە - پەرى ، جىن - شايا تۇنلارنى يوقىتالايمىز ، دېدىڭلار . شۇنى قىلىپ بېرىڭلار دېسەك ، ئەمدى تەس ئىكەن ، دەپ ئىنجىقلاۋاتىسىلەرغۇ ؟ — دېدى بوۋاي .

— ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ ، ئالدىرىماي تۇرۇڭ ، بىز يالماۋۇزنى چوقۇم يوقىتىپ بېرىمىز ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ .

— ئەگەر ئۇنى يوقىتىش قولىڭىزدىن كەلسە ، كەنتىمىزدىكى چوڭلاردىن بىرقانچىنى چاقىرىپ كىرىپ سىزگە تىلخەت يېزىپ بېرەي . غەلىبە قىلسىڭىز قانچىلىك تەڭگە ئالىمەن دېسىڭىز ، كەم قىلماي بېرەيلى ؛ ناۋادا زىيان تارتىپ قالسىڭىز ، ئۇ چاغدا بىزدىن ئاغرىنماي پېشانىڭىزگە پۈتۈلگەننى كۆرەرسىز ، — دېدى بوۋاي .

— بىز ئۇنداق ئادەملەر ئەمەس ، چاپسان چىقىپ چوڭلارنى چاقىرىپ كىرىڭ ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

بوۋاي خۇشال بولۇپ ، بالىسىنى قولۇم - قوشنىلار ، بىر نەۋرە ئىنىسى ، تاغىسى ، ئۇرۇغ - تۇغقان ، دوست - يارەنلەر بولۇپ ، چوڭلاردىن جەمئىي توققۇز ئادەمنى چاقىرىپ كېلىشكە يۇگۈرتتى . ئۇلار كېلىپ تاڭ سېڭلار بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن ، يالماۋۇزنى يوقىتىدىغان گەپنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇرسەن بولۇشتى .

— ئۇنى قايسى قابىل شاگىرت يوقىتىدىكىن ؟ — دەپ سوراشتى ئۇلار .

— پېقىر يوقاتماقچىمەن ! — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ قولىنى جۈپلەپ . چوڭلار خاۋاتىرلەنگەن ھالدا :

— بولمايدۇ ! بولمايدۇ ! ئۇ يالماۋۇز بەك يامان ، بەتھەيۋەت

يـوغـان نـېمە . بۇ دەرۋىش ۋىجىككىنە ئىكەن . ئۇنىڭ ئىرىقىمۇ توشمىغۇدەك ! — دېيىشتى .

— بەگلىرىم ، ئادەمنى ئوبدان مۆلچەرلىشەلمەيدىكەنلا . جۇغۇم كـىچىك بولغىنى بىلەن كۈچ - غەيرىتـىم تېـشـىـمدا ئەمەس ، ئىچىمدە ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

كۆپچىلىك ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ نـائـىـلاج ئۇنىڭغا يول قويدى - دە :

— دەرۋىـــش ، يالـــماۋۇزنى يوقـاتسىڭىز قانـچىلىك ھەق ئالىسىز ؟ — دېدى .

— ھەقنىڭ گېپىنى قىلىپ نېمە قىلىسىلەر ! بىز ئۆزىمىزگە ئەخلاق ، ئەقىدىنىلا ھەمراھ قىلغان شەيخلەرمىز . ھەرگىز پۇل ئالمايمىز ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— پۇل ئالمايمىز دەيسىلەر ، بىكارغا چاپىدىغان ئىش قەيەردە بار ! ئۇنداق بولسا ھەربىر ئائىلە ئىككى مودىن جەمئىي مىڭ مو ئوبدان يەر بېرەيلى . يەنە كېلىپ بىرلا يەرنى بېرەيلى . سىزلەر ئـۇ يەرگە ئىبادەتخانا سېلىپ ئىستىـقامـەت قـىلـىـپ ساۋاب تېپىڭلار ، — دېدى .

— بۇ تېخىمۇ بولمىدى ! يەر ئالىدىغان بولساق ، ئات بېقىپ مالاي بولۇشقا ، ئاشلىق تاپشۇرۇپ ، ئوت - چۆپ يىغىشقا توغرا كـېلىدۇ . دېگەن ۋاقتىدا يېتىپ ، خالىغاندا تۇرغىلى بولمايدۇ ، ئادەمنى ئىلگىرى - كېيىن رودۇ قىلىدىغان ئىش ئۇ ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— ھېچنېمە ئالمىساڭلار سىلەرگە قانداق رەھمەت ئېيتىمىز ئەمدى ؟ — دېدى بوۋايلار .

— بىزگە چاي بىلەن غىزا بولسىلا كۇپايە ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— بۇ ئاسان گەپ . ئەمما ، ئۇنى قانداق يوقاتماقچىسىز ؟ — دەپ سوراشتى ئۇلار يەنە .

— ئاۋۋال ئۇ كەلسۇن . مەن چوقۇم ئۇنى تۇتىمەن .

— ئۇ دېگەن غايەت يوغان نېمە، بېشى ئاسمانغا تاقىشىدۇ، پۇتى يەرگە بىر كېلىدۇ. شامال بولۇپ كېلىپ، تۇمان بولۇپ كېتىدۇ. ئۇنى قانداق تۇتالايسىز؟ — دېدى چوڭلار.

— ئۇ يالماۋۇز قۇيۇن ۋە تۇمان بولالىغۇدەك بولسا ئاران مېنىڭ نەۋرەم بولالايدىكەن، يوغانلىقىنىڭمۇ كارى چاغلىق، ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلەيمەن، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ.

شۇ گەپلەر بولۇۋاتقاندا گۇركىرەپ بوران چىققانىدى، بوۋايلار ئالاقزادە بولۇشۇپ، لاغىلداپ تىترىشىپ:

— بۇ شەيخ شۇم ئېغىز ئىكەن. يالماۋۇزنى چىللىۋىدى، مانا كەلدى، — دېدى. لى بوۋاي ئۆتتۇرا ئىشىكنى ئېچىپ تۇغقانلىرى ۋە تاڭ سېڭلارغا:

— كىرىڭلار، چاپسان كىرىۋېلىڭلار، يالماۋۇز كەلدى! — دېدى. قورقۇپ كەتكەن جۇ باجيې بىلەن شاسېڭمۇ كىرمەكچى بولۇۋىدى، سۇن ۋۇكۇڭ كاپپىدە ئۇ ئىككىسىنى تۇتۇۋېلىپ:

— توختاڭلار! ئۆيگە كىرمەڭلار! مەن بىلەن بىللە قۇدۇق بېشىغا بېرىڭلار، ئۇنىڭ قانداق نېمىلىكىنى كۆرۈپ باقايلى، — دېدى. سۇن ۋۇكۇڭنىڭ كۈچىمۇ تازا بار بولغاچقا، ئۇ ئىككىسىنى گەپمۇ قىلغۇزماستىن بىرلا سۆرەپ قۇدۇق بېشىغا ئاپاردى. بوران بارغانچە كۈچىيىپ دەل - دەرەخلەرنى ياتقۇزۇپ، جاھاننى لەرزىگە سالدى. ھەممە ياقنى قارا تۇمان قاپلاپ چىراغلارنىڭ يورۇقىنىمۇ يۇتۇپ كەتتى. جۇ باجيې تۇمشۇقى بىلەن توپىنى تۇرتۇپ ئۆزىنى كۆمۈۋالدى. شا ۋۇجىڭمۇ باش - يۈزىنى ئېتىۋېلىپ كۆزىنىمۇ ئاچالمىدى.

سۇن ۋۇكۇڭ بوراننىڭ يالماۋۇز ئىكەنلىكىنى بىلدى. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئارىلىقتا بوران ئۆتۈپ كەتكەن جايدىكى ھاۋا بوشلۇقىدا ئىككى چىراغ غۇۋا كۆرۈندى.

— قېرىنداشلار! بوران ئۆتۈپ كەتتى! ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ يالماۋۇزنى كۆرۈڭلار، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ئېڭىشىپ، جۇ باجيې توپىدىن چىقتى ۋە سىلكىنىپ توپىلارنى چۈشۈرۈۋەتكەندىن كېيىن

ئاسمانغا قاراپ ئىككى چىراغنى كۆردى ـ دە، بىردىنلا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى:

— قىزىق ئىش! ئۇ ئەسلىي ئەخلاقلىق يالماۋۇز ئىكەنغۇ! ئۇنىڭ بىلەن دوست بولساق بولغۇدەك!

— قاراڭغۇ كېچىدە ئۇنىڭ چىرايىنىمۇ كۆرمەي تۇرۇپ ياخشى ـ يامانلىقىنى قانداق بىلىسىز؟ — دېدى شاسېڭ.

— كونىلارنىڭ «كېچىدە سەپەر قىلغانلار چىراغسىز يۈرمەيدۇ، چىراغسىزلار ئەسلا ماڭمايدۇ» دېگەن گېپى بار. قارا، ئۇ ئىككى پانۇس كۆتۈرۈۋاپتۇ. جەزمەن ياخشى نىيەتلىك، — دېدى جۇ باجيې.

— كۆزىڭىزنىڭ دەردى بار ئىكەن جۇمۇ، ئۇ دېگەن بىر جۈپ پانۇس ئەمەس، يالماۋۇزنىڭ ئىككى كۆزى، — دېدى شاسېڭ.

جۇ باجيې شۈمشىيىپ كىچىكلەپلا كەتتى ۋە:

— ۋاي ئاتام! كۆزلىرى بۇنداق بولسا ئاغزى قانچىلىكتۇ؟ — دېدى.

— قورقما ئىنىم، ئىككىڭلار ئۇستازنى مۇھاپىزەت قىلىڭلار. مەن بېرىپ ئۇنىڭدىن گەپ سوراپ، ئۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلىپ باقاي، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ.

سۈن ۋۇكۇڭ ۋىژ قىلىپلا ئاسمانغا چىقىپ، تۆمۈر كالتىكىنى تۇتۇپ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

— ئۆپكەڭنى بېسىۋال، بۇ يەردە ئاكاڭ بار!

ھېلىقى مەخلۇق ئۇنى كۆرۈپ دەررۇ نەيزىسىنى پىرقىراتقىلى تۇردى. سۈن ۋۇكۇڭ تۆمۈر كالتىكى بىلەن ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇۋېتىپ سورىدى:

— سەن قايسى دىيارنىڭ مەخلۇقى؟ قانداق نېمىسەن؟

ئۇ مەخلۇق جاۋاب بەرمەستىن نەيزىلىشىش بىلەنلا بولدى. سۈن ۋۇكۇڭ يەنە سورىۋىدى، يەنە زۇۋان چىقمىدى. ئۇ ئىچىدە كۈلدى ـ دە:

— ھوي گاچا، نەس گاچا! قاچما! مانا ماۋۇنى كۆر! —

دېدى .

ئۇ مەخلۇق قىلچە قورقماستىن نەيزىنى شىددەت بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى . ئۇلار ھاۋادا بىر يېقىنلاپ ، بىر ئېگىزلەپ ، بىر پەسلەپ ئۈچىنچى جىسەك ۋاقىتغىچە ئېلىشتى . ئەمما ، يېڭىش - يېڭىلىش ئايرىلمىدى . جۇ باجيې ، شاسېڭلار لى بوۋاينىڭ قۇدۇقى يېنىدا بۇنى ئېنىق كۆرۈپ تۇردى . سۈن ۋۇكۇڭنىڭ كالتىكى ھېلىقى مەخلۇقنىڭ بېشىدىن نېرى بولمىدى . جۇ باجيې كۈلۈپ :

— شاسېڭ ، سەن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرغىن ، مەنمۇ بېرىپ ھە - ھۇ دېيىشەي ، بۇ تۆھپىنى ئۆزىلا ئالمىسۇن بۇ مايمۇن ، — دېدى .

ئۇ بىر موللاق ئېتىپ ئاسمانغا چىقىپلا ھۇجۇمغا ئۆتتى . مەخلۇق بولسا يەنە بىر نەيزە ئېلىپ ، ئىككى نەيزىدە بۇ ئىككىيلەننى ئۇرۇشقا باشلىدى . ئۇ شۇنداق تېز ۋە دەل نەيزە ئۇراتتى . جۇ باجيې ئىختىيارسىز ئۇنى ماختاپ كەتتى :

— نەيزە ئېتىشقا ئەجەبمۇ ئۇستا ئىكەن بۇ مەخلۇق ! بۇ نەيزە «شەنخۇ نەيزىسى» ياكى «ماجيا نەيزىسى» [1] ئەمەس «يۇمشاق دەستىلىك نەيزە» ئوخشايدۇ !

— تولا بىلجىرلىما ھاڭۋاقتى ! «يۇمشاق دەستىلىك نەيزە» دەيدىغانمۇ گەپ بارمۇ ! — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

— قارىماسىز ، ئۇ ئىككىمىزگە ئىككى نەيزىنى تەڭ ئىشلىتىۋاتىدۇ ، ئەمما دەستىسى كۆرۈنمەيدۇ . قەيەرگە جايلىۋەتتىكىنتاڭ .

— بەلكىم «يۇمشاق دەستىلىك نەيزە» بولۇشى مۇمكىن ؛ ئەمما ئۇ گەپ قىلالمايدىكەن ، ئادەمزات ئارىسىغا تېخى ماسلىشالمايۋاتقان ئوخشايدۇ . تاڭ ئېتىشىغىلا قېچىپ كېتىشى مۇمكىن . قاچقان ھامان قوغلايلى ، ھەرگىز قاچۇرۇۋەتمەيلى ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

— شۇنداق قىلايلى ، — دېدى جۇ باجيې .

---

① شەنخۇ ، ماجيا — قەدىمكى زاماندىكى رايونلارنىڭ نامى .

ئۇلار يەنە ئۇزاق ۋاقىت ئىلىشىپ ئويۇقنىڭ ئاقارغانلىقىنىمۇ سەزمەي قېلىشتى. ئۇ مەخلۇق داۋاملىق ئىلىشىشقا كۆزى يەتمەي كەينىگە بۇرۇلۇپلا ماڭدى. سۇن ۋۇكوڭ بىلەن جۇ باجيې دەررۇ قوغلىدى. توساتتىن چىجۆشەن تېغىدىكى ئەبنۇسزارلىق كوچا تەرەپتىن ئىنتايىن بەتبۇي بىر پۇراق كەلدى.

— قانداق ئادەم ھاجەتخانىسىنى تارتىۋاتقاندۇ؟ ئەجەبمۇ سېسىپ كەتتى! — دېدى جۇ باجيې.

— چاپسان ئالۋاستىنى قوغلا! چاققان بول! — دېدى سۇن ۋۇكوڭ بۇرنىنى تۇتۇپ.

ئالۋاستى تاغدىن ئۆتۈپلا ئەسلىي قىياپىتىگە كىردى. ئۇ قىزىل قاسراقلىق يوغان بوغما يىلان بولۇپ، تۇرقى - سىياقى مۇنداق ئىدى:

*پۇرقىراپ تۇرىدۇ بۇرنىدىن تۇمان،*
*پارقىرار يۇلتۇزدەك ئوتلۇق جۈپ كۆزى.*
*چىشلىرى خەنجەردەك قاتار تىزىلغان،*
*بەھەيۋەت پۇتلىرى قارماقنىڭ ئۆزى.*
*ھېقىقتىن پۇتكەندەك مۈڭگۈزى ئۇنىڭ،*
*تېنىدە ئەگلىكتەك قىپقىزىل قاسىراق.*
*مىڭشى دەل ئوچقان قىپقىزىل بۇلۇت،*
*ئورنىدىن بىخسىيدۇ بەتبۇي بىر پۇراق.*
*چوڭ دېسە چوڭ ئەمەس، بىراق كۆرۈنمەس،*
*تۇرغۇچى كىشىلەر ئىككى يېنىدا.*
*گەر ئۇزۇن دەي دېسەڭ بېشى - ئايىغى،*
*بىر تاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا.*

— ئەجەبمۇ يوغان يىلان ئىكەنا بۇ؟ ئادەم يەيدىغان بولسا بەش يۈز ئادەم ئۇنىڭ بىر ۋاقلىق تاماقىغا دالمۇ بولالمىغۇدەك! — دېدى جۇ باجيې.

— باياتنىقى ئىككى يۇمشاق دەستىلىك نەيزە ئۇنىڭ ئىككى نەشتىرى بولۇشى مۇمكىن . ئۇ تېخى قاتمىغاندا كەينىدىن ھۇجۇم قىلايلى ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ . جۇ باجيې بىر تاقلاپلا ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىپ تىرنىسىنى ئېگىز كۆتۈردى . ئۇ ئالۋاستى غىر قىلىپ كـامـارغا كىرىۋالدى . يەتتە - سەككىز گەزچە قۇيرۇقى سىرتتا قالدى . جۇ باجيې تىرنىنى تاشلاپ ئۇنىڭ قۇيرۇقنى تۇتۇۋېلىپ :

— تۇتۇۋالدىم ! تۇتۇۋالدىم ! — دەپ ۋارقىرىغىنىچە بار كۈچى بىلەن سىرتقا تارتىپ مىدىر - سىدىر قىلدۇرمىدى .

— ھوي ھاڭۋاقتى ! ئۇنى قويۇۋەتكىن ، ئۇنى بۇنچە كۈچەپ تارتما . ئۆزۈم جۆندەيمەن ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ . جۇ باجيې قويۇۋەتتى . سۇن ۋۇكۇڭ مۇنداق دېدى :

— بۇ بىرنېمىنـــىڭ تېنى يوغان بولغان بىلەن كـامـار تـار . ئۇيان - بۇيان ئايلىنالمايدۇ ، شۇڭا ئۇدۇل چىقىپ كېتىدۇ . چوقۇم كەينى تەرەپتە چىقىدىغان يېرى بار . سەن دەرھال كەينىگە ئۆتۈپ ئۇنى توسقىن ، مەن ئالدى تەرەپتىن ھۇجۇم قىلاي .

جۇ باجيې شۇئان ئۇچقاندەك تاغدىن ئۆتۈپ قارىسا دېگەندەك بىر كامار بار ئىكەن ، ئۇ شۇ يەردە تۇرماقچى بولدى . ئۇ ئۆزىنى رۇسلاپ بولغۇچە ، سۇن ۋۇكۇڭ ئالدىراپ كېتىپ تۆمۈر كالتىكىدە كامارنى قوچىغانىدى . ئالۋاستى ئاغرىققا چىدىماي كامارنىڭ كەينى ئـاغـزىدىن چىقتى ۋە تېخى تەييار بولۇپ تۇرمىغان جۇ باجيېنى قۇيرۇقى بىلەن بىر ئۇرۇپ يىقىتىۋەتتى . جۇ باجيې ئورنىدىنغۇ تۇرالمىدى ، يەردە يېتىپمۇ ئاغرىق دەستىدىن دومىلاپ كەتتى . سۇن ۋۇكـوڭ كـامـارنـىڭ ئـىچىدىكى نەرسىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ يۈگۈرۈپ :

— بـۇ يـاقـقا كېلىپ چاپسان ئالۋاستىنى قوغلا ، — دەپ ۋارقىرىدى . جۇ باجيې ئۇنـىڭ ئـاۋازىـنـى ئـاڭـلاپ ئىزا تارتىپ كەتتى - دە ، ئاغرىق ئازابىغا چىداپ ئورنىدىن تۇرۇپ تىرنىسىنى ئـۇدۇل كـەلگەن يەرگە سانجىشقا باشلىدى . بۇنى كۆرۈپ سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ كەتتى :

— ئالۋاستى قىچقىرىپ كەتتى، سەن كىمگە ھۇجۇم قىلىۋاتىسەن؟

— مەن بۇ يەردە تۇرۇپمۇ ئۇنى قاچۇرۇپ قويدۇم، — دېدى جۇ باجيې.

— ۋاي ھاڭۋاقتى! ئۇنى تېز قوغلايلى! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

ئىككىلەن جىرادىن ئۆتۈپ قارىسا، ئالۋاستى چەمبىرەك بولۇۋېلىپ، بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئاغزىنى يوغان ئېچىپ تۇراتتى. ئۇ جۇ باجيېنى دەم تارتماقچى بولدى. جۇ باجيې ئالاقزادە بولۇپ شاققىدە ئارقىغا ئۆتۈۋالدى. ئالدىغا سۇن ۋۇكۇڭ چىقىپ قېلىپ، ئۇنىڭغا يەم بولۇپ كەتتى. جۇ باجيې يەرنى تېپىپ، مەيدىسىگە مۇشتلاپ كەتتى-دە:

— ۋاي ئاغامەي! ئەجەبمۇ يەم بولۇپ كەتتىڭ! — دېدى.

سۇن ۋۇكۇڭ ئالۋاستىنىڭ قورسىقىدا تۇرۇپ تۆمۈر كالتىكىنى تىكلىدى ۋە:

— جۇ باجيې، غەم قىلما، مەن ئۇنى كۆۋرۈك ياساتقۇزىمەن، — دېدى. ئۇ مەخلۇق بېلىنى بەئەينى ھەسەن-ھۈسەندەك ئەگدى.

— ئۇ دەرۋەقە، كۆۋرۈككە ئوخشىدى. ئەمما، ئۇنىڭدىن مېڭىشقا ھېچكىم جۈرئەت قىلالمايدۇ، — دېدى جۇ باجيې.

— ئۇنى يەنە كېمە ياساتقۇزىمەن. ئوبدان قارا، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ. ئاندىن تۆمۈر كالتىكىنى ئالۋاستىنىڭ قورسىقىغا تىرىگەندى، ئۇ قورسىقىنى يەرگە چاپلاپ بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ بەئەينى قۇتۇلدۇرۇش كېمىسىنىڭ ئۆزى بولدى.

— كېمىگە ئوخشىشى ئوخشىدى، ئەمما يەلكىنى يوق، شامال ئۆتۈشمەيدۇ، — دېدى جۇ باجيې.

— سەن يولنى بوشاتقىن. مەن ئۇنى شامال ئۆتۈشىدىغان قىلىپ ساڭا كۆرسىتىپ قوياي، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ۋە كۈچەپ تۇرۇپ تۆمۈر كالتەكنى ئۇنىڭ دۈمبىسىدىن تېشىپ ئالتە-يەتتە

تەبىل چىقىرىپ كىمە ماچتىسىغا ئوخشاتتى . ئۇ مەخلۇق جان ئاچچىقىدا ۋاش ـ ۋۇش قىلىپ شامالدىنمۇ تېز مېڭىپ كەلگەن يولى بىلەن تاغدىن چۈشتى . يىگىرمە چاقىرىمچە يۈرۈپ توپىغا ئۆزىنى تاشلىدى . مىدىرلىغۇدەك هالى قالماي سەكراتقا چۈشتى . جۇ باجىي يېتىپ كېلىپ تىرنىسى بىلەن راسا تارتقۇلاشقا باشلىدى . سۈن ۋۇكۇڭ بۇ مەخلۇقنىڭ قورسىقىدىن يوغان بىر تۆشۈك ئېچىپ لىككىدە چىقىۋالدى .

— هاڭۋاقتى ، ئۇ ئۆلۈپ قالدى ! ئۇنى تارتقۇشلاپ نېمە قىلماقچىسەن ؟ — دېدى ئۇ .

— ئاغا ، سىز بىلمەيسىز ، مەن دېگەن يىلان ئۆلتۈرۈشكە بەك ئۇستا ! — دېدى جۇ باجىي ، ئاندىن تىرنىسىنى جايىغا قويۇپ ، ئۇنى قۇيرۇقىدىن سۆرەپ ماڭدى .

ئەلقىسسە ، تولوجۇاڭ كەنتىدىكى لى بوۋاي قاتارلىقلار تاڭ سەنزاڭغا :

— كېچىمۇ ئۆتتى ، ئىككى شاگىرتىڭىز يېنىپ كەلمىدى . چوقۇم جېنىدىن جۇدا بولدى جۇمۇ ، — دېدى .

— هەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ ، چىقىپ قاراپ باقايلى ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ . شۇ ئارىلىقتا سۈن ۋۇكۇڭ بىلەن جۇ باجىي بىر بوغما يىلاننى سۆرىگىنىچە ئالىتاغىل تووۋلاپ كېلىپ قالدى . هەممەيلەن خۇشال بولۇپ كەتتى . كەنتتىكى قېرى ـ ياش ، ئەر ـ ئايال هەممەيلەن كېلىپ ئۇلارغا باش ئۇرۇپ :

— بېگىم ! بىزنى پاراكەندە قىلغان ئالۋاستى مۇشۇ ! بەختىمىزگە هەرقايسىلىرى ئاجايىپ قالتىس هۈنەرلىرى بىلەن ئالۋاستىنى يوقىتىپ ، بىزنى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ئارام تاپقۇزۇشتىلا ! — دەپ كۆپ تەشەككۇر ئېيتتى . ئۇلارنى ئۆيمۇئۆي چاقىرىپ مېهمان قىلىپ بىرەر هەپتە تۇرغۇزۇۋالدى . ئۇنى ـ بۇنى دەپ جىق ئۆزرە ئېيتقاندىن كېيىن تەسلىكتە قويۇپ بەردى . كىشىلەر ئۇلارنىڭ پۇل ـ مال ئالمايدىغانلىقىنى بىلىپ تالقان ، مېۋە ـ چېۋىلەرنى يوللۇق تۇتتى . بەش يۈز ئائىلىدىن

يەتتە ـ سەككىز يۈزدەك ئادەم ئۇلارنى ئۈزىتىپ قويدى .
سەپەر ئىنتايىن كۆڭۈللۈك بولدى . ئۈزاققا قالماي ئۇلار چىجۇ تېغىدىكى ئەبنۇسزارلىققا كەلدى .
تاڭ سەنزاڭ بۇ يەردىكى بەتبۇيچىلىق ۋە يوللارنىڭ توسۇلۇپ قالغىنىنى كۆرۈپ :
— سۇن ۋۇكۇڭ ، بۇ يەردىن قانداق ئۆتىدىغان گەپ ؟ — دېدى .
— بۇ مۇشكۇل جۇمۇ ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .
تاڭ سەنزاڭ سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئۆتۇش مۇشكۇل دېگىنىنى ئاڭلاپلا يىغلاپ كەتتى . لى بوۋاي ۋە باشقىلار ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ :
— غوجام ، بىئارام بولمىسىلا ، بىز ھەرقايسىلىرىنى مۇشۇ يەرگە ئۈزىتىپ كېلىشتە ئۆزئارا مۇنداق كېلىشىۋالغان . ھەربىرلىرى ئالۋاستىنى يوقىتىپ ، بىزنى بالايىئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇشتىلا ، بىز ساداقىتىمىزنى بىلدۇرۇش يۈزىسىدىن باشقا بىر يول ئېچىپ ھەرقايسىلىرىنى ئۆتكۈزۈپ قويىمىز ! — دېيىشتى .
— بوۋا ، سىز ئاغزىڭىزغا كەلگەننى دەۋېرىدىكەنسىز . باشتا بۇ تاغنىڭ ئۇزۇنلۇقى سەككىز يۈز چاقىرىم دېدىڭىز . سىلەر يە دايۈيىنىڭ خاسىيەتلىك لەشكەرلىرى بولمىساڭلار يولنى قانداق ئاچالايسىلەر ! ئۇستازنى ئۆتكۈزۈشنى بىزگىلا قويۇپ بېرىڭلار ، بۇ ئىش سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن كەلمەيدۇ ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ ، تاڭ سەنزاڭ ئاتتىن چۈشۈپ :
— سۇن ۋۇكۇڭ ، بىز قانداق ئۆتىمىز ؟ — دېدى .
— ئەلۋەتتە بۇرۇنقى يولدىن ئۆتىمىز ، شۇغىنىسى گېلىمىزنى باقىدىغان ئادەم چىقماي قالارمىكىن ، دەيمەن ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ .
— نەدىكى گەپنى قىلىۋاتىسىز راھىب ! تۆتىڭلار بۇ يەردە قانچە ئۇزاق تۇرساڭلارمۇ جەزمەن بېقىپ كېتىمىز . ئەجەب گېلىمىزنى باقىدىغان ئادەم چىقماسمىكىن ، دەيسىزغۇ ! — دېدى لى بوۋاي .
— ئۇنداق بولسا سىلەر ئىككى كۈرە گۈرۈچنى دۈملەپ ، يەنە

هورنان پىشۇرۇپ كېلىڭلار . بۇ ئۇزۇن تۇمشۇق شەيخىمىز ئۇنى يەپ تويۇپ يوغىنايدۇ ، ئاندىن كۆمۈلۈپ قالغان يولنى ئاچىدۇ . ئۇستاز ئاتقا مىنىدۇ ، بىز ئۇنى ئىككى تەرىپىدىن يۆلەپ ئۆتۈپ كېتىمىز ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— ئاغا ، نېمانداق ئوبدان سىلەر ، سېسىق يولنى مەنلا ئاچمەنمۇ ؟ — دېدى جۇ باجيې بۇ گەپنى ئاڭلاپ .

— جۇ باجيې ، ناۋادا ھەقىقەتەن كارامىتىڭ بار بولسا ، بۇ يولنى ئېچىپ بىزنى ئۆتكۈزسەڭ ، تۆھپە پۈتۈنلەي سېنىڭ بولىدۇ ، — دېدى تاڭ سېڭ .

— ئۇستاز ، كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا مېنى مەسخىرە قىلمىسىلا . مەن ئوتتۇز ئالتە خىل نەرسىگە ئۆزگىرەلەيمەن . يەڭگىل ، كىچىك ، چاققان ، ئۇچالايدىغان نەرسە بولۇش قولۇمدىن كەلمىگىنى بىلەن ، تاغ ، دەرەخ ، قورام تاش ، دۆڭ ، پىل ، قاۋان ، سۇ كالىسى ، تۆگىگە ئۆزگىرەلەيمەن . ئۆزۈم يوغىنىغانچە ئىچ - قارنىممۇ يوغىنايدۇ . شۇڭا ، قورسىقىم راۋۇرۇس تويسا ، ئاندىن چوڭ ئىشلارنى قىلالايمەن ، — دېدى جۇ باجيې .

— يەيدىغان نەرسە دېگەن جىق ! سىلەرنى بىز ئۆتكۈزۈپ قويىمىز ، دەپ كەلگەچكە ، تالقان ، مېۋە - چېۋىلەرنى ئېلىۋالغاندۇق ، ھەممىسىنى بېرەيلى . خالىغىنىڭىزچە يەڭ ، سىز ئۆزگىرىپ ئىشقا كىرىشىدىغان چاغدا بىرىپ تاماق پىشۇرۇپ كېلىشكە ئادەم بۇيرۇيلى ، — دېدى كۆپچىلىك .

جۇ باجيې گۈلقەقەلىرى ئېچىلغان ھالدا راھىبلىق تونىنى سالدى ، توققۇز چىشلىق تىرنىسىنى تاشلىدى - دە :

— مېنى مەسخىرە قىلماستىن ، بۇ سېسىقچىلىقنى تازىلىغىنىمنى كۆرۈڭلار ، — دېدى كۆپچىلىككە .

جۇ باجيې ئەپسۇن ئوقۇپ بىر سىلكىنىۋىدى ، دېگەندەك ئۇزۇنلۇقى يۈز گەز ، ئېگىزلىكى مىڭ گەز كېلىدىغان غايەت يوغان بىر چوشقىغا ئايلاندى . ئىنسانلار بۇنداق چوشقىنى تېخى كۆرۈپ باقمىغانىدى . سۇن ۋۇكۇڭ جۇ باجيېنىڭ بۇنداق قالتىس يوغىنىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇزاتقىلى كەلگەنلەرگە : «تالقان قاتارلىق

نەرسىلەرنى بىر يەرگە جۇغلاڭلار ، جۇ باجيې يېسۇن» دېدى . جۇ باجيې دەررۇ خام - پىششىق دېمەستىن قويماي يەپ بولۇپ ، يول ئېچىشقا كىرىشتى . سۇن ۋۇكۇڭ شاسېڭغا ئايغىنى سېلىۋېتىپ يۈك - تاقلارنى كۆتۈرۈشنى ، ئۇستازغا ئېگەردە چىڭ ئولتۇرۇشنى تاپىلىدى . ئۆزىمۇ ئايغىنى سېلىۋەتكەندىن كېيىن كۆپچىلىككە :

— دەرھال بېرىپ تاماق ئەكېلىڭلار ، ئىنىمنىڭ كۈچىگە كۈچ قوشۇلسۇن ، — دېدى . يەتتە - سەككىز يۈز ئۇزاتقۇچىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى قېچىر مىنىپ كەلگەنىدى . ئۇلار ئۇچقاندەك كەتكە چاپتى ، كەنت بىلەن تاغنىڭ ئارىلىقى ئوتتۇز چاقىرىمچە بولۇپ ، كەنتتە ھايال بولۇش ۋاقتىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا ، بېرىپ - كېلىش مۇساپىسى يۈز چاقىرىمچە كېلەتتى . ئۇستاز ، شاگىرتلار بولسا خېلىلا ئۇزاپ كەتكەنىدى . كۆپچىلىك ئاتلىرىنى تىنماي چاپتۇرۇپ ، كوچىغا كىرگەندىن كېيىنمۇ كېچىلەپ مېڭىپ ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا ئاندىن ئۇلارغا يېتىشىۋېلىپ توۋلىدى :

— شەيخلىرىم ، ئاستىراق مېڭىڭلار ! تاماق ئەكەلدۇق .

تاڭ سېڭ بۇنى ئاڭلاپ كۆپ مىننەتدار بولۇپ كەتتى ۋە :

— ئاجايىپ لەۋزىدە تۇرىدىغان كىشىلەر ئىكەن ! — دېدى . ئاندىن جۇ باجيېغا توختاپ غىزالىنىپ كۈچكە تولۇشنى ئېيتتى . جۇ باجيې ئىككى كۈن يول ئېچىپ راسا چارچىغان ۋە قورسىقى ئاچقانىدى . شۇنچە ئادەم يەتتە - سەككىز كۈرە تاماقنىلا كۆتۈرۈپ كېلىدۇ ، دەمسىز . جۇ باجيېمۇ گۈرۈچ ئاش ، ھورنان دېگەنلەرنى يەپ پاك - پاكىز قۇرۇتۇۋەتتى - دە ، يەنە يول ئېچىشقا كىرىشتى . تاڭ سەنزاڭ ، سۇن ۋۇكۇڭ ، شاسېڭلار كۆپچىلىككە جىق تەشەككۈر ئېيتىپ ، ئۇلار بىلەن خوشلاشتى . تولۇجۇاڭ كەنتتىن كەلگەن كىشىلەر ئۆيىگە قايتتى . جۇ باجيېنىڭ تاغ يولىنى ئېچىشى بىلەن ، تاڭ سەنزاڭ قاتارلىقلار بۇ يەردىن ئۆتۈپ كەتتى . شۇ مېڭىشىدا ئۇلارنىڭ قانچىلىك يول يۈرگەنلىكى ، قانداق جىن - ئالۋاستىلارغا يولۇققانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز .

## ئاتمىش سەككىزىنچى باب

### *تاڭ سەنزاڭنىڭ جۇزى بەگلىكىدە ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلىگەنلىكى سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئۈچ ھۇنىرىنى ئىشقا سالغانلىقى*

ئەلقىسسە، تاڭ سەنزاڭلار بەتبۇي تاغدىن ئۆتۈپ يەنە ئۇزاق يول يۈردى. بىلىندۈرمەستىن كۈنمۇ ئۇلتۇرۇپ كەچ كىرىشكە باشلىدى. ئۇلار ئالدىغا قاراپ تېز يۈرۈۋاتقاندا، توساتتىن بىر شەھەرگە كۆزى چۈشتى. تاڭ سەنزاڭ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ:

— شاگىرتلىرىم، قاراڭلارچۇ، ئاۋۇ قەيەردۇ؟ — دېدى.

— ئۇستاز، ئەسلىدە خەت - ساۋاتلىرى يوق ئىكەن - ھە، ھېلىمۇ ياخشى تاڭ پادىشاھىنىڭ ئەمرى بىلەن ئوردىدىن چىققانلىرى! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— كىچىكىمدىنلا راھىب بولۇپ، جىمى سۇرە - ئايەت، ئەپسۇنلارنى سۈدەك ئىچىۋالغان تۇرسام، نېمىدەپ خەت - ساۋاتلىرى يوق ئىكەن، دەيسەن؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

— ئۇنداق بولسا، شەھەر ئۇستىدىكى سېرىق ئەلەمگە يېزىلغان يوغان خەتلەرنى ئوقۇيالماي نېمىشقا بۇ قەيەر، دەپ سورايدىلا؟ — دېدى.

— ھوي ئەسكى مايمۇن، بىلجىرلىما! ئەلەم شامالدا توختىماي لەپىلدەپ تۇرسا قانداق ئوقۇغىلى بولىدۇ! — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

— نېمىشقا ئوقۇغىلى بولمايدىكەن؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— ئۇستاز، ئاغمىزنىڭ جۆيلۈشلىرىگە قۇلاق سالمىسىلا،

ئارلىق شۇنچە يىراق تۇرسا، شەھەرنىمۇ ئېنىق كۆرگىلى بولمايۋاتسا، خەتنى قانداق ئوقۇغىلى بولىدۇ؟ — دېدى جۇ باجيې بىلەن شا ۋۇجىڭ.

— «جۇزى بەگلىكى» دېگەن خەت ئوچۇق كۆرۈنۈۋاتىدۇغۇ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— جۇزى بەگلىكى چوقۇم غەربتىكى خانلىقلاردىن بىرى. بېرىپ يولخېتىنى ئالماشتۇرۇۋالمىساق بولمايدۇ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

— ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىمىز، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

ئۇلار ھايال ئۆتمەي شەھەر قوۋۇقىغا بېرىپ ئاتتىن چۈشتى. كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ ئۈچ قەۋەت دەرۋازىدىن كىردى. شەھەرنىڭ چوڭ كوچىلىرىدا كېتىۋېتىپ قارىسا، ئادەملەر ئالىپتە كىيىنىۋالغان، سالاپەتلىك، رەتلىك، گەپ - سۆزلىرى جايىدا بولۇپ، ئۇلۇغ تاڭ دۆلىتىدىكىلەردىن پەقەت قېلىشمايتتى. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا سودا - سېتىق قىلىۋاتقانلار جۇ باجيېنىڭ سەت بەشىرىسىنى، شا خېشاڭنىڭ قاپقارا يۈزى، غايەت يوغان بوي - بەستىنى، سۇن ۋۇكۇڭنىڭ يۇڭلۇق يۈز - كۆزىنى كۆرۈپ سودىسىنى تاشلاپ ئولىشىپ كەلدى - دە، بەس - بەستە ئۇلارنى قىزىقىپ كۆرۈشكە باشلىدى. ئىشى بارلار كۆرۈپ بولۇپلا كەتتى. ئىشى يوق بىكارچىلار، ئۇششاق باللار مازاق قىلىپ كۈلۈشتى. چالما، خىش پارچىلىرىنى ئېتىپ جۇ باجيېنىڭ چىشىغا تەگدى. تاڭ سەنزاڭنىڭ جان - پېنى چىقىپلا كەتتى.

— ئىش تېرىغۇچى بولما! — دەپ تاپىلىدى ئۇنىڭغا. جۇ باجيې بېشىنى كۆتۈرۈشكىمۇ پېتىنالمىدى.

ئۇلار ئانچە ئۇزاق ماڭمايلا بىر دوقمۇشتىن ئۆتتى ۋە بىر دەرۋازا ئۈستىگە يېزىلغان «بىرلەشمە ئەلچىخانا» دېگەن خەتنى كۆردى.

— شاگىرتلىرىم، مۇشۇ يەرگە كىرىمىز، — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

— نېمىشقا ئەمدى؟ — دېدى سوڭ ۋۇكوڭ.
— جاھاندىكى بىرلەشمە ئەلچىخانىلارنىڭ ھەممىسى يولخېتى ئالماشتۇرىدىغان ئورۇن. بىزمۇ كىرىپ ئۇلارنى ئاز - تولا ئاۋارە قىلايلى. ئاۋۋال سەل ھاردۇق ئالايلى. ئاندىن مەن بەگ بىلەن كۆرۈشۈپ يولخېتىنى ئالماشتۇراي. شۇنىڭدىن كېيىن شەھەردىن چىقىپ يولىمىزغا ماڭايلى، — دېدى تاڭ سەنزاڭ.
جۇ باجيې بۇنى ئاڭلاپلا كەينىگە قارىدى ۋە تۇمشۇقىنى سوزۇپ ئارقىسىغا كىرىۋالغانلارنىڭ بىرقانچىسىنى قورقۇتۇپ ئوڭدا چۈشۈرۈۋەتتى - دە، ئالدىغا ئۆتۈپ:
— ئۇستاز توغرا ئېيتىدۇ. بىز بۇ يەرگە مۆكۈنۈۋالساق ماۋۇ خەقلەردىنمۇ قۇتۇلىمىز، — دېدى. ئۇلار سارايغا كىرىپ كېتىۋىدى، كىشىلەرمۇ ئاستا - ئاستا تارقاشتى.

ئەلقىسسە، ئەلچىخانىدا باش ئەلچى بىلەن مۇئاۋىن ئەلچى ئادەملەرنىڭ سانىنى ئېلىۋاتاتتى. بىردىنلا تاڭ سەنزاڭلارنى كۆرۈپ قورققىنىدىن يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلدى. ھەممىسى تەڭلا:
— كىم ئادەمسىلەر؟ قەيەرگە بارىسىلەر؟ — دېدى.
— كەمىنىڭىز شەرقىي دىياردىكى ئۇلۇغ تاڭ پادىشاھىنىڭ ئادىمى، غەربكە بۇددا نومىنى ئالغىلى كېتىۋاتىمەن. بۈگۈن مۇبارەك جايىڭىزلارغا كېلىپ قالدۇق. شۇنداقلا ئۆتۈپ كېتىشكە ھەددىمىز بولمىغاچقا، يولخېتىمىزنى ئالماشتۇرغاچ ئارام ئېلىۋېلىش مەقسىتىدە كىرىۋىدۇق، — دېدى تاڭ سەنزاڭ ئالىقىنىنى جۈپلەپ.
ئەلچىلەر بۇنى ئاڭلاپ دەرھال ئۆيلەرنى سىيرىپ - سۈپۈرۈپ مېھمانلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە لازىمەتلىك نەرسىلەرنى ئەكېلىپ بېرىش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈردى. تاڭ سەنزاڭ مىننەتدارلىق بىلدۈردى. ئەلچىلەر ئادەملىرىنى ئېلىپ زالدىن چىقىپ كەتتى.
بىرپەستىن كېيىن غوجىدار بىر پەتنۇستا گۈرۈچ، بىر پەتنۇستا ئاق ئۇن، ئىككى باغلام كەرەپشە، تۆت پارچە پۇرچاق ئۇيۇتمىسى، ئىككى خېمىر تېلىپى، بىر پەتنۇس بامبۇك نوتىسى،

بىر پەتنۇستا مۇئبىر ئەكېلىپ بەردى . تاڭ سەنزاڭ شاگىرتلىرىغا بۇلارنى ئېلىشنى بۇيرۇپ غوجىدارغا رەھمەت ئېيتتى . ئاندىن سورىدى :

— پادشاھ ئوردىدا بارمىدۇ ؟

— پادشاھئالەم دىۋانخانىغا چىقمىغىلى ئۇزاق بولغانىدى . بۈگۈن قۇتلۇق كۈن بولغانلىقى ئۈچۈن ، شۇ تاپتا نۇرغۇن ئەلەمدار - قەلەمدار بەگ - سىپاھلار بىلەن سۆھبەت قۇرۇپ ئولتۇرىدۇ . يولخېتىنى ئالماشتۇرىدىغان بولسىڭىز ، ھازىرلا بارسىڭىز بولىدۇ . ئەتىگە قالسىڭىز ئىشىڭىز چاتاق . چۈنكى ، شاھنىڭ يەنە قاچانلاردا ئىش بېجىرىدىغانلىقى مەلۇم ئەمەس ، — دەپ جاۋاب بەردى غوجىدار .

— سۈن ۋۇكۇڭ ، سىلەر تاماق قىلىپ تۇرۇڭلار ، مەن بېرىپ يولخېتىنى ئالماشتۇرۇپ كېلەي . غىزانى يەپلا يولغا چىقايلى ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

جۇ باجيې دەرھال كاسايا بىلەن يولخېتىنى ئېلىپ بەردى . تاڭ سەنزاڭ كېيىنكەندىن كېيىن شاگىرتلىرىغا سىرتقا چىقىپ چاتاق تېرىماسلىقنى تاپىلاپ دىۋانخانىغا ماڭدى .

ئۇ ئانچە ئۇزاققا ماڭمايلا ھەشەمەتلىك ئىمارەت ئالدىغا كەلدى . ئاجايىپ كاتتا ، ھەشەمەتلىك ئىمارەت كۆزنى چاقنىتاتتى . پېشايۋىنى بەكمۇ چىرايلىق ئىدى . تاڭ سەنزاڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ ئىشىك ئاغىسىغا مالال كۆرمەي ئوردىغا ئۆزىنىڭ يولخېتى ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلدى . ئىشىك ئاغىسى مەرمەر پەلەمپەي ئالدىغا كېلىپ :

— ئوردا ئىشىكىدە بىر راھىب شەرقىي دىياردىكى ئۇلۇغ تاڭ پادىشاھلىقىنىڭ ئەمرى بىلەن غەربىي دىياردىكى گۆھەرنىشىن ئىبادەتخانىسىغا بېرىپ بۇددانى تاۋاپ قىلغاچ بۇددا نومىنى ئەكەلگىلى كېتىۋاتاتتىم . يولخېتىمىزنى ئالماشتۇرۇپ بەرسە ، دەپ ئەمرلىرىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ ، — دەپ خەۋەر قىلدى .

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان پادىشاھ خۇش بولۇپ :

— ئۇزاقتىن بۇيان بىتاب بولۇپ قىلىپ تەختكە

چىقمىغانىدىم. بۈگۈن ھەكىم چاقىرتىش مەقسىتىدە ئوردىغا كېلىشىمگە، بەگلىكىمىزگە كاتتا راھىب قەدەم تەشرىپ قىپتۇ، — دېدى ۋە دەرھال چاقىرىشقا ئەمر قىلدى.

تاڭ سەنزاڭ كېلىپ چوڭقۇر تەزىم قىلدى. پادىشاھ ئۇنى ئالتۇن تەختكە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى ۋە دەرھال پەرھىز تائام ھازىرلاشنى بۇيرۇدى. تاڭ سەنزاڭ ئۇنىڭ شەپقىتىگە تەشەككۈر ئېيتىپ يولخېتىنى ئۇزاتتى.

پادىشاھ بۇنى كۆرۈپ بولۇپ ئىنتايىن خۇشال بولغان ھالدا شۇنداق دېدى:

— تەقسىر، ئۇلۇغ تاڭ دۆلىتى قانچە خانلىقنى ئىلكىدە تۇتىدۇ؟ نەچچە ئەۋلاد دەۋر سۈردى؟ تاڭ پادىشاھى نېمە ۋەجدىن سىزنى شۇنچە يىراق يوللارنى بېسىپ نوم ئەكېلىشكە بۇيرۇدى؟

تاڭ سەنزاڭ ئورنىدىن تۇرۇپ ئېگىلگەن، ئالقىنىنى جۈپلىگەن ھالدا شۇنداق دېدى:

— پېقىر راھىبنىڭ يۇرتىدا ئۈچ پادىشاھلىق دەۋر سۈرگەن، كېيىن بەش پادىشاھلىققا بۆلۈنگەن، ياۋ، شۈنلەر[1] خانلىق تەختىدە ئولتۇرغاندا پۇقرالار ئەمىنلىكتە ياشىغانىدى. جۇ پادىشاھلىقى قۇرۇلغاندا، ھەركىم ئۆزى بەگ - ئۆزى خان بولۇۋالدى. كۈچلۈكلەرگە يۆلىنىپ ئاجىزلارنى بوزەك قىلدى، دۆلەتنى بۆلۈشۈۋېلىپ ئۆز ئالدىغا خانلىق قۇردى. قوشنا بەگلىكلەردىن ئون سەككىزى دالا ۋە چېگرىلارنى ئايرىۋالدى. كېيىن ئون ئىككى بەگلىك قۇرۇلۇپ، ئالەم تىنچىدى. بايلىق تالىشىپ يەنە ئۆزئارا بىر - بىرىنى يۇتۇپ كەتتى. يەتتە پالۋان تالىشىپ، ئاخىر ئالتە بەگلىك چىن دۆلىتىگە قارام بولدى. ئەسلىدىن چىقىشالمىغاچقا، بەگلىكلەر ئارا مېھىر - شەپقەت بولمىدى. جاھان پۈتۈنلەي خەن پادىشاھلىقىغا تەۋە بولغاندا، قانۇن - ئىنتىزام تولۇق ئىجرا بولدى. خەن پادىشاھلىقى شاھ سىمانىڭ قولىغا ئۆتكەندە يەنە جېدەل - ماجىرا تۇغۇلدى. بەگلىك جەنۇبتىن شىمالغا سۇڭ، چى، لياڭ، چىن قاتارلىق ئون ئىككى بەگلىككە ئايرىلدى. ئۇلار ئەۋلادتىن

---

① ياۋ، شۈن — رىۋايەتلەردە ئېيتىلىدىغان ئادىل، دانىشمەن پادىشاھلار.

ئەۋلاد بەگلىك سورىدى، يولسىزلىق قىلدى، ئۆزلىرى راھەت ـ پاراغەتتە ياشاپ، پۇقرالارنى ئازاب ـ ئوقۇبەتكە دۇچار قىلدى. شاھىمىزنىڭ فامىلىسى لى، دۆلىتىمىزنىڭ نامى تاڭ. شاھىمىز ئىپسىل نەسەبتىن، يۇرتنى ئادىللىق بىلەن سوراۋاتىدۇ. ئەلنى گۈللەندۈرۈپ، ئالىي پەزىلىتى بىلەن پۇقرالارغا شەپقەت ياغدۇرۇۋاتىدۇ. پايتەخت چاڭئەن شەھىرىنىڭ شىمالىدا غەلىتە بىر سۇ ئىلاھى بار ئىدى. ھۆل ـ يېغىن ئاز بولۇپ، ئۇ ئۆلۈم خەۋپىگە دۇچ كەلدى. بىر كېچىسى ئۇ شاھىمىزنىڭ چۈشىگە كىرىپ، ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇپ قويۇشنى ئىلتىجا قىپتۇ. شاھىمىز ماقۇل بوپتۇ، شاھىمىز ئەتىسى ئەتىگەندىلا ساداقەتمەن ۋەزىرىنى چاقىرىپ، ئوردىدا راسا ئوبدان مېھمان قىلغاندىن كېيىن، چۈشىدىكى ئىشلارنى بايان قىلىپ تەبىر سوراپتۇ. شۇ كۈنى چۈشتە ۋەزىر سۇ ئىلاھىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ چۈش كۆرۈپتۇ.

پادىشاھ بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىردىنلا ئىڭراپ كەتتى، ئاندىن سورىدى:

— تەقسىر، بۇ ۋاپادار ۋەزىر قايسى ئەلدىن كەلگەن؟

— ئۇ پادىشاھىمىزنىڭ سابىق باش ۋەزىرى بولۇپ، فامىلىسى ۋېي، ئىسمى جېڭ ئىدى. ئاسترونومىيە، جۇغراپىيىدىن خەۋىرى بار بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن زور خىزمەتلەرنى قىلغانىدى. ئۇ سۇ ئىلاھىنى چۈشىدە ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولغاچقا، سۇ ئىلاھى ئۇ دۇنياغا بېرىپلا پادىشاھىمىز ئۈستىدىن ئەرز قىلىپ، «مېنى قۇتۇلدۇرۇشقا ماقۇل بولغان تۇرۇقلۇق، كەينىدىن ئۆلتۈرگۈزۈۋەتتى» دەپ ئەرز قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھىمىز بىتاب بولۇپ قېلىپ بارا ـ بارا ئاجىزلاپ كەتتى. ۋېي جېڭ بىر پارچە خەت يېزىپ پادىشاھىمىز بىلەن بىللە جەھەننەمگە بېرىپ فېڭدۇ[1] شەھىرىدىكى سوتچى يەن جۈگە سۇنۇپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي پادىشاھ ئۆلۈپتۇ ۋە ئۈچ كۈندىن كېيىن تىرىلىپتۇ. بەختكە يارىشا، ۋېي جېڭ يېزىپ بەرگەن خەتنى سوتچى ئۆزگەرتىپ، پادىشاھنىڭ ئۆمرىنى يەنە يىگىرمە يىل ئۇزارتىپ بېرىپتۇ. شۇ سەۋەبتىن سۇ

---

① قەدىمكى زاماندىكى بىر ناھىيىنىڭ ئىسمى.

ۋە قۇرۇقلۇقتا چوڭ كېڭەش ئۆتكۈزۈپ ، پېقىرنى مۇشەققەتلىك يوللارنى بېسىپ يىراققا سەپەر قىلىپ ، ھەرقايسى بەگلىكلەرنىڭ ھەمدەم - ياردەمدە بولۇشى بىلەن بۇددانى تاۋاپ قىلىپ مۇقەددەس كىتاب (بۇددا نومى )نى ئەكېلىپ ، جىمى گۇناھكارلارنى گۇناھدىن خالاس قىلىپ ئەرشكە چىقىرىش كېرەك ، دېگەن يەرگە كېلىشتى .

— ئۇلۇغ دۆلىتىڭىزلاردا ئەقىللىق ، دانىشمەن ۋەزىرلەر بار ئىكەن ! كەمىنە بىتابلىق دەردىنى تارتىۋاتقىلى خېلى ۋاقىت بولدى ، ئەپسۇسكى دەردىمگە دەرمان بولىدىغان ئادەم چىقمىدى ، — دەپ ھەسرەتلەندى پادىشاھ .

تاڭ سەنزاڭ بۇنى ئاڭلاپ يەر تېگىدىن ئۇنىڭ چىرايىغا سەپسالدى . پادىشاھنىڭ چىرايى ساماندەك سارغايغان ، تېنى ئاجىزلاپ قورايدەك بولۇپ قالغان ، كەيپى ناھايىتى چۈشكۈن ئىدى . بۇنىڭ سەۋەبىنى سوراشقا تەمشىلىپ تۇرغاندا داستىخانچى بەگ كىرىپ ، ئۇنى پەرھىز تائامغا تەكلىپ قىلىپ قالدى .

— خۇشبۇي قەسىردە ماڭىمۇ غىزا راسلاڭلار . بۇ تەقسىر بىلەن ھەمداستىخان بولاي ، — دەپ ئەمر قىلدى پادىشاھ . تاڭ سەنزاڭ ئۇنىڭ ھىممىتىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرگەندىن كېيىن ، پادىشاھ بىلەن بىرلىكتە غىزاغا ئولتۇردى . بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن .

ئەلقىسسە ، سۇن ۋۇكۇڭ بىرلەشمە ئەلچىخانىدا شاسېڭنى چاي قاينىتىپ تاماق راسلاشقا ، گۆشسىز قورۇمىلارنى قىلىشقا بۇيرۇدى .

— چاي بىلەن تاماقنىڭ ئىشى ئاسان . قورۇما تەييارلىماق تەسرەك تۇرىدۇ؟ — دېدى شاسېڭ .

— نېمىشقا؟ — دەپ سورىدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— ماي ، تۇز ، جياڭيۇ ، ئاچچىقسۇنىڭ ھېچقايسىسى يوق ، — دېدى شاسېڭ .

— مەندە ئازراق پۇل بار ، جۇ باجىي بازارغا چىقىپ بۇ نەرسىلەرنى ئەكەلسۇن ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— مەن بارمايمەن ، چىرايىمنىڭ سەتلىكىدىن بىرەر ئىش توغۇلۇپ قالسا ، ئۇستاز ماڭا كايىدۇ ، — دېدى جۇ باجيې بېرىشقا ھۇرۇنلۇق قىلىپ .

— كىشىلەرنى ئالدىماي ، بۇلىماي ، ئادىل سودا قىلسا ، نېمە ئىش بولغۇدەك ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— بايا كۆرمىدىڭىزمۇ ؟ ئىشىك ئالدىدا تۇمشۇقۇمنى مۇنداقلا سوزۇپ قويغىنىمغا ئۇندەك ئادەم ئوڭدا چۈشتى . ئەگەر قايناق بازارغا بارسام قانچىلىك ئادەمنى قورقۇتۇۋېتەرمەن ؟ — دېدى جۇ باجيې .

— سەن قايناق بازارنىلا بىلىدىكەنسەن ، ئەمما ئۇ يەردە نېمىلەر سېتىلىۋاتقانلىقىنى بىلەمسەن ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— ئۇستاز ماڭا يەرگە قاراپ ماڭ ، ئىش تېرىما ، دېگەچكە ، ھېچ نەرسىگە قارىمىدىم .

— مەيخانا ، گۆرۈچخانا ، ئۇنخانا شۇنىڭدەك نۇرغۇن مىلچمال دۇكانلىرىنىڭ گېپىنى قىلماي قوياي ، ئېسىل چايخانا ، ناۋايخانىلاردا ھەر قاتلىما ، ئوخشىغان ھورنانلار ، ئاشپۇزۇللاردا مەززىلىك سۇيۇقئاش ، ئېسىل دورا - دەرمانلار بىلەن قورۇلغان ھەر تۈرلۈك قورۇمىلار ، ئاجايىپ نەرسىلەردە قىلىنغان تورت ، پىشلاق ، پىرەنىك ، تولغىمانان ، مايلىق ۋە تاتلىق يېمەكلىكلەر سېتىلىدۇ … ئۇبدان نەرسىلەر بەكمۇ تولا ، ساڭا شۇلاردىن ئازراق ئېلىپ بېرەي ، قانداق ؟

بۇنى ئاڭلاپ جۇ باجيېنىڭ ئاغزىدىن شۆلگەيلەر ئاقتى . ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ :

— ئاغا ، بۇ قېتىم سىزنى مالال قىلماي ، كېيىن پۇل تاپسام مەنمۇ سىزنى ئۇبدان مېھمان قىلىمەن ! — دېدى .

سۇن ۋۇكۇڭ ئىچىدە كۈلۈپ قويۇپ :

— شاسېڭ ، سەن تاماق ئېتىپ تۇر ، بىز بېرىپ لازىمەتلىكلەرنى ئەكېلەيلى ، — دېدى . شاسېڭ ئۇنىڭ جۇ باجيېنى كولدۇرلىتىۋاتقانلىقىنى بىلدى ، ئەمما چاندۇرماستىن ئۇنىڭغا

بولۇشۇپ :
— بىرىڭلار ، ياخشى نەرسىلەرنى جىقراق ئېلىپ تويغۇدەك يەپ كېلىڭلار ، — دېدى . جۇ باجيې قاچا ـ شېشىلەرنى ئېلىپ سۈن ۋۇكۇڭ بىلەن بازارغا ماڭدى .
ئىككىيلەن قولتۇقلىشىپ كوچىنىڭ غەربىگە قاراپ ماڭدى . سـۈن ۋۇكۇڭ بىرقانچە چايخانا ، ئاشپۇزۇللاردىن ئۆتتى ، ئەمما لازىمەتلىكلەرنىمۇ ، يەيدىغان ـ ئىچىدىغاننىمۇ ئالمىدى ، جۇ باجيې :
— ئاغا ، بۇ يەردىن ئالىدىغىنىمىزنى ئالمايلىمۇ ؟ — دېدى .
سـۈن ۋۇكـۇڭ ئـۇنـى كولدۇرلىتىۋاتقان تۇرسا ، قانداقمۇ ئۇنىسۇن . ئۇ پەقەت :
— ئوبدان ئىنىم ، ئەجەبمۇ ئالدىراپ كەتتىڭ ! مېڭىپ بېقىپ ئوبدانراقىنى ئېلىپ يەيلى ، — دېدى .
ئىككىيلەن گەپ ـ سۆز بىلەن كەينىگە بىرمۇنچە تاماشىچىلارنى سىلىپ ماڭدى . ئۇلار ئانچە ئۇزاق ماڭمايلا بىر راۋاقنىڭ يېنىغا كەلدى . راۋاق تۇۋىدە ۋاڭ ـ چۇڭ ، قىستا ـ قىستاڭچىلىق ئەۋجىگە چىقىپ ، يول ئېتىلىپلا قالغانىدى . جۇ باجيې :
— ئاغا ، مەن بارماي ، ئادەملەر ھە دەپ چۇقان سېلىۋاتىدۇ ، ئۇلار شەيخلەرنى تۇتۇۋاتقان بولمىسۇن يەنە . تۇتۇلۇپ قالساق قانداق قىلىمىز ! — دېدى .
— يـوق گەپنى قىلما ! شەيخلەر قانۇنغا خىلاپلىق قىلمىسا نېمدەپ تۇتقۇدەك ؟ بىز بۇ يەردىن ئۆتۈپ لازىمەتلىكلەرنى ئالايلى .
— ياق ! ياق ! ئىش تېرىمايراق تۇراي ! شۇ تاپتا مۇشۇ ئادەملەر ئارىسىدىن قىستىلىپ ئۆتسەم چوقۇم ئۇلارنى قورقۇتۇپ ، نـەچچە ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولىمەن . ئۇ چاغدا مەن ئامان قالىمەنمۇ ! — دېدى جۇ باجيې .
— ئـۇنـداق بـولـسا سەن مۇشۇ يەردە مىدىرلىماي تۇرۇپ تـۇرغىن ، بىرىپ لازىمەتلىكلەرنى ئالغاچ ساڭا گۆشسىز قاتلىما ئەكېلەي ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ . جۇ باجيې قاچا ، شېشىلەرنى سۈن ۋۇكۇڭغا بېرىپ ، تۇمشۇقىنى تامغا تىرەپ ، يولغا ئارقىسىنى

قىلىپ مىدىر ـ سىدىر قىلماي تۇردى .

سۇن ۋۇكۇڭ راۋاق يېنىغا بېرىپ ، توپ ئىچىگە قىستىلىپ كىرىپ قارىسا ، راۋاقتا خاننىڭ يارلىقى ئېسىلغان ، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى بەس ـ بەستە كۆرۈۋاتقانىكەن . سۇن ۋۇكۇڭ يەنىمۇ يېقىن كېلىپ قارىسا ، پادىشاھنىڭ يارلىقى تۆۋەندىكى مەزمۇندا ئىكەن :

*مەنكى شىنىيۇخې ئايمىقىدىكى جۇزى بەگلىكىنىڭ شاھىدۇرمەن . مەن بەگلىككە ئىگە بولغاندىن بۇيان ئەتراپنى تىنچىتىپ ، پۇقرالارنىڭ كۆڭلىنى ئەمىن تاپتۇردۇم . يېقىندىن بۇيان دۆلەتنىڭ ئىشلىرى كۆڭۈلدىكىدەك بولماي قالدى . سەۋەبى ، مەن بىتاب بولۇپ ، ئۇزاق يېتىپ قالدىم . دۆلىتىمىزدىكى ئېسىل ھەكىملەر ئەڭ ياخشى داۋالاش چارىلىرىنى ئىشلەتكەن بولسىمۇ ، كېسىلىمگە شىپالىق تاپالمىدىم . شۇ ئۇچۇردىن ئۇشبۇ يارلىقنى چۈشۈردۈم ، پۈتۈن جاھاندىكى ئەڭ ئېسىل زاتلار ، مەيلى ئۇ شىمالدىن ياكى شەرقتىن بولسۇن ، جۇڭخۇا ئېلىدىن ئۆزگە ئەل كىشىلىرى بولسۇن ، قانداق ئۇستا ھەكىم ، شىپالىق دورىلار بولسا ھۇزۇرىمىزغا كېلىپ ، مېنى داۋالاپ كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن . كېسىلىم سەللا شىپا تاپسا ، دۆلىتىمنىڭ تەڭ يېرىمىنى ئىنئام قىلىمەن . ھەرگىز گېپىمدىن يېنىۋالمايمەن . بۇنىڭ ئۈچۈن ئالاھىدە مۇشۇ يارلىق چىقىرىلدى .*

سۇن ۋۇكۇڭ يارلىقنى ئوقۇپ ، خۇشاللىقىدىن ئۆز ـ ئۆزىگە : «بۇددا نومىنى ئالغىلى بارىدىغان ئىش بىرەر كۈن تۇرۇپ تۇرسۇن . مەن تېۋىپ بولۇپ ، ئۇلارنى بىر كولدۇرلىتاي» دېدى . ئاندىن قاچا ، بوتۇلكىلارنى تاشلاپ ، يەردىن بىر چىمدىم توپا ئېلىپ ، ئەپسۇن ئوقۇدى ـ دە ، كۆزگە كۆرۈنمەس بولۇپ ئاستا مېڭىپ ،

يــارلىقنى سويۇۋالدى . ئاندىن بىر پۈۋلىگەندى ، شۇئان قويۇن چىقىپ ، كىشىلەر تارقىلىپ كەتتى . ئۇ دەررۇ كەينىگە يېنىپ ، جۇ باجىيې تۇرغان يەرگە كېلىپ قارىسا ، ئۇ تۇمشۇقىنى تامنىڭ تـۈۋـگـە تىرىگىنىچە ئۇخلىغاندەك تۇراتتى . سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنى چۇچۇتۇپ قويماي دەپ ، يارلىقنى قاتلاپ ئاستا جۇ باجىيېنىڭ قوينىغا سېلىپ قويدى ـ دە ، بۇرۇلۇپلا بىرلەشمە ئەلچىخانىغا كەتتى . بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن .

ئەمدى گەپنى بۇ ياقتىن ئاڭلاڭ : راۋاق تۈۋىدىكى كىشىلەر قـويـۇن كـۆتۈرۈلگەندە باش ـ كۆزىنى پۈركۈۋالغانىدى . قويۇن كـەتـكـەنـدىـن كـېـيىـن شاھنىڭ يارلىقى يوقالغانلىقىنى كۆرۈپ ھـەممەيلەننى قورقۇنچ باستى . ئەتىگەن بۇ يارلىقنى ئون ئىككى ھەرەمئاغىسى ، ئون ئىككى چېرىك چىقىپ چاپلىغانىدى ، ئارىدىن ئـۈچ سائەت ئۆتە ـ ئۆتمەي ، ئۇنى شامال ئۇچۇرۇپ كەتكىنىنى ئۇقۇپ ، ساراسىمە ئىچىدە ، ئەتراپنى ئىزدەشكە باشلىدى . توساتتىن جۇ باجىيېنىڭ قوينىدىن چىقىپ تۇرغان قەغەزنى كۆرگەن جامائەت يېقىن كېلىپ سورىدى :

— يارلىقنى سەن سويۇۋالدىڭمۇ ؟

جۇ باجىيې ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ تۇمشۇقىنى سوزۇۋىدى ، قورقۇپ كەتكەن چېرىك سەنتۈرۈلۈپ بىرىپ يىقىلدى . جۇ باجىيې بـۇرۇلۇپلا تىكىۋەتمەكچى بولۇۋىدى ، يۈرەكلىكرەك بىرنەچچىسى ئۇنى توسۇۋالدى :

— سـەن شـاھـىـمـىـزنـىـڭ ھـەكـىم چاقىرىش يارلىقىنى سويۇۋالغاندىن كېيىن ئوردىغا كىرىپ ، پادىشاھئالەمنى داۋالىماي قەيەرگە قاچىسەن ؟

— پـادىـشاھنىڭ يارلىقىنى ئوغلۇڭ سويۇۋالدىمۇ ، نەۋرەڭ سويۇۋالدىمۇ نەدىن بىلەي ! شۇلار بىرىپ داۋالىسۇن ، — دېدى جۇ باجىيې ئالاقزادە بولۇپ .

— قوينۇڭدىكى نېمە ئەمىسە ؟

جۇ باجيې ئېڭشىپ قارىسا، ھەقىقەتەن بىر قەغەز تۇراتتى. ئۇنى ئېچىپ كۆرۈپلا چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ تىللاپ كەتتى:

— پەسەندە مايمۇن مېنى ئۆلتۈرەي دەپتۇ ـ دە!

ئاندىن ئاچچىقىدا ئۇنى يىرتىۋەتمەكچى بولغانىدى، كۆپچىلىك دەررۇ ئۇنى توسۇۋالدى:

— ئۆلگۈڭ كەلدىمۇ! پادىشاھىمىز چىقارغان يارلىقنى يىرتىشقا قولۇڭ قانداق بارىدۇ؟ سەن ئۇنى سويۇۋېلىپ قوينۇڭغا سېلىۋالغاندىكىن، چوقۇم شاھىمىزنى داۋالايسەن!

— مەنمۇ ئۇقمايمەن، ئىشقىلىپ بۇنى مەن ئالمىدىم. بۇنى ئاغام سۇن ۋۇكۇڭ ئېلىپ، تۇيدۇرماستىن قوينۇمغا سېلىپ قويۇپ، مېنى تاشلاپ كەتكەن ئوخشايدۇ. ئەگەر بۇ ئىشنى ئېنىقلايمىز دېسەڭلار، سىلەرنى ئۇنىڭ قېشىغا باشلاپ ئاپىراي، — دېدى جۇ باجيې گۇركىرەپ.

— نېمىدەپ بىلجىرلاۋاتىسەن؟ بىزنى «تەييارنى تاشلاپ، يوقىغا يۈگۈرت» مەكچىمۇسەن؟ يارلىق قولۇڭدا تۇرسا، بىزگە يەنە كىمنى ئىزدەتمەكچىدىڭ! ماڭ، ئىشىڭنى قىل! بىز بىلەن بېرىپ پادىشاھ بىلەن كۆرۈش! — دېدى كىشىلەر ۋە ئاق ـ قارىنى سۈرۈشتۈرمەيلا جۇ باجيېنى تارتقۇشلاشقا باشلىدى. جۇ باجيې مەزمۇت دەسسەپ، يەردە يىلتىز تارتقاندەك تۇرۇۋالغانىدى، ئوندەك ئادەم ئۇنى مىدىرلىتالمىدى. جۇ باجيې:

— ھاي ئۆزىنى بىلمەيدىغانلار! مېنى يەنە تارتىدىغان بولساڭ، سارائىلىقىم تۇتىدۇ، مەندىن ئاغرىنىشما! — دېدى.

ھەش ـ پەش دېگۈچە پۈتۈن بازار قوزغىلىپ كەتتى. ھەممە ئۇنى ئورىۋالدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن قېرىراق ئىككى ھەرەمئاغىسى:

— سەن قەيەردىن كەلگەن؟ نېمانچە كۈچلۈك سەن؟ — دېدى.

— بىز شەرقىي دىياردىن غەربكە بۇددا نومىنى ئالغىلى كېتىۋاتقانلارمىز. ئۇستازىم تاڭ پادىشاھىنىڭ ئىنىسى بولىدۇ. ئۇ تەقسىر بايا يولخېتى ئالماشتۇرغىلى ئوردىغا كەتتى. مەن ئاغام

بىلەن لازىمەتلىكلەرنى ئالغىلى چىققان . مەن راۋاقنىڭ تۈۋىدە نۇرغۇن ئادەم ئولىشىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ بارمىدىم . ئاغام مېنى مۇشۇ يەردە تۇرغۇزۇپ قويۇپ يارلىقنى كۆرگەن . ئۇ قويۇنغا ئايلىنىپ يارلىقنى يىرتىۋېلىپ ، ئاندىن تۇيدۇرماستىن قوينۇمغا سېلىپ قويۇپ كېتىپ قالغان ئوخشايدۇ ، — دېدى جۇ باجيې .

— بايا مەن ئاپئاق ، سېمىزغىنە بىر شەيخىنىڭ ئوردىغا كىرىپ كەتكىنىنى كۆرگەن ، شۇ سىزنىڭ ئۇستازىڭىز ئوخشىمامدۇ ؟ — دېدى هەرەمئاغىسى .

— دەل شۇ ! شۇنىڭ ئۆزى ! — دېدى جۇ باجيې .

— ئاغىڭىز قەيەرگە كەتتى ؟

— ئاغام ماڭا چاچاق قىپتۇ . ئەلچىخانىغا كەتكەن بولۇشى مۇمكىن ، — دېدى جۇ باجيې .

— چېرىكچى ، ئۇنى سۆرىمەڭلار . مەن ئۇنىڭ بىلەن ئەلچىخانىغا بېرىپ كېلەي ، — دېدى هەرەمئاغىسى .

كوچىدا ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىشۋاتقان نەچچە يۈز ئادەم گۇرۇردە ئۇلار بىلەن بىللە ئەلچىخانىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا باردى . جۇ باجيې مۇنداق دېدى :

— مۇشۇ يەردە توختاڭلار . ئاغام ماڭا ئوخشاش نىمە دېسە هە دەيدىغانلاردىن ئەمەس . ئۇ ناهايىتى كەسكىن ، سۇرلۇك زات . ئۇنى كۆرگەندە سىلەر قاتتىق ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ : «سۇن غوجام» دېسەڭلار ئۇ چىرايلىقچە كۆرۈشىدۇ . بولمىسا ئىش چاتاق بولىدۇ .

— ئەگەر پادىشاھىمىزنى داۋالاپ ساقايتىش ئۇنىڭ قولىدىن كەلسە ، ئۇمۇ زېمىنىنىڭ يېرىمىغا ئىگە بولىدۇ ، بىزنىڭمۇ ئۇنىڭغا تەزىم قىلىشىمىز هەقلىق ، — دېدى چېرىكلەر ۋە چېرىكچى .

جۇ باجيې چېرىك ۋە چېرىكچىلەرنى باشلاپ ئەلچىخانىغا كىردى . ئۇ سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئۆيدە شا ۋۇجىڭغا ئۆزىنىڭ يارلىق يىرتقانلىقىنى سۆزلەپ بېرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ، ئالدىراق كىرىپ چۇقان سالدى :

— سىزنىمۇ ئادەم دېگىلى بولامدۇ ! مېنى ئاش ، قاتلىما ،

هورنان ئېلىپ بېرىمەن دەپ ئالداپسىز ـ ھە ! يەنە تېخى قويۇن بولۇپ پادشاھنىڭ يارلىقىنى سويۇۋېلىپ ، ئۇنى تۇيدۇرماستىن قوينۇمغا تىقىپ قويۇپ مېنى بالاغا تىقتىڭىز . شۇمۇ ئاغا بولغۇچىنىڭ ئىشىمۇ !

— ھوي ھاڭۋاقتى ، بېشىڭ قېيىپ باشقا ياققا كېتىپ قاپسەن ئەمەسمۇ . مەن راۋاقتىن ئۆتۈپ لازىمەتلىكلەرنى ئېلىپ يانغىنىمدا سېنى تاپالماي ئۆزۈم كېلىۋەردىم . مەن قەيەردە يۈرۈپ شاھنىڭ يارلىقىنى سويۇۋالىمەن ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ .

— يارلىققا قارايدىغان بەگلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەردە ، — دېدى جۇ باجىي . ئۇنىڭغىچە چېرىك ۋە چېرىكچىلەر كېلىپ تەزىم قىلىپ شۇنداق دېدى :

— سۇن غوجام ، بۈگۈن شاھىمىزنىڭ تىلىكى ئەجابەت بولۇپ ، تەڭرى سىلىنى بىزگە يەتكۈزدى . تەۋەررۈك قوللىرى بىلەن شاھىمىزنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ ، كېسىلىنى تاپسىلا . شاھىمىزنى ساقايتالىسىلا ، دۆلەتنى تەڭمۇتەڭ بۆلۈپ ، يېرىمىنى سىلىگە بەرمەكچى .

سۇن ۋۇكۇڭ بۇنى ئاڭلاپ جىددىي تۇس ئالدى ـ دە ، جۇ باجىينىڭ قولىدىن جاكارنامىنى ئېلىپ كۆپچىلىككە :

— ھەكىم چاقىرىش جاكارنامىسىنى مەن سويۇۋېلىپ ، ئىنىمنى ئەتەي سىلەرنى باشلاپ كېلىشكە قويۇپ يانغانىدىم . شاھلار بىتاب ئىكەن . «تۆگىنىڭ مەيلى بولسا ، يانتاققا بوينىنى سوزسۇن» دەپتىكەن . سىلەر بېرىپ شاھلارغا ئېيتىڭلار ، ئۇ مېنى ئۆزى كېلىپ تەكلىپ قىلسۇن . ئۇنىڭ كېسىلىنى ساقايتىشقا قۇربىم يېتىدۇ ، — دېدى .

ھەرەمئاغىلىرى بۇنى ئاڭلاپ ساراسىمىگە چۈشتى .

— گەپنى يوغان قىلغان بىلەن ھۆددىسىدىن چىقالىسا ھېساب . يېرىمىمىز بۇ يەردە تۇرۇپ تۇرايلى ، يېرىمىمىز ئوردىغا بېرىپ بۇنى يەتكۈزسۇن ، — دېدى چېرىكچى .

تۆت ھەرەمئاغىسى بىلەن ئالتە چېرىكچى ئوردىغا بېرىپ ،

شاھانە پەلەمپەي ئالدىغا كېلىپلا :
— پادىشاھىئالەم ، خۇش خەۋەر ! — دېدى .
پادىشاھ تاڭ سەنزاڭ بىلەن گەپلىشىپ ئولتۇراتتى . بۇنى ئاڭلاپ سورىدى :
— نېمە خۇش خەۋەر ؟
— كەمىنىلىرى ئۆزلىرىنىڭ جاكارنامىسىنى ئاچقىپ راۋاقتا ئاسقانىدۇق . شەرقىي دياردىن بۇددا نومىنى ئالغىلى كېتىۋاتقان سۇن دەرۋىش ئۇنى سويۇۋالدى . ھازىر ئۇ تەقسىر بىرلەشمە ئەلچىخانىدا . ئۇ مېنى شاھ ئۆزى كېلىپ تەكلىپ قىلسۇن ، ئۇنى ساقايتىشقا قۇربىم يېتىدۇ ، دەۋاتىدۇ . بۇنى ئۆزلىرىگە يەتكۈزگىلى ئالايتەن كەلدۇق ، — دېدى ھەرەمئاغىسىدىن بىرى .
بۇنى ئاڭلاپ پادىشاھ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتتى ۋە تاڭ سەنزاڭدىن سورىدى :
— تەقسىر ، ئۆزلىرىنىڭ قانچە شاگىرتلىرى بار ؟
تاڭ سەنزاڭ ئالقىنىنى جۈپلەپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى :
— كەمىنىلىرىنىڭ ئۈچ شاگىرتى بار .
— قايسى شاگىرتلىرىنىڭ قولىدىن ھېكمەتلىك ئىشلار كېلىدۇ ؟ — سورىدى پادىشاھ .
— پادىشاھىئالەم ، ئۆزلىرىدىن يوشۇرۇپ نېمە قىلاي ؟ شاگىرتلىرىمنىڭ ھەممىسى ياۋايى ، چاكىنا نېمىلەر . ئۇلارنىڭ ئىشى ئات يېتىلەش ، يۈك - تاقلارنى كۆتۈرۈپ مېڭىش . ئۇلار كەمىنىگىزنى تاغ - چوققىلاردىن ياكى خەتەرلىك جايلاردىن ئۆتكۈزىدۇ . گېزى كېلىپ قالسا دىۋە - پەرى ، جىن - ئالۋاستىلارنى يوقىتىدۇ ؛ دورا - دەرمان ، تومۇر تۇتۇش دېگەندەك ئىشلارنىڭ بىرنىمۇ بىلمەيدۇ .
— تەقسىر ، نېمانچىلا كەمتەرلىك قىلىدىلا ؟ شاگىرتلىرى ھەكىملىك قىلىشنى بىلمىسە ، جاكارنامىنى يىرتىپ ، مېنى شەخسەن ئۆزى تەكلىپ قىلسۇن ، دېيەلەيتتىمۇ ؟ ئۇنىڭ چوقۇم شۇنداق ئىش قولىدىن كېلىدۇ ؟ — دېدى پادىشاھ ھەمدە مۇنداق

بۇيرۇق قىلدى ، — ئەلەمدار ـ قەلەمدار بەگلىرىم . تېنىم بەك ئاجىزلاپ كەتكەچكە ، تالا ـ تۈزگە چىقالمايمەن . ھەرقايسىڭلار ماڭا ۋاكالىتەن بېرىپ ، سۇن راھىبنى كېسىلىمنى ساقايتىپ قويۇشقا چاقىرىپ كېلىڭلار . ئۇنىڭ قېشىغا بارغاندا ھەرگىز سۇسلۇق قىلماي ، ۋەزىر ـ ۋۇزرالارغا خاس ئىززەت ـ ھۆرمەت بىلەن تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ ، «ئەۋلىيا راھىب سۇن تەقسىر» دەپ مۇراجىئەت قىلىڭلار .

شاھنىڭ ئەمرى بىلەن ۋەزىر ـ ۋۇزرالار ، جاكارنامىگە قارىغۇچى ھەرەمئاغىلىرى ، چېرىكچىلەر بىلەن بىرلىكتە بىرلەشمە ئەلچىخانىغا بېرىپ ، سەپ تارتىپ تۇرۇپ تەزىم قىلىشىدى ، جۇ باجىي قورقۇپ كېتىپ باشقا ئۆيگە كىرىۋالدى . شاسېڭ تامنىڭ دالدىسىغا ئۆزىنى ئالدى . سۇن ۋۇكۇڭ ئوتتۇرىدا بەخىرامان ئولتۇردى . جۇ باجىي غەم قىلىپ : «بۇ نەس مايمۇن ھارام ئۆلىدىغان بولدى . شۇنچە كاتتا ئەمەلدارلار تەزىم قىلىپ باش قويۇۋاتسا ، ئۇ نېمىشقا ئۇلارغا سالاممۇ قايتۇرماي ، ئورنىدىن تۇرۇپمۇ قويماي ئولتۇرىدىغاندۇ ؟» دېدى ئىچىدە . كۆپ ئۆتمەي ئۇلار سالام بېرىشنى توختىتىپ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئۇنى تەكلىپ قىلىپ شۇنداق دېدى :

— ئەۋلىيا راھىب سۇن تەقسىرگە شۇنى مەلۇم قىلغايمىزكى ، بىز جۇزى بەگلىكىنىڭ ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرى بولمىشلەر ، بۈگۈن شاھىمىزنىڭ ئەمرىگە بىنائەن ئەڭ ئالىي ئېھتىرام بىلەن ئۆزلىرىنى ئوردىغا بېرىپ تومۇر تۇتۇپ باقامدىكىن ، دەپ تەكلىپ قىلىپ كەلدۇق .

سۇن ۋۇكۇڭ شۇندىلا ئورنىدىن تۇرۇپ كۆپچىلىكتىن :

— پادىشاھىڭلار نېمىشقا كەلمىدى ؟ — دەپ سورىدى .

— شاھىمىزنىڭ تېنى بەك ئاجىزلاپ كەتكەنلىكى ۋەجىدىن تالا ـ تۈزگە چىقالماي ، بىزنى ئۆزىگە ۋاكالىتەن ئەۋلىيا راھىبقا سالام بېرىشكە ۋە تەكلىپ قىلىشقا ئەۋەتتى ، — دېدى ئۇلار .

— ئۇنداق بولسا ، سىلەر مېڭىپ تۇرۇڭلار . مەن

ئارقىڭلاردىنلا يېتىپ بارىمەن، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.
كىۆپچىلىك ئۇنىڭ گېپىگە كىرىپ قايتىپ كەتتى. سۇن ۋۇكىۇڭ كىيىملىرىنى تۈزەشتۈرۈپ مېڭىشقا هازىرلاندى. جۇ باجيې:
— ئاغا، بۇ ئىشقا هەرگىز بىزنى چاتماڭ جۇمۇ، — دېدى.
— سىلەرنى چاتمايمەن. ئىككىڭلار ماڭا دورا يېغىپ بەرسەڭلارلا بولدى، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.
— قايسى دورىنى يىغىمىز؟ — دېدى شاسېڭ.
— كىشىلەر ماڭا ئەكەلگەن دورىلارنىڭ هەممىۋاسىنى يىغىسىلەر. مەن قايتىپ كەلگەندە ئۇلارنى كېرەك قىلىمەن، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ. ئىككىيلەننىڭ بۇنى قانچىلىك ئىجرا قىلغانلىقى مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.
سۇن ۋۇكۇڭ ئەمەلدارلار بىلەن بىللە بىردەمدىلا ئوردىغا كەلدى. ئەمەلدارلار ئالدىراپ كىرىپ پادىشاهقا خەۋەر يەتكۈزدى. مارجان پەردىلەر ئېگىز كۆتۈرۈلدى. شاهنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى ۋە سورىدى:
— ئەۋلىيا راهىب سۇن تەقسىر قايسىلىرى؟
سۇن ۋۇكۇڭ ئالدىغىراق چىقىپ:
— سۇن تەقسىر دېگەن مەن بولىمەن، — دېدى ئۈنلۈك ئاۋازدا.
پادىشاه ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، مەككار، سەت تۇرقىنى كۆرۈپ قورققىنىدىن جان - پېنى چىقتى - دە، شاهانە كارىۋاتقا يىقىلدى. كېنىزەكلىرى ئالاقزادە بولۇشۇپ، دەررۇ ئۇنى يۆلەپ هەرەمگە ئەكىرىپ كەتتى ۋە:
— شاهىمىزنى قورقۇۋەتتى! — دەپ توۋلاشتى.
ئەمەلدارلارمۇ سۇن ۋۇكۇڭغا كايىپ كەتتى:
— نېمانداق قوپاللىق قىلىسىز! شۇ هالىڭىزغا نېمىدەپ جاكارنامىنى سويۇۋالدىڭىز؟
— ماڭا بىكارلا كايىشىۋاتىسىلا. بۇنداق قىلىشىسىلا پادىشاهنىڭ

كېسلى مىڭ يىلدىمۇ ساقايمايدۇ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۇلۇپ.
— ئـادەم قانچىلىك ئۆمۈر كۆرىدۇ دەيسىز؟ ئەجەبا، مىڭ يىلدىمۇ ساقايمايدۇ، دەيسىزغۇ؟ — دېدى ۋەزىر - ۋۇزرالار.
— هــازىر ئۇ جاناب كېسەل پېتى ئۆلسە ئەرۋاھ بولىدۇ. دۇنياغا قايتىدىن تۆرەلسە، يەنىلا كېسەلمەن بولىدۇ. شۇنداق بولسا مىڭ يىلدىمۇ ساقايــمايــدۇ ئــەمــەسـمۇ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.
ۋەزىر - ۋۇزرالارنىڭ غۇچچىدە ئاچچىقى كەلدى:
— نېمانچە قائىدە ئۇقمايدىغان دەرۋىشسەن؟ نېمىدەپ ئاغزىڭنى ئۇششىتىپ يۇرىسەن؟
سۇن ۋۇكۇڭ كۇلۇپ شۇنداق دېدى:
— بۇ ئاغزىمنى ئۇششۇتكەنلىكىم ئەمەس. گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار:

*تولىمۇ نازۇك ئىش تېبابەتچىلىك،*
*زۆرۈردۇر پۇكمەكلىك بۇنى كۆڭۈلگە.*
*قاراش، ئاڭلاش، سوراش هەم تومۇر تۇتۇش،*
*تەڭ كەلمىسە ئېرىشىپ بولماس ئۇنۇمگە.*
*بىرىنچى، رەڭگىگە، روهىغا قاراپ،*
*تېمەنلىك هەم مىجەز - خۇلقىنى بىلىش؛*
*ئىككىنچى، كېسەلنىڭ ئۇنىنى ئاڭلاپ،*
*سۆزىنىڭ ماهىيەت تەكتىنى تېپىش؛*
*ئۇچىنچى، ئاغرىغان كۇنىنى سوراپ،*
*تامىقى، تەرىتى هەممىنى بىلىش؛*
*تۆتىنچى، تومۇرنى ياخشىلاپ تۇتۇپ،*
*ئىچى ۋە تېشىنىڭ پەرقىنى بىلىش؛*
*قىلماستىن بۇلارغا تەلتۆكۇس ئەمەل،*
*مۇشكۇلدۇر كېسەلنى ئەملەش، ساقايتىش.*

ئەلەمدار - قەلەمدار بەگلەر ئارىسىدىكى بىر ئوردا تېۋىپى بۇ

گەپنى ئاڭلاپ كۆپچىلىككە :
— بۇ دەرۋىشنىڭ گەپلىرىمۇ ئورۇنلۇق . ئەۋلىيالار كېسەل كۆرگەندىمۇ قارايدۇ ، ئاڭلايدۇ ، سورايدۇ ، ھۆكۈم قىلىدۇ ، پەرھىز بۇيرۇيدۇ . بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇقەددەس ھۈنەر ، — دېدى .
بۇ گەپ بىلەن ئەمەلدارلار خاس مۇلازىمنى بۇيرۇپ پادىشاھقا : «تەقسىرىمىز قاراش ، ئاڭلاش ، سوراش ، ھۆكۈم قىلىش ئارقىلىق كېسەلنى ئېنىقلاپ دورا بېرىدىكەن» دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى .
پادىشاھ ياتقان پېتى توۋلاپ كەتتى :
— ئۇنى كەتكۈزۈۋېتىڭلار ، يوچۇن ئادەملەرنىڭ دىدارىغا قارىمايمەن !
— دەرۋىش ، پادىشاھىمىز سىزنى قايتىپ كەتسۇن ، يوچۇن ئادەملەرنىڭ دىدارىغا قارىمايمەن ، دەۋاتىدۇ ، — دېدى خاس مۇلازىم ھەرەمدىن چىقىپ .
— يوچۇن ئادەمنىڭ دىدارىغا قارىمايدىغان ئىش بولسا مەن «يىپ تارتىپ تومۇر تۇتۇش»نى بىلىمەن ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .
— يىپ تارتىپ تومۇر تۇتۇشنى ئاڭلىغانمىز ، لېكىن كۆرمىگەن . بۇنى دەپ بېقىڭ ، — دېدى ۋەزىر- ۋۇزرالار خۇشال بولۇشۇپ . خاس مۇلازىم ھەرەمگە كىرىپ :
— پادىشاھىئالەم ، سۇن دەرۋىش ئۆزلىرىنىڭ چىرايىنى كۆرمەيدىكەن . ئۇ يىپ تارتىپ تومۇر تۇتۇشنى بىلىدىكەن ، — دەپ خەۋەر قىلدى .
— بىمتاب بولغىنىمغا ئۈچ يىل بولدى . بۇنى قىلىپ كۆرمەپتىمەن . ئۇنى چاقىرغىن قېنى ، — دېدى پادىشاھ ئويلىنىۋېلىپ .
خاس مۇلازىم دەررۇ چىقىپ خەۋەر قىلدى :
— پادىشاھىمىز ئۇنىڭ يىپ تارتىپ تومۇر تۇتۇشىغا رۇخسەت قىلدى . سۇن دەرۋىش دەرھال ئوردىغا كىرىپ تومۇر تۇتسۇن ، —

دەپ ئەمر قىلدى.

سوُن ۋۇكوُك ئوردىغا كىردى. تاڭ سەنزاڭ ئۇنى تىللاپ قارشى ئالدى:

— سەن پەسەندە مايموُن مېنى توُگەشتۈرىدىغان بولدۇڭ!

— قەدىرلىك ئۇستاز، مەن سىلىنى ئۇلۇغلاۋاتسام، مېنى توُگەشتۈرىدىغان بولدۇڭ، دەيدىلىغوُ؟ — دېدى سوُن ۋۇكوُك كۈلۈپ.

— سەن مەن بىلەن بىللە بولغان نەچچە يىلدىن بېرى كىمنى داۋالاپ باقتىڭ! دورىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى بىلمەيدىغان، تېبابەتچىلىككە دائىر كىتابلارنى ئوقۇپ باقمىغان ھالىڭغا يۈرىكىڭنى قاپتەك قىلىپ نېمىدەپ بۇ بالانى تېرىپ يۈرسەن؟ — دەپ توۋلاپ كەتتى تاڭ سەنزاڭ.

— ئۇستاز، سىلى بىلمەيدىلا، مەن بىرقانچە خىل ئوت ـ چۆپنىڭ خاسىيىتىنى بىلىمەن. ئۇلار ھەر ئېغىر كېسەللەرنى ساقايتالايدۇ. شۇڭا، پادشاھنى چوقۇم ساقايتالايمەن. ناۋادا داۋالايمەن دەپ ئۆلتۈرۈپ قويسام، جىق بولسا نائۇستا تېۋىپ ئادەم ئۆلتۈردى، دېگەن جىنايەت بىلەن قارىلىنىمەن، ئەمما ئۆلمەيمەن. نېمىدىن قورقىدىلا! ھېچ گەپ بولمايدۇ. ئۇستاز، قېنى ئولتۇرۇپ مېنىڭ قانداق تومۇر تۇتىدىغىنىمنى كۆرۈپ باقسىلا.

— مۇشۇنداق تاقا ـ تۇقا سۆزلەپ ئولتۇرساڭ يىپ تارتىپ تومۇر تۇتۇشنى بىلمەسەن زادى! — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

— مەندە ئالتۇن يىپ بار كۆرمىدىلىمۇ؟ — دېدى سوُن ۋۇكوُك. ئاندىن قۇيرۇقىدىن ئۈچ تال موينى يۇلۇپ ئەپسۇن ئوقۇپ «ئۆزگەر» دېگەنىدى، ئۇ ئۈچ تال يىپەك يىپقا ئايلاندى. ھەربىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئون گەز بولدى. ئۇنى ئالىقىنىدا قويۇپ تاڭ سەنزاڭغا:

— مانا بۇ مېنىڭ ئالتۇن يىپىم ئەمەسمۇ؟ — دېدى.

بىر چەتتە تۇرغان خاس مۇلازىم:

— تەقسىر، قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىپ، ھەرەمگە كىرىپ

تومۇر تۇتۇڭ، — دېدى. سۇن ۋۇكۇڭ تاڭ سەنزاڭ بىلەن خوشلىشىپ، خاس مۇلازىمىنىڭ كەينىدىن ھەرەمگە كىردى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ كۆڭۈل توق بولسا، دۆلەتنى ئىدارە قىلغىلى بولىدۇ، قورساقتا ھۈنەر بولسا، ئۆزۈڭ ئۆمۈر كۆرگىلى بولىدۇ، دېگەننىڭ ئۆزى بولدى. شۇ كىرىشى بىلەن ئۇنىڭ كېسەلگە قانداق ھۆكۈم قىلغانلىقىنى، نېمە دورىلارنى ئىشلەتكەنلىكىنى بىلمەكچى بولسىڭىز، كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# ئاتمىش توققۇزىنچى باب

## *سۇن ۋۇكۇڭنىڭ تۇندە دورا ياسىغانلىقى پادىشاھنىڭ زىياپەتتە جىن - ئالۋاستىلار توغرىسىدا سۆزلىگەنلىكى*

ئەلقىسسە، سۇن ۋۇكۇڭ خاس مۇلازىم بىلەن ھەرەمگە كىرىپ پادىشاھنىڭ ھۇجرىسى ئىشىكىدە توختىدى. ئالتۇن يىپنى ئۈچ قېتىم ئىچكىرىگە ئەكىرىڭ، دەپ خاس مۇلازىمغا تۇتقۇزۇپ تاپىلىدى:

— خانىش ياكى ھەرەمئاغىسى بۇنى ھەزرىتىمنىڭ سول قول بىغىشىغا باغلاپ، سۇن، گۇەن، چى، ئۈچ قىسمىنى[1] بېسىپ تۇرسۇن، ئاندىن يىپنىڭ ئۇچىنى دېرىزىدىن ماڭا چىقىرىپ بەرسۇن.

ھەرەمئاغىسى ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە قىلدى. سۇن ۋۇكۇڭ يىپنىڭ ئۇچىنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، ئوڭ قولىنىڭ باشمالتىقىنى بىگىز قولىغا تەگكۈزۈپ «سۇن» تومۇرنى تۇتتى؛ ئاندىن ئوتتۇرا باشمالتىقىنى نامسىز بارماققا تەگكۈزۈپ «چى» تومۇرنى تۇتتى؛ ئۆزىنىڭ نەپەس ئېلىشىغا قاراپ تەنىنىڭ تۆت خىل خىزمەت قابىلىيىتى (قان پەيدا قىلىش ۋە ماگدۇرۇش، پۈتۈن بەدەن توقۇلمىلىرىنى قىزىتىش، ئوزۇقلاندۇرۇش، ئەزا توقۇلمىلىرىنىڭ خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش)، بەش خىل قېيىپ قالغان ھارارەت (جۇڭگو تېبابىتىدە ھارارەت ئىچكى ئەزالاردا قېيىپ قېلىپ سىرتقا چىقالماسلىقى سەۋەبىدىن پەيدا

---

① جۇڭگو تېبابىتىدە دىئاگنوز ئىلمى ئاتالغۇسى بولۇپ، بىلەزۈك بوغۇمى كەينىدىكى دۆڭ سۆڭەك «گۇەن» قىسمى، باش بارماق بېلىقچە مۇسكۇلىنىڭ ئۇچى «سۇن» قىسمى، «گۇەن» قىسمىنىڭ يەلكە تەرەپ يېنى «چى» قىسمى بولىدۇ.

بولىدىغان كىيسەللىك ) يەتتە روھىي ھالەت (خۇشاللىق ، غەزەپلىنىش ، خاپىلىق ، خىيال سۈرۈش ، ھەسرەت چېكىش ، ۋەھىمە ، تەشۋىش ) ، سەككىز تۇتقا (مۇسىبەت ، مەنپىي ، يۇزەكى ، ئىچكى ، ئىسسىق ، سوغۇق ، ئاجىز ، قۇۋۋەتلىك ) ، توققۇز پەللە قاتارلىقلارنى ئايرىپ ، ئاجىزلىق ۋە قۇۋۋەت دەرىجىسىنى پەرق ئەتتى ؛ ئاندىن يېپىنى سول قولىدىن يېشىپ ، بايىقىدەك قىلىپ ، ئوڭ قولىنىڭ بېغىشىغا چېگىشنى ئېيتتى . ئاندىن سول قولىنىڭ بارمىقى بىلەن بايىقىدەك ھەممىنى بىر - بىرلەپ تەكشۈرۈپ چىقىقاندىن كېيىن ، بىر سىلكىنىپلا ئالتۇن يىپلارنى ئەسلىگە ياندۇرۇپ تېنىگە قوندۇرۇۋالدى ۋە قاتتىق توۋلاپ مۇنداق دېدى :

— پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ سول قولىنىڭ «سۇن» تومۇرى كۆچلۈك ۋە جىددىي ئىكەن ؛ «گۇەن» تومۇرى يىرىك ۋە ئاستا ئىكەن ؛ «چى» تومۇرى پور ۋە چوكمە ئىكەن . ئوڭ قولىنىڭ «سۇن» تومۇرى لەيلىمە ۋە سىلىق ئىكەن ؛ «گۇەن» تومۇرى تۇگۇنچە ئىكەن ؛ «چى» تومۇرى ئىتتىك ۋە چىڭ ئىكەن . سول قول «سۇن» تومۇرى كۆچلۈك ۋە تېز بولغانلارنىڭ تېنى ئاجىز كېلىدۇ ، يۈرىكى ئاغرىيدۇ ؛ «گۇەن» تومۇرى يىرىك ۋە ئاستا بولغانلار تەرلەيدۇ ، مۇسكۇللىرى ئۇيۇشىدۇ ؛ «چى» تومۇرى پور ۋە چوكمە بولغانلارنىڭ كىچىك تەرىتى قىزىل بولىدۇ ، چوڭ تەرىتىمۇ قان ئارىلاش كېلىدۇ ؛ ئوڭ قول «سۇن» تومۇرى لەيلىمە ۋە سىلىق بولغانلارنىڭ ئىچىدە تۇگۇنچە بولىدۇ ، ھەيز كەلمەيدۇ ؛ «گۇەن» تومۇرى تۇگۇنچە بولغانلار ئۇيقۇ ۋە تاماقتىن قالىدۇ ؛ «چى» تومۇرى ئىتتىك ۋە چىڭ بولغانلار تىت - تىت بولىدۇ ، تېنى جۇغۇلدايدۇ ، مۇشۇنىڭغا ئاساسلانغاندا ئۆزلىرىدە ۋەھىمە ۋە دەرد بار . بۇنداق كېسەللەرنى بىز «قوشماق قوشلارنىڭ جۇپتىدىن ئايرىلىشى» دەيمىز .

پادىشاھ بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇش بولۇپ كەتتى ۋە ئۇنلۇك ئاۋازدا :

— ئۇقتۇم ! ئۇقتۇم ! مېنىڭ كېسىلىم راست مۇشۇ ! چاپسان

ماڭا دورا كەلتۈرۈڭ ! — دېدى .
سۈن ۋۇكۇڭ ئاستا مېڭىپ ھەرەمدىن چىقتى . ئەمەلدارلار ئۇنى ئورىۋېلىپ :
— دانىشمەن دەرۋىش ، بايا «قوشماق قۇشلارنىڭ جۇپىدىن ئايرىلىش» كېسىلى ، دېگەن گەپنى قىلدىڭىز ، بۇ قانداق گەپ ؟ — دېدى . سۈن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ مۇنداق دېدى :
— ئەركەك ۋە چىشى ئىككى قۇش بار ، ئۇلار بىللە ئۇچۇپ كېتىۋاتىدۇ ؛ تۇيۇقسىز بوران - چاپقۇن كېلىپ ئۇلار ئايرىلىپ كەتتى . ئەركىكى چىشىسىنى ، چىشىسى ئەركىكىنى كۆرەلمىدى . شۇنىڭدىن بۇيان ئەركىكى چىشىسىنى ، چىشىسى بولسا ئەركىكىنى ئويلايدۇ، سېغىنىدۇ . مانا بۇ «قوشماق قۇشنىڭ جۇپىدىن ئايرىلىش»ى بولماي نېمە بولاتتى ؟
— پاھ ، كارامەت دانىشمەن ئىكەنسىز . قالتىس ھەكىم ئىكەنسىز ، — دېيىشتى ئەمەلدارلار ئاپىرىن ئوقۇپ . پادىشاھنىڭ ھەكىمى :
— كېسەلنىڭغۇ تاپتىڭىز ، بۇنى قانداق دورا بىلەن داۋالايسىزكىن تەقسىر ؟ — دەپ سورىدى .
— بۇنىڭغا ئالدىراش كەتمەيدۇ . دورىنى كۆرگەندە بىرنېمە دەيمىز ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .
— «دورا سەككىز يۈز سەكسەن ، بىمار تۆت يۈز تۆت» دېگەن گەپ بار . بىر ئادەمدە ھەممىلا كېسەل بولمايدۇ ، شۇڭا دورىنىڭمۇ جىمىسىنى تەڭ ئىشلەتكىلى بولمايدۇ ئەمەسمۇ ؟ — دېدى پادىشاھنىڭ ھەكىمى .
— «دورا بىرىشتە ئالدىرىماسلىق ، توغرا كېلىدىغىنىنى ئىشلىتىش» دېگەن گەپمۇ بار ، دورىلارنىڭ جىمىسى يىغىلىپ بولغاندا ، ئەھۋالغا قاراپ بېرىمىز - دە ! — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ ، ھەكىم گەپ - سۆز قىلماستىن ئوردىدىن چىقىپ قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان نۆكەرگە پۈتۈن شەھەردىكى خام ۋە پىششىق دورا ساتىدىغان دۇكانلارنىڭ ھەربىر خىل دورىدىن ئۈچ جىڭدىن

تەييارلاپ سۇن ھەزرەتكە ئەكىلىپ بىرىشنى جاكارلاشقا بۇيرۇدى.
سۇن ۋۇكۇڭ:
— دورىنى بۇ يەردە تەييارلىغىلى بولمايدۇ. دورىلارنى سىز دېگەن سان بويىچە، دورا ياساش ئەسۋابلىرى بىلەن قوشۇپ بىرلەشمە ئەلچىخانىغا ئاپىرىپ ئىككى ھەمراھىمغا بەرسۇن، — دېدى. ھەكىم ئۇنىڭ ئەمرىگە بىنائەن سەككىز يۈز خىل دورىنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ سەر، دورىنى ئېزىدىغان، يانجىدىغان ھاۋانچا، ھاۋانچا تېشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئەلچىخانىغا ئاپىرىپ بىر - بىرلەپ تاپشۇرۇپ بېرىشنى بۇيرۇدى.
سۇن ۋۇكۇڭ سارايغا كىرىپ ئۇستازنى ئەلچىخانىغا ئۆزى بىلەن قايتىپ دورا ياساشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇۋاتقاندا ھەرەمدىن «ئۇستاز قېپقېلىپ ۋېنخۇا سارىيىدا قونسۇن، ئەتە دورىنى ئىچىپ، كېسەل شىپا تاپسا، بىز مىننەتدارلىقىمىزنى بىلدۈرگەندىن كېيىن يولخېتىنى ئالماشتۇرۇپ بېرىپ يولغا سېلىپ قويىمىز» دېگەن پەرمان چىقتى. تاڭ سەنزاڭ بۇنىڭدىن قورقۇپ كەتتى:
— شاگىرتىم، بۇ، مېنى گۆرۈ ئورنىدا ئېلىپ قالىمىز، دېگەن گەپ بولدى. پادشاھنى ساقايتالىساڭ، ئۇ بىزنى خۇشاللىق بىلەن ئۇزىتىپ قويىدۇ؛ ساقايتالمىساڭ جېنىم ئامان قالمايدۇ. شۇڭا، ناھايىتى كۆڭۈل قويۇپ، ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن ئۇنى داۋالىشىڭ كېرەك.
— ئۇستاز، خاتىرجەم بولسىلا. ئۇنى ساقايتىش قولۇمدىن كېلىدۇ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ.
سۇن ۋۇكۇڭ تاڭ سەنزاڭ بىلەن خوشلىشىپ، ۋەزىر - ۋۇزرالار بىلەن خەيرلىشىپ ئەلچىخانىغا قايتتى. جۇ باجيې كۈلۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى:
— ئاغا، سىزنى مەن ئەمدى بىلدىم.
— مېنىڭ نېمەمنى بىلدىڭ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.
— سىزنىڭ بۇددا نومىنى ئەكېلىدىغان ئىشقا كۆڭۈل بۆلمەي

يوقىلاڭ ئىشقا ئۆزىڭىزنى ئۇرۇۋاتقىنىڭىزنى بىلدىم . مانا ئەمدى سىز بۇ يەرنىڭ باي ـ باياشاتلىقىنى كۆرۈپلا دورىخانا ئاچماقچى بولۇۋاتىسىز ، — دېدى جۇ باجىي .

— تولا كاپشىما ! مەن پادىشاھنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ بالدۇرراق يولىمىزغا مېڭىشنىڭ كويىدا يۈرسەم ، نېمىدەپ دورىخانا ئاچقۇدەكمەن ؟— دېدى سۈن ۋۇكۇڭ تېرىكىپ .

— ئۇنداق بولسا سەككىز خىل دورىنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ جىڭدىن يىغسىڭىز ئىككى مىڭ تۆتيۈز يىگىرمە تۆت جىڭ بولىدۇ . بىر ئادەمگە بۇنىڭدىن قانچىلىك كېتىدۇ دەيسىز ؟ بۇنى نەچچە مىڭ يىلدا يەپ تۈگىتەر ؟— دېدى جۇ باجىي .

— ئۇنچىۋالا دورىنى ئىشلىتىپ نېمە قىلىمىز ؟ پادىشاھنىڭ ھەكىمى ۋە ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرىنىڭ جىمىسى كالۋا ئېشەكلەر ئىكەن . مەن مۇشۇنداق جىق دورىنى يىغدۇرۇپ ئۇلارنى كولدۇرلاتماقچىمەن . شۇنداق قىلسام ، ئۇلار مېنىڭ بۇنىڭ ئىچىدىن قايسى دورىنى ئىشلەتكىنىمنى بىلەلمەيدۇ ۋە مېنىڭ كارامەت سىرلىرىمدىن خەۋەر تاپالمايدۇ ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

شۇ گەپلەر بولۇۋاتقاندا ئەلچىخانىنىڭ ئىككى ئەلچىسى كېلىپ ئۇلارغا باش قويۇپ :

— دانىشمەن راھىبكالان ، كەچكى غىزاغا مەرھەمەت ، — دېدى .

— ئەتىگەن ماڭا ئاجايىپ قوپال تېگىشىدىڭ ، ئەمدى باش قويۇپ تەكلىپ قىلىۋاتىسەن ، بۇ نېمە ئىش ؟ — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

— غوجام ، ئەتىگەن كەمىنىلىرى كەم ئەقىللىق قىلىپ قويۇپتۇق . بايا ئۆزلىرىنىڭ كارامەتلىرىنى كۆرسىتىپ شاھىمىزنىڭ كېسىلىنى شىپا تاپقۇزماقچى بولغانلىرىدىن ، شاھىمىز شىپا تاپسا ئۆزلىرىنىڭ بۇ زېمىنىمىزنىڭ يېرىمىغا خوجا بولىدىغانلىقلىرىدىن خەۋەر تاپتۇق . بۇنداق بولغاندا بىز ئەلۋەتتە ئۆزلىرىنىڭ قۇللىرى بولۇپ قالىمىز ، شۇڭا ، مۇشۇنداق

قىلدۇق ، — دېدى ئەلچىلەر .
سۇن ۋۇكۇڭ خۇشاللىق بىلەن غىزاغا ئولتۇردى . جۇ باجىي بىلەن شا ۋۇجىڭ ئۇنىڭ ئىككى يېنىدىن ئورۇن ئالدى . غىزا كەلتۇرۇلدى . ئۇلار كەڭتاشا ئولتۇرۇپ بەھۇزۇر يەپ - ئىچتى .
كەچ كىردى . سۇن ۋۇكۇڭ ئەلچىلەرگە :
— بۇلارنى يىغىشتۇرۇپ ماڭا ماي ، شامنى جىقراق ئەكېلىپ بېرىڭلار ، ئەل ئايىغى بېسىققاندا دورا ياسايمەن ، — دېدى . ئەلچىلەر شۇئان ئۇنىڭ دېگىنىنى كەلتۇردى . ھەممەيلەن جاي - جايىغا ماڭدى . يېرىم كېچە بولغاندا ئاندىن كوچىدا ئەل ئايىغى جىمىقىپ ھەممە ياق تىمتاس بولدى .
— ئاغا ، قايسى دورىنى ياسايسىز ، چاپسانراق ئىشنى باشلاڭ ، ئۇيقۇم كېلىۋاتىدۇ ، — دېدى جۇ باجىي .
— سەن ماڭا زىراۋەندىدىن بىر سەرنى ئۇندەك قىلىپ يانجىپ بەر ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .
— زىراۋەندىنىڭ تەمى قېرىق ، تەبىئىتى سوغۇق ، زەھەرسىز ئوبدان دورا ، ئەمما ئۇنى تېپى ئاجىز ، ئۇزاق ۋاقىت بىتاب بولغانلارغا ئىشلەتسە بولمايدۇ ، — دېدى شا ۋۇجىڭ .
— ئىنىم ، سەن بىلمەيسەن ، بۇ دورا بەلغەمنى راۋانلاشتۇرۇپ نەپەس ئېلىشنى ئاسانلاشتۇرىدۇ ، ئېشىپ كەتكەن ئىسسىقنى قايتۇرىدۇ . ياخشىسى مېنىڭ بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن . سەن بىر سەر ھەببۇلمۇلۇكنى شاكىلى ۋە پوستىنى ئېلىۋېتىپ يۇمشاق ئېزىپ بەرگىن ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۇلۇپ .
— ھەببۇلمۇلۇكنىڭ تەمى ئاچچىق ، تەبىئىتى ئىسسىق ، زەھەرلىك ؛ ئېرىتىش ، توسالغۇلارنى ئېچىش خۇسۇسىيىتى بار . مەنمۇ خېلى جىق ئىشلارنى بىلىمەن . بۇنى ھەرگىز يېنىكلىك بىلەن ئىشلىتىشكە بولمايدۇ ، — دېدى جۇ باجىي .
— ئىنىم ، سەنمۇ بىلمەيدىكەنسەن . مېنىڭ يەنە بىرمۇنچە ئىشلىرىم بار ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .
ئىككىيلەن دورىلارنى يانجىۋېتىپ سورىدى :

— ئاغا ، قالغان نەچچە ئون خىل دورىنى قانداق قىلىمىز ؟
— ئىشلەتمەيمىز ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .
— سەككىز يۈز سەكسەن خىل دورىنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ جىڭدىن يىغدۇردىڭىز . ئىشلەتكىنىڭىز ئاران ئىككى خىل . بۇ ئادەم ئەخمەق قىلغانلىق بولمامدۇ .
سۇن ۋۇكۇڭ كۈللۈك چىنىدىن بىرنى بېرىپ :
— ئىنىم ، ئاغزىم بار ، دەپ سۆزلەۋەرمە . بۇنى ئاچقىپ قازاننىڭ قارىسىدىن يېرىم چىنە قىرىپ كىر ، — دېدى .
— دورىغا قازاننىڭ قارىسىنى قوشقاننى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن ، — دېدى شا ۋۇجىڭ .
— قازان قارىسىنى «بەيساۋشۇاڭ» (يۈز خىل ئوتنىڭ قىراۋسى ) دەيمىز . ئۇ يۈز خىل كېسەلگە شىپا بولىدۇ . بۇنى سەن ئۇقمايدىكەنسەن ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ . جۇ باجىي قازان قارىسىدىن يېرىم چىنە قىرىپ كىرىپ ئۇندەك يۇمشىتىشقا باشلىدى . سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭغا يەنە قاچا بېرىپ :
— سەن يەنە ئېتىمىزنىڭ سۈيدۈكىدىن يېرىم چىنە ئەكىرگىن ، — دېدى .
— ئۇنى نېمە قىلىسىز ؟ — دېدى جۇ باجىي .
— كومىلاچ دورا ياسايمەن ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .
— ئاغا ، بۇ ئىشقا چاقچاق قىلىشقا بولمايدۇ جۇمۇ ، ئاتنىڭ سۈيدۈكىنى قانداقمۇ دورىغا قوشقىلى بولسۇن ، ئۇ نەرسىنىڭ پۇرىقى بەك يامان . تېنى ئاجىز ئادەم بۇنى پۇرىسىلا قۇسۇۋېتىدۇ ؛ ئۇنى ئاز دەپ ھەببۇلمۇلۇك بىلەن زىراۋەندە بەرسىڭىز ئادەم ياندۇرۇپ ۋە ئىچى سۈرۈپ ۋەيران بولمامدۇ . ئوينىشماڭ جۇمۇ ؟ — دېدى شا ۋۇجىڭ كۈلۈپ .
— بۇنىڭ تېگىدىكى گەپنى بىلمەيسەن . ئېتىم ئادەتتىكى ئات ئەمەس . ئۇ ئەسلى غەربىي دېڭىزدىكى ئەجدىھا . ئەگەر ئۇنىڭ سۈيدۈكىنى ئالالىساڭ ، قانداق كېسەلنىڭ بولسا ئىچكەن ھامان ساقىيىدۇ . ئەمما ، بەكمۇ ئالدىراڭغۇلۇق قىلما ، — دېدى سۇن

ۋۇكۇك . بۇنى ئاڭلاپ جۇ باجيې ئاتنىڭ قېشىغا باردى . ئات يېنىچە يېتىپ ئۇخلاۋاتاتتى . جۇ باجيې ئۇنىڭ قورسىقىغا بىرنى تېپىپ بىر پەس ساقلىغاندى ، ئات سىيمىدى . ئۇ پالاقلاپ بېرىپ سۇن ۋۇكۇڭغا :

— ئاغا ، پادىشاھنى داۋالايمەن ، دەپ ئاۋارە بولماي ، دەررۇ ئېتىڭىزنى داۋالاڭ . ئۇ ئۆلۈپ قالسا بىر تېمىم سۈيدۈكىنىمۇ ئالالمايسىز ! — دېدى .

— يۇر ، سەن بىلەن بىللە باراي ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ . شا ۋۇجىڭ «مەنمۇ بېرىپ كۆرۈپ باقاي» دېدى .

ئۈچەيلەن ئاتنىڭ قېشىغا باردى . ئات چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ زۇۋانغا كېلىپ قاتتىق توۋلاپ كەتتى .

— ئاغا ، سىزمۇ بىلەمسىز ؟ مەن ئەسلى غەربىي دېڭىزدىكى ئۈچار ئەجدىھا ئىدىم . تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىم ئۈچۈن ئاتقا ئۆزگىرىپ ئۇستازنى ئېلىپ غەربكە بۇددا نومىنى ئالغىلى كېتىۋاتىمەن . ناۋادا مەن سۇدىن ئۆتۈۋاتقاندا سىيسەم ، بېلىقلار ئىچسە شۇئان ئەجدىھا بولىدۇ ؛ تاغدىن ئۆتۈۋاتقاندا سىيسەم ، تاغدىكى ئوت - چۆپلەر مېھرىگىياھ بولۇپ قالىدۇ . شۇنداق تۇرسا مەن بۇ توپا - چاڭلىق زېمىنغا قانداق سىيىمەن ؟

— ئىنىم ، گەپنى ئويلاپراق قىل . بۇ يەر غەربىي دىياردىكى بىر دۆلەت . توپا - چاڭلىق بولسىمۇ ، ئۇنى ئاسانلىقچە تاشلاپ كېتەلمەيمىز . «تاما - تاما كۆل بولار» دەپتىكەن . بىز بۇ دۆلەتنىڭ پادىشاھىنىڭ كېسىلىنى داۋالىماقچى بولۇۋاتىمىز . ئۇنى ساقايتسام ساۋابى كۆپچىلىككە بولىدۇ . ئۇنداق بولمىغاندا ، بۇ يەردىن ياخشىلىقچە كېتەلمەسلىكىمىز مۇمكىن ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ . ئات شۇندا «توختاپ تۇرۇڭلار» دېدى ، ئالدىغا چاپچىدى ، كەينىگە زوڭزايدى ، چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقان ھالدا كۈچەپ ، ئاندىن ئورنىدىن تۇردى .

— ۋاي ئۆلەرمەن ! ئالتۇن سىيىسىمۇ بۇنچە قىلىپ كەتمەس ئىدى - ھە ! — دېدى جۇ باجيې . سۇن ۋۇكۇڭ قاچا يېرىم

بولغانلىقىنى كۆرۈپ :
— بولدى ! بولدى ! ئېلىپ كەت ، — دېدى . شا ۋۇجىڭ خۇرسەن بولۇپ كەتتى .
ئۇچەيلەن سارايغا يېنىپ كىرىپ بايىقى دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ يوغان ئۈچ كومىلاچ قىلدى . سۈن ۋۇكۇڭ :
— ئىنىم ، چوڭ بولۇپ كەتتى ، — دېۋىدى ، جۇ باجيې :
— ياڭاقچىلىكلا بولدى . مەن يېيىشكە توغرا كەلسە چىشىمنىڭ كاۋىكىغىمۇ دال بولمايدۇ ! — دېدى . ئاندىن بۇلارنى بىر قۇتىنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويۇپ يېتىپ قالدى . كېچىچە باشقا گەپ - سۆز بولمىدى .

تاڭ ئاتتى . پادىشاھ ئەمەلدارلارنى دەرھال بىرلەشمە ئەلچىخانىغا بېرىپ دانىشمەن راھىب كالاندىن دورىنى ئەكېلىشكە بۇيرۇدى . ئەمەلدارلار ئەلچىخانىغا كېلىپ سۈن ۋۇكۇڭغا تەزىم قىلىپ :
— پادىشاھىمىز دورا تەييار بولغان بولسا ئەكېلىڭلار ، دەپ بۇيرۇغانىدى ، — دېدى . سۈن ۋۇكۇڭ جۇ باجيېغا قۇتىنى ئاچقۇزدى . ئاغزىنى ئاچقاندىن كېيىن ئۇلارغا بەردى .
— بۇ دورىنىڭ نامى نېمىدۇ ؟ شاھىمىز سورىسا جاۋاب بېرىش ئاسانراق بولار ، — دېدى .
— بۇ دورىنى «قارا ئالتۇن كومىلاچ» دەيمىز ، — دەپ جاۋاب بەردى سۈن ۋۇكۇڭ ، جۇ باجيې بىلەن شاسېڭ ئىچىدە «بۇنىڭغا قازاننىڭ قارىسى ئارىلاشتۇرۇلغاندىكىن قارا ئالتۇن بولماي نېمە بولاتتى» دەپ كۈلۈشتى .
— قانداق ئىچىلىدۇ ؟ — دەپ يەنە سورىدى ئەمەلدارلار .
— دورىنى ئىككى خىل ئۇسۇلنىڭ قايسىبىرىنى ئوڭاي كۆرسە ، شۇ بويىچە ئىچسە بولىدۇ . بىر خىل ئىچىش ئۇسۇلى ئالتە تۈرلۈك نەرسە بىلەن قاينىتىپ ئىچىش ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .
— قايسى ئالتە تۈرلۈك نەرسە ؟ — سورىدى ئەمەلدارلار .

— ھاۋادا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قىرى قاغىنىڭ ئوسۇرۇقى، كارپ بېلىقىنىڭ سۆيدۈكى، خان ئانىنىڭ ئۆپىسى، دوزاخ ئوتىنىڭ كۆلى، يۇرۇن سۇلتانىنىڭ ئۈچ دانە كونا باش ياغلىقى، بەش تال ئەجدىھا ساقىلى قاتارلىقلارنى قايىنىتىپ مۇشۇ دورىنى ئىچسە، پادىشاھىڭلارنىڭ كېسىلى جەزمەن شىپا تاپىدۇ.

— بۇ نەرسىلەر بۇ ئالەمدە تېپىلمايدۇ. يەنە بىر خىل ئۇسۇلى قانداق؟ — دېيىشتى ئەمەلدارلار.

— تۈۋى يوق سۇ بىلەن ئىچسە بولىدۇ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— بۇ ئاسان گەپ، — دېدى ئەمەلدارلار كۈلۈپ.

— قانداق ئاسان؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— بىزدە مۇنداق بىر تەمسىل بار: تۈۋى يوق سۇ ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە، بىر قاچىنى ئېلىپ قۇدۇق ياكى دەريادىن سۇ ئېلىپلا شاققىدە بۇرۇلۇپ تۆكمەي، كەينىگىمۇ قارىماي ئۆيگە كېلىپ، بىمارغا دورا ئىچۈرسە بولىدۇ، — دېدى ئەمەلدارلار.

— قۇدۇق، دەريا سۇلىرىمۇ تۈۋى بار ھېسابلىنىدۇ. مەن دېگەن تۈۋى يوق سۇ بۇنداق ئەمەس. ئاسماندىن چۈشكەن سۇنى يەرگە چۈشۈرمەستىنلا ئىچسە، ئاندىن ئۇنى «تۈۋى يوق سۇ» ئىچتى دېيىشكە بولىدۇ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— بۇمۇ تەس ئەمەس ئىكەن. ھاۋا تۇتۇلۇپ يامغۇر ياغقان چاغدا ئىچسە بولىدىكەن ئەمىسە، — دېدى ئەمەلدارلار ۋە سۇن ۋۇكۇڭلار بىلەن خوشلىشىپ، دورىنى ئەكەتتى.

پادىشاھ دورا ئەكەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ مۇلازىمنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىشقا بۇيرۇدى. ئەكەلگەن دورىنى كۆرگەندىن كېيىن خۇش بولۇپ سورىدى:

— بۇ قانداق دورا ئىكەن؟

— دانىشمەن دەرۋىش بۇ «قارا ئالتۇن كومىلاچ»، ئۇنى تۈۋى يوق سۇ بىلەن ئىچسۇن، دەيدۇ، — دېدى ئەمەلدارلار.

پادىشاھ شۇئان ئوردىدىكىلەرنى تۈۋى يوق سۇ ئەكېلىشكە

بۇيرۇدى . ئەمەلدارلار بولسا :

— دانىشمەن دەرۋىش ، قۇدۇق ، دەريا سۈيى تۇۋى يوق سۇ ئەمەس . ئاسماندىن چۈشكەن ، ئەمما يەرگە چۈشمەستىن ئېلىنغان سۇ تۇۋى يوق سۇ بولىدۇ ، دېگەن ، — دېدى .

پادىشاھ ھۆدەيچىگە يامغۇر تىلەش بۇيرۇقىنى يەتكۈزۈشكە بۇيرۇدى . ئەمەلدارلار بۇيرۇققا بىنائەن ئېلان چىقاردى . بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن .

ئەلقىسسە ، سۇن ۋۇكۇڭ ئەلچىخانا زالىغا جۇ باجيېنى چاقىرىپ مۇنداق دېدى :

— ئەمدى پادىشاھ دورىنى يامغۇر ياغقان چاغدا ئىچەلەيدىغان بولدى . ۋاقىت بولسا بەك زىخ . يامغۇر قاچاندىمۇ ياغار ؟ مېنىڭچە ، بۇ پادىشاھ ئادىل ، ئىنساپلىق ، ئەخلاق - پەزىلەتلىك ئوبدان ئادەمدەك قىلىدۇ . ئۇنىڭغا يامغۇر ياغدۇرۇشۇپ دورىنى ئىچۈرۈۋەتسەك قانداق ؟

— يامغۇر ياغدۇرۇشقا قانداق ياردەملىشىمىز ؟ — دېدى جۇ باجيې .

— سەن مېنىڭ سول تەرىپىمدە تۇرۇپ ئالكول[1] بولۇپ بارغىن ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ . ئاندىن شا ۋۇجىڭغا مۇنداق دېدى ، — سەن ئوڭ تەرىپىمدە تۇرۇپ بىسۇ يۇلتۇز بەگ بولۇپ بارغىن . مەن شاھقا تۇۋى يوق سۇ يەتكۈزۈپ بېرەي ، — سۇن ۋۇكۇڭ شۇئان ئەپسۇن ئوقۇدى . كۈنچىقىشتا بىر بۇلۇت پەيدا بولۇپ ئاستا - ئاستا باش ئۈستىگە كېلىپ توختاپ :

— تەقسىر ، شەرقىي دېڭىزدىكى ئەجدىھا شاھ ئاۋگۇاڭ ھازىر بولدى ، — دېدى .

— ئىش بولمىسا سىزنى مالال قىلمايتتىم . پادىشاھ دورا ئىچىدىغانغا لازىم بولۇپ قالدى . يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرسىڭىز

① ئالكول — بىر يۇلتۇزنىڭ نامى .

بوپتىكەن ، — دېدى سوْن ۋوْكوْك .

— تەقسىر ، مېنى چاقىرغاندا سوْنىڭ گېپىنى قىلمىغاچقا ، يامغوْر ياغدوْرىدىغان جابدوْقلىرىمنى ئالماي ئۆزوْمنى كۆتوْروْپ كەپتىمەن . ئوْنىڭ ئوْستىگە بوران ، بوْلوْت ، چاقماق ، گوْلدوْرماما بولمىسا يامغوْرنى قانداق ياغدوْرغىلى بولىدوْ ؟ — دېدى ئەجدىھا شاھ .

— ھازىر بوران ، بوْلوْت ، چاقماق ، گوْلدوْرمامىنىڭ كېرىكى يوق . يامغوْر كۆپ بولمىسىمۇ بولىدوْ . پەقەت پادىشاھ دورا ئىچىۋالغوْدەكلا بولسا كوْپايە ، — دېدى سوْن ۋوْكوْك .

— ئوْنداق بولسا مەن ئىككىنى چوْشكوْروْپ ، شۆلگىيىمدىن ئازراق بېرەي ، پادىشاھ شوْنىڭدا دورىسىنى ئىچىۋالسوْن ، — دېدى ئەجدىھا شاھ .

سوْن ۋوْكوْك خوْش بولوْپ كەتتى :

— بەللى ! ئەمدى ئوبدان بولدى ! ھايال قىلماي دەرھال ئىشقا كىرىشىڭ .

ئەجدىھا شاھ بوْلوْتنى ئاستا ـ ئاستا تۆۋەنلىتىپ پادىشاھ ئوردىسى ئوْستىگە كەلدى . ئاندىن ئۆزىنى كۆرسەتمەي شۆلگىيىنى ئېقىتىپ خاسىيەتلىك يامغوْر ياغدوْردى . ئوردىدىكىلەر تەڭلا چوْقان سالدى :

— پادىشاھىئالەم ، خوْش خەۋەر ! تەڭرى بىزگە خاسىيەتلىك يامغوْر يەتكوْزدى !

پادىشاھ دەرھال پەرمان چوْشوْردى :

— قاچىلارنى ئاچىقىڭلار . مەيلى ئوردا ئىچى ـ سىرتىدىكىلەر ، چوڭ ـ كىچىك ئەمەلدارلار بولسوْن ، ھەممەيلەن بوْ خاسىيەتلىك يامغوْر سوْيىنى يىغىپ مېنى قوْتوْلدوْروْۋېلىڭلار .

شاھ ئوردىسىدىكى ئەلەمدار ـ قەلەمدار بەگلەر ، ئوْچ چوڭ خانىش ، ئالتە توقال ، ئوْچ مىڭ كېنىزەك ، سەككىز يوْز دېدەك قولىغا بىردىن قاچا توْتوْپ توْردى . ئالاھازەل بىر سائەت ئۆتكەندە بەزىلەرنىڭ قاچىسىغا بىر ـ ئىككى تېمىم يامغوْر چوْشتى ،

بەزىلەرنىڭكىگە تۆت ـ بەش تامچە چۈشتى . بەزىبىرلەرنىڭ قاچىسىغا بىر تامچىمۇ چۈشمىدى . ھەممىنى يىغىۋىدى ، ئۈچ قاچىدىن جىقراق بولدى . شۇئان ئالتۇن قەسىر ئۆزگىچە خۇش پۇراققا تولدى . خۇشاللىق سادالىرى كۆككە يەتتى .

پادىشاھ ھەزرەتلەرنى ئۈزۈتۈپ قويدى ، ئاندىن «قارا ئالتۇن كومىلاچ »نى خاسىيەتلىك يامغۇر سۈيى بىلەن ھەرەمگە ئەكىرىشنى ئېيتتى . ئاندىن بىر كومىلاچنى يەپ خاسىيەتلىك يامغۇر سۈيىدىن بىر چىنە ئىچتى ؛ كەينىدىن يەنە بىر كومىلاچ يەپ ، خاسىيەتلىك يامغۇر سۈيىدىن بىر چىنە ئىچتى ؛ كېيىن ئاخىرقى بىر كومىلاچنى يەپ خاسىيەتلىك يامغۇر سۈيىدىن يەنە بىر چىنە ئىچتى . شۇنداق قىلىپ ئۈچ قېتىمدا ئۈچ تال كومىلاچنى يەپ ، ئۈچ چىنە خاسىيەتلىك يامغۇر سۈيىنىڭ ھەممىسىنى ئىچىپ تۈگەتتى . ئۇزاق ئۆتمەي قورسىقى خۇددى ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك گۈلدۈرلەشكە باشلىدى . پادىشاھ پاكىز تۈك ئالدۇرۇپ كېلىپ ، كەينى ـ كەينىدىن قورسىقىنى بوشاتقاندىن كېيىن ، ئازراق شوۋىگۇرۇچ ئىچىپ ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى . ئىككى كىچىك خانىش كېلىپ تۆشنى تەكشۈرۈپ ، سىپىپ كەتكەن گەندىلەرنى ، ھەزىم بولماي تۇرۇپ قالغان كاللەك ـ كاللەك تاماقنى كۆردى . ئۇلار شاھانە كارىۋات يېنىغا كېلىپ : «كېسەلنىڭ يىلتىزىمۇ قالماي چىقىپ بوپتۇ !» دېدى . بۇنى ئاڭلاپ پادىشاھنىڭ خۇشاللىقتىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى . يەنە تاماق يېدى . ئۇزاققا قالماي مەيدىسى بوشىشىپ ، نەپىسى راۋانلىشىپ ، كۆڭلى ئېچىلىپ ، كۈچ ـ مادارغا كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى . ئورنىدىن تۇرۇپ شاھانە كىيىملىرىنى كىيىپ سەلتەنەت تەختكە چىقتى . تاڭ سەنزاڭ كىرگەن ھامان يەر سۆيۈپ تەزىم قىلدى . تاڭ سەنزاڭ ئالمان ـ تالمان تەزىم ياندۇردى . پادىشاھ تەزىمدىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى قولتۇقلاپ ، قول ئاستىدىكىلەرگە :

— دەرھال لەۋھە كەلتۈرۈڭلار ، ئۇنىڭغا «دانىشمەنگە سالام» دېگەن خەتنى يېزىپ ، دانىشمەن شاگىرتلارنى چاقىرىشقا ئادەم

ئەۋەتىڭلار . شەرقىي قەسىرنى داغدام ئېچىۋېتىڭلار ، داستىخانچى بەگ ، زىياپەت تەييارلانسۇن ، بۇلارغا مىننەتدرلىق بىلدۈرەيلى ، — دېدى .

ئەمەلدارلار بۇ پەرمان بويىچە ئىشقا كىرىشتى . پۈتۈن دۆلەت بىرپەس پاتىپاراق بولۇپ ، جىمى ئىش جاي ـ جايىدا تەق قىلىندى .

ئەلقىسسە ، جۇ باجىيې لەۋھە كۆتۈرۈپ كەلگەن ئەمەلدارلارنى كۆرۈپ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى :

— ئاغا ، دەرۋەقە خاسىيەتلىك دورا ياساپسىز جۇمۇ ! سىزگە تەشەككۇر ئېيتقىلى كەپتۇ . مانا خىزمەت كۆرسەتتىڭىز !

ئـاكا ـ ئۇكا شاگىرتلار خۇشال ـ خۇرام ئوردىغا كەلدى . ئـەمەلدارلار ئۇلارنى شەرقىي قەسىرگە باشلىدى . تاڭ سەنزاڭ ، پادىشاھ ، ۋەزىر ـ ۋۇزرالار زىياپەتكە تەييار بولۇپ تۇراتتى . سۇن ۋۇكۇڭ ، جۇ باجىيې ، شاسېڭلار ئۇستازىغا سالام بەردى . كېيىن ئوردا ئەمەلدارلىرىمۇ تەخ بولدى . تۆردە گۆشسىز غىزا قويۇلغان تـۆت شـىرە بار بولۇپ ، ئۇنىڭغا بىرنى يەپ ، قالغىنىغا قاراپ ئـولـتۇرىدىغان نەرسىلەر تىزىلغانىدى ؛ ئوتتۇرىدا گۆشلۈك غىزا قويۇلغان بىر شىرە بولۇپ ، ئۇنىڭغىمۇ كۆرمەك بار ، يېمەك يوق ئېسىل نەرسىلەر تىزىلغانىدى . ئوڭ ، سول تەرەپكە تۆت ـ بەش يۈزدەك بىر كىشىلىك شىرەلەر قاتار تىزىلغانىدى . پادىشاھ قەدەھ كۆتۈرۈپ تاڭ سەنزاڭنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلدى ۋە قەدەھ تۇتتى .

— راھىبلار بىرىنچى بولۇپ هاراقتىن چەكلىنىدۇ ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ . پادىشاھنىڭ كۆڭلى سەل يېرىم بولۇپ :

— تـەقسىر ، هاراق ئىچمىسىڭىز ھۆرمىتىمنى نېمە بىلەن بىلدۈرىمەن ئەمدى ؟ — دېدى .

— مـەن ئـۇچۈن ئۈچ شاگىرتىم ئىچسۇن ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

پـادىـشاھ خۇرسەن بولۇپ ئالتۇن قەدەھنى سۇن ۋۇكۇڭغا تۇتتى . سۇن ۋۇكۇڭ قەدەھنى ئېلىپ كۆپچىلىككە تەزىم قىلغاندىن

كېيىن بىر كۆتۈرۈشتىلا ئىچىۋەتتى . پادىشاھ ئۇنىڭ ھاراقنى ئىنتايىن كۆڭۈللۈك ئىچكىنىنى كۆرۈپ يەنە بىر قەدەھ تۇتتى . سۇن ۋۇكۇڭ تۇزۇت قىلماستىن ئۇنىمۇ ئىچىۋەتتى . پادىشاھ كۈلۈپ :

— ئۈچىنچى قەدەھنى ئىچىڭ ، — دېدى . سۇن ۋۇكۇڭ رەت قىلماستىن ئىچىۋەتتى . پادىشاھ يەنە قەدەھكە توشقۇزۇپ :

— تۆتىنچىسىنىمۇ ئىچىۋېتىڭ ، — دېدى .

ھاراقنىڭ ئۆزىگە كەلمەيۋاتقىنىغا تاقەت قىلالماي شۆلگىيىنى ئېقىتىپ ئولتۇرغان جۇ باجيې پادىشاھنىڭ سۇن ۋۇكۇڭنى يەنە ئىچىشكە زورلاۋاتقىنىنى كۆرۈپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ قاقشاپ كەتتى :

— پادىشاھ ئالىيلىرى ، دورىنى يەپ بولۇپ ماڭا ئۇۋال قىلىۋاتىلا . دورىدا ئات ...

سۇن ۋۇكۇڭ بۇنى ئاڭلاپ جۇ باجيېنىڭ سىرنى ئاشكارىلاپ قويۇشىدىن خەۋپسىرەپ قولىدىكى قەدەھنى دەرھال ئۇنىڭغا تۇتتى . جۇ باجيې ئۇنى ئىچىپ ئاغزىنى يۇمدى . پادىشاھ سورىدى :

— دانىشمەن راھىب ، دورىدا ئات بار دەۋاتىدىلا ، نېمە ئات ئۇ ؟

گەپنى سۇن ۋۇكۇڭ تارتىۋالدى :

— بۇ ، ئىنىمنىڭ ئادەت سۆزى . ئۇنىڭ تەجرىبىدىن ئۆتكەن ئېسىل دورىسى بار ئىدى ، شۇنى كۆپچىلىككە دەپ بەرمەكچى بولۇۋاتىدۇ . پادىشاھ ئالىيلىرى ئەتىگەن يېگەن دورىنىڭ تەركىبىدە زىراۋەندە بار .

— زىراۋەندە قانداق نەرسە ؟ بۇ نېمە كېسەللەرگە شىپا بولىدۇ ؟ — دەپ سورىدى پادىشاھ ئەمەلدارلاردىن . پادىشاھنىڭ ھەكىمىمۇ بار ئىدى . ئۇ مۇنداق جاۋاب بەردى ؟

*زىراۋەندە قىرتاقراق ، ئەمما زەھەرسىز ،*
*دەم سىقىشقا بۇندىن باشقا يوق داۋا .*

*يۇمشىتىدۇ ئۇيۇپ قالغان قانلارنى،*
*توختىتىدۇ يۆتەلنىمۇ دەرھاللا.*

— بولىدىكەن! بولىدىكەن! جۇ دەرۋىش يەنە بىر قەدەھ ئىچسۇن! — دېدى پادىشاھ كۈلۈپ. جۇ باجىپ باشقا گەپ ـ سۆز قىلماستىن ئۈچ قەدەھ هاراق ئىچتى. پادىشاھ شاسىڭىمۇ ئۈچ قەدەھ تۇتتى.

خېلى ئۇزاق يەپ ـ ئىچىشكەندىن كېيىن، پادىشاھ يوغان قەدەھكە هاراق قۇيۇپ سۇن ۋۇكۇڭغا تۇتتى، سۇن ۋۇكۇڭ:

— پادىشاھى ئالەم، ئولتۇرۇۋالسىلا، مەن سىلى تۇتقان هاراقنى خۇشاللىق بىلەن ئىچىمەن، — دېدى.

— تەقسىر، سىزنىڭ شاپائىتىڭىزگە كۆپتىن ـ كۆپ تەشەككۈر، ياخشى ـ يامان بولسۇن، مۇشۇ بىر قەدەھنى ئىچىۋېتىڭ، سىزگە دەيدىغان بىر گېپىم بار، — دېدى پادىشاھ.

— نېمە گەپلىرى بولسا دەۋەرسىلە، مەن بۇنى چوقۇم ئىچىمەن، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— كەمىنىڭىزنىڭ نەچچە يىللىق غەم ـ قايغۇ كېسىلى خاسىيەتلىك دورا ۋە كارامەت هېكمەتلىرىڭىز بىلەن شىپا تاپتى، — دېدى پادىشاھ.

— تۇنۇگۇن پېقىر پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ غەم ـ قايغۇ كېسىلىگە مۇپتىلا بولغانلىقلىرىنى تاپتىم. لېكىن، نېمە ئۈچۈن غەم ـ قايغۇغا چۆككەنلىرىنى بىلەلمىدىمغۇ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ.

— «باش يېرىلسا بۆك ئىچىدە، قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە» دېگەن گەپ بار. هالبۇكى، ئۆزىڭىز مېنىڭ باشپاناھىم، ئەگەر مازاق قىلمىسىڭىز بۇنى ئېيتىپ بېرەتتىم، — دېدى پادىشاھ.

— نېمىشقا مازاق قىلغۇدەكمەن؟ بىمالال ئېيتىۋەرسىلە.

— تەقسىر، شەرقىي دىياردىن بۇ يەرگە كەلگۈچە قانچە دۆلەت ۋە بەگلىكتىن ئۆتتىڭىزكىن؟ — سورىدى پادىشاھ.

— بەش ـ ئالتە بەگلىكتىن ئۆتتۇق ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .
— ئۇ بەگلىك پادىشاھلىرىنىڭ خانىشلىرى قانداق نام بىلەن ئاتىلىدىكىنە ؟ — سورىدى پادىشاھ .
— ئـۇ پادىشاھلار خانىشلىرىنى چوڭ خانىش ، ئوتتۇرانچى خانىش ، كىچىك خانىش دەيدىكەن .
— مەن ئۇنداق دېمەيتتىم ، چوڭ خانىشنى ئالتۇن بىكەش ، ئوتتۇرانچى خانىشنى قاشتېشى بىكەش ، كىچىك خانىشنى كۈمۈش بىكەش دەيتتىم . ھازىر ھەرەمدە قاشتېشى بىكەش بىلەن كۈمۈش بىكەشلا بار ، — دېدى شاھ .
— ئالتۇن بىكەش نېمىشقا ھەرەمدە يوق ؟
— بۇنىڭغا ئۈچ يىل بولدى ، — دېدى پادىشاھ يىغلاپ .
— قەيەرگە كەتتى ؟ — سورىدى سۇن ۋۇكۇڭ .
— ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدىكى تائزۇڭزا چاغىنى ۋاقتىدا ، — دېدى پادىشاھ ، — مەن خانىش بىلەن باغدىكى ئانارلىق شىپاڭدا ئەجدىھا شەكىللىك كېمىنىڭ سوقۇشۇشىنى تاماشا قىلىۋاتاتتىم . تۇيۇقسىز شامال چىقىپ ئاسماندا بىر دىۋە پەيدا بولدى . ئۇ : «مەن سەي تەيسۇي بولىمەن ، بەبۇرى تېغى يەك شاخ غارىدا تۇرىمەن ، ئۆيۈمگە ئايال كىشى لازىم بولىۋاتىدۇ . سېنىڭ خانىشىڭ ناھايىتى چىرايلىق نازىنىن ئىكەن ، مەن ئۇنى ئالاي ، دەرھال ماڭا بەرگىن . ناۋادا مەن ئۈچ قېتىم توۋلىغىچە بەرمەيدىكەنسەن ، ئاۋۋال سېنى ، ئـانـدىن ۋەزىـر ـ ۋۇزرالىرىڭنى ، كەينىدىن شەھەردىكى جىمى پۇقرانى يەپ ، ئۇرۇق ـ ۋۇجۇدۇڭنى قۇرۇتۇۋېتىمەن» دېدى . ئۇ چـاغـدا مـەن دۆلەت ۋە خەلقىمنى ئويلاپ خانىشىمنى شىپاڭدىن چـىـقـىرىپ بەردىم . دىۋە ئۇنى ئۇچۇرۇپ ئەكەتتى . كەمىنىڭىز ئىنتايىن قورقۇپ كېتىپ يېگەن زۇڭزىمۇ ئىچىمدە ھەزىم بولماي مونەك بولۇپ قالدى ؛ شۇنىڭدىن بۇيان مـانـا ھـازىـرغـىـچـە مـەن كېچە ـ كۈندۈز غەم ـ قايغۇ ۋە ئوي ـ خىيالدىن باش كۆتۈرەلمىدىم .
بـۇنى ئاڭلاپ سۇن ۋۇكۇڭنىڭ خۇشاللىقى ئىچىگە سىغماي كەتتى . ئۇ يوغان قەدەھتىكى ھاراقنى ئىككى ئوتلاپلا ئىچىۋېتىپ

پادشاھدىن سورىدى :

— پادىشاھىئالەم ، سىلىنىڭ قورقۇنچلىرى مۇشۇنىڭدىن ئىكەن ـ دە ! بىلمىدىم ، خانىشلىرىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى خالامدىلا ـ خالىمامدىلا !

— مەن كېچە ـ كۈندۈز ئۇنى ئويلاپ ، ئۇنىڭ غېمىدە سارغايغان تۇرسام قايتىپ كېلىشىنى نېمىشقىمۇ خالىماي !

— پېقىر ئۇ دىۋىنى تۇتۇپ كەلسەم ، قانداق دەيدىلا ؟

پادىشاھ دەررۇ تىزلىنىپ ئېيتتى :

— ناۋادا خانىشىمنى قۇتۇلدۇرسىڭىز ، پېقىر ئۈچ چوڭ خانىش ، توققۇز توقالنى ئېلىپ شەھەردىن چىقىپ پۇقرا بولىمەن . پۈتۈن دۆلىتىمنى سىزگە تۇتۇپ ، سىزنى خان قىلىپ تىكلەيمەن .

سۇن ۋۇكۇڭ دەررۇ بېرىپ پادىشاھنى يۆلەپ تۇرغۇزغاندىن كېيىن سورىدى :

— پادىشاھىئالەم ، ئۇ دىۋە خانىشنى ئەكەتكەندىن بۇيان كېلىپ باقتىمۇ ، — قانداق ؟

— ئۇ ئۇزاقى يىلى 5 ـ ئايدا خانىشنى ئەكەتتى . 10 ـ ئايدا كېلىپ خان ئايىمنى كۈتىدىغانغا كېنىزەكتىن ئىككىنى بەرگىن ، دېدى . مەن ئىككى كېنىزەك بەردىم . بۇلتۇر 3 ـ ئايدا يەنە كېلىپ ئىككىنى ئەكەتتى ؛ 7 ـ ئايدا يەنە ئىككىنى ئەكەتتى ؛ بۇ يىل 2 ـ ئايدا يەنە ئىككىنى ئەكەتتى . بۇ قېتىم قاچان كېلەركىنتاڭ ، — دېدى پادىشاھ .

— ئۇ شۇنچە كۆپ كەپتۇ . ئۇنى كۆرۈپ تازا قورقۇشقانلا ـ ھە ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— ئۇنىڭ كۆپ كەلگىنىدىن ھەم قورقتۇم ، ھەم ماڭا زىيانكەشلىك قىلىشىدىن خەۋپسىرىدىم . بۇلتۇر 4 ـ ئايدا ئۇنىڭدىن پاناھلىنىدىغان راۋاق ياساتتىم . شامال ئاۋازىدىنلا ئۇنىڭ كەلگىنىنى بىلىپ ئىككى چوڭ خانىش ، توققۇز توقال بىلەن راۋاققا كىرىۋالدىم .

— پادىشاھىئالەم ، ماڭا شۇ راۋاقلىرىنى كۆرسىتىپ قويسىلا ،

بولامدۇ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

پادىشاھ سۇن ۋۇكۇڭنى قولتۇقلاپ ماڭدى. ئەمەلدارلارمۇ جايىدىن قوزغالدى. ئۇلار ۋەزىر - ۋۇزرالارنىڭ باشلىشى بىلەن ئوردىدىن ئۆتۈپ باغقا باردى. ئەمما، ئۇ يەردە راۋاقنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

— دۆۋدىن پاناھلىنىدىغان راۋاق قېنى؟ — دەپ سورىدى سۇن ۋۇكۇڭ، شۇ ئارلىقتا ئىككى ھەرەمئاغىسى قىزىل ئىككى بادرا بىلەن يەردىن تۆت چاسا قۇرام تاشنى كۆتۈردى.

— مانا مۇشۇ، — دېدى پادىشاھ، — بۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئىككى گەزدىن ئاشىدۇ. توققۇز ئېغىز ھۇجرا بار. تۆت چوڭ ئىدىشتا لىق سۇ مېيى بار. شام چىراغلار كېچە - كۈندۈز ئۆچمەيدۇ. كەمىنىڭىز شامال چىققان ھامان مۇشۇنىڭ ئىچىگە كىرىۋالىمەن. ئۈستىدىكىلەر ئاغزىنى يېپىپ قويىدۇ.

— دۆۋە سىلىگە چېقىلماپتۇ؛ چېقىلىدىغان بولسا، بۇ يەر سىلىگە قانچىلىك دال بولىدۇ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

شۇ ئەسنادا جەنۇبتىن يەر - جاھاننى چاڭغا تولدۇرۇپ، قاتتىق ئۇشقىرتىپ شامال كەلدى. ئەمەلدارلار قورقۇپ ۋايساپ كەتتى:

— ئەجەب شۇم ئېغىز شەيخ ئىكەن بۇ. دۆۋىنىڭ گېپىنى قىلىۋىدى، مانا دۆۋىمۇ كەلدى!

قورقۇپ كەتكەن پادىشاھ ھەممىنى تاشلاپ گەمىگە كىرىۋالدى، تاڭ سەنزاڭمۇ كىرىۋالدى. ئەمەلدارلارمۇ ھەر تەرەپكە مۆكۈندى.

جۇ باجىي بىلەن شاسېڭمۇ مۆكۈنمەكچى بولۇۋىدى، سۇن ۋۇكۇڭ ئىككى قولىدا كاپ قىلىپ ئىككىسىنى تۇتۇۋالدى:

— ئىنىلىرىم، قورقماڭلار، مەن بىللە تۇرۇپ ئۇ دۆۋىنىڭ كىملىكىنى كۆرۈپ بېقىڭلار.

جۇ باجىي قۇتۇلۇشقا تىرىشىپ جىق تىركەشتى. سۇن ۋۇكۇڭ قويۇۋەتمەي چىڭ تۇتۇپ تۇرۇۋەردى. بىر چاغدا ئاسماندا بىر دۆۋە پەيدا بولدى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى توققۇز چى بولۇپ، كۆزلىرى

داپتەك ، پولات چىشلىرى ھىڭگاك ئىدى ، باشلىرى پاخپايغان ، پۈتى قىزىل بولۇپ ، ئالۋاستىغىلا ئوخشايتتى .

— شاسىك ، ئۇنى تونۇمسەن ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— مەن قانداق تونۇيمەن ئۇنى ! — دېدى شاسىڭ .

— جۇ باجيې ، سەن تونۇمسەن ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— مەن نېمە بىلەي ئۇنى ! — دېدى جۇ باجيې .

— ئۇ شەرقىي ئېدىر مۇئەككىلىنىڭ قول ئاستىدىكى ئىشكىباقار ئايال چىراي سېرىق كۆز ئالۋاستىدەك قىلىدۇ ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— ئەمەس ! ئەمەس ! — دېدى جۇ باجيې .

— ئىشەنمىسەڭلار مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭلار ، مەن بېرىپ ئۇنىڭ ئىسىم - فامىلىسىنى سوراپ كېلەي ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— ئۆزىڭىز بېرىڭ ، ئەمما بىزنى ھەرگىز ئارىلاشتۇرماڭ ، — دېدى جۇ باجيې .

سۇن ۋۇكۇڭ گەپ قىلماي خاسىيەتلىك بۇلۇتقا چىقتى - دە ، ئاسمانغا يول ئالدى . بۇ ، باشتا پادىشاھنىڭ كېسىلىنى داۋالىدى ، كېيىن تەرىقەت يولىدا رەزىللىكنى يوقاتتى ، دېگەندەك ئىش بولدى . ئالۋاستىنى تۇتۇش ۋە خانىشنى قۇتۇلدۇرۇش ئىشىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز .

## يەتمىشىنچى باب

### *دېۋىنىڭ ئوت تۇتەك قويۇپ قۇم ياغدۇرغانلىقى سۇن ۋۇكۇڭنىڭ پەنت بىلەن ئالتۇن قوڭغۇراقنى ئېلىۋالغانلىقى*

ئەلقىسسە، سۇن ۋۇكۇڭ ھەيۋە بىلەن تۆمۈر كالتىكىنى تۇتقىنىچە خاسىيەتلىك بۇلۇتقا دەسسەپ ئاسمانغا چىقتى ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— سەن قەيەردىن كەلگەن دېۋە، نېمانچە غالجىرلىق قىلىسەن! — دېدى.

— مەن دېگەن بەبۇرى تېغى يەك شاخ غارىدىكى سەي تەيسۇي غوجامنىڭ قول ئاستىدىكى چاپاۋۇل، بۇگۇن غوجامنىڭ بۇيرۇقى بويىچە خان ئايىمنىڭ خىزمىتىگە ئىككى كېنىزەك ئالغىلى كەلدىم. سەن كىم بولىسەن؟ مەندىن بۇنى سوراشقا نېمە ھەددىڭ! — دېدى ھېلىقى مەخلۇق.

— مەن پەلەك تەڭدىشى ئەۋلىيا ئەزەم سۇن ۋۇكۇڭ بولىمەن. ئۇستاز تاڭ سېڭنى مۇھاپىزەت قىلىپ شەرقىي دىياردىن غەربكە بۇددانى تاۋاپ قىلغىلى كېتىۋاتىمەن. بۇ دۆلەتكە كەلگەندە ھەرقايسىڭنىڭ پادىشاھنى بوزەك قىلغانلىقلىرىڭنى ئاڭلىدىم، شۇڭا كارامىتىمنى ئىشقا سېلىپ سەن نېمىلەرنى يوقىتىپ دۆلەتنى ئەمىن تاپقۇزۇش نىيىتىدە سەنلەرنى ئىزدەپ يۈرەتتىم، ئۆزۈڭ ئالدىمغا كەپسەن! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

ھېلىقى مەخلۇق بۇنى ئاڭلاپ گەپ - سۆز قىلماستىن سۇن ۋۇكۇڭغا نەيزە ئاتتى. سۇن ۋۇكۇڭ تۆمۈر كالتىكىنى ئىشقا سالدى. نەچچە مەرتىۋە تۇتۇشا - تۇتۇشماستىنلا سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ

نەيزىسىنى ئىككى پارچە قىلىۋەتتى . ئۇ مەخلۇق ئالاقزادە بولۇپ غەرب تەرەپكە قاراپ تىكىۋەتتى .

سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنى قوغلىمىدى ، بۇلۇتتىن چۈشۈپ ئالۋاستىدىن پاناھلىنىش گەمىسىگە كەلدى ۋە :

— ئۇستاز ، پادىشاھىئالەم ، چىقىشىلا ، بايىقى مەخلۇقنى ھەيدىۋەتتىم ، — دېدى .

تاڭ سەنزاڭ پادىشاھنى يۆلەپ گەمىدىن چىقتى . ھاۋا ئېچىلىپ كەتكەن بولۇپ ، دېڭىزنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى .

پادىشاھنىڭ خۇشلۇقى ئىچىگە پاتماي قالدى ۋە بۇلارغا بولغان ھۆرمىتى يەنىمۇ ئاشتى . تاڭ سەنزاڭ قاتارلىق تۆتەيلەننى ئوردىغا باشلاپ كىرىپ ، دۆلەتنى ئۇلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە تەمشەلدى . سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ مۇنداق دېدى :

— پادىشاھىئالەم ، بايىقى ئالۋاستى سەي تەيسۇينىڭ قول ئاستىدىكى چاپاۋۇل ئىكەن . كېنىزەك ئالغىلى كەپتۇ . ئۇ يېڭىلىپ قاچتى . بېرىپ چوقۇم بۇ ئىشنى ئۇ نېمىگە خەۋەر قىلىدۇ . ئۇ نېمە كېلىپ مەن بىلەن جەڭ قىلىدۇ . مېنىڭ ئەنسىرەيدىغىنىم ، ئۇ جىمى سەركەردە ۋە لەشكەرلىرىنى باشلاپ كېلىپ پۇقرالارنى پاراكەندە قىلىشى ، ئۆزلىرىنى قورقۇتۇۋېتىشى مۇمكىن ، شۇڭا مەن ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ ، ھاۋادىلا ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇپ خانىشنى ياندۇرۇپ كەلسەم دەيمەن . بىراق ، ئۇنى قەيەردىن تېپىشىمنى بىلمەيمەن . بۇ يەردىن ئۇ تۇرىدىغان تاغ قانچىلىك كېلىدۇ ؟

— مەن «تۈن كۆزەت»لەرنى[1] ئاتلىق ئەۋەتىپ پايلاتقانىدىم . بېرىپ كېلىشى ئون بەش كۈنلۈك يول ئىكەن . جەنۇب تەرەپكە جايلاشقانىكەن . تەخمىنەن ئۈچ مىڭ چاقىرىم كېلىدىكەن .

— جۇ باجيي ، شاسېڭ ، سىلەر مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭلار . مەن بېرىپلا كېلەي ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— تەقسىر ، سەل تەخىر قىلىپ يەيدىغان ـ ئىچىدىغان نەرسە

---

① «تۈن كۆزەت» — بۇرۇنقى زامان قوشۇنىدىكى رازۋېت قىلىدىغانلار . بۇلار كېچىلەپ سىرتتا پايلاقچىلىق قىلىدىغان بولغاچقا «تۈن كۆزەت» دەيتتى .

ۋە پۇل ـ پۇچەك تەخلەپ، قاۋۇل ئاتتىن بىرنى تاللاپ ئاندىن يولغا چىقىڭ، — دېدى پادشاھ ئۇنى توسۇپ.
— پادىشاھىئالەم مېنى پىيادە يول ماڭىدىغان ئادەمگە ئوخشىتىپ گەپ قىلىۋاتىدىلا. سىلىدىن يوشۇرمايمەن. ئۈچ مىڭ چاقىرىم جايغا مەن كۆز يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئارىلىقتا بېرىپ كېلىمەن، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ.
پادشاھ بۇنى ئاڭلاپ ھەيران بولدى ۋە شادلاندى. دەررۇ بىر قەدەھ هاراق قويۇپ سۇن ۋۇكۇڭغا تۇتتى:
— يىراق يولغا كېتىۋاتىسىز، مۇشۇ قەدەھ بىلەن ئاقيول تىلەيمەن.
— بىلەن جەڭ قىلىشقا ئالدىراپ كېتىۋاتقان سۇن ۋۇكۇڭنىڭ گېلىدىن هاراق ئۆتىدۇ، دەمسىز؟
— قويۇپ تۇرسىلا، قايتىپ كېلىپ ئىچەي، — دېدى ئۇ.
سۇن ۋۇكۇڭ شۇنى دېدى ـ دە، ۋىژ قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ غايىب بولدى. پادىشاھ ۋە ۋەزىر ـ ۋۇزرالارنىڭ ئاغزى ھەيرانلىقتىن ئېچىلىپ قالدى.
ئەلقىسسە، سۇن ۋۇكۇڭ بىر موللاق ئېتىپ تۇمان ئىچىدىكى بىر تاغقا كەلدى. بۇلۇتنى توختىتىپ تاغ چوققىسىدا تۇرۇپ غارنىڭ ئاغزىنى ئىزدەۋاتاتتى، تاغ قاپتىلىدىن بىر ئوت ئۇچۇپ چىقىپ ھەش ـ پەش دېگۈچە ئاسماننى قىپقىزىل يالقۇن قاپلىدى. قىزىل يالقۇن ئىچىدىن ئوتتىن يامان ۋە دەھشەت تۈتۈن چىقتى. سۇن ۋۇكۇڭ ساراسىمىگە چۈشۈپ تۇراتتى، تاغدىن يەنە شېغىل ئېتىلىپ چىقىپ بەئەينى قىيامەت قايىم بولدى! سۇن ۋۇكۇڭ نىمە ئالامەت بۇ، دەپ تۇرغاندا، قۇم ۋە كۈل كىرىپ بۇرنى قىچىشتى ۋە ئىككىنى چۈشكۈردى. دەرھال بۇرۇلۇپ قىيا تېگىدىن كەپتەر تۇخۇمىچىلىك ئىككى تاشنى ئېلىپ بۇرنىغا تىقىۋالدى؛ بىر دومىلاپلا ئوت يىغىدىغان قۇرغۇيغا ئايلاندى ـ دە، تۈتەك ۋە ئوت ئىچىگە كىرىپ ئىككى ئايلىنىۋىدى، قۇم، كۈللەر يوق بولدى، ئوتمۇ ئۆچتى. شۇنىڭ بىلەن ئالمان ـ تالمان ئەسلىگە يېنىپ پەسكە

چۈشتى . جاڭىلدىغان تەبىل ئاۋازىنى ئاڭلاپ : «ئېزىپ قاپتىمەن ! بۇ دىۋىنىڭ ماكانى ئەمەس ئىكەن . تەبىلمۇ لەشكەر يىغىشقا چالىدىغاندەك چېلىنمايۋاتىدۇ . بۇ چوڭ يول بولۇشى ، چاپارمەنلەر ئىلاقە ئېلىپ ماڭغان بولۇشى مۇمكىن ، مەن ئۇلاردىن سوراپ باقاي » دېدى .

ئۇ كېتىۋېتىپ بىر جىننى كۆرۈپ قالدى . ئۇ سېرىق ئەلەمنى شىلىلىسىغا قويۇپ ، ئىلاقىنى يۈدۈپ ، تەبىل چالغان هالدا ئۇچقاندەك تېز كېتىپ باراتتى . سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ : «تەبىلنى مۇشۇ چالغىنىكەن - دە ، ئۇ قانداق ئىلاقىنى ئەكېتىۋاتىدىكىن ، سوراپ باقاي » دېدى ۋە بىر دومىلاپلا هاشاراتقا ئايلىنىپ ئاستا ئۇچۇپ ئىلاقىنىڭ ئۈستىگە قوندى . جىن تەبىلنى چېلىپ ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەپ كېتىۋاتاتتى .

«خوجا ئاكامنىڭمۇ ئىچى بەك زەهەر . ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا جۇزى دۆلىتىنىڭ خانىشىنى بۇلاپ كەلگەندىن بۇيان خانىشنىڭ قولىنىڭ ئۇچىنى تۇتالمىدى . خانىش هېلىغىچە ئۇنىڭغا نېسىپ بولمىدى . بولغۇلۇق ئېلىپ كېلىنگەن كېنىزەكلەرگە بولدى . ئۇ كېنىزەكتىن ئىككىنى ئەكەلسە ، ئىككىنى ، تۆتنى ئەكەلسە تۆتنى ئۆلتۈردى . ئۇ ئۆزاقى يىلى ئەكەلدى ، بۇلتۇر ئەكەلدى ، بۇ يىل ئەكەلدى . هازىر يەنە ئەكەلمەكچى بولۇۋىدى ، رەقىبكە دۇچ كەلدى . كېنىزەك ئەكەلگىلى بارغان چاپاۋۇل سۇن ۋۇكۇڭ دېگەن نېمىدىن جاجىسىنى يەپتۇ ، كېنىزەك ئەكېلەلمەپتۇ . غوجا ئاكام بۇنىڭدىن دەرغەزەپكە كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشماقچى بولۇپ ، مەندىن ئۇنى جەڭگە چاقىرىپ ئىلاقە ئەۋەتتى . شۇنىڭغا كېتىۋاتىمەن . ئۇ دۆلەتتىكىلەر غوجا ئاكام بىلەن جەڭ قىلغۇچى بولمىسۇن ، جەڭ قىلىدىغان بولسا جەزمەن پايدا ئالالمايدۇ . غوجا ئاكام ئىس ۋە ئوت پۈركۈپ ، قۇم چاچىدىغان بولسا پادىشاھ ، ۋەزىر - ۋۇزرا ، پۇقرا دېگەنلەر ساق قالمايدۇ . بىز ئۇ چاغدا ئۇنىڭ دۆلىتىنى ئىشغال قىلىمىز ، غوجا ئاكام پادىشاھ بولىدۇ ، بىزلەر ۋەزىر ۋە ئەمەلدار بولىمىز . ئەمەل ئەلۋەتتە چوڭ ۋە كىچىك

بولىدۇ . ئىلاھىي ھېكمەتلەرمۇ ئاجايىپ بولىدىكەن . »

بۇنى ئاڭلىغان سۇن ۋۇكۇڭ ئىچىدە كۈلۈپ مۇنداق دېدى : «بۇ جىنىنىڭ كۆڭلى خېلى ياخشى ئىكەنغۇ . بىراق ئۇنىڭ ‹ئىلاھىي ھېكمەتلەرمۇ ئاجايىپ بولىدىكەن › دېگىنى تازا ئوبدان گەپ ئەمەسقۇ دەيمەن ؟ خانىش ھېلىغىچە ئۇنىڭغا نېسىپ بولمىدى . غوجا ئاكام ئۇنىڭ قولىنىڭ ئۇچىنى تۇتالمىدى ، دېگىنى قانداق گەپتۇ ؟ ئۇنىڭدىن سوراپ باقايچۇ قېنى ؟ » ئۇ ۋىژىلداپ ئۇچۇپ جىندىن يىراقلىشىپ ئون چاقىرىمدەك يەرگە بارغاندىن كېيىن بىر دوملاپلا بالا راھىب بولدى . تاغنى ئايلىنىپ جىنىنىڭ ئالدىدىن چىقىپ ئۇنىڭغا سالام بەردى .

— بېگىم ، قەيەرگە ماڭدىلا ، نېمە ئالاقە ئەكېتىۋاتىلا ؟

جىن ئۇنى تونۇيدىغاندەك تەبىل چېلىشتىن توختىدى ۋە كۈلۈپ سالام قايتۇرغاندىن كېيىن :

— مەن جۇزى دۆلىتىگە ئالاقە ئەكېتىۋاتىمەن ، — دېدى .

— جۇزى دۆلىتى غوجاڭلارغا نېمە قىپتىكەن ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ گېپىنى تارتىۋېلىپ .

— ئۇزاقى يىلى غوجا ئاكام خانىشنى ئەكەلگەندە ، بىر ئەۋلىيا ئۇچراپ ئۇنىڭغا ئاجايىپ بىر رەڭدار كىيىم بېرىپ خانىشقا كىيگۈزۈڭ دەپتۇ . خانىش كىيىمنى كىيگەندىن كېيىن پۈتۈن بەدىنىگە يىڭنىدەك بىرنېمە چىقىپ كەتتى . غوجىمىز ئۇنى تۇتۇشقىمۇ پېتىنالمىدى . نېمىشقىدۇر قولتۇقلاپ قويسىمۇ ئالىقىنى ئاغرىيدىغان بولۇپ قالدى . شۇڭا ، ھازىرغىچە ئۇنىڭغا يېقىن كېلەلمىدى . بىر چاپاۋۇلنى كېنىزەك ئەكېلىشكە ئەۋەتسە ، ئۇ سۇن ۋۇكۇڭ دېگەن بىرنېمىدىن يېڭىلىپ كەپتۇ . بۇنىڭدىن دەرغەزەپكە كەلگەن غوجام مېنى ئالاقە ئاپىرىشقا ئەۋەتتى . ئەتە ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلماقچى .

سۇن ۋۇكۇڭ تەزىم قىلىپ يولىغا ماڭدى . جىن بولسا تەبىلنى چېلىپ كېتىۋەردى . سۇن ۋۇكۇڭ تۆمۈر كالتىكىنى ئېلىپ شاققىدە كەينىگە يېنىپ جىنىنىڭ ئارقا مېڭىسىگە بىرنى قويۇۋىدى ،

ئۇنىڭ بېشى يېرىلىپ مېڭىسىنىڭ قېتىقى چۇۋۇلۇپ، شۇ زاماتلا غىڭ قىلماي جان بەردى! سۇن ۋۇكۇڭ ئۆزىچە پۇشايمان قىلىپ: «سەل ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ تاشلىدىم! ئۇنىڭ ئىتىنى سورىۋالماپتىمەن. ۋاي بوپتۇلا!» دېدى. ئاندىن ئالاقىنى ئېلىپ يېڭىگە تىقتى؛ ئۇنى جىراغا تاشلىۋېتەي، دەپ بېلىدىن سۆرەپ ماڭغاندا ئۇنىڭ بېلىدىن ئالتۇن يالتىلغان بىر تەمتەك چىقتى. ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ يېزىلغانىدى:

*«قورساقتىكى ۋاقىتتا بارسا كېلەر، دەپ ئىسىم قويۇلغان. بەش ئەزايى تولۇق، يۈزىدە دانىخورەك بار، ساقىلى يوق. بۇ تەمتەكنى دائىم ئېسىپ يۈرىدۇ، ئاسمىسا يالغان ھېسابلىنىدۇ».*

سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ كېتىپ: «بۇ بىرنېمىنىڭ ئىسمى بارسا كېلەر ئىكەن، بىر كالتەك بىلەن ئۇنى بارسا كەلمەس قىلىۋەتتىم!» دېدى. تەمتەكنى يېشىپ ئۆزىنىڭ بېلىگە چېگىۋالدى. جەسەتنى پارچە - پارچە قىلىۋەتمەكچى بولدىيۇ، ئىس، ئوت زەھىرىنى ئويلاپ ئۇنداق قىلمىدى. دېۋىنىڭ غارىغىمۇ بارماي كالتەكنى جىنىنىڭ مەيدىسىگە تىقىپ ئۇنى كۆتۈردى - دە، ھاۋاغا چىقتى، تۆھپىسىنى خەۋەر قىلىش ئۈچۈن شەھەرگە قايتتى. ئۇ تۈرلۈك ئوي - خىياللار بىلەن بىردەمدىلا چېگرىغىمۇ كېلىپ قالدى.

جۇ باجيې جىنلۈەن ئوردىسى ئالدىدا پادىشاھ، ئۇستازنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇراتتى. سۇن ۋۇكۇڭنىڭ جىننى ئەكەلگىنىنى كۆرۈپ ئۆزىگە كايىپ كەتتى: «ھەي، شۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ! بالدۇرراق مەنلا بارغان بولسام، تۆھپە مېنىڭ بولماسمىدى؟» بۇ گەپنىڭ ئايىغى چۇشكۇچە، سۇن ۋۇكۇڭ بۇلۇتتىن چۈشۈپ جىننى پەلەمپەي تۈۋىگە تاشلىدى. جۇ باجيې يۈگۈرۈپ بېرىپ جىنغا تىرنىنى تىقىپ:

— بۇ مېنىڭ تۆھپەم! — دېدى.
— قانداقچە سېنىڭ تۆھپەڭ بولىدۇ بۇ؟
— مېنى بوش چاغلىماڭ، ئىسپاتىم بار! قاراڭا، بىر تىرنا بىلەن توققۇز يېرىدىن تۆشۈك ئېچىۋەتتىم! — دېدى جۇ باجىي.
— قاراپ باققىن قېنى، بېشى بارمىكىن ـ يوقمىكىن.
— ھە، باشسىزمىدى بۇ! تىرنا تىقسام مىدىر ـ سىدىر قىلمىسا تېخى نېمە بولدىكىن، دەپتىمەن، — دېدى جۇ باجىي كۇلۇپ.
— ئۇستاز قەيەردە؟ — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ.
— ئوردىدا پادىشاھ بىلەن گەپلىشىپ ئولتۇرىدۇ.
— ئۇنى چاقىرىپ چىققىن.
جۇ باجىي شۇئان ئوردىغا چاپتى. تاڭ سەنزاڭ ئوردىدىن چىقىپ سۈن ۋۇكۇڭنىڭ ئالدىغا كەلدى. سۈن ۋۇكۇڭ ئالاقىنى تاڭ سەنزاڭنىڭ يېڭىگە تىقىپ قويۇپ دېدى:
— بۇنى ئېلىپ قويۇڭ، پادىشاھقا پەقەت كۆرسەتمەڭ.
شۇ ئەسنادا، پادىشاھمۇ ئوردىدىن چىقىپ سۈن ۋۇكۇڭنىڭ ئالدىغا كەلدى.
— تەقسىر، قايتىپ كەپسىز! دىۋىنى يوقىتىدىغان ئىش قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدى.
— دىۋە ئەنە پەلەمپەي تۈۋىدە تۇرمامدۇ؟ ئۇنى ئۆلتۇردۇمغۇ؟ — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ.
— بۇ بىر جىننىڭ جەسىتى ئىكەن. سەي تەيسۇي ئەمەس، — دېدى پادىشاھ ئۇنى كۆرۈپ، — مەن ئۇنى ئىككى نۆۋەت كۆرگەن. ئۇنىڭ بويى سەككىز گەز، مۈرىلىرى ئاجايىپ كەڭ، يوغان، يۈزى پارقىراپ تۇرىدۇ، ئاۋازى گۈلدۈرمامىدەك چىقىدۇ؛ ئۇ نەدىمۇ بۇنىڭدەك ۋىجىككىنە بولسۇن، دەيسىز.
— پادىشاھئالەم، راستىنلا تونۇيدىكەنلا. بۇ ئىش بىلەن كېلىشۋاتقان جىن ئىكەن. ئۇچرىشىپ قېلىپ ئۆلتۇردۇم ـ دە، بۇنى خەۋەر قىلىش ئۈچۈن قايتىپ كەلدىم، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ.

— بەللى ، بەللى ! يارايسىز ! ئەلۋەتتە تۆھپە يارىتىپسىز ! — دېدى پادىشاھ ۋە بۇيرۇدى ، — ئېسىل مەي كەلتۈرۈڭلار ، راھىبنى قۇتلۇقلايلى .

— مەي ئىچىش ھېچقانچە ئىش ئەمەس ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ، — پادىشاھ ئالىيلىرى ، خانىش كەتكەندە بىرەر نىمىنى بەلگە قىلىپ قويۇپ كەتكەنمىدى ؟ شۇ بولسا ماڭا بەرسىلە بوپتىكەن .

— شىياۋياڭ ھەرەمدىكى تارىنىش ئۆيىدە ئۇنىڭ بىر جۈپ ئالتۇن بىلەزۈكى قاپتۇ . ئۇنى ئادەتتە قولىغا سېلىۋالاتتى . ئۇ كۈنى تاۋۇز چاغىنى بولغاچقا ، قولىغا بەش خىل رەڭلىك يىپنى چىگىپ ئۇنى ئېلىۋەتكەن . ئۇ بۇنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى . ھازىر پەرداز قۇتىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ . ئۇنىڭدىن ئايرىلغاندىن بۇيان بىلەزۈككە قاراشقىمۇ يۈرىكىم چىدىمىدى . چۈنكى ، بۇنى كۆرسەملا ئۇنىڭ ئايدەك جامالىنى كۆرگەندەك بولۇپ كېسىلىمنى ئېغىرلاشتۇرۇۋالىمەن .

— بوپتۇ ، بۇ گەپلەرنى قويۇپ ئالتۇن بىلەزۈكنى ماڭا ئاچىقتۇرۇپ بەرسىلە . بەرگىلىرى كەلسە ئىككىلىسىنى بەرسىلە ، كۆڭۈللىرى ئۇنىمىسا ، بىرنى بولسىمۇ بەرسىلە ، ئالغاچ باراي ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

پادىشاھ ئۇنى ئاچىقىشقا ئادەم بۇيرۇدى . ئاچىققاندىن كېيىن پادىشاھ كۆرۈپ :

«ئاھ ، ھالىمغا ھال ، دەردىمگە دال بولىدىغان خانىمىم !» دەپ ھەسرەت چەكتى . ئاندىن بىلەزۈكنى سۇن ۋۇكۇڭغا بەردى . سۇن ۋۇكۇڭ بۇنى ئېلىپ قولىغا سېلىۋالدى .

سۇن ۋۇكۇڭ ھاراقنىمۇ ئىچمەستىن بىر موللاق ئېتىپلا بۇلۇتقا چىقىپ «ۋىش» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ بەبۇرى تېغىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى . گۈزەل تاغ مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىشقىمۇ رايى بارماي ئۇدۇل غارنى ئىزدەپ ماڭدى . بىر چاغدا ئادەملەرنىڭكىگە ئوخشايدىغان سۆز ۋە غۇلغۇلىنى ئاڭلاپ دەرھال

توختىدى - دە، ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتى. يەك شاخ غارى ئاغزىنى ساقلاۋاتقان چوڭ - كىچىك كاتتىباشلار بولۇپ بەش يۈزدەك ئادەم نەيزە ۋە قىلىچلارنى تۇتۇپ قاتتىق مۇھاپىزەتتە تۇراتتى. ئۇنى كۆرۈپ سۇن ۋۇكۇڭ ئالدىغا ماڭماي بۇرۇلۇپ كەلگەن يولىغا ماڭدى. ئۇ نېمىشقا كەلگەن يولىغا ماڭىدۇ؟ ئۇ قورقمىدى، پەقەت باياتىنقى جىن ئۆلتۈرگەن جايغا بېرىپ سېرىق ئەلەم، مىس تەبلىنى ئېلىپ ئەپسۇننى ئوقۇدى - دە، بىر دومىلاپلا «بارسا كېلەر»گە ئۆزگىرىپ تەبلىنى ئۇرغان پېتى چوڭ يول بىلەن غار ئاغزىغا كەلدى. ئۇ غار ئەتراپىغا نەزەر سېلىۋاتقاندا ئورانگۇتاننىڭ[①] ئاۋازىنى ئاڭلىدى:

— «بارسا كېلەر»، قايتىپ كەلدىڭمۇ؟

— ھەئە، — دەپ جاۋاب بەردى سۇن ۋۇكۇڭ.

— تېز ماڭ! غوجام شۆپىتىڭ (تېرە شىلىش شىپاڭى)دا سېنىڭ خەۋىرىڭنى ساقلاپ ئولتۇرىدۇ، — دېدى ئورانگۇتان.

سۇن ۋۇكۇڭ ئىتتىك مېڭىپ، تەبلىنى ئۇرۇپ ئالدى ئىشىكتىن تاش قورۇغا كىردى. قورۇنىڭ ئەتراپىدا ئېسىل، قىممەت باھا گۈل - گىياھ ۋە ئوت - چۆپ، ئالدى - كەينىدە بولسا قەدىمكى قارىغاي، ئارچا قاتارلىق دەل - دەرەخلەر بار ئىدى. ئۇ ئىككىنچى ئىشىكتىن كىرگىنىنى تۇيمايلا قالدى. شاقىدە بېشىنى كۆتۈرۈپ سەككىز روجەكلىك ناھايىتى يورۇق سارايغا كۆزى چۈشتى. ساراي ئوتتۇرىسىغا ئالتۇن كۇرس قويۇلغان بولۇپ، كۇرسىدا ئىنتايىن بەتبەشىرە بىر دىۋە ئولتۇراتتى. سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنى كۆردى، ئەمما ئۇنىڭغا نەزەر - گۆزىرىنى سالماي، سالاممۇ قىلماي يۈزىنى سىرتقا قىلىپ تەبلىنى چېلىۋەردى.

— كەلدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى دىۋە. سۇن ۋۇكۇڭ جاۋاب بەرمىدى. دىۋە يەنە سورىدى:

— «بارسا كېلەر»، قايتىپ كەلدىڭمۇ؟

يەنە جاۋاب بولمىدى. دىۋە كېلىپ ئۇنىڭ ياقىسىدىن ئالدى:

① ئورانگۇتان — مايمۇننىڭ بىر تۈرى.

— ئۆيگە كېلىپمۇ نېمىشقا تەبلنى چېلىۋېرىسەن؟ نېمىدەپ گەپ سورىسام جاۋاب بەرمەيسەن؟

سۇن ۋۇكۇڭ تەبلنى «داراڭڭىدە» قىلىپ يەرگە تاشلىدى:

— نېمىشقا، نېمىشقا دەيدىلىغۇ! بارمايمەن دېسەم، بارىسەن، دەپ تۇرۇۋالدىلا. ئۇ نېمىنىڭ قېشىغا بارسام سان ـ ساناقسىز لەشكەرلەر بىلەن سەپ تۇزۇپ تۇرغانىكەن. مېنى كۆرۈپلا: «جىننى تۇتۇڭلار! چاپسان تۇتۇڭلار!» دەپ ۋارقىراپ كەتتى، ئاندىن مېنى تارتقۇشلاپ، كۆتۈرۈپ دېگەندەك شەھەرگە ئەكىرىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا باشلاپ باردى. پادىشاھ: «كاللىسىنى ئېلىڭلار» دېدى. بەختىمگە تەرىقەتچىلەر: «ئىككى تەرەپ ماجىراسىدا ئەلچىنى ئۆلتۈرسە بولمايدۇ» دېيىشىدى، مېنى قويۇۋەتتى. جەڭنامىنى ئەپقېلىپ مېنى شەھەردىن ھەيدەپ چىقاردى. لەشكەرلىرى ئالدىدا ئوتتۇز دەررە ئۇرۇپ ئاندىن قويۇۋەتتى. ئۇ يەردىكىلەر ئۇزاققا قالماي كېلىپ ئۆزلىرى بىلەن جەڭ قىلىدىكەن.

— بۇ گەپچە سەن ئازار يەپ قاپسەن، شۇڭلاشقا گېپىمگە جاۋاب بەرمەيتتىكەنسەن ـ دە، — دېدى دىۋە.

— شۇ ئەمەسمۇ؟ ھەممە ئەزايىم ئاغرىپ تۇرغاچقا، گەپمۇ قىلالمىدىم، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— ئۇلار قانچىلىك ئادەم ئىكەن؟ — سورىدى دىۋە.

— قورقۇپ مېڭەمدىن تۇتۇن چىقىپ كەتتى. تاياق جان ـ جېنىمدىن ئۆتتى. شۇ ئەھۋالدا قانچىلىك ئادەملىكىنى بىلىش خىيالىمغا كېلەمدۇ دەيدىلا! ئىشقىلىپ مىغ ـ مىغ ئادەم، سانجاق ـ سانجاق قورال ـ ياراغ ئادەمنىڭ جېنىنى ئېلىپ جاڭگالدا قويىدۇ، — دېدى جىن.

— چاتاق يوق! قانچىلىك ئادەم ۋە قورال ـ ياراغ بولسۇن، بىر ئوت پۈركۈسەم يەكسان بولىدۇ. سەن بېرىپ خان ئاغىچىغا خەۋەر قىلىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇپ قوي. ئەتىگەن مېنىڭ دەرغەزەپكە كېلىپ پادىشاھ بىلەن جەڭ قىلماقچى بولغىنىمنى

ئاڭلاپ يىغلاپ تۇگىشىپلا كەتتى. ئۇنىڭغا ئۇ يەردىكىلەرنىڭ لەشكەرلىرى باتۇر ۋە كۆپ، قورال - ياراغلىرى خىل ئىكەنلىكى، مېنى جەزمەن يېڭىۋالىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇنى بىر ئاز تىنچلاندۇرۇپ قويغىن، — دېدى دىۋە.

بۇنى ئاڭلاپ خۇشاللىقتىن سوۋن ۋۇكوڭنىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى. ئۇ: «تازا كۆڭۈلدىكى گەپ بولدى» دېدى - دە، بۇرجەكلىك ئىشىكتىن، سارايدىن ئۆتۈپ ئارقا ئوردىغا كىردى. بۇ يەر ئاجايىپ ھەشەمەتلىك، كۆركەم، ئازادە بولۇپ، خان ئاغىچا شۇ يەردە تۇراتتى. ئىچكىرىگە كىرىپ قارىسا بىرمۇنچە تۈلكە، كېيىكلەر گۈزەل پەرىزاتلار قىياپىتىدە ئىككى ياقتا خىزمەت كۈتۈپ تۇراتتى. ئوتتۇرىدا بولسا خان ئاغىچا ئېڭىكىنى تۇتۇپ ئويغا چۆككەن، مۆل - مۆل ياش تۆككەن ھالدا ئولتۇراتتى. تۇرقىدىن غەم - قايغۇ ۋە چەكسىز ھەسرەت چىقىپ تۇراتتى. سوۋن ۋۇكوڭ يېقىن بېرىپ سورىدى:

— سالام!

— نىمانچە ھاياسىز مەخلۇق بۇ! — دېدى خان ئاغىچا، — مەن جۇزى دۆلىتىدە پادىشاھ بىلەن راھەت - پاراغەتتە ياشاۋاتقىنىمدا ۋەزىر - ۋۇزرالار ماڭا يەر سۆيۈپ تەزىم قىلاتتى، تىك بېقىپ قارىيالمايتتى. بۇ دىۋەڭ مەخلۇق نېمىدەپ ماڭا سالام دەپ يۈرىدۇ؟

دېدەكلەر دەرھال يېقىن كېلىپ چۈشەندۈردى:

— خېنىم، ئاچچىقلىرىغا ھاي بەرسىلە. ئۇ غوجامىنىڭ ئەڭ يېقىن مۇلازىمى. ئىسمى «بارسا كېلەر». بۈگۈن ئەتىگەن جەڭنامىنى مۇشۇ ئېلىپ باردى.

خان ئاغىچا ئۆزىنى بېسىۋېلىپ سورىدى:

— سەن ئالاقىنى ئېلىپ جۇزى دۆلىتىگە باردىڭمۇ؟

— مەن ئالاقىنى ئېلىپ شەھەرگە كىردىم، ئالتۇن قوڭغۇراقلىق سارايغا بېرىپ پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈپ جاۋاب ئېلىپ كەلدىم، — دېدى سوۋن ۋۇكوڭ.

— پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈپسەن ـ دە؟ شاھ نېمە دېدى؟ — سورىدى خان ئاغىچا.

— پادىشاھنىڭ غوجىمىز بىلەن جەڭ قىلىشقا ھازىرلىنىپ لەشكەر ۋە قورال ـ ياراغلىرىنى تەخ قىلىپ تۇرغانلىقىنى غوجامغا يەتكۈزدۈم. پادىشاھ ئۆزلىرىنى بەكمۇ سېغىنىپتۇ. مەندىن بىر گەپنى ئېيتىپ بەرگەندى، شۇنى يەتكۈزۈشكە ئالاھىدە كىرىۋىدىم. ئەپسۇسكى، ئادەم جىق ئىكەن، ئېيتىشقا ئەپسىز بولۇۋاتىدۇ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

خان ئاغىچا بۇنى ئاڭلاپ ئەتراپىدىكىلەرنى چىقىپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى. سۇن ۋۇكۇڭ ئىشىكنى چىڭ يېپىپ قويۇپ كېلىپ يۈزىنى بىر سىيپاپلا ئۆز ئەسلىگە كەلدى ـ دە، خان ئاغىچىغا شۇنداق دېدى:

— مەندىن قورقمىسىلا. مەن شەرقىي دىياردىكى ئۇلۇغ تاڭ دۆلىتىدىن غەربىي دىياردا ھىندىستان دۆلىتىدىكى گۈھەرنېشىن ئىبادەتخانىسىغا بۇددانى تاۋاپ قىلىپ بۇددا نومىنى ئالغىلى كېتىۋاتقان راھىب بولىمەن. ئۇستازىم تاڭ دۆلىتى پادىشاھىنىڭ ئىنىسى تاڭ سەنزاڭ. مەن ئۇنىڭ چوڭ شاگىرتى سۇن ۋۇكۇڭ. دۆلەتلىرى تەۋەسىگە كەلگەندە يولخېتى ئالماشتۇرماقچى بولۇۋاتقاندا، پادىشاھنىڭ ھەكىم چاقىرىپ چىقارغان جاكارنامىسىنى كۆرۈپ قالدۇق. مەن ئۇستا ھەكىم ئىدىم، بار ھۈنىرىمنى ئىشقا سېلىپ پادىشاھنىڭ غەم ـ قايغۇ كېسىلىنى داۋالاپ ساقايتتىم. پادىشاھ بۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن بىزگە زىياپەت بەردى. زىياپەت ئۈستىدە ئۆزلىرىنى دىۋە ئەپقاچقانلىقىنى ئېيتتى. مېنىڭ ھەرقانداق دىۋە ـ ئالۋاستىنى يوقىتالايدىغانلىقىمنى بىلىپ، مېنىڭدىن ئۆزلىرىنى قۇتۇلدۇرۇپ بېرىشىمنى ئىلتىماس قىلدى. مەن دىۋە ئەۋەتكەن چاپاۋۇلنى ھەم ئالاقە ئەكېتىۋاتقان جىننى ئۆلتۈرۈۋەتتىم. غارنىڭ ئالدى قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ «بارسا كېلەر»نىڭ قىياپىتىگە كىرىپ، بۇ يەرگە كېلىپ سىلىگە خەۋەرنى

يەتكۈزۈۋاتىمەن .

بۇنى ئاڭلاپ خان ئاغىچا گەپ - سۆز قىلماي ئۆيگە چۆمدى . سۇن ۋۇكۇڭ بىلەزۈكلەرنى ئېلىپ قوش قوللاپ ئۇنىڭغا تۇتۇپ :

— ئەگەر ئىشەنمىسىلە بۇنى كۆرۈپ باقسىلا ، — دېدى .

ئۇنى كۆرۈپلا خان ئاغىچا يىغلاپ كەتتى ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا تەزىم قىلىپ شۇنداق دېدى :

— دەرۋىش ، مېنى قۇتۇلدۇرۇپ شاھ ئوردىسىغا ئاپىرىپ قويسىڭىز ، ياخشىلىقىڭىزنى ئۇ دۇنيا ، بۇ دۇنيا ئۇنتۇمايمەن .

— ماڭا ئېيتىپ بەرگەيلا ، ئۇ ئوت قويىدىغان ، تۈتەك پەيدا قىلىدىغان ، قۇم چاچىدىغان نەرسە زادى قانداق خاسىيەتلىك نېمە ؟

— ئۇ ھېچقانداق خاسىيەتلىك بىرنېمە ئەمەس ! ئۇ پەقەت ئۈچ دانە ئالتۇن قوڭغۇراق . بىرىنچىسىنى چالسا ، ئۈچ يۈز گەز يەرگە ئوت پۈركۈلۈپ ئادەمنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ ؛ ئىككىنچىسىنى چالسا ، ئۈچ يۈز گەز يەردە تۈتەك پەيدا قىلىپ ئادەمنى ئىسلايدۇ ؛ ئۈچىنچىسىنى چالسا ، ئۈچ يۈز گەز يەرگە قۇم چېچىلىپ ئادەمنى ئاداشتۇرۇۋېتىدۇ . تۈتەك ، ئوت دېگىنى تېخى ھېچقانچە ئەمەس . سېرىق قۇم ھەممىدىن بەك زەھەرلىك . ئۇ ئادەمنىڭ بۇرنىدىن كىرىپ كەتسە جاننى ئالىدۇ ، — دېدى خان ئاغىچا .

— يامانلىقىنى قاراڭ ! بەك يامان ئىكەن ئۇ ! بايا كېتىۋاتقاندا مەن ئىككىنى چۈشكۈردۇم . دېۋە قوڭغۇراقنى قەيەرگە قويىدۇ ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— ئۇ بىر يەردە قويىدۇ دەمسىز . ئۇنى بېلىگە باغلىۋېلىپ كېچە - كۈندۈز يېنىدىن ئايرىمايدۇ ، — دېدى خان ئاغىچا .

— ناۋادا جوزى دۆلىتىنى سېغىنغان ، پادىشاھ بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇنى غەم - قايغۇ ، ھەسرەت - نادامەتتىن خالاس قىلىشنى خىيال قىلغان بولسىلا ، خۇش چىراي ۋە ناز - جىلۋە بىلەن ئۇنىڭغا يالغاندىن ئامراق خوتۇن بولغان بولۇۋېلىپ ، قوڭغۇراقنى سىلىنىڭ يانلىرىدا قويۇپ قويۇشنى ئېيتسىلا . ئاندىن مەن قوڭغۇراقنى ئوغرىلاي - دە ، دېۋىنى يوقىتىپ سىلىنى

ئەكېتەي ، شۇندىلا جۈپتىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ راھەت كۆرىدىلا ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ . خان ئاغىچا بۇنىڭغا ماقۇل بولدى .

سۇن ۋۇكۇڭ يەنە يېقىن مۇلازىم قىياپىتىگە كىرىپ ئىشكنى ئاچتى - دە ، دېدەكلەرنى چاقىردى . خان ئاغىچا :

— «بارسا كېلەر » ، چاپسان بېرىپ غوجامنى چاقىرىپ كەل . ئۇنىڭغا دەيدىغان گېپىم بار ، — دېدى .

سۇن ۋۇكۇڭ ماقۇل دەپلا شىپاڭغا بېرىپ دىۋىگە :

— غوجام ، خان ئاغىچىمىز ئۆزلىرىنى چاقىرىۋاتىدۇ ، — دېدى .

— ئاغىچا دائىم مېنى تىللايتتى ، ئەمدى ئەجەب مېنى چاقىرىپ قاپتىغۇ ؟ — دېدى دىۋە خۇش بولۇپ .

— خان ئاغىچا مەندىن جۇزى دۆلىتى پادىشاھىنىڭ ئەھۋالىنى سورىغاندى ، مەن : «ئۇ سىلىنى تاشلىدى ، ئورنىلىرىغا باشقا خانىش ئالدى » دېدىم . خان ئاغىچا بۇنى ئاڭلاپ ئۆزاققىچە تۇرۇپ كەتتى ، ئاندىن ئۆزلىرىنى چاقىرىپ كەل ، دېدى .

— قولۇڭدىن ئىش كېلىدىكەن جومۇ سېنىڭ ! مەن جۇزى دۆلىتىنى قولۇمغا ئالغاندىن كېيىن سېنى ۋەزىر قىلىمەن ، — دېدى دىۋە خۇشال بولۇپ .

سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ ھىممىتىگە تەشەككۇر ئېيتقاندىن كېيىن ، دىۋە بىلەن ھەرەمنىڭ ئىشىكىگە كېلىۋىدى ، خان ئاغىچا ئىچكىرىدىن كۈندەك كۈلۈپ چىقىپ ئۇنى قولتۇقلاش ئۈچۈن قولىنى ئۇزاتتى . ئۇ كەينىگە يېنىپ :

— لايىق ئەمەسمەن ! لايىق ئەمەسمەن ! مېھىر - شەپقەتلىرىگە كۆپ تەشەككۇر ، قوللىرىنى ئاغرىتىۋەتمەي يەنە ، نېرىراق تۇراي ، — دېدى .

— غوجام ، ئولتۇرسىلا ، ئۆزلىرىگە گېپىم بار ، — دېدى خان ئاغىچا .

— نېمە گەپلىرى بولسا ئېيتىۋەرسىلە ، — دېدى دىۋە .

— غوجام ، ئۆزلىرىنىڭ كۆزى چۈشۈپ بۇ يەرگە كەلگىنىمگە ئۈچ يىل بوپتۇ . بىراق ، بىر ياستۇققا باش قويمىدۇق ، — دېدى خان ئاغىچا ، — بىز ئىرادە ـ تەقدىر بىلەن ئەر ـ خوتۇن بولۇشقانىدۇق ؛ كىم بىلسۇن ، غوجامنىڭ كۆڭلى باشقا بىرىدىمۇ ، مېنى خوتۇن ئورنىدا كۆرمىدى . مەن جۇزى دۆلىتىدە خانىش بولغىنىمدا پەرەڭدىن كەلگەن ھەرقانداق ئېسىل ۋە خاسىيەتلىك نەرسىلەرنى شاھىم كۆرۈپ بولۇپلا ماڭا تاپشۇراتتى . ئەسلىدە ھېچقانداق ئېسىل نەرسىمۇ يوق ئوخشايدۇ . ھە دېسە ھايۋاناتلارنىڭ تېرىسىنى كىيىپ قېنىنى ئىچىدىكەنلا . تاۋار ـ دۇردۇن دېگەنلەر يوق گەپ ئىكەن . بەزى خاسىيەتلىك نەرسىلەر بار بولسىمۇ ، مېنى يات كۆرۈپ كۆرسەتمىدىلە ، ماڭا تاپشۇرمىدىلا . ئاڭلىسام سىلىدە ئۈچ قوڭغۇراق بار ئىكەن . بەلكىم ئۇ خاسىيەتلىك بولۇشى مۇمكىن ، بولمىسا سىلى ئولتۇرسىلا ـ تۇرسىلا يانلىرىدىن ئاجراتماي يۈرەرمىدىلە ؟ سىلى ئۇنى ماڭا ساقلىغىلى بەرسىلە ، لازىم بولغاندا بەرسەم بولمايتتىمۇ ؟ ئەر ـ خوتۇن دېگەن سىرداش ، قەلبداش بولغىنى ياخشى ئەمەسمۇ ، ئۇنى ماڭا بەرمىگەنلىرى ماڭا ئىشەنمىگەنلىكلىرى ئەمەسمۇ ؟

— خېنىم ، توغرا ئېيتتىلا ، گۇناھ مەندە ! ئەڭگۈشتىرىمنى مانا بۈگۈنلا ئۆزلىرىگە تاپشۇراي ، — دېدى دىۋە ئەپۇ سوراپ ، ئاندىن ئۇنى بېلىدىن ئېلىشقا باشلىدى . سۇن ۋۇكۇڭ كۆزىنى مىت قىلماي قاراپ تۇردى . دىۋە ئۈچ قوڭغۇراقنى ئىككى ـ ئۈچ قەۋەت كىيىمىنىڭ ئىچىگە چىڭ باغلىۋالغانىدى . دىۋە ئۇنى يەشتى ، قوڭغۇراقنىڭ ئاغزىغا پاختا تىقىپ يىلپىز تېرىسىدىن قىلىنغان بوغچىغا ئوراپ خان ئاغىچىغا سۇندى ۋە :

— نەرسە ئاددىي بولسىمۇ ئېھتىيات قىلىپ ساقلىغايلا ، ھەرگىز چېلىپ تاشلىمىغايلا ، — دېدى .

خان ئاغىچا ئۇنى قولىغا ئېلىپ :

— ئۇقتۇم ، بۇنى پەرداز ئۈستىلىمدە قوياي ، ھېچكىم چېقىلمايدۇ ، — دېدى ، ئاندىن دېدەكلىرىگە بۇيرۇدى ، — قېنى ،

دەرھال مەي كەلتۈرۈڭلار ، غوجام بىلەن خۇشال - خۇرام كەيپ سۈرەي .

دېدەكلەر شۇئان تۈرلۈك مېۋە - چېۋە ، بۆكەن ، كىيىك ، توشقان گۆشلىرى ۋە كوكۇس[1] ھارىقى كەلتۈردى . خان ئاغىچىمۇ مۇغەمبەرلىك قىلىپ جىنلارنىڭ كۆزىنى بويىدى .

سۇن ۋۇكۇڭ يۇگۇر - يېتىم ئىشلىرىنى قىلغاچ ئۇنى تۇتۇپ ، بۇنى سىلاپ دېگەندەك پەرداز ئۇستىلىگە يېقىنلاشتى - دە ، تۇيدۇرماستىن ئۈچ قوڭغۇراقنى ئېلىپ ، بىر دەسسەپ ، ئىككى دەسسەپ ھەرەمدىن چىقىپ شۆپىتىڭ شىپاڭىنىڭ ئالدىغا كەلدى . ھېچكىم يوقلۇقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن يىلپىز تېرىسىنى ئېچىپ قارىسا ، ئوتتۇرىسىدىكى چاي پىيالىسىچىلىك ، قالغان ئىككىسى مۇشتۇمچىلىك ئۈچ قوڭغۇراق بار ئىكەن . سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ قانچىلىك يامان نەرسە ئىكەنلىكىنى ئۇقمىغاچقا ، ئاغزىدىن پاختىنى شۇنداق ئېلىشىغا ، گۇلدۇرلەپ تۇتەك ، ئوت ، قۇم چىقىپ كەتتى ، ھېچقانداق قىلىپ توختىتىۋالمىدى . شۇئان شۆپىتىڭ كۆيۈشكە باشلىدى . ئىشىك بېقىۋاتقان جىنلار قورقۇپ كېتىپ پالاقلاپ ئارقا ھەرەمگە كىرىپ دىۋىنىمۇ چۆچۈتۈۋەتتى . ئۇلار ئالاقزادە بولۇپ :

— ئوتنى ئۆچۈرەيلى ، ئوتنى ئۆچۈرەيلى ! — دېدى . ھەممە چىقىپ قارىسا ، قوڭغۇراقنى «بارسا كېلەر» ئېلىۋالغانىكەن . دىۋە ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ چېچىلىپ كەتتى :

— ھوي پەس ! نېمىدەپ قوڭغۇرىقىمنى ئوغرىلىۋېلىپ ئىش تېرىپ يۈرىسەن ؟ كېلىڭلار ، بۇنى تۇتۇڭلار ! تۇتۇڭلار !

شۇئان ئىشىك بېقىۋاتقان يولۋاس ، ئېيىق ، قاپلان ، ئارسلان ، پىل ، بۆرە ، بۆكەن ، توشقان ، يىلان ، بوغما يىلان ، ئورانگۇتان قاتارلىق سەركەردە ، سەردارلار ۋە جىنلار تەڭلا ئېتىلدى .

سۇن ۋۇكۇڭ ئالاقزادە بولۇپ قوڭغۇراقنى تاشلاپ ئۆز قىياپىتىگە كىردى . ئالتۇن توقىنى قولىغا ئېلىپ ئالدىغا كەلگەننى

---

① يېزى — بىر خىل مېۋە .

ئۇرۇشقا باشلىدى. دىۋە ئەڭگۈشتىرىنى ئېلىپ بۇيرۇق قىلدى:

— ئالدى ئىشىكنى چىڭ تاقاڭلار!

جىنلار ئالدى ئىشىكنى تاقاپ قويۇپ جەڭگە چۈشۈپ كەتتى. قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن سۈن ۋۇكۇڭ كالتىكىنى جايىغا سېلىپ بىر دومىلاپلا چىۋىنگە ئايلاندى-دە، ئوت يوق ئوك تەرەپ تامغا چاپلىشىپ تۇرۇۋالدى. جىنلار ئۇنى تاپالماي دىۋىگە خەۋەر قىلدى:

— غوجام، ئوغرى قېچىپ كەتتى! ئوغرى قاچتى!

— قايسى ئىشىكتىن قاچتى؟ — دېدى دىۋە.

— ئالدى ئىشىك چىڭ قۇلۇپلانغان. ئۇ يەردىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ، — دېيىشتى جىنلار.

— ئوبدان ئاختۇرۇڭلار! — دېدى دىۋە. جىنلارنىڭ بەزىسى ئوت ئۆچۈردى، بەزىسى جىمى يەرنى ئاختۇرۇپ ئۇنىڭ قارىسىنىمۇ تاپالمىدى. دىۋە غەزەپكە كېلىپ:

— «بارسا كېلەر»نىڭ قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ بىزگە گەپ قىلغان، يېنىمىزدا تۇرغان، پەيت كۈتۈپ قوڭغۇرىقىمىزنى ئوغرىلىغان قانداق قاپ يۈرەك ئوغرىدۇ ئۇ! ھېلىمۇ ياخشى، قوڭغۇراقنى ئېلىپلا چىقىپ كەتمەپتۇ! ناۋادا ئاچىقىپ كەتكەن ھەم شامالغا كۆرسەتكەن بولسا قانداق بولاتتى؟

— غوجامنىڭ تەلىيى بار ئىكەن. غوجام بىزدىن خاپا بولسىلىرىمۇ ھەق. بۇندىن كېيىن سەگەك بولىمىز، — دېدى يولۋاس سەركەردە ئالدىغا چىقىپ.

— غوجام، ئوغرى باشقا بىرى ئەمەس. ئۇ چوقۇم چاپاۋۇلىمىزنى يەڭگەن سۈن ۋۇكۇڭ. ئۇ يولدا «بارسا كېلەر»نى ئۇچرىتىپ قېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن، سېرىق ئەلەم، مىس تەبىل، ھەم تەمتەكنى ئېلىۋېلىپ «بارسا كېلەر»نىڭ قىياپىتىگە كىرىپ بۇ يەرگە كېلىپ ئۆزلىرىنى ئالدىغان بولۇشى مۇمكىن، — دېدى ئېيىق سەركەردە.

— شۇنداق! شۇنداق! بۇ گەپ ئورۇنلۇق! — دېدى دىۋە ۋە

ۋارقىرىدى، — لەشكەرلەر، ئوبدان ئاختۇرۇڭلار، ئېھتىيات قىلىڭلار، ئىشكنى ئېچىپ ئۇنى قاچۇرۇۋەتمەڭلار! چاپىقىنى ئوڭشايمەن، دەپ كۆزىنى جىرتاق قىلىش دېگەن شۇ ـ دە.

سۇن ۋۇكۇڭنىڭ جىنلاردىن قانداق قۇتۇلغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

## يەتمىش بىرىنچى باب

### *سوۋ ۋۇكوڭنىڭ يالغان نام بىلەن دىۋىنى تەسلىم قىلغانلىقى*
### *ئاۋالوكىتىسۋارانىڭ ئۆزىنى ئاشكارىلاپ دىۋىنى تۇتقانلىقى*

ئەلقىسسە ، سەي تەيسۇي ئالدى ـ ئارقا ئىشىكلەرنى چىڭ ئەتكۈزۈپ قاتتىق ئاختۇرۇش قىلدى . گۇگۇم چۈشكۈچە پاتىپاراق بولۇشتى . ئەمما ، سۇن ۋۇكۇڭنى تاپالمىدى . ئۇ شۇپىتىڭدا ھەرقايسى ئىشىكلەرگە قوڭغۇراق ئېسىپ بەلگە بىرىشنى بۇيرۇپ ، يېرىم كېچىگىچە ئولتۇردى . چۈنكى بولۇپ ئىشىك تۈۋىدىكى تامغا چاپلىشىپ تۇرغان سۇن ۋۇكۇڭ ئالدى تەرەپنىڭ بەكمۇ چىڭ مۇداپىئە قىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئاستا ئۇچۇپ ھەرەمگە كىردى . قارىسا خان ئاغىچا جوزىغا يۈزىنى قويۇپ يىغلاۋاتاتتى . تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ئاھ ئۇراتتى . سۇن ۋۇكۇڭ يېنىككىنە ئۇچۇپ ئۇنىڭ قولىقى تۈۋىگە كېلىپ پىچىرلىدى :

— ئاغىچا خېنىم ، قورقمىسىلا . مەن پادشاھ ئەۋەتكەن دانىشمەن راھىب ، ماڭا زىيان ـ زەخمەت يەتمىدى . ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ پەرداز ئۈستەللىرىدىن قوڭغۇراقنى ئوغرىلىدىم ، يەنە تاقەت قىلىپ تۇرماي ئېچىپ كۆردۈم . خۇشاللىقىمدىن ھاپىلا ـ شاپىلا ئۇنىڭ ئاغزىغا تىقىلغان پاختىنى ئېلىۋېتىپتىكەنمەن ، قوڭغۇراق جىرىڭلاپ كېتىپ تۇتەك ، ئوت ، قۇم چىقىپ كەتتى . مەن ئالاقزادە بولۇپ ئالتۇن قوڭغۇراقلارنى تاشلىدىم ـ دە ، ئەسلىمگە كېلىپ كالتەكىمنى ئىشقا سالدىم . بىراق ، چىقىپ كېتەلمىدىم . جېنىمدىن جۇدا بولماي ، دەپ دەررۇ چىۋىنغا ئايلىنىپ تامغا

چاپلىشۋالدىم . سىلى يەنە ھىيلە ئىشلىتىپ ئۇنى چاقىرىپ كىرىپ مېھمان قىلسىلا ، مەن قوتۇلۇپ چىقىۋېلىپ ، سىلىنى باشقىچە يول بىلەن قوتۇلدۇراي .

خان ئاغىچا بۇنى ئاڭلاپ قورقۇپ كەتتى :

— سىز ھازىر نېمە ، ئادەممۇ ، جىنمۇ ؟

— مەن ھازىر ئادەممۇ ، جىنمۇ ئەمەس ، چۈشىنىمەن . سىلى قورقماي بېرىپ دېۋىنى چاقىرىپ كەلسىلە ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

خان ئاغىچا بۇنىڭغا ئىشىنەلمەي پىچىرلىدى :

— مېنى ئەخمەق قىلماڭ .

— سىلىنى ئەخمەق قىلىدىغانغا ھەددىممۇ دەيدىلا ؟ ئەگەر ئىشەنمىسىلە ئالىقانلىرىنى ئاچسىلا ، مەن ئالىقانلىرىغا قوناي ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

خان ئاغىچا سول قولىنىڭ ئالىقىنىنى ئاچتى . سۈن ۋۇكۇڭ ئۇچۇپ كېلىپ ئۇنىڭ ئالىقىنىغا چۈشتى . ئۇ ئالىقىنىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ :

— دانىشمەن راھىب ، — دەپ توۋلىغانىدى ، سۈن ۋۇكۇڭ ۋىڭىلداپ جاۋاب بەردى : — مەن دانىشمەن راھىبتىن ئۆزگەرگەن چىۋىن .

خان ئاغىچا شۇندىلا ئىشەندى - دە ، پىچىرلاپ مۇنداق دېدى :

— مەن دېۋىنى چاقىرىپ كەلسەم سىز قانداق قىلىسىز ؟

— «مەي دېسە جېنىنى بېرىپتۇ» دېگەن گەپ بار . سىلى ئۇنى مەيگە مەشغۇل قىلىلا . سىلى ھازىر ماڭا يېقىن دېدەكلىرىدىن بىرنى چاقىرتىپ كىرىپ كۆرسىتىپ قويسىلا . مەن شۇنىڭ سىياقىدا بولۇپ ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولاي . شۇنداق قىلساقلا ، قول سېلىش ئوڭاي بولىدۇ ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

— چۈنجىياۋ ، قېنى سەن ؟ — دەپ چاقىردى خان ئاغىچا . دەرپەردە ئارقىسىدىن تۈلكە پەرىزات چىقىپ تېز چۈكۈپ :

— خان ئاغىچا ، قانداق ئەمر - پەرمانلىرى باركىن ماڭا ؟—

دېدى .

— بېرىپ ئاۋۇلارغا ئېيت ، ماڭا پانۇس ئەكېلىپ بەرسۇن . ئاندىن مېنى يۆلەپ ئالدىنقى سارايغا باشلاپ چىق ، غوجامنى چاقىرىپ كىرىپ ئارام ئالغۇزىمەن ، — دېدى خان ئاغىچا .

چۇنجياۋ دەرھال بېرىپ يەتتە - سەككىز كېنىزەك كېيىك ۋە تۈلكە پەرىزاتنى چاقىردى . ئۇلار ئىككى جۈپ پانۇس ، بىر جۈپ چوغدان كۆتۈرۈپ ئىككى ياندا ماڭدى . خان ئاغىچا ئوتتۇرىدا ماڭدى . سۇن ۋۇكۇڭ ئۇچۇپ تۈلكە پەرىزاتنىڭ ئۈستىگە قونۇپ ، ئۇنىڭ بېشىدىن بىر تال تۈكنى يۇلۇۋېلىپ «ئۆزگەر !» دەپ بىر پۈۋلىگەنىدى ، شۇئان ئۇخلاتقۇچ قۇرتقا ئايلاندى . ئاندىن ئۇنى چۇنجياۋنىڭ يۈزىگە قويغانىدى ، ئۇنى دەرھال مۈگدەك باستى . ئۇ ئالدىراپ - تېنەپ ئۇخلايدىغان جاي تېپىپ خورۇلداپ ئۇخلاپ كەتتى . سۇن ۋۇكۇڭ پەسكە چۈشۈپ بىر دومىلاپلا چۇنجياۋنىڭ قىياپىتىگە كىردى - دە ، دەرپەردىنى ئايلىنىپ توپقا قوشۇلۇۋالدى . بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن .

ئەلقىسسە ، خان ئاغىچىنىڭ كېلىۋاتقىنىنى بىر جىن كۆرۈپ قېلىپ سەي تەيسۇيگە خەۋەر قىلدى :

— غوجام ، خان ئاغىچا كەلدى .

دىۋە دەرھال شۆپىتىڭ شىپاڭدىن چىقىپ ئۇنىڭغا ئالدىغا كەلدى .

— غوجام ، ئوت ، تۈتەك بېسىقىپتۇ ، ئوغرى بولسا ئاقتىمۇ - كۆكتىمۇ يوق . كەچ بولۇپ كەتتى ، ئۆزلىرىنى ئارام ئېلىۋالامدىكىن ، دەپ ئالايتەن چاقىرغىلى چىقتىم ، — دېدى خان ئاغىچا .

دىۋە خۇشال بولۇپ كېتىپ :

— خېنىم ، ھىممەتلىرىگە رەھمەت . باياتىنقى ئوغرى سۇن ۋۇكۇڭ ئىكەن . ئۇ باشقىچە قىياپەتتە كىرىپ بىزنى ئالداپتۇ . قاتتىق ئاختۇرۇپ ئۇنى ھېچ يەردىن تاپالماي پاراكەندە بولۇپ

ئولتۇرىمەن ، — دېدى .

— ئۇ بىرنىمە قىچىپ قۇتۇلالمايدۇ . غوجام ، خاتىرجەم بولۇپ ئارام ئېلىۋالسىلا ، — دېدى خان ئاغىچا .

دىۋە خان ئاغىچىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قىلىۋاتقانلىقىدىن ئۇنىڭ رايىنى قايتۇرغۇسى كەلمەي جىنلارغا پارقىراق قوڭغۇزدىن ئېھتىيات قىلىش ، ئوغرى - قاراقچىلاردىن ھېزى بولۇشنى تاپىلاپ قويۇپ ، خان ئاغىچا بىلەن ھەرەمگە ماڭدى . چۇنجىياۋ قىياپىتىگە كىرىۋالغان سۈن ۋۇكۇڭ ئىككى قاتار دېدەكلەر بىلەن بىرگە ھەرەمگە كىردى .

— مەي كەلتۈرۈڭلار ، غوجام ھاردۇق چىقارسۇن ، — دېدى خان ئاغىچا .

— شۇنداق بولسۇن ! شۇنداق بولسۇن ! دەرھال مەي كەلتۈرۈڭلار ، خېنىم بىلەن ئىچىپ ئىچىمىزدىكى ۋەھىمىنى تۈگىتەيلى ، — دېدى دىۋە .

«يالغان چۇنجىياۋ» جىنلار بىلەن بىرلىكتە مېۋە - چېۋە ، مەي ۋە تائام كەلتۈردى ، شىرەلەرنى تىزىپ راسلىدى . خان ئاغىچا بىر قەدەھنى كۆتۈردى ، دىۋىمۇ بىر قەدەھنى كۆتۈردى ، ئاندىن ئىككىيلەن قەدەھلىرىنى ئالماشتۇردى . «يالغان چۇنجىياۋ» مەي چەينىكىنى تۇتۇپ ياندا تۇرۇپ :

— غوجام بىلەن خان ئاغىچا تېخى بۈگۈن قەدەھ ئالماشتۇرۇپ مەي ئىچتى . بۇ شادلىق شارابىنى ئىككىلىرى تۈگىتىپ ئىچىشسىلە ، — دېدى .

ئۇلار قەدەھلىرىنى يەنە لىق توشقۇزۇپ گۇپپىدىلا ئىچىۋەتتى .

— غوجام بىلەن خان ئاغىچا خۇشال جەم بولدى . دېدەكلەر ناخشا ئېيتىپ ، ئۇسسۇل ئويناپ بۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئاچسۇن ، — دېدى يەنە «يالغان چۇنجىياۋ» .

گەپ تۈگەر - تۈگىمەستىن ناخشا - ئۇسسۇل باشلىنىپ كەتتى . ئۇلار خېلى ۋاقىتقىچە ئىچىشكەندىن كېيىن خان ئاغىچا ناخشا - ئۇسسۇلنى توختىتىۋەتتى . دېدەكلەر ئىككى قاتار بولۇپ

دەرپەردىنىڭ تېشىغا چىقىپ تۇردى. يالغۇز «يالغان چۈنجىياۋ» قېپقېلىپ ئۇلارغا مەي قويۇپ تۇردى. دىۋە بىلەن خان ئاغىچا ئەر - خوتۇنلار ئارىسىدا بولىدىغان گەپلەرنى قىلىشتى. خان ئاغىچا شۇنداق شېرىن - شېكەر گەپلەر، ناز - خۇلقلارنى قىلدىكى، دىۋە ئېرىپلا كەتتى. يامان يېرى خان ئاغىچىغا يېقىن كېلەلمىدى.

ئۇلار بىرپەس كۆلكە - پاراڭلار بىلەن بولغاندىن كېيىن:

— غوجام، ئەڭگۈشتەرلىرى زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىمىغاندۇ - ھە؟ — دەپ سورىدى خان ئاغىچا.

— ئۇ دېگەن قاتتىق تاۋلانغان نەرسە تۇرسا قانداقسىگە زىيان - زەخمەت يېتىدىكەن! ئوغرى پەقەت ئۇنىڭ ئاغزىغا تىقىلغان پاختىنى ئېلىۋېتىپتۇ، يىلپىز تېرىسىنى كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ، — دېدى دىۋە.

— ئۇنى قانداق يىغىۋالدىڭىز؟ — دېدى خان ئاغىچا.

— ئۇنى يىغىۋېلىش كەتمەيدۇ. بېلىمگە باغلىۋالدىم، — دېدى دىۋە. «يالغان چۈنجىياۋ» بۇنى ئاڭلاپلا بىر تال موينى يۇلۇپ چاينىپ پارچىلىدى، ئاندىن ئاستاغىنە دىۋىگە يېقىن كېلىپ، مويلارنى ئۇنىڭ بەدىنىگە قويۇۋېتىپ، ئۇنىڭغا تۇيدۇرماستىن بىر پۈۋلەپ «ئۆزگەر!» دېگەنىدى، موي دەررۇ پىت، بۈرگە، چۈسىغا ئايلىنىپ دىۋىنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئۇنى تازا چاققىلى باشلىدى. قىچىشقا چىدىمىغان دىۋە قولىنى قوينىغا سېلىپ تاتىلىدى ۋە بىرقانچە پىتنى تۇتۇۋېلىپ، چىراغقا ئەكېلىپ قارىدى. خان ئاغىچا ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ:

— غوجام، كىيىملىرىنى ئۇزاقتىن بۇيان ئالماشتۇرماي، يۇدۇرماي كىيىۋەرگەچكە، پىت بولۇپ قالغان ئوخشايلا، — دېدى.

— مەندە بۇنداق نىمە زادى يوق ئىدى. بۈگۈن كېچە ئەجەب سەت بىر ئىش بولدىغۇتاڭ، — دېدى دىۋە خىجىل بولۇپ.

— قانداق سەت ئىش بولدى؟ «پادىشاھنىڭ بەدىنىمۇ پىتلايدۇ» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ. كىيىملىرىنى سالسىلا، مەن بېقىپ بېرەي، — دېدى خان ئاغىچا. دىۋە راستىنىلا كىيىمىنى

سېلىپ بەردى.

«يالغان چۈنجىۋاڭ»مۇ دېۋىنىڭ بەدىنىگە زەن قويۇپ قارىدى. كىيىمىنىڭ قات - قېتىدا پىت، بۈرگە، چۈشى قىمىرلاپ كەتكەنىدى. قوڭغۇراقلاردىمۇ لۈمۈلدەپ يۈرۈشەتتى.

— غوجام، قوڭغۇراقنى يېشىپ ماڭا بەرسىلە، ئۈنىڭدىكى پىتلارنى ئۆلتۈرۈپ بېرەي، — دېدى ئۇ. دېۋە ئىزا ۋە ھولۇقۇشتىن راست - يالغاننى پەرق قىلالماي، ئۈچ قوڭغۇراقنى يېشىپ «يالغان چۈنجىۋاڭ»غا بەردى. ئۇ قولىغا ئېلىپ پىتلار بىلەن خېلى ئۇزاق ھەپىلەشتى. دېۋىنىڭ بېشىنى تۆۋەن قىلىپ كىيىم قېقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئالتۇن قوڭغۇراقلارنى تىقىۋەتتى، بەدىنىدىن بىر تال تۈكنى يۇلۇۋېلىپ ئۈچ قوڭغۇراققا ئايلاندۇرۇپ، چىراغقا تۇتۇپ تەكشۈرۈپ كۆردى؛ ئاندىن پىت، بۈرگە، چۈشلارنى ئۆز تېنىگە قايتۇرۇۋېلىپ جا قوڭغۇراقلارنى دېۋىگە بەردى. دېۋە ئىزا ۋە قىچىشىشنىڭ دەردىدە ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالمايۋاتقاندا، جىڭ، جانى نەدىمۇ پەرق ئېتەلىسۇن. ئۇ قوڭغۇراقلارنى قوش قوللاپ خان ئاغىچىغا تۇتۇپ:

— بۇنى بۈگۈن ئۆزلىرى ساقلىسىلا. بەك، بەك ئېھتىيات قىلسىلا، ئۆتكەنكىدەك ئىش بولمىسۇن، — دېدى. خان ئاغىچا ئۇنى ئېلىپ كىيىم ساندۇقنى ئاستا ئاچتى. قوڭغۇراقلارنى سالغاندىن كېيىن قۇلۇپنى چىڭ ئەتتى. ئاندىن دېۋە بىلەن بىرقانچە قەدەھ مەي ئىچتى ۋە دېدەكلەرگە:

— كارىۋاتنى پاكىز تازىلاپ، كىمخاب يوتقانلارنى سېلىڭلار، مەن غوجام بىلەن بىرگە ياتىمەن، — دېدى.

— رەھمەت! قۇللۇق! ھەددىم ئەمەس. مەن كېنىزەكلەر بىلەن غەربىي ھەرەمدە ياتاي، خېنىم، ئۆزلىرى ئارامخۇدا ياتسىلا، — دېدى دېۋە كەينى - كەينىدىن ئۆزرە ئېيتىپ، ئۇلارنىڭ جاي - جايىدا ئۇخلاپ قالغانلىقى مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەلقىسسە، «يالغان چۈنجىياۋ» ئەڭگۈشتەرنى بىلىگە باغلاپ ئۆز قىياپىتىگە كىرىپ ئالدىغا ماڭدى. قوڭغۇراقلار تەڭلا جىرىڭلاپ ئۈچىنچى جىسەك ۋاقتى بولغانلىقىنى ئۇقتۇردى. سۇن ۋۇكۇڭ ئەپسۇن ۋە ئايەت ئوقۇپ كۆزگە كۆرۈنمەس بولۇپ ئىشىك ئالدىغا كەلدى. ئىشىكلەرنىڭ چىڭ قۇلۇپلانغانلىقىنى كۆرۈپ ئالتۇن توقىسىنى ئالدى. ئۇنى ئىشىككە تەڭلەپ تۇرۇپ قۇلۇپ ئېچىش ھۆنىرىنى ئىشلىتىۋىدى، ئىشىك ئاستا ئېچىلدى. ئۇ شاققىدە تاشقىرىغا چىقىۋېلىپ:

— سەي تەيسۇي! خانىشنى قايتۇرۇپ بەر! — دەپ ئارقا - ئارقىدىن بىرقانچە قېتىم توۋلىدى. چوڭ - كىچىك جىنلار ساراسىمىگە چۈشۈپ دەررۇ ئىشىككە قارىسا، ئالدى ئىشىك ئوچۇق تۇراتتى. شۇئان قۇلۇپنى ئىزدىسە، قۇلۇپ ئىشىككە سېلىنغان پېتى تۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرقانچە جىن ئىچكىرىگە كىرىپ خەۋەر يەتكۈزدى.

— غوجام، بىرى تاشقىرىدا سىلىنىڭ ئىسمىلىرىنى توۋلاپ، خانىشنى قايتۇرۇپ بەر، دەۋاتىدۇ!

ئىچكىرىدىكى كېنىزەكلەر تاشقىرىغا چىقىپ پىچىرلاپ:

— ۋارقىرىماڭلار. غوجىمىز تېخى ئەمدىلا ئۇخلىدى، — دېدى.

سۇن ۋۇكۇڭ يەنە ۋارقىرىدى. جىنلار دىۋىنى پاراكەندە قىلىشقا پېتىنالمىدى. بۇ ئىش ئۈچ - تۆت مەرتەم تەكرارلانغان بولسىمۇ، جىنلار خەۋەر قىلىشقا پېتىنالمىدى. سۇن ۋۇكۇڭ تاكى تاڭ ئاتقۇچە چۇقان - سۈرەن سالدى. ئاخىر تاقىتى تاق بولۇپ ئىشىكنى تۆمۈر كالتىكىدە ئۇرۇشقا باشلىدى. ساراسىمىگە چۈشكەن جىنلارنىڭ بەزىلىرى ئىشىكنى توسۇدى، بەزىلىرى دىۋىگە خەۋەر يەتكۈزدى. دىۋە بىر ئۇخلاپ ئويغىنىپ ۋاراڭ - چۇرۇڭنى ئاڭلىدى، ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىم - كېچىكىنى كىيىپ تاشقىرىغا چىقىپ:

— نېمە ۋاراڭ - چۇرۇڭ بۇ؟ — دەپ سورىدى.

— كىمدۇ بىرى تاشقىرىدا كىچىچە تىللاپ چىقتى، ئەمدى ئىشىكنى ئۇرۇۋاتىدۇ، — دېيىشتى جىنلار تەزىم قىلىپ.

دىۋە ھەرەمدىن چىقىشىغا بىرقانچە خەۋەرچى ئالاقزادە بولغان ھالدا باش قويۇپ شۇنداق دېدى:

— تاشقىرىدا بىرى تىللاپ خان ئاغىچىنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ؛ ئۇنىڭغا «ياق» دىۋىدۇق، يامان گەپلەرنى، ھەتتا ئېغىزغا ئالغۇسىز گەپلەرنى قىلىپ تىللاپ كەتتى.

ئىشىكنى ئاچماي تۇرۇپ ئۇنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى، نام ـ شەرىپىنى سوراپ دەرھال ماڭا خەۋەر قىلىڭلار، — دېدى دىۋە.

جىن ئۇچقاندەك چىقىپ كېتىپ ئىشىك ئىچىدە تۇرۇپ:

— ئىشىكنى قېقىۋاتقان كىم؟ — دەپ سورىدى.

— مەن جوزى دۆلىتىدىن خانىشنى ئالغىلى كەلگەن ۋەي گوڭ بولىمەن، — دېدى سۇن ۋۇكوڭ.

جىن بۇنى ئاڭلاپ دەررۇ دىۋىگە خەۋەر قىلدى. دىۋە ئۇنىڭ كىملىكىنى سوراپ ئۇقاي، دەپ ھەرەمگە كىردى. خان ئاغىچا تېخى يېڭىلا تۇرغانىدى. دىۋە ئۇنىڭدىن سورىدى:

— خېنىم، ئوردىڭىزلاردا قانچىلىك سەردار، سەركەردە بار؟

— ئوردىدا مۇھاپىزەتچى نۆكەردىن قىرىق سەككىزى، ئالىي سەركەردىدىن مىڭى بار؛ ھەرقايسى جايلاردىكى سەردار ۋە قورىبېشى دېگەنلەر لەكمىڭ ـ لەكمىڭ، — دېدى خان ئاغىچا.

— ئۇلارنىڭ ئىچىدە ۋەي جەمەتىدىكىلەر بارمۇ؟ — دەپ سورىدى دىۋە.

— ئوردا ئىچىدە شاھىمغا قول ـ قانات بولىدىغانلار، سىرتتا ئىش بېجىرىدىغانلار ناھايىتى جىق. ئۇلارنىڭ قايسىبىرىنىڭ نامۇنەسەبى ئېسىمدە قالسۇن؟! — دېدى خان ئاغىچا.

— ھازىر كەلگىنى ئۆزىنى ۋەي گوڭ، دەۋاتىدۇ. مېنىڭچە، ئىسىملىكلەر دەستۇرىدا «ۋەي» دېگەن جەمەت نامى يوق. خېنىم، سىلى جىق كىتابلارنى كۆرگەن. قايسى كىتابتا شۇنداق جەمەت نامى

بارلىقى يادىلىرىدا بارمۇ؟ — سورىدى دىۋە.

— مىڭ خەتلىك بىر دەستۇردا «ۋەي ئۇستازىنىڭ نەسىھىتىنى قوبۇل قىلدى» دېگەن گەپنى كۆرگەنىدىم. شۇنىڭغا ئوخشاش بىر جەمەت نامى بولسا كېرەك، — دېدى خان ئائىچا.

— شۇنداق! شۇنداقتۇر! — دېدى دىۋە خوش بولۇپ، ئاندىن خان ئائىچا بىلەن خوشلىشىپ شۆپىتىڭ شىپاڭىغا كەلدى. ئۇ قوراللىنىپ، نۆكەرلىرىنى ئېلىپ، ئىشىكنى ئاچقۇزۇپ سىرتقا چىقتى. ئاندىن گۈل چېكىلگەن ئايپالتىنى تۇتۇپ ۋارقىرىدى:

— جۇزى دۆلىتىدىن كەلگەن ۋەي گۇڭ قايسىڭ؟

سۈن ۋۇكۇڭ ئوڭ قولىدا ئالتۇن توقىسىنى تۇتۇپ، سول قولىدا ئۆزىنى كۆرسىتىپ:

— هوي بالا، مېنى توۋلاپ نېمە قىلىسەن؟ — دېدى.

بۇنى كۆرۈپلا دىۋىنىڭ ئەرۋاهى قىرىق گەز ئۇچتى:

— قائىدە - يوسۇن ئۇقمايدىغان مەخلۇق، نېمەڭگە ئادەم بوزەك قىلىسەن!

— پادىشاھنى بوزەك قىلغان بەتبەخت، كۆزى ئوچۇق كور! بەش يۈز يىل مۇقەددەم ئەرشنى مالىمان قىلغان چېغىمدا، ئەرشئەلادىكى تەڭرىلەرمۇ مېنى كۆرگەندە «غوجام» دېمەي گەپ قىلمىغان؛ ئەجەبا، مېنى «ۋەي گۇڭ» دەيدىغانغا مەن ساڭا نېمە قىلغان!

— خەپ توختاپ تۇر قاپ يۈرەك مايمۇن! سەن قۇتۇلغىنىڭغا شۈكۈر قىلىپ تاڭ سېڭنى مۇھاپىزەت قىلىپ غەربكە كېتىۋاتقاندىن كېيىن، نېسىۋەڭگە شۈكۈر قىلىپ يولۇڭغا ماڭماي، نېمىدەپ يوقىلاڭ ئىشلارغا ئارىلىشىپ جۇزى دۆلىتىدىكىلەرنىڭ غالچىلىقىنى قىلىپ بۇ يەرگە ئۆلۈم پۇراپ كەلدىڭ؟ — دېدى دىۋە غەزەپ بىلەن.

سۈن ۋۇكۇڭ ھۆركىرەپ كەتتى:

— داپ يۈز ئوغرى! ئاغزىڭنى چايقىۋېتىپ گەپ قىل! مەن جۇزى دۆلىتى پادىشاھىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى ۋە مېھىر -

شەپقىتىنى كۆردۇم. مەن پادىشاھتىن مىڭ ھەسسە ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىمەن! شۇڭا ئۇ مېنى ئاتا ـ ئانىسىدىن بەك ئەزىزلىدى، ماڭا ئەۋلىيا ـ ئەنبىيا قاتارىدا چوقۇندى. شۇنداق تۇرسا مېنى «غالچا» دېگەن گەپ ئاغزىڭغا قانداق پاتتى! ياماندىن قورقۇپ، ياۋاشنى بوزەك قىلىدىغان پەسەندى ئىكەنسەن! توختا! چوڭ داداڭنىڭ كالتىكىنى بىر تېتىپ باق!

دىۋە ئالاقزادە بولۇپ دەررۇ ئۆزىنى قاچۇردى ـ دە، نەقىشلىك ئايپالتىسى بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتتى. بۇ ئىككىيلەننىڭ بىرى چىشلىرىنى غۇچۇرلىتاتتى، بىرى غەزەپ بىلەن ھەيۋە قىلاتتى. بۇلۇت ـ تۇمانلار ئۇيان ـ بۇيان سۈرۈلۈپ، تاش ـ شېغىللار سۈرۈلدى. كېلىپ ـ كېتىپ، موللاق ئېتىشىپ ئەللىك مەرتەم ئېلىشتى. يېڭىش ـ يېڭىلىش ئايرىلمىدى. دىۋە سۈن ۋۇكۇڭنىڭ ئۆزىدىن كۈچلۈكلۈكىگە، ئۇنى يېڭەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى ـ دە، ئايپالتىسىدا تۆمۈر كالتەكنى توسۇپ تۇرۇپ:

— سۈن دەرۋىش، توختا. مەن بۈگۈن ئەتىگەن ناشتىمۇ قىلمىغاندىم. كىرىپ ناشتا قىلىۋېلىپ چىقىپ ئاندىن سەن بىلەن كۈچ ئېلىشاي، — دېدى. ئۇنىڭ ئالتۇن قوڭغۇراقلارنى ئالغىلى كىرمەكچى بولۇۋاتقىنىنى بىلگەن سۈن ۋۇكۇڭ تۆمۈر كالتىكىنى پەسكە چۈشۈرۈپ:

— ئوغۇل بالا ھارغان توشقاننى قوغلىمايدۇ. ماڭ، ئىشىڭنى قىل! قورسىقىڭنى ئوبدان تويغۇزۇپ كەل. ئارمانسىز جەھەننەمگە كېتىسەن! — دېدى.

دىۋە شاققىدە كەينىگە يېنىپ پالاقلاپ ئىچكىرىگە كىردى ـ دە، خان ئاغىچىغا:

— دەرھال ئەڭگۈشتىرىمنى ئېلىپ بەرسىلە! — دېدى.

— ئۇنى نېمە قىلىدىلا؟ — دېدى خان ئاغىچا.

— ئەتىگەن مېنى جەڭگە چاقىرغان ئادەم بۇددا نومىنى ئالغىلى كېتىۋاتقان شەيخنىڭ سۈن ۋۇكۇڭ ئىسىملىك شاگىرتى ئىكەن. ئۇ يالغاندىن ئۆزىنى «ۋەي گۇڭ» دەۋاپتۇ. مەن ئۇنىڭ بىلەن تاكى

ھازىرغىچە ئېلىشتىم، يېڭىش - يېڭىلىش ئايرىلمىدى. ئەمدى ئەڭگۈشتىرىمنى ئاچقىپ تۇتەك، ئوت قويۇپ ئۇ مايمۇننى كۆيدۈرۈۋېتىمەن، — دېدى دىۋە.

خان ئاغىچا بۇنى ئاڭلاپ ئىنتايىن بىئارام بولدى؛ قوڭغۇراقنى بەرمەي دېسە، دىۋىنىڭ گۇمانلىنىپ قېلىشىدىن؛ بېرەي دېسە، سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يېتىشىدىن قورقتى. شۇ خىيال بىلەن ئىككىلىنىپ تۇرغاندا، دىۋە ئالدىرىتىپ: «تېزرەك ئېلىپ بەرسىلە!» دېدى. خان ئاغىچا نائىلاج قولۇپنى ئېچىپ ئۈچ قوڭغۇراقنى ئېلىپ دىۋىگە بەردى. دىۋە ئۇنى ئېلىپلا غاردىن چىقتى. خان ئاغىچا ھەرەمدە سۇن ۋۇكۇڭ قېچىپ قۇتۇلالارمۇ، قانداق بولار؟ دەپ غەمگە چۆكتى، كۆز ياشلىرى يامغۇردەك تۆكۈلدى. دىۋىمۇ، خان ئاغىچىمۇ بۇنىڭ يالغان قوڭغۇراق ئىكەنلىكىنى بىلمىدى.

دىۋە غاردىن چىقىپ ئۆزىچە كېرىلىپ:

— سۇن دەۋش، قاچما! قوڭغۇراقلىرىمنىڭ كارامىتىنى بىر كۆرۈپ قوي! — دېدى.

— سەندە قوڭغۇراق بولسا مەندە يوقمىكەن؟ سەن ئۇنى چالساڭ مەن چالالمامدىكەنمەن؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ.

— سەندە قانداق قوڭغۇراق بار، ئالغىنە كۆرۈپ باقاي، — دېدى دىۋە. سۇن ۋۇكۇڭ تۆمۈر كالتىكىنى يىڭنىچىلىك قىلىپ قۇلىقىغا سېلىپ قويدى. بېلىدىن ئۈچ قوڭغۇراقنى يېشىۋېلىپ دىۋىگە كۆرسەتتى:

— مانا مېنىڭ ئالتۇن قوڭغۇرىقىم.

دىۋە ئۇنى كۆرۈپلا چۆچۈپ كېتىپ ئىچىدە مۇنداق دېدى: «توۋا! توۋا! ئۇنىڭ قوڭغۇرىقى مېنىڭكىگە نېمانداق ئوخشايدىغاندۇ! بىر قېلىپتىن چىققان نەرسىنىڭمۇ ئاز - تولا پەرقى بولىدۇ. بۇلار بولسا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغۇ؟»

— سەن قوڭغۇرىقىڭنى قەيەردىن ئالغان؟ — سورىدى دىۋە.

— ھوي بالا، سەن قوڭغۇرىقىڭنى قەيەردىن ئالغان؟ — دېدى

سۇن ۋۇكۇڭ. دىۋە راستچىل ئىدى. ئۇ مۇنداق دېدى:

*تەرنەتتە خىزىر تەيچىڭ مۇكەممەل،*
*سەككىز قىسمەت ئۇچىقىدا تاۋلانغان.*
*پېشۋادىن تاھازىرغىچە بىردىنبىر،*
*ئەڭگۈشتەرى يول كۆرستەر ھەرقاچان.*

— مېنىڭ قوڭغۇرىقىممۇ شۇنداق، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.
— سېنىڭ قوڭغۇرىقىڭ قەيەردىن چىققان؟ — دېدى دىۋە.
سۇن ۋۇكۇڭ مۇنداق دېدى:

*قوڭغۇرىقىم تاۋلانغان شۇ ئوچاقتا،*
*تاۋلاندى بۇ ھوببى ناياب چۇشەنسەڭ.*
*سەندىكىمۇ، مەندىكىمۇ ئەڭگۈشتەر،*
*بىرى چىشى، بىرى ئەركەك چۇشەنسەڭ.*

— قوڭغۇراق ئۇچىدىغان قۇش ياكى چاپىدىغان ھايۋان ئەمەسقۇ، ئۇنىڭ ئەركەك - چىشىلىقىنى قانداق ئايرىغىلى بولىدۇ؟ چالغاندا كارامەت كۆرستەلىگىنى ياخشى! — دېدى دىۋە.
— ئېغىزدىكى گەپكە ئىشەنگىلى بولمايدۇ. قىلغان ئىشقا قاراپ بىر نەرسە دەيلى. قېنى سەل ئاۋۋال چېلىپ باق، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ. دىۋە دەرھال بىر قوڭغۇراقنى ئۈچ قېتىم چالغاندى، ئوت چىقمىدى؛ ئىككىنچىسىنى چالغاندى، تۈتەك بولمىدى؛ ئۈچىنچىسىنى ئۈچ قېتىم چالغاندى، قۇم چېچىلمىدى. دىۋە ئالاقزادە بولۇپ كەتتى:
— ۋاي توۋا! ۋاي توۋا! جاھان ئۆزگىرىپتۇ! بۇ قوڭغۇراق قورقۇۋاتقان ئوخشايدۇ؛ چىشىسى ئەركىكىنى كۆرۈپ چىقمايۋاتىدۇ.
— توختاپ تۇر، ئەمدى مېنىڭ چالغىنىمنى كۆر! — دېدى

سوْن ۋوْكوْك ۋە ئوْچ قوڭغوْراقنى تەڭلا چالدى . شوْئان قىپقىزىل ئوت ، كۆك توْتەك ، سېرىق قوْم تەڭلا چىقىپ ۋاش - ۋوْش ، گوْلدوْر - تاراق قىلىپ تاغ ۋە دەل - دەرەخلەرنى كۆيدوْروْشكە باشلىدى . سوْن ۋوْكوْك دەررۇ ئەپسوْن ئوقوْپ ئاسمانغا قاراپ ئىلتىجا قىلدى : «شامال كەل !» شوْئان شامال ئوتنى ئوْلغايتتى ، ئوت شامال بىلەن تېخىمۇ ھەيۋىسىنى كۆرسەتتى . ھەممە ياق قىپقىزىل ئوت ، قاپقارا توْتەك بىلەن قاپلاندى ، سېرىق قوْم يەروْئاسماننى قاپلىدى ! سەي تەيسوْينىڭ قورقوْپ جان - پېنى چىقىپلا كەتتى . قاچىدىغان جاي تاپالماي قالدى . ئوت دېڭىزىدىن قانداقمۇ قوْتوْلغىلى بولسوْن !

شۇ ئەسنادا ئاسماندىن قاتتىق توۋلىغان ئاۋاز كەلدى : «سوْن ۋوْكوْك ، مەن كەلدىم !» سوْن ۋوْكوْك دەرھال بېشىنى كۆتوْروْپ قارىسا ئاۋالوكتىسۋارا بوْدساتۋا ئوڭ قولىدا پاكىز شېشە ، سول قولىدا تېرەك - سۆگەتنى توْتوْپ يامغوْر چېچىپ ئوتنى ئۆچوْروْۋاتاتتى . سوْن ۋوْكوْك ئالمان - تالمان قوڭغوْراقلارنى بېلىگە چىگىپ ئالىقىنىنى جوْپلەپ تەزىم قىلدى . بوْدساتۋا سۆگەت شاخلىرىدا ئارقا - ئارقىدىن يامغوْر چېچىۋىدى ، ھەش - پەش دېگوْچە توْتەك ، ئوت يوق بولدى ، سېرىق قوْممۇ غايىب بولدى .

— پاسىبانىمنىڭ كەلگىنىنى بىلمەي ئەدەپسىزلىك قىلىپ قويۇپتىمەن . قەيەرگە ماڭدىلىكىن ؟ — دېدى سوْن ۋوْكوْك باش قويوْپ .

— مەن ئالايىتەن بۇ دۇنىنى ئەكەتكىلى كەلدىم ! — دېدى بوْدساتۋا .

— بۇ بىرنېمە قەيەردىن كەلگەن ؟ ئەجەبا ئوْنى ئېلىشقا ئۆزلىرى كېلىپ قاپتىلا ، — دېدى سوْن ۋوْكوْك .

— ئۇ مېنىڭ مىنىپ يوْرىدىغان ئالتوْن مويلوْق ھايۋىنىم ئىدى . پادىچى ئوْخلاپ قېلىپ بىخەستەلىكتە توْروْپ قاپتىكەن ، بۇ ھارامزادە زەنجىرنى ئوْزوْپ قېچىپ كەپتۇ ۋە جوْزى دۆلىتى پادىشاھىغا ئاپەتنى يوقىتىپ بېرىپتۇ ، — دېدى بوْدساتۋا .

— گەپىڭ ئەكسىنى قىلىپ قويدىلا ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ئېگىلىپ تۇرۇپ ، — ئۇ بۇ يەردە ياماندىن قورقۇپ ياۋاشنى بوزەك قىلىپ ، ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى بۇزۇپ يۈرۈپتۇ . ئۇ پادىشاھقا ئاپەت كەلتۈرگەن تۇرسا ، قانداقسىگە ئاپەتنى يوقاتتى ، دەيدىلا ، بۇ زادى نېمە گەپ ؟

— سىز بىلمەيسىز . ئۆز ۋاقتىدا جۇزى دۆلىتىدە بۇرۇنقى پادىشاھ تەختتە بولۇپ ، ھازىرقى پادىشاھ بولسا شاھزادە ئىدى ، ئۇستا ئوۋچى ۋە مەرگەن ئىدى . ئۇ ئادەم ۋە ئاتلار بىلەن بۈركۈتلەرنى ئېلىپ لوفېڭ ئېدىرىغا ئوۋغا كەلگەن . غەربتىكى توز ئىلاھ ئانا بۇدساتۋا دامىڭۋاڭدىن ئىككى بالا تۇغقانىدى . ئەركەك ۋە چىشى توز چۇجىلىرى تاغ باغرىدا ئولتۇرغانىكەن . پادىشاھ ئوقيا ئېتىپ ئەركەك توزنى يارىلاندۇرۇپتۇ . چىشى توزمۇ ئوقيانى يەپ جېنىدىن جۇدا بوپتۇ . ئىلاھ ئانىغا بۇ قاتتىق ئەلەم قىلىپ ، بۇدساتۋاغا ئۇنى ئۈچ يىل جۇدالىق دەردىگە مۇپتىلا قىلىپ دائىم نالە قىلىدىغان كېسەلگە گىرىپتار قىلىشنى تاپىلاپتۇ . شۇ چاغدا مەن بۇنىڭغا مىنىپ بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتىم . بۇ گەپنى بۇ مەخلۇق ئاڭلىغان . كىم بىلسۇن ، ئۇ مۇشۇ گەپ بىلەن كېلىپ خانىشنى ئالداپ ئەكېلىپ پادىشاھنى ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ قويۇپتۇ . شۇ ئىشقا بۈگۈن ئۈچ يىل بولۇپ ، ناھەق جازا مۇددىتى توشقانلىقى ئۈچۈن بۇ دىۋىنى ئالغىلى كەلدىم .

— بۇدساتۋا ، ئىش شۇنداق ئىكەن . لېكىن ، دىۋە خانىشقا نىيىتىنى يامان قىلىپ ، ئۆرپ ـ ئادەتنى بۇزۇپ ، قانۇن ـ ئەھكامغا خىلاپلىق قىلدى ، شۇ گۇناھى ئۈچۈن ئۆلۈمگە لايىق . بۈگۈن ئۆزلىرى كېلىپتىلا ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ بىر قوشۇن قېنىدىن كېچەي ، بىراق ئۇنى جازالىمىسام بولمايدۇ ، ئۇنى يىگىرمە كالتەك ئۇرۇۋالاي ، ئاندىن ئەكەتسىلە ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— سۇن ۋۇكۇڭ ، مېنىڭ نېمە ئۈچۈن چۈشكەنلىكىمنى بىلدىڭ . شۇنداق ئىكەن ، مېنىڭ يۈزۈمنى قىلىپ ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئۆتكىن ؛ بۇمۇ سېنىڭ دىۋىنى تەسلىم قىلغانلىقىڭغا

ھېساب . ناۋادا كالتەكلەيدىغان بولساڭ ئۇ ئۆلۈپ قالىدۇ ، — دېدى بۇدساتىۋا . سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭغا قارشىلىق قىلىشقا پېتىنالمىدى . ئۇ تەزىم قىلىپ تۇرۇپ :

— بۇدساتىۋا ، ئۇنى قايتۇرۇپ ئەكەتكەندىن كېيىن ، ئىككىنچىلەپ ئىنسانلار ئارىسىغا قېچىپ چۈشۈپ ، كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىشىغا يول قويمىغايلا ، — دېدى . بۇدساتىۋا ۋارقىرىدى :

— ھوي مەخلۇق ، ئۆز قىياپىتىڭنى تاپماي قاچانغىچە ساقلىتىسەن مېنى ؟

دىۋە شۇئان بىر دومىلاپ ئەسلىي قىياپىتىگە كىردى . تۈكلىرىنى قېقىشتۇردى ـ دە ، بۇدساتىۋانى مىنگۈزۈۋالدى . بۇدساتىۋا ئۇنىڭ بوينىغا شۇنداق قاراپلا قوڭغۇراقلارنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ :

— سۇن ۋۇكۇڭ ، قوڭغۇراقلارنى بەرگىن ، — دېدى .

— ئۇنى بىلمەيمەن ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— ئوغرى مايمۇن ! ئۇنى سەن ئوغرىلىۋالمىغان بولساڭ ، بۇنىڭغا بىر سۇن ۋۇكۇڭ ئەمەس ، ئون سۇن ۋۇكۇڭمۇ يېقىن كېلەلمەيتتى ! بول ، دەرھال قايتۇرۇپ بەر ! — دېدى بۇدساتىۋا .

— راستىنلا كۆرمىدىم ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ .

— كۆرمىگەن بولساڭ بوپتۇ ، ئەمىسە مەن چەمبىرەك ئەپسۇنىنى ئوقۇيمەن ، — دېدى بۇدساتىۋا .

سۇن ۋۇكۇڭ ھولۇقۇپ دەرھال مۇنداق دېدى :

— ئوقۇمىسىلا ! ئوقۇمىسىلا ! مانا قوڭغۇراق .

بۇ بەئەينى بارچە گۇناھ ئۆزۈمدە تۇرۇپ ، قاپ كۆتۈرۈپ نەگە باراي ، دېگەننىڭ ئۆزى بولدى . بۇدساتىۋا قوڭغۇراقنى مەخلۇقنىڭ بوينىغا چىگىپ ئۇچۇپ كەتتى . بۇ مەخلۇقنىڭ تۆت پۇتىدا نىلۇپەر گۈللىرى ھۆپپىدە ئېچىلىپ ، پۈتۈن بەدىنىدىن ئالتۇن نۇرلار ھەر تەرەپكە چېچىلدى . شەپقەتچى بۇدساتىۋا جەنۇبىي دېڭىزغا كەتتى . بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن .

ئەلقىسسە ، سۇن ۋۇكۇڭ كىيىم - كېچەكنى تۈزەشتۈرۈپ ، تۆمۈر كالتەكنى ئويىنىتىپ يەك شاخ غارىغا كىردى - دە ، جىن - شەيتانلارنىڭ جەسىتىنى ئۆلتۈرۈپ تۈگەتتى . ھەرەمگە كىرىپ خانىشنى قايتىپ كېتىشكە تەكلىپ قىلدى . خانىش ئۇنىڭغا كۆپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى . سۇن ۋۇكۇڭ خانىشقا بۇدساتۋانىڭ دىۋىنى ئالغىلى كەلگەنلىكىنى ، شاھ بىلەن خانىشنى جۇدا قىلىش سەۋەبلىرىنى ئېيتىپ بەرگەنلىكىنى بىرقۇر سۆزلەپ بەردى ، ئاندىن يۇمشاق چۆپ يىغىپ كېلىپ ئەجدىھا ياساپ شۇنداق دېدى :

— خان ئاغىچا ، بۇنىڭغا چىقىپ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ ئولتۇرسىلا ، قورقمىسىلا ، مەن سىلىنى ئوردىغا ئاپىرىپ پادىشاھ بىلەن كۆرۈشتۈرىمەن .

خانىش ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلدى . سۇن ۋۇكۇڭ كارامىتىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى . خانىشقا پەقەت شامال ئاۋازىلا ئاڭلاندى .

ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلار شەھەرگە كەلدى . سۇن ۋۇكۇڭ بۇلۇتتىن چۈشۈپ : «خان ئاغىچا ، كۆزلىرىنى ئاچسىلا !» دېدى . خانىش كۆزىنى ئېچىپلا ھەشەمەتلىك ، ئېسىل ئوردا بىناسىنى تونۇدى - دە ، ئىچ - ئىچىدىن خۇش بولۇپ كەتتى . چۆپ ئەجدىھانى تاشلىۋېتىپ سۇن ۋۇكۇڭ بىلەن ئوردىغا كىردى . پادىشاھ بۇلارنى كۆرۈپ ئالمان - تالمان كارىۋاتتىن چۈشۈپ خانىشنىڭ قولىنى تۇتتى ، ئۇنىڭغا جۇدالىق دەردىنى تۆكۈۋېتىپ بىردىنلا گۈپپىدە يەرگە يىقىلىپ قاقشاپ كەتتى :

— قولۇم ئاغرىپ كەتتى ! ۋاي قولۇم !

— ۋاي تـوۋا ، يـاخـشـلـىـق يـاراشـمىدى ! دىدارلىشىپلا زەھەرلىنىپ قالدى ! — دېدى جۇ باجيې كۈلۈپ .

— ھوي ھاڭۋاقتى ، بۇ گەپكە قانداق ئاغزىڭ باردى ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— ئـاغزىم بىرىپ - بارماي نېمە بوپتىكەن ؟ — دېدى جۇ باجيې .

— خـان ئـاغـىـچىنىڭ تېنىگە زەھەرلىك تىكەنلەر چىقىپ

كەتكەن . قولىدىمۇ زەھەرلىك تىكەن بار . ئۇ ، بەبۇرى تېغىغا بېرىپ سەي تەيسۇي بىلەن ئۇچ يىل بىللە تۇرغىنى بىلەن دىۋە ئۇنىڭغا يېقىن كېلەلمەپتۇ . سەۋەبى تېنى تېگىپ كەتسە تېنى، قولى تېگىپ كەتسە قولى ئاغرىيدىكەن ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— بۇ نەرسە قانداق چىقىپ قاپتۇ ، ئەمدى قانداق قىلىمىز ؟ — دەپ سوراشتى ئەمەلدارلار .

سىرتتا تۇرغان ئەمەلدار غەم ۋە گۇمانغا پاتتى . ھەرەمدىكى كېنىزەكلەر ساراسىمىگە چۈشتى . قاشتېشى بىكەش ، كۈمۈش بىكەش دەيدىغان خانىشلار پادىشاھنى يۆلىدى .

ھەممەيلەن شۇنداق ساراسىمىگە چۈشكەن پەيتتە ئاسماندىن ئۇشتۇمتۇت بىرىنىڭ ئاۋازى كەلدى : «سۇن ۋۇكۇڭ ، مەن كەلدىم .» سۇن ۋۇكۇڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسا خاسىيەتلىك نۇر ھەر تەرەپكە چېچىلغان ، خۇش ھىد ئەتراپنى قاپلىغانىدى . سۇن ۋۇكۇڭ ئەرشتىكى بۇلۇت مالائىكىسىنىڭ زېمىنغا چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپ دەررۇ ئۇنىڭ ئالدىغا باردى :

— جاڭ زىياڭ ، قەيەرگە ماڭدىڭىز ؟

جاڭ زىياڭ ئۇدۇل دىۋاننىڭ يېنىغا كېلىپ تەزىم بىلەن سالام بەرگەندىن كېيىن :

— سۇن ھەزرەت ، كەمىنىڭىز خىزمىتىڭىزگە كەلدى ، — دېدى .

— قەيەردىن كېلىۋاتىسىز ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ سالامنى ئىلىك ئالغاندىن كېيىن .

— كەمىنىڭىز بۇنىڭدىن ئۇچ يىل مۇقەددەم بۇددىلار يىغىلىشىغا كېتىۋېتىپ بۇ يەردىن ئۆتكۈچە ، جۇزى دۆلىتى پادىشاھىنىڭ جۇدالىق دەردىگە مۇپتىلا بولغانلىقى ئۇستىدىن چۈشۈپ قالدىم . دىۋە خانىشنى ئاياغ ئاستى قىلىپ قويسا ، خانىش كېيىن پادىشاھ بىلەن جەم بولالماي قالمىسۇن يەنە ، دېگەن ئەندىشە بىلەن پالما چاپىنىمنى شەپەق نۇرى رەڭ بەرگەن رەڭدار ، ئېسىل كىيىمگە ئايلاندۇردۇم . دىۋىنىڭ قېشىغا كىرىپ ، بۇنى خانىشقا

كىچىككىنە كۆزۈڭ ، دېدىم . خانىش بۇنى كېيىن بەدىنىگە زەھەرلىك تىكەن چىقىپ كەتتى . زەھەرلىك تىكەن پالمىنىڭ تىكىنى . ئۆزىڭىزنىڭ دۇنيانى يەڭگەنلىكىنى بىلىپ ، سېھىرنى يېشەي دەپ ئالايتەن كەلدىم .

— مۇشۇنى دەپ يىراقتىن ئالايتەن كەپسىز ، دەرھال خانىشنى ئازاد قىلىڭ ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

مالائىكە خانىشنىڭ قېشىغا كېلىپ قولى بىلەن بەلگە قىلىۋىدى ، پالما كىيىم سېلىنىپ ، خانىش ئۆز قىياپىتى بىلەن قالدى . مالائىكە پالما كىيىمنى قېقىۋېتىپ ئۇچىسىغا ئارتىۋېلىپ سۇن ۋۇكۇڭغا :

— ئەۋلىيا ئەزەم ، ئەپۇ قىلغايسىز ، خوش ئەمىسە ، — دېدى .

— توختاڭ ، پادىشاھمۇ مىننەتدارلىقنى بىلدۈرۈۋالسۇن ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— بولدى ، كېرىكى يوق ، — دېدى مالائىكە ۋە بىر نەرە تارتىپ ئاسمانغا چىقىپ كەتتى . پادىشاھ ، خانىش ۋە ۋەزىر - ۋۇزرالار ھولۇققان پېتى ، ئاسمانغا قاراپ تەزىم قىلىشتى .

پادىشاھ شەرقىي سارايىنى ئېچىپ تۆت راھىبنى كاتتا مېھمان قىلىشنى بۇيرۇدى . ئاندىن ھەممەيلەننى باشلاپ راھىبلارغا تەزىم قىلدى . ئەر - خوتۇن جەم بولدى . زىياپەت خۇشال كەيپىياتتا داۋام قىلىۋاتقاندا سۇن ۋۇكۇڭ .

— ئۇستاز ، جەڭنامىنى بېرىڭ ! — دېدى . تاڭ سەنزاڭ يېڭىدىن جەڭنامىنى ئېلىپ سۇن ۋۇكۇڭغا بەردى . سۇن ۋۇكۇڭ بۇنى پادىشاھقا سۇنۇپ مۇنداق دېدى :

— بۇ جەڭنامىنى دۇنيانىڭ چاپارمىنى ئەكېلىۋاتقانىكەن . ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ كېلىپ بۇنى خەۋەر قىلدىم . ئاندىن تاغقا قايتىپ ، چاپارمەن قىياپىتىدە ئوردىغا كىردىم . خان ئاغىچا بىلەن كۆرۈشۈپ قوڭغۇراقنى ئوغرىلاپ چىقتىم ۋە تۇتۇلۇپ قېلىشقا تاس قالدىم ؛ كېيىن قىياپىتىمنى ئۆزگەرتىپ كىرىپ يەنە ئوغرىلاپ چىقىپ ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلدىم . بەختىمگە بۇدساتۋا كېلىپ دۇنيانى

تۇتۇپ كەتتى ۋە ماڭا ئەرنى ئايالدىن جۇدا قىلغانلىق ئىشنى دەپ بەردى ... — سۇن ۋۇكۇڭ بۇ ئىشلارنى باشتىن ـ ئاياغ سۆزلەپ چىققاندىن كېيىن ھەممەيلەن ئۇنى ماختاپ كەتتى .

— بۇ ، بىرىنچىدىن ، پادىشاھنىڭ بەختى ـ پېشانىسى ؛ ئىككىنچىدىن ، شاگىرتىمنىڭ تۆھپىسى . مۇشۇ زىياپەت بىلەن بۇنى قۇتلۇقلايلى ! قۇتلۇق بولسۇن ! سەپىرىمىزنىڭ كېچىكمەسلىكى ئۈچۈن ئەمدى خوشلىشايلى ، — دېدى تاڭ سېڭ . بۇلارنى ئېلىپ قالالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن پادىشاھ يولخېتىنى ئالماشتۇرۇپ بەردى . ھەشەمەتلىك شاھانە مەپىنى راسلىتىپ تاڭ سەنزاڭنى ئولتۇرغۇزدى . پادىشاھ ، خانىش ۋە كېنىزەكلەر ئۇلارنى خېلى يەرگىچە ئۇزىتىپ باردى . بۇلارنىڭ شۇ ماڭغانچە قانداق ياخشى ـ يامان ئىشلارغا يولۇققانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز .

# يەتمىش ئىككىنچى باب

## *يەنسى غارىدىكى يەتتە ئىزىتقۇ*
## *جۇ باجيېنىڭ جۇگۇ بۇلىقىدا كۆرەڭلىگەنلىكى*

ئەلقىسسە، تاڭ سەنزاڭلار جۇزى دۆلىتىدىكىلەر بىلەن خوشلىشىپ غەرب تامان راۋان بولدى. نۇرغۇن تاغ ـ دەريالاردىن ئۆتتى، ھەش ـ پەش دېگۈچە كۈز ئۆتتى، قىشمۇ تۈگىدى، ناز ـ جىلۋە بىلەن باھارمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇلار ماڭا ـ ماڭا بىر بۇتخانىغا كېلىپ قالدى. تاڭ سەنزاڭ ئاتتىن چۈشۈپ يول بويىغا بېرىپ تۇردى.

— ئۇستاز، يول تۈپتۈز، يامان نېمىلەردىن خالىي تۇرسا نېمىدەپ توختاپ قالدىلا؟ — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ.

— ئاغا، ئەجەب غەرەز ئۇقمايدىكەنسىز! ئۇستاز ئاتتا ئولتۇرۇۋېرىپ چارچاپ قالغاندۇ، چۈشۈپ ئانچە ـ مۇنچە سەيلە قىلسا نېمە بولغۇدەك، — دېدى جۇ باجيې.

— سەيلە قىلمايمەن؛ ئادەم بار يەرگە كەپتۇق، بېرىپ سەدىقە غىزا سوراپ باقايمىكىن دەيمەن، — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

— ئۇستاز، نېمە دەۋاتىدىلا؟ «بىر كۈنلۈك ئۇستاز مەڭگۈلۈك ئاتا» دېگەن گەپ بار. شاگىرتلار تۇرغان يەردە ئۇستاز سەدىقە غىزا ئىزدەپ يۈرسە قانداق بولىدۇ ـ ھە؟ — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ.

— شۇمۇ گەپمۇ؟ ئادەتتە يىراق جايغا بارىدىغان ئىش بولسا سىلەر بېرىپ تاماق تېپىپ كېلەتتىڭلار. بۈگۈن چاقىرسا ئۈن يەتكۈدەك يەرگە كېلىپ قالدۇق. مەن بېرىپ كەلسەم ھېچنېمە بولمايدۇ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ.

— ئاغىلار، گەپنى ئاز قىلىڭلار. ئۇستازنىڭ نىيىتى شۇ بولسا، بوپتۇ، رايىغا باقايلى. بولمىسا ئۇنىڭ ئاچچىقى كېلىپ

ئەكەلگەن نەرسىمىزنىمۇ يېمەي ئولتۇرمىسۇن يەنە ، — دېدى شاسېڭ .

جۇ باجيې شاسېڭنىڭ گېپىنى توغرا تېپىپ قاچىنى ئېلىپ بەردى ۋە ئۇنىڭ بىلەن كىيىم ئالماشتۇردى . تاڭ سەنزاڭ چوڭ ـ چوڭ چامداپ يېقىن بېرىپ قارىسا ، بۇ ئوبدانلا بىر مەھەللە ئىكەن . مەھەللىدە ئېگىز تاش كۆۋرۈك بولۇپ ، ئەتراپىدا دەرەخلەر قويۇق ئۆسكەنىدى ، ئۆستەڭدە شىلدىرلاپ سۇ ئېقىپ تۇراتتى . كۆۋرۈكنىڭ ئۇ قېتىدا بىرقانچە كەپە بار ئىدى . بىر كەپىنىڭ پەنجىرىسى ئالدىدا تۆت ئايال ئولتۇرۇپ يىڭنە ئىشى قىلىۋاتاتتى . تاڭ سەنزاڭ بۇ ئۆيدە ئەر كىشى يوق ، تۆت ئايالال ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ كىرىشكە پېتىنالماي ، دەرەخنىڭ دالدىسىدا تۇردى . خېلى ۋاقىت تۇرۇپ باقسا ، ئەتراپتىن ياكى توخۇ ، ياكى ئىتنىڭ ئاۋازى كەلمىدى . شۇنىڭ بىلەن مۇنداق ئويلىدى «ئەگەر يېمەكلىك تېپىپ بارالمىسام ، شاگىرتلىرىم مېنى مازاق قىلىدۇ ؛ ئۇستاز تۇرۇپ ئۇلارنىڭ قورسىقىنى تويغۇزالمىسام ، شاگىرتلىرىم بۇددانى تاۋاپ قىلغىلى قانداق بارىدۇ ؟ »

تاڭ سېڭ نائىلاج ئاستا كۆۋرۈككە باردى . يەنە بىرئاز مېڭىپ بىر كەپىنىڭ ئالدىغا كەلدى . هويلىدا پېشايۋان بولۇپ ، پېشايۋاندا ئۈچ قىز يەل توپ تېپىپ ئويناۋاتاتتى . ئۇلار يەڭلىرىنى لەپەڭشىتىپ ، كۆڭلەكلىرىنى ئېچىپ ، يىغىپ ئايلىنىپ بېلىقچىلاپ يېتىش ، بېلىنى رۇسلاش ، بوينىنى تولغاش ، ئورۇندۇق يۆتكەش ، گىرەلىشىش ، قولۇپلاش قاتارلىق هەرىكەتلەرنى ئاجايىپ قاملاشتۇرۇپ قىلدى . ئويۇن تازا ئەۋجىگە چىققاندا تەڭ چۇرقىراشتى . تەرلەپ ـ پىشىپ كەتكەن ، چاچلىرى چۇۋۇلغان بولسىمۇ هارغىنىنى سەزمىدى . تاڭ سەنزاڭ خېلى ۋاقىت بۇ ئويۇننى كۆرگەندىن كېيىن ، نائىلاج كۆۋرۈك ئۈستىگە چىقىپ ئۈنلۈك توۋلىدى :

— هۆر ـ پەرىلەر ، پېقىر راهىبقا يېمەكلىك بولسا بېرىڭلار . قىزلار بۇنى ئاڭلاپ خۇش بولۇپ ، قوللىرىدىكى يىڭنە ئىشى

ۋە ئويناۋاتقان يەل توپلىرىنى تاشلاپ خۇش چىراي بىلەن تاشقىرىغا چىقىپ :

— راھىب ، ئەپۇ قىلغايسىز . غېرىبانە خانىمىزغا كەلگەن ئىكەنسىز ، ئەلۋەتتە قارشى ئالىمىز ، قېنى مەرھەمەت ، ئىچكىرى كىرىڭ ، — دېيىشتى .

بۇنى ئاڭلاپ كۆڭلىدە : «بەللى ! بەللى ! غەرب ھەقىقەتەن بۇددا زېمىنى ئىكەن ! قىزلار چېغىدا راھىبلارنىڭ پەرھىز تائام يەيدىغانلىقىنى بىلىدىكەن . ئەركەك تۇرۇپ نېمىشقا بۇددىغا ساداقەتمەن بولمايمەن» دېدى تاڭ سەنزاڭ .

تاڭ سېڭ ئۇلار بىلەن سالام ـ سەھەت قىلغاندىن كېيىن ، بىرلىكتە كەپىگە كىردى . پېشايۋاندىن ئۆتكەندە قارىسا ، كەپىنىڭ ئىچكىرى ئۆي ئەمەس ، بىر غار ئىكەن . بىر قىز ئالدىغا ئۆتۈپ تاش ئىشىكنى ئىككى ياققا ئېلىۋەتتى ـ دە ، ئۇنى ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلدى . راھىب ئامالىنىڭ يوقىدىن كىردى . بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ تاش شىرە ، ئورۇندۇقنى كۆردى . بۇ يەر بىر خىل سوُرلۇك ئىدى . تاڭ سېڭنى شۇئان سۈر باستى ۋە «بۇ يەردە ياخشىلىقتىن كۆرە ، شۇملۇقنىڭ ھىدى كېلىپ تۇرىدىكەن» دەپ ئويلىدى . قىزلار كۈلكە ـ پاراڭلار بىلەن ئۇنى «ئولتۇرۇڭ» دېدى . راھىب نائىلاج ئولتۇردى ، ئەمما ھە دېگەندىلا تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى .

— راھىب ، قايسى تاغنى ماكان قىلدىڭىز ؟ قانداق سەدىقە تىلىمەكچىسىز ؟ سەدىقە دەپتىرىڭىزنى ئېلىڭ كۆرەيلى ، — دېيىشتى قىزلار .

— مەن سەدىقە تىلەيدىغان شەيخ ئەمەس ، — دېدى تاڭ سېڭ .

— سەدىقە تىلىمىسىڭىز نېمىدەپ كەلدىڭىز ئەمىسە ؟

— مەن شەرقىي دىياردىكى ئۇلۇغ تاڭ پادىشاھىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن غەربىي دىياردىكى كۆھەرنېشىن ئىبادەتخانىسىدىن بۇددا نومى ئالغىلى كېتىۋاتىمەن . مۇبارەك ھۇزۇرىڭىزلاردىن ئاز ـ تولا يېمەكلىك سوراپ كېلىۋىدىم ، يېمەكلىك بەرسىڭىزلا كۇپايە ، — دېدى تاڭ سېڭ .

— بولىدۇ! بولىدۇ! ياخشى گەپ ئىكەن! «يىراقتىن كەلگەن موللا چوڭ موللا» دېگەن گەپ بار. سىڭىللار! دەرھال غىزا تەييار قىلىڭلار، — دېيىشتى ئۇلار.

قىزلاردىن ئۈچى ئۇنىڭ يېنىدا قالدى. تۆتى ئاشخانىغا چىقىپ يەڭلىرىنى تۈرۈپ، قازان ـ قومۇچلارنى يۇيۇپ غىزاغا تۇتۇش قىلدى. ئۇلارنىڭ تاماق دەپ نېمىلەرنى قىلغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟ قورۇمىلارنى ئادەم مېيىدا قورۇدى، ئادەم گۆشىنى راسا قىزارتىپ قارىدىغىنچە پىشۇردى. ئادەم مېڭىسىنىڭ قېتىقىدا پۇرچاق ئۈيۈتمىسىغا ئوخشاش ئۇيۇتما قىلدى. بۇلارنى ئىككى تەخسىگە ئەكېلىپ تاش شىرەگە قويۇپ:

— مەرھەمەت، پېقىر خانىمىزدا ئېسىلرەك نەرسە تەييارلىيالمىدۇق. ھازىرچە مۇشۇنى يەپ قورساقنى ئەستەرلەپ تۇرۇڭ، قالغىنى پىشۋاتىدۇ، ھېلى ئەكېلىمىز، — دېيىشتى قىزلار.

تاڭ سېڭ بۇلارنى پۇراپ بېقىپ يېيىشكە پېتىنالمىدى ـ دە، تەزىم قىلىپ تۇرۇپ:

— كەمىنىڭىز ئەزەلدىن گۆشسىز غىزا يەيدۇ، — دېدى.

— راھىب، مۇشۇلا گۆشسىز غىزا، — دېدى قىزلار.

— ياھەزرەت! مۇشۇنداق گۆشسىز غىزانى يەيدىغان بولسام بۇددىمىزنى تاۋاپ قىلىشىم، بۇددا نومىنى ئەكېلىشىم يوق گەپ بولىدۇ! — دېدى تاڭ سېڭ.

— سىز راھىب بولغاندىكىن، باشقىلارنىڭ ھۆكۈمىگە بويسۇنماڭ، — دېدى قىزلار.

— ھەددىم ئەمەس! ھەددىم ئەمەس! مەن ئۇلۇغ تاڭ پادىشاھىنىڭ ئەمرىنى تۇتۇپ يول بويى ھېچنېمىگە زىيان سالمىدىم. ئازابتا قالغانلارنى قۇتۇلدۇردۇم؛ ئاشلىق كۆرسەم قول ئۇزاتمىدىم. ئۆزۈمنى پاك تۇتۇپ كەلدىم. شۇنداق تۇرسا تەڭرىنىڭ ئەمرىنى تۇتماسلىققا نېمە ھەددىم!

— راھىب، ئادەملەرنىڭ ئەمرىنى تۇتمايدىكەنسىز، ئەمما

كىشىلەرنى ئەيىبلەيدىكەنسىز. يوقىلاڭ گەپنى قويۇپ تامىقىڭىزنى يەڭ، — دېيىشتى قىزلار كۈلۈپ.

— راستىنلا يېيەلمەيمەن. بولمىسا پەرھىزىم بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. مېنى غىزاغا زورلىغاندىن كۆرە، قويۇۋەتسەڭلار بەكمۇ خۇش بولاتتىم، — دېدى تاڭ سېڭ.

تاڭ سەنزاڭ كېتىمەن دەپ ماڭدى، قىزلار ئۇنىماي مەھكەم ئېسىۋالدى. ئۇلار:

— ئالدىمىزغا كەلگەن تەييار ئولجىنى كەتكۈزەتتۇقمۇ! قەيەرگە ماڭىسىز؟ — دېيىشتى. ئۇلارنىڭ ھەربىرى مەلۇم ھۈنەرنى بىلەتتى. شۇڭا، تاڭ سېڭنى ئۇيان - بۇيان تارتقۇشلاپ يۈرۈپ ئاخىر يەرگە يىقىتتى. ئارغامچىدا چىڭ باغلاپ تورۇسقا ئېسىپ قويدى. تاڭ سېڭ ئاغرىققا چىدىماي ھۆڭ - ھۆڭ يىغلاپ، ئىچىدە: «ئەجەبمۇ شور پېشانىكەنمەن، تۈزۈككىنە ئادەملەر چېغى، دەپ بۇ يەرگە يېمەكلىك سوراپ كېلىپ بۇ كۆنگە قېلىشىمنى نەدىن بىلەي! شاگىرتلىرىم! چاپسان كېلىپ مېنى قۇتۇلدۇرۇۋالساڭلار دىدارلىشالايمىز، بولمىسا ئىككى سائەتلەرگە قالماي جېنىمدىن جۇدا بولىمەن!» دېدى.

تاڭ سېڭ ئازابلىنىۋاتقىنىغا قارىماي قىزلارغا سەپسالدى. قىزلار ئۇنى ئېسىپ بولغاندىن كېيىن، كىيىملىرىنى سېلىشقا باشلىدى. ئۇ ساراسىمىگە چۈشۈپ «بۇلار كىيىمىنى سالدى. مېنىڭ جان يېرىمگە ئۇرامدىغاندۇ ياكى ئۇنى ئېلىپ يەمدىغاندۇ، دەپ ئويلىدى. ئەمما، ئۇلار كۆڭلەكلىرىنىلا سېلىپ قورسىقىنى ئېچىپ كارامەت كۆرسىتىشكە باشلىدى، يەنى ھەممىسى كىندىكىدىن ئۆردەك تۇخۇمى توملۇقىدا مەشۈت يىپ چىقىرىپ بىردەمنىڭ ئىچىدىلا ئىشىكنى تورلىۋەتتى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

ئەمدى گەپنى بۇ ياقتىن ئاڭلاڭ. سۈن ۋۇكۇڭ، جۇ باجيې، شاسېڭ يول بويىدا قالغانىدى. ئىككىيلەن ئات، يۈك - تاقلارغا قاراپ ئولتۇردى. سۈن ۋۇكۇڭلار شوخلۇق قىلىپ، دەرەخلەرگە

يامىشىپ، يوپۇرماقلار ئارىسىدىن مېۋە ئىزدەپ يۈردى. ئۇ بىر دىنلا بېشىنى كۆتۈرۈپ بىر پارچە يورۇقلۇقنى كۆرۈپلا، هاپىلا - شاپىلا دەرەختىن چۈشۈپ:

— يامان بولدى! يامان بولدى! ئۇستاز پېشكەللىككە ئۇچرىدى! — دېدى ۋە ئالدى تەرەپنى كۆرسەتتى، — قاراڭلار، ئاۋۇ هويلىدىكى نېمە؟

جۇ باجيې، شاسېڭلار تەڭلا قارىسا ئۇ ياقتا قاردەك ئاق، كۈمۈشتەك ۋال - ۋال قىلىپ تۇرغان نۇرنى كۆردى.

— ئاپلا، ئۇستاز جىنغا يولۇقۇپتۇ ئەمەسمۇ! تېز بېرىپ ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋالايلى، — دېدى جۇ باجيې.

— ئىنىم، چۇقان سالما! نېمە ئىش بولغانلىقىنى مەن بېرىپ ئۇقۇپ كېلەي، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ.

— ئاغا، پەخەس بولۇڭ، — دېدى جۇ باجيې.

— بۇنى مەنمۇ بىلىمەن، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ.

سۈن ۋۇكۇڭ بۆرە تېرىسىدىن تىكىلگەن كىيىمنى تۈزەشتۈردى، ئالتۇن توقىنى قولىغا ئالدى - دە، چوڭ - چوڭ چامداپ ئۇ يەرگە بېرىپ قارىسا، ئىشىك قاتمۇقات تور بىلەن چىرمىۋېتىلگەن، بەئەينى ئۈزۈش قىيىن بولغان ئارقانغىلا ئوخشايتتى؛ تۇتۇپ باققانىدى، قولىغا ئازراق يېپىشتى. سۈن ۋۇكۇڭ بۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلەلمەي:

— كالتەكىم نەچچە مىڭ قات ئەمەس، نەچچە ئون مىڭ قات نەرسىنىمۇ ئۈزۈۋېتەلەيدۇ! — دەپ كالتەكنى ئېگىز كۆتۈردى. ئەمما ئۇرۇشتىن توختاپ يەنە گېپىنى داۋام قىلدى، — ئەگەر بۇ قاتتىق بولسىدى، ئۇرسا ملا ئۈزۈلەتتى، يۇمشاق بولغاندىكىن جىق بولسا ياپىلاقلىشىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە جىنلارنى چۆچۈتۈپ قويسام، ماڭا ئۇلار ئېسىلىۋالسا ئىش چاتاق بولمىسۇن يەنە. ئاۋۋال بۇلارنى سوراپ ئۇقۇۋېلىپ ئاندىن بىرنېمە قىلاي.

ئۇ كىمدىن سورىدى بىلەمسىلەر؟ ئۇ ئارقا - ئارقىدىن ئەپسۇن ئوقۇپ، يەر مۇئەككىلىنى چاقىرتىپ كەلدى. يەر مۇئەككىلى بوۋاي

لاغ ـ لاغ تىترىگەن ھالدا يول بويىغا تىزلىنىپ :
— سۇن ھەزرەت ، خىزمەتلىرىگە تەييارمەن ، — دېدى .
— ئۇرنىڭىزدىن تۇرۇپ سورىغانلىرىمغا جاۋاب بېرىڭ . بۇ جاينىڭ ئىسمى نېمە ؟
— سۇن ھەزرەت ، ئۆزلىرى قايسى تەرەپتىن كەلدىلە ؟
— مەن شەرقىي دىياردىن كەلدىم ، غەربىي دىيارغا بارىمەن .
— سۇن ھەزرەت ، شەرقىي دىياردىن كەلگەن بولسىلىرى ئاۋۇ تاغ چوققىسىغا چىقتىلىمۇ ؟
— بىز شۇ چوققىدا ، ئەنە يوك ـ تاق ۋە ئىنىلىرىم شۇ يەردە تۇرامدۇ ؟
— ئۇ تاغنىڭ چوققىسى پەنسى چوققىسى دېيىلىدۇ . تاغنىڭ باغرىدا بىر غار بار ، ئۇنى پەنسى غارى دەيدۇ . غاردا بولسا يەتتە جىن بار .
— جىنلار ئەرمۇ ، ئاياللمۇ ؟
— ئايال جىنلار .
— ئۇلارنىڭ قانداق كارامەتلىرى بار ؟
— پېقىر ئاجىز بولغانلىقىم ئۈچۈن ، ئۇلارنىڭ قانداق كارامەتلىرى بارلىقىدىن خەۋىرىم يوق ئىكەن ؛ بىلىدىغىنىم شۇكى ، جەنۇب تەرەپتە ، بۇ يەردىن ئۈچ چاقىرىم يىراقلىقتا جوگو دەيدىغان بىر تەبىئىي ئىسسىق بۇلاق بار . ئۇ يەردە دائىم يەتتە پەرىزات يۇيۇناتتى . جىنلار بۇ يەرگە جايلىشىۋالغاندىن كېيىن بۇلاقنىمۇ ئىگىلىۋالدى . پەرىزاتلار جىنلار بىلەن ئېلىشماستىن بۇلاقنى بىكاردىنلا بېرىۋەتتى . پەرىزاتلارنىڭ بۇ جىنلارغا چېقىلمىغىنىدىن قارىغاندا ئۇ نېمىلەرنىڭ خېلى كارامەتلىرى بار بولۇشى مۇمكىن .
— بۇلاقنى ئىگىلىۋېلىپ نېمە قىلىدۇ ئۇ جىنلار ؟
— جىنلار بۇلاقنى ئىگىلىۋالغاندىن بۇيان كۈندە ئۈچ قېتىم كېلىپ يۇيۇنىدۇ . بۈگۈن ئەتىگەن يۇيۇنۇپ كەتكەن ، چۈشتە يەنە كېلىدۇ .
— سىز قايتىپ كېتىڭ ، ئۇلارنى ئۆزۈم بىر تەرەپ

قىلىمەن ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ . يەر مۇئەككىلى باش قويغاندىن كېيىن لاغىلداپ تىترەپ قايتىپ كەتتى .

سۇن ۋۇكۇڭ ئۆزىگە خاس كارامەت بىلەن بىر سىلكىنىپلا چىۋىنغا ئايلاندى - دە ، يول بويىدىكى چۆپكە قونۇپ ساقلاپ ئولتۇردى . ئۇزاق ئۆتمەي خۇددى پىلە قۇرتى يوپۇرماق يېگەندەك ، دېڭىزدا دولقۇن كۆتۈرۈلگەندەك ۋاشىلدىغان ئاۋاز كەلدى . بىر چىنە چاي ئىچكۇدەك ئارىلىقتا مەشۇت ئارغامچىلار يوقىلىپ ، مەھەللە بۇرۇنقى ھالىتىگە كەلدى . «غىچ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ يىراقتىن يەتتە قىز كۈلكە - چاقچاقلار بىلەن چىقىپ كەلدى . سۇن ۋۇكۇڭ دىققەت بىلەن قارىۋىدى ، ئۇلار بىر - بىرىنى قولتۇقلىشىپ ، مۇرە يېقىشىپ كۈلكە - پاراڭلار بىلەن كۆۋرۈكتىن ئۆتتى . ئۇلار ئاجايىپ ساھىبجامال نازىنىنلار ئىدى .

سۇن ۋۇكۇڭ «ۋىڭڭىدە» ئۇچۇپ بېرىپ ئەڭ ئالدىدىكى قىزنىڭ چېچىغا قوندى . كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپلا كەينىدىكى قىز ئالدىدىكىسىگە :

— ئاچا ، بىز يۇيۇنۇپ كېلىپ ، ھېلىقى سېمىز شەيخنى دۇملەپ يەيلى ، — دېدى . سۇن ۋۇكۇڭ ئىچىدە كۈلۈپ : «بۇ مەخلۇقلارنىڭ كاللىسى يوق ئىكەن . پىشۇرسا تېخى ئوتۇن تېجىلىدۇ ئەمەسمۇ ، نېمىشقا دۇملەپ يەيدىغاندۇ ؟» دېدى . قىزلار گۈللەرنى ئۈزۈپ ، ئوت - چۆپلەرنى يۇلۇپ ئويناپ جەنۇبقا ماڭدى . ھايال ئۆتمەي يۇيۇنىدىغان جايغا يېتىپ كەلدى . ئوتتۇرىدا بىر ئىشىك بولۇپ ، ئەتراپىدا دالا گۈللىرى رەڭمۇرەڭ ئېچىلىپ ، ھىدى ھەممە ياقنى قاپلىغانىدى . كەينىدىكى قىز ئالدىغا كېلىپ بىر ئىسقىرتقانىدى ، ئىككى قاناتلىق ئىشىك ئېچىلدى . ئىچكىرىدە دېگەندەك ئىسسىق سۇ كۆلچىكى بار ئىدى . كۆلنىڭ كەڭلىكى بەش گەزدىن كۆپرەك ، ئۇزۇنلۇقى ئون گەزدىن ئارتۇق ، چوڭقۇرلۇقى تۆت گەزدەك كېلەتتى . ئەمما ، سۇ شۇنچىلىك سۈزۈك ئىدىكى ، تېگى كۆرۈنەتتى . كۆلنىڭ تېگىدىن سۇ بۇلدۇقلاپ ئۇنچىلەر چېچىپ تۇراتتى . كۆلنىڭ ئەتراپىدا بەش - ئالتە تۆشۈك بولۇپ ،

شۇ تۆشۈكلەردىن ئېقىپ چىققان سۇ ئىككى ـ ئۈچ چاقىرىم يەردىكى ئېتىزلارغا قويۇلغاندىمۇ ئىسسىق پېتى تۇراتتى . كۆلنىڭ ئىرىسىدا ئۈچ شىپاڭ بولۇپ ، ئوتتۇرىدىكى شىپاڭنىڭ ئىچىگە يۆلەپ سەككىز پۇتلۇق ئورۇندۇق قويۇلغان ، ئىككى چېتىدە بولسا رەڭدار سىرلانغان كىيىم ئاسقۇچ بار ئىدى . سۇن ۋۇكۇڭ خۇش بولۇپ ئۈچقانچە بېرىپ كىيىم ئاسقۇچقا قونۇۋالدى .

قىزلار سۇزۇك ھەم ئىسسىق سۇنى كۆرۈپلا تۇرالماي قالدى ـ دە ، تەڭلا كىيىملىرىنى سېلىپ كىيىم ئاسقۇچقا ئاستى ، ئاندىن يۇگۇرۇپ بېرىپ سۇغا سەكرەپ پولتۇڭلاپ ئۈزۈپ ئويناشقا باشلىدى . سۇن ۋۇكۇڭ ئۆزىگە : «ئەگەر ئۇلارنى يوقىتىمەن دېسەم ، كالتەكىمدە سۇنى قوچىسام ئىش پۈتىدۇ . مانا بۇنى قايناق سۇ قويۇپ بىر ئۇۋا چاشقاننى ئۆلتۈرۈش دەيدۇ . ئەپسۇسكى ، ئۇنداق قىلسام ئۆزۈمنى چۈشۈرۈۋالىمەن . ‹ئەركەك دېگەن ھەرگىز خوتۇن خەق بىلەن ئېلىشمايدۇ› دېگەن گەپ بار . مەن بىر ئەركەك تۇرۇپ بۇ قىزلارنى ئۆلتۈرسەم سەت تۇرىدۇ . ئۇلارنى ئۆلتۈرمەستىن ، ئازغىنە پەنت ئىشلىتىپ دەرمەھەل مىدىر ـ سىدىر قىلالمايدىغان قىلىپ قويساممۇ خېلى ئىش» دېدى . ئاندىن ئەپسۇن ئوقۇپ بىر دومىلاپلا ئاچ بۈركۈتكە ئايلاندى . قانات قېقىپ ئۇچۇپ كېلىپ ، كىيىم ئاسقۇچتىكى كىيىملەرنىڭ ھەممىسىنى ئالدى ـ دە ، ئۇدۇل چوققىغا بېرىپ ئەسلىگە كېلىپ جۇ باجيې ، شاسېڭلار بىلەن كۆرۈشتى .

— ئۇستازنى ئەسلي گۆرۈخانىدىكىلەر ئەكېتىپتىكەن ـ دە ، — دېدى جۇ باجيې كۈلۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ .

— بۇنى قانداق بىلدىڭ ؟ — دېدى شاسېڭ .

— ئاغامنىڭ قولىدىكى بۇلاپ كەلگەن كىيىملەرنى كۆرمىدىڭىزمۇ ؟ — دېدى جۇ باجيې .

— بۇلار جىنلارنىڭ كىيىمى ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— نېمانچە جىق كىيىم بۇ ، — دېدى جۇ باجيې .

— ھەممىنى ئېلىۋالدىم ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ، — بۇ يەرنى

پەنسى چوققىسى دەيدىكەن. مەھەللە بولسا پەنسى غارى ئىكەن. غاردا يەتتە جىن بار ئىكەن. ئۇلار ئۇستازنى تۇتۇۋېلىپ ئېسىپ قويۇپ، جوگۇ بۇلىقىغا يۇيۇنغىلى كەپتۇ. ئۇ بۇلاقتىن تەبىئىي ھالدا ئىسسىق سۇ چىقىدىكەن. ئۇلار يۇيۇنۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇستازنى يېمەكچى بولۇشتى. مەن ئۇلار بىلەن بۇلاققا بېرىپ، ئۇلار كىيىملىرىنى سېلىپ كۆلگە چۈشكۈچە قاراپ تۇردۇم. ئۇلارنى شۇ يەردىلا ئۆرۈپ ئۆلتۈرەي دېسەم كالتەكمنى بولغاپ، ئۆزۈمنى چۈشۈرۈۋالارمەنمىكىن، دېدىم. شۇنىڭ بىلەن كالتەكنى ئىشقا سالماي ئاچ بۈركۈتكە ئايلاندىم ـ دە، كىيىملەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ بۇياققا كەلدىم. ئۇلار نومۇس قىلىپ سۇدىن چىقالماي تۇرىدۇ. بىز شۇ ئارىلىقتا بېرىپ ئۇستازنى قۇتۇلدۇرۇۋالايلى.

— ئاغا، سىز قاچانلا ئىش قىلسىڭىز چالا قىلىسىز، — دېدى جۇ باجيې، — سىز جىنلارنى كۆرگەن بولغاندىكىن دەرھال ئۆلتۈرۈۋېتىپ، بېرىپ ئۇستازنى قۇتۇلدۇرۇۋالسىڭىز بولماسمىدى! ئۇلار ھازىرغۇ نومۇس قىلىپ سۇدىن چىقماس. ئەمما، ئاخشاملىققا چوقۇم چىقىدۇ. ئۆيىدىكى كونا كىيىم ـ كېچەكلىرىنى كىيىپ بىزنى قوغلاپ كەلسە قانداق قىلىمىز؟

— سىڭىنچە، قانداق قىلساق بولار؟ — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ.

— مېنىڭچە بولغاندا، ئاۋۋال جىنلارنى يوقىتايلى، ئاندىن بېرىپ ئۇستازنى قۇتۇلدۇرۇپ كېلەيلى. مانا بۇ «يىلتىزىدىن قۇرۇتۇش» بولىدۇ، — دېدى جۇ باجيې.

— مەن ئۇلار بىلەن سوقۇشمايمەن، سوقۇشساڭ سەن بارغىن، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ.

جۇ باجيې روھلىنىپ، خۇشاللىقتىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن ھالدا تىرنىسنى كۆتۈرۈپ يۈگۈرگىنىچە بۇلاق بېشىغا باردى. ئىشىكنى ئېچىپ قارىسا، قىزلار سۇدا تۇرۇپ بۈركۈتنى تىللاۋاتاتتى:

— بېشىمنى يەيدىغان كاساپەت! ئادەمنى ئۆلتۈردىغۇ!

كىيىملىرىمىزنى قويماي ئەكەتتى. ئەمدى قانداق قىلارمىز!
جۇ باجىي ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈۋەتتى:
— خانقىزلار، يۇيۇنۇۋاتامسىلەر، مېنىمۇ يۇيۇندۇرۇپ قويساڭلار قانداق؟
ئۇنى كۆرۈپلا قىزلارنىڭ ئاچچىقى كەلدى:
— نېمانچە يۈزى قېلىن شەيخسەن! بىز دېگەن يۇزىمىز ئېچىلمىغان قىزلار، سەن تەقۋادار ئادەم ئىكەنسەن. كونا كىتابلاردا «يەتتە ياشتىن كېيىن ئوغۇل - قىزلار ھەمتاۋاق بولمايدۇ» دېيىلگەنغۇ. تېخى بىز بىلەن بىللە يۇيۇنماقچىمۇ سەن؟
— ھاۋا بەك ئىسسىپ كەتكەچكە زادى چىدىيالمىدىم، ئۇنداق قىلماي مېنى يۇيۇنغىلى قويۇڭلار. كونا كىتابلاردىكى ھەمتاۋاق بولۇش - بولماسلىق دېگەن گەپلەرنىڭ ھەممىسى قۇرۇق گەپ! — دېدى جۇ باجىي ھەمدە ئۇلارنى ئېغىز ئاچۇرماي تىرنىسىنى تاشلاپ، تونىنى سېلىۋېتىپ سۇغا سەكرىدى. جىنلارنىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۇچتى - دە، تەڭلا كېلىپ ئۇنى ئۇرماقچى بولدى. جۇ باجىي سۇ ئىچىدە بىر دوملاپلا نېيەنيۇي بېلىقىغا ئايلاندى، جىنلار بېلىقلارنى مالتىلاپ ئۇنى پەقەت تۇتالمىدى.
جۇ باجىي سەكرەپ سۇدىن چىقىپ ئۆز قىياپىتىگە كىردى. ئاندىن تونىنى كىيىپ تىرنىسىنى تۇتۇپ توۋلىدى:
— مەن كىم؟ سىلەر مېنى نيەنيۇي بېلىق دېدىڭلار - ھە!
جىنلار ئۇنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى.
— سەن باشتا شەيخ بولۇپ كەلدىڭ، سۇغا كىرىپلا نيەنيۇي بېلىقى بولۇۋالدىڭ، بىز سېنى تۇتالمىدۇق، ئەمدى بۇ قىياپەتكە كىرىۋاپسەن، سەن زادى قەيەردىن كەلدىڭ؟ ئىسمىڭ نېمە؟ — دېيىشتى ئۇلار.
— سەن نېمىلەر مېنى راستىنلا تونۇشمايسەن! مەن ئۇلۇغ تاڭ دۆلىتىدىن بۇددا نومىنى ئالغىلى كېتىۋاتقان تاڭ دەرۋىشىنىڭ شاگىرتى، يۇرۇن سۇلتانىنىڭ سەردارى جۇ ۋۇنېڭ، يەنى جۇ باجىي بولىمەن. سەنلەر ئۇستازىمنى غارغا ئېسىپ قويۇپ، دۆملەپ

يېيىش خام خىيالدا بولۇشۇۋاتىسەن ! قېنى بېشىڭنى يېقىن ئەكېلىش ، تىرنام بىلەن جېنىڭنى ئالاي ! — دېدى جۇ باجيې .

بۇنى ئاڭلاپ جىنلارنىڭ جان - پېنى چىقىپلا كەتتى . سۇ ئىچىدە تەزىم قىلىپ تۇرۇپ :

— غوجام ، ئەپۇ قىلسىلا ! بىز بىلمەستىن ئۇستازلىرىنى تۇتۇۋاپتۇق . ئۇنى ئاسقىنىمىز بىلەن قىينىمىدۇق . بىر قوشۇق قېنىمىزدىن كەچسىلە ، سىلىگە يول خىراجىتى بېرەيلى ۋە غەربىي دىيارغىچە ئاپىرىپ قويايلى ، — دېيىشتى .

— قۇرۇق گېپىڭلارنى قويۇڭلار ! كونىلار بىلىپ ، «يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام» دېگەن . ھەركىم قىلغىنىغا يارىشا جازاسىنى تارتىدۇ ! — دېدى جۇ باجيې .

جۇ باجيې بار كۈچىنى يىغىپ تىرنىسى بىلەن گەپ قىلماستىن ئۇلارنى ئۇرۇشقا باشلىدى . جىنلار ئالاقزادە بولغىنىدىن نومۇسىنىمۇ بىر چەتكە قايرىۋېتىپ سۇدىن چىقتى - دە ، شىپاڭدا تۇرۇپ ھۈنىرىنى ئىشقا سالدى ، يەنى كىندىكىدىن مەشۇت ئارغامچا تارتىپ يوغان بىر تور چېدىر ياساپ جۇ باجيېنى شۇنىڭ ئىچىگە سولىۋالدى . جۇ باجيې بىردىنلا بېشىنى كۆتۈرۈپ قۇياشنى كۆرەلمىدى ، دەررۇ تاشقىرىغا چىقىۋالماقچى بولۇۋىدى ، پۇتىنى مىدىر - سىدىر قىلالمىدى . قارىسا پۇتىمۇ تور بىلەن چىرمىۋېتىلگەنىدى . پۇتىنى مىدىرلاتقانىدى ، سەنتۈرۈلۈپ كەتتى ؛ ئىتتىك بۇرۇلغانىدى ، يىقىلىپ چۈشتى . ئۇ قانچە قېتىم يىقىلغانلىقىنى بىلمىدى . ئىشقىلىپ يىقىلىۋېرىپ پۇتۇن بەدىنىدە جان قالمىدى ، بېشى قېيىپ كۆزلىرى خىرەلەشتى ، ئورنىدىن تۇرالماي ياتقان پېتى ئۇيقۇغا كەتتى . جىنلار ئۇنى باغلىۋەتكەندىن كېيىن ئۇرمىدى ۋە زىيان - زەخمەت يەتكۈزمىدى . ئۇلار سىرتقا چىقىپ مەشۇت چېدىردا كۈن نۇرىنى توسۇۋېتىپ غارغا قايتىپ كەتتى .

تاش كۆۋرۈككە كەلگەندە جىنلار ئەپسۇن ئوقۇپ ھەش - پەش دېگۈچە مەشۇت چېدىرنى بۇزۇۋەتتى . غارغا كىرىپ كونا كىيىم -

كېچەكلىرىنى كىيىپ ئارقا ئىشككە كەلدى .

— بالىلار ، قەيەردە سىلەر ؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئۇلار .

ئەسلىي جىنلارنىڭ بىردىن ئاتاق ئوغلى بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئىسمى ھەسەل ھەرىسى ، چۈمۈلە ، قاپاق ھەرىسى ، كۆكۈيۈن ، چېكەتكە ، ئاق موم قۇرتى ، يىڭناغۇچ ئىدى ، بۇلار چاقىرغان ئاۋازنى ئاڭلاپ تەڭلا كېلىپ سورىدى :

— ئانىجان ، نېمە تاپشۇرۇقلىرىڭىز بار ؟

— بالىلىرىم ، — دېدى جىنلار تەڭلا ، — ئەتىگەن بىز ئۇقماستىن تاڭ دۆلىتىدىن كەلگەن شەيخنى تۇتۇپ قويۇپتۇق . بايانىن ئۇنىڭ شاگىرتى كېلىپ بىزنى سۇدىلا ئۇچۇقتۇرغىلى تاس قالدى ! بىزمۇ جىق تىركەشتۇق . سىلەر دەرھال بېرىپ ئۇنى ھەيدىۋېتىڭلار . ناۋادا غەلىبە قىلالىساڭلار ، تاغىمىزنىڭ ئۆيىگە كېلىپ بىز بىلەن كۆرۈشۈڭلار .

بۇ ھاشاراتلار مۇشتلىرىنى تۈگۈپ ، قوللىرىنى ئىشقىلاپ دۈشمەنگە قارشى ئاتلاندى . يەتتە جىن قىرىنداشلىرىنىڭ يېنىغا قېچىپ كەتتى .

ئەلقىسسە ، جۇ باجىي يىقىلىۋېرىپ خۇدىنى يوقاتتى . بىر چاغدا بېشىنى كۆتۈرسە ، مەشۇت چېدىر يوق تۇراتتى ، ئۇ ئاستا ئۆمىلەپ ئورنىدىن تۇردى ، ئاغرىققا چىداپ ، كەلگەن يولىغا قايتتى . سۈن ۋۇكۇڭنى كۆرۈپلا ئېسىلدى :

— ئاغا ، قارىڭا ، يۈزۈم كۆكىرىپ ، بېشىم ئىششىپ كېتىپتۇمۇ ؟

— قانداق كەلدىڭ ؟ — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

— مېنى ئۇ نەرسىلەر مەشۇت ئارغامچىدا چىرمىۋالدى . مەن قانچە قېتىم يىقىلغانلىقىمنى بىلمەيمەن . يىقىلىۋېرىپ بېلىم ئېگىلىپ ئومۇرتقىلىرىم سۇنۇپمۇ كەتتى . ماڭالمايلا قالدىم . بايا قارىسام مەشۇت چېدىر ۋە چىرماقلار غايىب بوپتۇ ، شۇنىڭ بىلەن ئاران قېچىپ كەلدىم ، — دېدى جۇ باجىي .

— ۋاي توۋا ! سەن ئىش تېرىپ قويۇپسەن ـ دە !ئەمدى ئۇ جىنلار چوقۇم غارغا بېرىپ ئۇستازغا زىيانكەشلىك قىلىدۇ. دەرھال بېرىپ ئۇنى قۇتۇلدۇرايلى ، — دېدى شاسېڭ .

شۇ گەپ بىلەنلا سۇن ۋۇكۇڭ ماڭدى ، كەينىدىن جۇ باجيې ئاتنى يېتىلەپ ماڭدى ۋە تېزلا مەھەللىگە يېقىن كەلدى . ئەمما ، تاش كۆۋرۈكتە ئۇلارنى يەتتە بالا جىن توسۇۋالدى :

— توختاڭلار ، توختاڭلار ! بىز سىلەرنى ساقلاپ تۇرىمىز !

— قىزىق ! ھەممىڭلار بالا ئىكەنسىلەرغۇ ؟ بويۇڭلار ئۇچ چىمۇ كەلمەيدىكەن ؛ ئېغىرلىقىڭلار ئون جىڭغىمۇ يەتمەيدىكەن ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ئۇلارنى كۆرۈپ ۋارقىراپ ، — سەنلەر كىم ؟

— بىز يەتتە پەرىزاتنىڭ بالىلىرى بولىمىز . سىلەر ئانىمىزنى ھاقارەتلىگەننى ئاز دەپ ، ھېچنېمە بىلمىگەن بولۇپ كېلىپ بىز بىلەن ئۇرۇشقىلى كەلدىڭلارمۇ ! قېچىشما ! پەخەس بولۇش !

جىنلار بوش كەلمەي ئۇدۇل كەلگەننى ئۇرۇشقا باشلىدى . جۇ باجيې يىقىلىۋەرگىنىگە زەردىگۆش بولۇپ تۇراتتى . شۇڭا ، كىچىككىنە ھاشاراتلارنى كۆرۈپلا تىرىنىسنى ئىشقا سالدى .

جىنلار جۇ باجيېنىڭ ۋەھشىيلىكىنى كۆرۈپ ، ئۆز قىياپىتىگە كىرىپ ئۇچتى ـ دە ، «ئۆزگەر !» دەپلا كۆز يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئارىلىقتا بىرى ئون ، ئونى يۈز ، يۈزى مىڭ ، مىڭى ئون مىڭ بولۇپ ، مىژىلداپلا كەتتى . بۇ بەئەينى مۇنداق ئىدى :

*ئاق موم قۇرتى ئۇچار پەلەكتە ،*
*يىڭناغۇچلار ئوينىشار يەردە .*
*قاپاق ھەرە چاقتى يۈزىنى ،*
*كۆزلىرىگە يېپىشتى ھەرە.*
*چۈمۈلىلەر چىشلەيدۇ قولنى ،*
*چاقار كۆكويۇن ئۇستىبېشىنى ،*
*ئالۋاستىمۇ كېتىدۇ چۆچۈپ .*
*ئەگەر كۆرۈپ قالسا بۇ ئىشنى .*

— ئاغا ، بۇددا نومىنى ئالماق ئاسان دەۋاتاتتى ، بۇ يولدا بىزنى هاشاراتلارمۇ بوزەك قىلىۋاتىدۇ ! — دېدى جۇ باجىي هولۇقۇپ .

— ئىنىم ، قورقما ، تازا ئەدىپىنى بەرگىن ! — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

— بۇ نېمىلەر باش - كۆزۈمگە ، پۇتۇن بەدىنىمگە بىر غېرىچ قېلىنلىقتا چاپلىشىۋالغان تۇرسا ، قانداق ئەدىپىنى بېرەلەيمەن ؟ — دېدى جۇ باجىي .

— هېچ ۋەقەسى يوق ! هېچ ۋەقەسى يوق ! مېنىڭ ئامالىم بار ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

— ئاغا ، ئامالىڭىزنى چاققانراق ئىشقا سېلىڭ ! بولمىسا هېلى باش - كۆزىمىز ئىششىپ كېتىدۇ ! — دېدى شاسېڭ .

سۈن ۋۇكۇڭ قالتىس جومۇ . ئۇ بىر تال موينى يۇلۇۋېلىپ چايناپ پارچىلىدى ، ئاندىن تۈكۈرۈۋىدى ، ئاغزىدىن خۇاڭ ، ما ، رۇڭ ، بەي ، دىياۋ ، يۈ ، ياۋلار چىقتى .

— ئاغا ، بايا نېمىلەرنى دېدىڭىز ، خۇاڭ ، ما دېگەنلىرىڭىز نېمىسى ؟ — دېدى جۇ باجىي .

— سەن بىلمەيسەن ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ ، — خۇاڭ دېگىنىم سېرىق بۈركۈت ، ما دېگىنىم شۇڭقار ، رۇڭ دېگىنىم ماموق پەيلىك شۇڭقار ، بەي دېگىنىم ئاق بۈركۈت ، دىياۋ دېگىنىم بۈركۈت ، يۈي دېگىنىم بېلىقئالغۇچ ، ياۋ دېگىنىم قۇرغۇي . جىنلارنىڭ بالىسى يەتتە خىل هاشارات ئىكەن . مېنىڭ مويۇم يەتتە خىل بۈركۈتكە ئايلاندى .

بۈركۈتلەر هاشارات تۇتۇشقا بەك ئۇستا ئىدى . شۇڭا ، بىر بىردىن چىشلەپ ، قاناتلىرىدا ئۇرۇپ دېگەندەك ، بىردەمنىڭ ئىچىدە هاشاراتلارنىڭ بىرىنىمۇ قويمىدى .

ئۈچ شاگىرت كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ غارغا كىردى . ئۇستازى تورۇستا ئېسىلىپ تۇرغان پېتى يىغلاۋاتاتتى . جۇ باجىي ئالدىغا بېرىپ :

— ئۇستاز ، سىلى بۇ يەرگە ئېسىلىپ ئوينىغىلى كەپتىكەنلا ، مەن شۇنچىلىك جىق يىقىلدىمكى ، گەپ توغرا كەلمەيدۇ ، — دېدى .

— ئۇستازنى پەسكە چۈشۈرۈپ ، گەپ بولسا ئاندىن قىلايلى ، — دېدى شاسىڭ .

سۇن ۋۇكۇڭ ئارغامچىنى ئۈزۈپ ئۇستازنى پەسكە چۈشۈردى . ئاندىن سورىدى :

— جىنلار قەيەرگە كەتتى ؟

— ئارقا تەرەپكە بالىلىرىنى ئىزدەپ كەتتى ، — دېدى تاڭ سېڭ .

— ئۇكىلار ، دەرھال ئۇلارنى تاپايلى ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

ئۈچەيلەن قورالىلىرىنى تۇتۇپ ئارقا ھويلىنى ئىزدەپ ئەرەختەم - پەرەختەم قىلىۋەتتى . ئەمما ، ئۇلارنىڭ ئىزىنىمۇ تاپالمىدى . شاپتۇل ، نەشپۈت دەرەخلىرىگە چىقىپمۇ تاپالمىدى .

— قېچىپتۇ ! قېچىپتۇ ! — دېدى جۇ باجيې .

— ئۇلارنى قويۇپ ، ئۇستازنى يۆلەپ يولىمىزغا ماڭايلى ،— دېدى شاسىڭ . شۇ گەپ بىلەن ئۇلار كېلىپ تاڭ سېڭنى ئاتقا مىنگۈزدى . جۇ باجيې مۇنداق دېدى :

— سىلەر ئۇستازنى يۆلەپ مېڭىپ تۇرۇڭلار . مەن تىرنام بىلەن بۇ غارنى ۋەيران قىلىۋېتەي ، ئۇلارغا باش تىققۇدەك جايمۇ قالمىسۇن .

— تىرنا بىلەن ۋەيران قىلىشقا جىق كۈچ كېتىدۇ . ئۇنىڭدىن كۆرە ، ئازراق ئوتۇن تېرىپ كېلىپ ئوت قويىۋەتسەك ، بۇ نىمىلەرنىڭ ئۇرۇق - ۋۇجۇدى قۇرۇيدۇ ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ .

شۇنىڭ بىلەن جۇ باجيې قارىغاي شاخلىرى ، ئەسكى بامبۇك ، قۇرۇق سۆگەت شېخى ۋە چىڭگىلىكلەرنى يىغىپ ئوت قويۇپ غارنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇۋەتتى . ئۇستاز ۋە شاگىرتلار شۇندىلا كۆڭۈل تىندۇرۇپ يۈرۈپ كەتتى . ۋادەرىخا ! جىنلارنىڭ ئۇلارغا ياخشىلىق ياكى يامانلىق قىلغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز .

## يەتمىش ئۈچىنچى باب

### جىنلارنىڭ ئۈچ ئىبلىش ئۈچۈن راھىبلارنى زەھەرلىگەنلىكى
### سۈن ۋۇكۇڭنىڭ سېھىر ـ جادۇغا ئۇچرىغانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلغانلىقى

ئەلقىسسە، سۈن ۋۇكۇڭ تاڭ سېڭنى يۆلەپ، جۇ باجيې ۋە شا سېڭلار بىلەن غەرب تامان يول ئالدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئالدىدا قاتار كەتكەن ئىمارەت ۋە ھەيۋەتلىك، كۆركەم قەسىرلەر پەيدا بولدى.

— شاگىرتلار، قاراپ بېقىڭلار، ئاۋۇ قەيەر؟ — دېدى تاڭ سېڭ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ. سۈن ۋۇكۇڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ زەن قويۇپ قاراپ مۇنداق دېدى:

— ئۇستاز، ئۇ خان ـ پادىشاھلارنىڭ قەسرى، كاتتا بايلارنىڭ ئۆي ـ ئىمارىتى ئەمەس، ھەيۋەتلىك ئىبادەتخانىدەك قىلىدۇ. بېرىپ باقساق بىلىشىمىز مۇمكىن.

تاڭ سەنزاڭ ئېتىنى قامچىلىدى. ئۇلار بىرپەستىلا بۇ يەرگە كەلدى. ئىشىك ئۈستىگە ئورنىتىلغان تاشقا «جۇخارگۇل ئىبادەتخانىسى[1]» دېگەن خەت يېزىلغانىدى. تاڭ سەنزاڭ ئاتتىن چۈشتى.

— جۇخار گۇلى ئىبادەتخانىسى بولسا دەرۋىشلەرنىڭ ئائىلىسى. كىرىپ بىرپەس ئارام ئالايلى. ئۇلار بىلەن كىيىمىمىز ئوخشاشمىغان بىلەن دىنىمىز ئوخشايدۇ، — دېدى جۇ باجيې.

— ئوبدان گەپ بولدى. بىرىنچىدىن، كىرىپ مەنزىرىسىنى

---

[1] جۇخارگۇل ئىبادەتخانىسى — تويىن دىنى بۇتخانىسى.

تاماشا قىلايلى؛ ئىككىنچىدىن، ئاتنى تويغۇزۇۋالايلى، ئېپى بولۇپ قالسا غىزا قىلىپ ئۇستاز بىلەن ئۆزىمىزنىڭ قورسىقىنى توقلايلى، — دېدى شا ۋۇجىڭ.

تاڭ سېڭ بۇ پىكىرگە قوشۇلدى. تۆتەيلەن ئىچكىرىگە كىردى. ئىككىنچى ئىشىكتە مۇنداق نەزمە بار ئىدى: «پاك ۋە پىنھان ئەۋلىيالار قەسرى، جەننەت كەبى جاي بۇ زاھىت ماكانى.»

— بۇلار ئوت - چۆپ قالاپ دورا ياسايدىغان، ئوت بىلەن ھەپىلىشىپ ئىدىش - خۇمرا كۆتۈرۈپلا يۈرىدىغان دەرۋىشلەر ئىكەن، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— گەپتە دىققەت قىل! گەپتە دىققەت قىل! بىز بۇلارنى تونۇمايمىز ياكى ئۇلار بىلەن تۇغقان ئەمەسمىز، بىرپەس ئارام ئېلىپلا كېتىمىز، ئۇلار بىلەن كارىمىز نېمە؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ. ئۇنىڭغىچە ئىككىنچى ئىشىكتىن كىرىپ قارىسا، ئوتتۇرىدىكى سارايىنىڭ ئىشىكى چىڭ ئېتىكلىك بولۇپ، شەرق تەرەپتىكى پېشايۋاندا بىر دەرۋىش دورا كۇملاشلاۋاتاتتى. تاڭ سەنزاڭ خۇش بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۇنلۇك سالام بەردى:

— تەقسىر، كەمىنىڭىز بىر ئىشنى سورىۋالسام.

دەرۋىش شاققىدە بېشىنى كۆتۈردى، ئۇلار كۆرۈپلا چۆچۈپ كەتتى - دە، قولىدىكى دورىنى تاشلاپ، چاچ قىسقۇچىنى بېسىپ قويۇپ، كىيىمىنى تۈزەشتۈردى ۋە پەلەمپەيدىن چۈشۈپ بۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— ئۇستاز، ئەپۇ قىلغايسىز، قېنى ئىچكىرى كىرىڭ.

تاڭ سەنزاڭ خۇشاللىق بىلەن سارايغا كىردى. ئوتتۇرىدا ئۈچ دانە بۇت بولۇپ، نەزىر - چىراغ شىرەسىدە كۈجىدان بىلەن كۈجە قويۇلغانىدى، كۈجىنى يېقىپ كۈجىدانغا قويۇپ ئۈچ قېتىم تەزىم قىلىدىغان ئىش ئىدى. تاڭ سېڭ بۇنى دەرۋىش بىلەن بىللە بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، شىرەگە بېرىپ شاگىرتلىرى بىلەن ئولتۇردى. دەرۋىش دەرھال بالا دەرۋىشنى چايغا بۇيرۇدى. ئىككى

بالا ئىچكىرىگە كىرىپ پەتنۇسلارنى، چاي چىنىلىرىنى ئىزدەپ تېپىپ يۇدى، قوشۇقلارنى سۈرتتى، چاي ۋە گېزەك تەييارلىدى. ئۇلار شۇنداق پالاقلاپ يۈرۈپ رەقىبلىرىنىڭمۇ دىققىتىنى قوزغىدى.

پەنسى غارىدىكى يەتتە جىن دەرۋىش بىلەن بىرلىكتە سېپەر ـ جادۇ ئۆگەنگەن بولۇپ، ئۇلار كونا كىيىملىرىنى كىيىپ، ئوغۇللىرىنى چاقىرىپ تاپشۇرۇق بەرگەندىن كېيىن، ئۇدۇل مۇشۇ يەرگە كەلگەنىدى. ئۇلار كىيىم پىچىپ تىكىپ ئولتۇراتتى. توساتتىن بالىلارنىڭ چاي راسلاۋاتقانلىقىغا كۆزى چۈشۈپ قېلىپ سورىدى:

— هوي بالا، قانداق مېھمان كەلدى، ئەجەبمۇ شاپاشلاپ كېتىپسىلەرغۇ؟

— بايا تۆت شەيخ كېلىۋىدى، ئۇستاز چاي راسلاشقا بۇيرۇدى، — دېدى بالا.

— ئۇلارنىڭ ئىچىدە سېمىز، ئاق پىشماق شەيخ بارمۇ؟ — سورىدى جىنلار.

— بار، — دەپ جاۋاب بەردى بالا.

— ئۇزۇن تۇمشۇق، سالپاڭ قۇلاق بىرىمۇ بارمۇ؟

— بار.

— سەن چاينى قويۇپ بولۇپ ئۇستازغا شەرەت قىلىپ قويغىن، بۇ ياققا كىرسۇن، گېپىمىز بار.

دېگەندەك بالىلار بەش چىنە چاي ئاچىقتى. دەرۋىش يېڭىنى قايرىۋېتىپ بىر چىنە چاينى قوش قوللاپ ئېلىپ تاڭ سەنزاڭغا تۇتتى، ئاندىن جۇ باجيې، شاسېڭ، سۇن ۋۇكۇڭغا چاي تۇتتى. چاي تارتىلىپ بولۇشىغا بالا شەرەت قىلىۋىدى، دەرۋىش تەزىم قىلىپ:

— ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار، — دېدى ۋە بالىغا بۇيرۇدى، — پەتنۇسنى قويۇپ مېھمانغا ھەمراھ بولۇپ تۇرغىن. مەن چىقىپلا كىرەي.

تاڭ سەنزاڭ بىلەن شاگىرتلار بىر بالا دەرۋىش بىلەن سارايىنى

كۆزدىن كەچۈردى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

ئەمدى گەپنى بۇ ياقتىن ئاڭلاڭ. دەرۋىش ئىچكىرىگە كىرىشكە يەتتە قىز تەڭلا تىز چۆكۈپ:

— ئاكا، بىر گېپىمىز بار قۇلاق سالغايسىز! — دېدى.

دەرۋىش ئۇلارنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ:

— هازىر مېهمان بار، گەپ بولسا كېيىن ئالدىرىماي قىلىشۇالايلى، — دېدى.

— قۇلاق سالغايسىز ئاكا. بۇ ئىشنى مېهمان كەلگەنلىكى ئۈچۈنلا ئېيتقاقچىمىز، مېهمان كەتكەندە ئېيتقىنىمىز بىكار، — دېدى قىزلار.

— گېپىڭلارنى قاراڭلار، — دېدى دەرۋىش كۈلۈپ، — گېپىڭلارنى نېمىشقا مېهمان كەلگەندە دەيسىلەر؟ مەنغۇ ئىلىم تەهسىل قىلغان، ھەممىڭلاردىن چوڭ ئادەممەن. ئادەتتىكى دېهقان چېغىدا، خوتۇن - بالىلىرى بىلەن گەپنى مېهماننى يولغا سالغاندىن كېيىن قىلىشىدۇ. بۇنداق ئالدىراڭغۇلۇق قىلساڭلار، مېنى ئوسال قىلىپ قويماسىلەر! مەن چىقاي.

— ئاكا، ئاچچىقىڭىزغا ھاي بېرىڭ، مېهمانلار قەيەردىن كەپتۇ، ئېيتىڭا، — دېدى قىزلار ئۇنىڭغا ئېسىلىپ.

دەرۋىش بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئۇن چىقارمىدى.

— بايىتىن بالا دەرۋىش چاي راسلىغىلى كىرىپتىكەن. ئۇنىڭدىن تۆت شەيخ كەلدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرى ئاق پىشماق، سېمىز؛ بىرى ئۇزۇن تۇمشۇق، سالپاڭ قۇلاق، دەپ ئاڭلىدۇق. ئاكا، ئۇلارنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى سوراپ باقتىڭىزمۇ؟ — دېدى قىزلار.

— ئۇلارنىڭ ئىككىسىنى قەيەردىن بىلىسىلەر؟ ئۇنى بىرەر يەردە كۆرگەن ئوخشايسىلەر - ھە؟ — دېدى دەرۋىش.

— ھېچ ئىشتىن خەۋىرىڭىز يوق ئىكەن - ھە، ئاكا، — دېدى قىزلار، — شەيخلەر تاڭ پادشاھىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن غەربكە بۇددا

نومنى ئالغىلى كېتىۋاتقانلار ئىكەن . ئەتىگەن مەن ئۆيدە غىزا تەييارلاۋاتاتتىم ، قىزلار تاڭ سېڭ ئىسىملىك بىرىنى تۇتۇۋالدى ، — دېدى بىر قىز .

— قانداق تۇتۇۋالدىڭلار ؟ — دېدى دەرۋىش .

— خېلى ئۇزاقتىن بېرى كىشلەردىن تاڭ سېڭ ئىنتايىن تەقۋادار ، كامالەتكە يەتكەن كىشى ئىكەن . ئۇنىڭ گۆشىنى يېسە ، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرگىلى بولىدىكەن ، دېگەن گەپنى ئاڭلاپ يۈرەتتىم ، شۇڭا ئۇنى تۇتۇۋالدىم . كېيىن ئۇزۇن تۇمشۇق ، سالپاڭ قۇلاق شەيخ جۇگۇ بۇلىقىدا كىيىملىرىمىزنى ئېلىۋالدى ، كېيىن ماھارەت كۆرسىتىپ توققۇز چېشلىق تىرنىسىدا جېنىمىزنىغا قەست قىلماقچى بولدى . ئەگەر ئاز - تولا ھۈنىرىمىز بولمىغان بولسا ، ئۇنىڭ قولىدا تۈگىشەتتۇق . ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشا - ئېلىشا قېچىپ كەلدۇق . ئاندىن جىيەنلىرىڭىزنى ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىشقا بۇيرۇدۇق ، بىلمىدۇق ، قانداق بولدىكىن ئۇلار . شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن سىزنىڭ قېشىڭىزغا كېلىۋالغانمىز ، كونا قەدىردانلىقىمىزنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن بۈگۈن بىزگە باشپاناھ بولۇپ بېرىڭ ، ئۆچمىزنى ئېلىۋالايلى .

بۇنى ئاڭلاپ دەرۋىشنىڭ چىرايى ئۆڭدى :

— بۇ شەيخلەر مۇشۇنداق ئەسكىلىك قىلدىمۇ ! خاتىرجەم بولۇڭلار ، ئۇلارنى ئۆزۈم جايلايمەن .

— ئاكا ، سىزلا قول سالسىڭىز ، بىز ياردەمگە تەييار ، — دېدى قىزلار مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ .

— ئۇرۇشمايمىز ! ئۇرۇشمايمىز ! ئۇرۇشمايمىز ! «نىجاسەتكە چالما ئاتسا يۈزگە چاچرايدۇ» دېگەن گەپ بار . قېنى مەن بىلەن كېلىڭلار ، — دېدى دەرۋىش .

قىزلار دەررۇ دەرۋىشنى ئارىغا ئېلىشتى . دەرۋىش ئۆيگە كىرىپ بىر شوتىنى ئالدى ، كارىۋاتنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ تورۇسقا چىقىپ كىچىك بىر خۇرۇم ساندۇقنى ئالدى . ساندۇققا كىچىككىنە قۇلۇپ سېلىنغانىدى . ئۇ يېڭىدىن سېرىق قولياغلىق ئالدى ۋە

قولياغلىق ئۇچىغا چىگىلگەن كىچىككىنە ئاچقۇچتا قۇلۇپنى ئېچىپ بىر بولاق زەھەرلىك دورا ئالدى . ئاندىن قىزلارغا :

— سىڭىللىرىم ، بۇ مېنىڭ ئەڭگۈشتىرىم ، ئادەتتىكى ئادەملەر بۇنىڭدىن بىر لى① يېسە شۇ زامان ئۆلىدۇ ؛ ئەگەر پەرىزات ، ئەۋلىيالار بولسا ئۈچ لى يېسىلا تەييار بولىدۇ ؛ بۇ شەيخلەر تەرىقەتچىلەر بولغانلىقى ئۈچۈن ئۈچ لى يېسە بولىدۇ . بۇنى چاپسان ئېلىڭلار ، — دېدى .

قىزلارنىڭ بىرى بىر سىقىم ئالغانىدى ، دەرۋىش :

— بىر سەر ئىككى لىنى تۆتكە بۆلۈڭلار ، — دېدى ، ئاندىن ئون ئىككى تال چىلان ئېلىپ ھەربىرىنىڭ ئىچىگە بىر لىدىن زەھەر سېلىپ ، تۆت چىنىگە سالدى ؛ يەنە ئىككى تال قارا چىلاننى چىنىسىگە ئايلاندۇرۇپ پەتنۇسقا قويدى . شۇ ئىشلاردىن كېيىن قىزلارغا :

— مەن بېرىپ سوراپ باقاي ، ئۇلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئادەملىرى بولمىسا مەيلى ؛ ناۋادا شۇ ئادەملەر بولۇپ قالسا ئاپقۇرنى چىنىگە ئالماشتۇرۇڭلار ، مەن چاي دېسەم ، باللارغا شۇنى بېرىڭلار . ئۇلار ئىچىپلا بىر - بىرلەپ جان بېرىدۇ ، ئۆچۈڭلار ئېلىنىدۇ ، دەردىڭلار چىقىدۇ ، — دېدى . قىزلار چەكسىز تەشەككۈر ئېيتتى .

دەرۋىش باشقا كىيىم كىيىپ ، ناھايىتى كەمتەرلىك بىلەن چىقىپ كەلدى ۋە تاڭ سېڭ قاتارلىقلارغا تەكەللۇپ قىلدى .

— ئەيىبكە بۇيرۇمىغايسىزلەر ، ئارقىغا چىقىپ شاگىرتلارغا كەرەپشە ، تۇرۇپ ئاقلاپ ، گۆشسىز پەرھىز تائام قىلىشنى تاپىلاپ كىرگۈچە ئارىلىقتا ھايال بولۇپ قالدىم ، — دېدى .

— كەمىنىڭىزلەر قۇرۇق قول كىرىپ غىزا يېيىشكە قانداقمۇ پېتىنالىسۇن ؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

— ئىككىلىمىز ئوخشاشلا دەرۋىش . ھەممىلا جايدا رىزقىمىز بار تۇرسا ، قانداقمۇ قۇرۇق قول دېگىلى بولىدۇ ؟ تەقسىر ، قايسى

① بىر لى — بىر جىڭنىڭ ئون مىڭدىن بىرى .

دىياردىن ، قانداق ئىش بىلەن كەلگەنلىكىڭلارنى بىلسەك بولارمۇ ؟ — دېدى دەرۋىش كۈلۈپ .

— كەمىنىلىرى شەرقىي دىياردىكى ئۇلۇغ تاڭ پادىشاھىنىڭ ئەمرى بىلەن غەربتىكى چوڭ گۆھەرنىشىن ئىبادەتخانىسىغا بۇددا نومىنى ئالغىلى كېتىۋاتقانلارمىز . مۇبارەك قەسرىڭىزلاردىن ئۆتۈۋېتىپ ، زىيارەتكە كىرىۋىدۇق ، — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

بۇنى ئاڭلاپ دەرۋىشنىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى :

— تەقسىرلەر بۇددادا سەممىمىي ـ ساداقەتلىك بىلەن سېغىنىغىنىڭىزلارنى ئۇقماستىن ئالدىڭىزلارغا چىقالماي قاپتىمەن . كەچۈرگەيسىزلەر ! كەچۈرگەيسىزلەر . بالىلار ، دەرھال چاي كەلتۈرۈڭلار ، غىزانى چاپسانراق قىلسۇن ، ئېيتىڭلار .

بالىلار چايغا كىرگەندى ، قىزلار تەڭلا ئۇنى چاقىرىپ :

— مانا بىز چاي تەييارلاپ قويدۇق ، شۇنى ئاچىقىڭ ، — دېدى .

دېگەندەك بالىلار بەش چىنە چاينى ئاچىقتى . دەرۋىش دەرھال قىزىل چىلان سېلىنغان چىنىنى تاڭ راھىبغا قوش قوللاپ سۇندى . جۇ باجيېنىڭ قاۋۇل بەستىگە قاراپ ئۇنى چوڭ شاگىرتى ، دەپ ئويلىدى ؛ شاسېڭنى ئىككىنچى شاگىرتى ؛ ۋىجىككىنە سۇن ۋۇكۇڭنى ئۈچىنچى شاگىرتى ، دەپ ئويلىدى . شۇڭا ، تۆتىنچى چىنىنى سۇن ۋۇكۇڭغا تۇتتى .

كۆزى ئىتتىك سۇن ۋۇكۇڭ چىنىنى ئېلىپلا پەتنۇستىكى ئىككى چىنىدە قارا چىلان بارلىقىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە :

— تەقسىر ، ئىككىمىز چېيىمىزنى ئالماشتۇرايلى ، — دېدى .

— سىزدىن يوشۇرمايمەن ، — دېدى دەرۋىش كۈلۈپ ، — تاغ ـ دالادا ياشايدىغان دەرۋىشلەر ماكانىدىن دەرمەھەل ئوبدان نەرسە چىقمايدۇ . بايا مېۋە ـ چېۋە بارمىكىن ، دەپ ئۆزۈم ئاختۇرۇپ قارىسام ، ئون ئىككى تاللا چىلان قاپتۇ . شۇنى تۆت پىيالىگە سالدىم . بۇ پېقىرنىڭ ھەرقايسىڭىزلارغا بولغان ئىززەت ـ ھۆرمىتى .

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ ، — دېدى سوُن ۋۇكوُڭ كوُلوُپ ، — كونىلاردا «كەمبەغەللىك ئۆيدە بىلىنمەيدۇ ، يولدا بولسا ئادەم ئۆلتۈرىدۇ» دەيدۇ . سىز ئۆيىڭىزدە تۇرۇۋېتىپمۇ كەمبەغەلمەن دەمسىز؟ بىزدەك ساياق دەرۋىشلەرنى كەمبەغەل دېسە يارىشىدۇ . ئەكېلىڭ ، سىز بىلەن ئالماشتۇرۇپ ئىچەي .

— سوُن ۋۇكوُڭ ، بۇ ياق ياخشى كۆڭلى بىلەن بىزنى مېھمان قىلىۋاتسا شۇكۇر قىلماي ئالماشتۇرىمەن ، دېگىنىڭ نېمىسى؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ .

سوُن ۋۇكوُڭ نائىلاج ، چاينى ئۇ قولىدىن بۇ قولىغا ئېلىپ ئۇلارغا قاراپ ئولتۇردى .

ئەلقىسسە ، قارنى يامان جۇ باجىيېنىڭ قورسىقى تازا ئاچقان ۋە بەك ئۇسسىغانىدى . شۇڭا ، چىنىدىكى ئۈچ تال چىلاننى كۆرۈپلا گۇپۇلدىتىپ ئىچىۋەتتى . ئۇستاز ۋە شاسېڭمۇ ئىچىپ بولدى . ھايال ئۆتمەي جۇ باجىيېنىڭ چىرايى تاتىرىپ ، شاشەيخىنىڭ كۆزىدىن ياش چىقىپ كەتتى . تاڭ سېڭنىڭ ئاغزىدىن كۆپۈك چىقتى . ئۇلار ئولتۇرالماي ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى .

سوُن ۋۇكوُڭ چايدا زەھەر بارلىقىنى بىلدى ـ دە ، چىنىنى دەرۋىشنىڭ يۈزىگە ئاتتى . دەرۋىش يۈزىنى يېڭىدە توسۇپ ئۆزىنى چەتكە ئالغانىدى ، چىنە يەرگە چۈشۈپ جاراڭلاپ سۇندى . دەرۋىش غەزەپ بىلەن :

— سەن نېمانداق ئەسكى دەرۋىشسەن ! نېمىدەپ چىنەمنى چاقىسەن؟ — دېدى .

— ھو مۇناپىق ! بىز ساڭا نېمە قىلغان ، نېمىدەپ بىزگە زەھەر سېلىنغان چاينى بېرىسەن؟ — دېدى سوُن ۋۇكوُڭ تىللاپ .

— ھوي مۇناپىق ، قىلغان گۇناھىڭنى بىلمەمسەن تېخى؟ — دېدى دەرۋىش .

— ئەمدى كىرگەن تۇرساق ، نېمە ئىش تېرىدۇق ، بىز ، — دېدى سوُن ۋۇكوُڭ .

— پەنسى غارىغا تاماق سوراپ كىرىشمىدىڭمۇ؟ جوگۇ بۇلىقىدا

يۈيۈنۈشمىدىڭمۇ ؟ — دېدى دەرۋىش .

— جوگۇ بۇلىقىدا يۈيۈنغانلار يەتتە جىن . سەن مۇشۇ گەپنى قىلغان بولغاندىكىن ، چوقۇم ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆۋىدىن چىققان جىن سەن ! قاچما ! كالتىكىمگە قارا ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ۋە قۇلىقىدىن ئالتۇن توقىسىنى ئالدى ، بىر ئايلاندۇرۇپلا چىنىدەك توملۇقتىكى كالتەك قىلىپ دەرۋىشنى دۇمبالاپ كەتتى . دەرۋىش شاققىدە ئۆزىنى قاچۇرۇپ خاسىيەتلىك شەمشىرىنى ئالدى .

ئىككىيلەننىڭ ئاۋازى جىنلارغا ئاڭلاندى . ئۇلار تەڭلا چىقىپ :

— ئاكا ، زورۇقماڭ . ئۇنى بىزلا تۇتىمىز ، — دېدى .

سۇن ۋۇكۇڭ بۇلارنى كۆرۈپ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۇچتى . تۆمۈر كالتىكىنى ئىككى قولى بىلەن تۇتۇپ پاراس - پۇرۇس ، تاراس - تۇرۇس قىلىپ ئۇرۇپ كەتتى . يەتتە جىن ئاق قورسىقىنى ئېچىپ كىندىكىدىن ۋاشىلدىتىپ مەشۇت ئارغامچا چىقاردى ، ئۇنىڭدىن چېدىر توقۇپ ، سۇن ۋۇكۇڭنى شۇنىڭ ئىچىگە ئېلىۋالدى .

سۇن ۋۇكۇڭ ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى بىلىپ بىر ئەپسۇن ئوقۇدى - دە ، موللاق ئېتىپ چېدىرنى بۇزۇپ قاچتى ؛ ئەلەمگە چىداپ ئاسمانغا چىقىپ تۆۋەنگە قارىدى . جىنلار ۋالىلداپ تۇرغان مەشۇتلارنى توختىماي چىقىرىپ بابكا بوز توقۇغاندەك بىردەمنىڭ ئىچىدە جۇخار ئىبادەتخانىسىنىڭ راۋاق ، ئۆيلىرىنى تورنىڭ ئىچىگە ئېلىپ يوقلا قىلىۋەتتى . سۇن ۋۇكۇڭ بۇنى كۆرۈپ : «ياپىر ! يا ھەزرەت ! جۇ باجىيې بىكار يىقىلىۋەرمىگەنىكەن ! ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق ! ئۇستازىم بىلەن ئىنىلىرىم زەھەرلىنىپ قالدى . بۇ جىنلارنىڭ تىلى بىر ئىكەن . بۇ نېمىلەرنىڭ زادى نېمىلىكىنى يەر مۇئەككىلىدىن سوراپ باقاي» دېدى .

سۇن ۋۇكۇڭ بۇلۇتتىن چۈشۈپ ئەپسۇن ئوقۇغانىدى ، يەر مۇئەككىلى پەيدا بولدى ، ئۇ لاغىلداپ تىترىگەن ھالدا يول بويىغا تىزلىنىپ ، باش قويۇپ تۇرۇپ :

— سۇن ھەزرەت ، ئۇستازلىرىنى قۇتۇلدۇرغىلى كەتكەن

ئىدىلىغۇ ، نېمىشقا قايتىپ كەلدىلە؟ — دېدى .
— ئەتىگەن ئۇستازنى قوتۇلدۇرغانىدىم ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ، — ھېچقانچە ئۇزاق ماڭمايلا جۇخار ئىبادەتخانىسىغا بېرىپ قالدۇق . ئۇستاز بىلەن كىردۇق ، ساھىبخانا چىقىپ كۈتۈۋالدى . بىرپەس پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇۋىدۇق ، ئۇ چايغا زەھەر سېلىپ ئۇستاز ۋە ئىنىلىرىمنى زەھەرلەپ يىقىتتى . ھېلىمۇ ياخشى مەن ئىچمەپتىمەن . ساھىبخانىنى دەررۇ كالتەكلىدىم . ئۇ بىزنىڭ پەنسى غاردىن يېمەكلىك سورىغىنىمىز ۋە جوگۇ بۇلىقىدا يۇيۇنغانلىقىمىزنى ئېيتتى . شۇ گەپتىن ئۇنىڭ جىنلىقىنى بىلدىم . شۇ ئارىلىقتا يەتتە قىز يۈگۈرۈپ چىقىپ مەشۇت ئارغامچا چىقارغىلى تۇرۇۋىدى ، چاققانلىق قىلىپ قېچىپ قۇتۇلدۇم . مەن ئويلايمەنكى ، سىز مۇشۇ جاينىڭ مۇئەككىلى ، ئۇلارنىڭ نېمىلىكىنى چوقۇم بىلىسىز . ئۇلار قانداق جىن ، راستىنىڭىزنى ئېيتىڭ .
— بۇ جىنلارنىڭ بۇ يەرگە جايلاشقىنىغا ئون يىل بولمىدى . يېقىنقى ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدىكى بىر قېتىملىق تەكشۈرۈشتە ئۇلارنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى كۆرگەن . ئۇ يەتتىسى ئۆمۈچۈك جىن . ئۇلارنىڭ قورسىقى ئۆمۈچۈك تورى ، — دېدى يەر مۇئەككىلى .
بۇنى ئاڭلاپ سۇن ۋۇكۇڭ خۇش بولۇپ كەتتى :
— بۇ گەپچە ، بۇ ئەرزىمەس نېمىلەر ئىكەن . ئەمسە سىز قايتىڭ . مەن ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بېرەي .
يەر مۇئەككىلى باش قويۇپ تەزىم قىلغاندىن كېيىن كەتتى .
سۇن ۋۇكۇڭ جۇخار ئىبادەتخانىسىغا قايتتى . قۇيرۇقىنىڭ مويىدىن يەتمىش تال يۇلۇپ بىر پۈۋلەپ «ئۆزگەر !» دېگەنىدى ، يەتمىش كىچىك سۇن ۋۇكۇڭ پەيدا بولدى . ئاندىن ئالتۇن توقمىغا پۈۋلەپ «ئۆزگەر !» دېگەنىدى ، يەتمىش تال قوش ئاچىلىق كالتەككە ئۆزگەردى . ئۇنى ھەربىرىگە بىردىن تۇتقۇزدى ، ئۆزىمۇ بىرنى تۇتتى - دە ، سىرتتا تۇرۇپ ھە - ھۇ بىلەن تەڭلا كۆچىگەنىدى ، مەشۇت ئارغامچىلار پاراسلاپ ئۈزۈلۈپ يەتتە ئۆمۈچۈكنى سۆرەپ چىقتى . ئالىقانچىلىك ئۆمۈچۈكلەر پۇت -

قوللىرىنى يىغىپ، بېشىنى ئېچىگە تىققان ھالدا قاقشىشىپ كەتتى:
— بىر قوشۇق قېنىمىزدىن كېچىڭ! گۇناھىمىزدىن ئۆتۈڭ!
يەتمىش كىچىك سۇن ۋۇكۇڭ يەتتە ئۆمۈچۈكنى بېسىپ قىمىر قىلغۇزمىدى.
— ئۇنى ئۇرماي، ئۇستازىم بىلەن ئىنىلىرىمنى قۇتۇلدۇرايلى، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.
— ئاكا، تاڭ سېڭلارنى قايتۇرۇپ بېرىپ جېنىمىزنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭ! — دەپ چۇرقىراشتى جىنلار.
دەرۋىش يۇگۇرۇپ چىقىپ:
— سىڭىللىرىم، تاڭ سېڭنىڭ گۆشىنى يېمىسەم بولمايدۇ. سىلەرنى قۇتۇلدۇرالمايمەن، — دېدى.
بۇنى ئاڭلاپ سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۇچتى:
— ئۇستازىمنى بەرمىسەڭ، سىڭىللىرىڭنىڭ ھالىنى كۆر! —
سۇن ۋۇكۇڭ شۇئان تۆمۈر كالتىكى بىلەن ئۆمۈچۈك جىنلارنى ئۇرۇپ مىجىقىنى چىقىرىۋەتتى، ئاندىن قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ مويلىرىنى يىغىۋالدى - دە، ئۆزى يالغۇز كالتىكىنى كۆتۈرۈپ دەرۋىشكە ھۇجۇم قىلدى.
دەرۋىش ئۇنىڭ سىڭىللىرىنى ئۆلتۈرگىنىنى كۆرۈپ چىداپ تۇرالمىدى. خەنجىرىنى كۆتۈرۈپ جەڭگە ئاتلاندى. دەرغەزەپكە كەلگەن بۇ ئىككىيلەن ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتتى. بۇ جەڭ شۇنداق كارامەت بولدىكى، قىر - چاپ ئاۋازى كۆككە يەتتى، يەر ۋە ئاسماننى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. ئەللىك - ئاتمىش مەرتىۋە تۇتۇشقاندىن كېيىن، دەرۋىشنىڭ قولى تىترەشكە باشلىدى؛ ھەش - پەش دېگۈچە پەيلىرى بوشاشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بەلبېغىنى يېشىپ تونىنى سېلىپ تاشلىۋەتتى.
— قانداق ئوغلۇم! كۈچۈڭ شۇنچىلىك ئىكەن، تېرەڭنى سويۇپ تاشلىۋەتكىنىڭ بىلەنمۇ بىكار! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.
دەرۋىش تونىنى سېلىۋېتىپ ئىككى قولىنى تەڭلا كۆتۈرگەنىدى، ئىككى بېقىنىدىن مىڭ كۆز پەيدا بولدى. ھەربىر كۆزدىن پارقىراق

سېرىق تۇمان چاچراپ، سۇن ۋۇكۇڭنى ئىچىگە ئېلىۋالدى. سۇن ۋۇكۇڭ ئالاقزادە بولۇپ، سېرىق تۇمان ئىچىدە پىرقىراۋەردى. خۇددى چېلەك ئىچىگە كىرىۋېلىپ چۆگىلىگەندەك ياكى ئالدىغا ماڭالمىدى، ياكى كەينىگە يانالمىدى. ھېچ ئامال قىلالماي زەردىگۈش بولۇپ بىر سەكرىگەنىدى، پالاققىدە يەرگە يىقىلدى؛ بېشى قاتتىق ئاغرىپ كەتكەچكە، تۇتۇپ بېقىۋىدى، بېشىنىڭ سۆڭىكى مىلىقلاپ كېتىپتۇ. ئۇ تېخىمۇ تىرىكىپ كەتتى: «تووۋا! تووۋا قىلدىم! بېشىمنىڭ بۈگۈن بۇ ھالغا چۈشكىنىنى قارىمامدىغان! ئادەتتە پالتىمۇ ئۆتمەيدىغان بۇ باش ئەجەب سېرىق نۇرغا سوقۇلغانغا مىلىقلاپ كەتتىغۇ؟ ئەمدى بۇ باش يېرىڭلايدۇ. ساقايغاندىن كېيىنمۇ دەز كەتكىنى كەتكەن بولىدۇ.» شۇ پاراكەندىچىلىكتە ئۇ يەنە «ئالدىمغا ماڭالمايمەن، كەينىمگىمۇ يانالمايمەن، ئۇيان - بۇيېنىمغىمۇ قىمىرلىيالمايمەن. يۇقىرىغا تېخى چىقالمايمەن. قانداق قىلسام بولار؟ بوپتۇ، يەرگىلا كىرىپ كېتەي» دەپ ئويلىدى.

سۇن ۋۇكۇڭمۇ بوش كەلمىدى. ئەپسۇن ئوقۇپ بىر سىلكىنىپلا تاغتېشەرگە[1] ئايلىنىپ، يەرنى تېشىپ بىر كىرىپ كەتكەنچە يىگىرمە چاقىرىم يىراقلىقتا بېرىپ بېشىنى چىقاردى. قارىسا ھېلىقى نۇر ئون چاقىرىم جاينى قاپلىغانىدى. سۇن ۋۇكۇڭ ئەسلىگە قايتىۋىدى، پەي - ئۆگىلىرى ئۇيۇشۇپ پۈتۈن بەدىنى ئاغرىپ كەتتى، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈپ چەكسىز قايغۇغا چۆمدى.

مايمۇن پادىشاھ قايغۇرۇپ ئولتۇرغاندا، تۇيۇقسىز كەينىدە بىرىنىڭ يىغىسىنى ئاڭلىدى ۋە بېشىنى سۇرتۇۋېتىپ كەينىگە قارىدى. قارىلىق كىيگەن بىر ئايال بىر قولىدا بىر قاچا تاماق، بىر قولىدا قەغەز پۇل كۆتۈرگەن ھالدا يىغلاپ ئاستا مېڭىپ كېلىۋاتاتتى. سۇن ۋۇكۇڭ ھەسرەت چەكتى: «يىغا يىغىنى كەلتۈرەر، دەردمەن دەردمەنگە يولۇقار» دېگەن شۇ ئىكەن - دە،

---

① تاغتېشەر — رىۋايەتلەردىكى بىر خىل ھاشارات.

بۇ ئايال نېمىشقا يىغلايدىغاندۇ؟ بېرىپ سوراپ باقاي.
بىر دەمنىڭ ئىچىدە ھېلىقى ئايال ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇ تەزىم قىلىپ:
— خېنىم، نېمىگە يىغلايسىز؟ — دېدى.
— ئېرىم «جۇخار ئىبادەتخانىسى»نىڭ خوجايىنى بىلەن بامبۇك سودىسىدا تالىشىپ قاپتىكەن، ئۇ ئېرىمنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. شۇڭا، ئېرىمگە ھازا تۇتۇپ قەغەز كۆيدۈرمەكچى بولۇۋاتىمەن، — دېدى ئايال يىغلاپ تۇرۇپ.
بۇنى ئاڭلاپ سۈن ۋۇكۇڭ يىغلاپ كەتتى. ئايالنىڭ دەرھال ئاچچىقى كەلدى:
— ئۇياتسىز مەخلۇق! مەن ئېرىمگە ھازا تۇتۇپ قايغۇرۇۋاتسام، سەن پوتلا - ماڭقاڭنى ئېقىتىپ مېنى ئەخمەق قىلماقچى بولۇۋاتامسەن؟
— خېنىم، ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ تەزىم بىلەن، — مەن شەرقىي دىياردىكى ئۇلۇغ تاڭ پادىشاھىنىڭ ئىنىسى تاڭ سەنزاڭنىڭ چوڭ شاگىرتى سۈن ۋۇكۇڭ راھىب بولىمەن. بىز غەربكە كېتىۋېتىپ «جۇخارگول ئىبادەتخانىسى»غا دەم ئېلىپ ئۆتەيلى دەپ كىرگەنىدۇق. ئۇ يەردىكى دەرۋىش قايسى جىن ئىكىنتاڭ، بىلمىدۇق. ئۇ يەتتە ئۆمۈچۈك جىن بىلەن ئاكا - سىڭىل بولۇشقانىكەن. ئۆمۈچۈك جىنلار يەنسى غارىدا ئۇستازىمغا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولدى. مەن ئىنىم جۇ باجيې، شاسېڭلار بىلەن ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋالدىم. ئۆمۈچۈك جىنلار دەرۋىشنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ يەتكۈزگەنمىكىن، دەرۋىش زەھەرلەنگەن چاي بىلەن ئۇستاز ۋە ئىنىلىرىمنى يىقىتتى. مەنلا ئۇنىڭ چېيىنى ئىچمەي تۆكۈۋەتتىم - دە، ئۇنىڭ بىلەن تۇتۇشتۇم. شۇ ئارىلىقتا ئۆمۈچۈك جىنلار پالاقشىپ چىقىپ مەشۇت تور قۇسۇپ مېنى ئورىۋالدى. مەن بىر ئامال قىلىپ قېچىپ چىقتىم. ئاندىن كۆپىيىش ھۈنىرىم بىلەن ئۆمۈچۈكلەرنىڭ تورىنى ئۈزۈۋېتىپ ئۆزىنى سۆرەپ چىقتىم - دە،

ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتىم . دەرۋىش شەمشەر بىلەن ماڭا ھۇجۇم قىلدى . ئاتمىش مەرتىۋە ئېلىشقاندا ئۇ يېڭىلدى . ئاندىن كېيىمنى سېلىۋېتىپ ئىككى بىقىنىدىن مىڭ كۆز پەيدا قىلدى . ئۇلاردىن نۇر چاچرىتىپ مېنى قاپسىۋالدى . مەن ياكى ئالدىمغا ، ياكى كەينىمگە ماڭالماي تاغتېشەرگە ئايلىنىپ يەرگە كىرىپ مۇشۇ يەردىن چىقتىم . شۇ ئىشلارغا قايغۇرۇپ ئولتۇرغاندا سىزنىڭ يىغىڭىزنى ئاڭلاپ قالدىم . سىز ئېرىڭىزگە ئاتاپ قەغەز كۆيدۈرمەكچى بولۇۋېتىپسىز ، مەن ئۇستازىمنىڭ روھىغا ئاتىغۇدەك ھېچنېمەم يوق بولغانلىقىغا قايغۇرۇۋاتىمەن . بۇ قانداقمۇ سىزنى ئەخمەق قىلغانلىق بولسۇن !

ئايال دەررۇ قولىدىكى تاماق بىلەن قەغەزنى يەردە قويۇپ سۇن ۋۇكۇڭغا تەزىم قىلىپ ئەپۇ سورىدى :

— ئەپۇ قىلىڭ . سىزنىڭمۇ دەردمەنلىكىڭىزنى بىلمەپتىمەن . بۇ گەپچە ، سىز ئۇ دەرۋىشنى بىلمەيدىكەنسىز . ئۇ مىڭ كۆزلۈك يالماۋۇز ، ئۇنى جىق كۆزلۈك ئالۋاستىمۇ دەيدۇ . سىز ئۆزگىرىپ ئۇنىڭ نۇرىدىن قېچىپ قۇتۇلۇپسىز ، ئۇزاق ۋاقت ئېلىشىپسىز . قارىغاندا ، جىق ھۈنەرنى بىلىدىغان ئوخشايسىز ، بىراق ئۇنىڭغا يېقىنلىشالماپسىز . مەن سىزگە بىر دانىشمەننى ئېيتىپ بېرەي . شۇنى چاقىرىپ كەلسىڭىز ، ئۇ نۇرنى بۇزۇپ دەرۋىشنى تۇتىدۇ .

سۇن ۋۇكۇڭ دەررۇ ئۇنىڭغا يېلىندى :

— خېنىم ، ئۇنىڭ تېگى ـ تەكتىنى بىلىدىكەنسىز ، مالال كۆرمەي كۆرسەتمە بەرسىڭىز . ئەگەر ئۇ كىشى ھەقىقەتەن دانىشمەن بولسا ، ئۇنى چاقىرىپ كېلىپ ئۇستازىمنى قۇتۇلدۇراي ، ئېرىڭىزنىڭمۇ ئەتتىنى ئالايلى .

— دانىشمەننى چاقىرىپ كېلىپ دەرۋىشنى تۇتسىڭىز ئەتتىمنىلا ئېلىپ بېرەلەيسىز ، ئۇستازىڭىزنى قۇتۇلدۇرالىشىڭىز مۇمكىن ، — دېدى ئايال .

— نېمىشقا قۇتۇلدۇرغىلى بولمايدۇ ؟

— ئۇ يالماۋۇزنىڭ زەھەرلىك دورىسى بەك يامان . دورىنىڭ

كۆچىدىن يىقىلغان ئادەمنىڭ ئۇستىخانلىرى ئۈچ كۈن ئىچىدىلا پارچە بولۇپ كېتىدۇ. سىز بىرىپ كەلگۈچە ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىپ، قۇتۇلدۇرالماسلىقىڭىز مۇمكىن.
— مەن تېز ماڭىمەن، قانچە يىراق جاي بولسۇن، بىر دەمنىڭ ئىچىدىلا بىرىپ كېلىمەن.
— ئۇنداق بولسا قۇلاق سېلىڭ. بۇ يەردىن مىڭ چاقىرىم يىراق جايدا زېبۇنشەن تېغى دەيدىغان بىر تاغ بار. تاغدا «گۈلزار» ناملىق بىر غار بار. غاردا بولسا بى لەن ئىسىملىك بىر موماي بار. ھېلىقى يالماۋۇزنى شۇ تۇتالايدۇ.
— بۇ تاغ قەيەردە؟ قايسى تەرەپ بىلەن باردۇ؟
— ئۇدۇل جەنۇبقا ماڭسىڭىز بارىسىز.
سۈن ۋۇكۇڭ بۇرۇلۇپ قارىسا ئايال غايىب بولغانىدى.
سۈن ۋۇكۇڭ ئالدىراپ ـ تېنەپ تەزىم قىلدى:
— خېنىم، سىلى كىم بولىدىلا؟ مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرۈشۈم ئۈچۈن ئىسىملىرىنى دەپ بىرىپ كەتسىلە!
— سۈن ھەزرەت مەن بولىمەن، — دېگەن ئاۋاز كەلدى ئاسماندىن.
سۈن ۋۇكۇڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسا لىشەن تېغىدىكى مالائىكە لاۋمۇ ئىكەن، ئۇ دەررۇ ئاسمانغا چىقىپ تەشەككۇر ئېيتقاندىن كېيىن:
— لاۋمۇ، قەيەردىن كېلىشىڭىز، ماڭا ئەجەب بەلەن ئەقىل كۆرسەتتىڭىز، — دېدى.
— مەن بىر يىغىلىشىمىزغا بىرىپ قايتىپ كېلىۋېتىپ ئۇستازىڭىزنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكىنىنى بىلدىم. شۇڭا، ھازىر دار ئايال قىياپىتىدە ئۇنىڭغا ياردەم قولۇمنى سوزغۇم كەلدى. سىز دەرھال بېرىپ بى لەن مومايىنى تېپىپ كېلىڭ، مېنىڭ دەپ بەرگىنىمنى ھەرگىز ئېيتماڭ. چۈنكى ئۇ، رەنجىپ قالىدۇ، — دېدى لاۋمۇ.
سۈن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ خوشلاشتى. ئاندىن

بولۇتنى سۈرۈپ - ھەيدەپ زىيۇنشەن تېغىغا كەلدى . بۇلۇتنى توختىتىپ «گۈلزار» غارىنى كۆردى - دە ، پەسكە چۈشۈپ ، خۇشال - خۇرام ھالدا ئىچكىرىگە كىردى . ئەتراپتىكى مەنزىرە مىسلىسىز گۈزەل ، كۆركەم ئىدى . ئىچكىرىدە ھېچكىم يوق بولۇپ ، تىمتاسلىق ھۆكۈم سۈرەتتى . «بۇ دانىشمەن موماي يوق ئوخشىمامدۇ ؟ » دەپ ئويلىدى سۈن ۋۇكۇڭ . ئۆيگە كىرگەندە قارىسا ، بىر بۇۋى كارىۋاتتا ئولتۇراتتى . سۈن ۋۇكۇڭ كېلىپ سالام بەردى :

— بى لەن موما ، ياخشىمۇسىز .

موماي دەرھال كارىۋاتتىن چۈشۈپ ئالىقىنىنى جۈپلەپ سالام قايتۇردى ۋە :

— ئەۋلىيا ئەزەم ، ئەپۇ قىلغايسىز ، قەيەردىن كېلىشىڭىز ؟ — دېدى .

— مېنى قانداق تونۇيسىز ؟ — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .

— سىز ئۆز ۋاقتىدا ئەرشنى مالىمان قىلغاندا زېمىنغا سىزنىڭ ئوبرازىڭىز چۈشكەن . شۇنداق تۇرسا ، سىزنى كىم بىلمەيدۇ ، كىم تونۇمايدۇ ؟

— «يامانلىقنىڭ يولى يېنىك ، ياخشىلىقنىڭ ئېغىر» دېگەن شۇ ئىكەن - دە ، مېنىڭ ھازىر گۇناھىمنى يۇيۇپ بۇددا مۇخلىسى بولغىنىمنى بىلمەمسىز !

— قاچاندىن بېرى شۇنداق بولدى؟ مۇبارەك بولسۇن ! مۇبارەك بولسۇن !

— يېقىندا ئۇستازىم تاڭ سېڭنى مۇھاپىزەت قىلىپ غەربكە بۇددا نومىنى ئالغىلى كېتىۋاتاتتىم . ئۇستازىم «جۇخارگۇل ئىبادەتخانىسى»دىكى دەرۋىشكە يولۇقۇپ قېلىپ ، زەھەر سېلىنغان چاي بىلەن زەھەرلىنىپ يىقىلىپ قالدى . مەن ئۇ نەرسە بىلەن جەڭ قىلدىم . ئۇ مېنى نۇر ئىچىگە ئېلىۋالدى . مەن كارامىتىمنى ئىشقا سېلىپ قېچىپ قۇتۇلدۇم . ئۇنىڭ نۇرىنى يوقاتقىلى بولامدىكىن ، دەپ ئالايىتەن ئۆزلىرىنى ئىزدەپ كېلىۋىدىم .

— بۇنى سىزگە كىم دەپ بەردى؟ مېڭلەن يىغلىشىدىن كېيىن مانا ئۈچ يۈز يىلدەك بوپتۇ، بوسۇغا ئاتلاپ چىقمىدىم. ئىسىم - نامىمنىمۇ يوشۇرۇپ كەلگەچكە، مېنى ھېچكىم بىلمەيتتى. سىز قانداق بىلىۋالدىڭىز؟

— مەن يەرنىڭ تېگىدە يىلاننىڭ كۆشىگىنىنى بىلىدىغان تۇرسام، قەيەردە بولسۇن، ئۆز قوۋمىمدىكىلەر بولسىلا ئىزدەپ بېرىۋېرىمەن.

— بوپتۇ، ئەسلىي بارمايتتىم، ئۆزىڭىز كەپسىز. بۇددا نومىنى ئەكېلىشتەك خەيرلىك ئىشنى دەپ بولسىمۇ سىز بىلەن باراي.

سۇن ۋۇكۇڭ كۆپ تەشەككۇر ئېيتتى.

— بىلمىدىم، نېمە قورال ئېلىپ بارسىزكىن؟

— گۈل چېكىدىغان بىر يىڭنەم بار. شۇنىڭ بىلەن دېۋىنى تۇتىمەن.

— بى لەن موما، مېنى خاتا چۈشىنىپ قالماڭ. ئۇنىڭ دورىسى گۈل چېكىدىغان يىڭنە ئىكەنلىكىنى بالدۇرراق بىلگەن بولسام، كېلىپ سىزنى مالال قىلماس ئىكەنمەن. چۈنكى مېنىڭدىن ئۇنى سورىغان بولسىڭىز خالىغانچە بېرەتتىم، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ئۆپكىسىنى باسالماي.

— سىزنىڭ گۈل چېكىدىغان يىڭنىڭىز ياكى پولات، ياكى تۆمۈر ۋە ياكى ئالتۇندۇر، كارغا كەلمەيدۇ. مېنىڭ بۇ نەرسەم پولاتمۇ، تۆمۈرمۇ، ئالتۇنمۇ ئەمەس. ئۇ، كىچىك ئوغلۇم قۇياشنىڭ كۆزىدە تاۋلىغان خاسىيەتلىك يىڭنە.

— ئوغلىڭىز كىم بولىدۇ؟

— سۇرەييا يۇلتۇز بەگ.

سۇن ۋۇكۇڭ ھەيرانۇھەس بولدى. شۇ ئارىلىقتا ساپسېرىق نۇر كۆز چاقناتتى. ئۇ بۇرۇلۇپ بى لەنگە:

— نۇر چىقىۋاتقان جاي «جۇخارگۈل ئىبادەتخانىسى»، — دېدى.

بى لەن ياقىسىدىن قىلدەك ئىنچىكە، بەش - ئالتە سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بىر يىڭنىنى ئېلىپ ئالىقىنىدا چۆرگىلەتكەندىن كېيىن ئاسمانغا ئاتتى. بىردەمنىڭ ئىچىدە پاڭ قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ نۇر يېرىلدى. سۇن ۋۇكۇڭ خۇش بولۇپ:

— بارىكاللا! بارىكاللا! يىڭنىنى تاپايلى، يىڭنىنى تېپىۋالايلى، — دېدى.

— مانا ماۋۇ يەردە تۇرمامدۇ؟ — دېدى بى لەن ئالىقىنىنى ئېچىپ. سۇن ۋۇكۇڭ بۇلۇتتىن چۈشۈپ ئىچكىرىگە كىردى. دەرۋىش - مىدىر - سىدىر قىلماي كۆزلىرىنى يۇمۇپ ياتاتتى. سۇن ۋۇكۇڭ:

— ماۋۇ مەرەزنىڭ قارىغۇ بولۇۋېلىپ يېتىۋالغىنىنى قارىمامدىغان! — دەپ تىللىدى - دە، قۇلىقىدىن كالتەكنى ئېلىپ ئۇرۇشقا تەمشەلدى. بى لەن ئۇنى توسۇدى:

— سۇن ھەزرەت، ئۇنى ئۇرماڭ، بېرىپ ئۇستازىڭىزغا قاراڭ.

سۇن ۋۇكۇڭ ئۇدۇل ئارقىدىكى مېھمانخانىغا كىرىپ قارىسا، ئۇچەيلەن ئاغزىدىن كۆپۈك چىققان پېتى ئۇخلاۋاتاتتى، ئۇنى كۆرۈپ يىغلاپ كەتتى:

— ئەمدى قانداق قىلارمەن! قانداق قىلغۇلۇق ئەمدى!

— ئەۋلىيا ئەزەم، قايغۇرماڭ. بۇگۈن ئۆيدىن چىققاندىن كېيىن ھامىنى بۇرچۇمنى تولۇق ئادا قىلاي. مەندە زەھەرنى قايتۇرىدىغان دورا بار. شۇنىڭدىن ئۈچ تال بېرەي.

سۇن ۋۇكۇڭ باش قويۇپ مىننەتدارلىق بىلدۇردى. بى لەن يېڭىدىن ئەسكى بىر قەغەز بولاقنى ئېلىپ، ئۇنىڭدىكى ئۈچ تال قىزىل دورىنى سۇن ۋۇكۇڭغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئاغزىغا سېلىشنى ئېيتتى. سۇن ۋۇكۇڭ ئۇلارنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ دورىنى ھەربىرىگە بىر تالدىن يېگۈزدى. ئۇزاققا قالماي ئۇلار تەڭلا قۇسۇپ زەھەرنى ياندۇرۇۋېتىپ تىرىلدى. ھەممىنىڭ ئالدىدا جۇ باجيې ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئىچىم قاراڭغۇلىشىپ ئۆلەي دېدىم، — دېدى. تاڭ سەنزاڭ بىلەن شاسېڭمۇ ئويغاندى:
— بېشىمىز ئەجەب قېيىۋاتىدۇ!
— سىلەر چايدىن زەھەرلىنىپ قالغانىدىڭلار، بەختىڭلارغا بى لەن موما سىلەرنى قۇتۇلدۇرۇۋالدى. ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىڭلار، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ.
تاڭ سەنزاڭ كىيىمىنى تۈزەشتۈرۈپ سالام بېرىپ تەشەككۈر ئېيتتى.
— ئاغا، دەرۋىش قېنى؟ ئۇنىڭدىن بىزنى نېمىشقا زەھەرلىگەنلىكىنى بىر سوراپچۇ! — دېدى جۇ باجيې.
سۈن ۋۇكۇڭ بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىۋىدى، جۇ باجيېنىڭ ئاچچىقى كېلىپ كەتتى:
— بۇ بىرنېمە ئۆمۈچۈك جىنلار بىلەن بىر تۇغقان بولسا چوقۇم جىن ئىكەن! — دېدى.
— ئۇ تاشقىرىدا قارىغۇ بولۇۋېلىپ ياتىدۇ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ.
جۇ باجيې تىرنىسىنى ئالغاندى، بى لەن توسۇۋالدى:
— تەقسىر، ئاچچىقىڭىزغا هاي بېرىڭ، ئەۋلىيا ئەزەم غاردا مەندىن باشقىسى يوقلۇقىنى كۆردى. مەن ئۇنى هويلا - ئارامغا قارايدىغانغا ئالاي.
— هىممىتىڭىزگە كۆپ رەھمەت! ئۇنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى بىر كۆرسەك بولاتتى، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ.
— ئاسان گەپ، — دېدى بى لەن، ئۇ بارمىقىنى بىر ئايلاندۇرۇۋىدى، دەرۋىش يەرگە ئۆزىنى تاشلاپ ئەسلىگە ياندى. ئۇ، يەتتە گەز ئۇزۇنلۇقتىكى سەكسەنپۇت ئىدى. بى لەن چىمەلتىكىنى ئىشقا سېلىپلا بولۇقتا چىقىپ ئۇدۇل گۇلزار غارىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.
— بۇ مومايمۇ يامان ئىكەن. بۇنچە يامان مەخلۇقنى ئۇ قانداقمۇ تۇتقاندۇ؟ — دېدى جۇ باجيې ئاسمانغا قاراپ.

— مەن ئۇنىڭدىن يالماۋۇزنىڭ نۇرىنى يوق قىلىدىغان قانداق قورالى بارلىقىنى سورىسام، ئۇ: «ئوغلۇم قۇياشنىڭ كۆزىدە تاۋلىنىغان گۈل چېكىدىغان يىڭنە بىلەن» دېدى. ئوغلىنىڭ كىملىكىنى سورىسام، سۇرەييا يۇلتۇز بەگ، دېدى. مېنىڭچە سۇرەييا يۇلتۇز بەگ خوراز بولۇشى مۇمكىن. بۇ موماي چوقۇم مېكىيان. توخۇلارلا سەكسەنپۇتنى جايلايدۇ. شۇڭا، ئۇنى تۇتالىغان بولۇشى مۇمكىن.

تاڭ سەنزاڭ چەكسىز مىننەتدارلىق بىلدۈرگەندىن كېيىن:

— شاگىرتلار، نەرسە - كېرەكلەرنى يىغىشتۇرۇڭلار، — دېدى. شاسېڭ ئىچكىرىدىن ئازراق گۈرۈچ تېپىپ تاماق قىلدى. قورساقنى ئوبدان توقلىغاندىن كېيىن ئۇ ئاتنى يېتىلەپ، يۈك - تاقىنى كۆتۈرۈپ ئۇستازنى ئىشكتىن چىقاردى. سۇن ۋۇكۇڭ ئاشخانىدىن ئوت ئاچىقىپ ھەشەمەتلىك، چىرايلىق ئىبادەتخانىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋەتتى - دە، چوڭ قەدەملەر بىلەن يولغا چۈشتى. ئۇلارنىڭ يەنە قانداق ئىشلارغا يولۇققانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

## يەتمىش تۆتىنچى باب

### *زوھرە يۇلتۇزى — چاڭگىڭنىڭ ئالۋاستىدىن خەۋەر بەرگەنلىكى*
### *سۇن ۋۇكۇڭنىڭ نەچچە خىل نەرسىگە ئۆزگەرگەنلىكى*

ئەلقىسسە، تاڭ سەنزاڭلار تورلاردىن قۇتۇلۇپ غەرب تامان يول ئالدى. ھەش - پەش دېگۇچە ياز تۈگەپ كۈز كەلدى. ھاۋا سوۋۇشقا باشلىدى. بىردىنلا ئۇلارغا چوققىلىرى كۆككە تاقاشقان ئاجايىپ ئېگىز تاغ ئۇچرىدى. تاڭ سەنزاڭنىڭ ئىچىگە قورقۇنچ چۈشتى. ئۇ سۇن ۋۇكۇڭغا:

— قارىغىنا، ئالدىمىزدىكى تاغقا. ئاجايىپ ئېگىزغۇ، ئۆتكىلى بولارمۇ؟ — دېدى.

— نېمىلەرنى دەۋاتىدىلا ئۇستاز، «ئېگىز تاغدىمۇ ماڭىدىغان يول بار، دەريا چوڭقۇر بولسىمۇ ئۆتىدىغان كېمىچى بار» دەپتىكەن، ئۆتكىلى بولمايدىغان يولمۇ بارمۇ؟ خاتىرجەم مېڭىۋەرسىلە! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

تاڭ سېڭ ئېتىنى قامچىلاپ ئالغا ئىلگىرىلەپ ئېگىز قىياغا چىقتى.

بىر چاغدا كۈمۈشتەك ئاپئاق چاچلىرى بىلەن ساقىلى يەلپۈنۈپ تۇرغان، تەسۋى بىلەن ئەجدىھا باشلىق ھاسىسا تۇتقان بىر بوۋاي پەيدا بولۇپ يىراقتىنلا توۋلىدى:

— ھوي غەربكە ماڭغان دەرۋىشلەر مۇبارەك قەدىمىڭلارنى توختىتىۋالسىلەر. بۇ تاغدا بىر توپ ئالۋاستى بار، ئادەمزاتنى كۆرسىلا يەپ قۇرۇتىۋېتىدۇ. ئالدىڭلارغا ماڭماڭلار!

بۇنى ئاڭلاپلا تاڭ سەنزاڭنىڭ چىرايىدا قان دىدارى قالمىدى. ئات سىلىق ماڭمىغانلىقى ۋە ئىگەر چىڭ تۇرمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئاتتىن يىقىلدى. سۈن ۋۇكۇڭ ئۇنى يۆلەپ:

— قورقماڭ، قورقماڭ! مەن بار! — دېدى.

— ئاۋۇ بوۋاينىڭ، بۇ تاغدا ئادەم يەيدىغان ئالۋاستىلار بار، دېگىنىنى ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ قايسىڭلار بېرىپ ئەينەن ئەھۋالنى ئۇقۇپ كېلىسىلەر؟ — دېدى تاڭ سېڭ.

— سىلى ئولتۇرۇپ تۇرسىلا، مەن بېرىپ سوراپ كېلەي، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ.

— سېنىڭ قىياپىتىڭ بەتبەشىرە، گەپ - سۆزلىرىڭ قوپال ۋە سەت. ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويۇپ، ئۇنىڭدىن بىرنەرسە ئۇقۇشالماسسەنمىكىن، — دېدى تاڭ سېڭ.

— چىرايلىقراق قىياپەتكە كىرىپ ئۇقۇشاي ئەمىسە، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ. ئۇ ئەپسۇن ئوقۇپ بىرلا دومىلىدى - دە، قاش - كۆزى جايىدا، بېشى يۇمىلاق، چىرايلىق بالا شەيخ بولدى. ئۇنى كۆرۈپ تاڭ سېڭ خۇش بولۇپ كەتتى.

— ئەجەب چىرايلىق بولدۇڭغۇ، — دېدى ئۇ.

— نېمىشقا بولمايدىكەن! ئۇ دېگەن بىزدىن جىق ئۈستۈن تۇرىدۇ. پېقىر ئىككى - ئۈچ يىل دومىلىساممۇ، بۇنچىۋالا چىرايلىق بولالمايمەن، — دېدى جۇ باجيې.

سۈن ۋۇكۇڭ بۇلاردىن يىراقلىشىپ بوۋاينىڭ قېشىغا باردى. سالامدىن كېيىن:

— بوۋا، ئۆزلىرىدىن بىر ئىشنى سورىماقچىدىم؟ — دېدى.

بوۋاي ئۇنىڭ ياش، چىرايلىقلىقىنى كۆرۈپ خۇش چىراي ئېچىپ سالىمىنى ئىلىك ئالدى. ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ كۈلۈپ سورىدى:

— بالام، قەيەردىن كەلدىڭ؟

— بىز شەرقىي دىياردىكى ئۇلۇغ تاڭ دۆلىتىدىن كەلدۇق. غەربكە بۇددانى تاۋاپ قىلىپ بۇددا نومىنى ئالغىلى كېتىۋاتىمىز.

بۇ يەرگە كەلگەندە ئۆزلىرىنىڭ بۇ تاغدا ئالۋاستى بار دېگەنلىرىنى ئاڭلىدۇق . ئۇستازىم يۇرەكزادىرەك بولغاچ قورقۇپ كېتىپ ، ئۇنىڭ قايسى ئالۋاستى ئىكەنلىكىنى سوراپ كەل ، دەپ مېنى ئەۋەتتى بوۋا ، مالال كۆرمەي ماڭا جىمى ئەھۋالنى ئېنىق سۆزلەپ بەرسىلە ، ئۇنى يوقىتىپ يول ئاچاي .

— سەن كىچىك ئىكەنسەن ، ئىشنىڭ ياخشى - يامىنىنى بىلمەيسەن . ئۇ ئالۋاستى ئاجايىپ يامان نېمە ، ئۇنى يوقىتىپ يول ئاچاي ، دېگەن گەپ ئاغزىڭغا قانداق پاتتى ؟ — دېدى بوۋاي كۈلۈپ .

— بۇ گەپچە سىلى ئۇنى ھىمالاتلىرىغا ئالدىغان ئوخشىمامدىلا ، بولمىسا نېمىشقا ئۇنىڭ ھەيۋىسىنى ئۆستۈرۈپ ، قالتىس كۆرسىتىدىلا ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ .

— نېمانداق گەپدانسەن ؟ ئېھتىمال ئۇستازىڭ بىلەن جاھان كېزىپ يۇرۇپ ئاز - تولا سېھىر - جادۇنى ئۆگىنىۋالغانسەن ياكى جىن - ئالۋاستىلارنى تۇتۇشنى ئۇقىدىغانسەن ، شۇڭا كىشىلەرنىڭ ئۆيىدىكى جىن - ئالۋاستىلارنىلا يوقىتىپ ، تېخى بۇنداق يامان ئالۋاستىنى كۆرۈپ باقمىغانسەن ، — دېدى بوۋاي باش لىڭشىتىپ كۈلۈپ .

— قانداق يامان ئالۋاستى ئۇ ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— ئۇ ئالۋاستى بىرەر يارلىقنى ئېلىپ خىسلەتدار ئوردىغا بارىدىغان بولسا ، بەش يۈز ئارخات ئالدىغا چىقىدۇ ؛ بىر پارچە قەغەزنى كۆتۈرۈپ ئەرشكە چىقسا ئون بىر قۇياش كۈلۈپ كېتىدۇ . ئوت دېڭىزىدىكى ئەجدىھا شاھلار ئۇنىڭ دوستى ، سەككىز غاردىكى ئەۋلىيالار دائىم ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەت قۇرۇپ تۇرىدۇ . ئۇنى تەھتىسارادىكى ئون مۇنكىر بىلەن ئاكا - ئۇكا دېيىشىدۇ تېخى . يەر ۋە شەھەر مۇئەككەللىرى بىلەن ئەزىز دوستلاردەك يېقىن ئۆتىدۇ .

سۇن ۋۇكۇڭ بۇنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ، بوۋاينى نوقۇپ شۇنداق دېدى :

— بولدى ! بولدى ! سۆزلىمىسىلە ! ئۇ ئالۋاستى ئوغلۇم

بىلەن قېرىنداش، دوست بولغان تەقدىردىمۇ ھېچقانچە ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمىغۇدەك. ناۋادا ئۇ مېنىڭ كەلگىنىمنى ئاڭلىسا كېچىلەپ قېچىپ كېتىشى مۇمكىن!

— ھوي شەيخ، بىلجىرلىما! ئۇ ئەۋلىيا كىم، سېنىڭ ئوغلۇڭ كىم؟ — دېدى بوۋاي.

— سىلىدىن يوشۇرۇپ نېمە قىلاي، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ، — پېقىر ئاۋۋالقى ئەۋلىيا كىملىكىنى بىلىدىغان تېغىدىكى سۇ پەردىلىك غاردا تۇرىمەن. فامىلەم سۇن، ئىسمىم ۋۇكۇڭ. ئۆز ۋاقتىدا ئالۋاستىمۇ بولۇپ، ھەر چوڭ ئىشلارنى قىلىۋەتكەن. دېۋە ـ ئالۋاستىلار مەرىكىسىدە جىقراق ئىچىۋېتىپ ئۇخلاپ قاپتىمەن، ئىككى ئادەم مېنى سۆرەپ دوزاخقا ئەكىتىۋېتىپتۇ دەپ چۈش كۆرۈپتىمەن. شۇ ئاچچىقىمدا تۇرۇپ ئالۋاستىلارنى ئۇرۇپ يارىلاندۇرۇپ، ئەزرائىلنى قورقۇتۇپ ھوشىدىن كەتكۈزۈپتىمەن. تەھتىسارا ئاستىن ـ ئۈستۈن بولغىلى تاس قالدى. قورقۇپ كەتكەن مۇنكىر ـ نەكىر، سوراقچى ـ سوئالچىلار قەغەز ئەكەلدى، ئۇن مۇنكىر قول قويۇپ مېنىڭدىن ئۇرماسلىقنى، ئۆزلىرىنى ئوغۇل قىلىۋېلىشىمنى ئۆتۈندى.

— تووۋا قىلدىم! بۇ شەيخ مۇشتۇمدەك تۇرۇپ بەك يوغان گەپ قىلىۋاتىدۇ جۇمۇ. ھەرگىز چوڭ بولمىغاي ئىلاھىم، — دېدى بوۋاي بۇ گەپنى ئاڭلاپ.

— تەقسىر، مۇشۇنچىلىك بولسامۇ كۇپايە، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— نەچچە ياشقا كىردىڭ؟

— ئۆزلىرى تاپسىلا.

— يەتتە ـ سەككىز ياشلارغا كىرگەنسەن.

— يەتتە ـ سەككىز ياشنى ئونمىڭغا قوشۇۋەتسىلىرى بولارمىكىن! مەن سىلىگە ئەسلىي قىياپىتىمنى كۆرسىتەي، قورقمىسىلا جۇمۇ.

— نېمە، يەنە باشقىچە تۇرقۇڭمۇ بارمۇ سېنىڭ؟

— پىقىرنىڭ يەتمىش ئىككى خىل تۈرقى ـ سىياقى بار .

بوۋاي بۇ گەپنى چۈشەنمەي گېپىنى قىلىۋەردى . سۇن ۋۇكۇڭ يۈزىنى بىر سىلاپلا ئەسلىي قىياپىتىگە كىردى : ئۇ دورداي كالپۇك ، كۆتى قىپقىزىل ، بېلىگە يولۋاس تېرىسىنى باغلىۋالغان بولۇپ ، ئالتۇن توقىلىق گۈرزىسىنى تۇتۇۋالغانىدى . ئۆزى بەئەينى چاقماق ھەزرەتكە ئوخشايتتى ھەم قىيانىڭ ئاستىدا تۇراتتى . ئۇنى كۆرۈپلا بوۋاينىڭ چىراي سارغايدى ، پۇت ـ قولىدىن جان قېچىپ ، ئۆرە تۇرالماي پالاققىدە يىقىلدى ؛ ئورنىدىن تۇرۇۋىدى ، يەنە يىقىلدى . سۇن ۋۇكۇڭ يېقىن كېلىپ :

— بوۋا ، قورقمىسىلا ، قىياپىتىم سەت بولغان بىلەن ئاق كۆڭۈلمەن . قورقمىسىلا ! قورقمىسىلا ! سىلى بىزگە ياخشىلىق قىلىپ ئالۋاستى بار ، دېدىلە . ئەمدى ئۇ ئالۋاستى قانداقراق نېمە ، قويماي دەپ بەرسىلە ، سىلىدىن جىق خۇش بولاي ، — دېدى .

بوۋاي لاغ ـ لاغ تىترىدى ، ئاغزى گەپكە كەلمىدى . گاس بولۇۋېلىپ بىر ئېغىز گەپ قىلمىدى .

ئۇ گەپ قىلمىغاندىن كېيىن سۇن ۋۇكۇڭ كەينىگە ياندى .

— سۇن ۋۇكۇڭ ، كەلدىڭمۇ ؟ قانداق بولدى ، — دېدى تاڭ سېڭ .

— ھېچ گەپ يوق ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ، — غەربىي دىياردا جىن ـ ئالۋاستىلار دېگەن ساماندەك . بۇ يەردىكىلەر بەك توخۇ يۈرەك بولغاچقا ، بۇنى بەك چوڭ ئىش بىلىدىكەن . ھېچ ئىش يوق . ھېچنېمە بولمايدۇ ، مەن بار .

— بۇ يەردە قانداق تاغ ـ غارلار ، قانچىلىك ئالۋاستىلار بارلىقى ، گۆھەرنېشىن ئىبادەتخانىسىغا قايسى يول بىلەن بارغىلى بولىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ كەلدىڭمۇ ؟ — دېدى تاڭ سېڭ .

— ئۇستاز ، مېنى ئېغىز غېرىچلىدى دېمەڭ . ئۆزگىرىشتە تىنىكىشىش ، كوكۇلىسىدىن تۇتۇش ، ئادەم كولدۇرلىتىشتا بىز نەچچىمىز ئاغامغا تەڭ كېلەلمەيمىز ؛ ياۋاشلىقتا كەلگەندە ماڭا ھېچكىم يەتمەيدۇ ، — دېدى جۇ باجيې .

— توغرا! توغرا! سەن بەك ياۋاش.

— ئۇ قانداق سورىدىكىنتاڭ، ياكى ئاق، ياكى كۆك دېمەيلا يېنىپ كەپتۇ. مەن بېرىپ ئۇقۇپ كېلەي، — دېدى جۇ باجيې.

— جۇ ۋۇنىڭ، پەخەس بول، — دېدى تاڭ سېڭ.

جۇ باجيې تىرنىسىنى بېلىگە قىستۇرۇپ، تونىنى تۈزەشتۈرۈپ، قەددىنى رۇسلاپ تاغ باغرىغا كېلىپ بوۋايغا:

— سالام بوۋا، — دېدى.

بوۋاي سۇن ۋۇكۇڭ كەتكەندىن كېيىن ھاسىسىغا تايىنىپ تەسلىكتە ئورنىدىن تۇرۇپ، دەلدەڭشىگەن ھالدا مېڭىشقا تەمشىلىۋاتاتتى. بىردىنلا جۇ باجيېغا كۆزى چۈشۈپ ساراسىمىگە چۈشتى:

— يا ھەزرەت! بۈگۈن كېچە مېنى قارا باسقان بولغىيمىدى، بەتبەشىرە نېمىلەر ئەجەبمۇ ئۇچراۋەردى! باياتىنقى شەيخ سەت بولغىنى بىلەن ئاز - تولا ئادەم سىياقى بار ئىدى؛ بۇ شەيخنىڭ نېمانداق تۇمشۇقى ئۇزۇن، قۇلىقى يوغان، يۈزى كۆكتۇ، ئادەم سىياقىدىن ئەسەرمۇ يوققۇ!

— بوۋا، كەيپىڭىز ئۇچۇپلا كەتتىغۇ، ئادەمنى ئۇنداق كەمسۇندۇرماڭ. مېنى نېمە كۆرۈۋاتىسىز؟ مەن راستىنلا سەت. بىراق بىردەمدىلا كۆزىڭىزگە سىڭىپ قالىمەن، — دېدى جۇ باجيې.

بوۋاي ئۇنىڭ ئادەمدەك سۆزلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ نائىلاج سورىدى:

— سەن قەيەردىن كەلدىڭ؟

— مەن تاڭ سېڭنىڭ ئىككىنچى شاگىرتى بولىمەن. قانۇنىي ئىسمىم ۋۇنىڭ باجيې. باياتىن سىزنىڭ قېشىڭىزغا كەلگىنى سۇن ۋۇكۇڭ، مېنىڭ ئاغام بولىدۇ. ئۇستاز ئۇنى سىزگە قوپاللىق قىلغان ئوخشايدۇ، دەپ ئەيىبلىدى ۋە ئەھۋالنى سوراپ كېلىش ئۈچۈن مېنى ئەۋەتتى. بۇ يەردە قانداق تاغ - غارلارنىڭ بارلىقىنى، ئۇ غارلاردا قانداق ئالۋاستى بارلىقىنى، غەربكە قايسى يول بىلەن

بارغىلى بولىدىغانلىقىنى خاپا بولماي ئېيتىپ بەرسىڭىز.
— راست گەپ قىلىۋاتامسەن؟ — دېدى بوۋاي.
— ئۆمرۈمگە كېلىپ پەقەت يالغان گەپ قىلمىغانمەن.
— باياتىن كەلگەن شەيختەك پوچى ئەمەستۇرسەن.
— ئۇنىڭغا پەقەت ئوخشاشمايمەن.
بوۋاي ھاسىغا تايىنىپ تۇرۇپ جۇ باجىيغا:
— بۇ تاغ سەككىز يۈز چاقىرىملىق شىر تۆگە چوققىسى دېيىلىدۇ. تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدا شىر تۆگە غارى بار. غاردا ئالۋاستىلار كاتتىبېشىدىن ئۈچى تۇرىدۇ، — دېدى.
— سىزمۇ تازا ئەنسىز ئىكەنسىز. ئۈچ ئالۋاستىنى دەپ ئالاھىدە خەۋەر قىلىپ ئاۋارە بولدىڭىزمۇ! — دېدى جۇ باجيې بىرنى تۈكۈرۈپ.
— سەنمۇ ئىلگىرى - كېيىن غەرەز ئۇقمايدىكەنسەن، — دېدى بوۋاي كۈلۈپ، — بۇ ئۈچ ئالۋاستى ئىنتايىن يامان! ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى جىنلاردىن جەنۇبىي چوققىدا بەش مىڭى، شىمالىي چوققىدا بەش مىڭى؛ شەرقىي يول ئاغزىدا ئون مىڭى، غەربىي يول ئاغزىدا ئون مىڭى بار؛ تۆت - بەش مىڭى كۆزەت قىلىدۇ، ئىشىككە قارايدىغىنىمۇ ئون مىڭ؛ ئوت قالايدىغان، ئوتۇن كېسىدىغىنىمۇ سان - ساناقسىز، ھەممىسى بولۇپ قىرىق يەتتە - قىرىق سەككىز مىڭ جىن بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى نامى چىققان نېمىلەر، مەخسۇس ئادەم يەيدۇ.
جۇ باجيې بۇنى ئاڭلاپ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلغان ھالدا كەينىگە ياندى. تاڭ سېڭلارغا يېقىن كەلگەندە گەپمۇ قىلماي تىرنىسىنى تاشلاپلا زوڭزايدى. سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنى كۆرۈپ توۋلىدى:
— گەپ قىلماي ئۇ يەردە نېمىدەپ ئولتۇرۇۋالىسەن؟
— تەرەت قىلىۋاتىمەن! قىلغۇدەك گەپ يوق. ھەممىمىز ۋاقتىدا جېنىمىزنى ساقلايلى، — دېدى جۇ باجيې.
— ۋاي ساراڭ! مەن بېرىپ ئاڭلىغان گەپلەردىن قورقمىسام، سەن نېمانچىۋالا قورقۇپ ھوش - كاللاڭنى يوقاتتىڭ؟ — دېدى

سوْن ۋوْكوْڭ .

— نېمىلەرنى ئاڭلاپ كەلدىڭ ؟ — دېدى تاڭ سېڭ .

— بىرۋاي موْنداق دەيدوْ : بوْ تاغنىڭ ئىسمى سەككىز يوْز چاقىرىملىق شىر توْگە چوققىسى ئىكەن ، تاغدا شىر توْگە غارى بار ئىكەن . غاردا ئوْچ قېرى ئالۋاستى بىلەن قىرىق سەككىز مىڭ جىن بار ئىكەن . ئوْلار مەخسوْس ئادەم يەيدىكەن . بىز ئەگەر تاغقا يېقىن يولىساق ، ئوْلارغا يەم بولىدىكەنمىز . ئوْتوْش زادى موْمكىن ئەمەس ئىكەن ! — دېدى جوْ باجيې .

بوْنى ئاڭلاپ تاڭ سەنزاڭنىڭ تېنى شوْركوْنوْپ كەتتى .

— سوْن ۋوْكوْڭ ، ئەمدى قانداق قىلىمىز ؟ — دېدى ئوْ .

— ئوْستاز ، غەم قىلماڭ ، ھېچ ئىش بولمايدوْ . بوْ يەردىكى ئالۋاستى نەچچىلا بولوْشى موْمكىن . بوْ يەردىكىلەر قورقوْنچاق بولسا ، بەلكىم موْشوْنداق كوْپتوْرۋوْەتكەندوْ . ئوْزىنىڭ شەپىسىدىن ئوْزى قورقوْپ يوْرگەندوْ ، — دېدى سوْن ۋوْكوْڭ .

— ئاغا ، نېمە دەۋاتىسىز ! — دېدى جوْ باجيې ، — مەن سىزگە ئوخشاشمايمەن . مەن راست گەپنى دەۋاتىمەن . بىر ئېغىز يالغاننى قوشمىدىم . تاغنىڭ جىمى يېرىدە جىنلار بار توْرسا قانداق ماڭىمىز ؟

— توْرقوْڭنى قارا ! ئوْنچىۋالا قورقما ! تاغنىڭ جىمى يېرىدە جىن بولسا ، مەن كالتىكىم بىلەن توْن كېچىدە ئوْجوْقتوْرۋوْېتىمەن ، — دېدى سوْن ۋوْكوْڭ .

— ئىزا ! ئوْيات ! زەي سالماي پو ئاتماڭ . جىنلار يەتتە ـ سەككىز كوْنلوْك يەرگىچە بولغان جايلاردا قىملداپ يوْرسە ، قانداقمو ئوْلتوْروْپ توْگىتىسىز ؟ — دېدى جوْ باجيې .

— سېنىڭچە ، قانداق يوقاتساق بولار ؟ — دېدى سوْن ۋوْكوْڭ .

— سىز توْتوْپ ، باغلاپ ، مىدىرلاتماي قاتوْروْپ قويسىڭىزموْ بوْنچە تېز ۋاقىت ئىچىدە يوقىتالمايسىز ، — دېدى جوْ باجيې .

— توْتوْپ ، باغلاپ ئولتوْرمايمەن ، — دېدى سوْن ۋوْكوْڭ كوْلوْپ ، — كالتىكىمنى ئىككى ياققا شىلتىپ «ئوْزىرا !» دېسەم

قىرىق گەز ئۇزۇنلۇقتا بولىدۇ ؛ پىرقىرىتىپ تۇرۇپ «يوغىنا !» دېسەم توملۇقى سەككىز گەز بولىدۇ . ئاندىن ئۇنى تاغنىڭ جەنۇبىغا قاراپ بىر دوملاتسام بەش مىڭ ؛ تاغنىڭ شىمالىغا دوملاتسام بەش مىڭ ئۆلىدۇ ؛ شەرقتىن غەربكە دوملاتسام قىرىق ـ ئەللىك مىڭى قىيما ـ چىيما بولۇپ كېتىشى مۇمكىن !

— ئاغا ، بۇنداق يالماپ يۇتۇش چارىڭىزنى ئىشقا سالسىڭىز ئىككىنچى جېسەك ۋاقتىغىچە بىر گەپ بولغۇدەك ، — دېدى جۇ باجيې .

— ئاغا ، مۇشۇنداق ئاجايىپ قابىل ئاغىمىز تۇرغاندا ئۇنىڭدىن نېمە قورقۇش ! قېنى ئاتنى ھەيدەڭ ، — دېدى شاسېڭ .

ئۇلار يولغا چۈشۈپ تۇرۇشىغا خەۋەرچى بوۋاي غايىب بولدى .

— ئۇ ئەتەي خەۋەر يەتكۈزگەن بولۇپ ، بىزنى قورقۇتماقچى بولغان جىن ئوخشايدۇ جۇمۇ ، — دېدى شاسېڭ .

— ئالدىرىماي سۆزلە ، مەن بېرىپ قاراپ باقاي ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ ھەمدە تاغ چوققىسىغا چىقىپ ئەتراپقا نەزەر سالدى . ھېچ يەردە ئۇنىڭ قارىسى كۆرۈنمىگەندىن كېيىن شاققىدە بۇرۇلىۋىدى ، ئاسماندا لىغىرلاپ تۇرغان شەپەققە كۆزى چۈشتى . شۇئان بۇلۇتنى ھەيدەپ ئاسمانغا چىقىپ قارىسا ، ئۇ زۆھرە يۇلتۇز ئىكەن . ئۇ يېقىن بېرىپ ئۇنىڭ يېڭىدىن تارتىپ ئۇنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمىنى ئاتاپ :

— لى چاڭگېڭ !لى چاڭگېڭ ! ۋاي ئەسكى ! گېپىڭىز بولسا ئۇدۇل كېلىپ ئېيتىۋەرمەي نېمىشقا تاغ ـ ئورمان ئىلاھى بولۇۋېلىپ مېنى كولدۇرلىتىسىز ! — دېدى .

— ئەۋلىيا ئەزەم ، خەۋەرنى ۋاقتىدا يەتكۈزەلمىدىم . ئەپۇ قىلغايسىز ! گۇناھىمدىن ئۆتكەيسىز ، — دېدى زۆھرە يۇلتۇز ئالمان ـ تالمان ئۇنىڭغا سالام بېرىپ ، — بۇ ئالۋاستى ھەقىقەتەن ئىنتايىن يامان نېمە . گەپ سىزنىڭ خىلمۇخىل ئۆزگىرىپ چاققانلىق ، چېچەنلىك بىلەن تاقابىل تۇرۇشىڭىزدا . سەللا بوشاڭلىق قىلسىڭىز ، راستتىنلا ئۆتمىكىڭلار قىيىنغا توختايدۇ .

— رەھــمــەت ! رەھــمــەت ! دەرۋەقە مۇشۇنداق قىيىن ئىش بولسا ، ئەرشكە بارغاندا يۇرۇن سۇلتانغا ئېيتىپ قويسىڭىز ، ماڭا ئەرش لەشكەرلىرىدىن ئازراق ياردەمگە ئەۋەتسە ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— بــولــدۇ ! بولدۇ ! چوقۇم يەتكۈزىمەن ! سىزلا ئېغىز ئاچسىڭىز ، ئەرش لەشكەرلىرىدىن يۈز مىڭمۇ تەييار بولىدۇ ، — دېدى زۆھرە يۇلتۇز .

سۇن ۋۇكــۇڭ زۆھرە يۇلتۇز بىلەن خوشلىشىپ بۇلۇتتىن چۈشتى - دە ، تاڭ سەنزاڭلار بىلەن كۆرۈشۈپ :

— باياتىنقى بوۋاي بىزگە خەۋەر يەتكۈزگىلى كەلگەن زۆھرە يۇلتۇز ئىكەن ، — دېدى .

— شاگىرتىم ، دەرھال ئۇنىڭ كەينىدىن چاپقىن ، ئۇنىڭدىن ئايلىنىپ ئۆتىدىغان يولىمىزنى سوراپ ئالغىن ، — دېدى تاڭ سېڭ .

— ئايلىنىپ ئۆتكىلى بولمايدىكەن . تاغ سەككىز يۈز چاقىرىم ئــىكەن . تۆت ئەتراپى قانچىلىك ئۇزۇنلۇقتا ئىككىنتاڭ . قانداق ئايلىنىپ ئۆتەلەيمىز ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

بۇنى ئاڭلاپ تاڭ سەنزاڭنىڭ يېشى يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلدى .

— شــاگــىرتلىرىم ، تازىمۇ مۇشكۈل ئىش بولدى ، بۇددانى قانداقمۇ تاۋاپ قىلالارمىز .

— يىغلىمىسىلا ! يىغلىغاندىن كېيىنلا ئىش بۇزۇلىدۇ ! ئاتتىن چۈشۈپ مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرسىلا ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— نېمە مەسلىھەتىڭىز بار ؟ — دېدى جۇ باجيې .

— ھېــچــقانداق مەسلىھەتىم يوق ، سەن ئۇستازنى ئوبدان مۇھاپىزەت قىلغىن . شاسېڭ ئات بىلەن يۈك - تاقىلارغا قارىسۇن . مەن چوققىغا بېرىپ ھەممىسى بولۇپ قانچىلىك جىن - ئالۋاستى باركىن قاراپ باقاي . بىرەرىنى تۇتۇپ گەپكە كىرگۈزۈپ ، ئۇنى غــارنــىڭ ئــاغــزىنى ئېيتىپ تۇرۇشقا بۇيرۇي . ئاندىن ئۇستازنى ھــېچكىمگە تۇيدۇرماي ئۆتكۈزۈۋالايلى . پېقىر كارامىتىمنى بىر

كۆرسىتەي ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .
— دىققەت قىل ! پەخەس بول ! — دېدى شاسىڭ شەيخ .
— تاپىلمىساڭمۇ بولىدۇ . مەن بارسامىلا دېڭىز - ئوكيانلارمۇ يول بېرىدۇ ، تۇمۇر ۋە كۈمۈش دەرۋازىلارمۇ يوغان ئېچىلىدۇ ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

سۇن ۋۇكۇڭ ۋىژ قىلىپ تاغ چوققىسىغا چىقىپ ئەتراپقا نەزەر سالدى . تاغدا بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى . ئۇ لاسىدە بولدى - دە «خاتا قىپتىمەن ! خاتا قىپتىمەن ! زۆھرە يۇلتۇزنى قويۇۋەتمىسەم بوپتىكەن ، باياتىن ئۇ بىزنى بىكارلا قورقۇتۇپتۇ . نەدە جىن - ئالۋاستى بولىدۇ ! بىرىمۇ كۆرۈنمىسەيا !...» دەپ ئويلىدى . ئۇ شۇ خىيال بىلەن تۇرغاندا تاغنىڭ كەينىدىن «كولدۇرۇڭ ، كولدۇرۇڭ ، جاڭ - جۇڭ» قىلىپ قوڭغۇراق ۋە تەبىل ئاۋازى ئاڭلاندى . ئىتتىك قارىسا بىر جىن «پەرمان» دېگەن خېتى بار بىر ئەلەمنى كۆتۈرگەن ، بېلىگە قوڭغۇراق ئاسقان ، قولىدىكى تەبىلنى چالغان ھالدا شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ كېتىۋاتاتتى . ئوبدان زەن سېلىپ قارىدى . ئۇنىڭ بويى بەش گەز كېلەتتى . سۇن ۋۇكۇڭ ئىچىدە كۈلۈپ : «بۇ ئېلان چاپلىغىلى كېتىۋاتقان چاپارمەن ئوخشايدۇ ، مەن ئۇنىڭ نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ باقاي» دېدى .

سۇن ۋۇكۇڭ ئەپسۇن ئوقۇپ بىر دومىلاپلا چىۋىنغا ئايلاندى . ئۇچۇپ بېرىپ ئۇنىڭ قالپىقىغا ئاستا قونۇپ ، گېپىگە قۇلاق سالدى . جىن كېتىۋېتىپ تەبىلنى چېلىپ ، قوڭغۇراقنى كولدۇرلىتىپ مۇنداق دەۋاتاتتى :

«تاغنى مۇھاپىزەت قىلغۇچىلار سۇن دەرۋىشتىن تولىمۇ ئېھتىيات قىلغايسىلەر . ئۇ چىۋىنغا ئايلىنالايدۇ !» سۇن ۋۇكۇڭ چۆچۈپ كېتىپ ئىچىدە : «بۇ كاساپەت مېنى كۆرۈپ قالدىمۇ نېمە ، كۆرمىگەن بولسا مېنىڭ ئىسمىمنى ، چىۋىنغا ئۆزگىرەيدىغانلىقىمنى قانداق بىلىدۇ !...» دېدى . ئەسلى جىن ئۇنى كۆرمىگەن بولۇپ ،

باشلىقى ئۇنىڭغا نېمىشقىدۇر مۇشۇ گەپنى تاپىلاپ، مۇشۇنداق دېيىشنى بۇيرۇغانىدى. بۇنى سۇن ۋۇكۇڭ بىلمىگەچكە، ئۇنىڭغا گۇمانىي نەزەر بىلەن قارىدى، ئۇرماقچى بولۇپ كالتىكىنى ئېلىشقا تەمشەلدى. تۇرۇپ يەنە مۇنداق ئويلىدى «ئېسىمدە قېلىشىچە، جۇ باجىي زۆھرە يۇلتۇزدىن جىنلارنىڭ ئەھۋالىنى سورىغاندا، ئۇ قېرى ئالۋاستى ئۈچ، جىنلىرى قىرىق يەتتە - قىرىق سەككىز مىڭ دەپتىكەن. بۇنداق جىنلارنىڭ قانچىلىك جىق بولسۇن، كارايىتى چاغلىق. ئۈچ قېرى ئالۋاستىنىڭ قانچىلىك كارامىتى بار ئىكەن ... شۇنى سوراپ بىلىۋېلىپ ئاندىن قول سالسامۇ كېچىكمەيمەن.»

سۇن ۋۇكۇڭ قالتىس جۇمۇ! ئۇنىڭ قايسى سۇرەتتە بېرىپ سورىغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟ ئۇ جىننىڭ قالپىقىدىن ئۈچۈپ دەرەخكە قوندى. جىن سەل يىراقلاشقان هامان بىر موللاق ئېتىپلا ئۇنىڭغا ئوپمۇئوخشاش جىنغا ئايلىنىپ تەبلىنى چالدى ۋە قوڭغۇرىقىنى كولدۇرلاتقاچ، ئەلەمنى كۆتۈردى. بىرلا يېرى، ئۇ بۇ جىندىن سەل - پەل ئېگىز بولدى. ئۇ باياتىن جىن دېگەن گەپلەرنى دېگىنىچە ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىپ دېدى:

— هوي يولۇچى، توختا!

— سەن قەيەردىن كەلدىڭ؟ — دېدى جىن كەينىگە قاراپ.

— بۇرادەر! بىر ئائىلىنىڭ ئادەملىرى تۇرساق تونۇمامسەن!

— بىزدە سەندەك بىرەرى يوق! — دېدى جىن.

— مەن ئوت قالايمەن، شۇڭا ئانچە تونۇپ كەتمەيسەن.

— ياق! ئەمەس! بىزنىڭ ئوت قالايدىغان بۇرادەرلەر ئىچىدە تۇمشۇقى ئۇچلۇقى يوق! — دېدى جىن بېشىنى چايقاپ.

«ئاپلا، تۇمشۇقۇم ئۇچلۇق بولۇپ قاپتۇ - دە» دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ئىچىدە ۋە دەررۇ بېشىنى تۆۋەن قىلىپ تۇمشۇقىنى ئۇۋۇلىۋېتىپ:

— تۇمشۇقۇم ئۇچلۇق ئەمەسقۇ؟ — دېدى. دەرۋەقە ئۇنداق ئەمەس ئىدى.

— بايا تۇمشۇقۇڭ ئۇچلۇق ئىدى . سىلاپ قويساڭ يوقىلىپ كەتتىغۇ ؟ ئىشەنمەيمەن ، ئىشەنمەيمەن . غوجىمىزنىڭ قانۇن - ئىنتىزامى بەك چىڭ . ئوت قالايدىغانلار ئوتلا قالايدۇ . كۆزەتچىلەر كۆزەتلا قىلىدۇ . سىنى ھەرگىز ھەم ئوت قالا ، ھەم كۆزەت قىل دېمەيدۇ ، — دېدى جىن .

— سەن بىلمەيسەن . غوجىمىز ئوتنى ئوبدان قالىغانلىقىمنى كۆرۈپ مېنى كۆزەتچىلىككە ئۆستۈردى ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا .

— شۇنداقمۇ بولسۇن ، كۆزەت قىلىدىغانلىرىمىزدىن ھەربىر نۆۋەتتە قىرىق ، ئون نۆۋەتتە تۆت يۈزىمىز بار . شۇڭا ، غوجىمىز ئىسىملارنىڭ تەرتىپى ئارىلىشىپ كەتسە يوقلىما قىلماق تەس بولىدۇ دەپ ، ئوخشاش خىزمەتتىكىلەرگە ئوخشاش بەلگە تارقاتقان . سېنىڭ بەلگەڭ بارمۇ ؟

سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ سىياقىغىلا زەن سېلىپ ئۇنىڭغا ئوخشىۋالغان ، ئەمما بەلگىسىنى كۆرمىگەچكە ، ئۇنى قىلمىغانىدى . سۇن ۋۇكۇڭمۇ يامان . ئۇ بەلگەم يوق دېمەستىن ، ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالدى :

— نېمىشقا يوق بولغۇدەك ؟ يېڭىسىنى تېخى بايىلا تارقاتتى . ئاۋۋال سېنىڭكىنى كۆرۈپ باقاي .

سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئۇستاتلىق قىلىۋاتقانلىقىنى جىن نەدىن بىلسۇن . ئۇ كىيىمىنى قايرىپ سېرىق سىرلانغان ، يۈڭ يىپقا ئۆتكۈزۈپ بويىنىغا ئېسىلغان بەلگىنى كۆرسەتتى . سۇن ۋۇكۇڭ قارىسا بەلگىنىڭ كەينىدە «ئالۋاستى يوقاتقۇچى» دېگەن خەت ، يۈزىدە «شامال بۇرغا» دېگەن خەت تۇراتتى . ئۇ «چاتاق يوق ! ئەمما كۆزەت قىلىدىغانلاردا ‹شامال › دېگەن گەپ چوقۇم بار ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ :

— كىيىمىڭنى تۈزەشتۈرۈپ ئالدىمغا ئۆتۈپ تۇر ، مەن بەلگەمنى ساڭا كۆرسىتەي ، — دېدى . ئاندىن شاققىدە بۇرۇلۇپ قۇيرۇقىدىن بىر تال موينى يۇلدى . ئەپسۇن ئوقۇپ

«ئۆزگەر !» دېگەنىدى ، سېرىق سىرلانغان ، يۇڭ يىپقا ئۆتكۈزۈلگەن ، «باش شامال بۇرغا» دېگەن خېتى بار بىر بەلگە پەيدا بولدى . ئۇنى شۇئان جىنغا كۆرسىتىۋىدى ، جىن ھەيران بولۇپ :

— ھەممىمىزنىڭ نامى «شامال بۇرغا» تۇرسا ، سېنىڭ نامىڭ نېمىشقا «باش شامال بۇرغا» — دېدى .

— سەن ئۇقمايدىكەنسەن ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ، — غوجام ئوبدان ئىشلىگەنلىكىم ئۈچۈن مېنى «شامال بۇرغا» قىلىپ ئۆستۈردى ھەمدە ماڭا «باش شامال بۇرغا» دېگەن يېڭى بەلگە - نامنى بېرىپ بىر نۆۋەتتىكى قىرىق نەپەر بۇرادەرنى باشقۇرۇشقا قويدى .

بۇنى ئاڭلاپ جىن دەررۇ قۇللۇق بىلدۈردى :

— باشلىق ، يېڭى كەلگەچكە تونۇماپتىمەن . قوپال گەپلىرىمنى ئەپۇ قىلىڭ .

— ئەپۇ قىلىشنى ئەپۇ قىلىمەن . بىراق ، يۈز كۆرۈشۇش ھەققىنى ئالماي قويمايمەن . ھەربىر ئادەم بەش سەر تەڭگە بېرىدۇ ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— باشلىق ، ئالدىرىمىغايسىز ، مەن جەنۇبىي چوققىغا بېرىپ بۇرادەرلىرىم بىلەن ئۇچرىشاي ، ھەممەيلەننىڭكىنى يىغىپ بىراقلا تاپشۇراي ، — دېدى جىن .

— ئۇنداق بولسا سەن بىلەن باراي ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

جىن ئالدىدا ماڭدى . سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى . ھېچقانچە ماڭمايلا قەلەم چوققىسى كۆرۈندى . قەلەمدەك تۈپتۈز ، تۆت - بەش گەز ئېگىزلىكتىكى بىر چوققا تاغدا بەئەينى قەلەمنى تىكلەپ قويغاندەك تۇرغانلىقى ئۈچۈن ، بۇ جاي «قەلەم چوققىسى» دەپ ئاتىلىپ قالغانىدى . سۇن ۋۇكۇڭ ئالدىغا ئۆتۈپلا قۇيرۇقىنى قىسىپ بىرلا سەكرەپ چوققىنىڭ ئۇچىغا چىقىپ ئولتۇرۇپ چاقىردى :

— «شامال بۇرغا» ، بۇ ياققا كەل !

جىن تۆۋەندە تۇرۇپ تەزىم قىلىپ دېدى :

— باشلىق ، خىزمەتلىرىگە تەييارمەن .
— غوجام مېنى نېمىشقا چىقارتتى بىلەمسەن ؟
— بىلمەيمەن ، — دېدى جىن .
— غوجىمىز تاڭ سېغىنى يېمەكچىكەن ، بىراق سۈن ۋۇكۇڭنىڭ يامانلىقىدىن قورقىدىكەن . غوجىمىز ، ئۇ ئۆزگىرىشكە ئۇستا ، «شامال بۇرغا»غا ئايلىنىپ بۇياقلارغا يول ئىزدەپ ، خەۋەر ئۇقۇشۇپ قالمىسۇن ، دەپ مېنى «باش شامال بۇرغا» قىلىپ ئۆستۈرۈپ ، سىلەرنىڭ نۆۋەتچىلاردا يالغان «شامال بۇرغا» بار ـ يوقلۇقىنى تەكشۈرۈپ كېلىشكە ئەۋەتتى .
— باشلىق ، ھەممىمىز راست ، — دېدى جىن دەررۇ .
— راست بولساڭ غوجىمىزنىڭ قانداق كارامەتلىرى بارلىقىنى بىلىدىغانسەن ؟ — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ .
— بىلىمەن .
— بىلسەڭ ماڭا دەپ بەر . ئەگەر توغرا دېيەلىسەڭ ، راست ئىكەن ، دەيمەن . ناۋادا قىلچە خاتا دەيدىغان بولساڭ ، سېنى يالغان ئىكەن ، دەپ غوجامنىڭ ئالدىغا ئاپىرىمەن .
سۈن ۋۇكۇڭ ئېگىزدە توختىماي سۆزلەپ ھەيۋە بىلەن تۇرغاچقا ، جىن نائىلاج راست گەپنى ئېيتىشقا مەجبۇر بولدى :
— غوجىمىزنىڭ ئاجايىپ كارامىتى بار ، بىر قېتىمدىلا يۈز مىڭ ئەرش لەشكىرىنى دەم تارتىدۇ .
— سەن يالغان ئىكەنسەن ، — دەپ ۋارقىرىدى سۈن ۋۇكۇڭ .
— باشلىق ، مەن راست تۇرسام ، نېمىشقا يالغان دەيدىلا ؟ — دېدى جىن ئالاقزادە بولۇپ .
— سەن راست بولساڭ ، نېمىشقا بىلجىرلايسەن ! بىر قېتىمدىلا يۈزمىڭ ئەرش لەشكىرىنى دەم تارتىدىغانغا غوجىمىز قانچىلىك يوغان ئىدى ؟
— باشلىق ، بىلمەيدىكەنلا ئەمىسە . غوجىمىز ئۆزگىرىشكە ئۇستا . يوغىنىغاندا ئاسمانغا تاقىشىدۇ ، كىچىكلىگەندە قىچىدەك بولىدۇ . بىر يىلى خان ئانا كاتتا مەرىكە ئۆتكۈزۈپ جىمى

ئەۋلىيا ـ ئەنبىيا، پەرىزاتلارنى چاقىرىپ غوجىلىرىمنى چاقىرماپتىكەن، چوڭ غوجامنىڭ ئاچچىقى كېلىپ ئەرشتىكىلەر بىلەن سوقۇشماقچى بولدى. يۇرۇن سۇلتان ئۇنى تۇتۇشقا ئەرش لەشكەرلىرىدىن يۈز مىڭنى ئەۋەتتى. چوڭ غوجام يوغىناپ، ئاغزىنى شەھەر دەرۋازىسىدەك قىلىپ دەم تارتقىلى تۇرۇۋىدى، باشقا ئەرش لەشكەرلىرى قورقۇپ كېتىپ، ئەرشنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسىنى چىڭ تاقىۋالدى. شۇ چاغدا يۈز مىڭ ئەرش لەشكىرىنى دەم تارتقان.

سۈن ۋۇكۇڭ بۇنى ئاڭلاپ ئىچىدە كۈلدى: «بۇنداق ئىشلارنى دەپ كەلسە مەنمۇ قىلغان.» ئاندىن يەنە سورىدى:

— ئىككىنچى غوجامنىڭ نېمە كارامىتى بار؟

— ئىككىنچى غوجامنىڭ بويى ئۈچ گەز، قويۇق قاشلىق، كۆزلىرى چىرايلىق، ئاۋازى يېقىملىق، چىشلىرى تاختىدەك، بۇرنى ئىلمەك، ئادەملەر بىلەن تۇتۇشۇپ قالسا بۇرنى بىلەن ئىلىپلىۋالىدۇ، تېنى پولاتتىن، تۆمۈردىن بولغان ئادەملەرمۇ جان تەسلىم قىلىدۇ.

سۈن ۋۇكۇڭ ئىچىدە: «ئىلمەك بۇرۇنلارنى جايلىماقمۇ ئاسان» دېدى ۋە سورىدى:

— ئۈچىنچى غوجامنىڭچۇ؟

— ئۈچىنچى غوجام ئادەتتىكى ئۇنداق ـ بۇنداق مەخلۇقلاردىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئىسمى ئەنقا[1]. ماڭىدىغان بولسا يەرۇجاھاننى لەرزىگە سېلىپ، دېڭىز ـ ئوكيانلارنى داۋالغۇتۇۋېتىدۇ. ئۇنىڭ «مۇزەككەر ـ مۇئەننەس ھاۋا شېشىسى» دەيدىغان بىر شېشىسى بار. ناۋادا ئادەملەرنى ئۇنىڭغا سېلىۋالسا، كۆز يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئارىلىقتىلا شىلىم بولۇپ قالىدۇ.

سۈن ۋۇكۇڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ سەل چۆچۈدى ۋە ئىچىدە «ئالۋاستىدىن قورقمايمەن. ئۇنىڭ شېشىسىدىن پەخەس بولسام بولغۇدەك» دەپ ئويلىدى، ئاندىن ئۇنىڭغا شۇنداق دېدى:

---

① ئەنقا — رىۋايەتتىكى ئەڭ زور قۇش.

— ئۈچ غوجامنىڭ كارامەتلىرىنى جايىدا ئېيتتىڭ. ماڭا ئوخشاشلا بىلىدىكەنسەن؛ تاڭ راھىبىنىڭ گۆشىنى قايسى غوجام يەيدۇ؟

— باشلىق، بۇنىڭدىن خەۋىرىڭىز يوقمۇ؟

— نېمىشقا خەۋىرىم يوق بولىدىكەن؟ بۇنى ئۇقمىسام مېنى سەنلەرنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتتىمۇ؟

— چوڭ غوجام بىلەن ئىككىنچى غوجام ئۇزاقتىن بۇيان شىر تۆگە چوققىسىدىكى شىر تۆگە غارىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ئۈچىنچى غوجام بۇ يەردە ئەمەس. ئۇ بۇ يەردىن غەربكە ماڭغاندا، تۆت يۈز چاقىرىم يىراقلىقتىكى بىر جايدا تۇرىدۇ. ئۇ يەر ئەسلى شەھەر بولۇپ، شىر تۆگە بەگلىكى دېيىلەتتى. بەش يۈز يىلنىڭ ئالدىدا غوجام بۇ بەگلىكنىڭ بېگى ۋە قەلەمدار - ئەلەمدار بەگلىرىنى يەۋەتتى. ئارقىدىن شەھەردىكى ئەر - ئايال، قېرى - ياش جىمىنى يەپ قۇرۇتۇۋېتىپ، بۇ زېمىننى تارتىۋالدى. ھازىر ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى جىن - ئالۋاستى، غوجام قاچانلاردىدۇر شەرقىي دىياردىكى تاڭ پادىشاھىنىڭ بىر راھىبنى بۇددا نومىنى ئالغىلى ئەۋەتكەنلىكى، تاڭ سېڭنىڭ ئون يېشىدىن باشلاپلا ئىلىم تەھسىل قىلغان ئۆلىما ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ بىر پارچە گۆشىنى يېگەن ئادەمنىڭ ئۆمرى ئۇزاق بولۇپ قېرىمايدىغانلىقىنى ئاڭلاپ قاپتۇ؛ ئۇنىڭ سۈن ۋۇكۇڭ دەيدىغان ناھايىتى يامان بىر شاگىرتىدىنلا قورقىدىكەن. شۇڭا، ئۆزىدىن خەۋپسىرەپ بۇ يەرگە كېلىپ ئىككى غوجام بىلەن قول بېرىشىپ ئاكا - ئۇكا بولۇشتى. ئۇلار بىر نىيەتتە ھېلىقى تاڭ سېڭنى تۇتماقچى بولۇۋاتىدۇ.

بۇ گەپ سۈن ۋۇكۇڭنىڭ سەپرايىنى ئۆرلەتتى. «ماۋۇ مۇناپىقلارنىڭ ئەسكىلىكىنى قارىمامدىغان! مەن تاڭ سېڭنىڭ ھەق يولىدا قىلىۋاتقان ئىشىنى قوغداۋاتسام، بۇ نېمىلەر ئادەملىرىمنى يېيىش قەستىدە بولۇۋېتىپتۇ تېخى!» دەپ ئويلاپ، پولات چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى. تۆمۈر كالتىكىنى ئالدى - دە، چوققىدىن سەكرەپ چۈشۈپ جىننىڭ بېشىغا كەلتۈرۈپ بىرنى سالدى. بىچارە

تىن تارتماي جان بەردى. بۇنى كۆرۈپ ئۇ بىردىنلا ئىچىندى: «ھەي! ئۇ خىلى ياخشىلىق قىلىپ جىمى گەپنى دەپ بەرسە ئەجەبمۇ ئۆلتۈرۈۋەتتىمغۇ؟ بوپتۇلا. بەربىر ئۆلتۈرەتتىم!» ئۇستازىنىڭ يولىنى توسۇغانلىقى ئۇچۇنلا سۇن ۋۇكۇڭ ئىلاجىنىڭ يوقىدىن بۇ ئىشنى قىلىپ تاشلىدى. ئۇ جىننىڭ بەلگىسىنى يېشىۋېلىپ ئۆزى ئىپسۇالدى. «پەرمان» خەتلىك ئەلەمنى مۇرىسىگە سېلىپ، بېلىدىكى قوڭغۇراقنى كولدۇرلىتىپ، قولىدىكى تەبلىنى چېلىپ تۇرۇپ ئەپسۇن ئوقۇدى، بىر دومىلاپلا «شامال بۇرغا» قىياپىتىگە كىرىپ غارنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇچ چوڭ ئالۋاستىنىڭ بار - يوقلۇقىنى بىلىپ باقماقچى بولۇپ كەلگەن يولىغا ماڭدى.

ئۇ تاغ ئىچىگە كىرىپ بايا كەلگەن يولدا كېتىۋاتاتتى. ئۇشتۇمتۇت ئادەملەرنىڭ چۇقانلىرى، ئات - ئۇلاغلارنىڭ دۇپۇر - دۇپۇرىنى ئاڭلاپ قالدى. زەن سېلىپ قارىسا شىر تۆگە غارىنىڭ ئاغزىدا شۇنداق جىق جىنلار نەيزە، قىلىچ، شەمشەر، يالمانلىق نەيزىلەرنى تۇتۇپ، تۇغ - ئەلەملەرنىڭ ئاستىدا تۇراتتى. «لى چاڭگېڭنىڭ گېپى توغرا ئىكەن - دە!» دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ئىچىدە. بۇنىڭدا سەل ھىيلە - نەيرەڭ بار بولۇپ، ئىككى يۈز ئەللىك جىن چوڭ بىر قوشۇن بولغانىدى. ئۇ قىرىق دانە رەڭمۇ رەڭ تۇغ - ئەلەمنىڭ شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرغىنىغا قاراپ بۇلارنىڭ ئون مىڭ ئىكەنلىكىگە كۆزى يەتتى - دە. «بۇ قېرى ئالۋاستىلار مېنى كۆرمىگەن، ئىسمىمنىلا ئاڭلىغان. شۇڭا، ھازىرقى نام - ئەمەلىم، ھەيۋەم بىلەن، ئاز - تولا پو ئېتىپ بۇ نېمىلەرنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ قوياي. ناۋادا ئەمەلدارلار بىلەن لەشكەرلەر ئارىسىدا ئۆچ - ئاداۋەت بولسا، بىرنەچچە ئېغىز گەپ بىلەنلا ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، ئۇلاردىن مەلۇم ساندىكىلىرىنى ئايرىپ چىقالايمەن؛ مۇبادا ئۇلار ئارىسىدا ئۆچ - ئاداۋەت يوق بولۇپ، گېپىمنى ئاڭلىمىسا، مەيلى، ئۇلارنى دەرھال يوقىتىۋېتىشنىڭ... گېپىمنى ئاقتۇرالماي قالسام، ھەرقانچە قىلغىنىم بىلەن بۇ جىنلارنى يوقىتىپ كېتەلمەيمەن» دەپ ئويلىدى. ئۇ شۇ خىياللار بىلەن تەبلىنى چېلىپ، قوڭغۇراقنى كولدۇرلىتىپ ئۇدۇل شىر تۆگە غارىغا باردى. ئالدى سەپتە تۇرغان بىر جىن دەرھال ئۇنى

تۇسۇدى:

— «شامال بۇرغا»، كەلدىڭمۇ؟

سۇن ۋۇكۇڭ جاۋابمۇ بەرمەي بېشىنى تۆۋەن سېلىپ مېڭىۋەردى.

ئىككىنچى سەپتىن ئۆتكەندە يەنە بىر جىن سورىدى:

— «شامال بۇرغا»، كەلدىڭمۇ؟

— ھەئە.

— بۇگۇن كۆزەت قىلغۇچە سۇن ۋۇكۇڭ دېگەننى كۆردۇڭمۇ؟

— كۆردۇم، ئۇ گاڭزىنى[1] بىلەۋاتىدۇ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— ئۇنىڭ سىياقى قانداق ئىكەن؟ گاڭزىنى نېمىشقا بىلەيدىكەن؟ — دەپ سورىدى جىنلار.

— ئۇ جىرا بويىدا ئولتۇرۇپتىكەن. قارىسام يول تەگرىسگە ئوخشايدىكەن. ئورنىدىن تۇرسا ئاجايىپ ئېگىز، ھەيۋەت ئىكەن. قولىدا يوغان بىر كالتەك بار ئىكەن. ئۇ قىيادا تۇرۇپ جىرادىن سۇ ئېلىپ چىنىدەك توم بىر گاڭزىنى بىلەۋېتىپ: «ۋاي گاڭزا! بۇ قېتىم كارامىتىڭنى كۆرسەتمىسەڭ بولمايدۇ. مۇشۇ قېتىم يۈزمىڭ جىننى ماڭا يوقىتىپ بېرىسەن. سېنى ئۈچ قېرى ئالۋاستىنىڭ بېشى بىلەن تارتۇقلايمەن!» دەۋاتىدۇ. ئۇ نېمىسىنى بىلەپ بولغاندا كېلىپ ئاۋۋال مۇشۇ يەردىكى ئون مىڭ جىننى يوقاتقۇدەك!

بۇنى ئاڭلىغان جىنلارنىڭ جان - پېنى چىقىپلا كەتتى. سۇن ۋۇكۇڭ يەنە مۇنداق دېدى:

— بۇرادەرلەر، تاڭ سېڭنىڭ گۆشىمۇ ھېچقانچە جىق ئەمەس. بىزگىمۇ تەگمەيدۇ. نېمىشقا بىز غوجامنىڭ قۇربانلىقى بولىمىز! ياخشىسى تارقىلايلى، ھەركىم ئۆز جېنىنى جان ئەتسۇن.

— بۇمۇ بولىدۇ. ھەممىمىز ئۆز جېنىمىزنى قۇتۇلدۇرايلى، — دېيىشتى جىنلار. ئەسلى بۇلار پۈتۈنلەي ھايۋانات ۋە ئۇچار قاناتلار ئىدى، شۇڭا گۇررىدە تارقىلىپ كەتتى،

① گاڭزا — قەدىمكى زاماندىكى ئىككى قولىدا كۆتۈرىدىغان ناھايىتى ئېغىر قورال.

سۇن ۋۇكۇڭ بىر ئىغىز گەپ بىلەنلا سەككىز مىڭ لەشكەرنى قاچۇرغانلىقىدىن بەكمۇ خۇش بولدى. ئۇ ئۆزىگە مۇنداق دېدى: «بەلەن بولدى! قېرى ئالۋاستىلارنىڭمۇ جېنى ئاز قالدى! ئۇلار بەلكىم بۇنى ئاڭلىسا، يۈزمۇيۈز ئېلىشىشقا پېتىنالماي قاچىدۇ. كىرىپ يەنە مۇشۇنداق دەپ باقاي قېنى! بولمىسا بۇ جىنلاردىن بىر ـ ئىككىسى كىرىپ خەۋەر بېرىپ قويمىسۇن يەنە...» قاراڭ، ئۇنىڭ قۇۋ، ئەمما باتۇرلۇقىنى! قېرى ئالۋاستىلار بىلەن كۆرۈشكەندە زادى قانداق ئىشلارنىڭ بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# يەتمىش بەشىنچى باب

## سۈن ۋۇكۇڭنىڭ خاسىيەتلىك شىپشىنى تېپىشىپ چىققانلىقى
## ئالۋاستىنىڭ سۈن ۋۇكۇڭنى يۇتۇۋالغانلىقى

ئەلقىسسە، سۈن ۋۇكۇڭ غارغا كىرىشىگە مۇنۇ مەنزىرە كۆزىگە چېلىقتى:

*ئۆلۈكلەر دۆۋىلەنگەن گوياكى تاغدەك،*
*قورۇق ئۇستىخانلار خۇددى ئورماندەك.*
*چاچلاردىن بولۇپتۇ كىگىزلەر ھاسىل،*
*چىرىگەن گۆشلەرمۇ بەئەينى لايدەك.*
*سىڭىرلار چىرمىغان دەل - دەرەخلەرنى،*
*كۇمۇشتەك پارقىراپ تۇرار قورۇشۇپ.*
*جەسەت تاغ، قان دېڭىز ئىكەن بۇ يەردە،*
*قىسىدۇ نەپەسنى تىنىمسىز بىقسىپ.*
*سويۇشقان ئادەمنى جىنلار شەرقتە،*
*پىشۇرغان غەربتە ئۇنى ئالۋاستى.*
*مايمۇنلار شاھىنىڭ يۈرىكى قاپتەك،*
*بولمىسا بۇ غارغا ئاياغ باسماستى.*
*تۆرەلگەن ئالەمگە بولۇپ تۆمۈر باش،*
*يوق شۇڭا ئالەمدە ئۇنىڭغا تەڭدىشى.*

ئۇ بىردەمدىلا ئىككىنچى ئىشىككە كەلدى. بۇ كارامەت بىر دۇنيا بولۇپ، ئاجايىپ ساپ ھاۋالىق، جىمجىت، كۆركەم

ۋە كەڭ ـ كۆشادە ئىدى . ئەتراپتا رەڭگارەڭ ، ئاجايىپ ئېسىل گۈللەر ئېچىلغانىدى . دەل ـ دەرەخلەر ياشناپ تۇراتتى . يەنە يەتتە ـ سەككىز چاقىرىم يول يۈرگەندە ، ئاندىن ئۈچىنچى ئىشىككە كەلدى ـ دە ، ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ ماردى . ئىچكىرىدە ئىنتايىن بەتبەشىرە ئۈچ ئالۋاستى ئولتۇراتتى . ئوتتۇرىدىكىسى ھەرە چىش ، يۇمىلاق باش ، چاسا يۈز بولۇپ ، ئاۋازى گۈلدۈرمامىدەك چىقاتتى ، كۆزلىرى چاقماقتەك ياناتتى . بۇرنى ئاسمانغا قارايتتى ، قېپقىزىل قېشى كۆيۈۋاتقاندەك بىلىنەتتى . يول ماڭغاندا يۈزلىگەن ھايۋانلارنى ئالاقزادە قىلىۋېتەتتى . ئولتۇرسا جىن ـ شاياتۇنلار قورققىنىدىن يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ قالاتتى . بۇ ، يىرتقۇچلارنىڭ خاقانى بولۇپ ، شىر ئالۋاستى ئىدى . سول تەرەپتىكىسى كۆزلىرى كىچىك ، ساپسېرىق ، پۇتلىرى تۇۋرۇكتەك ، چىشلىرى سارغۇچ ، بۇرنى ئۇزۇن ئىدى . مويى كۈمۈشتەك يالتىرايتتى . پېشانىسى يۇمىلاق ، قاشلىرى ھىمىرىلىپ تۇراتتى . بەستى يوغان ، يۈزى كالا باشلىق يالماۋۇزغا ئوخشايتتى . بۇ ئۇزاق يىل ياشىغان سېرىق چىش پىل ئىدى . ئوڭ تەرەپتىكىسى لەھەڭ باش ، قاپلان كۆز ئىدى . ئۇ ئاجايىپ باتۇر ، قەيسەر بولۇپ ، جاھاننى زىلزىلىگە سالالايتتى . قاناتلىرىنى كەرگۈدەك بولسا ، جان ـ جانىۋارلار مۇسىبەتكە چۆكەتتى . شامال چىقارسا ، ئۇچار قاناتلار بېشىنى ئىچىگە تىقىۋالاتتى . تىرناقلىرىنى ئاچسا ، جىمى ھايۋانلار قورققىنىدىن يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلاتتى . بۇ ئەسلىي توقسان مىڭ چاقىرىم يىراققا ئۇچالايدىغان غايەت زور ئەنقا ئىدى .

ئىككى تەرەپتە بىرەر يۈزدەك چوڭ ـ كىچىك كاتتىباشلار ئولتۇرغان بولۇپ ، ھەممىسى تولۇق قوراللانغان ، ساۋۇت ـ دۇبۇلغىلىرى ئىنتايىن رەتلىك ئىدى . ھەيۋىسى ئادەمنى تىترىتەتتى ، تەلەتى قورقۇنچلۇق ئىدى . سۈن ۋۇكۇڭ بۇلارنى كۆرۈپ خۇش بولۇپ كەتتى ، قورقماستىن مەزمۇت قەدەملەر بىلەن ئۇدۇل كىرىپ كەلدى ـ دە ، تەبىل بىلەن قوڭغۇراقنى يەرگە قويۇپ ئاسمانغا قاراپ توۋلىدى :

— غوجام .
ئۈچ ئالۋاستى قاقاقلاپ كۈلۈپ سورىدى :
— «شامال بۇرغا» ، كەلدىڭمۇ ؟
سۇن ۋۇكۇڭ :
— كەلدىم ، — دەپ جاۋاب بەردى .
— سەن كۆزەت قىلغۇچە سۇن ۋۇكۇڭنىڭ خەۋىرىنى ئالالىدىڭمۇ ؟
— غوجىلىرىم ، ئېيتىشقا تىلىم كۆيۈۋاتىدۇ ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .
— نېمىشقا ئەمدى ؟ — سورىدى ئالۋاستىلار .
— مەن غوجىلىرىمنىڭ پەرمانى بويىچە ، تەبىل بىلەن قوڭغۇراقنى چېلىپ كېتىۋاتاتتىم . بېشىمنى شۇنداق كۆتۈرسەم ، بىر ئادەمگە كۆزۈم چۈشتى . ئۇ زوڭ ئولتۇرۇپ گاڭزىنى بىلەۋاتقانىكەن . تۇرقى بەئەينى يول مالائىكىسىگە ئوخشايدىكەن . تۇرسا بويى ئون نەچچە گەز كېلىدىكەن . ئۇ جىرادىكى قىيادا تۇرۇپ ، جىرادىن ئوچۇملاپ سۇ ئېلىپ گاڭزىنى بىلەۋېتىپ : «ھەي گاڭزا ، سەن ھازىرغىچە تېخى كارامىتىڭنى كۆرسەتمىدىڭ ، سېنى بىلەپ بولۇپ ئالۋاستىلارنى ئۆلتۈرىمەن» دېدى . شۇنىڭغا قاراپ ئۇنى سۇن ۋۇكۇڭ ، دەپ بىلدىم ـ دە ، خەۋەر قىلغىلى بۇ ياققا چاپتىم .
ئالۋاستىلارنىڭ چوڭى بۇنى ئاڭلاپ قورققىنىدىن تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى :
— قېرىنداشلىرىم ، مەن تاڭ سېڭغا چېقىلمايلى ، دېمىدىممۇ ، ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ئاجايىپ يامان نېمىلەر . مانا ئالدىن تەييارلىق قىلىپ ، كالتىكىنى بىلەۋېتىپتۇ . ئەمدى قانداق قىلىمىز ؟ — دېدى ، ئاندىن بۇيرۇق چۈشۈردى ، — نۆكەرلەر ، سىرتتىكىلەرنىڭ جىمىسىنى چاقىرتىۋېلىپ ئىشىكنى چىڭ تاقىۋېتىڭلار . ئۇ ئۆتۈپ كەتسۇن .
— غوجام ، سىرتتىكى جىنلار تارقىلىپ كەتتى ، — دېدى

ئەھۋالنى بىلىدىغان كاتتىباشلاردىن بىرى .

— نېمىشقا تارقىلىپ كەتتى ؟ — دېدى ئالۋاستىلارنىڭ چوڭى ، — ئىش چاتاق بولمىسۇن يەنە . بولۇڭلار ! تېز ئىشكنى ئېتىڭلار !

جىنلار پالاق - پۇلۇق ئالدى - ئارقا ئىشكنى قويماي چىڭ تاقىۋەتتى .

سۇن ۋۇكۇڭ ۋەھىمىگە چۈشتى : «بۇ نېمىلەر ئىشكنى ئەتتى . ئەمدى مەندىن خىيالىغا كەلگەننى سورىغىلى تۇرسا ، جاۋاب بېرەلمەي چاندۇرۇپ قويسام تۇتۇلۇپ قالامدىمەن ؟ ياخشىسى ئۇلارنى يەنە ئازراق قورقۇتۇپ ئىشكنى ئاچقۇزۇپ قاچاي .»

— غوجام ، ئۇ يەنە يامان گەپلەرنى قىلدى ، — دېدى ئۇ ئالدىغا بېرىپ .

— ئۇ نېمىلەرنى دېدى ؟ — ئالۋاستىلارنىڭ چوڭى سورىدى .

— ئۇ چوڭ غوجامنى تىللاپ ئۇنىڭ تېرىسىنى شىلىۋالىمەن ، ئىككىنچى غوجامنى ئۇستىخىنىنى چېقىۋېتىمەن ، ئۇچىنچى غوجامنىڭ پىيىنى قىرقىۋېتىمەن ، دېدى . ئىشكنى ئېتىۋەتسەك يوچۇقىدىن كىرىپ ، ھەممىمىزنى تۇتۇۋالسا قانداق قىلىمىز ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— قېرىنداشلار ، پەخەس بولۇڭلار ، — دېدى قېرى ئالۋاستى ، — غاردا نەچچە يىلدىن بۇيان چىۋىن پەيدا بولمىدى . چىۋىنلار كىرسە ، دېمەك ئۇ سۇن ۋۇكۇڭ .

سۇن ۋۇكۇڭ ئىچىدە كۇلۇپ : «چىۋىن بولۇپ بۇ نېمىلەرنى قورقۇتۇپ ئىشكنى ئاچقۇزايچۇ» دېدى - دە ، ئۆزىنى بىر چەتكە ئېلىپ گەدىنىدىن بىر تال موينى يۇلدى . بىر پۇۋلەپ : «ئۆزگەر !» دېگەنىدى ، ئۇ سېرىق چىۋىنغا ئايلاندى . ئۇچۇپ بېرىپ ئالۋاستىلار چوڭىنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلدى . ئالۋاستى ئالاقزادە بولۇپ :

— قېرىنداشلار ! ئىش چاتاق ! ئۇ بىرنېمە كىرىپ بوپتۇ ! — دەپ ۋارقىرىدى .

چوڭ - كىچىك جىن - ئالۋاستىلار ساراسىمىگە چۈشۈپ ،

تىرنا، سۇپۇرگىلەرنى ئېلىپ چىۋىننى تۇتماق بولۇپ ئېتىلدى.

سۇن ۋۇكۇڭ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى. كۈلمىسىغۇ ھېچ ئىش يوق. ئۇنىڭ كۈلگىنىنى ئۇچىنچى ئالۋاستى كۆرۈپ قالدى - دە، ئۇنى تۇمشۇقىدىن تونۇپ چاچراپ ئورنىدىن تۇردى - دە، ئۇنىڭغا ئېسىلىپ:

— ئاكا، ئۇنىڭ قىلتىقىغا چۈشكىلى تاس قاپتۇق! — دېدى.

— ئىنىم، كىم - كىمنى قىلتاققا چۈشۈرمەكچى بوپتۇ؟ — دېدى چوڭ ئالۋاستى.

— سىزنىڭ گېپىڭىزگە جاۋاب بېرىۋاتقان بۇ جىن «شامال بۇرغا» ئەمەس، سۇن ۋۇكۇڭ ئىكەن، ئۇ چوقۇم «شامال بۇرغا» بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ، ئۇنى بىرنېمىلەر قىلىپ ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ قىياپىتىگە كىرىپ بىزنى كولدۇرلىتىۋېتىپتۇ، — دېدى ئۇچىنچى ئالۋاستى.

«ئۇ مېنى تونۇۋاپتۇ» دەپ ئويلىدى سۇن ۋۇكۇڭ ۋە ئۇ يەر - بۇ يېرىنى سىلاپ قويۇپ چوڭ ئالۋاستىغا:

— مەن قانداقمۇ سۇن ۋۇكۇڭ بولاي؟ مەن «شامال بۇرغا» غوجام مېنى خاتا تونۇپ قاپتۇ، — دېدى.

— ئىنىم، ئۇ راست «شامال بۇرغا». ئۇ دائىم ئالدىمىزدا يۈرسە مەن ئۇنى تونۇمامدىمەن؟ — دېدى چوڭ ئالۋاستى كۈلۈپ، ئاندىن سورىدى، — بەلگەڭ بارمۇ؟

— بار، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ، ئاندىن كىيىمىنى قايرىپ بەلگىنى كۆرسەتتى. قېرى ئالۋاستى ئۇنى كۆرۈپلا راستلىقىغا ئىشەندى:

— ئىنىم، ئۇنىڭغا ئازار بەرمەڭ.

— ئاكا، باياتىن ئۇنىڭغا قارىمىدىڭىزمۇ؟ باياتىن ئۇ ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ پىخىلداپ كۈلگەنىدى، مەن ئۇنىڭ چاقماق ھەزرەتنىڭكىدەك تۇمشۇقىنى كۆرۈپ قالدىم. مېنىڭ ئېسىلىشىم بىلەن تەڭ ئۇ يەنە مۇشۇ قىياپەتكە كىرىۋالدى، — دېدى ئۇچىنچى ئالۋاستى ھەمدە بۇيرۇدى، — نۆكەرلەر، ئارغامچا ئەكېلىڭلار!

كاتتىباشلار ئارغامچا ئەكەلدى، سۇن ۋۇكۇڭنى تۇتۇپ پۇت - قولىنى باغلىدى؛ ئۇلار كىيىمىنى يېشىپ قاراپلا بىلىۋالدى: سۇن ۋۇكۇڭ يەتمىش ئىككى خىل نەرسىگە ئۆزگىرەلەيدىغان بولۇپ، ئۇچار قانات، ھايۋان، گۈل - گىياھ، ئەسۋاب - جابدۇق، ھاشاراتلارغا ئۆزگەرسە تېنىمۇ ئۆزگىرىپ كېتەتتى؛ ئەمما ئادەمگە ئۆزگەرسە باش - كۆزىلا ئۆزگىرىپ، تېنى شۇ پېتى قالاتتى. شۇڭا، سېرىق مويلىرى، قىپقىزىل كۆتى، قۇيرۇقى مانا مەن دەپ چىقىپلا قالدى. بۇنى كۆرۈپ چوڭ ئالۋاستى:

— تېنى سۇن ۋۇكۇڭ، باش - كۆزى «شامال بۇرغا» تۇرىدۇ. چوقۇم شۇ ئىكەن! — دېدى ۋە بۇيرۇدى، — نۆكەرلەر، دەرھال مەي كەلتۈرۈڭلار. ئۇچىمىز بۇ غەلىبىنى قۇتلۇقلايلى. سۇن ۋۇكۇڭ قولىمىزغا چۈشتى، تاڭ سېڭنى ئاغزىمىزدىكى ئاش دېسەك بولىدۇ.

— مەيگە ئالدىرىمايلى. سۇن ۋۇكۇڭ قېچىشقىمۇ ئۇستا، قېچىپ كەتمىسۇن يەنە. شېشىنى ئالدۇرۇپ چىقىڭلار. سۇن ۋۇكۇڭنى ئۇنىڭغا قاچىلاپ قويۇپ ئاندىن مەي ئىچەيلى، — دېدى ئۇچىنچى ئالۋاستى.

— شۇنداق قىلايلى! شۇنداق قىلايلى! — دېدى چوڭ ئالۋاستى كۈلۈپ، ئوتتۇز ئالتە جىن ئامبارغا كىرىپ شېشىنى ئاچىقتى. شېشە قانچىلىك دەمسىلەر؟ ئارانلا ئىككى چى تۆت سۇڭ ئىدى. شۇنچىلىك نەرسىنى كۆتۈرۈشكە ئوتتۇز ئالتە جىن كېتەمدۇ؟ شېشىنىڭ ئىسسىق، سوغۇق ئىككى خىل ھاۋا چىقىرىدىغان خاسىيىتى بولۇپ، ئۇ ناھايىتى ئېغىر ئىدى. شۇڭا، ئوتتۇز ئالتە ئادەم يەتتە تىكەن ساندا بۆلۈنۈپ ئاران كۆتۈرەتتى. بىرپەستىلا خاسىيەتلىك شېشە ئۇچىنچى ئىشىكنىڭ سىرتىغا قويۇلدى، پاكىز سۈرتۈلۈپ ئاغزى ئېچىلدى. سۇن ۋۇكۇڭنى باغلاقتىن يېشىپ كىيىمىنى سالدۇرۇشتى، شېشىدىن خاسىيەتلىك ھاۋا چىقىپ بىر سۈمۈرۈپلا سۇن ۋۇكۇڭنى ئىچىگە تارتىپ كىرىپ كەتتى. ئاندىن شېشىنىڭ ئاغزى چىڭ ئېتىلدى، پېچەت چاپلاندى،

ئۇلار شۇندىلا مەي ئىچىشكە كىرىشىپ مۇنداق دېيىشتى :

— مايمۇنەك خاسىيەتلىك شىشىگە بەند قىلىندى . غەربكە بېرىش ئەمدى ئۇنىڭ خام خىيالى ! ناۋادا يەنە بۇددانى تاۋاپ قىلىپ بۇددا نومى ئەكېلىمەن دەيدىكەن ، دۇنياغا قايتىدىن تۆرەلسە بولىدۇ .

چوڭ - كىچىك جىنلار ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن هالدا بۇنى تەبرىكلەشتى . بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن .

ئەلقىسسە ، سۇن ۋۇكۇڭ شىشىگە چۈشكەندىن كېيىن بەدىنى بارا - بارا كىچىكلەپ قاپ ئوتتۇرىدا ئولتۇرۇپلا قالدى ؛ بىر دەمدىن كېيىن سوغۇق هاۋا ئۇرۇلغاندى ، ئۇ بىر دىنلا قاقاقلاپ كۈلۈپ : «بۇ ئالۋاستىلار تېشى پال - پال ، ئىچى غال - غال نېمىلەر ئىكەن . بۇ شىشىگە سولانغان ئادەم بىردەمدىلا قان - يىرىڭغىلا ئايلىنىدۇ ، دەۋاتاتتىغۇ ؟ بۇنداق سالقىن هاۋادا يەتتە - سەككىز يىل تۇرساممۇ هېچ ئىش بولمىغۇدەك !» دېدى . هەي ! سۇن ۋۇكۇڭ بۇنىڭ خاسىيىتىنى بىلمەيتتى . ناۋادا بۇنىڭغا سولانغان ئادەم بىر يىل ئادەمدەك گەپ قىلمىسا ، بىر يىل سالقىندا تۇراتتى ؛ ئادەمنىڭ گېپى ئاڭلانغان هامان ئوت كۆيەتتى . شۇڭا ، ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئايىغى چۈشەر - چۈشمەستىنلا شىشىدە ئوت يالقۇنجاشقا باشلىدى . بەختكە يارىشا ئۇنىڭ كارامىتى بولغاچقا ، ئوتتۇرىدا ئولتۇرۇپ ئەپسۇن ئوقۇدى ، پەقەت قورقمىدى . بىرهازادىن كېيىن تۆت ئەتراپتىن قىرىق يىلان چىقىپ ئۇنى چېقىشقا تەمشەلدى . ئۇ دەررۇ يىلانلارنى تۇتۇپ بار كۈچى بىلەن ئۈزۈپ سەكسەن بۆلەك قىلىۋەتتى . ئۇزاق ئۆتمەي يەنە ئۈچ - تۆت ئەجدىها چىقىپ سۇن ۋۇكۇڭنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋالدى ، سۇن ۋۇكۇڭ قاتتىق قىينالدى ، هولۇقۇپ نېمە قىلارىنى بىلمەي : «باشقا ئىش بولسىغۇ مەيلى ئىدى . بۇ ئوت ئەجدىها بىر دەردىسە بولدى . يەنە بىرئاز مۇشۇنداق تۇرسام ئوتنىڭ هۇجۇمىدا قالىمەن ، قانداق قىلارمەن ؟» دېدى . ئاندىن «مەن راسا يوغىناپ شىشىنى تېشىپ چىقىپ كېتەي» دەپ

ئويلىدى ـ دە ، ئەپسۇن ئوقۇپ «يوغىنا !» دېدى . شۇئان نەچچە گەز ئېگىز بولدى . شېشىمۇ ئۇنىڭ تېنى بىلەن تەڭ يوغىنىدى ؛ ئۇ كىچىكلىگەندى ، شېشىمۇ كىچىكلىدى . ئالاقزادىچىلىك ئىچىدە قالغان سۇن ۋۇكۇڭ : «ۋاي ! ۋاي ! تەس ئىكەنغۇ ! نېمىشقا بۇ نېمە مەن چوڭىيسام چوڭىيىپ ، كىچىكلىسەم كىچىكلەيدىغاندۇ ؟ قانداق قىلىدىغان ئىش ئەمدى !» دەپ ۋارقىراپ كەتتى . شۇ ئارىلىقتا ياڭىقى ئاغرىغاندەك بولدى . سىلاپ باقسا ، كۆيۈپ يۇمشاپ قاپتۇ . بۇنىڭدىن قاتتىق بىئارام بولۇپ : «قانداق قىلاي ئەمدى ؟ ياڭىقىم كۆيۈپ قالدى . مەجرۇھ بولۇپ قالدىم ! — دېدى ـ دە ، ئىختىيارسىز يىغلاپ كەتتى ، — ئاھ ، ئۇستاز ! ئۆز ۋاقتىدا ئىستىغپار ئېيتىپ ، بالا ـ قازادىن قۇتۇلدۇم . غەربىي زىيارەت قىلىپ بىرلىكتە تەرىقەت يولىدا ماڭارمىز ، دېگەن ئۈمىد بىلەن كۆرمىگەن جاپالارنى چەكتىم . مانا ھازىر ئىبلىس ئالۋاستىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ ھاياتىم قىل ئۇستىدە تۇرىدۇ . سىزنىمۇ تاغدا تاشلىۋەتتىم ! بىرلىكتە ماڭالمايدىغان بولدۇم ! ۋاي دەردىم !» ئۇ شۇنداق ھەسرەت چېكىۋاتقاندا ، بىردىنلا بىر ئىش يادىغا كېلىپ : «ئۆز ۋاقتىدا بۇدساتۋا شىپەنشەن تېغىدا ماڭا ئۈچ تال نىجاتلىق تۈكى بەرگەنىدى . بارمۇ ـ يوق قاراپ باقايچۇ» دېدى . سىلاپ باقسا ، گەجگىسىدە ئۈچ تال ئىنتايىن قاتتىق تۈك بار ئىكەن . ئۇ خۇش بولۇپ كەتتى : «بەدىنىمدىكى تۈكلەر يۇمشاپ كېتىپ ، مۇشۇ ئۈچ تال تۈكلا قاتتىق پېتى تۇرۇپتۇ . ئۇ چوقۇم ھاياتىمنى قۇتۇلدۇرىدۇ» دېدى . ئۇ چىشىنى چىشلەپ ، ئاغرىققا چىداپ تۈكلەرنى يۇلۇۋالدى . «ئۆزگەر !» دەپ پۈۋلىگەنىدى ، تۈكلەرنىڭ بىرى ئالماس بۇرغىغا ، بىرى قومۇش ياپرىقىغا ، بىرى يىپ ئارغامچىغا ئايلاندى ، ئالماس بۇرغىدا تېشىپ شېشىنىڭ ئاستىدىن بىر تۆشۈك ئاچتى . تۆشۈكتىن يورۇق كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ خوش بولۇپ : «بەللى ! بەللى ! چىقىپ كېتەلەيدىغان بولدۇم !» دېدى . شۇ ئارىلىقتا شېشىدىكى ئىسسىق ، سوغۇق ھاۋا چىقىپ كېتىپ ، سالقىن بولۇپ قالدى .

سوْن ۋوْكوْك ئوْچ تال توْكىنى جايىغا قويۇپ شاخچى قوْشقاچقا[1] ئايلىنىپ توْشوْكتىن چىقتى؛ دەرروْلا كەتمەستىن ئوْچوْپ بېرىپ چوك ئالۋاستىنىڭ بېشىغا قوندى. چوك ئالۋاستى مەي ئىچىۋاتاتتى. ئوْشتوْمتوْت قەدەھنى قويۇپ:

— ئىنىم، سوْن ۋوْكوْك ئېرىپ بولغاندىمۇ؟ — دېدى.

— ۋاقتى بولۇپ قالدىغۇ دەيمەن؟ — دېدى ئوْچىنچى ئالۋاستى كوْلوْپ.

چوك ئالۋاستى شىشىنى ئەكېلىشكە بۇيرۇدى. ئوْتتوْز ئالتە جىن يوْگوْروْپ چىقىپ كوْتوْرگەندى، شىشە يېنىكلەپلا قالدى. جىنلار ئالاقزادىلىك ئىچىدە پالاقلاپ كېلىپ خەۋەر قىلدى:

— شىشە يېنىك تۇرىدۇ!

— بىلجىرلاشما! ئوْنىڭدىكى ئىسسىق، سوغۇق ھاۋا خاسىيەتلىك تۇرسا قانداقلارچە يېنىكلەپ قالىدۇ؟ — دەپ ھوْركىرىدى چوك ئالۋاستى. جىنلاردىن بىرى شىشىنى كوْتوْروْپ كىرىپ:

— مانا، يېنىكلا تۇرمامدۇ؟ — دېدى.

قېرى ئالۋاستى شىشىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ئىچىدىكى يورۇقلۇقنى كوْروْپ ئىختىيارسىز توۋلىۋەتتى:

— شىشە قۇرۇق تۇرىدۇ!

سوْن ۋوْكوْك ئوْنىڭ بېشىدا تۇرۇپ:

— بالىلىرىم، مەن كەتتىم! — دېدى.

— ئۇ قاچتى! ئۇ قاچىدىغان بولدى! ئىشىكنى تاقايلى! — دەپ چۇرقىرىشىپ كەتتى جىنلار.

سوْن ۋوْكوْك بىر سىلكىنىپ سالدۇرۇۋېلىنغان كىيىملىرىنى كىيدى، ئاندىن ئوْز ئەسلىگە كېلىپ غاردىن چىقتى. كەيپى چاغ ھالەتتە بۇلۇتقا چىقىپ تاڭ سېلىق قالغان ياققا ماڭدى. بارسا تاڭ سېلىق كوْجە ئورنىدا بىر سىقىم توپىنى دوْۋىلەپ ئاسمانغا قاراپ تىلاۋەت قىلىۋاتاتتى. سوْن ۋوْكوْك بۇلۇتتا تۇرۇپ ئوْنىڭ تىلاۋىتىگە

---

[1] شاخچى قوْشقاچ — قەدىمكى زامان رىۋايەتلىرىدىكى ئىنتايىن كىچىك ھاشارات.

قوۋلاق سالدى. تاڭ سىڭ ئالىقىنىنى جوپلەپ ئاسمانغا قاراپ مۇنداق دەۋاتاتتى:

*ئىلتىجا قىلىمەن ھەقتائالاغا،*
*ھەم پۈتكۈل ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالارغا.*
*ساقلىغايسىلەر شاگىرتىم سۇن ۋۇكۇڭنى،*
*كۆرستىپ ئىلتىپات ئىلىپ پاناھقا.*

سۇن ۋۇكۇڭ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تېخىمۇ تېزلىكتە يېقىن كەلدى ۋە:

— ئۇستاز، مەن كەلدىم! — دېدى.

— سۇن ۋۇكۇڭ! بەك ئۇزاق كىچىككىنىڭدىن قاتتىق ئەنسىرىۋىدىم. تاغ ئىچىدە قانداق ياخشى ـ يامان ئىشلار بار ئىكەن؟ — دېدى تاڭ سىڭ ئۇنى قولتۇقىدىن تۇتۇپ.

— ئۇستاز، بۇ بىرىنچىدىن، شەرقىي دىياردىكىلەر ئارىسىدا ئۆچ ـ ئاداۋەت بولغانلىقى؛ ئىككىنچىدىن، ئۇستازنىڭ چەكسىز ئەخلاق ـ پەزىلىتى؛ ئۈچىنچىدىن، شاگىرتلىرىنىڭ سېھرىي كۈچ ـ قۇدرىتى شاراپىتىدىن قۇتۇلۇپ كەلدىم ... — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ. ئاندىن «شامال بۇرغا» بولغانلىقى، شىشىگە سولانغانلىقى ۋە قۇتۇلغانلىقىنى يىپىدىن يىڭنىسىغىچە سۆزلەپ بەردى. تاڭ سىڭ ئۇنىڭغا كۆپتىن ـ كۆپ تەشەككۇر ئېيتىپ شۇنداق دېدى:

— ئۇ ئالۋاستىلار بىلەن ئېلىشمىدىڭمۇ؟

— ياق، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— ئۇنداق بولسا مېنى تاغدىن ئۆتكۈزەلمەيدىكەنسەن ـ دە!

سۇن ۋۇكۇڭ قىزىققان بولغاچقا، تېرىكىپ ۋارقىرىدى:

— نېمىشقا ئۆتكۈزەلمەيدىكەنمەن؟

— سەن ئۇنى يېڭەلمىگەن تۇرساڭ، مەن ئالدىمغا مېڭىشقا قانداق جۈرئەت قىلالايمەن! — دېدى تاڭ سىڭ.

— ئۇستاز، سلىمۇ تازا غەرەز ئۇقمايدىغانلاردىن ئىكەنلا. «يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، يالغۇز قولدىن چاۋاك» دەپتىكەن. ئۈچ ئالۋاستىنىڭ مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان جىنلىرى تۇرسا، ئۆزۈم يالغۇز ئۇلارغا قانداق تەڭ كېلەلەيمەن، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— رەقىب جىق بولسا، ساڭىمۇ قىيىن. جۇ باجىي، شاسېڭلارنىڭمۇ خېلى كارامىتى بار. ئۇلارمۇ بارسۇن، سەن ئۇلار بىلەن بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ يولنى تازىلاڭلار، مېنى ئۆتكۈزۈڭلار، — دېدى تاڭ سېڭ.

— مانا بۇ گەپلىرى جايىدا. شاسېڭ سىلىگە قارسۇن، جۇ باجىي مەن بىلەن بارسۇن، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— ئاغا، كۆزىڭىز يوق ئىكەن جۇمۇ سىزنىڭ! مەن كالامپاي، قولۇمدىن ئىش كەلمەيدىغان تۇرسام، سىزگە قانچىلىك پايدام تېگەر، — دېدى جۇ باجىي ھولۇقۇپ.

— ئىنىم، كارامىتىڭ بولمىغىنى بىلەن، ھەرھالدا بىر ئادەمسەن. «ھە - ھۇ دېيىشكىمۇ ئادەم كېرەك» دېگەن گەپ بار. سەن بولساڭ، مېنىڭ يۈرىكىم توقراق تۇرىدۇ.، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

بوپتۇ، بوپتۇ. كۆپرەك يول كۆرستەرسىز. لېكىن، جىددىي پەيتلەردە مېنى كولدۇرلاتماڭ، — دېدى جۇ باجىي.

جۇ باجىي سۇن ۋۇكۇڭ بىلەن بىللە بۇلۇتنى جېدەللەپ ھەيدەپ بېرىپ تاغقا چۈشتى. ئاندىن غار ئاغزىغا كەلدى. غار ئاغزى چىڭ ئېتىكلىك بولۇپ، ئەتراپتا ئادەمزات كۆرۈنمەيتتى. سۇن ۋۇكۇڭ كالتىكنى تۇتۇپ تۇرۇپ بار ئاۋازى بىلەن:

— ئالۋاستىلار! ئىشىكنى ئېچىش! چىقىپ غوجا ئاكاڭ بىلەن بىر ئېلىشىپ بېقىشمامسەن! — دەپ ۋارقىرىدى.

جىنلار ئىچكىرىگە خەۋەر قىلغانىدى، چوڭ جىن قورقۇپ كەتتى:

— نەچچە يىلدىن سۇن ۋۇكۇڭ يامان دېگەن گەپنى ئاڭلىغان.

بۇ گەپ راست ئىكەن.

— ئاكا، بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — دېدى ئىككىنچى ئالۋاستى.

— سۇن ۋۇكۇڭ باياتىن «شامال بۇرغا» قىياپىتىگە كىرىپ كەلگەندە مەن تونۇماپتىمەن. ھېلىمۇ ياخشى، ئىنىم تونۇۋېلىپ ئۇنى شىشىگە سېلىپ قويدى. ئۇ كارامىتىنى ئىشقا سېلىپ شىشىنى تېشىپ چىقتى ـ دە، كىيىم ـ كېچىكىنى ئەپقاچتى. ئەمدى كېلىپ بىزنى جەڭگە چىللاۋاتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىرىنچى بولۇپ كىم جەڭگە چىقىدۇ؟

ھېچكىمدىن زۇۋان چىقمىدى. ئۇ يەنە سورىۋىدى، ھەممىسى گاچا بولۇۋېلىپ جاۋاب ياندۇرمىدى. چوڭ ئالۋاستى غەزەپلىنىپ مۇنداق دېدى:

— غەرب يولىدا بىزنىڭ يامان نامىمىز چىقىپ كەتتى. ھازىر سۇن ۋۇكۇڭمۇ بىزنى مەنسىتمەيۋاتىدۇ. ئەگەر چىقىپ ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشمىساق، يۈزىمىز تۆكۈلىدۇ. مەن قېرى جېنىمنى تىكىپ قويدۇم. چىقىپ ئۈچ مەرتىۋە ئېلىشىمەن! يېڭەلىسەم، تاڭ سېڭ يەنىلا ئاغزىمغا كىرگەن ئاش بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. يېڭەلمىسەم، ئىشىكنى چىڭ تاقاپ ئۇنى ئۆتكۈزۈۋېتەيلى.

ئۇ تولۇق قوراللىنىپ تاشقىرىغا چىقتى ـ دە:

ئىشىكنى ئۇرغان كىم؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

— سېنىڭ غوجائاكاڭ پەلەك تەڭدىشى ئەۋلىيا ئەزەم سۇن ۋۇكۇڭ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ.

— يۈرىكىنىڭ يوغانلىقىنى قارىمامدىغان، بۇ مايمۇننىڭ! مەن ساڭا چېقىلمىسام، مېنى نېمىشقا جەڭگە چاقىرىسەن؟

— ھەرقايسىڭ گېپىڭنى بىر قىلىۋېلىپ ئۇستازىمنى يېيىش قەستىدە بولۇۋاتىسەن. شۇڭا كەلدىم، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

— ئەلپازىڭنى بۇزۇپ، ۋارقىراپ ـ جارقىرايسەن. ئۇرۇشقىلى كەلمىگەنسەن؟

— دەل شۇنىڭغا كەلدىم.

— غالجىرلىق قىلما! ئەگەر لەشكەر تارتىپ سېنىڭ بىلەن

ئىلىشسام ، مەن ساھىبخانا بولغىنىم ئۈچۈن سىنى بوزەك قىلغان بولىمەن . شۇڭا ، لەشكەرسىز ئۆزۈم يەكمۇ يەك ئىلىشىمەن .

— جۇ باجىي بىر چەتكە ئۆتكىن ، ئۇ مېنىڭ قانداقلىقىمنى كۆرۈپ باقسۇن ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

جۇ باجىي دەررۇ ئۆزىنى چەتكە ئالدى .

— بېرى كەل ، — دېدى چوڭ ئالۋاستى ، — ئاۋۋال ماڭا قوزۇق بولۇپ بەرگىن ، مەن بار كۈچۈم بىلەن بېشىڭنى ئۈچ قېتىم چاپاي . چىدىيالىساڭ ، تاڭ سېڭنى ئېلىپ ئۆتۈپ كەت . چىدىيالمىساڭ ، تاڭ سېڭنى ئەكېلىپ بېرىسەن ! — دېدى ئالۋاستى .

— ئالۋاستى ، قەغەز ، قەلىمىڭ بولسا ئەكەل ، بىز توختام تۈزەيلى . ھازىردىن باشلاپ كېلەر يىلغىچە چاپساڭمۇ بېشىم ھېچنېمە بولمايدۇ !

ئالۋاستى كۆرەڭلىگەن ھالدا چاترىقىنى كېرىپ تۇرۇپ سۇن ۋۇكۇڭنىڭ بېشىغا بىر قىلىچ ئۇرغانىدى ، جاڭىلدىغان ئاۋازلا چىقتى ، باشنىڭ تېرىسى قىزىرىپمۇ قويمىدى . ئالۋاستى ھەيران بولۇپ :

— بېشى ئەجەبمۇ قاتتىقكىنا بۇ مايمۇننىڭ ! — دېدى .

— سەن بىلمەيسەن ، بېشىم مېنىڭ مىس- تۆمۈر ، تەڭدىشىم يوق جاھاندا ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— مەمەدانلىق قىلما ! قېنى يەنە بىر چاپاي ! جېنىڭ تېنىڭدە ھەرگىز قالمايدۇ ، — دېدى ئالۋاستى .

— ھەممە يېرى مۇشۇنداق قاتتىق ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

ئالۋاستى ئىككىنچى قېتىم قىلىچ ئۇرغاندىمۇ سۇن ۋۇكۇڭ بېشىنى تۇتۇپ بەردى . جاراڭ - جۇرۇڭ قىلغان ئاۋاز بىلەن سۇن ۋۇكۇڭ دومىلىغانىدى ، ئىككى بولدى . ئالۋاستى بۇنى كۆرۈپ ئالاقزادە بولۇپ كەتتى . بۇلارنى يىراقتىن كۆرۈپ تۇرغان جۇ باجىي :

— ئالۋاستى ، يەنە بىرنى چاپساڭ تۆت بولىدۇ ، — دېدى

كۇلۇپ .

— سىزنىڭ جادۇ قىلىپ كۆپىيىدىغانلىقىڭنى ئاڭلىغانمەن . ئۇ ھۈنىرىڭنى نېمىدەپ ماڭا كۆرسىتىپ بېرىسەن ! — دېدى ئالۋاستى .

— ئالۋاستى ، قورقما ، سەن ئۇن مىڭنى چاپساڭ ، مەن يىگىرمە مىڭ ئادەم بولىمەن ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— ھەي مايمۇن ، سەن تېنىڭنى بۆلۈپ كۆپەيتىشنىلا بىلىپ ، يىغىپ ئازايتىشنى بىلمەمسەن . ئەگەر راستتىنلا كارامىتىڭ بولسا ئۆزۈڭنى پۈتۈنلىۋال ، ئاندىن مېنى بىر كالتەك ئۇرۇۋال ، — دېدى ئالۋاستى .

سۇن ۋۇكۇڭ يەنە بىر تېنىنى قوچاقلاپ بىر دومىلىدى - دە ، بىر بولدى . ئاندىن ئالۋاستىنى كالتەكلىدى . ئالۋاستى قىلىچى بىلەن كالتەكنى توسۇپ :

— قىلىقسىز مايمۇن ! ئىشىكىمگە كېلىپ دۇمبالىغۇدەك قانچىلىك خاسىيىتى بار كالتەك بۇ ، — دېدى ئالۋاستى .

— ئۇ كالتەكنى سورامسەن . ئۇنىڭ يەر ۇئاسماندا داڭقى بار ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— قانداق داڭقى بار ؟ — دېدى ئالۋاستى .

سۇن ۋۇۇڭ جاۋابەن مۇنداق دېدى :

*ھېكمەتلىك ئوچىقىدا پېشۋايىمىنىڭ ،*
*مېنىڭ ئالتۇن گۇرزەم گاڭدەك تاۋلانغان .*
*يۇيۇاڭ ئاڭا «ئەڭگۇشتەر» دەپ نام قويغان ،*
*بۇنىڭ بىلەن دەريا - دېڭىز تىنچىغان .*
*ئىككى بېشى ئالتۇن بىلەن قاپلانغان ،*
*ئوتتۇرىدا بار يۇلتۇزلارنىڭ رەسمى .*
*چۇشۇرۇلگەن ئەنقا بىلەن ئەجدىھا ،*
*قىلار ھەيران ئۇنىڭ كۆركەم سۆلىتى .*
*ئاتار ئۇنى «خاسىيەتلىك گۇرزە» دەپ ،*

دېگىنى ئاستى ئەھلى ئۇنى كۆرمىگەن .
قىلسا پەرۋاز كۆك ئاسماندا جانلىنىپ ،
چاقناپ كېتەر ئۇندىن ھەر خىل نۇر دېگەن .
قىلىۋالدىم ئۇنى قورال ئۆزۈمگە ،
بىلىۋالدىم ھەمدە ئۇنىڭ سىرىنى .
يوغىناتسام چوڭىيىدۇ ئىدىشتەك ،
سىمدەك بولار كىچىكلەتسەم مەن ئۇنى .
يەڭگىلگىنە ئايلىنىدۇ ئويناتسام ،
ۋاللىدايدۇ گويا چاقماق چاقىقاندەك .
شامىلىدىن ئادەم تېنى شۈركۈنەر ،
كۆرۈنىدۇ تۇمان يېيىلىپ ئۇچقاندەك .
ئېلىپ ئاشۇ گۈرزىنى مەن قولۇمغا ،
قىلدىم تەڭرى ئوردىسىنى مالىمان .
مالائىكىلەر قاچتى ھەر يان تەمتىرەپ ،
يۈزمىڭ لەشكەر بولدى سەرسان ھەر يان .
ئۇلۇغ تاڭنىڭ بار بىر نەپەر راھىبى ،
قەسەم قىلغان ئۇ تەڭرىنىڭ ئالدىدا .
قۇتۇلدۇردى ئۇ بارچە جاننى ئۆلۈمدىن ،
ئېلىپ ئاشۇ قەسىمىنى يادىغا .
ماڭدى ئېلىش ئۇچۇن بۇيۈك نومنى .
كۆرۈنەتتى ھەر خىل جىنلار كۆزىگە .
بىلگەچكە ئۇ گۈرزەمنىڭ خىسلىتىنى ،
قىلىۋالدى مېنى ھەمراھ ئۆزىگە .
يولىمىزدا قالسا جىنلار ئۇچرىشىپ ،
گۇم قىلىمەن ئۇنى ھايال قىلماي مەن .
گۈرزەم بىلەن قوغداپ دائىم راھىبنى ،
يوقىتىمەن جىن - شەيتاننى تامامەن .

ئالۋاستى بۇنى ئاڭلاپ جېنىنى تىكىپ قويۇپ قىلىچ ئۇردى .

مايمۇن پادىشاھ قاقاھلاپ كۈلگەن پېتى كالتىكنى ئېلىپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئىككىيلەن باشتا غار ئالدىدا، كېيىن ئاسماندا قىر - چاپقا چۈشتى. بۇ شۇنداق جەڭ بولدىكى، ئالەم - مالەم بولۇپ كەتتى. ئىككىيلەن يىگىرمە قېتىمدەك ئېلىشىپمۇ، بىر - بىرىنى يېڭەلمىدى. جۇ باجيې جەڭنىڭ راسا قىيامىغا يەتكەنلىكىنى كۆرۈپ چىداپ تۇرالماستىن تىرنىسىنى ئېلىپ ئاسمانغا چىقتى - دە، ئالۋاستىنىڭ يۈزىگە تىرنا سالدى. ئالۋاستى ئۇنىڭ گۈلدۈرى بار، يامغۇرى يوقلۇقىنى، قارامىلىق بىلەن ھەيۋە قىلىشىنىلا بىلىدىغانلىقىنى ئۇقماي، سالپاڭ قۇلىقى بىلەن تىرنىسىنى كۆرۈپلا ئالاقزادە بولۇپ قاچتى.

— يېتىشىۋالغىن! قوغلا! — دەپ ۋارقىرىدى سۇن ۋۇكۇڭ.

جۇ باجيې ھەيۋە بىلەن تىرنىسىنى كۆتۈرۈپ دەرھال پەسكە چۈشتى. ئالۋاستى ئۇنىڭ يېقىنلاپ قالغىنىنى كۆرۈپ دۆڭ ئالدىدا تۇرۇپ بىر سىلكىنىپلا ئەسلىي قىياپىتىگە كىردى. ئاغزىنى يوغان ئېچىپ جۇ باجيېنى دەم تارتماقچى بولدى. قورقۇپ كەتكەن جۇباجيې ئوت - چۆپلەر ئارىسىغا ئۆزىنى ئېتىپ، تىكەنلەرنىڭ باش - كۆزىگە سانجىلىشىغا پەرۋا قىلماي لاغىلداپ تىترىگەن ھالدا چۆپلۈكتە كالتەك ئاۋازىنى تىڭشاپ ياتتى. ئارقىدىنلا يېتىپ كەلگەن سۇن ۋۇكۇڭ ئاخىر ئالۋاستىنىڭ دامىغا چۈشتى. سۇن ۋۇكۇڭ كالتىكىنى جايىغا قويۇپلا ئالدىغا بارغانىدى، ئالۋاستى ئۇنى يۇتۇۋەتتى. بۇنى كۆرگەن جۇ باجيېنىڭ قورقۇپ جان - پېنى چىقىپلا كەتتى ۋە:

— ۋاي ئۆلۈمتۈك، كۆزى ئوچۇق قارىغۇ! ئالۋاستى سېنى يەيمەن دەپ تۇرسا، سەن جېنىڭنى قولۇڭغا ئالماي نېمىشقا ئۇنىڭ ئالدىغا بارىسەن! ئۇنىڭ قورسىقىغا كىرىپ كەتتىڭ. بۈگۈن تېخى شەيخ ئىدىڭ، ئەتە نىجاسەت بولىدىغان بولدۇڭ! — دەپ ئاغرىندى. ئالۋاستى كۆرەڭلىگەن ھالدا قايتتى. جۇ باجيې شۇندىلا چۆپلۈكتىن چىقىپ كەلگەن يولىغا قايتتى.

ئەلقىسسە، تاڭ سەنزاڭ شاسېڭ بىلەن تاغ باغرىدا ئۆلارنىڭ يـولىغا قاراپ تۇراتتى. جۇ باجيې ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ يېتىپ كەلدى.

— جۇ باجيې نېمانچە ساراسىمگە چۈشتۈڭ؟ سۈن ۋۇكۇڭ ئـەجـەب كـۆرۈنمەيدىغۇ؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ قاتتىق تەشۋىش ئىچىدە.

— ئۇستاز، ئاغامنى ئالۋاستى يۇتۇپ كەتتى! — دېدى جۇ بـاجـيـې يىغلامسىراپ. تاڭ سەنزاڭ قورقۇپ ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى. بىر چاغدا ھوشىغا كېلىپ مەيدىسىنى مۇشتلاپ مۇنداق دېدى:

— شاگىرتىم! سەن ئالۋاستىلارنى يوقىتالايدىغان بولغاچقا، مـەن سـېنى بۇددىنى تاۋاپ قىلىشقا ئېلىپ ماڭغانىدىم، بۇگۈن ئەجەبمۇ ئالۋاستىغا يەم بوپسەن! ۋاي دەردىم! ۋاي ئىسىت! ئىنىم شۇنچە كۆپ تۆھپە - ئەجىرلىرى بىلەن ئەمدى تۇپراققا ئايلىنىپ كېتىدىغان بولدى!

تـاڭ سـېڭ ئىنتايىن قايغۇردى. جۇ باجيې بولسا تەسەللى بەرمەكتە يوق مۇنداق دېدى:

— شاسېڭ، يۈك - تاقلارنى ئەكەل، ئىككىمىز بۆلۈشەيلى.

— ئاغا، قانداق بۆلۈشىمىز؟ — دېدى شاسېڭ.

— بۆلۈشۈپ ئۆز يولىمىزغا ماڭايلى. سەن ليۇشاخې تەرەپكە بېرىپ ئادەم يەۋەر، مەن گاۋ جەمەتى قورۇقىغا بېرىپ ئائىلەمنى كـۆرەي. ئـاق ئاتنى سېتىپ ئاغىمىزغا ئاخىرەتلىك نەرسىلەرنى ئالايلى، — دېدى جۇ باجيې.

تاڭ سەنزاڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ تەڭرىگە نالە قىلىپ يىغلاپ كەتتى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

ئەمدى گەپنى بۇ ياقتىن باشلايلى. ئالۋاستى سۈن ۋۇكۇڭنى يـۇتـۇۋالـغاندىن كېيىن ئۆزىچە كۆرەڭلەپ غـارغا قـايـتـتـى. ئالۋاستى - جىنلار چىقىپ ئۇنى تەبرىكلەشتى.

— بىرنى تۇتۇپ كەلدىم، — دېدى چوڭ ئالۋاستى.

— ئاكا، كىمنى تۇتۇۋالدىڭىز؟ — دېدى ئىككىنچى ئالۋاستى خۇش بولۇپ.

— سۈن ۋۇكۇڭنى، — دېدى چوڭ ئالۋاستى.

— ئۇ قېنى؟ — دېدى ئىككىنچى ئالۋاستى.

— قورسىقىمدا، — دېدى چوڭ ئالۋاستى.

— ئاكا، سۈن ۋۇكۇڭنى يېمەسلىك كېرەك، دەپ ئېيتقانغۇ سىزگە؟ — دېدى ئۈچىنچى ئالۋاستى چۆچۈپ كېتىپ.

— يېسە بولىدۇ، قورسىقى تويىدۇ، ئىككىنچى ئاچمايدۇ، — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ قورساقتا تۇرۇپ.

— غوجام! سۈن ۋۇكۇڭ قورساقلىرىدا تۇرۇپ گەپ قىلىۋاتىدۇ! — دېدى جىنلار ھودۇقۇپ.

— ئۇنىڭ گەپ قىلىشىدىن نېمە قورقۇش! كارامىتىم بولغاچ ئۇنى يېدىم. بولمىسا، ئۇنىڭ دېيىشىغا ئۇسۇل ئوينىمايتتىممۇ. دەرھال شاكىراب كەلتۈرۈڭلار. ئۇنى ئىچىپ قۇسۇپ چىقىراي، ئاندىن ئالدىرىماي ئولتۇرۇپ يەيمىز، — دېدى چوڭ ئالۋاستى.

جىنلار شۇئان يېرىم ئاپقۇر شاكىراب كەلتۈردى. ئالۋاستى بىر كۆتۈرۈشتىلا ئىچىۋېتىپ كەينىدىن قۇسۇشقا باشلىدى. سۈن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ قورسىقىدا تۈۋلىنىپ قالغاندەك مىتمۇ قىلىپ قويمىدى. ئالۋاستى تىلىنى بېسىپ تۇرۇپ يەنە كۆچەپ قۇستى، قاتتىق كۆچەشتىن بېشى قېيىپ كۆزلىرى غۇۋالاشتى، سېرىق ئۆتى يېرىلدى. سۈن ۋۇكۇڭ يەنە مىدىر - سىدىر قىلمىدى.

— سۈن ۋۇكۇڭ، چىقمامسەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئالۋاستى دېمى كېسىلگەن ھالدا.

— ۋاقتى بار! چىقمايمەن قانداق؟ — دېدى سۈن ۋۇكۇڭ.

— نېمىشقا چىقمايسەن؟ — دېدى ئالۋاستى.

— ئىنتايىن دۆت نېمىكەنسەن. مەن شەيخ بولغاندىن بۇيان يالاڭ يۈردۈم. ھازىرقى كۈزنىڭ سوغۇقىدىمۇ يالاڭ تون كىيىۋاتقاندىم. قورسىقىڭ بەكمۇ ئىسسىق ئىكەن، شامالمۇ

كىرمەيدىكەن . شۇڭا ، قىشنى مۇشۇ يەردە چىقىرىمەن ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

بۇنى ئاڭلاپ جىنلار چۇرقىرىشىپ كەتتى :

— غوجام ، سۇن ۋۇكۇڭ قورساقلىرىدا قىشلايدىكەن !

— ئۇ قىشلايدىغان بولسا ، مەنمۇ ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ قىلىپ قىشچە تاماق يېمەيمەن ، ئۇنى ئاچلىقتىن ئۆلتۈرىمەن ، — دېدى چوڭ ئالۋاستى .

— ھوي نادان بالا ! تاڭ سېڭنى مۇھاپىزەت قىلىپ بۇددا نومىنى ئالغىلى يولغا چىققاندا گۇاڭلىدىن [①] ئۆتكەندە ئۇچەي - بېغىر [②] پىشۇرۇپ يەرمىز ، دەپ قاتلىما قازان ئېلىۋالغان . ھازىر شۇنىڭدا جىگەر ، ئۇچەي ، قېرىن ، ئۆپكىلىرىڭنى پىشۇرۇپ يەپ چوكانتال مەزگىلىگىچە چاتاق يوق ياشايمەن ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ .

— ئاكا ، بۇ مايمۇن دېگىنىنى قىلىدۇ جۇمۇ ! — دېدى ئىككىنچى ئالۋاستى قاتتىق چۆچۈپ .

— ئاكا ، ئۇچەي - باغرىڭىزنى يېدىمۇ ، دەيلى ، ئۇ قازاننى قەيەرگە ئاسىدۇ ؟ — دېدى ئۈچىنچى ئالۋاستى .

— قازاننى ئۇچلۇك سۆڭەككە ئاسسا بەك ياخشى بولىدۇ ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ .

— ئىش چاتاق ! ئەگەر ئۇ قازان ئېسىپ ئوت ياقسا ، تۈتۈنى بۇرنۇمدىن چىقىپ چۈشكۈرتۈۋەتمەمدۇ ؟ — دېدى ئالۋاستى .

— ھېچنېمە بولمايدۇ ! ئالتۇن توقامنى تىرەپلا قويسام بېرىنچىدىن ، تۈڭلۈك ؛ ئىككىنچىدىن ، تۈرخۇن بولىدۇ ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ .

چوڭ ئالۋاستى بۇنىڭدىن قورقمىغان بولسىمۇ ، يۈرىكى ئوبدانلا سىقىلىدى . لېكىن ، چاندۇرماستىن مۇنداق دېدى :

— قېرىنداشلىرىم ، قورقماڭلار . دورا ھارىقىنى

---

① گۇاڭلى — گۇاڭجۇ .
② زاسۇي — ئۇچەي ، قېرىن ، ئۆپكە ، جىگەر قاتارلىق ئىچكى ئەزا .

كەلتۈرۈشكەنلەر. بىرقانچە قەدەم ئىچىپ بۇ مايمۇننى ئۇجۇقتۇراي.

سۇن ۋۇكۇڭ ئىچىدە كۈلۈپ مۇنداق دېدى: «بەش يۈز يىلنىڭ ئالدىدا ئەڭ ئېسىل دورا، ئېسىل مەي، خان ئانىنىڭ خاسىيەتلىك شاپتۇلى، سۇمۇرغنىڭ يىلىكى، ئەجدىھانىڭ جىگرى قاتارلىق خاسىيەتلىك نەرسىلەرنى يېگەنىدىم. مەن يېمىگەن نېمە قالدى؟ قېنى كۆرەيچۇ، ماڭا بېرىدىغىنى قانداق دورا ھارىقىكىن!»

جىنلار پالاقشىپ ئىككى چەينەك مەي ئەكېلىپ بىر قەدەھنى لىققمۇلىق توشقۇزۇپ چوڭ ئالۋاستىغا تۇتتى. ئالۋاستى قولىغا ئېلىشىغا مەينىڭ خۇش ھىدى گۈپپىدە ئۇنىڭ قورسىقىدىكى سۇن ۋۇكۇڭنىڭ دىمىغىغا ئۇرۇلدى. ئۇ ۋارقىراپ كەتتى:

— ئۇنىڭغا ئىچۈرمەڭلار!

سۇن ۋۇكۇڭ بېشىنى بىرلا تولغاپ كانىي ئاغزىغا ئايلاندى-دە، ئۇنىڭ گېلىغا كەپلەشتى. ئالۋاستى مەينى يۇتقاندى، سۇن ۋۇكۇڭ ئىچىۋالدى. ئىككىنچى قەدەھمۇ شۇنداق بولدى. ئالۋاستى كەينى-كەينىدىن ئىچكەن يەتتە-سەككىز قەدەھ پۈتۈنلەي سۇن ۋۇكۇڭنىڭ قورسىقىغا چۈشتى.

— بولدى ئەمدى. ئادەتتە ئىككى قەدەھ ئىچسەملا ئىچىمگە ئوت كەتكەندەك بولاتتى، ھازىر يەتتە-سەككىز قەدەھ ئىچسەممۇ يۈزۈمگە چىقمىدى، — دېدى ئالۋاستى قەدەھنى قويۇپ.

سۇن ۋۇكۇڭ ئادەتتە كۆپ ئىچمەيتتى. شۇڭا يەتتە-سەككىز قەدەھ مەي ئۇنى مەست قىلىپلا قويدى. ئۇ تېپچەكلەپ موللاق ئېتىپ، چېكەتكىدەك سەكرەشكە باشلىدى. ئالۋاستى ئاغرىققا چىدىماي يەرگە ئۆزىنى تاشلىدى. ئۇنىڭ ئۆلگەن ياكى ھايات قالغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "NDAyMzI2MTkuemlw",
"filename_decoded": "40232619.zip",
"filesize": 64615204,
"md5": "7a2100b9cf6ad3c1ff0d24ff10bf2b42",
"header_md5": "476020e67c5e3c7410c05342a397b182",
"sha1": "09daa4983e996f8d997da8db0d8396d09150b65a",
"sha256": "2ea0ce84e08333b64963987138426d11f28d7aa28860f57d55d987d0838fc68b",
"crc32": 48239567,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 78288814,
"pdg_dir_name": "\u256c\u2248\u2559\u256c\u255d\u255f 3 \u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40232619",
"pdg_main_pages_found": 463,
"pdg_main_pages_max": 463,
"total_pages": 472,
"total_pixels": 1908476416,
"pdf_generation_missing_pages": false
}